

ل. تولستوي

# ئۇرۇش ۋە تىنچلىق

www.uyghurkitap.com



书号 M10049 (4) 202
定价　　　2.20元

ل. تولستوي

# ئۇرۇش ۋە تىنچلىق

تەرجىمە قىلغۇچى: ئىبراھىم ئۆمەر

1

مىللەتلەر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

本书根据苏联国家文学艺术出版社1953年莫斯科出版的俄文版翻译并根据上海译文出版社1981年出版的汉文版审订出版。

بۇ كىتاب سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەتلىك ئەدەبىيات-سەنئەت نەشرىياتىنىڭ 1953-يىل موسكۋادا نەشر قىلىنغان رۇسچە نۇسخىسىغا ئاساسەن تەرجىمە قىلىندى ۋە شاڭخەي تەرجىمە ئەسەرلەر نەشرىياتىدىن 1981-يىل نەشر قىلىنغان خەنزۇچە نۇسخىسىغا ئاساسەن تەھرىرلەپ نەشر قىلىندى.

تەرجىمە تەھرىرى: ئۇيغۇر سايرانى
مەسئۇل مۇھەررىر: غۇلام غوپۇرى
مەسئۇل كوررېكتور: نۇربىيە ئەزىز

# ئۇرۇش ۋە تىنچلىق
## (1)

ل. تولستوي
ئىبراھىم ئۆمەر تەرجىمىسى
مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنخۇا كىتابخانىسى تارقىتىدۇ
مىللەتلەر باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
1987-يىل 2-ئايدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى
1987-يىل 2-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى
باھاسى: 2.20 يۈەن

战争与和平

民族印刷厂印刷
开本：850×1168毫米1/32 印张：22 1/2
1987年2月第1版
1987年2月北京 第1次印刷
印数：0001—3,000册 定价：2.20元
书号：M 10049(4)202

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىلى ئادرېسى

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى توم

بىرىنچى قىسىم ........................................ ( 1 )
ئىككىنچى قىسىم ........................................ (267)
ئۈچىنچى قىسىم ........................................ (489)

# بىرىنچى قىسىم①

## 1

— Eh bien, mon prince. Gênes et Lucques ne sont plus que des apanages, des جاسىغى②, de la famille. Bunaparte. Non, je Vous préviens, que si vous ne me dites pas, que nous avons la guerre, si vous vous permettez encora de pallier toutes les infamies, toutes les atrocités de cet Antichrist (ma parole, j'y crois) je ne vous ھە،كىنەزىم،گېنۇيە connais plus, vous n'etes blus mon a mi بىلەن لۇككا بوناپارت③ خانىدانىنىڭ جاسىغى بولۇپ قالدىغۇ. ياق، مەن سىزگە ئاۋال شۇنى ئېيتىمەنكى، ناۋادا سىز بۇنى ماڭا ئۇرۇش دەپ ئېيتمىسىڭىز، ناۋادا سىز يەنىلا ئاشۇ خىرىستىيان ئازغۇنى (مەن ئۇنىڭ خىرىستىيان ئازغۇنى ئىكەنلىكىگە

① ناھايىتى ئاز ساندىكى ئايرىم تارىخىي شەخسلەر ۋە ۋەقەلەر توغرىسىدا روماندا ئۇچرايدىغان ئىزاھاتلار ماۋدىي تەرجىمە قىلىنغان ئىنگلىزچە نۇسخىسىدىن ئىلاۋە قىلىندى. قالغانلىرى تەرجىماننىڭ.

② جاسىغى — تەۋەلىكى، تەۋەلىك يېرى. — تەھرىردىن.

③ بوناپارت — ناپالېوننىڭ پەملىسى. — تەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

چىندىن ئىشىنىمەن)نىڭ ھەممە جىنايەت ۋە زوراۋانلىقلىرىنى ئاقلايدىغان بولسىڭىز، مەن سىز بىلەن مۇناسىۋىتىمنى ئۈزىمەن، سىز يەنە مېنىڭ دوستۇم ئەمەسسىز، comme yous dites (سىز ئۆزىڭىز ئېيتقاندەك)، يەنە مېنىڭ "سادىق قۇلۇم" ئەمەسسىز! ھە، سالام، سالام. Je vois que je vous fais peur (مەن سىزنى ناھايىتى ئەيمەندۈرۈپ قويغانلىقىمنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن). قېنى ئولتۇرۇڭ، ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بېرىڭ).

1805 ـ يىلى ئىيۇلدا، خانىش ئانا مارىيە فېدوروۋنانىڭ ئەڭ يېقىن كۆرىدىغان داڭلىق كۈتۈچى خانىمى① ئانىنا پاۋلوۋنا شېرېر ئۆزىنىڭ كەچكى ئولتۇرۇشىغا دەسلەپ كەلگەن ناھايىتى سىپايە ۋە چوڭ ئەمەلدار كىنەز ۋاسىلىنى ئەنە شۇ سۆزلەر بىلەن قارشى ئالدى. ئانىنا پاۋلوۋنا بىرقانچە كۈندىن بېرى يۆتەل بولۇپ قالغان، ئۆزىنىڭ ئېيتىشىچە، گرىپپ② بىلەن ئاغرىغان ئىدى ("گرىپپ" سۆزى ئەينى زاماندا ناھايىتى كەمدىن ـ كەم قوللىنىلىدىغان يېڭى سۆز ئىدى). ئانىنا پاۋلوۋنا مەخسۇس قىزىل فورمىلىق كىيىم كىيگەن چاكىرىدىن ئەتىگەندە ئەۋەتىۋەتكەن باغاقلىرىدا ھەممىسىگە بىر خىلدىلا (فرانسۇزچە) مۇنداق دەپ يازغان ئىدى:

"Si vous navez rien de mieux à faire, M.le eomte (ياكى mon prince), et sila perspective de passer la soirèe chez une pauvre maladene vous effraye pastrop,

---

① خانىش. مەلىكە ۋە ئاغىچا ـ خېنىملارنى كۈتىدىغان ئاقسۆڭەك سەتەڭ. ـــ تەر.

②گرىپپ (spunn) ـــ تارقىلۇچان زۇكام. ـــ تەر.

je serai charmée de vous voir chez moi entre let lo heures,

Anette Scherer".

"گراف جاناپلىرى (ياكى كىنەزىم)، ئەگەر سىزنىڭ بۇنىڭدىن مۇھىم ئىشىڭىز بولمىسا ۋە ئەگەر كەچكى دەم ئېلىش ۋاقتىڭىزنى بىزدەك بىچارىنىڭ يېنىدا ئۆتكۈزۈشتىن قورقمىسىڭىز، مەن بۈگۈن كەچ سائەت 7 دىن 10غىچە بولغان ئارىلىقتا سىزنى كۆرسەم ناھايىتى خۇرسەن بولاتتىم. ئاننا شېرېر".

— Dieu, quelle virulente sortie!

(ۋاي ئاللا، نىمە دىگەن قاتتىق گەپ!) — دەپ جاۋاپ بەردى ئەمدىلا كىرىپ كەلگەن كىنەز. ئۇ مۇنداق كۆتۈۋېلىشتىن ھىچقانچە بىئارام بولمىغان ئىدى، ئۇ گۈل چېكىلگەن ئوردا كىيىمى، ئۇزۇن پايپاق ۋە باشماق كىيگەن بولۇپ، كۆكرىگىگە بىرقانچە ئوردېن ئېسىلغان ئىدى، ئۇنىڭ ياپىلاق يۈزىدىن ئوچۇق چىراي ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

ئۇ نەپىس فرانسۇز تىلىدا سۆزلەيتتى، بۇ تىل بىلەن بىزنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىز سۆزلەپلا قالمايتتى، بەلكى يەنە ئويلايتتى، شۇنىڭدەك يۇقۇرى تەبىقىدىكىلەرگە ۋە ئوردىدا قېرىپ كەتكەن مۇھىم كىشىلەرگە خاس ۋەزمىن ۋە سىلىق-سىپايە ئاھاڭىمۇ ئىشلىتەتتى. ئۇ ئاننا پاۋلوۋنانىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۆزىنىڭ ئەتىر سېپىلگەن ۋە چاچسىز ئايپاق بېشىنى ئېگىشتۈرۈپ قولىنى سۆيدى-دە، دىۋاندا بىمالال ئولتۇردى.

— Avant tout dites moi, comment vous allez, chère amie? (ئېيتىڭا، سۆيۈملۈك دوستۇم، سالامەتلىكىڭىز قانداق؟) مېنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

خاتىرجەم قىلدىڭ، — دېدى ئۇ ئاۋازى ۋە سۆزىنىڭ ئاھاڭىنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئاھاڭىدىكى ئەدەپ ۋە ھېسداشلىقنىڭ تېگىدىن پىسەنت قىلماسلىق، ھەتتا مەسخىرە پۇراقلىرى چىقىپ تۇراتتى.

— روھىي جەھەتتە ئازاپ چېكىۋاتقان كىشى قائىداقسىغا ساغلام بولسۇن؟... تۇيغۇسى بار بىر كىشى بىزنىڭ زامانىمىزدا خاتىرجەم بولالامدۇ؟ — دېدى ئاننا پاۋلوۋنا. — سىز پۈتۈن كېچە شۇ يەردە بولسىزغۇ، دېگەن ئۈمىتتىمەن، شۇنداقمۇ؟

— ھە، ئەنگلىيە ئەلچىسىنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان تەبرىك-لەش زىياپىتىچۇ؟ بۈگۈن چارشەنبە. مەن بېرىپ كۆرۈنۈپ قويۇشۇم كېرەك-تە، — دېدى كىنەز. — قىزىم مېنى ئېلىپ كېلىدۇ ۋە ماڭا ھەمرا بولۇپ بارىدۇ.

— مەن بۇ تەبرىكلەش زىياپىتى بىكار قىلىنغان بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپتىمەن. Je vous avoue que toutes ces fê tes et tous ces feut d'artifice commencent à devenir insipides. (راستىنى ئېيتسام، بۇ تەبرىكلەش زىياپەتلىرى ۋە ئوتقاشلار كىشىنى بىزار قىلىدىغان بولۇپ قالدى.)

— ئەگەر ئۇلار سىزنىڭ ئارزۇيىڭىزنى بىلگەن بولسا ئىدى، زىياپەتنى بىكار قىلغان بولاتتى، — دېدى كىنەز ئادىتى بويىچە خۇددى پۈرژىنىسى تولۇق بۇراپ قويغان سائەتتەك گەپ قىلىپ، ئۇنىڭ بۇ سۆزلەرگە باشقىلارنى ئىشەندۈرمەكچى ئەمەسلىكىمۇ كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— Ne me tourmentez pas, Eh bi en, qu'a-t-on dé-cidé par rapport à la dépêche de Novosilzoff? Vous

savez tout (قىينىماڭ مېنى! خوش، ھېلىقى نوۋو سىلتسوۋنىڭ جىددى مەكتۇبى ھەققىدە نېمە قارار قىلىشىپتۇ؟ سىز ھەممىنى بىلىسىز.)

— سىزگە قانداق ئېيتىش كېرەك؟ — دېدى كىنەز سوغاق ۋە كىشىنى زېرىكتۈرىدىغان ئاھاڭدا. Qu'a-t-on décidé? On a décidé. que Bunaparte a brûlé ses Vaisseaux, et je crois que nous sommes en train de brûler les nôtres, (نېمە قارار قىلىشىپتۇ؟ شۇنى قارار قىلىشىپتۇكى، بوناپارت ئۆز كېمىلىرىنى ئۆرتەپ تاشلاپتۇ، مېنىڭچە، بىزمۇ ئۆزىمىزنىڭكىنى شۇنداق قىلىشقا تەييار تۇرساق كېرەك).

كىنەز ۋاسىلى ھەمىشە، خۇددى ئارتىس كونا سەھنە كىتاۋىدىكى بىر بۆلەك ئىبارىلەرنى يادلىغاندەك، ئېرىنچەكلىك بىلەن سۆزلەيتتى. ئاننا پاۋلوۋنا بولسا، ئەكسىچە، ئۆزىنىڭ قىرىق ياشلارغا كىرىپ قالغانلىقىغا قارىماي، جانلىق ۋە جۇشقۇن ئىدى.

قىزغىن روھلۇق بولۇش — ئۇنىڭ ئىجتىمائىي بۇرچى بولۇپ قالغان ئىدى، بەزىدە ھەتتا ئۇ مۇنداق بولۇشنى ياقتۇرمىغان چاغلاردىمۇ، ئۇنى تونۇيدىغان كىشىلەرنى ئۈمىتسىزلەندۈرمەسلىك ئۈچۈن، يەنىلا قىزغىنلىق كۆرسىتەتتى. ئاننا پاۋلوۋنانىڭ چېھرىسىدە دائىم جىلۋە قىلىپ تۇرىدىغان ۋەزمىن تەبەسسۇم، گەرچە ئۇنىڭ ياشىنىپ سولغان چېھرىسىگە ئانچە ماس كەلمىسىمۇ، ئەركە ناپىناق بالىلارغا ئوخشاش، ئۆزىنىڭ يېقىملىق يېتەرسىزلىكلىرىنى دائىم بىلىپ تۇرغان تەقدىرىدىمۇ ئۆزگەرتكۈسى كەلمەيدىغانلىقى، ئۆزگەرتىشكىمۇ قادىر بولالمىغانلىقى ۋە ئۆزگەرتىش زۆرۈر دەپ ھېساپلىمايدىغانلىقى ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

سىياسى پائالىيەتلەر توغرىسىدىكى سۆز بولۇۋاتقاندا، ئانىنا پاۋلوۋنا بىردىنلا قىزىپ قايناپ كەتتى.

— ئاھ، بولدى، ئاۋستىرىيە توغرىلىق ماڭا سۆزلىمە-ياق قويۇڭ! ئېھتىمال، مەن ھېچنىمىنى چۈشەنمىسەم كېرەك، بىراق ئاۋستىرىيە ھېچقاچان ئۇرۇش قىلىشنى خالىمىغان، ھازىرمۇ خالىمايدۇ. ئۇ بىزگە خائىنلىق قىلدۇ. بىرگىنە روسىيىلا ياۋروپانىڭ نىجاتچىسى بولۇشى كېرەك. بىزنىڭ ۋەلى شاھىمىز ئۆزىنىڭ يۈكسەك بۇرچىنى ئوبدان بىلىدۇ ۋە شۇ بۇرچىغا سادىق بولىدۇ. مەن مانا شۇ بىرگىنە نەرسىگە ئىشىنىمەن! بىزنىڭ خەير-ساخاۋەتلىك ۋە ئاجايىپ پادىشايىمىزغا دۇنيادا ئۇلۇغ رول ئويناش كېرەك بولۇپ قالدى، ئۇ كىشى شۇنچىلىك خەير-ساخاۋەتلىك ھەم مۇرۇۋۋەتلىك ئىكەنكى، خۇدا ئۇنى ئۆز دەرگاھىدىن چەتتە قالدۇرمايدۇ، ئۇ ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىپ، ئىنقىلاپ گىدرا① سىنى مىجىپ تاشلايدۇكى، بۇ گىدرا ھازىر مۇشۇ قاتىل ۋە ياۋۇز بوناپارت قىياپىتىدە بۇرۇنقىدىنمۇ قورقۇنچلۇق بولۇپ قالماقتا. شۈبھىسىزكى، قېنى ئۆچۈن بىز ئۆزىمىز ئىنتىقام ئېلىشىمىز كېرەك. مەن سىزدىن سوراپ باقاي، بىز كىمگە ئۈمىت باغلىيالىشىمىز مۇمكىن؟...ئەنگلىيە ئۆزىنىڭ سودىگەرلەرچە تەبىئىتى بىلەن پادىشا ئالېكساندىر روھىنىڭ ھەممە يۈكسەكلىكىنى چۈشەنمەيدۇ ۋە چۈشىنەلمەيدۇ. ئۇ مالتا ئارىلىنى بوشىتىپ بېرىشتىن باش تارتتى. ئۇ بىزنىڭ ھەركەتلىرىمىزنىڭ تېگىدە بىرگەپ بار دەپ دەرگۇمان بولۇپ ۋە ئۇنى كۆرۈۋالماقچى بولۇپ

---

① گىدرا — گرېك ئەپسانىلىرىدە: كۆپ باشلىق ئەجدىھا، يەتتە باشلىق يالماۋۇز. — تەر.

كەلمەكتە. ئۇلار نوۋۇ سىلتسوۋغا نىمىلەرنى دىيىشىپتۇ؟...ھېچنىمە. ئىنگىلىزلەر بىزنىڭ پادىشاھىمىزنىڭ ئۆز مەنپەئەتىدىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىپ، دۇنيانىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن ھېچنىمىنى ئايىماي-دىغان پىداكارلىق روھىنى چۈشەنمىدى ۋە چۈشىنەلمەيدۇ. ئۇلار نىمىنى ۋەدە قىلغان؟ ھېچنىمىنى! ئۇلار ھەتتا ۋەدىلىرىنى قىلچە ئەمەلدە كۆرسەتمەيدۇ. پرۇسسىيە بولسا، بوناپارت يېڭىلمەس، پۈتۈن ياۋروپا ئۇنىڭغا قارشى تۇرالمايدۇ، دەپ ئاللىقاچان ئېلان قىلدى...مەن نە گاردېنبېرگنىڭ، نە گائۇگۇىسنىڭ بىر ئېغىز سۆزىد-گىمۇ ئىشەنمەيمەن. Cette fameuse neutralité prussienne, cen'est qu'un piége· (پرۇسسىيىنىڭ نامى پۇركەتكەن بىتەرەپ-لىكى — پەقەت بىر تاپان-تۇزاق، خالاس). مەن بىرگىنە خۇداغا ۋە بىزنىڭ شەپقەتلىك پادىشايىمىزنىڭ ئالى تەقدىرىگىلا ئىشىنىمەن. ئۇ ياۋروپانى قۇتقۇزىدۇ... — ئاننا پاۋلوۋنا ئۆزىنىڭ قىزىپ كەتكەنلىكىنى مەسخىرە قىلغان ھالدا كۈلۈمسىرەپ قويۇپ، بىردىنلا توختاپ قالدى.

— مەن ئويلايمەنكى، — دىدى كىنەز كۈلۈپ تۇرۇپ، — بىزنىڭ سۆيۈملۈك ۋىنسىنگېرودىمىز ئورنىغا سىزنى ئەۋەتكەن بولسا ئىدى، سىز پرۇسسىيە كارولىنىڭ رازىلىغىنى چوقۇم بىر قىستاش بىلەنلا ئالغان بولاتتىڭىز. سىز نىمە دىگەن سۆزمەن. ماڭا بىر ئىستاكان چاي بېرەمسىز؟

— مانا ھازىر. ئېيى كەلگەندە سىزگە شۇنى ئېيتىپ قويايىكى، — دەپ قوشۇپ قويدى ئاننا پاۋلوۋنا يەنە تېنچلىنىپ. — بۈگۈن بۇ يەرگە قىزىق ئىككى كىشى كېلىدۇ، le vicomte de Mortemart, il est allié aux Montmorenoy par les Rohans (بىرى)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بەگزادە مورتېمار بولۇپ، ئۇ روگانوۋ ئارقىلىق مونمورانس بىلەن تۇققان بولۇپ قالغان.) ئۇ فرانسىيىدە ئەڭ ياخشى نەسەپلەرنىڭ بىرى. ئۇ ھەقىقى ئاقكۆڭۈل مۇھاجىر. يەنە بىرى l'abbe Morio (ئاببات① مورىيو)، سىز بۇ چوڭقۇر پىكىرلىك مۇتەپەككۇرنى تونۇمسىز؟ ئۇ شاھ تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان ئىدى. بىلەمسىز؟

— ھە...ھە! تونۇشقان بولسام، ناھايىتى خوشال بولاتتىم، — دېدى كىنەز. — ئېيتىڭا، — دەپ قوشۇمچە قىلدى ئۇ، خۇددى ئەھمىيەتسىز بىر نەرسە يادىغا كەلگەندەك، ھالبۇكى بۇ يەرگە كېلىشتىن ئاساسىي مەقسەتمۇ شۇنى سوراپ بېقىش ئىدى، — l'imperatrce-mère (خانىش ئانا) بارون② فونكىنىڭ ۋېيىنادا تۇرۇشلۇق بىرىنچى سېكرېتار قىلىپ تەيىنلىنىشىنى ئارزۇ قىلىدىكەن، راستمۇ؟ C'est un Pauvre sire, ce baron à ce qu'il pa raît. (بۇ بارون ئەرزىمەس بىر مەخلۇق كۆرۈنىدۇ). — كىنەز ۋاسىلى ئۆز ئوغلىنى ئەنە شۇ ئورۇنغا تەيىنلەشنى ئۈمىت قىلىپ يۈرگەن ئىدى، باشقا كىشىلەر بولسا خانىش مارىيە فېدوروۋنا ئارقىلىق بۇ ئورۇننى بارونغا بېرىشكە تىرىشىپ كەلمەكتە ئىدى.

ئاننا پاۋلوۋنا خانىشنىڭ خاھىشى، نىمىنى ياقتۇرۇش-ياقتۇرماسلىقى توغرىسىدا نە ئۆزى، نە باشقا بىر كىشى بىر نىمە دېيىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىگە ئىشارەت قىلىپ، پۈتۈنلەي دىگۇدەك كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى.

---

① ئاببات — فرانسىيىدە كاتولىك ئىبادەتخانىلىرىدىكى پوپ. — تەر.

② بارون — غەربىي ياۋروپادا ئاقسۆڭەك كىلىك ئۇنۋانى. — تەر.

— Monsieur le baron de Funke a été recammandé à l'impératrice-mère par sa soeur (بارون فۇنىك خانىش-ئانىغا ئۆز سىڭىللىرى تەرىپىدىن تەۋسىيە قىلىنىپتۇ)، — دەپلا قويدى ئۇ غەمكىن ۋە سوغاق ئاھاڭدا. ئاننا پاۋلوۋنا خانىشنى تىلغا ئېلىش بىلەن تەڭ، ئۇنىڭ يۈزىدە بىردىنلا غەمكىنلىك ئارىلاش چوڭقۇر سەمىمى ساداقەت ۋە ھۆرمەت ئىپادىلەندى، ئۆزىنىڭ ئالىيجاناپ ھامىيسىنى ھەرگال سۆھبەتتە تىلغا ئالغاندا ھەمىشە شۇنداق ئەھۋال يۈز بېرەتتى. ئۇ يەنە، خانىش ئالىيلىرى بارون فۇنكىما beaueoup d'estimes (چوڭ ھۆرمەت بىلدۇرۇپ قەدىرلەيتتى)، دېدى ۋە ئۇنىڭ يۈزىنى يەنە مەيۈسلۈك قاپلىدى.

كىنەز پىسەن قىلماي جىم بولۇپ قالدى، ئاننا پاۋلوۋنا كىنەز خانىشقا تەۋسىيە قىلىنغان بىر زات ھەققىدە شۇنداق ناتوغرا گەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىگە خاس چېچەنلىك ۋە چاققانلىق كۆرسىتىپ، ساراي خانىملىرىغا مۇناسىپ ئەدەپ بىلەن ئۇنى ئاگاھلاندۇرماقچى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇنىڭغا يەنە تەسەللى بەرمەكچى بولاتتى.

— Mais à propos de votre famille, (ئېيتقاندەك، سىزنىڭ ئائىلىڭىز ھەققىدە)، — دېدى ئۇ، — سىز بىلەمسىز، قىزىڭىز ئىسىلزادىلەر ئۈلپەتچىلىكىگە ئارىلىشىپ يۈرگەندىن بېرى، fait les délices de tout monde. On la trouve belle, comme le jour. (ھەممىگە ئىللىق كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى. ھەممە كىشى ئۇنى ئاجايىپ بىر گۈزەل دېيىشىدۇ).

كىنەز ھۆرمەت ۋە مىننەتدارلىق ئىشارىسى بىلەن تازىم قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— مەن كۆپىنچە شۇنداق ئويلايمەنكى، — دېدى ئاننا پاۋلوۋنا سەل توختىغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلىپ ۋە كىنەزگە يېقىنراق كېلىپ، گويا سىياسەت ۋە ئېسىلزادىلەر توغرىسىدىكى گەپلەر تۈگىدى، ئەمدى كۆڭلىمىزدىكى سەمىمى پاراڭغا ئۆتسەك دېگەندەك مۇلايىم تەبەسسۇم بىلەن، — كۆپىنچە شۇنى ئويلايمەنكى، دۇنيادا بەخت دېگەن نەرسە بەزىدە ناھايىتى ئادالەتسىزلىك بىلەن تەقسىم قىلىنىدىكەن. تەقدىر نېمە ئۈچۈن سىزگە شۇنداق ئىككى شەرەپلىك بالىنى (مەن سىزنىڭ ھېلىقى كىچىك ئوغلىڭىز ئاناتولنى دېمەكچى ئەمەسمەن، چۈنكى ئۇنى ياقتۇرمايمەن، — دېدى ئۇ قاشلىرىنى يىمىرىپ قەتئىيلىك بىلەن بۇ گەپنى قوشۇپ، — مۇشۇنداق سۆيۈملۈك بالىلارنى بەرگەندۇ؟ سىز بولسىڭىز ئۇلارنىڭ قەدرىگە ھەممىدىن ئاز يېتىسىز، شۇ سەۋەپتىنمۇ سىز ئۇلارنىڭ ئاتىسى بولۇشقا مۇناسىپ ئەمەسسىز.

ئاننا پاۋلوۋنا بەك خۇشاللىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— Que voulez-vous? Lafater aurait dit que je n'ai pas la bosse de la paternite (نېمىمۇ قىلاي؟ لافاتېر چوقۇم سىزدە ئاتىلىق مېھرىنىڭ خىسلىتى يوق دېگەن بولاتتى)، — دېدى كىنەز.

— قويۇڭ چاخچاقنى! مەن سىز بىلەن جىددى سۆزلەشمەكچى بولۇۋاتىمەن. سىز مېنىڭ كىچىك ئوغلىڭىزنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىغىمنى بىلىسىزغۇ؟ گەپ ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا قالسۇن (ئۇنىڭ يۈزىدە غەمكىنلىك پەيدا بولدى)، بەزىلەر ئوغلىڭىز توغرىسىدا خانىش ئالىيلىرىغىمۇ ئېيتقان، سىزگىمۇ ئىچى ئاغرىيدىكەن...

كىنەز جاۋاپ بەرمىدى، لېكىن ئاننا پاۋلوۋنا لام-مىم دېمەستىن

كىنەزگە قاراپ جاۋاپ كۈتەتتى. كىنەز ۋاسىلى قاپىغىنى تۈرۈپ قويدى.

— زادى نىمە قىلسام بولاتتى؟ — دىدى ئۇ ئاخىر. — سىز بىلىسىزغۇ، مەن ئۇلارنى تەربىيىلەش ئۈچۈن، ئاتىنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ھەممە ئىشلارنى قىلدىم، ئەمما بۇ ئىككى بالا بولسا des imbéciles (ئەخمەق)بولۇپ چىقتى. ئىپپولىت ئەڭ كېمىدە يۇۋاش ئەخمەق، ئاناتول بولسا شوخ ئەخمەق. ئىككىسىنىڭ پەرقى مانا شۇ، — دىدى ئۇ ھاياجان بىلەن يالغاندىن كۈلۈمسىرەپ قويۇپ. بۇ كۈلۈمسىرەشتىن ئاغزىنىڭ چۆرىسىدە ھاسىل بولغان قورۇقلاردا قانداقتۇ كۈتۈلمىگەن قوپال، يېقىمسىز بىر خىل ئىپادە كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— نىمە ئۈچۈن سىزدەك ئادەملەرنىڭ ئائىلىسىدە مۇشۇنداق بالىلار تۇغۇلىدىغاندۇ؟ ئەگەر سىز ئاتا بولمىغان بولسىڭىز، مەن سىزنى ئەيىپلەشكە ھەقلىق بولمىغان بولاتتىم، — دىدى ئاننا پاۋلوۋنا ئويچان ھالەتتە يۇقۇرىغا قاراپ.

— Je suis votre et à vous seule je puis l'avouer (مەن سىزنىڭ سادىق قۇلىڭىز، مەن سىزگىلا راستىنى ئېيتاي. مېنىڭ بالىلىرىم — ھاياتىم ئۈچۈن ئوشۇقچە يۈك). بۇ مەن ئۈچۈن ئېلىپ يۈرمىسەم بولمايدىغان كرېست. مەن ئۆزەمگە شۇنداق دەيمەن. ...?Que voulez-uous (قانداق قىلاي؟...) — ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ مۇدھىش تەقدىرىگە مەھكۇملۇغىنى ئىپادىلىگەن قىياپەتتە سۆزلىمەي جىم بولۇپ قالدى.

ئاننا پاۋلوۋنا ئويغا چۆكتى.

— سىز ئۆزىڭىزنىڭ بۇ بەڭۋاش ئوغلىڭىز ئاناتولنى ئۆيلەش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

توغرىسىدا پەقەت ئويلىنىپ كۆرمىگەنسىز. قىبرى قىزلار ont la manie des mariages (بىر كىشىنى ئۆيلەندۈرۈشكە تارلىق قىلارمىش)، — دېدى ئۇ. مەن ئۆزەمدە مۇنداق ئاجىزلىق بارلىقىنى تېخى سەزمىگەن بولسامۇ، ئەمما مەن تونۇيدىغان Petitep ersonne (بىر قىز)بار، بۇ قىز ياشلىقىنى ئاتىسى بىلەن ناھايىتى بەختسىز-لىكتە ئۆتكۈزۈپ يۈرۈپتۇ، une parente à nous une princesse (ئۇ بىزگە قېرىنداش كىنەز قىزى بولكونسكايا) بولىدۇ.

كىنەز ۋاسىلى گەرچە يۇقۇرى تەبىقە كىشىلىرىگە خاس زىرەكلىك بىلەن باش ئىشارىسى قىلىپ، بۇ ھەقتە ئويلاپ كۆرمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئاننا پاۋلوۋنانىڭ سۆزىگە جاۋاپ قايتۇرمىدى.

— ياق، سىز بىلەمسىز، بۇ ئاناتول ھەر يىلى مېنىڭ قىرىق مىڭ سوم پۇلۇمنى يوقىتىدۇ، — دېدى ئۇ (ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئوي-پىكىر-لىرىدىكى قايغۇ-ھەسرەتلىرىنى باسالمىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى). ئۇ بىر ئاز جىم بولدى.

— ئەگەر ئۇ مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا، يەنە بەش يىلدىن كېيىن قانداق بولار؟ voilà l'avantage d'être pere (ئاتا بولغاننىڭ پايدىسى مانا شۇ). سىزنىڭ بۇ كىنەز قىزىڭىز بايمۇ؟

— ئۇنىڭ ئاتىسى ناھايىتى باي ۋە يەنە ناھايىتى پىخسىق ئادەم. ئۇ يېزىدا تۇرىدۇ. سىز بىلىسىز، بۇ مەشھۇر كىنەز بولكونسكى بولۇپ، مەرھۇم پادىشا ۋاقتىدا ئارمىيىدىن چىكىندۈرۈلگەن ۋە ”پرۇسسىيە كارولى“ دىگەن لەقەم بېرىلگەن. ئۇ ناھايىتى ئەقىللىق ئەمما يەنە غەلىتە قىلىقلىرى بار ۋە كېلەڭسىز ئادەم. La paurere (بىچارە قىز petite est malheureuse, com me les pierres

ناھايىتى بەختسىز.) ئۇنىڭ بىر ئاكىسى بار، سىز ئۇنى تونۇيسىز دەپ ئويلايمەن، ئۇ يېقىندا لىسا مېنىڭكە ئۆيلەنگەن، كۇتۇزوۋقا ئادىيۇ-تانت① بولغان. ئۇمۇ بۇگۇن كەچقۇرۇن مۇشۇ يەرگە كېلىدۇ.

(قۇلاق سېلىڭا، سۆيۈملۈك Ecoutez، chère Annette — ئانېت)، — دېدى كىنەز بىردىنلا ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ ۋە نىمە ئۈچۈندۇر تۆۋەنگە سەل ئېگىپ. Arrangezmoi cette affaire سىز ماڭا مۇشۇ ئىشنى ئەپلەپ بەرسىڭىز، et je suis vorte à tout مەن مەڭگۈ سىزنىڭ بولاي، ئەڭ سادىق قۇلىڭىز بولاي (comme mon m'ècritdes (مەلۇم قىلاي، سىزگە. jamais ئۇ باي ۋە ياخشى ئائىلىنىڭ بالىسى ئىكەن. مېنىڭ تەلۋۈرمۇ شۇ.

ئۇ ئۆزىگە خاس ئەركىن، تەكەللۇپسىز ۋە سىلىق-سىپايە ھەركىتى بىلەن كۇتۇچى خانىمنىڭ قولىنى كۆتىرىپ ئاغزىغا يېقىن ئەپكېلىپ سۆيۈپ قويىدى-دە، كېيىن يەنە خانىمنىڭ قولىنى ئۇ ياق-بۇ ياققا سىلكىپ قويۇپ ۋە باشقا تەرەپكە نەزەر تاشلاپ يۆلەنچۈكلۈك يۇمشاق ئورۇندۇققا يۆلىنىپ تۇرۇپ قالدى.

(توختاڭ)، — دېدى ئاننا پاۋلوۋنا ئويلىنىپ Attendes — قېلىپ. — مەن بۈگۈن كەچقۇرۇنلا Lise (Lafemme du jeunè) (ياش بولكونسكىنىڭ ئايالى) بىلەن سۆزلىشىپ كۆرىمەن. ئېھتىمال، Ce sera dans votre famille، quė je ferai ئەپلىشىپ قالار. (مەن سىزنى دەپ ئائىلىڭىزدە mon apprentissage de vieille ھىلىقى قېرى قىزنىڭ ھۈنىرىنى ئۆگىنىشنى باشلايمەن.)

---

① ئادىيۇتانت — مۇھاپىزەتچى ئەسكەر، فۇگۇەن. — تەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 2

ئاننا پاۋلوۋنانىڭ مېھمانخانىسى ئاستا ـ ئاستا مېھمانلار بىلەن تولۇشقا باشلىدى. پېتربۇرگنىڭ ئېسىلزادىلىرى كەلدى، ئۇلارنىڭ يېشى ۋە خاراكتېرى ھەرخىل بولسىمۇ، لېكىن ياشىغان جەمىيەت دائىرىسى بويىچە بۇ كىشىلەر تامامەن ئوخشاش ئىدى؛ كىنەز ۋاسىلىنىڭ قىزى گۈزەل ئەلېن دادىسىنى ئېلىپ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەلچىنىڭ زىياپىتىگە بېرىش نىيىتىدە كەلگەن ئىدى. ئۇ بال كىيىمىنى① كىيگەن بولۇپ، كۆكرىكىگە مەكتەپ پۈتتۈرگەنلىك ئىزنىكى ئېسىلغان ئىدى. la femme la plus sèduisante de Petersbourg (پېتربۇرگنىڭ كىشىنى ئەڭ مەپتۇن قىلىدىغان ئاياللىرى) دەپ داڭلىق بولغان ياش ۋە كىچىككىنە كىنەز ئايىم بولكونسكايامۇ كەلگەن ئىدى، ئۇ بۇلتۇر قىشتا ئەرگە تەككەن ۋە ھازىر بولسا قوساق كۆتىرىپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن ھەرقانداق چوڭ ئولتۇرۇشلارغىمۇ بارمايتتى، ئەمما كىچىكرەك زىياپەتلەرگە بېرىپ تۇراتتى. كىنەز ۋاسىلىنىڭ ئوغلى كىنەز ئىپپولىت مورتېمار بىلەن بىللە كەلگەن ئىدى، مورتېمارنى ئۇ تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى؛ ئاببات مورىئو ۋە نۇرغۇن باشقا كىشىلەرمۇ كەلگەن ئىدى.

— سىز مېنىڭ ھاماچامنى شۇ چاققىچە كۆرمىگەنمۇ، — ياكى — سىز مېنىڭ ma tante (ھاماچامنى) تونۇمامسىز؟ — دېدى ئاننا پاۋلوۋنا يېڭى كەلگەن ھەربىر كىشىگە قاراپ. ئۇ بۇ كىشىلەرنى بېشىغا

---

① بال كىيىمى — مەخسۇس تانسا كېچىلىرىدە كىيىدىغان كىيىم. — تەر.

ئىگىز بانت① تاقىۋالغان كىچىككىنە مومايىنىڭ قېشىغا ناھايىتى ھۆرمەت-ئېتىۋار بىلەن ئېلىپ كېلەتتى، موماي بولسا مېھمانلار تېز يېتىپ كېلىۋاتقان چاغلاردا باشقا ئۆيدىن غىپپىدە كىرىپ كېلەتتى، ئانىنا پاۋلوۋنا ئۆزىنىڭ دىققەت-نەزىرىنى ئاستا-ئاستا مېھمانلاردىن ھاماچىسىغا يۆتكەپ، ھەر بىر كىشىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ، ئاندىن ئۇلاردىن نېرى كېتەتتى.

كەلگەن مېھمانلارنىڭ ھەممىسى ھېچكىمگىمۇ مەلۇم بولمىغان، ھېچكىمنىمۇ قىزىقتۇرمايدىغان ۋە ھېچكىمگىمۇ لازىم بولمىغان ھاماچىسىغا تەبرىكلەش قائىدە-يوسۇنلىرىنى بىجا كەلتۈرەتتى. ئانىنا پاۋلوۋنا غەمكىن ئەمما تەنتەنىلىك قىزىقىش بىلەن بۇ تەبرىكلەش رەسمىيەتلىرىنى لام-مىم دىمەي تەستىقلاپ كۈزىتىپ باراتتى. ھاماچىسى مېھمانلارنىڭ ھەر بىرىگە ئۇلارنىڭ سالامەتلىكى، ئۆزىنىڭ سالامەتلىكى ۋە خانىش ئالىيلىرىنىڭ سالامەتلىكى توغرىسىدا تامامەن ئوخشاش ئىبارىلەر بىلەن سۆزلەيتتى، خانىش ئالىيلىرىنىڭ سالامەتلىكى، خۇداغا شۈكرى، يېقىندىن بېرى ياخشى بولۇپ قالغان ئىدى. كەلگەن مېھمانلارنىڭ ھەممىسى ئەدەپ يۈزىسىدىن مالال بولغانلىقنى ئىپادىلىمەيتتى ۋە بۇ ئېغىر مەجبۇردىيەتلەرنى بىجا كەلتۈرۈپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزلىرىدە يەڭگىللىك ھىس قىلىشىپ، مومايىنىڭ قېشىدىن نېرى كېتىشەتتى، شۇندىن كېيىن يەنە قايتىپ پۈتۈن زىياپەت داۋامىدا مومايغا يولۇقمايتتى.

ياش كىنەز ئايىم بولكونسكايا ئالتۇن رەڭ گۈل چېكىلگەن سىلىق مەخمەلدىن تىكىلگەن سومكىسىدا بىر خىل قول ئىشىنى

---

① بانت — ئاياللار چېچىغا تاقىۋالىدىغان بېزەك لېنتا. — تەر.

ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئۇنىڭ ناھايىتى كېلىشكەن، سەل قارايغان مەيىن تۈكلۈك يۇقۇرى لېۋى قىسقا بولۇپ، چىشلىرىنى يېپىپ تۇرال-مايتتى. لېكىن لېۋى كۆتىرىلگەندە تېخىمۇ سۆيۈملۈك بولۇپ قالاتتى، بەزىدە سوزۇپ تۆۋەنكى لېۋىگە تەككۈزگەندە تېخىمۇ يېقىملىق كۆرۈنەتتى. خۇددى ھەممە تولۇق كېلىشكەن گۈزەل ئاياللاردا بولىدىغان خۇسۇسىيەتلەرگە ئوخشاش، ئۇنىڭ كەمچىلىكى — لېۋىنىڭ قىسقىلىقى ۋە يېرىم ئوچۇق ئاغزى گوياكى ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە گۈزەللىكىدىن ئىبارەت ئىدى. يات ئارىدا ئانا بولىدىغان، ساغلام، تېتىك ۋە ئۆزىنىڭ ئېغىر بويىنى شۇنچە يەڭگىللىك بىلەن كۆتىرىپ يۈرۈۋاتقان بۇ كېلىشكەن چىرايلىق ئايالغا قارىغان ھەر بىر كىشى ناھايىتى خوشال بولۇپ كېتەتتى. قېرىلار ۋە زېرىكىپ يۈرگەن غەمكىن ياش كىشىلەر ئۇنىڭ بىلەن بىرەر قېتىم يېقىنلىشىپ ۋە بىر پەس سۆزلەشكەندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ساغلام ۋە تېتىكلىشىپ قالغاندەك ھىس قىلاتتى. ئۇنىڭ بىلەن سۆز-لەشكەن ۋە ھەر بىر ئېغىز سۆزىدە ئۇنىڭ ئوچۇق چىراي كۈلۈمسى-رىشىنى ھەم ھەمىشە پارقىراپ ئېچىلىپ تۇرىدىغان ئاپپاق سەدەپتەك چىشلىرىنى كۆرگەن ھەر بىر كىشى ئۆزىنى شۇ پەيتتە تولىمۇ يېقىملىق بولۇپ قالغاندەك ئويلايتتى. باشقا ھەر بىر كىشىمۇ شۇنداق ئويلايتتى.

كىچىككىنە كىنەز ئايىم قولىدا قول ئىشى خالتىسىنى كۆتىرىپ، تېز ۋە لەپەڭشىگەن ئۇششاق قەدەملىرى بىلەن شىرە ئەتراپىنى ئايلىنىپ چىقتى-دە، كىيىمىنى خوشال قىياپەت بىلەن تۈزەشتۈرۈپ، كۈمۈش ساماۋار يېنىدىكى دىۋاندا ئولتۇردى، ئۇنىڭ بۇ ھەممە ھەركەتلىرى ئۆزى ئۈچۈن ۋە ئەتراپتىكى ھەممە كىشىلەر ئۈچۈن

گويا partie deplaisir (بىر خىل كۆڭۈل ئېچىشتەك) بولغان ئىدى.

— J'ai apporté mon ouvrage (مەن ئۆزەمنىڭ قول ئىشىمنى ئېلىۋالغان ئىدىم)، — دىدى ئۇ ئۆزىنىڭ قول ئىشى خالتىسىنى كۆتىرىپ ۋە ھەممىگە قاراپ.

— Annette, ne me jouez pas un mauvais tour, قاراڭ، (مەن سىزنىڭ ماڭا يامان چاخچاق قىلماسلىغىڭىزنى سوراي-مەن)، — دەپ مۇراجىئەت قىلدى ئۇ ئايال ساھىپخانىغا. — Vous m'avez ècrit, que c'etait une toute petite soirèe; voyez comme je suis attifée (سىز خېتىڭىزدە، بۇ بىر كىچىككىنە ئولتۇرۇش دىگەن ئىدىڭىز، قاراڭا، مەن قانداق ناچار كىيىنگەن!)

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىككى بىلىگىنى سوزۇپ چىقىرىپ، چۆرىسىگە چىلتەك تۇتقان، كۆكرىگىدىن سەل تۆۋەندىن كەڭ لېنتا باغلانغان، كۆلرەڭ كۆركەم كۆينىگىنى كۆرسەتتى.

— Soyez tranquille, Lise, vous serez toujours la plus joli e (خاتىرجەم بولۇڭ، لىزا، سىز قانداقلا بولمىسۇن، باشقا ھەرقانداق كىشىگە قارىغاندا چىرايلىق تۇرىسىز)، — دىدى ئاننا پاۋلوۋنا جاۋاپ بېرىپ.

— Vous savez, mon mari m'abandonne (سىز بىلەم-سىز؟ مېنىڭ ئېرىم مېنى تاشلاپ كېتىۋاتىدۇ)، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى كىنەز ئايىم يەنە شۇ ئاھاڭدا گېنېرالغا قاراپ: — il va se faire ture. Dites moi, po— —urquoi cette vil-aine guerre (ئۇ ئۆلۈمگە كېتىۋاتىدۇ. ئېيتىڭا، بۇ ئىپلاس ئۇرۇشنىڭ زادى نىمە پايدىسى بار-ھە!) — دىدى ئۇ كىنەزگە ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

جاۋاپ كۈتمەستىنلا كىنەز ۋاسىلىنىڭ قىزى گۈزەل ئەلېنىگە قاراپ سۆزلىدى.

— Quelle dèlicieuse personne, que cette petide priincesse! (بۇ كىچىككىنە كىنەز ئايىم. نىمە دىگەن سۆيۈملۈك - ھە!)، — دىدى كىنەز ۋاسىلى ئاننا پاۋلوۋناغا.

كىچىككىنە كىنەز ئايىمنىڭ ئارقىسىدىن ئۇلىشىپلا چېچى قىرقىلغان، كۆزەينەك تاقىغان، شۇ زاماندىكى مودا بويىچە ئاچ رەڭلىك شىم، ئېگىز پۈرمە ياقىلىق، قوڭۇر رەڭلىك فراك① كىيگەن سالاپەتلىك ۋە سېمىز ياش ئادەم كىرىپ كەلدى. بۇ سېمىز ياش ئادەم يېكاتېرىنا زامانىدىكى چوڭ تۆرە ۋە گراف② بېزئۇخوۋنىڭ قانۇنسىز ئوغلى ئىدى، بېزئۇخوۋ بولسا ئۇ چاغدا موسكۋادا ئۆلۈش ئالدىدا تۇراتتى. بۇ ياش ئادەم شۇ چاققىچە ھىچقانداق يەردە خىزمەتتە بولۇپ باقمىغان. چۈنكى ئۇ ئۆزى تەربىيە ئالغان چەتئەلدىن تېخى ئەمدىلا قايتىپ كەلگەن ۋە ئۇنىڭ بۇ سورۇنغا كېلىشىمۇ بىرىنچى قېتىم ئىدى. ئاننا پاۋلوۋنا ئۆزىنىڭ مېھمانخانىسىدا ئۇنى ئەڭ تۆۋەن تەبىقە كىشىلىرىگە مۇناسىپ بولغان تازىم بىلەن كۈتۈۋالدى. لېكىن سورتى بويىچە بۇ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك مۇئامىلىسىگە قارىماي، كىرىپ كەلگەن پيېرنى كۆرۈش بىلەن تەڭ ئاننا پاۋلوۋنانىڭ چىرايىدا خۇددى ھەددىدىن زىيادە كېلەڭسىز يوغان ۋە ئۆز يېرىگە

---

① فراك — ئالدى ئېتىكى كالتا، ئارقا ئېتىكى ئۇزۇن قالغاچ قۇيرۇقلۇق تون. — تەر.

② گراف — كىنەز (ۋاڭ)دىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغان "گۇڭ" دەرىجىلىك ئاقسۆڭەك بەگ — تەھ.

مۇناسىپ بولمىغان نەرسىنى كۆرگەندىكىدەك خاتىرجەمسىزلىك ۋە قورقۇش كەيپىياتى پەيدا بولدى. گەرچە پيېر ھەقىقەتەن ئۆيدىكى باشقا كىشىلەرگە قارىغاندا سەل چوڭراق بولسىمۇ، لېكىن ئاننا پاۋلوۋنادىكى مۇنداق قورقۇشنى پەقەت ئۇنى بۇ مېھمانخانىدىكى باشقا ھەممە كىشىدىن پەرقلەندۇرۇپ تۇرىدىغان نومۇسچان ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە قورقۇنچاق، كۈزەتچان ۋە تەبىئى چىرايىغا خاس دېيىش مۇمكىن ئىدى.

— C'est bien aimable à vous, mosieur pierre, d'être venu voir une pauvre malade (سىز ناھايىتى ياخشى قىپسىز، پيېر ئەپەندى، بىر بىچارە كېسەلنى كۆرگىلى كەلگەنسىز)، — دېدى ئاننا پاۋلوۋنا ۋە ئۇنى ھاممىچىسىنىڭ ئالدىغا باشلاپ كېتىۋاتقىنىدا موماي بىلەن ئەندىشە قىلغان ھالدا كۆز يۈگۈرتۈشۈۋالدى. پيېر قانداقتۇ، چۈشىنىكسىز سۆزلەرنى غۇدۇراپ قويدى-دە، يەنە خۇددى بىرەر نەرسىنى ئىزلىگەندەك داۋاملىق ئەتراپقا كۆزتاشلىدى. ئۇ كىچىككىنە كىنەز ئايىمغا خۇددى يېقىن تونۇش كىشىدەك تازىم قىلىپ، خوشال كۈلۈپ قويغان ھالدا مومايىنىڭ يېنىغا قاراپ ماڭدى. ئاننا پاۋلوۋنانىڭ قورقۇشى سەۋەپسىز ئەمەس ئىدى، چۈنكى پيېر مومايىنىڭ خانىش ئالىيلىرىنىڭ سالامەتلىكى توغرىسىدىكى سۆزلىرىنى ئاڭلىماستىنلا ئۇنىڭ يېنىدىن كېتىپ قالدى. ئاننا پاۋلوۋنا ناھايىتى ئەنسىرىگەن ھالدا تۆۋەندىكى سۆزلەر بىلەن ئۇنى توختىتىۋالدى:

— سىز ئابباتى مورىيونى بىلمەمسىز؟ ئۇ ناھايىتى قىزىق ئادەم... — دېدى ئاننا پاۋلوۋنا.

— ھەئە، مەن ئۇنىڭ مەڭگۈ تىنچلىق توغرىسىدىكى پىلانىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاڭلىغان، بۇ ھەقــقەتەن قىزىقارلــق، ئەمــما ۋۇجۇتقا چىقىــرىــش تەس...

— سىز شۇنداق ئويلامــسىز؟... — دېــدى ئانــنا پاۋلــوۋنا بىرەر سۆز ئېيتماقچى ۋە باشقىدىنلا ئۆزىنىڭ ساھىپخانلىق مەشغۇلاتىغا كىرىشمەكچى بولغان ئىدى، بىراق پيېر بۇ چاغدا ئەدەپكە مۇخالىپ خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويدى. ئاۋال ئۇ موماينىڭ ئۇنىڭغا قىلىــۋاتــقان سۆزىنى ئاڭلاپ بولمايلا كېتىپ قالغان بولــسا، ئەمدىــلىكتە ئۇ يەنە ئۆزىــنىڭ پاراڭلىرى بىلەن ئۇنىڭ يېنىدىن كەتمەكچى بولۇۋاتــقان ساھىپخانىنى توختىتىۋالغان ئىدى. ئۇ بېشــىنى تۆۋەن سېلــىپ، ئىككى ئايىغىنى كېرىپ تۇرۇپ ئاننا پاۋلوۋناغا نېمە ئۈچــۈن ئاببات-نىڭ پىلانى خام خىيال دەپ ئويلىغانلىقىنى ئىسپاتلاشقا باشلىدى.

— كېيىن يەنە سۆزلــشەرمىز، — دېدى ئانــنا پاۋلــوۋنا كۈلــۈپ تۇرۇپ.

ئىشنىڭ يولىنى ئۇقمايدىغان بۇ ئادەمدىن ئاجراپ، ئۇ ئۆزىــنىڭ ساھىپــخانلىق ۋەزىپىسىگە قايتىپ كەلــدى ۋە داۋاملىق رەۋىشتە قۇلاق سېلىپ ھەم قاراپ بېــقىپ، پاراڭ سۇسلــشىپ قالــغان جايغا ياردەم بېرىشكە تەييار تۇراتتى. خۇددى يىپ ئىگىرىش فابرىكىسىنىڭ ئىش باشلىغى ئىشچىلارنى جاي-جايــغا ئولــتۇرغۇزۇپ بولغانــدىن كېيىن ھەممە ئىــش ئورۇنــلىرىــغا قاراپ چىــقىــپ، بۇ يەردە بىر ئۇرچۇقــنىڭ توخــتاپ قالــغانلــىغى، ئۇ يەردە تاراق-تۇرۇق ياكــى غەلىتە ئاۋازنى كۆرگەندە ۋە ئاڭلىغاندا شاپاشلاپ يۈرۈپ ماشىنىلارنى تەكشۈرۈپ، ئۇنى ئىشتىن توختاتقانــلىغى ياكى تۈزەشــتۈرۈپ ئىشقا كىرىشتۈرگەنلىگىگە ئوخشاش، ئاننا پاۋلوۋنامۇ ئۆزىــنىڭ مېھمانخانىــسىدا تەرەپ-تەرەپــكە يۈگــۈرۈپ يــۈرۈپ، بىردەم سۆزســىز جىم

بولۇپ قالغان كىشىلەر يېنىغا ياكى بىردەم ھەددىدىن زىيادە ۋۇلۇك-
چۈرۈك بولۇپ كەتكەن كىشىلەر يېنىغا كېلەتتى ۋە بىر ئېغىز سۆ-
بىلەن ياكى ئورۇن يۆتكەش بىلەن بۇ تەكشى، ئەدەپلىك پاراڭ
ماشىنىسىنى يەنە ئىشقا سالاتتى. لېكىن بۇ غەمخورلۇقلار ئوتتۇرىسىدا
ئاننا پاۋلوۋنا بولۇپمۇ پېيىردىن ئەنسىرەيتتى. ئۇ مورتېمارنى چۆرىدە-
ۋالغان كىشىلەرنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇ يەردە بولۇۋاتقان گەپ-
سۆزلەرنى ئاڭلاشقا باشلىغاندا ۋە كېيىن ئاببات توغرىسىدا سۆزلىشى-
ۋاتقان كىشىلەرگە قاراپ بۇرۇلغاندا، ئاننا ھامان ئۇنىڭغا ئەنسىرەش
بىلەن دىققەت قىلىپ قارايتتى. چەتئەلدە تەربىيىلەنگەن پېيىر ئۇچۇن
ئاننا پاۋلوۋنا ئۆتكۈزگەن بۇ كەچكى ئولتۇرۇش ئۇ روسىيىدە
كۆرگەن بىرىنچى قېتىمقى ئولتۇرۇش ئىدى. ئۇ بۇ يەردە پېتەر-
بۇرگنىڭ بارلىق زىيالىلىرى يىغىلغانلىقىنى بىلەتتى ۋە شۇنىڭ
ئۇچۇن، خۇددى ئويۇنچۇقلار ماگىزىنىدىكى بالىغا ئوخشاش كۆزلىرىنى
تەرەپ-تەرەپكە يۈگۈرتەتتى. ئۇ ئاڭلاشقا مۇمكىن بولىدىغان
ھەرقانداق ئاقىلانە پاراڭلارنى ئاڭلىماي قېلىشتىن ئەندىشە قىلاتتى.
ئۇ بۇ يەرگە يىغىلغان كىشىلەرنىڭ ئىشەنچلىك ۋە نەپىس قىياپەت-
لىرىنى كۆرۈپ، ئۇلاردىن ھامان ئالاھىدە تېرەن سىرلىق
نەرسىلەرنى ئاڭلاشنى ئۈمىت قىلاتتى، ئۇ ئاخىر مورتو يېنىغا كەلدى.
بۇ يەردىكى سوقا-سۆھبەت ئۇنىڭغا قىزىقارلىق كۆرۈندى-دە،
خۇددى ئادەتتە ياشلار ياقتۇرغاندەك، ئۆزىنىڭ ئوي-پىكىرلىرىنى
ئېيتىش پۇرسىتىنى كۈتۈپ قالدى.

# 3

ئاننا پاۋلوۋنانىڭ ئۆيىدىكى كەچكى ئولتۇرۇش قىزىق باسقۇچقا كىردى. توپ-توپ بولۇپ ئولتۇرغان ئادەملەرنىڭ سۆھبەتلىرى تەرەپ-تەرەپتىن بىر خىلدا، توختىماي، ماشىنىدەك گۈرۈلدەيتتى. لېكىن ھېلىقى ھاماچىسىنىڭ يېنىدا پەقەت بىرگىنە ياشانغان، يۈزى ياداڭغۇ، يىغا چىراي ۋە بۇ پارلاق سورۇنغا ئانچە مۇناسىپ بولمىغان ئايال ئولتۇراتتى، بۇنى ھېساپقا ئالمىغاندا، بۇ يەرگە يىغىلغان ھەممە كىشىلەر ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلۈنگەن. بىرىدە ئاساسەن ئەرلەر بولۇپ، پوپنىڭ چۆرىسىگە يىغىلغان؛ يەنە بىرىدە ياشلار بولۇپ، كىنەز ۋاسىلىنىڭ قىزى گۈزەل كىنەز قىزى ئەلېن ۋە چىرايلىق، قىپ-قىزىل ئۆسكەن ھەم ياشلىقىغا قارىماي بەك سەمرىپ كەتكەن كىچىككىنە كىنەز ئايىم بولكونسكايا چۆرىسىگە يىغىلغان. ئۈچىنچى گۇرۇپپىدا مورتېمار ۋە ئاننا پاۋلوۋنا چۆرىسىگە يىغىلغان ئىدى.

بەگزادە چىرايلىق، يۇمشاق تەبىئەتلىك ۋە خۇش پىئىللىق يىگىت بولۇپ، روشەنكى، ئۆزىنى داڭلىق دەپ ھېساپلىسىمۇ، ئەمما ئەدەپ-ئەخلاق سەۋىيىدىن ئۆزى تۇرغان شۇ سورۇندا ئۆزىنى ناھايىتى كەمتەر ھېساپلاپ، باشقىلارغا يول قوياتتى. ئاننا پاۋلوۋنا، روشەنكى، ئەنە شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ مېھمانلىرىنى كۈتەتتى. خۇددى ئەقىللىق ئاشخانا خوجايىنىنىڭ پاسكىنا ئاشخانىدا ھېچكىمنىڭ يىگۈسى كەلمەي-دىغان بىر پارچە كالا گۆشىنى ئالاھىدە تاللانغان غىزا سۈپىتىدە سۇنۇپ كەلگىنىدەك، ئاننا پاۋلوۋنامۇ بۇ كەچكى ئولتۇرۇشتا ئاۋال بەگزادە، كېيىن پوپنى قانداقتۇ ئالاھىدە تاللانغان بىر نەرسە سۈپە-

تىدە ئۆزىنىڭ مېھمانلىرىغا تەييارلىغان ئىدى. مورتېمارنىڭ چۆرىسىگە يىغىلغان كىچىك ئۆمەكتە گېرتسوگ① ئېنگىيېننىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىگى توغرىسىدا پاراڭ دەرھال باشلىنىپ كەتتى. بەگزادە بولسا گېرتسوگ ئېنگىيېننىڭ ھالاكىتى ئۆزىنىڭ ئالىجاناپلىقىدىن ۋە خۇسۇسەن بوناپارتنىڭ ئۇنىڭغا قارىتا غەزىپلەنگەن ئۈچۈن بولغان دېدى.

(ئاللا، Ah! voyons. Contez-nous cela vicomte — شۇنداقمۇ! ھەممە ئەھۋالنى بىزگە سۆزلەپ بېرىڭا، ۋىكونت)، — دېدى ئاننا پاۋلوۋنا؛ — Contez-nous cela, vicomte à la Louis XV (ھەممە ئەھۋالنى بىزگە سۆزلەپ بېرىڭا، بەگزادە) دىگەن بۇ گەپ، گويا ليۇدوۋىك XV نى ئەسلەتكەندەك خوشاللىق ھىس قىلدۇردى.

بەگزادە ۋىكونت ماقۇل بولغانلىقىنى ئىپادىلەپ تازىم قىلدى ۋە ئېھتىرام بىلەن كۈلۈپ قويدى. ئاننا پاۋلوۋنا بەگزادە ئەتراپىغا بىر توپ كىشىلەرنى ئورۇنلاشتۇردى ھەم ئۇلارنى بەگزادە ھىكايىسىنى ئاڭلاشقا تەكلىپ قىلدى.

— Le vicomte a été personnellement connu de monseigneur, (بەگزادە بولسا گېرتسوگ بىلەن شەخسەن تونۇش)، — دەپ پىچىرلىدى ئاننا پاۋلوۋنا مېھمانلارنىڭ بىرىگە. — Le vicomte est un parfait conteur. (بەگزادە ھىكايە سۆزلەشنىڭ ئاجايىپ ئۇستىسى)، — دېدى ئۇ مېھمانلارنىڭ يەنە بىرىگە. —

---

① گېرتسوگ — ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئەڭ يۇقۇرى ئۇنۋانلىرىنىڭ بىرى؛ قەدىمقى گېرمانلاردا سايلانغان ھەربىي داھى، كېيىنرەك قەبىلىنىڭ مىراس قالدىغان باشلىقى. — تەر.

Comme on voit l'hommedela. bonne compagnie —
(ئۇنىڭ يۈقۈرى تەبىقىگە خاس ئادەم ئىكەنلىكى نىمە دىگەن روشەن
هازىر)، — دىدى ئۇ مىھمانلاردىن ئۇچىنچى بىرسىگە؛ شۇنداق
قىلىپ، بەگزادە بۇ يەردە ئولتۇرۇشقان كىشىلەرگە، خۇددى ئۇستى
ئوبدان يىپىلىپ قىزىق هور چىقىپ تۇرغان قورۇما گۆشتەك، ئەڭ
نەپىس ۋە ئەڭ پايدىلىق شەكىلدە تەقدىم قىلىندى.
ۋىكونت ئۆزىنىڭ هىكايىسىنى باشلىماقچى بولدى ۋە ئۇنىڭ
يۈزىدە نازۇك كۈلۈمسىرەش ئەكس ئەتتى.
— بۇياققا كىلىڭ، Chère Hélène (سۆيۈملۈك ئەلىن)، — دىدى
ئاننا پاۋلوۋنا گۈزەل كىنەز قىزىغا. ئۇ يەنە بىر گۇرۇپپىنىڭ مەركىزى
بولۇپ، سەل نىرىدە ئولتۇراتتى.
كىنەزقىزى ئەلىن كۈلۈپ قويدى؛ ئۇ ئەمدىلا كىرىپ كەلگەن
چاغدىكىگە ئوخشاش بىر خىل ئۆزگەرمەس ۋە ئىنتايىن گۈزەل
ئاياللارنىڭ كۈلۈمسىرەش قىياپىتى بىلەن ئورنىدىن تۇردى. ئۇ
ئۆزىنىڭ هەشقىپىچەك ۋە مۇخقا ئوخشىتىپ گۈل چىكىلگەن ئاپپاق
بال كىيىمىنى يىنىككىنە شىلدىرلىتىپ، سۈتتەك ئاپپاق ئىككى يەل-
كىسى، پارقىراپ تۇرغان چاچلىرى ۋە برىللىيانتلىرى بىلەن كۆزنى
چاقنىتىپ، ئۆزىگە يول بەرگەن كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىن هىچكىمگە
قارىماستىن ئۇدۇل ئۆتۈپ كەتتى، ئەمما هەر بىر كىشىگە ئۆزىنىڭ
قەددى-قامىتى، شۇ چاغدىكى مودا بويىچە تامامەن ئىچىلىپ تۇرىدى-
غان چىرايلىق ئىككى يەلكىسى، كۆكرىگى ۋە بەللىرىنىڭ چىرايلىق-
لىغىدىن زوقلىنىش هوقۇقىنى هۆرمەت بىلەن ئىلتىپات قىلىغاندەك،
ئۇلارغا كۈلۈمسىرەپ، خۇددى بالىغا ئۆزى بىلەن بىللە جىلۋىلىنىش
ئىلىپ كەلگەندەك، ئاننا پاۋلوۋنانىڭ يىنىغا كەلدى. ئەلىن شۇنچە-

لىك سۆيۈملۈك ئىدىكى، ئۇنىڭدا تەننازلىقنىڭ قىلچە ئىزى كۆرۈنمەيلا قالماستىن، ئەكسىچە، ئۇ ئۆزىنىڭ مۇنداق شەكسىز ۋە ھەددىدىن زىيادە غالىپكار-ھەقىقى گۈزەللىكىدىن خىجىل بولغانلىقىنى ھىس قىلاتتى. ئۇ ئۆزگۈزەللىكىنىڭ تەسىرىنى ئازايتىشنى ئۈمىت قىلاتتى، لېكىن ئۇنداق قىلالمايتتى.

— Quelle belle personne (نىمە دېگەن چىرايلىق!) — دەيتتى ئۇنى كۆرگەن ھەر بىركىشى. ئۇ ۋىكونتنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان ۋە ئۆزىنىڭ ئەنە شۇ ئۆزگەرمەس كۈلۈمسىرىشى بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرىگەندە، بەگىزادە گوياكى قانداقتۇ غەلىتە بىرنەرسىنى كۆرۈپ ھەيرانلىقتا قالغاندەك، دولىسىنى كۆتىرىپ قويدى ۋە تۆۋەنگە قارىۋالدى.

— Madame, je crains pour mes moyens davant un pareil auditoire (مۇنداق جامائەت ئالدىدا، مەن راستىنلا ئۆزەمنىڭ قابىلىيىتىمگە ئىشەنمەيمەن)، — دىدى ئۇ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ.

كىنەز قىزى ئۆزىنىڭ تامامەن يالىڭاچ بىلىگىنى كىچىك شىرە ئۈستىگە قويدى-دە، جاۋاپ بېرىش ھاجەتسىز دەپ ھىساپلىدى. ئۇ كۈلۈمسىرىگىنىچە كۈتۈپ تۇراتتى. ھىكايە سۆزلەۋاتقان پۈتۈن جەرياندا، ئۇ شۇ يەردە راۋۇرۇس ئولتۇرۇپ، بىردەم ئۆزىنىڭ شىرەگە يېنىككىنە قويۇلغان سېمىز چىرايلىق قولىغا قاراپ قوياتتى، بىردەم ئۆزىنىڭ تېخمۇ چىرايلىق كۆكرىكىگە قاراپ، ئۇنىڭدىكى بىرىللىيانت مارجانلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ قوياتتى؛ ئۇ كۆينىكىنىڭ قاتلاقلىرىنى بىرقانچە قېتىم تۈزلەپ قويدى-دە، ھىكايە تازا تەسىرلىك جايغا كەلگەندە ئاننا پاۋلوۋناغا ئۆرۈلۈپ قاراپ قويدى ۋە دەرھال

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

خۇددى فرىپىلىنانىڭ چىرايىدا بولىدىغان قىياپەتكە كىردى، ئۇنىڭ-دىن كېيىن يەنە ئۆزىنىڭ ئوچۇق چىراي كۈلۈمسىرەش قىياپىتىگە كىرىپ تېچلىنىپ قالدى.

كىچىككىنە كىنەز ئايىمىمۇ چاي شىرەسىدىن يۆتكىلىپ ئەلىنىنىڭ قېشىغا كەلدى.

— Attendez moi, je vais prendre mon ouvrage, (توختاپ تۇرۇڭ، مەن قول ئىشىمنى ئېلىۋالاي)، — دېدى ئۇ. — (ھەي، سىز نېمە؟ نېمىنى voyons, à quoi pensez-vous ئويلاۋاتىسىز؟) — دېدى ئۇ كىنەز Apportez-moi monri — dicule ئىپپولىتقا، — مېنىڭ خالتامنى ئېلىۋېتىڭا.

كىنەز ئايىم ھەممە ئادەمگە قاراپ تەبەسسۇم بىلەن سۆزلىشىپ، بىردىنلا قىمىرلاپ ئورنىشۇېلىپ ئولتۇردى-دە، ئۇ يەر-بۇ يېرىنى تۈزەشتۈردى.

— مانا ئەمدى ياخشى بولىدى، — دېدى ئۇ ۋە بەگزادىنى ھىكايىسىنى داۋاملاشتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، ئۆز ئىشىغا تۇتۇندى.

كىنەز ئىپپولىت ئۇنىڭغا خالتىسىنى ئېلىپ بەرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ گۇرۇپپىسىغا قوشۇلدى ۋە ئورۇندۇقنى ئۇنىڭ قېشىغا يۆتكەپ ئولتۇردى.

سۆيۈملۈك ئىپپولىت ((Le charmant Hippolyte)نىڭ گۈزەل سىڭلىسى بىلەن بولغان پەۋقۇلئاددە ئوخشاشلىقى كىشىلەرنى ھەيران قالدۇراتتى ۋە يەنە مۇنداق ئوخشاشلىقىا قارىماي، ئۇنىڭ پەۋقۇل-ئاددە خۇنۈكلىگى كىشىلەرنى ئۇندىنمۇ بەتتەررەك ھەيرانلىقتا قالدۇ-راتتى، ئۇنىڭ قىياپىتى سىڭلىسى بىلەن ئوخشاپ كەتسىمۇ، لېكىن سىڭلىسى ھەممە چەھەتلەردىن ئۆزىنىڭ شات-خۇراملىغى، ئۆزىگە

بولغان ئىشەنچى، ياشلىق باھارى، ئۆزگەرمەس تېتىك، ئوچۇق چىراي قىياپىتى بىلەن ۋە ئۆز قەددى ـ قامىتىنىڭ پەۋقۇلئاددە ئۆزگە خاس تەبىئى گۈزەللىكى بىلەن جىلۋە قىلىپ تۇراتتى؛ ئاكىسىنىڭ بولسا، ئەكسىچە، چىرايى ئەخمەقلىق ـ تەنتەكلىك تۇمانلىرى بىلەن قاپلانغان ۋە ئۆزگە ئىشەنگەن نالە قىلىش كەيپىياتى دائىم ئىپادىلىنىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ بەدىنى ھەم ياداڭغۇ، ھەم ئاجىز ئىدى. كۆزلىرى، بۇرنى، ئاغزى گويا تامامەن قانداقتۇ نائېنىق ۋە خۇنۇك ئالۋاستى قىياپىتىگە كىرىپ قالغاندەك ئىدى، قول ـ پۇتلىرىنى ھەمىشە غەيرى تەبىئى ھالەتتە تۇتاتتى.

— Ce n'est pas une histoire de revenants? (بۇ ئالۋاستىلار توغرىسىدىكى ھېكايە ئەمەسمۇ؟)، — دېدى ئۇ كىنەز ئايىمنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ۋە ئالدىراپ ـ تېنەپ ئۆزىنىڭ ئۇزۇن باغلىق كۆزەينىكىنى كۆزىگە تاقاپ، گويا بۇنىڭسىز ئاغزىنى ئېچىپ سۆز قىلالمايدىغاندەك.

— ئۇنداق ئەمەس، mais non, mon cher (سۆيۈملۈك دوستۇم)، — دېدى ھەيران بولغان ھېكايىچى يەلكىلىرىنى كۆتىرىپ قويۇپ.

— C'est que je dèteste les histoires de revenants (گەپ شۇنىڭدىكى، مەن ئالۋاستىلار توغرىسىدىكى ھېكايىنى ناھايىتى يامان كۆرىمەن)، — دېدى ئۇ. ئۇ بۇ گەپنى شۇنداق ئاھاڭ بىلەن ئېيتتىكى، بۇ سۆزلەرنى ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى ئۇققانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ئۇنىڭ بۇنداق ئۆزگە بولغان ئىشەنچ بىلەن ئېيتقان سۆزلىرىنى ئاڭلىغۇچىلار بۇ سۆزنى ئۇنىڭ ئەقىللىقلىقىدىن ياكى نادانلىقىدىن ئېيتقانلىقىنى چۈشىنەلمەيتتى. ئۇ قارامتۇل يېشىل فراك ۋە ئۆزى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئېيتقاندەك cuisse de nymphe effrayec (قورقۇپ كەتكەن نىمفى ① گەۋدىسى) رەڭگىدە قىسقا شىم، كېپىش ۋە پايپاق كىيگەن.

بەگزادە شۇ چاغدا تارقىلىپ يۈرگەن لەتىپە توغرىسىدا ناھايىتى يېقىملىق ھىكايە قىلىپ بەردى، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، گېرتسوگ ئېنگىيېن پارىژغا مەخپىي بېرىپ m-lle George (ژورژ خېنىم) ② بىلەن كۆرۈشكەن ۋە ئۇنىڭ ئۆيىدە داڭلىق ئارتىسنىڭ ئىلتىپاتىدىن بەھرىلىنىپ كەلگەن بوناپارت بىلەنمۇ ئۇچراشقان؛ ناپالېون دەل شۇ چاغدا ئۇشتۇمتۇت ھوشىدىن كېتىش كېسىلىگە مۇپتىلا بولۇپ ھوشىدىن كېتىپ يىقىلغان ۋە شۇ سەۋەپتىن گېرتسوگنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالغان، گېرتسوگ بولسا پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويغان، ئەمما ناپالېون كېيىنرەك بۇ ئالىجاناپلىق ئۈچۈن ئۆلۈم جازاسىنى بېرىپ ئىنتىقام ئالغان.

ھىكايە ناھايىتى يېقىملىق ۋە ناھايىتى قىزىقارلىق ئېيتىلدى، خۇسۇسەن رەقىپلەر بىردىنلا بىر بىرىنى تونۇۋالغان يېرى شۇنداق بولدى، نەتىجىدە خېنىملارنىڭ چىرايىدا ھاياجانلىق كەيپىيات

---

① نىمفى (Nimfe) — گرېك ئەپسانىسىدە تەبىئەت كۈچلىرىنى گەۋدىلەندۈرگۈچى ئىككىنچى دەرىجىلىك خۇدالار بولۇپ، ئۇلار ئورمان خۇدالىرى (درىياد)، تاغ خۇدالىرى (ئورېياد)، دەريا خۇدالىرى (ناياد)، دېڭىز خۇدالىرى (پېرېيل)غا بۆلۈنىدۇ. — تەر.

② گېورگ (ژورژ) خېنىم مۇندىن كېيىن كىتاپتا يەنە ئۇچرايدۇ. ئۇ داڭلىق تراگىك ئارتىس بولۇپ، بىرقانچە يىلغىچە ناپالېوننىڭ يېقىن خوتۇنى بولغان. 1808 - يىلى پېتربۇرگقا بېرىپ چوڭ نەتىجىگە ئېرىشكەن ۋە شۇ چاغدا، خۇددى مۇشۇ ئەسەردە كېيىن تەسۋىرلەنگەندەك، ناتاشا ئېلىنىڭ مېھمانخانىسىدا ئۇنىڭ دىكلاماتسىيىسىنى ئاڭلىغان. — تەر.

پەيدا بولدى.

— Charmant (ئاجايىپ ياخشى)، — دىدى ئاننا پاۋلوۋنا كىچىك-كىنە كىنەز ئايىمغا سوئال ئالامىتى بىلەن قاراپ.

— Charmant (ئاجايىپ ياخشى)، — دەپ پىچىرلاپ قويدى كىچىككىنە كىنەز ئايىم يىڭنىسىنى ئۆزىنىڭ قول ئىشىغا سانچىپ، گويا ھىكايىنىڭ ياخشىلىغى ۋە قىزىقارلىقلىغى ئۇنىڭ ئۆز ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇشىغا دەخلى يەتكۈزگەنلىگىنى ئىسپاتلىماقچى بولغاندەك.

بەگزادە بۇ ساداسىز (ماختاشنى چۈشەندى، شۇڭا مىننەتدار بولغان قىياپەتتە كۈلۈپ قويۇپ، ھىكايىسىنى داۋاملاشتۇرماقچى بولدى؛ لېكىن بۇ چاغدا ئاننا پاۋلوۋنا ئۆزى ئۈچۈن قورقۇنچلۇق بولغان بۇ ياش ئادەمگە ئۇزلۈكسىز نەزەر سېلىپ، ئۇنىڭ پوپ بىلەن قانداقتۇ ھەددىدىن زىيادە قىزىق ۋە يۇقۇرى ئاۋازدا سۆزلە-شىۋاتقانلىغىنى سېزىپ قالدى-دە، خەۋپلىك جايغا ياردەم بېرىشكە ئالدىرىدى. دەرۋەقە، پيېر پوپ بىلەن سىياسى تەڭپۇڭلۇق توغرى-سىدا سۆزلىشىشكە مۇۋەپپەق بولغان ئىدى ۋە ئاببات قارىماققا بۇ ياش ئادەمنىڭ ئاقكۆڭۈللۈك قىزغىنلىغىغا نىسبەتەن قىزىقىش پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ياقتۇرىدىغان نەزىرىيىسىنى راۋاجلاندۇرماقتا ئىدى. ئىككىيلەن شۇنچىلىك زور قىزىقىش ۋە شۇنچىلىك تەبىئى رەۋىشتە سۆزلەشتىكى، بۇ ئاننا پاۋلوۋناغا ياقمىغان ئىدى.

— چارە-تەدبىر... — ياۋروپادا كۈچلەر تەڭپۇڭلۇغى ۋە droit desgens (خەلق ھوقۇقى)، — دىدى پوپ. پەقەت ۋەھشى دەپ داڭ چىقارغان روسسىيەدەك قۇدرەتلىك دۆلەت ياۋروپادا كۈچلەر تەڭپۇڭلۇغىنى ساقلاشنى مەقسەت قىلغان ئىتتىپاققا غەرەزسىز ئادىللىق بىلەن رەھبەرلىك قىلسىلا، دۇنيا نىجات تاپىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— سىز بۇنداق تەكەببۇرلۇقنى قانداق قىلىپ تاپىسىز، — دەپ سۆز باشلىدى پىيېر؛ لېكىن شۇ چاغدا ئاننا پاۋلوۋنا يېقىن كەلدى ـ دە، پىيېرغا جىددىيلىك بىلەن قاراپ، ئىتالىيىلىكتىن روسىيىنىڭ ھاۋا كىلىماتى يېقىش ـ ياقماسلىقىنى سورىدى. ئىتالىيىلىكنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆزگىرىپ كەتتى ۋە ئۇنىڭ چىرايى خۇددى ئاياللار بىلەن سۆزلەشكەندە ئادەت بولۇپ قالغىنىدەك، ھاقارەتلىك دەرىجىدە ساختا، شېرىن تۇسكە كىردى.

— مەن ئۆزەم قاتنىشىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولغان بۇ مۇھىتتىكى ئۇلپەتلەرنىڭ، خۇسۇسەن ئاياللارنىڭ پارلاق ئەقىل ـ پاراستى ۋە بىلىمى مېنى شۇنچىلىك مەپتۇن قىلدىكى، ھاۋا كىلىماتى توغرىسىدا ئويلاشقا ئۈلگۈرەلمەي قالدىم. — دىدى ئۇ.

ئاننا پاۋلوۋنا پوپ ۋە پىيېرنى قويۇپ بەرمىدى ۋە كۆزىتىشكە ئاسان بولۇشنى ئويلاپ، ئۇلارنى ئومۇمى گۇرۇپپىغا قوشۇۋەتتى.

بۇ چاغدا مېھمانخانىغا يېڭى بىر كىشى كىرىپ كەلدى. بۇ يېڭى كىشى كىچىككىنە كىنەز ئايىمنىڭ ئېرى ياش كىنەز ئاندرېي بولكونسكى ئىدى. كىنەز بولكونسكى ئوتتۇرا بويلۇق، قەتئى ۋە قەيسەر قىياپەتلىك ناھايىتى كېلىشكەن يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ گەۋدىسىدىكى ھەممە نەرسە، ھارغىن زېرىكتۈرەرلىك تەلەتىدىن تارتىپ تاكى جىمغۇر ئەكشى قەدەملىرىگىچە ئۆزىنىڭ كىچىككىنە تېتىك ئايالى بىلەن ئىنتايىن روشەن كەسكىن قارىمۇ ـ قارشى سېلىشتۇرمىنى ئەكس ئەتتۈرەتتى. روشەنكى، مېھمانخانىدا بولغان ھەر بىر كىشى ئۇنىڭغا تونۇشلا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۇنى بىزار قىلغانلىقى ۋە شۇڭا ئۇلارغا قاراش ۋە ئۇلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىشمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى زېرىكىشلىك ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنى بىزار قىلغان

بارلىق يۈزلەرنىڭ ئارىسىدا گوياكى ھەممىسىدىن تولاراق ئۇنى بىزار قىلغىنى ئۇنىڭ چىرايلىق خوتۇنىنىڭ يۈزى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ گۈزەل چىرايىنى بۇزغان گىرىمدىن يىرگىنىپ خوتۇنىدىن نېرى كەتتى. ئۇ ئاننا پاۋلوۋنانىڭ قولىنى سۆيۈپ قويدى-دە، ئۇنىڭدىن كېيىن كۆزىنى قىسىپ قويۇپ، ئولتۇرغان ئۆلپەتلەرنىڭ ھەممىسىگە قاراپ چىقتى.

— Vous vous enôlez pourlaguerre, mon prince? (سىز ئۇرۇشقا بېرىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتامسىز، كىنەز؟)، — دېدى ئاننا پاۋلوۋنا.

— Legènèral Koutouzoff (گېنېرال كۇتۇزوۋ)، — دېدى بولكونسكى خۇددى فرانسۇزدەك سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى zoff قا ئۇرغۇنى چۈشۈرۈپ، — a blen voulude moi pour aide-de-camp... (مېنى ئاديۇتانتلىققا ئالماقچى.)

— Et Lise, votre femme? (سىزنىڭ خوتۇنىڭىز لىزاچۇ؟)

— ئۇ يېزىغا كېتىدۇ.

— سىز ئارىمىزدىن ئۆزىڭىزنىڭ چىرايلىق سۆيۈملۈك خوتۇنىڭىزنى ئېلىپ كېتىشتىن خىجىل بولمامسىز؟

— André (ئاندرې)، — دېدى ئۇنىڭ خوتۇنى ئۆزىنىڭ ئېرىگە خۇددى باشقىلار بىلەن سۆزلەشكەندىكىدەك نازلىق ئاھاڭدا، — بەگزادە گېورگ (ژورژ) خېنىم ۋە بوناپارت توغرىسىدا ھازىر بىزگە ئاجايىپ بىر ھېكايە سۆزلەپ بەردى!

كىنەز ئاندرې كۆزىنى يۇمدى ۋە ئۆرۈلۈۋالدى. كىنەز ئاندرې مېھمانخانىغا كىرىپ كەلگەندىن بۇيان ئۆزىنىڭ خوشال ۋە دوستانە كۆزىنى ئۇنىڭدىن ئۈزمىگەن پيېر ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بىلىگىنى تۇتتى. كىنەز ئاندرې ئۆرۈلۈپمۇ قارىماستىن قاپىغىنى تۈردى ـ دە، ئۆزىنىڭ بىلىگىنى تۇتقان ھەرقانداق ئادەمگە خاپا بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى، لېكىن پېيېرنىڭ كۈلۈپ تۇرغان چىرايىنى كۆرۈپ كۈتۈلمىگەن مۇلايىملىق ۋە يېقىملىق كۈلۈمسىرەش قىياپىتى بىلەن كۈلۈپ قويدى.

— مانا قارا!... سەنمۇ يۇقۇرى ئۇلپەتچىلىك مۇھىتىغا كىرىپسەن-دە؟ — دېدى پېيېرغا.

— مەن سىزنىڭ بۇ يەرگە كېلىدىغانلىقىڭىزنى بىلگەن ئىدىم، — دەپ جاۋاپ بەردى پېيېر. — مەن سىزنىڭكىگە كەچكى غىزاغا بارىمەن، — دەپ ئاستا قوشۇپ قويدى ئۇ ئۆز ھېكايىسىنى داۋام قىلدۇرۇۋاتقان ۋىكونتقا دەخلى يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن. — بولامدۇ؟

— ياق، بولمايدۇ، — دېدى كىنەز ئاندرې كۈلۈپ تۇرۇپ ۋە پېيېرنىڭ قولىنى سىقتى. بۇنى سوراشنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى بىلدۈرمەكچى بولۇپ. ئۇ يەنە بىر ئاز سۆزلىمەكچى ئىدى، لېكىن بۇ چاغدا كىنەز ۋاسىلى قىزى بىلەن كەتمەكچى بولۇپ ئورۇنلىرىدىن قوزغالدى ۋە ئەرلەرمۇ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئۇلارغا يول بەردى.

— سىز مېنى كەچۈرگەيسىز، سۆيۈملۈك بەگزادە، — دېدى كىنەز ۋاسىلى فرانسۇزغا دوستانىلىق بىلەن ۋە ئۇنى تۇرغۇزماسلىق ئۈچۈن ئۇنىڭ يېڭىنى تارتىپ قويدى. — ئەلچىنىڭ ئۆيىدىكى بۇ بەختسىز زىياپەت مېنى ھوزۇر-ھالاۋەتتىن مەھرۇم قىلدى ۋە سىزنى پاراكەندە قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. سىزنىڭ كىشىنى خوشال قىلىدىغان بۇ كەچكى ئولتۇرۇشىڭىزنى تاشلاپ كېتىش مېنى ناھايىتى مەيۈسلەندۈرىدۇ، — دېدى ئۇ ئاننا پاۋلوۋناغا.

كىنەز قىزى ئەلېن كۆينىكىنىڭ قاتلاقلىرىنى يېنىككىنە كۆتىرىپ

ئورۇندۇقلار ئارىسىدىن ئۆتۈپ كەتتى، ئۇنىڭ چىرايلىق يۈزىدىكى كۈلۈمسىرەش تېخىمۇ جىلۋە قىلىپ تۇراتتى. ئۇ پىيېرنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، پىيېر گويا قورققاندەك تەنتەنىلىك كۆزلىرى بىلەن بۇ گۈزەلگە قاراپ قالدى.

— ناھايىتى گۈزەل، — دېدى ئاندرې.

— ناھايىتى، — دېدى پىيېر.

كىنەز ۋاسىلى ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ پىيېرنىڭ قولىنى تۇتتى ۋە ئاننا پاۋلوۋناغا مۇراجىئەت قىلىپ مۇنداق دېدى:

— بۇ ئېيىقنى مەن ئۈچۈن تەربىيە قىلىپ قويۇڭ، — دېدى ئۇ. — مانا، ئۇنىڭ مېنىڭ قېشىمدا تۇرۇۋاتقىنىغا بىر ئاي بولدى، ئۇنى بىرىنچى قېتىم بۇ سورۇندا كۆرۈۋاتىمەن. ياش ئادەم ئۈچۈن ئەقىللىق ئاياللارنىڭ ئۇلپەتچىلىكىدىن باشقا مۇھىم نەرسە يوق.

## 4

ئاننا پاۋلوۋنا پىيېردىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇشقا كۈلۈپ تۇرۇپ ۋەدە قىلدى، ئۇ پىيېرنىڭ ئاتىسى كىنەز ۋاسىلىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقىنى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئىلگىرى ھېلىقى ھاماچىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ياشانغان موماي ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى-دە، كىنەز ۋاسىلىغا ئايۋاندا يېتىشىۋالدى. ئىلگىرىكى ھەممە ساختا قىزىقىش ئۇنىڭ چىرايىدىن يوقىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ مۇلايىم، يىغلامسىرىغان چىرايىدا پەقەت ئەنسىرەش ۋە قورقۇش ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

— ئوغلۇم بورىس توغرىسىدا سىز ماڭا نېمە دەيسىز، كىنەز، — دېدى ئۇ ۋاسىلىغا ئايۋاندا يېتىشىۋېلىپ. (بورىسنىڭ ئىسمىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئېيتقاندا ئۇرغۇنى ئالاھىدە O غا چۈشۈردى). — مەن يەنىلا پېتىر-بۇرگدا قالالمايمەن. ئېيتىڭا، مەن قانداق خەۋەرلەرنى بىچارە ئوغ-لۇمغا يەتكۈزۈشۈم مۇمكىن؟

كىنەز ۋاسىلى بۇ ياشانغان موماينىڭ سۆزلىرىنى پۈتۈنلەي دىگۈ-دەك قىزىقىش بىلەن ئاڭلىمغانلىغىغا ۋە پەرۋا قىلمىغانلىغىغا، ھەتتا بىر مۇنچە تاقەتسىزلىك ھالىتىنى ئىپادىلىگەنلىگىگە قارىماي، ئۇنىڭغا يالۋۇرغاندەك تەسىرلىك قىياپەتتە كۈلۈپ قويىدى ۋە ئۇ كېتىپ قالمىسۇن ئۈچۈن ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى.

— پادىشاغا بىر ئېغىز سۆز قىلىپ قويسىڭىزلا ئۇنى گۋاردىيىگە يۆتكەيتتى، مۇنداق بولغاندا سىزنىڭ نىمىڭىز كېتەتتى، — دىدى ئۇ ئۆتىنىپ.

— ماڭا ئىشىنىڭ، كىنەز ئايىم مەن قولۇمدىن كېلىدىغان ھەممىنى قىلىمەن، — دەپ جاۋاپ بەردى كىنەز ۋاسىلى، — لېكىن مىنىڭ پادىشادىن سورىشىم تەس؛ مەن سىزگە كىنەز گولىتسىن ئارقىلىق رۇميەنتسېۋغا مۇراجىئەت قىلىشنى مەسلىھەت بىرىمەن؛ بۇنداق قىلىش ئاقىلانىلىق بولغان بولاتتى.

يېشى خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان بۇ موماي كىنەز درۇبېتىس-كىنىڭ ئايالى بولۇپ، روسسىيىدە ئەڭ يۇقۇرى نەسەپلەرنىڭ بىرى ئىدى، لېكىن ئۇ كەمبەغەللىشىپ خېلى بۇرۇنلا ئۇلپەتلەر مۇھىتىدىن چىقىپ كەتكەن ۋە ئىلگىرىكى ئالاقە دائىرىسىنى يوقاتقان ئىدى. ئۇنىڭ بۇ چاغدا پېتىربۇرگقا كېلىشى ئۆزىنىڭ يالغۇز ئوغلى ئۈچۈن گۋاردىيىدىن بىرەر ئەمەل تېپىش ئىدى. ئەمىلىيەتتىمۇ، ئۇ پەقەت كىنەز ۋاسىلى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈنلا، ئانىنا پاۋلوۋنانىڭ زىياپە-تىگە بېرىشقا بىر پارچە تەكلىپنامىنى ھەل قىلدى ۋە پەقەت شۇن-

دىن كېيىنلا ئۇ يەردە ئولتۇرۇپ بەگزادە سۆزلەپ بەرگەن ھېكايىنى ئاڭلىدى. ئۇنى كىنەز ۋاسىلىنىڭ سۆزلىرى چۆچۈتۈۋەتتى؛ ئۇنىڭ بىر زامانلاردىكى گۈزەل چىرايىدا غەزەپ ئالامەتلىرى پەيدا بولدى، لېكىن بۇ پەقەت ھەش-پەش دىگۈچە داۋام قىلدى. ئۇ يەنە كۈلۈمسىرىگەن قىياپەتتە كىنەز ۋاسىلىنىڭ قولىغا چىڭ ئېسىلدى.

— قۇلاق سېلىڭ، كىنەز، — دىدى ئۇ، — مەن ھېچقاچان سىزدىن بىرەر نەرسە سورىمىغان ۋە مۇندىن كېيىنمۇ مەڭگۈ سورىمايمەن، ھېچقاچان ئاتامنىڭ سىزگە بولغان دوستلۇغى توغرىسىدا ھېچنەرسە دىمىگەن. لېكىن، ھازىر مەن سىزگە خۇدانى تىلغا ئېلىپ ئىلتىماس قىلىمەنكى، ئوغلۇم ئۈچۈن مۇشۇ ئىشنى قىلىپ بەرسىڭىز، مەن سىزنى مەڭگۈ شەپقەت قىلغۇچى دەپ ھىساپلايمەن، — دەپ ئالدىراپ قوشۇپ قويدى ئۇ. — ياق، سىز چېچىلماڭ، ۋەدە بېرىڭ! مەن گولىتسىندىن ئۆتۈندۇم، ئۇ رەت قىلدى. سىز ئىلگىرىكىدەكلا soyez le bon enfant que vousauez été خەير-ساخاۋەتلىك بولسىڭىز، — دىدى ئۇ كۆزىدىن تارام-تارام ياش چىقىپ تۇرسىمۇ كۈلۈشكە تىرىشىپ.

— ئاتا، كېچىكىپ قالىمىز، — دىدى ئىشىك يېنىدا كۈتۈپ تۇرغان كىنەز قىزى ئەلېن ئۆزىنىڭ چىرايلىق بېشىنى خىسلەتلىك يەلكىسىدىن ئارقىسىغا بۇراپ.

لېكىن تەسىرىي كۈچ جەمىيەتتە بىر خىل كاپىتال، ئۇ يوقىلىپ كەتمىسۇن دىسەڭ، ئۇنى ئاسرىشىڭ كېرەك. كىنەز ۋاسىلى بۇنى بىلەتتى ۋە ئەگەر ئۇ سورىغانلارنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن سوراۋېرىدىغان بولسا، ئۆزۈن ئۆتمەيلا ئۆزى ئۈچۈن سوراشقا توغرا كەلگەندە، بۇ مۇمكىن بولماي قالاتتى. بۇ قائىدىنى مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈپ، ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۆزىنىڭ تەسىرىي كۆچىنى ئايايدىغان بولۇپ قالدى. ئەمما ئۇ كىنەز ئايىم دىرۇ بېتىسكايانىڭ ئىشىدا ئۇنىڭ تەكرار يالۋۇرۇشىدىن كېيىن، ئۆز ۋىجدانىدا قانداقتۇ ئوڭايسىزلىق ھىس قىلىپ قالدى. كىنەز ئايىم ئۇنىڭغا مۇنۇ ھەقىقەتنى ئەسلىتىپ قويدى: ئۇ ئۆزىنىڭ خىزمەتكە كىرگەن بىرىنچى قەدىمى بىلەن دىرۇبېتىسكايانىڭ ئاتىسىغا مىننەتدار بولۇشى كېرەك. ئۇندىن تاشقىرى، كىنەز ۋاسىلى دىرۇ-بېتىسكايانىڭ مۇئامىلىسىدىن ئۇنىڭ ئۆز كاللىسىدا قارار قىلغان ئارزۇلىرىنى قاندۇرمىغىچە توختاپ قالمايدىغان، زۇرۇر تېپىلغاندا ھەركۈنى، ھەر سائەت، ھەرمىنۇتتا چىڭ تۇرۇپ ھەپىلىشىشكە ۋە ھەتتا سەھنىدە خىلمۇ-خىل دىراما ئويناشقا تەييار تۇرىدىغان ئاياللارنىڭ، خۇسۇسەن شۇنداق ئانىلارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى. ئەگ ئاخىرقى بۇ مۇلاھىزە ئۇنى ئارسالدى قىلىپ قويغان ئىدى.

— سۆيۈملۈك ئانىنا مىخايلوۋنا، — دىدى ئۇ ئۆزىنىڭ ئادەتتىكى تەكەللۇپسىز ۋە زېرىكتۈرگۈچ ئاھاڭى بىلەن، — سىزنىڭ دىگەن ئىشىڭىزنى ئورۇنلاش مەن ئۈچۈن پۈتۈنلەي دىگۈدەك مۇمكىن ئەمەس ئىش؛ لېكىن مېنىڭ سىزنى قانداق ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ۋە مەرھۇم ئاتىڭىزنىڭ ھۆرمىتىدىن ئۇنى ئەسلەيدىغانلىقىمنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، مەن مۇمكىن بولمايدىغان بۇ ئىشنى قىلىمەن: سىزنىڭ ئوغلىڭىز گۋاردىيىگە ئەۋەتىلىدۇ. مېنىڭ بۇ گېپىم گەپ. مەمنۇن بولامسىز؟

— ئەزىز كىنەزىم، پۇشتى-پانايىم سىز! مېنىڭ سىزدىن تەلەپ قىلىدىغىنىممۇ ماناشۇ؛ مەن سىزنىڭ قانداق خەير-ساخاۋەتلىك كىشى ئىكەنلىكىڭىزنى بىلەتتىم!

كىنەز كەتمەكچى بولغان ئىدى.

— توختاڭ، كىنەز، يەنە بىر-ئىككى ئېغىز سۆز، — دېدى ئۇ دۇ-دۇقلاپ، — ...Une fois passe aux gardes (ئوغلۇم گۋاردىيىگە ئەۋەتىلگەندىن كېيىن...) سىز مىخايىل ئىلارىونوۋىچ كۇتۇزوۋ بىلەن يېقىنسىز، بورىسنى ئۇنىڭغا ئاديۇتانتلىققا تونۇشتۇرۇپ قويسىڭىز! شۇ چاغدىلا مەن خاتىرجەم بولاتتىم، شۇ چاغدا......

كىنەز ۋاسىلى كۈلۈپ قويدى.

— بۇنى ۋەدە قىلالمايمەن، سىز كۇتۇزوۋ باش قوماندان بولغاندىن تارتىپ ئۇنىڭ قانچىلىك ئەيىپلەشلەرگە دۇچار بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيسىز. ئۇ ئۆزى ماڭا موسكۋادىكى يۇقۇرى تەبىقىلىك بارلىق خېنىملار تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ئوغۇللىرىنى ئۇنىڭغا ئادىيۇتانتلىققا بەرمەكچى بولغانلىقلىرىنى سوزلەپ بەرگەن ئىدى.

— ياق، ۋەدە بېرىڭ! مەن سىزنى قويۇپ بەرمەيمەن! سىزمېنىڭ پۇشتى-پانايىمسىز!...

— ئاتا، — ئۇنىڭ چىرايلىق قىزى يەنە شۇنىداق ئاھاڭدا تەكرارلىدى، — كېچىكىپ قالىمىز.

— خوش، au reoir خەير! كۆرۈۋاتامسىز؟

— ئۇنداق بولسا، ئەتە پادىشاغا دەمسىز، ھە؟

— ئەلۋەتتە؛ ئەمما كۇتۇزوۋقا ئېيتىشقا ۋەدە قىلالمايمەن.

— ياق، ۋەدە بېرىڭ، ۋەدە بېرىڭ، ۋاسىلى! — دېدى ئارقىسىدىن ئۇنىڭغا ئاننا مىخايلوۋنا نازىنىن ياش خېنىملارغا خاس كۈلۈمسىرەش قىياپىتى بىلەن. مۇنداق كۈلۈمسىرەش قىياپىتى قاچاندۇ بىر چاغلاردا ئۇنىڭغا يارىشاتتى، ئەمما ھازىر بولسا ئۇنىڭ مۇنداق سولغان چىرايىغا زادىلا ياراشمايتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ ئۆز يېشىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ئادىتى تۇپەيلى ئۆزىنىڭ كونا نازلىنىش قىلىقلىرىنى قىلاتتى. لېكىن كىنەزۋاسىلى چىقىپ كېتىش بىلەن تەڭلا ئۇنىڭ چىرايىدا يەنىلا بۇرۇنقىدەك سوغاق، ساختا قىياپەت پەيدا بولدى. ئۇ يەنە قايتىپ كېلىپ سۆھبەتكە قوشۇلدى ۋە هامان سۆزلەۋاتقان بەگزادىنىڭ هىكايىسىنى يەنە كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاۋاتقاندەك قىلىپ، كېتىش پۇرسىتىنى كۈتۈپ تۇراتتى، چۈنكى ئۇنىڭ ئىشى تۈگىگەن ئىدى.

— لېكىن سىز بۇ يېقىنقى كومېدىيىنى du sacre Milan (مىلاندا تەختكە ئولتۇرغۇزۇشنى) قانداق دەپ هىس قىلىسىز؟ — دېدى ئاننا پاۋلوۋنا. — Et la nouvelle comedie: des pouples de Gênes et de Lucques, qui viennet prensenter leurs voeux à M.Buna parte.M. Buona parte assis sur un trône‘ et exaucant les voeux des nations! Adorable! Non, mais c'est à en devenir folle! On diait, quele monde entier a perdu la tête (يەنە بىر يېڭى كومېدىيە: گېنۇيە بىلەن لۇككا خەلقى جانابى بوناپارتقا ئۆزىنىڭ ئۈمىتلىرىنى ئىزهار قىپتۇ ۋە جانابى بوناپارتمۇ تەختتە ئولتۇرۇپ خەلقلەرنىڭ ئۈمىت-ئارزۇلىرىنى بىجا كەلتۈرۈشكە ماقۇل بوپتۇ. بەللى! خۇدا ئۇرمىسا! بۇ كىشىنى ئەقىلدىن ئازدۇرىدۇ! پۈتۈن دۇنيا ئەقىلدىن ئازغان دەپ ئويلايسەن)

كىنەز ئاندرې ئاننا پاۋلوۋنانىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراپ كۈلۈپ قويدى.

— Die u mela donne, gare à qui la touche (خۇدا ماڭا بۇ تاجنى بەردى. بۇنىڭغا چېقىلماقچى بولغان ئادەم هەزەر

ئەيلىسۇن) — دىدى ئۇ. (بۇ بوناپارتنىڭ تاج كىيگەندە ئېيتقان
سۆزلىرى). On det qu'il a été très beau en prononcant ces
paroles — (ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ بۇ سۆزلەرنى سۆزلەۋېتىپ
ناھايىتى ياخشى قىياپەتكە كىرىپتۇدەك)، — دەپ قوشۇپ قويۇپتۇ ئۇ،
بۇ سۆزلەرنى يەنە ئىتاليانچە تەكرارلاپ:

— Dio mi la dona, guai a chi la tocca. J'espère
enfin (قىسقىسى، مەن ئۈمىت قىلىمەنكى،) — دەپ سۆزىنى
داۋام قىلدى ئانا پاۋلوۋنا، — que ca aètè la gout te
d'eau qui fera dèborder le verre. Les souvrainsne
peuvent plus supporte cet homme, qui menacetout.
(بۇ، ئىستاكاندىن تېشىپ چىقىدىغان ئاخىرقى بىر تامچە بولىدۇ. ھەر-
قايسى ئەللەرنىڭ باشلىقلىرىمۇ ھەممىگە تەھدىت سېلىۋاتقان كىشىگە
يەنىمۇ يول قويمايدۇ.)

— Les souverains? Je ne parle pas de la Russis,
(شاھلار دەمسىز؟ مەن روسىيە توغرىسىدا سۆزلەۋاتمايمەن)، — دىدى
بەگزادە ئەدەپ ـ ھۆرمەت بىلەن، ئەمما ئۈمىتسىزلەنگەن ھالدا، —
شاھلار ئىمىش، تېخى! شاھلارلىيۇدوۋىك 17 ـ ئۈچۈن، خانىش
ئۈچۈن، ئېلىزاۋېتا خېنىم ئۈچۈن نىمە ئىش قىلىپ بەردى؟ ھېچ
ئىش قىلىپ بەرگىنى يوق! — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى يەنە
تېخىمۇ ھاجانلىنىپ، — Et croyez-moi, ils subissent la
punition pour leurtrahison dela cause des Bourbons.
Les souvererains? Ils envoient des ambassadeurs
complimenter l'usurpateur. (سىز ئىشىنىڭ ماڭا، ئۇلار پادىشا
بوربون ئۇرۇغىنىڭ ئىشلىرىغا خائىنلىق قىلغانلىغى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ

جازاسىنى تارتىشىۋاتىدۇ. شاھلار دەمسىز؟ ما گەپنى قاراڭ! تېخى! ئۇلار تەخت-تاج ئوغرىسىنى تەبرىكلىشىپ ئەلچىلىرىنى ئەۋەتمەكتە.)

ئۇ كۆزگە ئىلمىغاندەك ئۇھ تارتىپ قويۇپ، يەنە ئۆز ھالىتىنى ئۆزگەرتتى. ئۇزۇن باغلىق كۆزەينەكىدىن بەگزادىغا ئۇزاق ۋاقىت قاراپ تۇرغان كىنەز ئىپپولىت بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، بىردىنلا، كىچىككىنە كىنەز ئايىمغا بۇرۇلدى-دە، ئۇنىڭدىن يىڭنىسىنى سوراپ ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن شىرەگە كونديې (Konde) گېربىنى سىزىپ كورسىتىشكە باشلىدى. ئۇ خۇددى كىچىككىنە كىنەز ئايىم، ئۇنىڭدىن ئۆتۈنۈپ سورىغاندەك، بۇ گېربىنى ئېتىۋار بەرگەن ئاھاڭ بىلەن چۈشەندۈرۈپ كەتتى.

— Bâton de gueules, engrêlé de gueules d'azur — maison Conde, (يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ئېغىز سۈرىتى سىزىلغان ئاچ كۆك رەڭلىك سۆڭەك ھاسا — كوندېنىڭ يۇرتى).

كىنەز ئايىم بۇ سۆزلەرگە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ قۇلاق سالدى.

— ئەگەر بوناپارت فرانسىيىدە يەنە بىر يىل تەختتە ئولتۇرىدىغان بولسا، — دېدى بەگزادە باشلىغان سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، خۇددى ئۆزى باشقىلارغا قارىغاندا كۆپ ئىشنى بىلىدىغان ۋە شۇڭا باشقىلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمايدىغان ھەم پەقەت ئۆزىنىڭ ئوي-پىكىرلىرىنى قوغلىشىپ كېتىۋاتقان ئادەمدەك قىياپەتتە، — ئۇ ھالدا، ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ. فرانسىيە جامائەتچىلىكى — مەن فرانسىيىنىڭ يۇقۇرى قاتلام جامائەتچىلىكىنى دېمەكچىمەن — سۇيىقەست، زوراۋانلىق، سۈرگۈن، قىرغىنچىلىق بىلەن مەڭگۈ يوقىتىلىدۇ، ئۇ چاغدا......

ئۇ ئىككى دولىسىنى كۆتىرىپ ۋە ئىككى قولىنى كېرىپ قويىدى. پيېر ئىمىدۇ بىر نەرسە دېمەكچى بولدى: سۆھبەت ئۇنى قىزىقتۇرغان ئىدى-يۇ، ئەمما ئۇنىڭغا كۆز-قۇلاق بولۇپ تۇرغان ئاننا پاۋلوۋنا سۆز قىستۇرۇپ گېپىنى بۆلۈۋەتتى.

— پادىشا ئالېكساندر، — دېدى ئاننا پاۋلوۋنا غەمكىنلىك بىلەن. پادىشا خانىدانى توغرىسىدا سۆزلىگەندە ئۇ ھەمىشە شۇنداق غەمكىن قىياپەتتە بولاتتى. — دولەت تۈزۈمىنى تاللىۋېلىشنى فرانسۇزلارنىڭ ئۆزىگە قويۇپ بېرىشنى ئېلان قىلدى. مەنمۇ ئىشىنىمەنكى، زوراۋانلاردىن ئازات بولغان پۈتۈن مىللەت ئۆزىنى قانۇنىي كارولنىڭ قوينىغا ئاتىدىغانلىقىدا گۇمان يوق، — دېدى ئاننا پاۋلوۋنا، بۇ مۇھاجىر ۋە كارول تەرەپدارىغا مۇمكىن قەدەر ماقۇل بولۇشقا تىرىشىپ.

— بۇ شۇبھىلىك، — دېدى كىنەز ئاندرېي. — Monsieur le vicomte (جانابى بەگزادە) مۇتلەق توغرا ئويلايدۇ، ئىش ھازىر يېغىشتۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتكەن. مەن ئويلايمەنكى، كونا ھاكىمىيەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەس.

— مېنىڭ ئاڭلىشىمچە، — پيېر قىزىرىپ-تاتىرىپ يەنە سۆزگە ئارىلاشتى، — بەگ-بۆكۈتلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بوناپارت تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەن.

— پەقەت بوناپارتچىلار مۇشۇنداق دېيىشمەكتە، — دېدى كىنەززادە پيېرغا قارىماي تۇرۇپ. — ھازىر فرانسىيە جامائەتچىلىكىنىڭ پىكرىنى بىلىش تەس.

— Bonapartel'a dit (بوناپارت مۇشۇنداق دېگەن)، — دېدى كىنەز ئاندرېي مەسخىرە ئارىلاش كۈلۈمسىرەپ قويۇپ. (بەگزادىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭغا ياقمىغانلىقى ۋە كىنەز ئاندرې ئۇنىڭغا قارىمىغان بولسىمۇ، ئەمما سۆزنى شۇنىڭغا قارشى ئېيتىۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.)

— Je leur ai montré le chemin de la gloire, (مەن ئۇلارغا شانلىق يولنى كۆرسىتىپ بەرگەن ئىدىم)، — دېدى كىنەز ئاندرې سەل توختىۋالغاندىن كېيىن يەنە ناپالېئوننىڭ سۆزلىرىنى تەكرارلاپ، — ils n'en ont pas voulu; jeleur ai ouvetr mes anti cham bres, ils se sont precipités en foule... (لېكىن ئۇلار خالىمىدى؛ مەن ئۆزەمنىڭ قوبۇلخانامنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋىدىم، ئۇلار گۇرۇردە كىرىپ كېلىشتى...) مەن ئۇنىڭ نىمە ئۈچۈن مۇشۇنداق دەرىجىدە سۆزلەشكە ھەقلىق ئىكەنلىكىنى بىلمىدىم.

— Aucun ھېچقانچە ھەققى يوق، — دەپ جاۋاپ قايتۇردى بەگزادە. — گېرتسوگ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ھەتتا ئەڭ ئىخلاسمەن ئادەملەرمۇ ئۇنى قەھرىمان دەپ ھىساپلىمايدىغان بولۇپ قالدى. — si même ca été un héros pour certaines gens (ئەگەر بەزىلەر ئۈچۈن ئۇ ئۆتمۈشتە قەھرىمان بولغان بولسا)، — دېدى بەگزادە ئاننا پاۋلوۋناغا قاراپ، — گېرتسوگ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئاسماندا بىر شېھىت كۆپەيگەن بولدى، يەردە بىر قەھرىمان ئازايغان بولدى.

ئاننا پاۋلوۋنا ۋە باشقىلار بەگزادىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئۆزىنىڭ كۈلكىسى بىلەن باھالاشقا ئۈلگۈرەلمەي تۇرغاندا، پيېر يەنە سۆزگە ئارىلاشتى ۋە ئاننا پاۋلوۋنا گەرچە ئۇنىڭ يەنە قانداقتۇ نالايىق سۆزلەرنى ئېيتىپ تاشلىشىنى ئالدىن سەزگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى توسيالماي قالدى.

— گېرتسوگ ئېنگىيېننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى، — دېدى پيېر، —

دۆلەت ئۈچۈن زۆرۈر ئىدى؛ ناپالېئوننىڭ بۇ مەسىلىدە تولۇق جاۋاپكارلىقنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشتىن قورقمىغانلىقى، ئۇنىڭ روھىنىڭ ئۇلۇغۋارلىقىنى تولۇق ئىپادىلەيدۇ.

— Dieu! mon dieu! (ئاللا! ۋاي ئاللا!)، — دېدى ئاننا پاۋلوۋنا قورقىقان هالدا پىچىرلاپ. — Comment, M.Pierre, vous trouvez que l'assassinat est grandeur d'âme? (قانداقسىغا، جانابى پيېر، سىز، قاتىللىقنى روھىنىڭ ئۇلۇغۋارلىقى دەپ هىساپلايسىز؟) — دېدى كىچىككىنە كىنەز ئايىم كۈلۈپ تۇرۇپ ۋە قول ئىشىنى سەل ئالدىغا تارتىپ.

ئاھ! ئوھا! — دېدى ھەر خىل كىشىلەرنىڭ ئاۋازلىرى.

— Capital (بەك ئوبدان)، — دېدى كىنەز ئىپپولىت ئىنگلىزچە ۋە ئالقىنى بىلەن تىزىغا ئۇرۇشقا باشلىدى. بەگزادە بولسا پەقەت ئىككى دولىسىنى كۆتىرىپ قويدى.

پيېر كۆزەينىگىدىن ھەممەيلەنگە تەنتەنىلىك قىياپەت بىلەن سەپسېلىپ قاراپ چىقتى ۋە ئاندىن سۆزلەشكە باشلىدى:

— مەن شۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق دەيمەنكى، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى ئۇ، — بوربون ئەۋلاتلىرى ئىنقىلاپتىن ئۆزلىرىنى چەتكە تارتىپ، خەلقنى ئانارخىيە هالىتىدە قالدۇردى؛ پەقەت بىرگىنە ناپالېئون ئىنقىلاپنى چۈشەندى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىنىڭ مەنپەئەتىنى دەپ بىر كىشىنىڭ هاياتلىقى ئالدىدا توختاپ قالالمىدى.

— سىز مانا بۇ شىرەگە كەلمەمسىز؟ — دېدى ئاننا پاۋلوۋنا. لېكىن پيېر جاۋاپ بەرمەستىن ئۆزىنىڭ سۆزىنى داۋام قىلدۇرۇۋەردى.

— ياق، — دېدى ئۇ بارغانسېرى هاياجانلىنىپ، — ناپالېئون

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇلۇغ، چۈنكى ئۇ ئىنقىلاپتىن ئېشىپ چۈشۈپ، ئۇنىڭدىكى ئىللەت-لەرنى يوقاتتى، ئۇنىڭدىكى ئوبدان نەرسىلەرنى — گراژدانلارنىڭ تەڭ ھوقۇقلۇقى، سۆز ۋە مەتبۇئات ئەركىنلىكى — ساقلاپ قالدى ۋە پەقەت شۇ سەۋەپتىن ھاكىمىيەتنى قولغا كەلتۈردى.

— شۇنداق، ئەگەر ئۇ ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ قاتىللىق قىلماي، ئۇنى قانۇنىي كارولغا تاپشۇر-غان بولسا ئىدى، — دېدى كىنەز ئايىم، — مەن ئۇنى چوقۇم ئۇلۇغ ئادەم دېگەن بولاتتىم.

— ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. خەلق ئۇنىڭغا شۇنىڭ ئۈچۈن ھاكىمىيەتنى بەرگەنكى، ئۇ خەلقنى بۇربون ئۇرۇ-غىدىن قۇتۇلدۇرغان، يەنە شۇنىڭ ئۈچۈنكى، خەلق ئۇنىڭ ئۇلۇغ ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرگەن. ئىنقىلاپ ئۇلۇغ ئىش، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى جانابى پيېر، ئۇنىڭ بۇ مەردانە ھەم ۋەسۋەسە پەيدا قىلىدىغان كىرىشمە گېپى ئۆزىنىڭ ئۇلۇغۋار ياشلىقى ۋە ئۇمىت-ئارزۇلىرىنى تېزرەك ئىپتىۋېتىشنى روشەن ئىپادىلەپ تۇراتتى.

— نېمە؟ ئىنقىلاپ ۋە پادىشانى ئۆلتۈرۈش ئۇلۇغ ئىش دەمسىز؟... ئۇنىڭدىن كېيىن .....ھە، سىز ماۋۇ شىرەگە كەلمەم-سىز؟ — يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى ئاننا پاۋلوۋنا.

— coutrat Isocia (ئىجتىمائى ئەھدى)①، — دېدى يېقىملىق كۈلۈپ تۇرۇپ بەگزادە.

— مېنىڭ دېگەنلىرىم پادىشانى ئۆلتۈرۈش توغرىسىدا ئەمەس. مەن غايە توغرىسىدا سۆزلەۋاتىمەن.

① رۇسسونىڭ "ئىجتىمائى ئەھدى". — تەر.

— شۇنداق، بۇ بۇلاڭچىلىق غايىسى، قاتىللىق غايىسى ۋە پادىشانى ئۆلتۈرۈش غايىسى، — دېدى ئاننا پاۋلوۋنا مەسخىرە قىلىپ ۋە يەنە ئۇنىڭ سۆزىنىڭ بىلىگە تېپىۋەتتى.

— بۇلارنىڭ ھەممىسى چېكىدىن ئېشىپ كەتكەنلىك، ئەلۋەتتە، ئەھمىيىتى بۇنىڭدا ئەمەس، ئەھمىيىتى كىشىلىك ھوقۇقىدا، خۇراپەلىقنى يوقىتىشتا، گراژدانلارنىڭ تەڭ ھوقۇقلۇق بولۇشىدا؛ ناپالېون بۇ غايىلەرنىڭ ھەممىسىنى ساقلاپ قالدى.

— ئەركىنلىك ۋە باراۋەرلىك، — دېدى بەگزادە بۇ ياش ئادەمگە ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ ھەممە بىمەنىلىكىنى ئىسپاتلاشقا بەل باغلىغاندەك نەپرەتلىنىپ، — بۇ ياڭراق قۇرۇق سۆزلەرگە ئاللىقاچانلا كىشىلەر ئىشەنمەس بولۇپ قالغان. ئەركىنلىك ۋە باراۋەرلىكنى كىم ياخشى كۆرمەيدۇ؟ ھەتتا بىزنىڭ نىجاتچىمىزمۇ ئەركىنلىك ۋە باراۋەرلىكنى تەرغىپ قىلغان. ئىنقىلاپتىن كېيىن خەلق بىر ئاز بەختلىك بولۇپ قالدىمۇ؟ تامامەن ئەكسىچە. بىز ئەركىنلىكنى تەلەپ قىلدۇق، ناپالېون بولسا ئۇنى يەر بىلەن يەكسان قىلدى.

كىنەز ئاندرې ئۈچۈق چىراي كۈلۈمسىرەپ گاھ پيېرغا، گاھ بەگزادىغا، گاھ ئاننا پاۋلوۋناغا قاراپ قوياتتى. پيېر سۆزلىگەن ئەڭ دەسلەپكى مىنۇتتا، ئاننا پاۋلوۋنا ئۆزىنىڭ ئىسسىلەر سۆھبىتىدە ئۆزىنى بېسىپ ئولتۇرۇشنى ئۆگىنىپ قالغانلىقىغا قارىماي ئەرۋايى ئۈچۈپ كەتكەن ئىدى؛ بىراق پيېرنىڭ بۇ كۇپۇرلۇق سۆزلىرى بەگزادىنىڭ جەھلىنى چىقارمىغانلىقىنى ۋە بۇ سۆزلەرنى ئەمدى بېسىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىگە كۆزى يەتكەن ئاننا پاۋلوۋنا بەگزادىغا قوشۇلۇپ پۈتۈن كۈچى بىلەن پيېرغا ھۇجۇم قىلدى.

(Mais, mon cher m-r Pierre — لېكىن، ئەزىزىم، جانابى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

پيېر) ، ــ دېدى ئاننا پاۋلوۋنا، ــ ئۇلۇغ دېگەن شۇ ئادەمنىڭ گېرتسوگنى، ئاخىر ئاددى بىر ئىنسانىنى سوت-سوراقسىز، بويىنغا ھېچقانداق ئەيىپ قويماستىن ئۆلتۈرۈپ تاشلىغانلىغىنى سىز نېمە دەپ چۈشەندۇرىسىز؟

ــ مەن جاناپلىرىدىن ئون سەككىزىنچى بىرۇمېر①غا نېمە دەيسىز؟ دەپ سورىغان بولاتتىم، ــ دېدى بەگزادە ــ بۇ ئالدامچىلىق C'est un escamotage, qui ne ressem. ble nullem?ئەمەسمۇ ent à lamanière d'agir d'un grand homme بۇ ئۇلۇغ ئادەمنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس. كۆز بويامچىلىق.

ــ ئۇ يەنە ئافرىقىدا قىرىپ تاشلىغان ئەسىرلەرچۇ؟ ــ دېدى كىچىك-كىنە كىنەز ئايىم. ــ بۇ بىر دەھشەتقۇ! ــ دېدى-دە، ئىككى يەلكىسىنى مىدىرلىتىپ قويدى.

(مەيلى نېمە C'est unroturier, vous aurez beaudire — دېمەڭ، ئۇ بىردىنلا باش كۆتىرىپ چىققان بىر نېمە) ، ــ دېدى كىنەز ئىپپولىت.

جانابى پيېر كىمگە جاۋاپ بېرىشنى بىلمەي ھەممەيلەنگە قاراپ چىقتى ۋە جىلمىيىپ قويدى. ئۇنىڭ كۈلۈمسىرەش قىياپىتى باشقىلار-نىڭكىگە ئوخشاش جىددىلىككە قوشۇلۇپ كېتىدىغان كۈلۈمسىرەش ئەمەس ئىدى. ئەكسىچە، ئۇ كۈلۈمسىرىگەندە ئۇنىڭدىكى جىددى ۋە

---

① ئون سەككىزىنچى برۇمېر ــ برۇمېر بۇ يەردە "تۇمان" دېگەن مەنىدە. 1793-يىلى كونۋېنت تەرىپىدىن ئورنىتىلغان فرانسۇز ئىنقىلاۋى كالېندارىدا 2-ئاي (22 ــ 24-ئۆكتەبىردىن 20 ــ 23-نويابىرغىچە)؛ جۇمھۇرىيەت 8-يىلىنىڭ 18-برۇمېرىدا دۆلەتتە ھاكىمىيەت ئۆزگىرىشى يۈز بېرىپ، ناپالېون بوناپارتنىڭ ھەربى دىكتاتورىسى باشلانغان. ــ تەر.

ھەتتا ناھايىتى تۇرۇلگەن چىراي بىردىنلا دەرھال يوقىلىپ باشقا بىر قىياپەت — بالىلارچە، يېقىملىق، ھەتتا خۇددى سەدىقە سوراۋاتقاندەك ئەخمىقانە قىياپەت پەيدا بولاتتى.

ئۇنى بىرىنچى قېتىم كۆرگەن بەگزادە بۇ ياش ياكوبىنچى ①نىڭ ئۆز سۆزىدە ئىپادىلىگىنىدەك ئۇنچىۋالا قورقۇنچلۇق ئەمەسلىكىنى روشەن كۆرۈۋالدى. ھەممەيلەن لام-مىم دىمىدى.

— سىلەر، ئۇنىڭ بىرلا ۋاقىتتا ھەممەيلەنگە تەڭلا جاۋاپ بېرىشىنى قانداقىسىغا ئۇمىت قىلىسىلەر؟ — دىدى كىنەز ئاندرېي. — ئۇندىن تاشقىرى، بىر دۆلەت ئەربابىنىڭ قىلىغى ئۈستىدە سۆز بولغاندا ئۇنىڭ شەخسى قىلىقلىرىنى، سەركەردىنىڭ ياكى پادىشا سۈپىتى بىلەن قىلغان قىلىقلىرىنى ئايرىۋېلىش كېرەك. مەن شۇنداق بولۇش كېرەك دەپ ئويلايمەن.

— شۇنداق، شۇنداق، ئەلۋەتتە، — دىدى پيېر ئۆزىگە تەرەپدار تېپىلغانلىقىغا خوشال بولۇپ.

— ئېتىراپ قىلماي مۇمكىن ئەمەسكى، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى كىنەز ئاندرېي، — ناپالېون ئاركول② كوۋرۈكىدە ئۇلۇغ كىشى

---

① ياكوبىنچى — 1789 - يىلى فرانسۇز ئىنقىلاۋى دەۋرىدىكى رادىكال دېموكراتلار كۇلۇبىنىڭ ئەزالىرى نەزەردە تۇتۇلىدۇ، كېيىنرەك بۇنىڭ مەنىسى ئۆزگەرگەن بولۇپ، ئومۇمەن رادىكال پارتىيە ئەزالىرى، رادىكال ئىنقىلاپچىلار ۋە سىياسى تەرغىباتچىلار نەزەردە تۇتۇلىدىغان بولدى. — تەر.

② ئاركول — ئىتالىيىدە بىر يېزا، 1796 - يىلى ناپالېون ئۇ يەردە ئاۋستىرىيىلىكلەرنى مەغلۇپ قىلغان. — تەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بولغان، ياففې①دىكى دوختۇرخانىدا ئۇلۇغ كىشى بولغان، ناپالېون ئۇ يەردە ۋابانى يۇقتۇرۇۋالغان كىشىلەرنى قۇتقۇزۇپ قالغان، لېكىن.... لېكىن يەنە بەزى قىلىقلىرى باركى، ئۇنى ئاقلاش تەس.

كىنەز ئاندرېنىڭ پيېر سۆزلىرىنىڭ قوپاللىقىنى يۇمشاتماقچى بولغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، كېتىش ۋاقتى بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئايالىغا قول ئىشارىسى قىلدى.

* * *

كىنەز ئىپپولىت بىردىنلا ئورنىدىن تۇردى-دە، قول ئىشارىسى بىلەن ھەممەيلەننى توختاتتى ۋە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— Ah! aujourd'hui on m'a raconté une anecdote moscovite, charmante: il faut que je vous en règale. Vous m'excusez, vicomte, il faut que je racont en russe. Autrement on ne sentira pas le sel de l'histoire. (ئوھو! مەن بۈگۈن ئاجايىپ موسكۋا لەتىپىسىنى ئاڭلىدىم، ھەممىڭلارغا سۆزلەپ بېرىمەن. كەچۈرۈڭ بەگزادە، مەن رۇس تىلىدا سۆزلەيمەن، بولمىسا لەتىپىنىڭ ھەممە گۈزەللىكى يوقىلىدۇ....)

شۇنىڭ بىلەن كىنەز ئىپپولىت رۇس تىلىدا خۇددى روسىيىدە بىرەر يىلچە تۇرغان فرانسۇزدەك سۆزلەشكە باشلىدى. ھەممەيلەن جىم بولۇشتى: چۈنكى كىنەز ئىپپولىت ئۇلاردىن ئۆزتارىخىنى

---

① ياففې — ئوتتۇرا دېڭىزدىكى بىر پورت، پەلەستىنىدە، 1797 - يىلى ئەنگلىيە ئارمىيىسى ئىشغال قىلغان. — تەر.

دىققەت قىلىپ ئاڭلاشنى كۆچلۈك ۋە قەتئىي تەلەپ قىلغان ئىدى.

— موسكۋادا بىر كاتتا خېنىم بار، une dame (ھەشەمەتلىك خېنىم). ئۇ ناھايىتى بېخىل. ئۇنىڭ پەيتون ھارۋىسى ئۈچۈن ئىككى valets depied (چاكار) لازىم ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىگىز بولۇشى كېرەك ئىكەن. ئۇ مانا شۇنى خۇمار قىلىدىكەن. ئۇنىڭ يەنە une femme de chambre (بىر چاكار قىزى بار ئىكەن)، بويىمۇ ئىگىز ئىكەن. ئۇ...دەپتۇ...

كىنەز ئىپپولىتنىڭ قىينىلىپ مۇلاھىزە قىلغانلىقى روشەن ئىدى، ئۇ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئويلىنىپ توختىۋالدى.

— خانىم ئېيتتى....ھە، ئېيتتىكى: "قىزىم"، — دەپتۇ ئۇ چاكار قىزغا قاراپ. — سەن livrée (مۇلازىم كىيىمىڭ) نى كىي، ھارۋىدا مەن بىلەن بىللە مېھمانغا بارىسەن.

كىنەز ئىپپولىت دۇدۇقلاپ سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئاڭلىغۇچىلاردىن ئىلگىرىرەك قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، بۇ كۈلگە ھىكايە سۆزلىگۈچى ئۈچۈن پايدىسىز تەسىرات پەيدا قىلغان ئىدى. بىراق، خېلى كۆپ كىشىلەر، شۇ جۈملىدىن ياشانغان ئايال ۋە ئاننا پاۋلوۋنامۇ كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— ئۇ يولغا چىقىپتۇ. تۇساتتىن بوران چىقىپتۇ. ھېلىقى چاكار قىزنىڭ شىلەپىسىنى ئۇچۇرۇپ كېتىپتۇ ۋە ئۇنىڭ ئۇزۇن چاچلىرى چۇۋۇلۇپ چېچىلىپ كېتىپتۇ....

سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، ئۇ ئۆزىنى يەنە باسالماي قالدى ۋە ئۈزۈلۈپ-ئۈزۈلۈپ كۈلۈشكە باشلىدى ھەم كۈلگە ئارىلاش مۇنداق دېدى:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن خەق بىلىپ كېتىپتۇ......

لەتىپە شۇنىڭ بىلەن ئاياقلاشتى. ئۇنىڭ نىمە ئۈچۈن بۇ لەتىپىنى سۆزلىگەنلىكى ۋە نىمە ئۈچۈن چوقۇم رۇس تىلىدا ھىكايە قىلىپ بەرگەنلىكى گەرچە چۈشىنىكسىز بولسىمۇ، ئەمما ئانىنا پاۋلوۋنادىن باشقىلار كىنەز ئىپپولىتنىڭ پېيىرنىڭ يېقىمسىز ۋە ئەدەپسىز پەلىپەتىش سۆزلىرىنى شۇنداق يېقىملىق ئاياقلاشتۇرغان ئۇلپەتچىلىك ماھارىتىگە يەنىلا قايىل بولدى. بۇ لەتىپىدىن كېيىن، سۆھبەت كېيىنكى ۋە ئالدىنقى قېتىمقى تانسا ئويۇنى توغرىسىدىكى، سەھنە ئويۇنلىرى توغرىسىدىكى، شۇنىڭدەك كىملەرنىڭ كىم بىلەن قەيەردە ۋە قاچان كۆرۈشىدىغانلىقى توغرىسىدىكىدەك ئۇششاق-چۈششەك ئەھمىيەتسىز پاراڭغا ئايلىنىپ كەتتى.

## 5

مېھمانلار ئانىنا پاۋلوۋناغا ئۇنىڭ بۇ charmante soirre (كىشىنى مەپتۇن قىلارلىق) كەچكى زىياپىتى ئۈچۈن رەھمەت ئېيتىشىپ تارقىلىشقا باشلىدى.

پېيىر كېلەڭسىز، ناھايىتى سېمىز، ئېگىز بوي، كەڭ گەۋدىلىك، قوللىرى قىپ-قىزىل بىر دارازا بولۇپ، سورۇنغا① قانداق كىرىشنى

① سورۇن — بۇرژۇئا مەملىكەتلىرىدە يۇقۇرى تەبىقە كىشىلىرىدىن ئۆز مەنپەئەتلىرى ۋە ئارزۇ-ھەۋەسلىرىنى دەپ ئالاھىدە ئۇيۇشتۇرۇلغان سۆھبەت گۇرۇپپىسى بولۇپ، بۇ يەردە سىياسى، ئەدەبىي ۋە باشقا ساھەلەردە سۆھبەت، مۇنازىرىلەر ئېلىپ بېرىلىدۇ. — تەر.

بىلمەيتتى، سورۇندىن قانداق چىقىپ كېتىشنى تېخىمۇ بىلمەيتتى، يەنى سورۇندىن چىقىپ كېتىش ئالدىدا بىرەر ئېغىز ئالاھىدە يېقىملىق سۆز قىلىشنىمۇ بىلمەيتتى. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۇ روھىي جەھەتتە چېچىلاڭغۇ ئىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرغاندا ئۆزىنىڭ شلەپىسى-نىڭ ئورنىغا گېنېرالنىڭ ئۈچ بۇرجەكلىك شىلەپىسىنى ئېلىپ، تاكى گېنېرال ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىشىنى ئۆتۈنگەنگە قەدەر قولىدا تۇتقان پېتى شلەپىنىڭ ئۈستىدىكى گۈللۈك پەرلىرىنى يۇلۇپ تۇراتتى. لېكىن ئۇنىڭ روھىي جەھەتتىكى ھەممە چېچىلاڭغۇلۇقلىرى، مېھمان-خانىغا كىرىشنى بىلمەسلىكى ۋە مېھمانخانىدا سۆزلىشىشنى بىلمەس-لىكى ئۇنىڭ مۇلايىم، ساددا ۋە كەمتەر قىياپىتى بىلەن تولدۇرۇ-لاتتى. ئاننا پاۋلوۋنا ئۇنىڭغا قاراپ بۇرۇلدى-دە، خرىستىيانلارغا خاس يېقىملىق قىياپىتى بىلەن ئۇنىڭ پەلپەتىش قىلىقلىرىنى كەچۈرگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ:

— سىز بىلەن يەنە بىر مەرتىۋە كۆرۈشۈشنى ئۈمىت قىلىمەن، ئەمما يەنە سىزگە ئۆز قاراشلىرىنى ئۆزگەرتىدۇ، دەپ ئىشىنىمەن، سۆيۈملۈك جانابى پيېر، — دېدى ئاننا پاۋلوۋنا.

ئاننا پاۋلوۋنا مۇشۇنداق دېگەندە ئۇ ھېچنىمە دەپ جاۋاپ بەرمىدى، پەقەت تازىم قىلىپ قويدى ۋە ھەممەيلەنگە يەنە بىر قېتىم ئۆزىنىڭ كۈلۈمسىرەش قىياپىتىنى كۆرسەتتى، بۇ كۈلۈمسىرەش: "كۆز قاراش ئۆز يولىدا، ئەمما سىلەر قاراپ بېقىڭلار، مەن نىمە دېگەن ئوبدان ۋە ياخشى خاراكتېرلىق ئادەم" دېگەندىن باشقا ھېچنەرسىنى بىلدۈرمەيتتى. ھەممەيلەن، شۇ جۈملىدىن ئاننا پاۋلوۋنامۇ ئىختىيارسىز شۇنى ھېس قىلاتتى.

كىنەز ئاندرى ئايۋانغا چىقتى ۋە يەلكىسىنى ئۇنىڭ يەڭسىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يېپىنچىسىنى ئارتىشىغا ياردەم بەرمەكچى بولغان چاكىرىغا بۇيرۇپ، ئوخشاشلا ئايۋانغا چىققان كىنەز ئىپپولىت بىلەن خوتۇنىنىڭ بىھۇدە پاراڭلىرىغا ئېتىۋارسىز هالدا قۇلاق سېلىشقا باشلىدى. كىنەز ئىپپولىت چىرايلىقىنا ئېغىر ئاياق كىنەز ئايىمنىڭ يېنىدا تۇراتتى ۋە كۆزەينىگىدىن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارايتتى.

— كىرىپ كېتىڭ، Annette، بولمىسا شامالداپ قالىسىز، — دېدى كىچىككىنە كىنەز ئايىم ئاننا پاۋلوۋنا بىلەن خەيرلىشىۋېتىپ. — C’est arrêté (شۇنداق بولسۇن)، — ئۇ پىچىرلاپ يەنە بىر ئېغىز گەپنى قوشۇپ قويدى.

ئاننا پاۋلوۋنا لىزاغا پۇرسەت تېپىپ ئۆزىنىڭ ئاناتول بىلەن كىچىككىنە كىنەز ئايىمنىڭ قېيىنسىڭلىسى ئوتتۇرىسىدا ئەلچى بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى.

— مەن سىزگە ئىشىنىمەن، سۆيۈملۈك دوستۇم، — دېدى ئاننا پاۋلوۋنا پەس ئاۋاز بىلەن، — ئۇنىڭغا خەت يېزىڭ ۋە مېنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇڭ. Comment le pére envisagera la chose.Au revoir. (ئۇنىڭ دادىسى بۇ ئىشقا قانداق قارايدىكىن، تاڭ. خەير!) — ئۇ ئايۋاندىن كېتىپ قالدى.

كىنەز ئىپپولىت كىچىككىنە كىنەز ئايىمغا يېقىن كەلدى ۋە يۈزىنى ئۇنىڭغا يېقىن ئەپكېلىپ يېرىم پىچىرلىغان هالدا قانداقتۇ سۆزلەرنى قىلىشقا باشلىدى.

ئىككى چاكار — بىرى كىنەز ئايىمنىڭ، بىرى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ — قوللىرىدا يەكتەك يېپىنچا ۋە مورە يوپۇق تۇتقان هالدا شۇ يەردە تۇرۇپ پاراڭنىڭ تۈگىشىنى كۈتەتتى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن چۈشىنىكسىز بولغان فرانسۇزچە گەپلىرىنى خۇددى چۈشەنگەن-

دەك قىياپەتتە ئاڭلايتتى، ئەمما چۈشەنگەن قىياپىتىنى بىلدۈرمەيتتى. كىنەز ئايىم ھەممە ۋاقىتىدىكىدەك كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ سۆزلەيتتى ۋە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ ئاڭلايتتى.

— مەن ئەلچىنىڭكىگە بارمىغانلىقىم ئۈچۈن خۇرسەن بولدۇم، — دېدى كىنەز ئىپپولىت، — ئۇ يەردە ناھايىتى زېرىكىسەن... بۇ يەردە نېمە دېگەن خوشاللىق، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ نېمە دېگەن خوشاللىق!

— تانسا ئويۇنى ناھايىتى ياخشى بولىدىكەن دېيىشمەكتە، — دەپ جاۋاپ بەردى كىنەز ئايىم يۇمشاق، كىچىك لېۋىنى مىدىرلىتىپ، — بۇ سورۇنغا ھەممە گۈزەل ئاياللار كېلىدىكەن.

— ھەممىسى ئەمەس، چۈنكى سىز ئۇ يەرگە بارمايسىز-دە؟ ھەممىسى ئەمەس، — دېدى كىنەز ئىپپولىت ناھايىتى خوشال قىياپەتتە كۈلۈپ تۇرۇپ. شۇندىن كېيىن يەڭسىز يېپىنچىسىنى چاكاردىن تارتىۋالدى ھەتتا ئۇنى بىر تەرەپكە ئىتتىرىۋېتىپ يېپىنچىنى كىنەز ئايىمنىڭ ئۈچىسىغا ئارتىپ قويدى. كېلەڭسىزلىكىدىنمۇ ياكى قەستەنمۇ (بۇنى ھېچكىم ئۇقمايتتى)، ئۇ يېپىنچىنى كىنەز ئايىمنىڭ ئۈستىگە يېپىپ قويغاندىن كېيىن، خۇددى بۇ ياش ئايالنى قۇچاقلىماقچى بولۇۋاتقاندەك، ئۇنىڭ قولىنى ئۇزاق ۋاقىت تۇتۇۋېلىپ قويۇپ بەرمىدى.

كىنەز ئايىم بولسا ئاۋالقىدەكلا تەننازۋە كۈلۈمسىرەپ تۇرغان قىياپەت بىلەن ئۆزىنى چەتكە تارتتى-دە، بۇرۇلۇپ ئېرىگە قارىدى. كىنەز ئاندرېي كۆزىنى يۇمۇۋالدى: ئۇ چارچىغان ۋە ئۇيقۇسىرىغاندەك ئىدى.

— تەييار بولدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ خوتۇنىدىن ئۇنىڭغا قاراپ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كىنەز ئىپپولىت ئالدىراپ-تېنەپ يېتى ئۆزىنىڭ يېڭى يوسۇندىكى تاپىنىغا يەتكۇدەك خالىتىنى ئۇچىسىغا يېپىندى، ئۇنىڭدىن كېيىن پۇتلىشىپ يۈرۈپ كىنەز ئايىمنىڭ ئارقىسىدىن دەرۋازىغىچە يۇگۇرۇپ باردى، كىنەز ئايىمنى چاكىرى قولتۇقىدىن يۆلەپ ھارۋىغا ئولتۇرغۇزۇۋاتاتتى.

— Princesse, au revoir (كىنەز ئايىم، خەير!) — دەپ ۋاقىرىدى ئۇ، خۇددى ئايىغىغا ئوخشاش، تىلىمۇ كالۋالىشىپ.

كىنەز ئايىم كۆينىكىنى يىغىشتۇرۇۋېلىپ قاپ-قاراڭغۇ ھارۋىدا ئولتۇراتتى؛ ئۇنىڭ ئېرى قىلىچىنى تۈزەشتۈرۈپ قويدى؛ كىنەز ئىپپولىت ياردەملىشىش بانىسى بىلەن ھەممەيلەنگە دەخلى قىلاتتى.

— يول بېرىڭلا، بۇرادەر، — كىنەز ئاندرېي يولنى توساپ تۇرغان كىنەز ئىپپولىتقا رۇس تىلىدا سوغاققىنا يېقىمسىز ئاھاڭ بىلەن مۇراجىئەت قىلدى.

— مەن سىزنى كۈتىمەن، پيېر، — دېدى كىنەز ئاندرېي خۇددى شۇ ئاھاڭدا يۇمشاق ۋە يېقىملىق بىلەن.

ھارۋىكەش① قوزغالدى، ھارۋىنىڭ چاقلىرى تاراقلايتتى. كىنەز ئىپپولىت كىنەز زادىنى ئۆيىگىچە يەتكۈزۈپ قويۇشقا ئالدىن ۋەدە قىلغان ئىدى، شۇڭا دەرۋازا يېنىدا ئۇزۇن-ئۇزۇن كۈلۈپ ئۇنى كۈتۈپ تۇراتتى.

* * *

— Eh bien, mon cher, votre petite princesse est très

---

① ئالدىدا قوشۇلغان ئاتقا مىنىۋېلىپ ھارۋا ھەيدەيدىغان ھارۋىكەش. — تەر.

ئوھو، ئەزىزىم، سىزنىڭ كىچىككىنە ئايىلىڭىز (bien, tres bien, ناھايىتى سۆيۈملۈك، ھەقىقەتەن ناھايىتى سۆيۈملۈك)، — دېدى بەگزادە ھارۋىدا ئىپپولىت بىلەن ئولتۇرۇۋېتىپ. — تامامەن فرانسۇز ئاياللىرىدەك. — ئۇ ئۆز بارماقلىرىنىڭ ئۇچىنى سۆيۈپ قويدى.

ئىپپولىت بىردىنلا پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى.

— Et savet-vous que vous êtes terrible avec votre petit air innocent, (سىز بىلەمسىز، سىز گەرچە ئوبدان كۆرۈنسىڭىزمۇ، ئەمما قورقۇنچلۇق ئادەمسىز، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى كىنەز زادە. — je plding le paurvre mari, ce petit officier, qui se donne des airs de prince regnant. (مەن بۇ بىچارە ئەرگە، ئۆزىنى زورمۇ-زور ئالاھىدە باشلىق قىياپىتىدە كۆرسىتىدىغان بۇ ئەپىتسەرچاققا ئىچىنىمەن).

ئىپپولىت يەنە پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى ۋە كۈلكە ئارىلاش مۇنداق دېدى:

— Et vous disiez, que les dames russes ne valainet pasles dames frangaises. Il faut saoir s'y prendre. (سىز رۇس ئاياللىرى فرانسۇز ئاياللىرىغا يەتمەيدۇ، دېمىدىڭىزما؟ ئۇلارغا قانداق جاۋاپ بېرىشنى بىلىش كېرەك-تە.)

* * *

پيېر باشقىلاردىن ئالدىدا يېتىپ كېلىپ، خۇددى شۇ ئۆينىڭ كىشىسىدەك، كىنەز ئاندرېينىڭ خانىسىغا كىردى-دە، ئادىتى بويىچە دەرھال دىۋاندا يېتىپ، توغرا كەلگەن بىر كىتاپنى قولىغا ئالدى (ئۇ «سېزارنىڭ خاتىرىلىرى» ئىدى) ۋە جەينىكىنى تىرەپ كىتاپنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن ئوقۇشقا باشلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— سەن ھازىر شېرىپ-رخېنىمىغا قانىداق مۇئامىلە قىلدىڭ؟ ئۇ ئەمدى پۈتۈنلەي ئاغرىپ قالدۇ، — دېدى كىنەز ئاندرىي كىچىككىنە ئاپپاق قوللىرىنى ئېرتىپ، خانىسىغا كىرىپ كېلىۋېتىپ.

پيېر پۈتۈن تېنى بىلەن ئۆرۈلدى، بۇ چاغدا دىۋان غىچىرلاپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھاياجانلىق چىرايى بىلەن كۈلۈپ قويىدى ۋە قولىنى سىلكىدى.

— ياق، بۇ پوپ ناھايىتى قىزىق كىشى ئىكەن، ئەمما ئىشنىڭ يولىنى ئوبدان چۈشەنمەيدۇ... مېنىڭ ئويۇمچە مەڭگۈ تېچلىق بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئۆز پىكرىمنى قانداق ئىپادىلەشنى بىلمەيۋاتىمەن... ھەر ھالدا سىياسى تەڭپۇڭلۇق چارىسى بىلەن ئەمەس...

كىنەز ئاندرېينىڭ بۇ مەۋھۇم پاراڭلارغا قىزىقمىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— خىيالىڭغا كەلگەنلا ئوي-پىكرىنى ھەممىلا يەردە دەۋېرىشكە بولمايدۇ، moncher (ئەزىزىم). ھە، سەن قانداق قارارغا كەلدىڭ، ئاخىر؟ كاۋالېرگارد① بولامسەن ياكى دىپلومات؟ — دەپ سورىدى كىنەز ئاندرىي سەل توختىۋېلىپ.

پيېر دىۋاندا يۈكۈنۈپ ئولتۇردى.

— راستىنى ئېيتقاندا، مەن تېخى بىر قارارغا كەلگىنىم يوق. نە ئۇ ۋە نە بۇمۇ ماڭا ياقمايدۇ.

---

① كاۋالېرگارد — ئاتلىق مۇھاپىزەتچى؛ روسىيىدە ئالاھىدە تەنتەنىلىك ئەھۋاللاردا پادىشا ئەۋلادىنى قوغدىغۇچى. بۇ يەردە گۋاردىيە كاۋالېرىيەسىنىڭ پولكى. — تەر.

— لېكىن قانداق بولمىسۇن بىر قارارغا كېلىش كېرەك ئەمەسمۇ؟ داداڭ شۇنى كۈتىدۇ.

پيېر ئون ياشقا كىرگەن چاغلاردا ئۆزىنىڭ تەربىيىچىسى پوپ بىلەن چەتئەلگە ئەۋەتىلگەن، ئۇ يەردە يىگىرمە يېشىغىچە تۇرغان. ئۇ موسكۋاغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، دادىسى پوپقا رۇخسەت بېرىپ، بۇ ياش بالىغا مۇنداق دېگەن: "سەن ئەمدى پېتىربۇرگقا بار، ھەممە يەرنى كۆرۈپ باق ۋە ئۆزەڭ خالىغان ئىشنى تاللا. مەن ھەممىگە ماقۇل بولىمەن. مانا، كىنەز ۋاسىلىغا بېرىدىغان بىر پارچە خەت، مانا پۇل، ھەممە ئەھۋاللار توغرىسىدا ماڭا خەت يېزىپ تۇر، ھەممە جەھەتلەردە ساڭا ياردەم بېرىمەن"، پيېر ئۈچ ئايچە ئۆزىگە ئىش تاللاپ يۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما ھېچقانداق قارارغا كېلەلمىدى. كىنەز ئاندرېينىڭ ئۇنىڭغا دەۋاتقىنى شۇ مەسىلە ئىدى. پيېر ئۆزىنىڭ پىشانىسىنى ئېرىتتى.

— بىراق، ئۇ ماسون① بولۇشى كېرەك، — دېدى ئاندرېي پوپنى نەزەردە تۇتۇپ. چۈنكى پيېر ھېلىقى كەچكى زىياپەتتە پوپ بىلەن ئۇچراشقان ئىدى.

— بۇلارنىڭ ھەممىسى قۇرۇق گەپ، — دەپ كىنەز ئاندرېي ئۇنى يەنە توختاتتى، — ئەڭ ياخشىسى ئەمەلىي ئىش ئۈستىدە سۆزلەشەيلىچۇ. سەن بۈگۈن ئاتلىقلار گۋاردىيىسىدە بولغانمۇ؟

---

① ماسون — 18 - ئەسىردە ئەنگلىيىدە پەيدا بولغان ۋە كېيىنرەك ئۆز پاچىيىكىلىرىنى ياۋروپانىڭ باشقا مەملىكەتلىرىگە تارقاتقان دىنى - فىلوسوفىيىلىك جەمئىيەتنىڭ ئەزاسى. بۇ ئىنقىلاۋىي ئىشچىلار ھەركىتى تەشكىلاتلىرىنىڭ دۈشمىنى. — تەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ياق، بولمىغان؛ بىراق، دەل مۇشۇ خىيالىمغا كەلگەن ۋە ئۇنى سىزگە دېمەكچى بولۇۋاتاتتىم. ھازىر ناپالېونغا قارشى ئۇرۇش بولۇپ قالدى. ئەگەر بۇ ئۇرۇش ئەركىنلىك ئۈچۈن بولغان ئۇرۇش بولسىدى، مەن چۈشەنگەن ۋە بىرىنچى بولۇپ ئارمىيىگە كىرگەن بولاتتىم؛ ئەمما ئەنگلىيە ۋە ئاۋستىرىيىگە ياردەم بېرىپ، دۇنيادىكى بۇ ئەڭ ئۇلۇغ ئادەمگە قارشى تۇرۇش ... بۇ ياخشى ئەمەس.

كىنەز ئاندرېي پيېرنىڭ بۇ بالىلارچە سۆزلىرىنى ئاڭلاپ پەقەت ئىككى دولىسىنى مىدىرلىتىپ قويدى. ئۇ مۇنداق ئەخمىقانە قىلىقلارغا جاۋاب بېرىش مۇمكىن ئەمەس دېگەندەك قىلاتتى؛ ئەمەلىيەتتىمۇ كىنەز ئاندرېينىڭ بۇ ئاددىي مەسىلىلەرگە جاۋاب بەرگىنىدىن تاشقىرى يەنە باشقىچە ھەرقانداق جاۋاپنى بېرىشى تەس ئىدى.

— ئەگەر ھەر بىر كىشى پەقەت ئۆزىنىڭ ئېتىقادى بويىچىلا ئۇرۇش قىلىمەن دېسە ئۇرۇش بولمىغان بولاتتى، — دېدى ئۇ.

— مۇنداق بولغاندا ياخشى بولاتتىغۇ، — دېدى پيېر.

كىنەز ئاندرېي سوغاققىنا كۈلۈپ قويدى.

— مۇنداق بولغاندا ناھايىتى ياخشى بولۇشىمۇ مۇمكىن، بىراق ھېچقاچان مۇنداق بولمايدۇ....

— ئۇنداق بولسا، سىز نېمىشقا ئۇرۇشقا بارىسىز؟ — دەپ سورىدى پيېر.

— نېمىشقا؟ مەن بىلمەيمەن. بېرىشىم كېرەك. ئۇندىن تاشقىرى، مەن شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇرۇشقا بارىمەنكى... — ئۇ سەل تۇرۇۋالدى. — مەن شۇنىڭ ئۈچۈن بارىمەنكى، مەن بۇ يەردە كەچۈرۈۋاتقان ھايات، بۇ ھايات — كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس.

## 6

ياندىكى ئۆيدە ئاياللارنىڭ كىيىمى شىلدىرلايتتى. كىنەز ئاندرېي خۇددى ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ كەتكەندەك، شۇنداق بىر سەسكىندى-دە، چىرايىدا ئاننا پاۋلوۋنانىڭ مېھمانخانىسىدىكىدەك قىياپەت پەيدا بولدى. پيېر ئايىغىنى دىۋاندىن چۈشۈردى. كىنەز ئايىم كىرىپ كەلدى. ئۇ ئىلگىرىكى كۆينىگىنى يەڭگۈشلەپ ئورنىغا باشقىچە ئۆي كىيىمىنى، ئەمما ناھايىتى ھەشەمەتلىك يېڭى كۆينىگىنى كىيگەن ئىدى. كىنەز ئاندرېي ئورنىدىن تۇرۇپ، ئورۇندۇقنى ھۆرمەت بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى.

Anetنىڭ نىمە ئۈچۈن ئەرگە تەگمەيۋاتقىنىغا بۆلەكچىلا ھەيران بولۇپ يۈرۈۋاتىمەن، — دىدى كىنەز ئايىم ئالدىراپ-تېنەپ ۋە ئۇ ياق-بۇ يېقىنى تۈزەشتۈرۈپ ئورۇندۇققا ئولتۇرۇۋېتىپ. ئۇ ھەر ۋاقىتتىكىدەك، فرانسۇزچە سۆزلەپ كەتتى. — سىلەر ئەركەكلەر، ئەخمەق سىلەر، ئۇنىڭغا ئۆيلەنمىدىڭلار-ھە. مېنى كەچۈرگەيسىز، لېكىن سىز خوتۇنلارنىڭ نېمىلىگىنى چۈشەنمەيدىكەنسىز. سىز بەس-مۇنازىرىنى بەك ياخشى كۆرىدىكەنسىز، جانابى پيېر! ئۇبدان مۇنازىرىچى ئىكەنسىز!

— مەن سىزنىڭ ئېرىڭىز بىلەنمۇ مۇنازىرىلىشىپ ئولتۇرۇپتىمەن: ئۇنىڭ نىمە ئۈچۈن ئۇرۇشقا بارىدىغانلىغىنى چۈشەنمەيمەن، — دىدى پيېر قىلچە تارتىنماستىن (يىگىتلەر قىزلار بىلەن پاراڭلاشقاندا تارتىنغاندەك) كىنەز ئايىمغا مۇراجىئەت قىلىپ.

كىنەز ئايىم سەسكىنىپ كەتتى. پيېرنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭ جېنىغا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تەككەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— ئوھو! مەنمۇ خۇددى شۇنداق دەيمەن، — دېدى كىنەز ئايىم. — مەن چۈشەنمەيمەن، مۇتلەق چۈشەنمەيمەن، نېمە ئۈچۈن ئەرلەر ئۇرۇشسىز كۈن كەچۈرەلمەيدىكىن؟ نېمە ئۈچۈن بىز ئاياللار مۇنداق ئىشلارنى زادىلا تەلەپ قىلمايدىكەنمىز، زادىلا ئويلىمايدىكەنمىز؟ قېنى، سىلەر، ئويلاپ كۆرۈڭلارچۇ. مەن ھەمىشە ئۇنىڭغا: ئۇ بۇ يەردە تاغىسىنىڭ ئاديۇتانتى، ناھايىتى ئوبدان ئورۇن دەيمەن. ئۇنى ھەممەيلەن بىلىدۇ، ھەممەيلەن قەدىرلەيدۇ. مەن بىر كۈنى ئاپراسكىننىڭ ئۆيىدە بىر خېنىمنىڭ Cèst Ça le fameux prince Andrè? Ma parole d'honneur (بۇ ھېلىقى مەشھۇر كىنەز ئاندرې ئەمەسمۇ؟ ئەزبىرايى خۇدا،) دەپ سورىغانلىقىنى ئاڭلىغانمەن، — ئۇ كۈلۈپ كەتتى. — ئۇنى ھەممە يەردە قارشى ئالىدۇ. ئۇ ناھايىتى ئاسانلا خاس ئاديۇتانت① بولۇشى مۇمكىن. سىز، پادىشا ئالىيلىرىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ناھايىتى غەمخورلۇق قىلغان قىياپەتتە سۆزلەشكەنلىكىنى بىلىسىز. مەن Anet بىلەن سۆزلەشتىم، بۇ ئىشنى ئورۇنلاشتۇرۇش ناھايىتى ئاسان. سىز قانداق دەيسىز؟

پيېر كىنەز ئاندرېغا قاراپ قويدى ۋە بۇ سۆزلەر ئۇنىڭغا ياقمىغانلىقىنى سېزىپ جاۋاپ بەرمىدى.

— قاچان يولغا چىقىسىز، — دەپ سورىدى ئۇ.

— Ah! ne me parlez pas de ce depart, ne m'en

---

① خاس ئاديۇتانت — پادىشانىڭ يېنىدا تۇرىدىغان ئەڭ يېقىن ئاديۇتانت. — تەر.

(ئو...! قويۇڭا، ئۇنىڭ يولىغا چىقىشى توغرىسىدا parlez pas سۆزلىمەيلا قويۇڭ! بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغۇممۇ كەلمەيدۇ)، — دىدى كىنەز ئايىم، ئۇ خۇددى مېھمانخانىدا ئىپپولىت بىلەن سۆزلەشكەن چاغدىكىدەك ئەكىلەپ ئويناشقان ئاھاڭدا سۆزلەيتتى، بۇ ئاھاڭنىڭ ئائىلىۋى مۇھىتقا (پيېر گويا ئۇنىڭ ئەزاسى بولۇپ قالغاندەك ئىدى) ياراشمىسلىغى روشەن ئىدى. — بۈگۈن مەن بۇ بارلىق قىممەتلىك ئالاقىلەرنى ئۈزۈش كېرەك، دەپ ئويلىدىم.... شۇڭا كېيىن سەن بىلىپ قالسەن، ئاندرېي؟ — ئۇ ئۆزىنىڭ ئېرىگە مەنىلىك قاراپ قويدى. — J'ai peur, J'ai peure! (مەن قورقىمەن، مەن قورقىمەن!) — دەپ پىچىرلىدى ئۇ بېلىدىن سوغاق ئوتكەندەك قالتىراپ.

ئېرى ئۇنىڭغا ئۆيدە گوياكى ئۆزى ۋە پيېردىن باشقا يەنە قانداقتۇ باشقا كىشىنىڭ بارلىغىنى ھېس قىلغاندەك ئەجەپلىنىپ قاراپ قويدى؛ ئەمما سوغاق ۋە ئەدەپلىك قىياپەت بىلەن ئۇنىڭدىن:

— نىمىدىن قورقىسەن، لىزا؟ مەن چۈشەنمەيۋاتىمەن، — دەپ سورىدى.

— مانا قاراڭ، ئەرلەرنىڭ ھەممىسى نىمە دىگەن شەخسىيەتچى؛ ھەممىسى، ھەممىسى شەخسىيەتچىكەن! پەقەت ئۆزىنىڭ بىمەنە ھەۋەسلىرىنى دەپ، خۇدا بىلىدۇ نىمە ئۈچۈنلىگىنى، مېنى تاشلىۋەتمەكچى، مېنى يالغۇز يېزىدا قاماپ قويماقچى.

— دادام ۋە سىڭلىم بار، ئۇلارنى ئۇنۇتۇپ قالما، — دىدى مۇلايىملىق بىلەن كىنەز ئاندرېي.

— بەربىر مەن يالغۇز، دوستلىرىم يوق.... مېنى قورقما دىگىنىنى، تېخى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇ غۇدۇراپ سۆزلەيتتى، ئۇنىڭ يۇقۇرقى لېۋى كۆتىرىلدى، چىرايىدا بىر خىل خوشال قىياپەت ئەمەس، بەلكى ھايۋانلارغا خاس، تىپىندەك قىياپەت كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئېغىر ئاياقلىقى توغرىسىدا — گەرچە بۇ ئىش شۇ چاغدا ماھىيەتلىك مەسىلە بولسىمۇ — پىيېر بار چاغدا ئېيتىشنى ئەدەپسىزلىك دەپ ھېس قىلغاندەك، جىم بولۇپ قالدى.

— مەن يەنىلا چۈشەنمىدىم، de quoi vuos avez peur (نېمىدىن قورقىدىكەنسەنكىن ـ تاڭ)، — دېدى كىنەز ئاندرېي ئاستا سۆزلەپ، خوتۇنىدىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇپ.

كىنەز ئايىم ئۈمىتسىزلەنگەن ھالدا ئىككى قولىنى كۆتەردى، يۈزى قىزىرىپ كەتتى.

— Non, Andre', je dis que vous avez tellment, tellment changé... (ياق، ئاندرېي، سەن ئۆزگىرىپ كېتىپسەن. ئوھۇ، شۇنداق ئۆزگىرىپ كېتىپسەنكى...)

سېنىڭ دوختۇرۇڭ سېنى بۇرۇنراق ئۇخلا، — دەيدۇ، — دېدى ئاندرېي. — سېنىڭ يەنىلا ئۇخلىغىنىڭ ياخشى.

كىنەز ئايىم ھېچنېمە دېمىدى، ئەمما بىردىنلا ئۇنىڭ يۇمشاق مويلۇق قىسقىغىنا لېۋى تىترەپ كەتتى؛ كىنەز ئاندرېي ئورنىدىن تۇردى ـ دە، يەلكىلىرىنى كۆتىرىپ قويۇپ، كۇتۇپخانىسىدا ئۇ ياقتىن ـ بۇ ياققا مېڭىشقا باشلىدى.

پىيېر كۆزەينىكىدىن ساددا ۋە ئەجەپلەنگەن ھالدا گاھ ئۇنىڭغا، گاھ كىنەز ئايىمغا قاراپ، گويا ئۆزىمۇ ئورنىدىن تۇرماقچى بولغاندەك قورغىلىپ قويىدى، ئەمما كېيىن يەنە بۇ پىكرىدىن قايتتى.

— جانابى پېپرنىڭ بۇ يەردە بولۇشىنىڭ ماڭا نىمە مۇناسىۋىتى بار، — دىدى بىردىنلا كىچىككىنە كىنەز ئايىم ۋە ئۇنىڭ چىرايىلىق چىرايىدا يىغلاي دىگەندەك غەمكىن قىياپەت پەيدا بولدى. — مەن ساڭا خېلى بۇرۇنلا ئېيتماقچى ئىدىم، ئاندرې: سەن ماڭا نىسبەتەن نىمە ئۇچۇن شۇنچىۋالا ئۆزگىرىپ كەتكەنسەنكىن-تاڭ؟ مەن ساڭا نىمە قىلدىم؟ سەن ئېخى ئارمىيىگە بارىسەن؟ ماڭا نىمە ئۇچۇن ئىچىڭ ئاغرىمايدۇ؟

— لىزا! — پەقەت شۇنداقلا دىدى كىنەز ئاندرې؛ لېكىن ئۇنىڭ بۇ سۆزىدە بىرخىل يالۋۇرۇش، تەھدىت ۋە ئەڭ مۇھىمى ئۇ ئۆزىنىڭ سۆزلىرىگە پۇشايمان قىلىدۇ دىگەن ئىشەنچ بار ئىدى؛ ئەمما لىزا ئالدىراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— سەن ماڭا خۇددى كېسەل كىشىگە ياكى كىچىك بالىغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىسەن-نا. مەن ھەممىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن. سەن يېرىم يىل ئىلگىرى شۇنداقمىدىڭ؟

— لىزا، مەن سىزنىڭ توختاپ قېلىشىڭىزنى سورايمەن. — دىدى كىنەز ئاندرې تېخىمۇ سۆزىنى كۈچەيتىپ.

بۇ پاراڭ بولىۋاتقان چاغدا بارغانسېرى ھاياجانلىنىۋاتقان پېير ئورنىدىن تۇردى-دە، كىنەز ئايىمغا يېقىنراق كەلدى. ئۇ بۇ ياش ئېقىۋاتقان چىرايغا قاراپ چىداپ تۇرالماستىن، گوياكى ئۆزى يىغلاپ تاشلاشقا تەييار تۇرغاندەك ئىدى.

— تېچلىنىپ قېلىڭ، كىنەز ئايىم! سىزگە بۇ شۇنداق تۇيۇلىدۇ، چۈنكى.... سىزنى ئىشەندۇرىمەنكى، مەن ئۆزەممۇ بۇنى بېشىمدىن كەچۈرگەن، شۇڭلاشقا...شۇ سەۋەپتىن...ياق، كەچۈرۈڭ! بىر يات كىشىنىڭ بۇ يەردە بولۇشى ئەپسىز...ياق، تېچلىنىپ قالغايسىز...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خەير!
— كىنەز ئاندرې ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇسۇۋالدى.
— ياق، توختاپ تۇر، پېيېر! كىنەز ئايىم شۇنداق ئوبدانكى، مېنى سىنىڭ بىلەن بىر ئاخشام سۆھبەتلىشىپ كۆڭۈل ئېچىشتىن مەھرۇم قىلغۇسى كەلمەيدۇ.
— ياق، بۇ كىشى پەقەت ئۆزىنىلا ئويلايدۇ، — دېدى كىنەز ئايىم ئۆزىنىڭ غەزەپلەنگەنلىكىدىن چىقىۋاتقان كۆز يېشىنى باسالماي.
— لىزا، — دېدى كىنەز ئاندرې سوغاققىنا ئاھاڭدا ئاۋازىنى سەۋرى-تاقىتى تۈگىگەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان دەرىجىگە كۆتىرىپ.
كىنەز ئايىمنىڭ چىرايلىق چېھرىسىدىكى غەزەپلەنگەن ئالىقاندەك قىياپەت بىردىنلا تەسىرلىك ۋە كىشىنىڭ ئىچىنى ئاغرىتىدىغان قورقۇش ئالامەتلىرىگە ئۆزگەردى؛ ئۇ ئۆزىنىڭ چىرايلىق كۆزلىرى بىلەن ئېرىگە يەر تېگىدىن قاراپ قويدى-دە، يۈزىدە قورققان ۋە يالۋۇرۇۋاتقان قىياپەت، يەنى خۇددى ساڭگىلىغان قۇيرۇغىنى تېزدىن ئەمما كۈچسىز پۇلاڭلىتىۋاتقان ئىتلارنىڭ قىياپىتى پەيدا بولدى.
Mondieu, mondieu — (ۋاي خۇدا، ۋاي خۇدا!) — دېدى كىنەز ئايىم ۋە بىر قولى بىلەن كۆينىكىنىڭ قاتلىغىدىن تۇتۇپ كۆتەرگەن پېتى ئېرىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭ پېشانىسىغا سۆيۈپ قويدى.
Bonsoir, Lise — (خەير، لىزا)، — دېدى كىنەز ئاندرې ئورنىدىن تۇرۇپ ۋە خۇددى يات ئادەملەرگە مۇئامىلە قىلغاندەك ئەدەپ بىلەن ئۇنىڭ قولىنى سۆيۈپ قويدى.

* * *

ئىككى دوست جىم بولۇشتى. نە ئۇ ۋە نە بۇ سۆز قىلمىدى. پېيېر كىنەز ئاندرېغا قارايتتى؛ كىنەز ئاندرې بولسا ئۆزىنىڭ كىچىك قولى بىلەن پىشانىسىنى سۇرتەتتى.

— قېنى، كەچكى تاماققا ماڭدۇق، — دېدى ئۇ ئۇھ تارتىپ قوپۇپ ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

ئۇلار ناھايىتى چىرايلىق، تېخى يېقىندىلا بېزەلگەن ھەشەمەتلىك تاماقخانىغا كىردىشتى، داستىخاندىكى ياغلىقلاردىن تارتىپ كۈمۈش قاچىلار، پارپۇر قاچىلار ۋە خرۇستال بۇيۇملارغىچە ھەممىسىدە يېڭىدىن توي قىلغان ياش ئەر-خوتۇنلارنىڭ ئۆيىدە بولىدىغان ئالاھىدە يېڭىلىقنىڭ ئىزلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. كەچكى تاماق ئوتتۇرىسىدا كىنەز ئاندرې جەينىگىنى تاماق يەۋاتقان شىرەگە تىرەپ، خۇددى ئۇزۇندىن بېرى كۆڭلىدە بىرەر نىمىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان ۋە ئەمدىلىكتە بىردىنلا ئېيتىۋەتمەكچى بولغان ئادەمدەك، ئاچچىقلانغان قىياپەتتە (پېيېر ئۇنى ھېچقاچان مۇشۇنداق قىياپەتتە كۆرۈپ باقمىغان) سۆزلەپ كەتتى:

— ھېچقاچان، ھېچقاچان ئۆيلەنمە، سۆيۈملۈك دوستۇم! مېنىڭ ساڭا بېرىدىغان مەسلىھەتىم مانا شۇ: سەن ئۆزەڭگە ئۆزەڭنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ھەممە ئىشنى قىلىپ بولدۇم دېمىگىچە، سەن ئۆزەڭ تاللىۋالغان خوتۇننى سۆيۈشتىن توختاپ قالمىغىچە ۋە ئۇنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى تولۇق كۆرۈپ يەتمىگىچە زادىلا ئۆيلەنمە، بولمىسا تۈزەتكىلى بولمايدىغان دەرىجىدە قاتتىق خاتالىشىسەن. قېرىپ ھېچنەرسىگە يارىماس بولغاندا ئاندىن ئۆيلەن... بولمىسا، سېنىڭ قەلبىڭدىكى ھەممە ئوبدان ۋە يۈكسەك نەرسىلەر تامامەن يوقىلىدۇ. ھەممىسى

ئۇششاق ـ چۇششەك نەرسىلەرنى دەپ ئىسراپ بولۇپ كېتىدۇ. شۇنداق! شۇنداق! سەن ماڭا ئەجەپلىنىپ قارىما. ئەگەر سەن ئۆزەڭنىڭ ئىستىقبالىڭدىن يەنە قانداقتۇ ئۈمىت كۈتىدىكەنسەن، ئۇ هالدا، ئۆيلەنگەن هامان هەر بىر قەدىمىڭدە سېنىڭ ئۈچۈن هەممە ئىشنىڭ تۈگىگەنلىكىنى، مېهمانخانىدىن باشقا هەممە يولنىڭ ئېتىلگەنلىكىنى هىس قىلىسەن ـ دە، سەن ئەنە شۇ سارايى قۇللىرى ۋە تەنتەكلەر بىلەن ئوخشاش بولۇپ قالىسەن... ئۇنىڭ نىمە پايدىسى بار؟

شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۈچەپ قولىنى سىلكىپ قويدى.

پيېر كۆزەينىكىنى ئېلىۋەتتى، نەتىجىدە ئۇنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ، مۇلايىم قىياپىتى تېخىمۇ روشەنلەشكەندەك بولدى ۋە ئۇ ئەجەپلەنگەن هالدا ئۆزىنىڭ دوستىغا قاراپ قالدى.

— مېنىڭ خوتۇنۇم، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى كىنەز ئاندرېي، — ئاق كۆڭۈل خوتۇن. ئۇ ئەر بولغۇچى ئۆزىنىڭ شان ـ شەرىپى ئۈچۈن خاتىرجەم بولىدىغان ئازسانلىق ئاياللارنىڭ بىرى؛ لېكىن، خۇدايا، هازىر مەن ئۆيلەنمىگەن بولسام! مەن بۇنى پەقەت ساڭا ۋە بىردىن ـ بىر ساڭا دەۋاتىمەن، چۈنكى مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن.

كىنەز ئاندرېي بۇ سۆزلەرنى قىلىۋاتقان چاغدا، ئاننا پاۋلوۋنانىڭ كىرېسلوسىدا كېرىلىپ ئۆزىنى تاشلاپ يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، كۆزلىرىنى قىسىپ، چىشلىرىنىڭ يوچۇقلىرىدىن فرانسۇزچە ئىبارىلەرنى سۆزلەۋاتقان بولكونسكىغا تېخىمۇ ئوخشىمايتتى. ئۇنىڭ سوغاق چىرايى هەر بىر مۇسكۇلىنىڭ نېرۋىلارغا خاس ئويغىنىشىدىن تىترەيتتى؛ ئۇنىڭ بۇرۇنقى خۇددى هاياتلىق ئوتلىرىنىڭ يالقۇنلىرى

ئۆچۈپ قالغاندەك كۆزلىرىدىن ئەمدىلىكتە پارلاق نۇر چاقنايتتى ئۇ ئادەتتىكى چاغلاردا قانچىلىك جانسىز كۆرۈنگەن بولسا، هازىرقى ئاچچىقلىنىپ جەھلى چىقىۋاتقان مىنۇتلاردا مەنىۋى جەھەتتىن شۇنچە كۈچلۈك بولۇپ كۆرۈنەتتى.

— مېنىڭ نىمە ئۈچۈن بۇنى دەۋاتقانلىغىمنى سەن چۈشەنمەيـ سەن، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى ئۇ. — بۇ پۈتۈن بىر ئۆمۈر تارىخى. سەن بوناپارت ۋە ئۇنىڭ شۆھرىتىنى دەيسەن، — دىدى كىنەز ئاندرېي، گەرچە پېيېر بوناپارت توغرىسىدا سۆزلىمىگەن بولسىمۇ. — سەن بوناپارتنى دەيسەن؛ ئەمما بوناپارت ئىشلىگەندە قەدەممۇ-قەدەم ئۆزىنىڭ مەقسىدىگە ئىنتىلەتتى، ئۇ ئەركىن ئىدى، ئۆزىنىڭ مەقسىدىدىن تاشقىرى ھېچنىمىنى ئويلىمايتتى، شۇ سەۋەپتىن ئۇ ئۆزىنىڭ مەقسىدىگە يەتتى. ئەمما، ئەگەر سەن ئۆزەڭنى خوتۇن كىشىگە باغلاپ قويساڭ، خۇددى كىشەنلەنگەن جىنايەتچىدەك، ھەر قانداق ئەركىنلىگىڭنى يوقىتىسەن. نەتىجىدە سېنىڭ ھەممە ئۈمىت-ئارزۇلىرىڭ ۋە كۈچ-قۇۋۋىتىڭ پەقەت سېنى قىينايدۇ. سېنى پۇشايـ مان قىلدۇرۇپ ئېزىپ تاشلايدۇ. مېھمانخانىلار، غەيۋەت-شىكايەتلەر، تانسا يىغىلىشلىرى، شۆھرەتپەرەسلىك ۋە ئەرزىمەيدىغان چاكىنا ئىشلار — مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى مەن قېچىپ قۇتۇلالمايۋاتقان، ئادەمنى ئازدۇرغۇچى بىر چەمبەر. مەن ئەمدى ئۇرۇشقا، مىسلىسىز ئۇلۇغ ئۇرۇشقا بارىمەن، ئەمما ئۆزەم بولسام، ھېچنىمىنى بىلمەيمەن، ھېچنىمىگە يارىمايمەن. V’e suis très aimable et très caustique (مەن ئەڭ ياخشى غەيۋەتچى، سەپسەتىۋاز)، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى كىنەز ئاندرېي، — ئانىنا پاۋلوۋنانىڭ مېھمانلىرىمۇ مېنىڭ پاراڭلىرىمنى قىزىقىپ تىڭشايدۇ. ئەمما مېنىڭ خوتۇنۇمنىڭ جان-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

دىلى بولغان بۇ بىمەنە سۆھبەت ۋە بۇ خوتۇن-قىزلار......ئەگەر سەن toutes les femmes distinguées (بۇ بىمەنە خوتۇنلارنى) — ئومۇمەن خوتۇنلارنىڭ نىمىلىگىنى بىلگەن بولساڭ ئىدى، كاشكى! مېنىڭ دادام توغرا ئېيتقان. شەخسىيەتچىلىك، مەنمەنلىك، نادانلىق، ھەممە جەھەتلەردە ھېچنىمىگە ئەرزىمەسلىك — ئاياللار ئۆزىنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى كۆرسەتكەندە ئەنە شۇنداق. سەن سۆھبەت ئارىسىدا ئۇلارغا يولۇققىنىڭدا گويا ئۇلارنىڭ قەلبىدە قانداقتۇ بىر نەرسە باردەك كۆرۈنىدۇ، ئەمما ھېچنىمىمۇ يوق، ھېچنىمىمۇ يوق، ھېچنىمىمۇ يوق! ياق ئۆيلەنمە، سۆيۈملۈك دوستۇم، ئۆيلەنمە، — كىنەز ئاندرىي سۆزىنى تۈگەتتى.

— ئەگەر سىز بىردىنلا ئۆزىڭىزنى ناقابىل، ھاياتىڭىزنى بولسا بەربات بولغان ھايات دېسىڭىز، كىشىنىڭ كۈلگىسى كېلىدۇ، — دېدى پيېر. سىزنىڭ ئىستىقبالىڭىز چەكسىز، ھەممە ئىش تېخى ئالدىڭىزدا. ئەمما سىز بولسىڭىز....

ئۇ ئۆزىنىڭ سۆزىنى ئېيتىپ تۈگەتمىدى، بىراق ئۇنىڭ "سىز" دىگەن ئاھاڭىدىن ئۇنىڭ ئۆز دوستىنى قانچىلىك قەدىرلەيدىغانلىقى ۋە ئۆزىنىڭ كېلەچىكىگە قارىتا ئۇنىڭدىن قانچىلىك كۆپ نەرسىلەرنى ئۈمىت قىلىدىغانلىقى روشەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— ئۇ قانداقسىگە مۇشۇنداق دىيەلىسۇن؟ — دەپ ئويلىدى پيېر. ئۇ ئۆزىنىڭ دوستى كىنەز ئاندرېينى مۇكەممەل ئادەمنىڭ ئۈلگىسى دەپ ھىساپلايتتى، چۈنكى كىنەز ئاندرېيدا يۈكسەك دەرىجىدە بولغان ھەممە خىسلەتلەر دەل پيېردە يوق ئىدى ۋە بۇ خىسلەتلەرنى ئىرادە كۈچى دىگەن ئۇقۇم بىلەن ئىپادىلەش ناھايىتى مۇۋاپىق ئىدى. پيېر كىنەز ئاندرېينىڭ ھەرقانداق كىشىگە ۋەزمىنلىك بىلەن

مۇئامىلە قىلىش قابىلىيىتىگە، ئۇنىڭ پەۋقۇلئاددە خاتىر كۈچىگە، ئۇنىڭ كەڭ ۋە چوڭقۇر بىلىمىگە (ئۇ ھەممە نەرسىنى ئوقۇغان، ھەممە نەرسىنى بىلگەن ۋە ھەممە نەرسە توغرىسىدا چۈشەنچىگە ئىگە بولغان) ھەممىشە قايىل ئىدى ۋە ھەممىدىن كۆپرەك ئۇنىڭ ئىشلەش ۋە ئۆگىنىش قابىلىيىتىگە قايىل ئىدى. ئەگەر پيېرنى ھەممىشە ئاندرېدا فىلوسوفىيىلىك تەپەككۇر قىلىش كۈچىنىڭ يوقلۇغى ھەيران قالدۇرغان بولسا (پيېرنىڭ ئۆزى بۇنىڭغا ناھايىتى خۇمار ئىدى)، ئۇ بۇنىمۇ يېتەرسىزلىك دەپ ھىساپلىمايتتى، بەلكى ئۇنى كۈچىنىڭ سىمۋولى دەپ قارايتتى.

ئەڭ ئوبدان، ئەڭ دوستانە ۋە ئەڭ ساپ مۇناسىۋەتلەردە ماختاش ياكى خۇشامەت قىلىشمۇ، خۇددى چاقنىڭ يېنىك ئايلىنىشى ئۈچۈن ئۇنى دائىم مايلاپ تۇرۇش لازىم بولغىنىدەك زۆرۈر.

— je suis un homme fini (مەن تۈگىگەن ئادەم)، — دېدى كىنەز ئاندرېي، — مېنىڭ ھەققىمدە سۆزلەشنىڭ نىمە ئەھمىيىتى بار؟ قېنى يەنە ئۆزەڭ توغرىسىدا پاراڭلىشايلىچۇ، — دېدى ئۇ بىر پەس جىم بولغاندىن كېيىن ۋە يەنە ئۆزىنىڭ تىنچلاندۇرغۇچى پىكىرلىرىگە كۈلۈپ قويدى.

بۇ كۈلۈمسىرەش، شۇ پەيتنىڭ ئۆزىدە پيېرنىڭ چىرايىدا ئەكس ئەتتى.

— بىراق، مېنىڭ توغرامدا دەيدىغان نىمە گەپ بار؟ — دېدى پيېر، غەمسىز، ئوچۇق چىراي كۈلۈمسىرەپ. — مەن نىمە؟ Je suis un batard (قانۇنسىز بالا!)، — ئۇ بىردىنلا قىپ-قىزىل بولۇپ قىزىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ سۆزنى ئېيتىشى ئۈچۈن خېلى كۈچەنگەنلىكى روشەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. — sans nom,

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

sans fortune... (ئۇنىۋانىم يوق، مال-مۈلكۈممۇ يوق...) ۋە ئەمىلىيەتتە... — لېكىن ئۇ "ئەمىلىيەتتە" دىن كېيىن نىمە دىمەكچى بولغانلىغىنى ئېيتمىدى. — ھازىرچە مەن ئەركىن، ئىشىم جايىدا. مەن پەقەت مۇندىن كېيىن نىمە قىلىدىغانلىغىمنى قىلچىلىكمۇ بىلمەيمەن. مەن سىز بىلەن جىددى مەسلىھەتلەشمەكچىمەن.

كىنەز ئاندرېي ئۇنىڭغا ناھايىتى يېقىنلىق بىلەن قاراپ قويدى. لېكىن ئۇنىڭ دوستانە ۋە يېقىن قاراشلىرىدا بولسا يەنىلا ئۆزىنىڭ بىر خىل ئەلالىق ھىسسىياتلىرى ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

— مەن سىنى قەدىرلەيمەن، خۇسۇسەن شۇنىڭ ئۈچۈنكى، سەن بىزنىڭ مۇشۇ ئارىمىزدىكىلەرنىڭ ئارىسىدا بىردىن-بىر جېنى بار ئادەمسەن. دەرۋەقە، سەن ئۈچۈن ئوكۇشلۇق! خالىغىنىڭنى تاللا؛ ھەممىسى ئوخشاش. ساڭا ھەممە يەردە ئوكۇشلۇق بولىدۇ؛ ئەمما بىر ئىشقا دىققەت قىل: كۇراگىنلارنىڭ ئۆيىگە ئەمدى بارما، مۇنداق ھاياتنى ئەمدى يەنە ئۆتكۈزمە. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەيش-ئىشرەت، كەيپ-ساپا ۋە باشقا خىلمۇ-خىل قىلىقلار ساڭا ھىچقانداق ياراشمايدۇ.

Que voulez-vous, mon cher — (قانداق قىلاي، سۆيۈملۈك دوستۇم)، — دىدى پيېر دولىسىنى قىسىپ قويۇپ، — les femmes, mon cher, les femmes (خوتۇن-قىزلار، دوستۇم، خوتۇن-قىزلار!)

— چۈشەنمەيمەن، — دەپ جاۋاپ بەردى ئاندرېي، — femmes comme il fautles les (ئىنساپلىق ئاياللار بولسىغۇ، بۇ باشقا ئىش)؛ femmes kuragin, les femmes et levin (لېكىن كۇراگىن تاپقان خوتۇنلار، يەنە شۇ خوتۇنلار بىلەن مەيخورلۇق)

چۈشەنمەيمەن.

پيېر كىنەز ۋاسىلى كۇراگىننىڭ ئۆيىدە تۇراتتى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئاناتولغا ئوخشاش ئەيش-ئىشرەت، مەيخورلۇق بىلەن هايات كەچۈرەتتى، ئانا تولنى بولسا، تۇزىتىش ئۈچۈن، ئۇلار كىنەز ئاندرېنىڭ سىڭلىسىنى ئېلىپ بېرىشكە تەرەددۇت قىلىشقان ئىدى.

— سىز بىلەمسىز؟ — دىدى پيېر خۇددى ئاجايىپ بىر ئويدان ئوي-پىكىر بىردىنلا ئۇنىڭ خىيالىغا كەلگەندەك، — راستىنى ئېيتسام، مەن ئاللىقاچانلا بۇ مەسىلىنى ئويلىغان ئىدىم، مۇنداق هايات كەچۈرۈش بىلەن هېچقانداق قارار قىلمۇ كېلەلمەيمەن، هېچقانداق ئىشنىمۇ مۇهاكىمە قىلالمايمەن. باشنى ئاغرىتىدۇ، پۇل يوق. ئۇ بۈگۈن كەچقۇرۇنلۇققا تەكلىپ قىلدى، ئەمما مەن بارمايمەن.

— راست گەپ قىل، راست بارماسەنا؟

— ئەزىبىرايى خۇدا!

* * *

پيېر دوستىنىڭ ئۆيىدىن قايتىپ چىققاندا كەچ سائەت ئىككى بولغان ئىدى. ئۇ چاغ پېتربۇرگىنىڭ بۇلۇتسىز ئالتىنچى ئاي كېچىسى ئىدى. پيېر ئۆيىگە قايتماقچى بولۇپ بىر كىرا پوچتىسىغا ئولتۇرغان ئىدى. لېكىن ئۇ ئۆيىگە يېقىنلاشقانسېرى تۇنىگە ياكى سەهەرگە تېخىمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ كېچىدە ئۇيقۇسى كەلمەيۋاتقانلىقىنى تېخىمۇ هېس قىلىشقا باشلىغان ئىدى. ئادەمسىز بۇ كوچىدىن خېلى يىراقنى كۆرگىلى بولاتتى. پيېر يولدا كېتىۋېتىپ، ئادەتتە قارتا ئويۇنىغا توپلىشىدىغان بۇ كىشىلەرنىڭ بۈگۈن كەچقۇرۇن ئاناتول كۇراگىنلارنىڭ ئۆيىدە قارتا ئويۇنىنى ئويناۋات-

قانلىغىنى، ئۇيۇندىن كېيىن ئادەتتىكىدەك ئىچمىلىكلەرنى ئىچىش باشلىنىپ، ئاخىردا پىيىر ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان بىر خىل كۆكۈل ئېچىشلار بىلەن ئاياقلىشىدىغانلىقىنى ئەسلىدى.

— كۇراگىنلارنىڭ ئۆيىگە بارسام بوپتىكەن، — دەپ ئويلىدى ئۇ. لېكىن، يەنە دەرھال كۇراگىنلارنىڭكىگە بارمايمەن دەپ كىنەز ئاندرېيغا بەرگەن ۋەدىسىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، خۇددى ئىرادىسىز ئادەملەردە بولىدىغاندەك، ئۆزى ئۇچۇن شۇنچە ئادەت بولۇپ قالغان بۇ بۇزۇق تۇرمۇشنى باشتىن كەچۈرۈش ئۇچۇن بىرىنچى شۇنچىلىك قىزىقتىكى، ئاخىر بېرىشقا قارار قىلدى. ئۇنىڭ خىيالىغا يەنە بىردىنلا: ئاندرېيغا بەرگەن ۋەدەمنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق، چۈنكى كىنەز ئاندرېيغا ۋەدە بېرىشتىن ئىلگىرى ئاناتولغا ئۇلارنىڭكىگە بارىمەن دەپ ۋەدە قىلغان ئىدىمغۇ، دېگەن ئوي كەلدى؛ ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ يەنە: بارلىق بۇ "ئەزىبىرايى خۇدا" دېگەندەك گەپلەرنىڭ ھەممىسى ھېچقانداق ئېنىق ئەھمىيەتكە ئىگە بولمىغان كونىچە شەرتلىك ئىبارىلەركى، ئەگەر بىز، ئېھتىمال، ياكى ئەتە ئۆلۈپ كېتەرمىز، ياكى قانداقتۇ كۈتۈلمىگەن بىرەر ھادىسىگە يولۇقۇپ قالارمىز دېگەن نۇقتىدىن مۇلاھىزە قىلىپ كۆرىدىغان بولساق، ئۇ ھالدا مۇنداق نە ۋىجدانلىق نە ئارسىز-لىقنىڭ قىلچە ئەھمىيىتىمۇ بولمايدۇ، دەپ ئويلىدى. شۇنداق قىلىپ، بارغانسېرى ئۆزىنىڭ ھەممە قارارلىرى ۋە ئىنتىلىشلىرىنى يوققا چىقىرىدىغان مۇشۇنداق مۇلاھىزىلەر پىيىرنىڭ پىكىر-خىيالىغا كىرىشكە باشلىدى. ئۇ كۇراگىنلارنىڭ ئۆيىگە كەلدى.

ئاناتولنىڭ ئاتلىق گۋاردىيە كازارمىسى ئەتراپىدىكى چوڭ ئۆيىنىڭ دەرۋازىسىغا يېقىنلاشقاندا، ئۇ يورۇتۇلغان چوڭ دەرۋازا

ئالدىغا كېلىپ، پەلەمپەيگە قاراپ ماڭـدى ـ دە، ئۇچـۇق ئىشىكـتىن كىرىپ كەتتى. ئايۋاندا ھېچكىم يوق ئىـدى؛ قۇرۇق بوتۇلـكىـلار، يەڭسىز يېپىنچىلار ۋە كالاچلار چېچىلىپ ياتاتـتى؛ ھـاراق پۇرىغـى چىقىپ تۇراتـتى، يىراقتىن پاراڭـلار ھەم ۋاراڭ ـ چـۇرۇڭ ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتـتى.

قارتا ئويۇنـلىرى① ۋە كەچـكى تاماق ۋاقـتى ئۆتـۈپ كەتـكەن ئىدى، لېكىن مېھمانلار تېخى تارقالمىغان ئىدى. پىيېر ئۇچـىـسىدىكى يېپىنچىنى يېشىپ قويدى ـ دە، بىرىنچى ئۆيـگە كـىردى، ئۇ يەردە كەچكى غىزادىن ئېشـىپ قالـغان نەرسـىلەر تۇراتـتى ۋە بىر چاكار ئۆزىنى ھېچكىم كۆرمەس دەپ ئويلاپ، ئىستاكاندا ئېشىـپ قالـغان ۋىنولارنى ئوغـرىلىقـچە ئىچىۋالـماقتا ئىـدى. ئۈچىنـچى ئۆيـدىن تونۇش كىـشـىلەرنىڭ قىيا ـ چـىيا، كۈلـكە ھەم ۋاقىراشـلـىرى ۋە ئېيىقچاقنىڭ ھۆكىرىگەن ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتـتى. ياشـلاردىـن يەتتە ـ سەككىزچە كـىشى تەشۋىشـلەنـگەن ھالـدا ئوچـۇق دەرىـزە ئەتراپىدا توپلىشىۋالغان ئىدى. باشقا ئۈچ كـىشى بىر ئېيىقـچاقـنى ئويناۋاتاتتى، بىرسى ئېيىقچاقنىڭ بوينىـدىـكى زەنـجىر بىلەن ئۇنى يېتەكلەپ باشقا كىشلەرنى قورقۇتماقتا ئىدى.

— مەن ستىۋېنىس ئۈچۈن يۈز سوم تىكىمەن! — دەپ ۋاقىرىدى بىرى.

— قاراڭ، قوللاش بولمىسۇن! — دەپ ۋاقىرىدى يەنە بىرى.

— مەن دولوخوۋ ئۈچۈن تـىكـىمەن! — دەپ ئۈچـىنـچى بىرى

---

① قارتا ئويۇنلىرى — قىمار ئويۇننى كۆرسىتىدۇ. — تەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ۋاقىرىدى، ــ سەن قولىمىزنى ئايرىۋەت①، كۆراگىسەن.

ــ ھەي، ئىپىيىقچاقنى قويىۋەت، بۇ يەر قارتا ئوينايدىغان يەر!

ــ ھە، بىردىنىلا، بولمىسا ئۇتتۇرىسەن! ــ دەپ ۋاقىرىدى تۆتىنچىسى.

ــ ياكوۋ! قېنى، بوتۇلكىدىن بىرنى، ياكوۋ! ــ دەپ ۋاقىرىدى خوجايىننىڭ ئۆزى. خوجايىن كىيلىشكەن ئېگىز بويلۇق ئادەم بولۇپ، ياقىسى كۆكىرىكىدىن ئېچىلغان سىپتا رەختتىن كۆينەك كىيگەن ھالدا كىشلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇراتتى. ــ توختاپ تۇرۇڭلار، جاناپلار! مانا، پېترۇشا② كەلدى، سۆيۈملۈك دوستۇم، ــ دەپ مۇراجىئەت قىلدى ئۇ پىيېرغا.

دەرىزىدىن: "بۇ ياققا كەل، گۇۋاچى بول!" دېگەن باشقا بىر ئاۋاز ئاڭلاندى، بۇ روشەن كۆك كۆزلۈك، ئوتتۇرا بويلۇق، ھەممە مەس ئادەملەرنىڭ ئاۋازى ئارىسىدا ئۆزىنىڭ جانلىق ـ تېتىك قىياپىتى بىلەن كىشىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە ئالاھىدە جەلپ قىلىدىغان كىشىنىڭ ئاۋازى ئىدى، بۇ ئادەم سېمېيونوۋ ئەپتىسەرى، مەشھۇر قارتىچى ۋە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان دولوخوۋ ئىدى، ئۇ ئاناتول بىلەن بىرگە تۇراتتى. پىيېر خوشال بولۇپ، ئەتراپىغا قاراپ كۈلۈپ قويدى.

ــ ھېچنىمىنى چۈشەنمىدىم. نىمە ئىش؟ ــ دەپ سورىدى ئۇ.

ــ توختاڭلار، ئۇ مەس ئەمەس! ئەپكەل بوتۇلكىنى، ــ دېدى

---

① رۇسلارنىڭ ئادىتى بويىچە، قارتا ئويۇنىدا ئاۋال قول تۇتۇشىدۇ، گۇۋا بولغان ئۈچىنچى كىشى كېيىن ئۇلارنىڭ قولىنى ئايرىۋېتىدۇ. ــ تەر.

② پېترۇشا ــ پىيېرنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى. ــ تەر.

ئاناتول ۋە ئۇستەلدىن ئىستاكاننى ئېلىپ پيېرنىڭ قېشىغا كەلدى.
— سەن ئاۋال ئازراق ئىچ!

پيېر دەرىزە تۈۋىگە باشقىدىن يىغىلغان مەس مېھمانلارغا يەر تېگىدىن قاراپ نەزەر سېلىپ تۇرۇپ بىر ئىستاكاننىڭ ئارقىسىدىن يەنە بىر ئىستاكاننى ئىچىۋەتتى ۋە ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىغا قۇلاق سالاتتى. ئاناتول پيېرنىڭ ئىستاكانىغا ھاراقنى تولدۇرۇپ قويۇۋېتىپ ئۇنىڭغا دولوخوۋنىڭ ئىنگلىز دېڭىزچى ئەپىتسەرى ستىۋېنس بىلەن باغلىشىپ بىر بوتۇلكا روما[1]نى ئۈچىنچى قەۋەتنىڭ دەرىزىسىدە پۇتىنى سىرتىغا ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغان پېتى ئىچىۋېتىشكە كېلىشكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

— ھە، ھەممىسىنى ئىچىۋەت! — دېدى ئاناتول، ئاخىرقى ئىستاكاننى پيېرغا بېرىۋېتىپ، — بولمىسا سېنى قويۇپ بەرمەيمەن!

— ياق، ئىچمەيمەن، — دېدى پيېر ئاناتولنى ئىتتىرىپ ۋە دەرىزە يېنىغا كەلدى.

دولوخوۋ ئىنگلىزنىڭ قولىنى چىڭ تۇتتى ۋە باغلىشىشنىڭ شەرتلىرىنى، ئاناتول بىلەن پيېرغا بىر-بىرلەپ يەنە بىر قېتىم ئالاھىدە ئېيتىپ ئۆتتى.

دولوخوۋ ئوتتۇرا بويلۇق، بۇدرە چاچلىق ۋە سۇس ھاۋارەڭ كۆزلۈك، تەخمىنەن يىگىرمە بەش ياشلارغا كىرگەن ئادەم ئىدى. ئۇ خۇددى ئادەتتىكى پىيادە ئەسكەرلەر ئەپىتسەرلىرىگە ئوخشاش بۇرۇت قويمايتتى، شۇ سەۋەپتىن ئۇنىڭ يۈزىنىڭ كىشى دىققىتىنى قوزغايدىغان قىسمى بولغان ئاغزى ئەڭ ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

---

[1] روما — ئاتلىق ۋىنونىڭ بىرخىلى. — تەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ لەۋلىرى ناھايىتى چىرايلىق ئىدى. يۇقۇرقى لىۋىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسى ئۇچلۇق شىنىدەك بولۇپ، تۆۋەنكى لىۋىگە يېقىن تېگىپ تۇراتتى ۋە ئاغزىنىڭ ئىككى جاۋغىيىدا دائىم قانداقتۇ كۈلۈمسىرەش ئالامەتلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى؛ بۇلارنىڭ ھەممىسى، خۇسۇسەن ئۇنىڭ قەتئىي، مەغرۇرانە، چېچەن قاراشلىرى قوشۇلۇپ، كىشىدە ئۇنىڭ چىرايىغا دىققەت قىلمىسا بولمايدىغان بىر خىل تەسىراتنى پەيدا قىلاتتى. دولوخوۋ ئانچە باي ئەمەس، ياردەم سورايدىغان ھېچقانداق يۆلەنچۈكىمۇ يوق ئىدى. بىراق، ئاناتول ئۇنىڭ ئون مىڭ سوملاپ پۇللارنى يوقىتىۋەتكىنىگە قارىماي، دولوخوۋ يەنە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە تۇرۇپ، ئۆزىنى شۇنداق ئورۇنغا قويىغان ئىدىكى، بۇلارنى بىلگەن باشقا كىشىلەر ئاناتولغا قارىغاندا دولوخوۋنى كۆپرەك ھۆرمەتلەيتتى. دولوخوۋ ھەرخىل ئويۇننى بىلەتتى ۋە ھەمىشە دىگۈدەك ئۇتۇپ چىقاتتى. ئۇ ھەرقانچە كۆپ ئىچكىنىگە قارىماي، مىڭىسىنىڭ سەگەكلىكىنى ھېچقاچان يوقاتمايتتى. دولوخوۋ بىلەن كۇراگىن ھەر ئىككىسى ئەينى زاماندا پېتربۇرگدا ئەيش-ئىشرەت ۋە كەيپ-ساپا بىلەن داڭ چىقارغانلار ئىدى.

بىر بوتۇلكا روما كەلتۈرۈلدى؛ ئىككى چاكار ئەتراپتا توپلىنىپ تۇرغان غوجىلارنىڭ "ئۇنداق قىل، بۇنداق قىل" دەپ ۋاقىراشلىرىدىن قورقۇپ ۋە گاڭگىراپ يۈگۈرۈپ يۈرگەن بولسا كېرەك، دەرىزىنىڭ كوچا تەرەپتىكى ئولتۇرۇشقا دەخلى قىلىۋاتقان كېشىگىنى بۇزماقتا ئىدى.

ئاناتول كۆرەك قىياپەتتە دەرىزە يېنىغا كەلدى. ئۇ بىرەر نەرسىنى سۇندۇرماقچى بولاتتى. ئۇ چاكارلارنى ئىتتىرىۋەتتى-دە، ئۆزى كېشەكنى تارتىپ باقتى، لېكىن مىدىرلىتالمىدى. ئۇ ئەينەكلىرىنى

سۈندۈرۈپ تاشلىدى.

— قېنى، سەن تارتىپ باققىنا، باتۇر، — دېدى ئۇ پېيىرغا قاراپ.

پېيىر توغرا لىمنى تۇتۇپ بىرلا تارتىۋىدى، قاراس-قۇرۇس قىلىپ دۇپ ياغىچىدىن ياسالغان كېشەكنى چۇشۇرۇۋەتتى.

— كېشەكنى يوقات، ئادەملەر كېشەكنى تۇتۇپ تۇرۇپتۇ دەپ ئويلاپ قالمىسۇن يەنە، — دېدى دولوخوۋ.

— ئىنگىلىز ماختىنىۋاتىدۇ...ھە؟...ياخشىمۇ؟... — دېدى ئاناتول.

— ياخشى، — دېدى پېيىر دولوخوۋغا قاراپ، ئۇ قولىغا بىر بوتۇلكا رومانى ئېلىپ دەرىزە يېنىغا كەلدى، ئۇنىڭدىن ئاسماندىكى يورۇقلۇق ۋە ئۇنىڭدا بىرگە قوشۇلۇپ كەتكەن سەھەر ھەم كەچكى شەپەق نۇرلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

دولوخوۋ قولىدا بىر بوتۇلكا رومانى تۇتقان ھالدا دەرىزىگە سەكرەپ چىقتى.

— قۇلاق سېلىڭلار! — دەپ ۋاقىردى ئۇ دەرىزىدە تۇرغان پېتى ۋە ئۆيدىكىلەرگە قاراپ. ھەممەيلەن جىم بولۇشتى.

— مەن باغلىشىمەن (ئۇ سۆزنى ئىنگىلىز چۈشەنسۇن ئۈچۈن، فرانسۇزچە سۆزلىدى، بىراق فرانسۇز تىلىدا ئانچە ياخشى سۆزلىيەلـ مەيتتى). — مەن باغلىشىپ ئەللىك ئىمپېرىيال① تىكىمەن،... خالىسىڭىز يۈز ئىمپېرىيال تىكەي؟ — دەپ قوشۇپ قويدى ئىنگىلىزگە

① ئىمپېرىيال — كونا روسىيەدە ئون سوملۇق، كېيىنرەك ئونبەش سوملۇق تىللا. — تەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قاراپ.

— ياق، ئەللىك بولسۇن، — دېدى ئىنگىلىز.

— بولىدۇ، ئەللىك ئىمپېرىيال....دېمەك، بىر بوتۇلكا رومانى تىنماستىن، دەرىزە سىرتىدىكى مۇشۇ جايدا ئولتۇرۇپ (ئۇ ئېگىلىشىپ دەرىزە تېشىدىكى يانتۇلۇقنى كۆرسەتتى) ۋە ھېچنىمنى تۇتماستىنلا ئىچىپ كېتىمەن،...شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، — دېدى ئىنگىلىز.

ئاناتول ئىنگىلىزگە بۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ فراكىنىڭ تۈگمىسىنى تۇتقان پېتى ئۇنىڭغا يۇقۇرىدىن قاراپ (بۇ ئىنگىلىز پاكار بويلۇق ئىدى)، باغلىشىشنىڭ شەرتلىرىنى ئىنگىلىزچە يەنە تەكرارلاشقا باشلىدى.

— توختاپ تۇر! — دەپ ۋاقىرىدى دولوخوۋ، بوتۇلكىنى دەرىزىگە چېكىپ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىماقچى بولۇپ، — توختاپ تۇر، كوراگىن! ياخشى قۇلاق سال! ئەگەر كىمكى مۇشۇنداق قىلىدىغانلا بولسا، مەن ئۇنىڭغا چوقۇم يۈز ئىمپېرىيال بېرىمەن. ئۇقتۇڭمۇ؟

ئىنگىلىز بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى، ئەمما ئۆزىنىڭ بۇ يېڭى باغلىشىش شەرتلىرىنى قوبۇل قىلغان ياكى قىلمىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان ھېچقانداق ئىپادىنى بىلدۈرمىدى. ئاناتول بولسا ئۇنىڭ بېشىنى لىڭشىتىپ ھەممىسىنى چۈشەنگەنلىكىنى ئىپادىلىشىگە قارىماي، ئىنگىلىزنى قويۇپ بەرمىدى، ئاناتول سۆزىنى يەنىلا ئۇنىڭغا ئىنگىلىزچە تەرجىمە قىلىپ بەردى. شۇ كېچىسى پۇلىنى ئۇتتۇرۇۋەتكەن يادا گىغۇ ياش بىر يېنىك ئاتلىقلار ئەپىتسەرى دەرىزىگە يامىشىپ چىقىپ بېشىنى سوزۇپ تۆۋەنگە قارىدى.

— ئوھو!...ئوھو!...ئوھو!... — ئۇ دەرىزىدىن پەسكە، يولدىكى تاشقا قاراپ پەس ئاۋاز بىلەن ۋاقىرىدى.

— جىم! — دەپ ۋاقىرىدى دولوخوۋ ۋە ئايىغىدىكى تەپكىسى بىلەن پۇتلىشىپ كېتىپ ئۆيگە سەكرەپ چۈشۈپ كەتكەن ئەپتىسەرنى دەرىزىدىن تارتىپ.

دولوخوۋ بوتۇلكىنى دەرىزىدە ئىلىشقا ئەپلىك جايغا قويۇپ قويدى-دە، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاۋايلاپ ۋە ئاستاغىنا دەرىزىدىن يامىشىپ ئۆتتى. ئۇ ئىككى پۇتىنى سوزۇپ چىقاردى ۋە ئىككى قولى بىلەن دەرىزىنىڭ ئىككى تەرىپىگە تايىنىپ تۇرۇپ، ئوبدان ئولتۇ-رۇۋالغاندىن كېيىن، ئىككى قولىنى قويۇپ بىرىپ ئوڭغا ۋە سولغا سىلجىدى-دە، بوتۇلكىنى قولىغا ئالدى. ئۆينىڭ تامامەن يورۇق بولۇشىغا قارىماي، ئاناتول ئىككى تال شامنى ئېلىپ كېلىپ دەرىزىگە قويدى. ئاق كۆينەك كىيگەن دولوخوۋنىڭ بېلى ۋە ئۇنىڭ بۇدرە چاچلىق بېشى ئىككى تەرەپتىن يورۇتۇلۇپ تۇراتتى. ھەممەيلەن دەرىزە ئالدىغا يىغىلىشتى، ئىنگىلىز بولسا ئالدىدا تۇردى. پيېر ئۇ يەردە كۈلۈپ تۇردى ۋە ھېچنىمە دىمىدى. شۇ يەردىكى باشقىلار-دىن چوڭراق بىرسى قورققان ۋە ئاچچىقلانغان قىياپەتتە بىردىنلا قىسىلىپ ئالدىغا ئۆتتى-دە، دولوخوۋنىڭ كۆينىگىگە ئېسىلماقچى بولدى.

جاناپلار، بۇ ئەخمەقلىق! ئۇ ئۆزىنىڭ جېنىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ، — دىدى، ئىشنىڭ يولىنى سەل بىلىدىغان بۇ ئادەم.

ئاناتول ئۇنى توسۇۋالدى.

— چېقىلما! سەن ئۇنى چۆچۈتۈپ قويىسەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ جېنىنى سەپ بىرىدۇ. شۇنداق ئەمەسما؟...ئۇ چاغدا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قانداق قىلىش كېرەك؟...ھە؟

دولوخوۋ ئۆرۈلدى-دە، يەنە ئىككى قولىنى تىرەپ ئۆزىنى تۇزەشتۇرۇپ ئولتۇردى.

— ئەگەر ھەرقانداق ئادەم يەنە ماڭا چېقىلىدىغان بولسا، — دېدى ئۇ، ئۇنىڭ ھەر بىر ئېغىز سۆزى ئۇنىڭ چىڭ يېپىلغان نېپىز كالپۇكىدىن ئۇزۇلۇپ-ئۇزۇلۇپ چىقاتتى، — ئۇنى چوقۇم دەرھال ئىتتىرىۋېتىمەن. قانداق!...

"قانداق!"دەپ بولۇپ، ئۇ يەنە ئۆرۈلدى-دە، ئىككى قولىنى چۇشۇرۇپ بوتۇلكىنى ئالدى ۋە ئاغزىغا يېقىن كەلتۇرۇپ، بېشىنى ئارقىسىغا قىڭغايتىپ، يەنە بىر بوش قولىنى كۆتىرىپ بەدىنىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاپ قالدى. ئېگىلىشىپ تۇرۇپ يەردىن ئەينەك پارچىلىرىنى تېرىشكە باشلىغان چاكارلارنىڭ بىرى دەرىزىدىن ۋە دولوخوۋنىڭ دۈمبىسىدىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى. ئاناتول كۆزىنى چەكچەيتىپ ئۇ يەردە تىك تۇراتتى. ئىنگلىز بولسا كالپۇكلىرىنى ئۇشلاپ چىقىرىپ يان تەرەپتىن قاراپ تۇردى. ھېلىقى توسۇۋالغان ئادەم ئۆيىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا يۈگۈرۈپ باردى-دە، يۈزىنى تامغا قارىتىپ دىۋاندا يېتىۋالدى. پيېر يۈزىنى يېپىۋالدى ۋە گەرچە ئۇنىڭ چىرايىدىن قورقۇش ھەم تىترەش ئالامەتلىرى چىقىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما زەئىپكىنە كۈلۈمسىرەش قىياپىتى ئۇنىڭ چىرايىدا ئۇنتۇلۇپ قېپقالغان ئىدى. ھەممەيلەن جىم بولۇشتى. پيېر قولىنى كۆزىدىن نېرى تارتتى. دولوخوۋ يەنىلا ئىلگىرىكى ھالىتىدە ئولتۇرۇۋەردى، پەقەت بېشىنى سەل ئارقىسىغا قاڭقاتتى، نەتىجىدە ئۇنىڭ گەجگىسىدىكى بۇدرە چاچلىرى كۆينىكىنىڭ ياقىسىغا تېگىپ قالدى، بوتۇلكا تۇتقان قولىنى تىترىگەن ۋە كۆچەنگەن

ھالدا بارغانسېرى ئىگىز كۆتەردى. بوتۇلكا خېلى روشەن قۇرۇقدىلىپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە بارغانسېرى ئىگىز كۆتىرىلگەنلىكتىن، ئۇنىڭ بېشىمۇ بارغانسېرى ئارقىسىغا قاڭشىرىلىشقا باشلىدى. "ئىمىشقا شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت كېتىدۇ؟" — دەپ ئويلايتتى پېيېر. ئۇنىڭغا يېرىم سائەت ۋاقىت كەتكەندەك بىلىندى. دولوخوۋ بىردىنلا بېلىنى ئارقىسىغا سىلجىتتى ۋە ئۇنىڭ قولىمۇ جىددىيلىشىپ تىترەپ كەتتى؛ بۇنداق تىترەش ئۇنىڭ يانتۇ جايدا ئولتۇرغان پۈتۈن بەدىنىنى سىلجىتىش ئۈچۈن كۇپايە قىلاتتى. ئۇ پەسكە تايىنىپ چۈشۈۋاتقاندا، ئۇنىڭ بېشى ۋە بېلىكى كۈچەپ كەتكەنلىكتىن تېخىمۇ تىترەپ كەتتى. ئۇ دەرىزە سۇپىسىنى تۇتىماقچى بولۇپ بىر قولىنى كۆتەردى-يۇ، ئەمما تۇتالماي قالدى. پېيېر يەنە كۆزىنى يۇمۇۋالدى ۋە كۆزۈمنى بۇندىن كېيىن ھەرگىزمۇ ئاچماسمەن دەپ ئويلىدى. كېيىن ئۇ بىردىنلا ئەتراپىدا ھەممىنىڭ قوزغىلىۋاتقان-لىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ قارىسا: دولوخوۋ دەرىزە سۇپىسىدا ئۆرە تۇراتتى، ئۇنىڭ يۈزى ئاپئاق تاتىرىپ كەتكەن ۋە خۇشال ئىدى.

— بوشاتتىم!

ئۇ بوتۇلكىنى ئىنگلىزغا ئىرغىتىپ بەردى، ئىنگلىزمۇ بوتۇلكىنى ئەپچىللىك بىلەن تۇتۇۋالدى. دولوخوۋ دەرىزىدىن سەكرەپ چۈشتى. ئۇنىڭدىن رومنىڭ كۈچلۈك پۇرىقى چىقىپ تۇراتتى.

— ئاپىرىن!... يىگىت!... باغلىشىش مانا مۇنداق بولۇشى كېرەك!... ئۆلگۈرلەرەي! — دەپ ھەر تەرەپتىن ۋاقىراشماقتا ئىدى.

ئىنگلىز پۇل خالتىسىنى ئېلىپ پۇلنى ساناشقا باشلىدى. دولوخوۋ قاپىقىنى تۈرگەن پېتى شۇ يەردە تۇرۇپ ھېچنېمە دېمىدى. پېيېر دەرىزىگە سەكرەپ چىقتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— جاناپلار! كىم مەن بىلەن باغلىشىدۇ؟ مەنمۇ شۇنداق قىلىمەن! — دەپ بىردىنلا ۋاقىراشقا باشلىدى ئۇ. — باغلىشىشنىڭ ھاجىتى يوق، مانا شۇنداقلا. قېنى، بوتۇلكىنى ئەپكەلسۇن. مەن چوقۇم شۇنداق قىلىمەن...

— ئىچسۇن، ئىچسۇن! — دىدى دولوخوۋ كۈلۈپ تۇرۇپ.

— نىمە سەن، ساراڭ بولدۇڭمۇ؟...كىم ساڭا يول قوياركىن؟ سەن پەلەمپەيدە تۇرۇپ بېشىڭ قېيىۋاتسا، — ھەر تەرەپتىن كىشىلەر سۆزلەشكە باشلىدى.

— ئىچىمەن! قېنى ماڭا بىر بوتۇلكا رومانى بەرچۇ! — دىدى پيېر ۋاقىراپ، قەتئىي ۋە مەس ھالەتتە ئۈستەلگە مۇشتلاپ ۋە دەرىزىگە چىقتى.

ئۇنى كىشىلەر قولىدىن تۇتۇۋېلىشتى؛ لېكىن ئۇ شۇنچىلىك كۈچلۈك ئىدىكى، يېقىنلاشقانلارنى تېپىپ خېلى نېرىغا ئىتتىرىپ تاشلايتتى.

— ياق، سىلەر مۇنداق قىلىپ ئۇنى ھەرگىزمۇ كۆندۈرەلمەيسىلەر، — دىدى ئاناتول، — توختاڭلار، مەن ئۇنى ئالداپ كۆرەي...... — قۇلاق سال! مەن سېنىڭ بىلەن باغلىشىمەن، ئەمما ئەتە؛ ھازىر...نىڭكىگە بارىمىز.

— بارىمىز، — دەپ ۋاقىرىدى پيېر، — بارىمىز!...ئېيىقچاقنىمۇ بىللە ئېلىۋالىمىز.

شۇندىن كېيىن ئۇ ئېيىقچاقنى تۇتتى-دە، ئۇنى كۆتىرىپ قۇچاقلاپ، ئۆيدە ئۇنىڭ بىلەن تانسا ئويناشقا باشلىدى.

# 7

كىنەز ۋاسىلى ئاننا پاۋلوۋنانىڭ ئۆيىدە بىرىلگەن كەچىكى زىيا-پەتتە كىنەز ئايىم درۇبېتسكايانىڭ بىردىن-بىر ئوغلى بورىس توغرىسىدا تاپىلغان ئۆتۈنۈشنى ئورۇنلىدى. بۇ ئىش پادىشاغا مەلۇم قىلىندى ۋە بورىس ئىستىسنا قىلىنغان ھالدا، گۋاردىيىچى سېميونوۋ پولكىغا پراپورشىك قىلىپ ئەۋەتىلدى. لېكىن ئاننا مىخايلوۋنانىڭ ھەرقانچە ھەركەتلىنىپ كۆرۈشى ۋە ئۆتۈنۈشلىرىگە قارىماي بورىس ئادىيۇتانتلىققا ياكى كۇتۇزوۋ ئىشتاۋىدا بىرەر ئەمەلگە ئېرىشەلمىدى. ئاننا پاۋلوۋنانىڭ زىياپىتىدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئاننا مىخايلوۋنا موسكۋاغا قايتىپ كەلدى-دە، توپ-توغرا ئۆزىنىڭ باي ئۇرۇق-تۇققىنى روستوۋلارنىڭ ئۆيىگە كەتتى، ئۇ شەھەردىكى چېغىدا شۇلارنىڭ ئۆيىدە تۇراتتى، ئۇنىڭ تېخى يېڭىلا ھەربىلىككە ئۆتكەن ھەم دەرھال گۋاردىيە پراپورشىگى قىلىپ ئەۋەتىلگەن ئامراق ئوغلى بورىنكا① مۇشۇلارنىڭ ئۆيىدە تەربىيە-لىنىپ بىرقانچە يىل تۇرغان ئىدى. گۋاردىيە ئونىنچى ئاۋغۇستتا پېتربۇرگدىن چىقىپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئوغلى كىيىم-كېچەك ھازىر-لاش ئۈچۈن موسكۋادا قېپقالغان بولۇپ، گۋاردىيىنى رادزىۋىلوۋ②غا بارىدىغان يولدا ئارقىسىدىن قوغلاپ يېتىشى كېرەك ئىدى.

---

① بورىنكا — بورىسنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى. — تەر.

② رادزىۋىلوۋ — روسىيە چېگرىسىدىكى بىر شەھەر، روسىيىنىڭ ئاۋستىرىيىگە ياردەمگە بارىدىغان ئەسكەرلىرى مۇشۇ يەردىن ئۆتۈپ گالىتسىيىگە كىرىشى كېرەك ئىدى. — تەر.

شۇ كۈنى روستوۋلارنىڭ ئۆيىدە ئانا ۋە كىچىك قىز بولۇپ، ئىككى ناتالىيەنىڭ تۇغۇلغان كۈنى مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن ئىدى. ئەتىگەندىن باشلاپ كەچكىچە ئالتىدىن ئات قوشۇلغان بىرقانچە هارۋىلار توختىماستىن قاتناپ، مېهمانلارنى پوۋارسكايا كوچىسىدىكى گراف ئايىم روستوۋانىڭ پۈتۈن موسكۋادا داڭقى چىققان چوڭ ئۆيىگە توشۇيتتى. گراف ئايىم ۋە ئۇنىڭ چىرايلىق قىزى بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى ئۈزۈلمەي كىرىپ تۇرۇۋاتقان مېهمانلار بىلەن بىرگە مېهمانخانىدا ئولتۇراتتى.

گراف ئايىم يۈزى ياداڭغۇ، قىرىق بەش ياشلارغا كىرگەن شەرق تىپىدىكى ئايال بولۇپ، كۆپ بالا تۇغقانلىقى ئۈچۈن (ئۇ ئون ئىككى بالا تۇغقان) پۈرچۈلۈپ كەتكەنلىكى روشەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ زەئىپلىكىدىن كېلىپ چىققان هەرىكىتى ۋە سۆزىدىكى ئېغىر-بېسىقلىق ئۇنىڭغا كىشىلەردە هۆرمەت تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىدىغان بىر خىل يۈكسەك سالاپەتنى بەخش ئەتكەن ئىدى. كىنەز ئايىم ئاننا مىخايلوۋنا درۇبېتسكايامۇ شۇ ئۆينىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە مېهمانخانىدا ئولتۇرۇپ، مېهمانلارنى قارشى ئېلىش ۋە كۈتۈشكە ياردەملەشمەكتە ئىدى. ياشلار بولسا مېهمانلارنى كۈتۈۋېلىشكە ئىشتىراك ئېتىشىنىڭ هاجىتى يوق دەپ هېساپلىغانلىقتىن، ئىچكىرىكى بىر ئۆيگە يىغىلىشقان ئىدى. گراف مېهمانلارنى قارشى ئالغاندا ۋە ئۇزىتىپ قويغاندا ئۇلارنىڭ هەممىسىنى تاماققا كېلىشىنى تەكلىپ قىلدى.

— مەن سىزگە ناهايىتى، ناهايىتى رەهمەت ئېيتىمەن، Moncher ① (ئەزىزىم) ياكى Ma chère ② (ئەزىزىم)، — ئۇ كىشىلەرنىڭ

①② فرانسۇزچە: ئالدىنقىسى ئەرلەرگە، كېيىنكىسى ئاياللارغا قارىتىلىدۇ. — تەر.

ئۆزىگە قارىغاندا ئورنىنىڭ يۇقۇرى ياكى تۆۋەن بولۇشىغا قارىماي، ھەممىسىگە ئوخشاشلا، ئاۋازىدىمۇ ھېچقانداق ئۆزگىرىش قىلماستىن، Ma chére ياكى Mon cher دەپ سۆزلەيتتى، — ئۆزەم ۋە تۇغۇلغان كۈنىنىڭ مۇراسىمىنى ئۆتكۈزۈۋاتقان ئىككى تۇققىنىمىز نامىدىن سىزگە رەھمەت ئېيتىمەن. ئەمما تاماققا كېلىشنى ئېسىڭىزدىن چىقىرىپ قويماڭ، بولمىسا رەنجىپ قالىمەن، Mon cher. مەن پۈتۈن ئائىلە نامىدىن چىن كۆڭلۈمدىن سورايمەن، Ma chére. — گىراف بۇ سۆزلەرنى تولۇق، خوشال-خورام ۋە پاك-پاكىز قىرىلغان يۈزىدىكى ئوخشاش قىياپىتى بىلەن ۋە ھەر بىر كىشىنىڭ قولىنى ئوخشاشلا چىڭ قىسىپ ھەم قىسقىغىنا تەكرارلىنىدىغان تازىملىرى بىلەن ھەممىگە مۇستەسناسىز ۋە ئۆزگەرتمەستىن قىلاتتى. گىراف مېھمانلار-دىن بىرىنى ئۇزىتىپ بولغاندىن كېيىن دەرھال يەنە مېھمانخانىدىكى مېھمانلاردىن بىرىنىڭ يېنىغا كېلىپ، كرېسلونى ئۇنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن خۇددى ھوزۇر-ھالاۋەت بىلەن ياشاشنى ياخشى كۆرىدىغان ۋە بىلىدىغان كىشى قىياپىتىدە مەمنۇنىيەت بىلەن ئىككى ئايغىنى كېرىپ، ئىككى قولىنى تىزىغا قويۇپ، ئىنتايىن مەغرۇر قىياپەت بىلەن ھاۋارايى توغرىسىدىكى تېپىشماقىنى تەكلىپ قىلاتتى، سالامەتلىككە دائىر مەسىلىلەر توغرىسىدا پاراڭلىشاتتى، بەزىدە رۇسچە، بەزىدە ناھايىتى ناچار ئەمما ئۆزىگە ئىشەنچ قىلغان ھالدا فرانسۇزچە سۆزلەيتتى؛ ئۇنىڭدىن كېيىن خۇددى ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلىشتا چارچاپ كەتكەن، ئەمما يەنە ئۇنىڭدىن قاچماي چىداش-لىق بېرىۋاتقان كىشىدەك، يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ بەزى مېھمانلارنى ئۇزىتىشقا كىرىشىپ، بېشىدىكى شالاڭ ئاق چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، يەنە ئۇلارنى كەچكى تاماققا كېلىشنى تەكلىپ قىلاتتى. ئۇ ئالدىنقى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئايۋاندىن قايتىپ چىقىۋېتىپ، گۈلخانا ۋە قاچا-قۇچا ساقلىنىدىغان ئۆيدىن ئۆتتۈپ، سەكسەن كىشىلىك داستىخان تەييارلانغان چوڭ مەرمەر زالغا كىردى-دە، كۈمۈش ۋە پارپۇر قاچا-قۇچىلارنى كۆتىرىشىپ شىرەگە يېيىۋاتقان ۋە گۈللۈك تاۋار داستىخانلارنى سىلىۋاتقان خىزمەتكارلارنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان ئاقسۆڭەك دىمىترى ۋاسىلېۋىچنى قېشىغا چاقىرىپ مۇنداق دېدى:

— ھەي! ھەي، مىتېنكا①، دىققەت قىل، ھەممە ئىش جايىدا بولدىمۇ؟ بولىدۇ، يارايسەن، — دېدى ئۇ ئەڭ چوڭ شىرەگە مەمنۇنىيەت بىلەن قاراپ چىقىپ. — مۇھىمى — غىمزالارنى جاي-جايىغا كەلتۈرۈش، دۇرۇس، يارايدۇ... — ئۇ ئۆزىگە مەمنۇن بولغان ھالدا بىر تىنىپ قويدى-دە، يەنە مېھمانخانىغا كىرىپ كەتتى.

— مارىيە لۋوۋنا كاراگىنا ئۆزىنىڭ قىزى بىلەن كەلدى! — گراف ئايىمنىڭ گىگانت ئادەمدەك چاكىرى مېھمانخانىغا كىرىپ كېلىۋېتىپ چوڭ بوم ئاۋازى بىلەن خەۋەر قىلدى. گراف ئايىم سەل ئويلاندى-دە، ئاندىن ئېرىنىڭ سۈرىتى سىزىلغان ئالتۇن تاماكا قۇتىسىدىن بۇرۇن تاماكىسىنى بىر قېتىم پۇرىۋالدى.

— مېھمانلار مېنى راسا چارچىتىۋەتتى جۇمۇ، — دېدى گراف ئايىم. — بىراق، مۇشۇ ئاخىرقى بىرسى بولغاي، ئەمدى باشقىلىرى بىلەن كۆرۈشمەيمەن. ئۇ نىمە دىگەن مەغرۇر. قېنى، تەكلىپ قىل، كىرسۇن، — دېدى گراف ئايىم چاكارغا غەمكىن ئاۋاز بىلەن،

---

① مىتېنكا — دىمىترىنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى. — تەر.

گوياكى: "مەيلى، جېنىم چىقسىپ كەتسىمۇ!" دەۋاتقاندەك قىياپەتتە.

ئىگىز بويلۇق مەغرۇر ئايال ئۆزىنىڭ يۇمۇلاق يۈزلۈك كۈلۈمسىرەپ تۇرىدىغان قىزى بىلەن كۆينەكلىرىنى شىلدىرلىتىپ مېھمانخانىغا كىرىپ كەلدى.

— Cherè comtesse, il y a si longtemps… elle a été ali tèe la pauvre enfant… au bal des Razoumowsky… et la comtesse Apraksine… j'ai été si heureuse (خېلى كۆپ ۋاقىت بولدى... سۆيۈملۈك... گىراف ئايىم،... بىچارە بالام ئاغرىپ قالىغان، ...رازۇموۋسكىنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلگەن تانسا يىغىلىشىدا، ...يەنە گراف ئايىم ئاپراكسىنا بار... مەن ناھايىتى خوشال بولدۇم...)، — بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى ئۇزۇلمەي قىزغىن سۆزلىشىۋاتقان ئاياللارنىڭ ئاۋازلىرى، كۆينەكلىرىنىڭ شىلدىرلاشلىرى ۋە ئورۇندۇقلارنى يۆتكىگەن چاغدىكى تاراق-تۇرۇق ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە شۇنداق پاراڭلارنىڭ بىرى باشلىنىپ، خۇددى ئۇنىڭ بىر بۆلىكى تۈگىگەندەك، مېھمانلار كېيىملىرىنى شىلدىرلىتىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى ۋە: Je suis bien charmée; la santé de maman… et la comtesse Apraksine (مەن ناھايىتى،... بەك-بەك خوشالمەن... ئانامنىڭ سالامەتلىگى.... گراف ئايىم ئاپراكسىنا...)، — دېيىشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە كىيىملىرىنى شىلدىرلىتىپ، ئايۋانغا كىرىشتى، يەكتەك ياكى يېپىنچىلىرىنى ئۇچىسىغا ئارتىپ، ھارۋىلاردا ئولتۇرۇشۇپ كېتىشتى. پاراڭ شۇ چاغدا شەھەردىكى ئاساسىي يېڭىلىق—يېكاترىنا زامانىسدا بايلىقى ۋە كۆركەملىگى بىلەن داڭقى چىققان قېرى گىراف بېزئۇخوۋنىڭ كېسىلى ۋە ئۇنىڭ ھېلىقى ئانىنا پاۋلوۋنا شېرېرنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈل-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

گەن زىياپەتتە قىلىقسىزلىق قىلغان قانۇنسىز ئوغلى پىيېر توغرىسىدا باراتتى.

— بىچارە گرافقا مېنىڭ ناھايىتى ئىچىم ئاغرىيدۇ، — دېدى مېھمان خانىم، — ئۇنىڭ تەن ساقلىقى شۇنچىلىك يامانكى، ئۆلمەك-نىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك، ھازىر ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ قىلغان ئەلەملىرى ئۇنى ئۆلتۈرىدۇ!

— نېمە گەپ؟ — دېدى گراف ئايىم، خۇددى مېھمانلارنىڭ دەۋاتقىنى نېمىلىكىنى بىلمىگەندەك، گەرچە ئۇ گراف بېزئۇخوۋنىڭ رەنجىش سەۋەپلىرىنى ئون-ئون بەش قېتىم ئاڭلىغان بولسىمۇ.

— ھازىرقى زامان تەربىيىسىنىڭ نەتىجىسى مانا شۇ! چەتئەلدىكى چېغىدا، — دېدى مېھمان خانىم، — بۇ ياش ئادەم نېمىنى خالىسا شۇنى قىلىپ كەلگەن، ھازىر پېتربۇرگدا، ئاڭلىشىمچە، شۇنداق بىر خەۋپلىك ئىشنى قىلغانىكى، ئۇنى پېتربۇرگدىن ساقچى قوشۇپ ھەيدىۋېتىپتۇ.

— مۇنداق دەڭا، — دېدى گراف ئايىم.

— ئۇ دوست تاللاشنى بىلمەيتتى، — دەپ سۆزگە ئارىلاشتى كىنەز ئايىم ئاننا مىخايلوۋنا. — كىنەز ۋاسىلىنىڭ ئوغلى، ئۇ، يەنە دولوخوۋ دېگەن بىر يىگىت، بۇلارنىڭ نېمە قىلىشقانلىقىنى خۇدا بىلىدۇ دېيىشىدۇ. ھەر ئىككىسى جازىسىنى تارتىپتۇ. دولوخوۋنىڭ دەرىجىسى ئەسكەرلىككە چۈشۈرۈلۈپتۇ، بېزئۇخوۋنىڭ ئوغلىنى موسكۋاغا قوغلىۋېتىپتۇ. ئاناتول كۇراگىننىڭ دادىسى ئوغلىنى بىر ئىلاج قىلىپ ساقلاپ قالغان ئىكەن. لېكىن ئۇنىمۇ پېتربۇرگتىن قوغلىۋېتىپتۇ.

— لېكىن، ئۇلار زادى نېمە قىپتۇ؟ — دېدى گراف ئايىم.

— ئۇلار سىپپى ئۆزىدىن بۇلاڭچىلار ئىكەن، خۇسۇسەن دولو-خوۋ، — دىدى ھېلىقى مېھمان. — ئۇ مارىيە ئىۋانوۋنا دولوخوۋانىڭ ئوغلى، شۇنچە ئابرويلۇق ئايالنىڭ ئوغلى. نىمە دىگەن گەپ؟ ئويي-لاپ كۆرۈڭلارچۇ: ئۇلار ئۇچىسى قەيەردىندۇ بىر ئېيىقنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە ھارۋىغا سېلىپ، ئارتىسلەرنىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. ساقچى كېلىپ ئۇلارنى تىنچلاندۇرماقچى بوپتىكەن. ئەمما ئۇلار نىمە قىپتۇ دەيسىز؟ ئۇلار ھېلىقى ساقچىنى تۇتۇۋېلىپ ئۇنىڭ دۈمبىسىنى ئېيىقنىڭ دۈمبىسىگە چاپلاپ تېڭىپتۇ-دە، ئۇنىڭ-دىن كېيىن ئېيىقنى مويكا دەرياسىغا تاشلىۋېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئېيىق بۇ ساقچىنى ھاپاش قىلغان پېتى سۇدا ئۈزۈشكە باشلاپتۇ.

— ساقچىنىڭ راسا رەسۋاسىنى چىقىرىپتۇ-دە، Ma chère (ئەزىزىم)، — دەپ ۋاقىرىدى گراف، ئۆلگىدەك كۈلۈپ كېتىپ.

— ئوھو، نىمە دىگەن دەھشەت! سىز تېخى كۈلىسىزغۇ گراف؟

لېكىن بۇ خېنىملارنىڭ ئۆزىمۇ ئىختىيارسىز كۈلۈشۈپ كەتتى.

— ئۇلار ئامال قىلىپ ھېلىقى بىچارىنى قۇتقۇزۇشۇپ قاپتۇ، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى ھېلىقى مېھمان. — گراف كىرىل ۋلادىمىر-روۋىچ بېزئۇخوۋنىڭ ئوغلى مۇشۇنىداق يوللار بىلەن ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى ئېچىپ يۈرىدىكەن! — دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ. — ئۇنى تېخى ياخشى تەربىيىلەنگەن، ئەقىللىق دىيىشەتتى. ئۇنىڭ چەتئەلدە ئالغان تەربىيىسىنىڭ نەتىجىسى مانا شۇ! مەن ئىشىنىمەنكى، گەرچە بايلىقى بولسىمۇ بۇ يەردە ئۇنى ھېچكىم قوبۇل قىلمايدۇ. ئۇنى ماڭا تونۇشتۇرماقچى بولغان ئىدى، قەتئى رەت قىلدىم: مېنىڭ قىزىم بار ئەمەسمۇ.

— سىز نىمىشقا بۇ ياش ئادەمنىڭ پۇلى كۆپ دەيسىز، — دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

سورىدى گراف ئايىم ئۆزىنى ھېلىقى ھېچنېمىنى ئاڭلىمىغانغا سالغان قىزلاردىن قاچۇرۇپ. — ئۇنىڭ بالىلىرىنىڭ ھەممىسىلا ھارامدىن بولغان بالىلار. قارىغاندا... پېيېرمۇ ھارامدىن بولغان بالىسى بولۇشى كېرەك.

مېھمان خانىم قول شىلتىدى.

— ئۇنىڭ ھارامدىن بولغان بالىلىرى يىگىرمىچە باردۇر، دەپ ئويلايمەن.

كىنەز ئايىم ئاننا مىخايلوۋنا ئۆزىنىڭ يۇقۇرى تەبىقىدىكى كىشىلەر بىلەن بولغان چوڭقۇر ئالاقىسىنى ۋە بۇ يەردىكى ھەممە ئەھۋاللاردىن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەكچى بولسا كېرەك، گەپكە ئارىلاشتى.

— گەپ مانا شۇنىڭدا، — دىدى ئۇ مەنىلىك ۋە يەنە يېرىم پىچىرلاپ. — گراف كىرىل ۋلادىمىروۋىچنىڭ داڭقىنى ھەممە كىشى بىلىدۇ... ئۇ بالىلىرىنىڭ سانىنى ئۆزىمۇ بىلەلمەيدۇ، لېكىن پېيېر ئۇنىڭ ياخشى كۆرىدىغان بالىسى ئىدى.

— تېخى بۇلتۇر بۇ چال قانداق قامەتلىك ئىدى-ھە! — دىدى گراف ئايىم، — ئەرلەردىن مۇنداق كېلىشكەن ئادەمنى مەن كۆرۈپ باقمىغان ئىكەنمەن.

— ھازىر ناھايىتى ئۆزگىرىپ كەتكەن، — دىدى ئاننا مىخايلوۋنا. — ئېيتماقچىمەنكى، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى ئۇ، — كىنەز ۋاسىلى خوتۇنى تەرەپتىن قارىغاندا ئۇنىڭ بارلىق مال-مۈلكىنىڭ بىۋاستە مىراسخورى بولۇشى كېرەك، ئەمما پېيېرنى ئاتىسى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى، ئۇنى تەربىيىلەشكە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن ۋە ئۇنىڭ توغرىسىدا پادىشاغىمۇ مەكتۇپ سۇنغان ئىدى...

شۇنداق بولغاندىن كېيىن، ئەگەر ئۇ ئۆلسە (ئۇنىڭ كېسەلى شۇنچە-لىك ئېغىركى، خالىغان پەيتتە جان ئۈزۈشى مۇمكىن، شۇڭا Lorrain-لورربىن دوختۇرمۇ پېتربۇرگتىن يېتىپ كەلگەن)، ئۇنىڭ بۇنچىۋالا كۆپ مال-مۈلكىگە پيېرنىڭ ۋارىسلىق قىلىدىغانلىقىنى ياكى گراف ۋاسىلىنىڭ ۋارىسلىق قىلىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. قىرىق مىڭ يانچى ۋە بىرقانچە مىليون سوم! مەن ناھايىتى ياخشى بىلىمەن، چۈنكى كىنەز ۋاسىلىنىڭ ئۆزى بۇنى ماڭا دېگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كىرىل ۋلادىمىروۋىچ ئانام تەرەپتىن ماڭا ئۆچىنچى تاغام بولىدۇ. ئۇ يەنە بورىيەنى چوقۇندۇرغان، — دەپ قوشۇپ قويدى ئاننا مىخايلوۋنا، گوياكى بۇ ئەھۋالغا قىلچىلىكمۇ ئەھمىيەت بەرمىگەندەك.

— كىنەز ۋاسىلى تۈنۈگۈن موسكۋاغا كەپتۇ. ئاڭلىشىمچە، ئۇ تەپتىشلىك ئىشلىرىغا ماڭسا كېرەك، — دېدى مېھمان خانىم.

— شۇنداق، ئەمما، entre nous (گەپ ئىككىمىز ئارىسىدا قالسۇن)، — دېدى كىنەز ئايىم، — بۇ بىر بانا. ئەمەلدە، ئۇ گراف كىرىل ۋلادىمىروۋىچقا ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ ئېغىرلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كەلگەن.

— ئەمما، ma chèr (ئەزىزىم)، بۇ ئاجايىپ كۈلكىلىك ۋەقە، — دېدى گىراف ۋە چوڭ ياشلىق مېھمان خانىمنىڭ گەپكە قۇلاق سالمىغانلىقىنى بايقاپ، قىزلارغا قارىدى-دە: — ھېلىقى مىرشابنى① راسا باپلاپتۇ-دە، مەن ئويلايمەن! — دېدى.

① مىرشاب — پادىشا روسىيىسى دەۋرىدە شەھەرنىڭ مەلۇم رايونى بويىچە ساقچى باشلىقى. — تەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇ ھىلقى مىرشابىنىڭ قوللىرىنى سىلىكىپ قانداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئوبدان غىزالانغان ۋە خۇسۇسەن ئوبدان ئىچكەن كىشىلەردەك، پۈتۈن گەۋدىسىنى سىلىكىپ، يوغان تاۋۇش بىلەن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. كېيىن: — قېنى، تاماقا مەرھەمەت قىلىڭلار، — دېدى.

## 8

جىمجىتلىق باشلاندى. گىراف ئايىم مېھمان خانىمغا شۇنداق يېقىملىق تەبەسسۇم بىلەن قارايتتىكى، مۇبادا بۇ خانىم ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشكە خۇشلاشقاندىمۇ، ئۇ قىلچە خاپا بولمايدىغانلىقىنى يوشۇرمايتتى. مېھمان خانىمنىڭ قىزى ئانىسىغا سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ كۆينىگىنى تۈزەشتۈرۈۋاتاتتى، دەل شۇ چاغدا، بىردىنلا، خوشنا ئۆيدىن ئىشىك تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان بىرقانچە ئەر ۋە ئايالنىڭ ئاياق تىۋىشلىرى، پۈتلىشىپ كېتىپ ئۆرۈلگەن ئورۇندۇقنىڭ تاراقلاشلىرى ئاڭلاندى-دە، ئۆيگە ئون ئۈچ ياشلار چامىسىدا بىر قىز سىپتا رەختتىن تىكىلگەن قىسقا يوپكىسىغا قانداقتۇ بىر نەرسىنى ئوراپ يوشۇرغان پېتى يۈگۈرۈپ كىرىپ ئۆينىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا توختاپ قالدى. ئۇنىڭ ئويلانماستىن، زەپتى بىلەن ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ قالغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئىشىك تۈۋىدە، خۇددى شۇ پەيتتە، قىزىل ياقىلىق بىر ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، بىر گۋاردىيىچى ئەپىتسەر، ئون بەش ياشلارغا كىرگەن بىر قىز ۋە قىسقا كەمزۇل كىيگەن، سېمىز، مەڭزى قىزىل بىر بالا تۇراتتى.

گراف ئىرغىپ ئورنىدىن تۇردى-دە، لەپەڭلىگىنىچە غۇلاچ يېيىپ، يۇگۇرۇپ كىرگەن ھېلىقى قىزنىڭ ئالدىنى توستى.

— بەللى، مانا ئۆزى! — دېدى گراف خۇرسەنلىك بىلەن ۋاقىراپ، — ئىمېنىنتسا① ! Ma chère (سۆيۈملۈك) ئىمېنىنتسا!

Ma chèr, il y a un temps pour tout — (سۆيۈملۈگۈم، ھەممە ئىشنىڭ ۋاقىت-سائىتى بار)، — دېدى گراف ئايىم يالغاندىن قاپىغىنى تۈرۈپ. — سەن ئۇنى ھامان ئەركىلىتىۋېرىسەن، — دېدى ئۇ يەنە ئېرىگە.

Bou jour, ma chère, je vousfèlicte — (سالامەتمۇ سىز، سۆيۈملۈگۈم، سىزنى تەبرىكلەيمەن)، — دېدى مېھمان خانىم. — Quelle dèlicieuse enfant (نىمە دېگەن سۆيۈملۈك بالا، ھە!) — قوشۇپ قويدى يەنە ئانىسىغا قاراپ.

قارا كۆزلۈك، ئاغزى چوڭ، ئانچە چىرايلىق بولمىسىمۇ، ئەمما جانلىق-تېتىك بۇ قىز ئۆزىنىڭ تېزيۈگۈرگەنلىكى ئۈچۈن بەل قىسمىدىن ئىرغىپ چىقىپ يۇقۇرى-تۆۋەن ھەركەتلىنىپ تۇرىدىغان باللارچە يالىڭاچ يەلكىلىرى، ئارقىسىغا تاشلانغان بۇدرە چاچلىرى، ئىنچىكە يالىڭاچ بىلەكلىرى، چۆرىسىگە چىلتەك تۇتۇلغان ئىشتان كىيگەن ئىنچىكە پاچاقلىرى ۋە كىچىككىنە ئاياقلىرىغا كىيگەن باشماقلىرى بىلەن قىزغىمۇ ۋە ئوغۇل بالىغىمۇ ماس كەلمەيدىغان شۇنداق يېقىملىق ياش قورامدا ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ دادىسىدىن ئاجراپ

---

① ئىمېنىنتسا — رۇس پراۋوسلاۋ دىنى ئادىتى بويىچە ئات قويۇلغان كۈننى بايرام قىلىدىغان ئادەم (بۇ يەردە ئايال)؛ ئەرلەر بولسا ئىمېنىنىك دېيىلىدۇ. — تەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

چىقىپ ئانىسىنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كەلدى-دە، ئانىسىنىڭ قاتتىق سۆزلىرىدىنمۇ ھېچقانداق دىققەت قىلماستىن، ئۆزىنىڭ قىزىرىپ كەتكەن يۈزىنى ئۇنىڭ مانتىلىنىڭ① چىلتەكلىرىگە يوشۇرۇپ ئېلىپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇ يۆپكىسىنىڭ ئىچىدىن چىقىرىپ ئالغان قوچاق توغرىسىدا ئۈزۈپ-ئۈزۈپ سۆزلەپ، نېمىشقىدۇ ئۆزىچە كۈلۈپ كەتتى.

— كۆردىڭىزمۇ؟... قوچاق... قوچاق... ئېتى مى مى... قاراڭ...

ناتاشا ئارتۇقچە گەپ قىلالمايتتى (ئۇنىڭغا ھەممە نەرسە كۈلكىلىك بولۇپ كۆرۈنەتتى). ئۇ ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى تاشلاپ قاتتىق ئاۋاز بىلەن شۇنداق قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتىكى، ھەممەيلەن، ھەتتا ھېلىقى گىدىيىۋالدىغان مېھمان خانىممۇ ئۆزىنى تۇتالماستىن كۈلۈپ كەتتى.

— بولدى، نېرى تۇر، ماۋۇ نەرسەڭنىمۇ ئال! — دېدى ئانىسى، يالغاندىن ئاچچىقلىنىپ قىزىنى نېرى ئىتتەرگەن بولۇپ. — بۇ مېنىڭ ئەڭ كىچىك قىزىم، — دېدى ئۇ مېھمان خانىمغا قاراپ تۇرۇپ.

ناتاشا يۈزىنى ئانىسىنىڭ چۆرىسىگە چىلتەك تۇتقان رومىلىدىن سەل ۋاقىت چەتكە تارتىپ، كۈلكە ياشلىرى ئارىسىدىن ئانىسىغا قاراپ قويدى-دە، يەنە يۈزىنى چۆمكىۋالدى.

ئائىلىدىكى بۇ ئەھۋاللارغا قىزىقىسىنىشقا مەجبۇر بولغان ھېلىقى مېھمان خانىم ئۇنىڭغا قانداق بولسىمۇ بىر نەرسە دېيىش زۆرۈر دەپ ھېس قىلاتتى.

---

① مانتىلىيە — ئاياللارنىڭ يەڭسىز، قىسقا يېلىنىڭ كىيىمى بولۇپ، ئادەتتە ئۆي ئىچىدە ئۇچىسىغا ئارتىۋالىدۇ. — تەر.

— ئېيتىڭا، سۆيۈملۈك قىز، — دېدى مېھمان خانىم ناتاشاغا قاراپ، — بۇ مى مى سىزنىڭ نىمىڭىز؟ قىزىڭىز بولسا كېرەك، شۇنداقمۇ؟

ناتاشاغا مېھمان خانىمنىڭ خۇددى باللارغا مۇئامىلە قىلغاندىكىدەك قىلغان سۆزلىرىنىڭ ئاھاڭى ياقماي قالدى. شۇڭا ناتاشا جاۋاپ بەرمىدى ۋە ھاڭ-تاڭ بولۇپ ئۇنىڭغا قاراپ قالدى.

بۇ ئارىدا ياشلار: كىنەز ئايىم ئاننا مىخايلوۋنانىڭ ئوغلى ئەپىتەسەر بورىس، گرافنىڭ چوڭ ئوغلى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى نىكولاي، گرافنىڭ ئون بەش ياشلىق جىيەنى سونيە ۋە ئۇنىڭ ئەڭ كىچىك ئوغلى پېترۇشا① — مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى مېھمان ئۆيدە ئولتۇرۇشاتتى، ئۇلارنىڭ ھەر بىرسى ئۆزىنىڭ چىرايىدا ئويناپ تۇرغان خوشاللىق ۋە خۇرسەنلىك ئالامەتلىرىنى ئەدەپ-قائىدە چېكى دائىرىسىدە ساقلاپ قېلىشقا تىرىشىۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. روشەنكى، ئۇلار ئېتىلىپ يۈگۈرۈشۈپ چىققان ئارقىدىكى ئۆيلەردە بولۇۋاتقان پاراڭلار بۇ يەردە بولۇۋاتقان شەھەرگە دائىر غەيۋەت-شىكايەتلەر، ئاب-ھاۋا ۋە comtesse Apraksin (گراف ئايىم ئاپراكسىنە) توغرىسىدىكى پاراڭلاردىن تېخىمۇ قىزىقارلىق ئىدى. ئۇلار ئارىلاپ-ئارىلاپ بىر بىرىگە قاراپ قويۇشاتتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ قىزىق كۈلكىلىرىنى ئاران دىگەندە بېسىۋالاتتى.

ئىككى ياش ئادەم — ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ۋە ئەپىتسەر — باللىق چاغلىرىدىن تارتىپ ئاغىنە بولۇشقان، ئۇلارنىڭ ياش قۇرامى تەڭ ۋە ھەر ئىككىلىسى ئوخشاشلا كېلىشكەن ئادەم بولسىمۇ، ئەمما

① پېترۇشا — پيوترنىڭ كىچىكلىتىلگەن ئىسمى. — تەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىر بىرىگە ئوخشىمايتتى. بورىس ئېگىز بويلۇق، ئاق يۈزلۈك، سېرىق چاچ، چىرايىدىن سىپايىلىق چىقىپ تۇرىدىغان چىرايلىق يىگىت ئىدى. نىكولاي بولسا بويى سەل پاكار، بۈدرە چاچلىق ئوچۇق چىراي يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ يوغۇرقى لېۋىدە قاپ-قارا بۇرۇتلىرى ئۆسكەن بولۇپ، پۈتۈن چىرايىدا بىر نەرسىگە ئىنتىلىشچانلىق ۋە قىزغىنلىق كەيپىيات ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. مېھمانخانىغا كىرىش بىلەن تەڭلا نىكولاي قىزىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ سۆزلىمەكچى بولۇۋاتقانلىقى، ئەمما نىمە دېيىشىنى بىلمەيۋاتقانلىقى روشەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى؛ بورىس بولسا، ئەكسىچە، سۆزىنى دەرھال تېپىۋالدى-دە، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، خاتىرجەم ۋە مۇلايىملىق بىلەن ئۆزىنىڭ بۇ قوچاق مى مىنى تېخى ياش قىز چېغىدا، ئۇنىڭ بۇرنى ئۇرۇلۇپ كېتىپ زەخمەلەنمىگەن چاغدا كۆرگەنلىكىنى، بەش يىل داۋامىدا قېرىپ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ بېشىنىڭ قانداقسىگە يېرىلىپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. بۇ سۆزلەرنى قىلىپ بولۇپ، ناتاشاغا قاراپ قويدى. ناتاشا ئۇنىڭغا قارىماي ئۆرۈلۈۋېلىپ ئۇكىسىغا قارىدى، ئۇكىسى كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ، ئاۋازىنى يۇتۇپ تۇرۇپ كۈلگەنلىكىدىن تىترەيتتى ۋە يەنمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا مادارى بولمىغانلىقتىن، ئۆيدىن شۇنداق تېز سەكرەپ يۈگۈرگەن پېتى چىقىپ كەتتىكى، ئۆزىنىڭ يېنىك پۇتلىرىنى ئاران يەردىن ئۈزۈۋالاتتى. بورىس كۈلمىدى①.

---

① تولستوي روستوۋ ئائىلىسىدىكى ياشلارنى تەسۋىرلىگەندە ئۆزىنىڭ ئائىلىسىدىكى رىۋايەتلەر ۋە ئۆزىنىڭ قېيناتىسى بېرس ئائىلىسىگە نىسبەتەن ئالغان تەسىراتلىرىدىن كەڭ پايدىلانغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاتىسىنىڭ نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلىرىنى نىكولاي روستوۋدا گەۋدىلەندۈردى، ھەتتا نىكولاي ئىلىچ

— سىزمۇ كەتمەكچى بولۇۋاتىسىز كېرەك، maman (ئانا)؟
ھازۇۋا كېرەكمۇ؟ — دېدى ئۇ ئانىسىغا كۈلۈمسىرەپ قاراپ.
— ھەئە، بار، ئېيت، ھازۇنى تەييارلىسۇن — دېدى ئانىسىمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

بورىس مېھمانخانىدىن ئاستا چىقىپ كەتتى-دە، ناتاشانى ئىزلەپ ماڭدى؛ بۇ سېمىز بالا خۇددى ئۆزىنىڭ مەشغۇلاتىدا بىرەر ئىشنى چالا قىلىپ خاپا بولغاندەك قىلىپ، ئاچچىقى كېلىپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ يۈگۈرۈپ كەتتى.

# 9

مېھمان ئۆيدە ياشلاردىن، گراف ئايىمىنىڭ چوڭ قىزى (ئۇ سىڭلىسىغا قارىغاندا تۆت ياش چوڭ بولۇپ، ئۆزىنى چوڭ كىشىدەك تۇتاتتى) ۋە مېھمان قىزنى ھېساپقا ئالمىغاندا، نىكولاي ۋە جىيەنى

---

دىگەن ئىسمىمۇ ئۆزگەرتىمگەن. سونيە ئەسلىدە ياش بالا چاغلىرىدىكى تاتيانا ئالېكساندروۋنا ئېرگورسكى بولۇپ، تولستوينىڭ ياخشى كۆرىدىغان "ھاممىسى" ئىدى، بۇنى ئۆزىنىڭ ئۆيدىكى رىۋايەتلەرگە ئاساسلىنىپ يازغان. ئۇنىڭ بىلەن نىكولاينىڭ روماندىكى مۇناسىۋىتى تاتيانا ئالېكساندروۋنا بىلەن تولستوينىڭ دادىسىنىڭ رىيال تۇرمۇشتىكى مۇناسىۋىتىگە تامامەن ئوخشاش. ۋېرا ئۇنىڭ چوڭ ھاماچىسى لىزا بېرسىتىن تەقلىت قىلىنغان، ناتاشا بولسا ئۇنىڭ كىچىك ھاماچىسى تاتيانا بېرسىتىن تەقلىت قىلىنغان، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئايالىنىڭ بىر مۇنچە خۇسۇسىيەتلىرى ئارىلاشقان. تولستوي ئائىلىسىدىكى ئەھۋاللارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى بېرس ئائىلىسىدىكى ئالاھىدىلىكلەرنىڭ كۆچۈرۈلمىسىدىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

سونيەلا قالغان ئىدى. سونيە كىرپىكلىرى ئۇزۇن، كۆز قاراشلىرى مۇلايىم، قويۇق قارا چاچلىرى بېشىغا ئىككى قات يۆگەلگەن، يۈزى، خۇسۇسەن يالىڭاچلانغان ئىنچىكە، چىرايلىق، كۈچلۈك قوللىرى ۋە بويىنى بۇغداي ئۆڭلۈك قىز ئىدى. ھەركىتىنىڭ سىلىقلىقى، كىچىككىنە قول - پۇت بوغۇملىرىنىڭ يۇمشاقلىقى ۋە ئەۋرىشىملىكى، بىرقەدەر ھىلىگەرلىكى ۋە قىلىقلىرىدىكى ۋەزمىنلىكى بىلەن چىرايلىق، لېكىن ھېلى تېخى يېتىلمىگەن، يېتىلگەندە ئاجايىپ مۇشۇك بولىدىغان ئاسلاننى ئەسلىتەتتى. ئۇنىڭ بۇ ئومۇمى سۆھبەتكە تەبەسسۇم بىلەن قاتنىششنى ئەدەپكە لايىق كۆرگەنلىكى روشەن بىلىنىپ تۇراتتى؛ لېكىن ئارمىيىگە كېتىۋاتقان cousin - كۈزىنىغا (تاغىسىغا)①
ئۇزۇن قويۇق كىرپىكلىرى ئاستىدىن ئۆز خاھىشىغا قارشى، قىزلارغا خاس شۇنداق جۇشقۇن مېھىر - مۇھەببەت بىلەن قارايتتىكى، ئۇنىڭ يۈزىدىكى تەبەسسۇمى بىر پەس بولسىمۇ ھېچكىمنى ئالدىيالماس ئىدى؛ بۇ ئاسلاننىڭ ناتاشا بىلەن بورىستىن تاشقىرىغا چىقىشى بىلەن تەڭ، تېخىمۇ كۈچلۈكرەك ئىرغىپ ۋە كۈزىن بىلەن ئويىنىششنى كۈتۈپ ئولتۇرغانلىقى روشەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— شۇنداق گەپ، ma chère (سۆيۈملۈگۈم)، — دېدى قېرى گراف مېھمان خانىمغا قاراپ ۋە نىكولاينى قولى بىلەن كۆرسىتىپ. — مانا ئۇنىڭ ئاغىنىسى بورىس ئەپىتسەر بولدى، ئۇ بولسا دوستلۇق تۈپەيلى ئۇنىڭدىن ئايرىلغۇسى كەلمەي بىلىم يۇرتىدىمۇ ئۆزىنىڭ قېرى دادىسى مېنىمۇ تاشلاپ ھەربىي خىزمەتكە بارىمەن دەپ

---

① cousin (كۈزىن) — نىكولاي سونيەگە نىسبەتەن دادىسىنىڭ ئاكىسى تەرەپتىن بىر نەۋرە ئاكا سۈپىتىدە تاغىسى بولاتتى. — تەر.

ئولتۇرۇپتۇ، سۆيۈملۈكۈم. ئارخىپتا ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىشمۇ، باشقىسمۇ تەييار ئىدى. مانا، دوستلۇقنى قاراڭ؟ — دېدى گراف سوئال ئاھاڭى بىلەن.

— بىراق، ئۇرۇش ئېلان قىلىنغان، دېيىشىدۇ، — دېدى مېھمان خانىم.

— بۇ گەپلەر ئاتام زاماندىن بېرى بار، — دېدى گراف، — يەنە شۇنداق دېيىشىدۇ، دېيىشىدۇ-يۇ، شۇ پېتى قېلىۋېرىدۇ. مانا دوستلۇق، ma chère (سۆيۈملۈكۈم)! — دېدى گراف. — ئۇ ئاتلىق ئەسكەر بولماقچى.

مېھمان خانىم نىمە دېيىشنى بىلمەي بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— ئەسلا دوستلۇقتىن ئەمەس، — دەپ جاۋاپ بەردى نىكولاي ئاچچىقلىنىپ ۋە ئۇياتلىق تۆھمەتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن بانا تاپقاندەك. — ئەسلا دوستلۇقتىن ئەمەس، بەلكى پەقەت ھەربى خىزمەتكە بولغان ئىنتىلىشىمدىن.

ئۇ سونىيە بىلەن مېھمان قىزغا قارىدى: ئىككىلىسمۇ ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىگەندەك تەبەسسۇمى بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى.

— بۈگۈن پاۋلوگراد ئاتلىقلار پولكاۋنىگى پولكاۋنىك شۇبېرت بىزنىڭكىگە تاماققا كېلىدۇ. ئۇ بۇ يەرگە تەتىل قىلىپ كەلگەن ئىكەن، نىكولايىنى بىرگە ئېلىپ كەتمەكچى. قانداق قىلاي؟ — دېدى گراف دولىسىنى قىسىپ ۋە چاخچاق ئارىلاش؛ ھالبۇكى، بۇ ئىشنىڭ ئۇنى نۇرغۇن قايغۇغا سالغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— مەن سىزگە دېگەن ئىدىمغۇ، دادا، — دېدى ئوغلى، — ئەگەر مېنىڭ بېرىشىمنى خالىمىسىڭىز، قېپقالاي. لېكىن ئۆزەم بىلىمەن، ھەربى خىزمەت ئۆتەشتىن باشقا ھېچنىمىگە يارىمايمەن؛ مەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دىپلومات ئەمەس، ئەمەلدارمۇ ئەمەس، كۆڭلۈمدىكىنى قانداق يوشۇرۇشنى بىلمەيمەن، — دېدى ئۇ بارغانسېرى ئۆزىنىڭ گۈزەل ياشلىقىغا خاس شوخلۇقى بىلەن سونيە ۋە ھېلىقى مېھمان قىزغا كۆز قىرىنى تاشلاپ.

نىكولايغا كۆزلىرىنى تىكىپ قاراپ تۇرغان ھېلىقى "ئاسلان"، ھەر ۋاقىت مۈشۈكلۈك تەبىئىتىنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئوينى- شىشقا تەييار تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى.

— بولىدۇ. بولىدۇ! — دېدى قېرى گراف. — ھامان چېچىلىپ يۈرىدۇ... بۇ بوناپارت ھەممە كىشىنىڭ كاللىسىنى قوچۇۋەتتى؛ ھەممەيلەن ئۇ قانداق قىلىپ پورۇچىكلىقتىن پادىشاغا ئايلانغاندۇ دەپ ھەيران بولىدۇ، خۇدا ئاتا قىلسۇن، — دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ مېھمانىنىڭ يۈزىدىكى مەسخىرانە تەبەسسۇمىنى بايقىماي.

چوڭلار بوناپارت توغرىسىدا پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. كاراگىنانىڭ قىزى ژۇلى ياش روستوۋغا مۇراجىئەت قىلدى:

— ئېسىت، چارشەنبە كۈنى سىز ئارخاروۋلارنىڭكىگە بارمىغان ئىكەنسىز. سىز يوق مەن ناھايىتى زېرىكىپ كەتتىم، — دېدى ئۇنىڭغا مۇلايىم تەبەسسۇم بىلەن.

بېشى كۆككە يەتكۈدەك خۇشال بولۇپ كەتكەن بۇ يىگىت شوخ تەبەسسۇمى بىلەن ئۇنىڭغا يېقىنراق كېلىپ ئولتۇردى ۋە كۈلۈپ تۇرغان ژۇلى بىلەن ئايرىمچە پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى، لېكىن ئۇ بۇ چاغدا ئۆزىنىڭ بۇ ئىختىيارسىز تەبەسسۇمى، قىزىرىپ كەتكەن ۋە كۈندەشلىكىدىن ساختىلىق بىلەن كۈلۈپ تۇرغان سونيەنىڭ يۈرىكىگە خۇددى نەشتەردەك سانچىلىۋاتقانلىقىنى سەزمەيتتى. ئۇ پاراڭ داۋامىدا

سونىيەگە قاراپ قويدى. سونىيە ئۇنىڭغا ناھايىتى غەزەپلەنگەن ھالدا قارىدى ـ دە، كۆز ياشلىرىنى توختىتالماي، ئاغزىنىڭ چۆرىسىدىكى ساختا كۈلۈمسىرەشلىرىنىمۇ توختىتالماي ئورنىدىن تۇرۇپ مېھمانخانىدىن چىقىپ كەتتى. نىكولاينىڭ كەيپى ئۇچتى. ئۇ گەپنىڭ تۈگىشى بىلەن تەڭ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، پەرىشان ھالدا مېھمان ئۆيدىن چىقتى ـ يۇ، سونىيەنى ئىزلەپ كەتتى.

— بۇ ياشلارنىڭ سىرلىرى شۇنچىمۇ ئوچۇق ـ ئاشكارا بولارمۇ! — دېدى ئاننا مىخايلوۋنا مېھمان ئۆيدىن چىقىپ كېتىۋاتقان نىكولاينى كۆرسىتىپ. — Cousinage dang ereux voisinage (بىر نەۋرە ئوغۇللار ـ يۇ، قىزلار بېشىمىزغا بالا بولىدى)، — دەپ قوشۇپ قويدى.

— شۇنداق، — دېدى گراف ئايىم، — ياشلار چىقىپ كېتىپ، ئۆيگە چۈشۈپ تۇرغان قۇياش نۇرى ئىشىك يېپىلىشى بىلەن تەڭ يوقالغاندىن كېيىن، گويا ھېچكىم سورىمىغان، ئەمما دائىم كۆڭلىدە ساقلاپ كەلگەن سوئالغا جاۋاپ بەرگەندەك. — بۇلارنى ئۆستۈرۈپ شۇنچىلىك قىلىپ، ئۇلاردىن خۇرسەن بولۇش ئۈچۈن، قانچىلىك ئازاپ ـ ئوقۇبەتلەرنى ۋە قانچىلىك غەم ـ ئەندىشىلەرنى بېشىدىن كەچۈردۇ، كىشى! ھالبۇكى، ھازىر، ئەزبىرايى، خۇرسەنچىلىككە قارىغاندا، ۋەھىمە كۆپرەك، قورقىسەن ـ دە، ھامان قورقۇپلا يۈرىسەن! بولۇپمۇ شۇ ياش ـ قىز بالا ئۈچۈنمۇ، ئوغۇل بالا ئۈچۈنمۇ ناھايىتى خەۋپلىك.

— ھەممەگەپ تەربىيىدە، — دېدى مېھمان خانىم.

— شۇنداق، دۇرۇس ئېيتتىڭىز، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى گراف ئايىم. — ھازىرغا قەدەر، خۇداغا شۈكرى، بالىلىرىمنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دوستى بولۇپ كېلىۋاتىمەن، ئۇلارنىڭ تولۇق ئىشەنچىگە ئىگىمەن، — دېدى گراف ئايىم ئۆز بالىلىرىنى ئۆزلىرىدىن ھېچقانداق نەرسىنى يوشۇرمايدۇ دەپ ئويلايدىغان نۇرغۇن ئاتا-ئانىلارنىڭ خاتالىقلىرىنى تەكرارلاپ، — مەن ئۆز قىزلىرىمنىڭ ھەمىشە بىرىنچى confidente (مەسلىھەتچىسى) ئۆزەم بولىمەن، مىجەزى چۇس نىكولىنكا ھەرقانچە شوخلۇق قىلمىسۇن (ئوغۇل بالا شۇنداق بولىدۇ-دە!)، ھەرقانداق بولغاندىمۇ پېتربۇرگ ياشلىرىدەك ئەمەس.

— شۇنداق، ئاجايىپ بالىلار، ئاجايىپ! — دەپ قۇۋۋەتلىدى، ئۆزى ئۇچۇن چىگىش بولغان مەسىلىلەرنى ئاجايىپ دەپ ھېساپلىغان سۆزلەر بىلەن ھەل قىلىدىغان گراف. — مانا قاراڭ! ئاتلىق ئەسكەر بولماقچى! مانا بۇنىڭغا نېمە دەيسىز، ma chère (سۆيۈملۈگۈم).

— كىچىك قىزىڭىز نېمە دېگەن شېرىن! — دېدى مېھمان خانىم. — بەئەينى ئوت-تە، ئوت!

— ھە، ئوت، — دېدى گراف. — مېنى تارتقان! ئاۋازىنى دېمەمسىز: ئۆزەمنىڭ قىزىم بولسىمۇ، راستىنى ئېيتاي، ناخشىچى بولىدۇ، 2-سالومونى①. ئۇنىڭغا ناخشا ئۆگىتىش ئۈچۈن بىر ئىتالىيانىنى ئالدۇق.

— ھازىر تېخى بالدۇر ئەمەسمۇ؟ شۇ يېشىدا ناخشا ئۆگىتىش، ئاۋازى ئۈچۈن زىيانلىق دېيىشىدۇ.

— ياقەي، بالدۇر ئەمەس! — دېدى گراف. — بىزنىڭ ئانىلىرىمىز ئون ئىككى-ئون ئۈچ ياشلارغا كىرگەن چېغىدىلا ئەرگە تەككەن

① 1805-يىلى موسكۋادا بولغان گېرمانىيىلىك بىر ناخشىچى ۋە ئارتىسكا نەزەردە تۇتۇلىدۇ. ئۇ ئۇستا پىيانىنوچى ئىدى. — تەر.

ئىكەنغۇ؟

— ئۇ هازىردىنلا بورىسقا ئاشىق بولۇپ قالغان! قانداقىگە دىمەمسىز؟ — دىدى گراف ئايىم مۇلايىمغىنا تەبەسسۇمى بىلەن بورىسنىڭ ئانىسىغا قاراپ ۋە كۆڭلىدە ساقلاپ كەلگەن سۆزىنى ئىچىپ ئىپتىماقچى بولۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى: — مانا كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىز، مەن ئۇنى چىڭ تۇتۇپ، كۆز قۇلاق بولۇپ تۇرسام...خۇدا بىلىدۇ، ئۇلار يوشۇرۇنچە نىمىلەرنى قىلغان بولاتتى (گراف ئايىم ئۇلار "سۆيۈشەتتى" دىمەكچى ئىدى)، هازىر بولسا مەن ئۇنىڭ هەر بىر سۆزىنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن. ئۇ كەچقۇرۇنلىرى ئۆزى يۈگۈرۈپ كىلىپ هەممە گىپىنى ماڭا سۆزلەپ بىرىدۇ، ئىهتىمال، مەن ئۇنى ئەكە ئۇگىتىپ قويۇۋاتقان بولۇشۇم مۇمكىن، لىكىن، ئەمىلىيەتتە، شۇنداق بولغىنى ياخشىراق كۆرۈنىدۇ. مەن چوڭىنى قاتتىق تۇتقان ئىدىم.

— شۇنداق، مىنى تامامەن باشقىچە تەربىيلەشكەن، — دىدى چىرايلىق چوڭ قىزى، گراف ئايىم ۋىرا كۈلۈپ تۇرۇپ.

لىكىن بۇ كۈلۈمسىرەش ۋىرانىڭ چىرايىغا ئادەتتىكىدەك گۈزەللىك قوشمىدى؛ ئەكسىچە ئۇنىڭ يۈزىدە بىر خىل غەيرى تەبىئى ۋە شۇ سەۋەپتىن سوغاق هالەت پەيدا بولدى. چوڭ قىزى ۋىرا چىرايلىق، ئەقىللىق، ئوبدان ئوقۇغان، ياخشى تەربىيلەنگەن، ئاۋازى يىقىملىق بولۇپ، ئۇنىڭ هازىر دىگەن سۆزلىرى ناهايىتى توغرا ۋە ئورۇنلۇق ئىدى؛ لىكىن، شۇنىسى ئەجەپلىنەرلىك ئىدىكى، مىهمان خانىمۇ، گراف ئايىمۇ "ئۇ نىمە ئۈچۈن بۇ سۆزنى دىدى" دەپ ئەجەپلەنگەن هالدا ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ قاراشتى-دە، ئوڭايسىزلىنىپ قىلىشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— ئادەملەر بالىنىڭ چوڭغا ھەمىشە بەك كۆڭۈل قويۇپ كېتىپ، پەۋقۇلئاددە ئىش قىلماقچى بولۇشىدۇ. — دېدى مېھمان خانىم.
— يوشۇرمايلا قوياي، ma chére (سۆيۈملۈگ‌ىم)! بىزنىڭ ئايىم ۋېراغا بەك كۆڭۈل قويۇپ كەتكەن ئىدى، — دېدى گراف. — ھە، نىمانچىلا قىلىپ كېتىش! ئۇ يەنىلا ئوبدان ئادەم بولدى، — دېدى گراف قۇۋۋەتلىگەن تەرىزدە ۋېراغا كۆز قىسىپ قويۇپ.
مېھمانلار ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىشتى ۋە كەچكى تاماققا كېلىشنى ۋەدە قىلىپ كەتتى.
— بۇ قانداق قىلىق! شۇنداقمۇ ئۇزۇن ۋاقىت ئولتۇرغان بارمۇ! دېدى گراف ئايىم مېھمانلارنى ئۇزىتىپ بولغاندىن كېيىن.

## 10

ناتاشا مېھمان ئۆيدىن چىقىپ يۈگۈردى-دە، پەقەت گۈللۈككە قەدەر باردى. ئۇ بۇ ئۆيدە توختاپ، شۇ يەردە تۇرغان پېتى مېھمان ئۆيدە بولۇۋاتقان پاراڭلارغا قۇلاق سېلىپ، بورىسنىڭ چىقىشىنى كۈتەتتى. ئۇ كۈتۈۋېرىشكە سەۋرى-تاقەت قىلالماي تىپىرلاشقا باشلىدى ۋە دەرھال چىقمىغانلىقى ئۈچۈن يىغلىۋېتەي دەپ تۇرغاندا، بۇ ياش يىگىتنىڭ سالماق قەدەم تىۋىشلىرى ئاڭلاندى. شۇنىڭ بىلەن ناتاشا تېزدىن گۈل تۈۋلىرى ئارىسىغا ئۆزىنى ئېتىپ مۆكۈۋالدى.
بورىس ئۆينىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا توختاپ، ئەتراپقا سەپسېلىپ قاراپ چىقتى ۋە كىيىمىسىنىڭ يېڭىدىكى چاڭ-توزاڭلارنى قولى بىلەن قېقىپ چۈشۈرۈۋېتىپ ئەينەك ئالدىغا كەلدى-دە، ئۆزىنىڭ

چىرايلىق چىرايىغا قاراشقا باشلىدى. ناتاشا جىم بولۇۋېلىپ، مۆكۈۋالغان جايىدىن ئۇنىڭ قانداق قىلىشىنى كۈتۈپ قارايتتى. ئۇ ئەينەك ئالدىدا بىر پەس تۇرۇپ، ئۆزىچە كۈلۈپ قويىدى-دە، كېيىن ئىشىككە قاراپ ماڭدى. ناتاشا ئۇنى چاقىرماقچى بولدى، ئەمما كېيىن بۇ پىكرىدىن قايتتى.

— مەيلى، ئىزلىسۇنچۇ، — دىدى ئۇ ئۆز ئۆزىگە.

بورىس چىقىپ كېتىش بىلەن تەڭ، باشقا بىر ئىشىكتىن يۈزى قىزىرىپ كەتكەن سونيە چىقىپ كەلدى، ئۇ ئاچچىقلانغىنىدىن كۆزىدىن چىققان ياش ئارىلاش نىمىدۇ بىر نەرسە توغرىسىدا شۆۋىرلايتتى. ناتاشا سونيەنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بارماقچى بولۇپ بىر ئىنتىلدى-يۇ، يەنە شۇ جايىدا مۆكۈپ تۇرۇۋېلىپ، يەنە قانداق ئەھۋاللار بولۇشىنى كۈزىتىشكە باشلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ قىلمىشىدىن ئاجايىپ يېڭى بىر خىل لەززەت ئالماقتا ئىدى. سونيە قانداقتۇ بىر نەرسىلەرنى دەپ پىچىرلايتتى ۋە مېھمان ئۆيىنىڭ ئىشىگىگە قارايتتى. ئىشىكتىن نىكولاي چىقىپ كەلدى.

— سونيە! ساڭا نىمە بولدى؟ ئادەممۇ شۇنداق بولامدۇ؟ — دىدى نىكولاي ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ.

— ھىچنىمە بولمىدى، ھىچنىمە، قويۇڭ! — دەپ يىغلىۋەتتى سونيە.

— ياق، بىلىمەن نىمە بولغانلىقىنى.

— بىلسىڭىز تېخىمۇ ياخشى، بېرىڭ شۇ قىزنىڭ ئالدىغا.

— سو... نيە... ماڭا قارا! سەن شۇنداق بىر قۇرۇق خىيالنى دەپ مېنى ۋە ئۆزەڭنى قىينىساڭ بولامدۇ؟ — دىدى نىكولاي ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سونيه قولىنى ئۇنىڭدىن تارتىۋالمىدى ۋە يىغلاشتىن توختىدى.

ناتاشا مىدىرلىماي ۋە تىنماي تۇرۇپ، مۆكۈۋالغان جايدىن كۆزىنى پارقىرىتىپ قارايتتى. "ئەمدى نىمە بولىدىكىن، قېنى؟" دەپ ئويلايتتى ئۇ.

— سونيه! ماڭا پۈتۈن دۇنيامۇ كېرەك ئەمەس! پەقەت سەن بولساڭ بولدى. — دېدى نىكولاي. — مەن بۇنى چوقۇم ساڭا ئىسپاتلايمەن.

— مۇنداق گەپلىرىڭنى مەن ياقتۇرمايمەن.

— بولدۇ، گەپ قىلماي، كەچۈر، سونيه! — دەپ نىكولاي ئۇنى ئۆزىگە تارتتى-دە، سۆيۈۋالدى.

"ئوھو، نىمە دىگەن ياخشى" — دېدى ناتاشا ئىچىدە ۋە سونيه بىلەن نىكولاي گۈللۈكتىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ، بورىسنى چاقىردى.

— بورىس، بۇ ياققا كېلىڭ! — دېدى ناتاشا مەنىلىك قىياپەتتە ھىلە بىلەن. — سىزگە ئېيتىدىغان بىر گەپ بار، كېلىڭ، كېلىڭ بۇ ياققا. — دېدى-دە، ئۇنى ھېلىقى گۈللۈكتىكى ئۆزى مۆكۈۋالغان گۈل تۇڭلىرى ئارىسىدىكى جايغا باشلاپ ئېلىپ كەلدى. بورىس كۈلۈمسىرەپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كېتىۋاتاتتى.

— قېنى، قانداق گەپ؟ — دەپ سورىدى بورىس.

ناتاشا خىجىل بولۇپ ئۆپچۆرىسىگە قارىدى-دە، تۇڭلارنىڭ بىرىگە تاشلىۋەتكەن قونچىقىنى كۆرۈپ قولىغا ئالدى.

— قونچاقنى سۆيۈپ قويۇڭا، — دېدى ناتاشا.

بورىس ئۇنىڭ ئىللىق چىرايىغا ناھايىتى دىققەت قىلىپ يېقىملىق قاراپ قويدى-دە، جاۋاپ بەرمىدى.

— سۆيگىڭىز كەلمىدىما؟ مەيلى، بۇ ياققا كېلىڭ، — دېدى ناتاشا ۋە گۈللەر ئارىسىغا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىپ، قونچىغىنى تاشلىۋەتتى. — يېقىنراق كېلىڭ، يېقىنراق! — دەپ پىچىرلىدى. ئۇ ئەپتەرنىڭ يېڭىنىڭ ئۇچىنى قولى بىلەن تۇتتى، ئۇنىڭ قىزىرىپ كەتكەن چىرايىدا تەنتەنە ۋە يەنە قورقۇش ئالامەتلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— مېنىچۇ؟ مېنى سۆيمەمسىز؟ — ئۇ ئاران ئاڭلانغىدەك پىچىرلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئۇنىڭغا قارىدى، كۆلۈمسىرەيتتى، ھاياجانلانغىنىدىن يىغلىۋېتىشكە تاس-تاماسلا قالغان ئىدى.

بورىس قىزىرىپ كەتتى.

— سىز غەلىتە ئىكەنسىز-دە! — دېدى بورىس ۋە نېمە قىلىشىنىمۇ بىلمەي، نېمە بولىدىكىن دەپ قىزارغىنىچە قىز تەرەپكە ئېڭىشتى.

ناتاشا بىردىنلا تۇڭغا ئىرغىپ چىقتى-دە، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىن ئېگىز بولۇۋېلىپ، ئۇنى ئىككى قولى بىلەن قۇچاقلاپ، ئىنچىكە يالىڭاچ قوللىرى بىلەن بوينىنىڭ يۇقۇرىسىدىن تۇتتى-يۇ، بېشىنى سىلكىپ چېچىنى ئارقىسىغا تاشلاپ، ئاغزىغا راسا سۆيۈۋالدى.

ئاندىن كېيىن ئۇ گۈل قاچىلىرى ئارىسىدىن غىپ قىلىپ نېرىقى تەرەپكە ئۆتۈۋالدى-دە، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ شۇ يەردە تۇرۇۋالدى.

— ناتاشا، — دېدى بورىس، — مېنىڭ ياخشى كۆرىدىغانلىغىمنى سىز بىلىسىز. بىراق...

— سىز ماڭا كۆيۈپ قالدىڭىزما؟ — دېدى ناتاشا ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— ھە، ئاجايىپ كۆيۈپ قالدىم، لېكىن ھازىرچە مۇنداق ئىشلارنى... يەنە تۆت يىل... ئۇ چاغدا مەن سىزگە تەكلىپ قىلىمەن.

ناتاشا ئويلىنىپ قالدى.

— ئون ئۈچ، ئون تۆت، ئون بەش، ئون ئالتە ... — دېدى ئۇ، ئىنچىكە بارماقلىرى بىلەن ساناپ. — بولىدۇ! گەپ شۇمۇ؟ — دېدى.

خۇرسەنلىك ۋە رازىمەنلىك تەبەسسۇمى ناتاشانىڭ چىرايىنى ياشناتماقتا ئىدى.

— گەپ شۇ! — دېدى بورىس.

— ئۆمۈربويى؟ — دېدى قىز. — تا ئۆلگەنگە قەدەر — ھە؟

ناتاشا ئۇنى قولتۇقلاپ، بەختىيار قىياپەتتە ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ئاستا-ئاستا قەدەم تاشلاپ، ئىستىراھەت بۆلمىسىگە قاراپ كەتتى.

# 11

گراف ئايىم مېھمانلارنى كۈتۈۋېرىپ شۇنچىلىك ھېرىپ كەتكەن ئىدىكى، ئەمدى ھېچكىمنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، دەرۋازىۋەنگە قۇتلۇقلاپ كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى تاماققا تەكلىپ قىلىشنى بۇيرۇدى. گراف ئايىم ئۆزىنىڭ ياش چاغلىرىدىكى دوستى ئاننا مىخايلوۋنا بىلەن كۆڭۈللۈك سۆھبەتلەشكۈسى كېلەتتى، چۈنكى ئۇ پېتربۇرگتىن كەلگەندىن بۇيان ئۇنىڭ بىلەن ئوبدان ھاللاشمىغان ئىدى. يېقىملىق يۈزى يىغلامسىرىغاندەك كۆرۈنگەن ئاننا مىخايلوۋنا كرېسلونى گراف ئايىمنىڭ يېنىغا يېقىن قىلىپ ئولتۇردى.

— مەن سەندىن ھېچنەرسىنى يوشۇرمايمەن، — دېدى ئاننا مىخاي-

لوۋنا. — بىز كونا دوستلاردىن ناھايىتى ئاز قالدۇق! شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مەن سىنىڭ بىلەن بولغان دوستلۇقنى بەك قەدىرلەيمەن.

ئاننا مىخايلوۋنا ۋېراغا قاراپ قويدى-يۇ، ھېچنىمە دېمىدى. گراف ئايىم دوستىنىڭ قولىنى سىقىپ قويدى.

— ۋېرا، — دېدى گراف ئايىم، ئەپتىدىن ئۇنچە ئەركە بولمىغان چوڭ قىزىغا قاراپ. — سەن نېمىشقا گىشىنىڭ يولىنى قىلچە ئويلىمايسەن؟ سەن بۇ يەردە ئۆزەڭنىڭ ئارتۇقچە ئىكەنلىكىڭنى ھېس قىلمىدىڭمۇ؟ ماڭ، باشقا سىڭىللىرىڭنىڭ قېشىغا بار، ياكى....

چىرايلىق ۋېرا قىلچە ئاغرىنىش ھېس قىلمىغان بولسا كېرەك، پىسەن قىلمىغاندەك ئىلجىيىپ قويدى.

— ئەگەر سىز بالدۇرراق ئېيتقان بولسىڭىز، جان ئاپا، دەرھال كەتكەن بولاتتىم، — دېدى ئۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

لېكىن ئۇ ئىستىراھەت بۆلمىسىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئىككى دەرىزە يېنىدا ئىككى جۈپ قىز-يىگىتنىڭ ئۇدۇلمۇ-ئۇدۇل ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ توختىدى ۋە مەنسىتمىگەن ھالدا كۈلۈپ قويدى. سونيە نىكولايغا يېقىن ئولتۇراتتى، نىكولاي ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بىرىنچى قېتىم يازغان شېئىرلىرىنى كۆچۈرۈپ بېرىۋاتاتتى. بورىس بىلەن ناتاشا باشقا دەرىزە يېنىدا ئولتۇراتتى ۋە ۋېرا كىرىپ كەلگەندە ئۇلار جىم بولۇۋېلىشتى. سونيە بىلەن ناتاشا گۇنا قىلغاندەك بەختلىك چىرايلىرى بىلەن ۋېراغا قاراشتى.

ئاشىق بولۇپ قېلىشقان بۇ قىزلارغا قاراپ ۋېرانىڭ كۈلگىسى ۋە زوقى كېلەتتى، بىراق بۇ ھالەت ۋېرادا يېقىملىق تۇيغۇ پەيدا قىلمىغاندەك كۆرۈنەتتى.

— مەن قانچە قېتىم سىلەردىن مېنىڭ نەرسىلىرىمگە تەگمەسلىكنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇتتۇنگەن ئىدىم، — دېدى ۋېرا، — سىلەرنىڭ ئۆزەڭلارنىڭ ئۆيى بارغۇ. — ئۇ نىكولاينىڭ ئالدىدىكى دۇۋەتنى يىغىشتۇرۇۋالدى.

— مانا، هازىر، هازىر، — دېدى نىكولاي قەلەمنى سىياغا چىلاۋېلىپ.

— سىلەرنىڭ ھەممە ئىشىڭلار ۋاقىتسىز بولىدىكەن، — دېدى ۋېرا. — سىلەر مېھمانخانىغا يۈگۈرۈشۈپ كىرگەنىدە ھەممە كىشى سىلەرنىڭ قىلىغىڭلاردىن خىجىل بولىدىكەن.

شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ياكى ئۇنىڭ سۆزلىرى ناھايىتى توغرا بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ، ھېچكىم ئۇنىڭغا جاۋاپ بەرمىدى ۋە تۆتەيلەن بىر بىرىگە قارىشىپ قالدى. ئۇ سىيانى قولىدا تۇتقان پېتى شۇ يەردە ئۆرە تۇراتتى.

— سىلەرنىڭ مۇشۇ يېشىڭلاردا، ناتاشا بىلەن بورىس ئوتتۇرىسىدا، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا قانداق سىر بولسۇن؟ ھەممىسى ئەخمەقلىق!

— نېمە، ۋېرا، سېنىڭ نېمە كارىڭ بار. — دېدى ناتاشا يۇمشاق ئاۋاز بىلەن رەت قىلىپ.

ناتاشا بۈگۈن ھەممە كىشىگە ھەر ۋاقىتتىكىدىنمۇ يېقىملىق ۋە ئوچۇق چىراي كۆرۈنگەنىدەك قىلاتتى.

— ناھايىتى كېلىشمىگەن قىلىقلار، — دېدى ۋېرا، — سىلەر ئۈچۈن مەن خىجىل بولۇۋاتىمەن. مۇشۇمۇ سىرمۇ؟...

— ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس سىرى بولىدۇ. بىزنىڭ سەن ۋە بېرگ ئىككىڭلار بىلەن كارىمىز يوققۇ؟ — دېدى ناتاشا ئاچچىقلىنىپ،

— ئەلۋەتتە كارىڭلار بولمايدۇ-دە، — دېدى ۋېرا، — چۈنكى مەن ھېچقانداق ئورۇنسىز ئىش قىلمايمەن، مەن سېنىڭ بورىس

بىلەن قانداق مۇئامىلىدە بولۇۋاتقانلىقىنى ئاپامغا ئېيتىپچۇ، نىمە قىلىدىكەنسەن.

— ناتالىيە ئىلىئىنىشنانىڭ ماڭا بولغان مۇئامىلىسى ناھايىتى ئوبدان، — دېدى بورىس. — مەن ھېچنىمە دېيەلمەيمەن، — دېدى بورىس.

— بولدى، قويۇڭ، بورىس! سىز كىشىنى بىزار قىلىدىغان دىپلوماتسىز (دىپلومات دېگەن سۆز شۇ چاغدا باللار ئارىسىدا خېلى تارقالغان بولۇپ، باللار ئۇنىڭغا ئۆزىچە ئىزاھ بېرەتتى)، — دېدى ناتاشا خاپا بولغان ۋە تىترىگەن ئاۋاز بىلەن. — نىمە ئۈچۈن ئۇ ماڭا يېپىشىۋالىدىكەن؟ سەن بۇنى ھېچقاچان چۈشەنمەيسەن، — دېدى ئۇ ۋېراغا قاراپ، — چۈنكى سەن ھېچقاچان ھېچكىمنى سۆيمىگەن: سېنىڭدە يۈرەك يوق! سەن پەقەت madam de Genlis (دې ژېنلىس خانىم)① سەن، خالاس (كىشىلەر ناھايىتى زەھەرلىك دەپ ھىساپلايدىغان بۇ لەقەمنى نىكولاي ۋېراغا قويغان)، سەن باشقىلارغا كۆڭۈلسىزلىك تېپىپ بەرسەڭ، شۇنىڭدىن ئوبدان لەززەت ئالىسەن. سەن بېرگ ئالدىدا قانچىلىك خالىساڭ شۇنچىلىك ئويناقلاپ

① madam de Genlis (دې ژېنلىس خانىم) — ئەينى زاماندا پېدا- گوگىكىغا دائىر ماقالىلار ۋە رومان يازغان فرانسۇز يازغۇچىسى (ئايال). كىتاپنىڭ ئاخىرىدا ئېيتىلىشىچە، بورودىنو جېڭىنىڭ ھارپىسىدا كۇتۇزوۋ ئۇنىڭ رومانىنى ئوقۇغان. رومان يۇقۇرى قاتلام كىشىلىرى توغرىسىدىكى ھىكايە بولۇپ، ناھايىتى ئوبدان ۋە دۇرۇس يېزىلغان. ئەمما روستوۋ ئائىلىسىدىكى ياشلار بۇ رومانىنى قۇرۇق، مەزمۇنسىز دەپ ھىساپلايدۇ. ۋېرا چىڭ تۇرۇپ ئۇلارنىڭ قىلىقلىرىنى تۈزەتمەكچى بولغاندا، باللار ئۇنى ژېنلىس خېنىم دەپ ۋاقىرىشىدۇ. — تەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يۈرۈۋەر، قىلچە كارىمىز يوق، — دېدى ناتاشا ناھايىتى تېز گەپ قىلىپ.

— مەن ھەرقانداق بولسىمۇ، مېھمانلار ئالدىدا يىگىتنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ يۈرمەن...

— بولدى، مەقسىدىڭگە يەتتىڭ، — دېدى نىكولاي ئارىلىشىپ، — ھەممەيلەنگە يامان گەپلەرنى قىلىپ، ھەممەيلەننى بىسەرەمجان قىلىۋەتتىڭ. يۈرۈڭلار، باللار بۆلمىسىگە چىقىمىز.

تۆتەيلەن، خۇددى ئۈركۈپ كېتكەن قۇشلاردەك، ئورۇنلىرىدىن تۇردى-دە، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

— ماڭا بولمىغۇر گەپلەرنى قىلىشتىڭلار، ئەمما مەن ھېچكىمگە مۇنداق گەپلەرنى قىلمىغان، — دېدى ۋېرا.

— Madam de Genlis! Madam de Genlis! دېگەن كۈلكە ئارىلاش ۋاقىراشلار سىرتتىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ھەممىنىڭ چىشىغا تېگىدىغان ۋە يېقىمسىز گەپلەرنى قىلغان چىرايلىق ۋېرا كۈلۈپ قويدى-دە، باشقىلارنىڭ ئۇنىڭغا دېگەن سۆزلىرىگە پەرۋا قىلماستىن ئەينەك ئالدىغا كېلىپ شارپىسى ۋە چاچلىرىنى تۈزەتتى: چىرايلىق چېھرىسىگە قاراپ، تېخىمۇ ئېغىر-بېسىق ۋە خاتىرجەم بولۇپ قالغاندەك ئىدى.

* * *

مېھمان ئۆيدە سۆھبەت داۋام قىلماقتا ئىدى.

— Ah, chere (ئاھ، دوستۇم)، — دېدى گراف ئايىم، — مېنىڭ ھاياتىمنىڭمۇ tout n'est pas rose (ھەممىسى گۈل ئەمەس). كاشكى مەن du train, que nous allon (بىزنىڭ ھازىرقىدەك ھايات كەچۈرگىنىمىزدە) بايلىغىمىزنىڭ ئۇزاققا بارماسلىغىنى بىلمە-

سەم! بۇ كىلۇبمۇ ھەتتا ئېرىمنىڭ مېھرىۋانلىقىمۇ. بىز يېزىدا تۇرىمىز، دەم ئالىدۇ دەمسەنا؟ تىياتىرلار، ئوۋ، يەنە نىمىلەرنىڭ بارلىقىنى ھېچكىممۇ بىلمەيدۇ! ئۆزەم توغرىسىدا ئېيتمايلا قوياي! سەن ئېيتقىنا، سەن ئۆز ئىشلىرىڭنى قانداقسىغا جايلاشتۇردۇڭكىسىنتاك؟ مەن دائىم ساڭا ئەجەپلىنىمەن، Annette (ئانېتا)، سەن شۇ ياشقا كىرگەن چاغلىرىڭدا، ئۆزەڭ يالغۇز پوۋۇسكىدا ئولتۇرۇپ، موسكۋاغا، پېتىر-بۇرگقا چېپىپ، مىنىستىرلار بىلەن، بارلىق چوڭ كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، ھەممە كىشىلەر بىلەن چىقىشقىنىڭغا ئەجەپلىنىمەن! سەن قانداق قىلىپ بۇ ئىشلارنى ئەپلىدىڭكىن-تاڭ؟ مۇنداق ئىشلار مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ.

— ئاھ، باغرىم! — دەپ جاۋاپ بەردى كىنەز ئايىم ئاننا مىخايلوۋنا. — مال-مۈلۈكسىز بىر تۇل خوتۇن ھالىتىدە جېنىمدەك ياخشى كۆرىدىغان ئوغلۇم بىلەن قالغانلىقىمنىڭ قانچىلىك ئېغىر ئىش ئىكەنلىكىنى سەن مەڭگۈ بىلمەي قالغىن! ھەممىگە ئۆگىنىپ قالىدىكەندە سەن، — دېدى ئۇ بىرئاز مەغرۇرلۇق بىلەن سۆزىنى داۋام قىلىپ. — بېشىمغا كەلگەن دەۋا مېنى موللا قىلدى. ئەگەر مەن بۇ چوڭ كىشىلەرنىڭ بىرەرسى بىلەن كۆرۈشمەكچى بولسام: "princesse une telle" (پالانى كىنەز ئايىم) پالانى كىشى بىلەن كۆرۈشمەكچى" دەپ بىر پارچە قەغەزگە يېزىپ قويىمەن-دە، ھارۋىدا ئولتۇرۇپ، مەيلى ئىككى قېتىم، مەيلى ئۈچ قېتىم، مەيلى تۆت قېتىم بولسۇن — تاكى ئۆزەم لازىم دىگەن نەرسىگە ئىگە بولمىغىچە توختاپ قالمايمەن. مېنىڭ ھەققىمدە نىمە دىسە دەۋەرسۇن، مەيلى.

— ھە، بورىنكا توغرىسىدا سەن كىمگە ئىلتىماس قىلغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىدىڭ؟ — دەپ سورىدى گراف ئايىم. — مانا، ئۆيۈڭدە گۋاردىيىچى ئەپتسەر تۇرۇپتۇ، نىكولۇشكام① بولسا، ئۆگەنچى ئەپتسەر② بولماقچى. ئۇنىڭ ئۈچۈن چاپىدىغان ئادەم يوق. سەن ئىلتىماس قىلىپ سورىغان ئادەم كىم؟

— كىنەز ۋاسىلىغا ئىلتىماس قىلدىم. ئۇ ناھايىتى مېھرىۋانلىق قىلدى. دەرھال ماقۇل بولۇپ پادىشا ئالىلىرىغا مەلۇم قىلدى، — دېدى كىنەز ئايىم ئانىنا مىخايلوۋنا خوشال بولۇپ ۋە بۇ مەقسىدىگە يېتىش ئۈچۈن دۇچكەلگەن ھەممە خورلۇقلارنى تامامەن ئۇنتۇپ.

— كىنەز ۋاسىلى قېرىدىپ كەتكەنمۇ، نېمە؟، — دەپ سورىدى گراف ئايىم. — مەن ئۇنى بىزنىڭ رۇمىيەنتسېۋلارنىڭكىدە بولغان تىياتىردىن كېيىن ئۇچراتمىدىم. مېنى ئۇنتۇپ قالغان بولسا كېرەك دەپ ئويلايمەن. Il me faisait la cour (ئۇ بىر چاغلىرى مېنىڭ ئارقىمدىن ئەگىشىپ يۈرەتتى)، — دېدى گراف ئايىم تەبەسسۇم بىلەن شۇ چاغلىرىدىنى ئەسلەپ.

— ئۇ يەنىلا شۇنداق، — دەپ جاۋاپ بەردى ئانىنا مىخايلوۋنا، — ھامان خۇشخۇي، يېقىملىق. — Lesgran deurs ne lui ont pas tournè la tête du tout (مەرتىۋە ئۇنى قىلچىمۇ ئۆزگەرتمەپتۇ). "مېنىڭ سىزگە قىلغىنىم شۇنچىلىك ئازكى، ناھايىتى ئەپسۇسلىنىمەن،

---

① نىكولۇشكا — نىكولاينىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى. بورىسكا — بۇمۇ ئوخشاشلا بورىسنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى. — تەر.

② ئۆگەنچى ئەپتسەر — ئىنقىلاپتىن ئىلگىرىكى روسىيىدە ئەپتسەر تەربىيىلەيدىغان ھەربى مەكتەپلەردىكى پراكتىكانت ئەپتسەر. — تەر.

سۆيۈملۈك ئايىم، سىز ماڭا بۇيرۇڭ" دېدى ئۇ ماڭا. شۇنداق، ئۇ ناھايىتى ئوبدان ئادەم، ناھايىتى مېھرىۋان. لېكىن، Nathalie (ناتالىيە)، سەن بىلىسەنغۇ ئوغلۇمغا بولغان مۇھەببىتىمنى. ئۇنىڭ بەختى ئۈچۈن مەن نىمىلەرنى قىلمايتتىم! لېكىن ئەھۋالىم شۇنچىلىك يامانكى، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى ئانىنا مىخايلوۋنا غەمكىنلىك بىلەن ۋە ئاۋازىنى پەسەيتىپ، — شۇنچىلىك يامانكى، مەن ھازىر ناھايىتى ئېغىر دەھشەتلىك ئەھۋالدا قالدىم. مېنىڭ ھېلىقى قۇرۇپ كەتكۈر دەۋايىم تاپقان-تۈككەنلىرىمنىڭ ھەممىسىنى يەپ بولدى-يۇ، ھېچقانداق ئىلگىرىلەش بولمىدى. مەن à la tettve (بەزىدە) بىر تىيىنسىز قالىمەن دېسەم ئىشىنەمسەن؟ بورىسنى نىمە بىلەن كىيىندۈرىدىغانلىقىمنى بىلمەيمەن. — ئۇ قولياغلىقىنى چىقار-دى-دە، يىغلاپ كەتتى. — ماڭا بەش يۈز سوم كېرەك، ئەمما پەقەت يىگىرمە بەش سوملۇق بىر قەغەز تۇرۇپتۇ. مەن مۇشۇنداق قىيىن ئەھۋالدا قالدىم... ھازىر مېنىڭ بىرگىنە ئۈمىدىم گراف كىرىل ۋلادىمىروۋىچ بېزئوخوۋدا. ئەگەر ئۇ ئۆزىنىڭ چوقۇندۇرۇلغان بالىسىغا (ئۇ بورىسنى چوقۇندۇرغان) ياردەم بېرىشنى ۋە تۇرمۇشى ئۈچۈن بىرەر نەرسە قالدۇرۇشنى خالىمىسا، مېنىڭ ھەممە ئۇرۇنۇشلىرىم تامامەن يوققا چىقىدۇ: مەن ئۇنى كىيىندۈرەلمەيمەن.

گراف ئايىمنىڭ كۆزىدىن تارام-تارام ياش تۆكۈلدى-دە، جىم بولۇپ ئويلىنىپ قالدى.

— مەن دائىم ئويلايمەنكى... ئېھتىمال بۇ گۇنالىق بولۇشى مۇمكىن، — دېدى كىنەز ئايىم — بۇ يەردە پەقەت بىرگىنە گراف كىرىل ۋلادىمىروۋىچ بېزئوخوۋ ھايات كەچۈرىدۇ... شۇنچە كۆپ مال-مۈلۈك... ئۇ نىمىنى دەپ ياشايدۇ؟ ئۇنىڭچە ھايات كەچۈرۈش —

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇ بىر يۈك، بورىس بولسا ھايات كەچۈرۈشنى تېخى ئەمدىلا باشلىدى...

— ئۇ بورىسقا بىرەر نەرسە قالدۇرار دەيمەن، — دېدى گراف ئايىم.

— خۇدا بىلىدۇ، chère amie! (سۆيۈملۈك دوستۇم)! بۇ بايلار، تۆرىلەر شۇنچىلىك شەخسىيەتچى ئادەملەركى. لېكىن مەن يەنىلا دەرھال بورىسنى ئېلىپ ئالدىغا بارىمەن-دە، ئۇنىڭغا توپ-توغرا ئېيتىمەن. كىشىلەر مېنىڭ ھەققىمدە نىمە دېسە دەۋەرسۇن، ئوغلۇمنىڭ تەقدىرى شۇنىڭغا باغلىق بولغان چاغدا، مەيلى، نىمە دېسە دېسۇن. — كىنەز ئايىم ئورنىدىن تۇردى. — ھازىر سائەت ئىككى، سىلەر تۆتتە تاماق يەيسىلەر. بېرىپ كېلەي، ئۈلگۈرىمەن.

شۇنىڭ بىلەن خۇددى ۋاقتىنى پايدىلىنىشنى بىلىدىغان پېتىر-بۇرگنىڭ ئەمىلىي ئىشۋاز خېنىملىرىدەك، ئانىنا مىخايلوۋنا ئوغلىنى چاقىرىشقا كىشى ئەۋەتتى ۋە كېيىن ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئالدىنقى ئايۋانغا چىقىپ كەتتى.

— خەير، باغرىم، — دېدى ئۇ، ئۆزىنى ئىشىككىچە ئۇزىتىپ كەلگەن گراف ئايىمغا، — ماڭا ئۇتۇق تىلە، — دەپ قوشۇپ قويدى يەنە ئوغلى ئاڭلىمىغۇدەك پىچىرلاپ.

— سىز كىرىل ۋلادىمىروۋىچنىڭكىگە بارامسىز، ma chère (سۆيۈملۈكۈم)؟ — دېدى تاماقخانىدىن چىقىپ ئالدىنقى ئايۋانغا كىرىپ كېتىۋاتقان گراف. — ئەگەر ئۇ ياخشىلىنىپ قالغان بولسا، پىيەرغا ئېيتىپ قويۇڭ، بىزنىڭكىگە تاماققا كەلسۇن. ئۇ بۇ يەرگە كېلىپ باللار بىلەن تانسا ئويناپ يۈرىدۇ. ئەلۋەتتە ئېيتىڭ،

ma chère (سۆيۈملۈگۈم). قېنى، تاراس① بۈگۈن قانداق ھۈنىرىنى كۆرسىتىدىكىن، كۆرىمىز. ئۇ گراف ئورلوۋنىڭكىدە بىز ئۇيۇشتۇرماقچى بولۇۋاتقاندەك زىياپەت بولمىغان② دەيدۇ.

## 12

— Mon cher Boris (ئوغلۇم بورىس)، — دېدى كىنەز ئايىم ئاننا مىخايلوۋنا ئوغلىغا ئۆزلىرى ئولتۇرغان گراف ئايىم روستوۋانىڭ ھارۋىسى پاخال يېپىتىلغان يولدىن ئۆتۈپ، كىرىل ۋلادىمىروۋىچ بېزئۇخوۋنىڭ چوڭ ھويلىسىغا بۇرالغان چاغدا، — Mon cher Boris (ئوغلۇم بورىس)، — دېدى ئانىسى قولىنى كونا يېپىنچىسىنىڭ ئاستىدىن چىقارغاندىن كېيىن، ئۇنى ئەندىشە ئىچىدە

---

① تاراس — روستوۋ ئۆيىنىڭ ئاشپىزى. تەپسىلاتىنى 14 - باپتىن كۆرۈڭ.

② بۇ يەردە گراف ئالېكسېي ئورلوۋ نەزەردە تۇتۇلىدۇ. بىر مىڭ يەتتە يۈز ئاتمىش ئىككىنچى يىلى سارايدا سىياسىي ئۆزگىرىش بولغاندا پېيوتر III ئۆلۈپ، يېكاتېرىنا تەختكە ئولتۇرىدۇ. گراف ئورلوۋ ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى گرىگورى سىياسىي ئۆزگىرىشتە مۇھىم رول ئوينىغان. ئالېكسېي ئورلوۋ بىر مىڭ يەتتە يۈز يەتمىش تۆتىنچى يىلى تۈركلەر بىلەن بولغان جەڭلەردە خىزمەت كۆرسەتكەندىن كېيىن، موسكۋا ئەتراپىدىكى نېسكوچنى دېگەن جايدا دەم ئېلىشقا چىققان، ئۇ يەردە ھەشەمەتلىك بەزمىلەر ۋە زىياپەت يىغىلىشلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ قولى ئوچۇقلۇغى ۋە مېھماندوستلۇغى بىلەن بىر مەزگىل داڭ چىقارغان. ئۇ ئون توققۇزىنچى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا موسكۋادا ئاتاقلىق كىشىلەرنىڭ بىرى بولغان. — تەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ۋە مېھرىۋانلىق بىلەن ئوغلىنىڭ قولىغا قويۇپ، — ئوبدان كۆرۈش-كىن، ھال-ئەھۋال سورا. گراف كىرىل ۋلادىمىروۋىچ ھەرقانداق بولغاندىمۇ سېنىڭ چوقۇندۇرغان داداڭ بولىدۇ، سېنىڭ كەلگۈسى تەقدىرىڭ شۇنىڭغا باغلىق. بۇ ئېسىڭدە بولسۇن، mon cher (ئوغلۇم)، قولۇڭدىن كەلگىنىچە ئوبدان كۆرۈشكىن...

— ئەگەر بۇ ئىشتىن خورلۇقتىن باشقا بىر نەرسە كېلىپ چىقىشىنى بىلگەن بولسام ئىدى... — دەپ جاۋاپ بەردى ئوغلى سوغاق-قىنا. — لېكىن مەن سىزگە ۋەدە بەرگەنلىكىم ئۈچۈنلا مۇشۇنى قىلىمەن.

دەرۋازىۋەن ئىشىك ئالدىدا كىمنىڭ ھارۋىسى تۇرغانلىقىغا قارىماستىن، ئانا بىلەن ئوغۇلغا ئوبدان سەپسېلىۋېلىپ (بۇ ئىككىيلەن ئۆزلىرى توغرىسىدا مەلۇم قىلىشنى بۇيرۇماستىنلا، تەكچىلەردە قاتار-قاتار ھەيكەللەر قويۇلغان ئەينەكلىك ئارىلىقتا توپ-توغرا كىرىشكەن ئىدى)، ھىلىقى كونا يېپىنچىغا مەنىلىك قارىدى-دە، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ كىم بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىنى، كىنەز قىزى بىلەن ياكى گراف بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىنى سورىدى ۋە گراف بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، بۈگۈن گراف جاناپلىرىنىڭ كېسىلى ئېغىرلىقىنى ۋە جانابى ئالىلىرىنىڭ ھەرقانداق كىشىنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— قايتىپ كېتەيلى، — دېدى ئوغلى فرانسۇزچىلاپ.

— Mon ami! (دوستۇم!) — دېدى ئانىسى يېلىنغان ھالدا قولىنى ئوغلىنىڭ قولىغا قويۇپ، ئوغلىنىڭ قولىنى تۇتۇش گويا ئۇنى تېپچىلاندۇرىدىغاندەك ياكى ئۇنى رىغبەتلەندۈرىدىغاندەك.

بورىس ھېچنېمە دېمىدى ۋە شىنىلىنى سالماي تۇرۇپ ئانىسىغا

سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ قويىدى.

— !Mon ami (غوجام)، — دىدى ئاننا مىخايلوۋنا مۇلايىم ئاۋاز بىلەن ھىلىقى خىزمەتچىگە مۇراجىئەت قىلىپ، — مەن گراف كىرىل ۋلادىمىروۋىچنىڭ كېسىلى ئېغىر ئىكەنلىگىنى بىلىمەن...مەنمۇ شۇ سەۋەپتىن كەلگەن...مەن ئۇنىڭ تۇققىنى...مەن ئۇنى بىسەرەمەجان قىلمايمەن، غوجام.... مەن پەقەت كىنەز ۋاسىلى سېرگېيېۋىچ بىلەن كۆرۈشسەم بولىدى: ئۇ شۇ يەردە تۇرىدۇ، شۇنداق ئەمەسما؟ خەۋەر قىلىپ قويغىن.

خىزمەتچى قاپىغىنى تۈرۈپ، يۇقۇرىغا چىقىدىغان بىنادىكى قوڭغۇراقنىڭ يىپىنى تارتتى-دە، ئارقىسىغا بۇرۇلدى.

— كىنەز ئايىم درۇبېتسكايا كىنەز ۋاسىلى سېرگېيېۋىچ بىلەن كۆرۈشىدىكەن، — دىدى ئۇ يۇقۇرىدىن پەسكە يۈگۈرۈپ چۈشۈۋېتىپ پەلەمپەينىڭ بۇرۇلىدىغان جايىدا پەسكە قاراپ تۇرغان خىزمەتچىگە ۋاقىراپ. بۇ خىزمەتچى پۇتىغا ئۇزۇن پايپاق، باشماق، ئۇچىسىغا فراك كىيگەن ئىدى.

ئاننا مىخايلوۋنا بويالغان يىپەك كۆينەكنىڭ بۇرۇملىرىنى تۈزەتتى-دە، تامغا ئويۇپ ئورنىتىلغان چوڭ ۋېنىتسىيە ئەينىگىگە ئۇبدان قارىغاندىن كېيىن، كونىراپ كەتكەن باشمىغى بىلەن تېز قەدەم تاشلاپ گىلەم سېلىنغان پەلەمپەيدىن يۇقۇرىغا چىقىپ كەتتى.

— Mon cher, vour m'avez promis (ئوغلۇم، سەن ماڭا ۋەدە بەرگەن ئەمەسمىدىڭ)، — دىدى ئاننا مىخايلوۋنا ئوغلىنىڭ قولىنى تۇتۇپ ۋە ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىپ.

ئوغلى يەرگە قارىغىنىچە ئانىسىنىڭ ئارقىسىدىن جىم ماڭاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇلار بىر ئىشىگى كىنەز ۋاسىلى ئولتۇرىدىغان ئۆيگە ئېچىلىدىغان بىر زالغا كىردى.

ئانا ـ بالا ئىككىيلەن زالنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ، ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ قالغان قېرى خىزمەتكاردىن يول سورىماقچى بولۇۋاتقاندا، بىر ئىشىكنىڭ مىس تۇتقۇچى بۇرالدى ـ دە، مەخمەلدىن سىرتقى كىيىم كىيگەن، ئۆيدىكى ئادىتى بويىچە كۆكرىكىگە پەقەت بىرگىنە مېدال ئېسىۋالغان كىنەز ۋاسىلى خېلى كېلىشكەن قاراچاچلىق بىر ئەر كىشىنى ئۇزىتىپ چىقتى. بۇ ئادەم پېتربۇرگ بويىچە داڭلىق دوختۇر Lorrain ئىدى.

— C'est doncpositip (بۇ راستمۇ؟) — دېدى كىنەز.

— Mon priuce, "errare humanum est", mais... (كىنەز "خاتالىشىش ئادەمگە خاس" بىراق...)، — دەپ جاۋاپ بەردى دوختۇر R ھەرپىنى ئېيتالماي يۇتۇۋېتىپ، لاتىنچە ماقالىنى فرانسۇزچە تەلەپپۇز قىلىپ.

— C'est bien, C'est bien (ناھايىتى ياخشى، ناھايىتى ياخشى).

ئوغلى بىلەن ئانىنا مىخايلوۋنانى كۆرگەن كىنەز ۋاسىلى دوختۇرنى تازىم بىلەن ئۇزىتىپ قويدى، ئۇنىڭدىن كېيىن گەپ قىلماستىن سوئال نەزىرى بىلەن ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلدى. ئوغلى بولسا ئانىسىنىڭ چىرايىدا بىردىنلا چوڭقۇر غەم ـ قايغۇنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداقلا كۈلۈمسىرەپ قويغانلىقىنى سېزىۋالدى.

— شۇنداق، بىز قانداق قايغۇلۇق ئەھۋالدا سىز بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدۇق، كىنەز!...بىز ئۈچۈن قەدىرلىك بولغان كېسىلىمىزنىڭ

ئەھۋالى قانداق؟ — دېدى ئاننا مىخايلوۋنا، خۇددى كىنەز ۋاسىلىنىڭ سوغاق ۋە ھۆرمەتسىز قاراشلىرىنى سەزمىگەندەك قىلىپ.

كىنەز ۋاسىلى سوئال نەزىرى بىلەن ۋە ھاڭ-تاڭ بولۇپ ئاننا مىخايلوۋناغا، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوغلىغا قاراپ قويىدى. بورىس ھۆرمەت بىلەن تازىم قىلدى. كىنەز ۋاسىلى ئۇنىڭ تازىمىغا جاۋاپ بەرمەي، ئاننا مىخايلوۋناغا قاراپ ئۆرۈلۈۋالدى-دە، ئۇنىڭ سوئالىغا بېشى ۋە ئاغزىنىڭ ھەركىتى بىلەن جاۋاپ بەردى، بۇ ھەركەت كېسەلدىن ئۈمىتنىڭ ناھايىتى ئازلىغىنى بىلدۈرەتتى.

— شۇنداقمۇ بولارمۇ؟ — دەپ ۋاقىرىۋەتتى ئاننا مىخايلوۋنا. — ئاھ، بۇ نېمە دېگەن دەھشەت! ئويلاشنىڭ ئۆزىمۇ قورقۇنچلۇق...بۇ مېنىڭ ئوغلۇم، — دەپ قوشۇپ قويىدى ئاننا مىخايلوۋنا بورىسنى كۆرسىتىپ. — ئۇ ئۆزى سىزگە مىننەتدارلىق بىلدۈرگىلى كەلدى.

— كىنەز، شۇنىڭغا ئىشىنىڭكى، بىزگە قىلغان ياخشىلىغىڭىزنى ئانىنىڭ قەلبى ھېچقاچان ئۇنتۇمايدۇ، — دېدى ئاننا مىخايلوۋنا.

بورىس يەنە بىر مەرتىۋە ئەدەپ بىلەن تازىم قىلدى.

— مەن سىزگە ئازراق ياخشىلىق قىلىپ قويغانلىغىم ئۈچۈن خۇرسەنمەن، سۆيۈملۈك ئاننا مىخايلوۋنا، — دېدى كىنەز ۋاسىلى ئۆزىنىڭ گۈللۈك ياقىسىنى تۈزەشتۈرۈپ. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەركىتى ۋە گېپىنىڭ ئاھاڭى بىلەن پېتربۇرگدا ئاننا شېرېرنىڭكىدە ئۆتكۈزۈلگەن كەچكى زىياپەتتىكىگە قارىغاندا بۇ يەردە، موسكۋادا، ئۇنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەن ئاننا مىخايلوۋنا ئالدىدا ئۆزىنىڭ تېخىمۇ زور ئىززىتى ۋە ئابرويىنى كۆرسىتەتتى.

— ئوبدان ئىشلەش ئۈچۈن تىرىشىڭ ۋە مۇناسىپ ئادەم بولۇڭ، — دەپ جىددى قوشۇمچە قىلدى ئۇ، بورىسقا قاراپ. — مەن

ناھايىتى خوشال بولدۇم...سىز بۇ يەرگە تەتىل قىلىپ كەلدىڭىزما؟ — ئۇ ئادەتتىكىدەك سوغاق ئاھاڭدا سۆزىنى داۋام قىلدى.

— يېڭى خىزمەتكە بېرىش ئۈچۈن بۇيرۇق كۈتۈۋاتىمەن، جانابىي ئالىيلىرى، — دەپ جاۋاپ بەردى بورىس. ئۇ نە كىنەزنىڭ ئەدەپسىز مۇئامىلىسىگە خاپا بولغانلىقىنى ۋە نە ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىش ئۈمىدىنىمۇ بىلىندۈرمەيتتى، لېكىن شۇنداق خاتىرجەملىك ۋە ئەدەپ بىلەن سۆزلىدىكى، كىنەز ئۇنىڭغا تىكىلىپ قالغان ئىدى.

— سىز ئانىڭىز بىلەن بىللە تۇرامسىز؟

— گراف ئايىم روستوۋانىڭ ئۆيىدە تۇرىمەن، — دېدى بورىس، — "جانابىي ئالىيلىرى" دىگەن سۆزنى قوشۇپ قويدى.

— ھېلىقى ناتالىيە شىنشىناغا ئۆيلەنگەن ئىلىيە روستوۋنىڭ ئۆيىدە، — دېدى ئاننا مىخايلوۋنا.

— بىلىمەن، بىلىمەن، — دېدى كىنەز ۋاسىلى بىر خىلدىكى ئاۋازى بىلەن. — Je n'ai jamais Pu concevoir, comment Nathalie s'est dècidèe à èpouser cet ours mal-lèchè! Un personnage complètement stupide et ridicule. Et joueur à ce qu'on dit (مەن ناتالىيەنىڭ قانداق قىلىپ شۇ ئېيىقتەك قوپال ئادەمگە ياتلىق بولۇشقا قانداق قارار قىلغانلىقىنى زادىلا چۈشەنمەيمەن! زادى پەمى يوق، ئەلنىتى ئادەم. ئۇنىڭ ئۈستىگە قىمارۋاز دىيىشىدۇ).

— Mais tre's brave homme, monpriuce (ئەمما، ئوبدان ئادەم، كىنەز)، — دەپ ئەسكەرتىپ قويدى ئاننا مىخايلوۋنا مەيۈس كۈلۈمسىرەپ، خۇددى گراف روستوۋنىڭ شۇنداق پىكىرگە لايىق ئادەم ئىكەنلىكىنى ئۆزى بىلگەن بولسىمۇ، ئەمما بىچارە بوۋايغا ئىچىنىشنى سورىغاندەك.

— دوختۇر نىمە دەيدۇ؟ — دەپ سورىدى كىنەز ئايىم بىرئاز توختىغاندىن كېيىن، غەمكىن چىرايىدا يەنە چوڭقۇر قايغۇ-ھەسرەتنى ئىپادىلەپ.

— ئۈمىت ئاز، — دىدى كىنەز.

— ئۇنىڭ ماڭا ۋە بورىسقا قىلغان ھەممە مېھىر-شەپقىتى ئۈچۈن تاغامغا يەنە بىر مەرتىۋە مىننەتدارلىقىمىزنى بىلدۈرگەن بولسام دەيمەن-دە. C'est sonfilleuil (بۇ كىشى ئۇنىڭ چوقۇندۇرغان ئاتىسى)، — دىدى ئاننا مىخايلوۋنا، بۇ خەۋەر گويا كىنەز ۋاسىلىنى ئىنتايىن خوشال قىلىدىغاندەك.

كىنەز ۋاسىلى ئويلىنىپ قالدى-دە، قاپىقىنى تۈردى. ئاننا مىخايلوۋنا گراف بېزئۇخوۋنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ئۆزىنىڭ مىراس تالىشىدىغان ئادەم بولۇپ قېلىشىدىن ئۇنىڭ قورققانلىقىنى چۈشەندى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى تېزدىن تېچلاندۇرۇشقا كىرىشتى.

— ئەگەر مېنىڭ گراف تاغامغا ھەقىقى مۇھەببىتىم ۋە سادا-قىتىم بولمىغاندا ئىدى، — دىدى ئۇ "تاغام" دىگەن سۆزنى ئالاھىدە ئىشەنچ ۋە ئىرەڭسىزلىك بىلەن ئېيتىپ، — مەن ئۇنى ياخشى بىلىمەن: ئالىجاناپ، ئاق كۆڭۈل ئادەم، بىراق، سىز بىلىسىز، ھازىر ياش كىنەز قىزلىرىدىن باشقا، ئۇنىڭ يېنىدا ھىچكىم يوق... ئۇلار تېخى ياش... — ئۇ بېشىنى تۆۋەن سالدى ۋە پىچىرلاپ يەنە شۇنى قوشۇپ قويدى: — ئۇ ئۆزىنىڭ ئاخىرەت قەرزىنى ئادا قىلدىمۇ[1]، كىنەز؟ ئاخىرقى مىنۇتلار غەنىمەت-تە! بۇنىڭدىنمۇ يامىنى يوق،

---

[1] پراۋوسلاۋ دىنىدا، ئۆلۈش ئالدىدا جەسەت بەدىنىگە ماي سۈركەش مۇراسىمى. — تەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەگەر ئۇنىڭ ئەھۋالى ئېغىر بولسا، ئۇنى شۇنىڭغا تەييارلاش كېرەك. بىز ئاياللار، كىنەز، — دىدى ئۇ، يېقىملىق كۈلۈپ تۇرۇپ، — بۇ ئىشلارنى نىمە دەپ ئېيتىش كېرەكلىكىنى بىلىمىز. مەن كىرىپ كۆرۈشۈم زۆرۈر ئىدى. بۇ مەن ئۈچۈن قانچىلىك ئازاپلىنار-لىق بولسىمۇ مەيلى. مەن مۇنداق ئازاپ چېكىشكە كۆنۈپ قالغانمەن.

كىنەز، روشەنكى، Annette (ئاننا) شېرېرنىڭ ئۆيىدە بولغان كەچكى زىياپەتتىكىدەك، بۇ يەردىمۇ ئاننا مىخايلوۋنادىن قۇتۇلۇشنىڭ تەسلىگىگە كۆزى يەتكەن ئىدى.

— سىزنىڭ كىرىشىڭىز ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېغىر بولماسمۇ، machere (سۆيۈملۈك) ئاننا مىخايلوۋنا، — دىدى كىنەز، — كەچقۇرۇن-غىچە سەۋرى قىلايلى، دوختۇرلار كەچقۇرۇنغىچە يەنە ئۆزگىرىپ قالىدۇ، دىگەن ئىدى.

— لېكىن، مۇشۇنداق پەيتتە، كىنەز، يەنىمۇ سەۋرى قىلىشقا بولمايدۇ-دە! Pensez, il y va du salut de son ame... (گەپ ئۇنىڭ روھىنى قۇتقۇزۇش توغرىسىدا بولۇۋاتىدۇ...ئويلاپ كۆرۈڭ، ئاھ، بۇ نىمە دىگەن دەھشەت، خىرىستىيان مۇرىدىنىڭ بۇرچى...) C'est terrible, les devoirs d'un chrètien.

ئىچكى ئۆيلەردىن بىرىنىڭ ئىشىگى ئېچىلدى-دە، گراف قىزلىرىنىڭ بىرى گرافنىڭ جىيەنى قاپىغى تۈرۈلگەن، سوغاق تەلەتى بىلەن چىقىپ كەلدى، ئۇنىڭ ئۇزۇن بېلى، قىسقا پۇتلىرى بىر بىرىگە زادىلا ماس كەلمىگەن ئىدى.

كىنەز ۋاسىلى قايرىلىپ ئۇنىڭغا قارىدى.

— خوش، ئۇنىڭ ئەھۋالى قانداق؟

— يەنىلا شۇنداق. سىز نىمىنى كۈتىسىز، بۇ نىمە دىگەن ۋاڭ-

چۇڭ... — دېدى كىنەز قىزى، ئاننا مىخايلوۋناغا خۇددى تونۇمىغان بىر كىشىدەك قاراپ چىقىپ.

— Ah, chére, jene vous Veconnaissais pas (ۋاي ئاللا، سۆيۈملۈكۈم، مەن سىزنى تونۇيالماي قاپتىمەن، — دېدى ئاننا مىخايلوۋنا خوشال تەبەسسۇم قىلىپ ۋە يەڭگىل قەدەم بىلەن يورغىلاپ گىرافنىڭ جىيەنى قېشىغا كەلدى) . — je viens d'arriver et je suis à vous pour vous aider à soignre mon oncle. J'imagine, combien vous avez souffert (مەن سىزگە تاغىڭىزنى كۈتۈشتە ياردەملىشىش ئۈچۈن كەلدىم. ناھايىتى ئازاپ چەككەندەك كۆرۈنىسىز)، — دېدى يەنە قايغۇرغان ھالدا كۆزلىرىنى پىرىلدىتىپ.

كىنەز قىزى ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋاپمۇ قايتۇرمىدى، ھەتتا چىرايىنىمۇ ئاچماي دەرھال چىقىپ كەتتى. ئاننا مىخايلوۋنا قولىدىن پەلىينى ئالدى-دە، ئورنىنى قولىدىن كەتكۈزۈپ قويماي كرېسلوغا ئولتۇرۇپ، كىنەز ۋاسىلىنى يېنىدا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

بورىس! — دېدى ئاننا مىخايلوۋنا ئوغلىغا قاراپ ئىلجىيىپ، — مەن ھازىر گىراف تاغامنىڭ ئالدىغا كىرىمەن. سەن mon ami (باغرىم)، ھازىرچە پىيېرنى تاپ، ئۇنىڭغا روستوۋلارنىڭ تەكلىۋىنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى ئېسىڭدىن چىقارما، ئۇلار ئۇنى تاماققا تەكلىپ قىلغان ئەمەسمۇ، ئۇ بارماس دەپ ئويلايمەن، — دېدى كىنەزگە قاراپ.

— ئەكسىچە، — دېدى كىنەز (ئۇنىڭ كەيپى ئۇچقان بولسا كېرەك)، — Je serais trés content sivous me débarrassez de ce jeune homme... (ئەگەر سىز ئۇ يىگىتنى كۆزۈمدىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

نېرى قىلغان بولسىڭىز، ناھايىتى خۇرسەن بولغان بولاتتىم...) شۇ يەردە ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان، گىراف ئۇنى بىر قېتىممۇ سوراپ باقمىغان ئىدى.

ئۇ يەلكىسىنى قىسىپ قويدى. خىزمەتچى بورىسىنى پەسكە ئېلىپ چۈشتى، كېيىن باشقا پەلەمپەي بىلەن يۇقۇرىغا، پيېر كىرىللوۋىچنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقتى.

## 13

پيېر پېتربۇرگدا ئۆزىگە لايىق بىر ئەمەلنى تاللىۋالالمىغان ۋە چاتاق چىقىرىپ يۈرگەنلىكى ئۈچۈن ھەقىقەتەن موسكۋاغا قوغلىۋېتىلگەن ئىدى. گراف روستوۋنىڭ ئۆيىدە ئۇنىڭ توغرىسىدا قىلىنغان گەپلەرنىڭ ھەممىسى راست ئىدى. پيېر مىرشابنى ئېيىققا باغلاپ تېگىپ قويغان ۋەقەگە ئىشتىراك ئەتكەن ئىدى. ئۇ بۇندىن بىرنەچچە كۈن ئاۋال موسكۋاغا كەلدى ۋە ھەر ۋاقىتتىكىدەك ئاتىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ قالدى. ئۇ گەرچە بۇ گەپ-سۆزلەرنىڭ موسكۋاغا يېيىلىپ كەتكەنلىكىنى، ئاتىسىنىڭ ئەتراپىدا يۈگۈرۈشۈپ يۈرگەن ۋە ئۇنىڭغا ھەمىشە يامان كۆزلىرى بىلەن قاراپ كېلىۋاتقان خانىملارنىڭ بۇ ۋەقەدىن پايدىلىنىپ ئاتىسىنىڭ چىشىغا تېگىشىنى ئالدىن ئويلىغان بولسىمۇ، كەلگەن كۈنى يەنىلا ئاتىسى تۇرىدىغان ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرگەن ئىدى. ئۇ كىنەز قىزلىرىنىڭ ئادەتتە ئۆزلىرىنىڭ كۆپ ۋاقتىنى ئۆتكۈزىدىغان مېھمان ئۆيىگە كىرىپ، ئۇلار بىلەن سالاملاشتى، ئۇلارنىڭ ئىككىسى كەرگە ئالدىدا كەشتە تىكىپ ئولتۇراتتى، ئۈچىنچى بىرسى كىتاپنى ئاۋازلىق ئوقۇۋاتاتتى. — ئۇلار

ئۇچەيلەن ئىدى. كىتاپ ئوقۇپ ئولتۇرغان چوڭراغى نازاكەتلىك، بېلى ئۈزۈن ۋە سۇرلۇك بولۇپ، ئانىنا مىخايلوۋنانىڭ ئالدىغا چىققان ھېلىقى قىز ئىدى؛ قالغان ئىككى كىچىكى كەرگىدە كەشتە تىكىپ ئولتۇراتتى: ئۇلار قىپ-قىزىل ۋە چىرايلىق بولۇپ، بىرىنىڭ لېۋىدە ئۆسكەن مەڭ ئۇنىڭغا چىرايلىق ھۆسۈن كىرگۈزەتتى ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇراتتى. پيېر خۇددى جەسەتتەك ياكى ماخاۋ كېسىلى بار ئادەمدەك كۆتۈۋېلىندى. ئەڭ چوڭ كىنەز قىزى ئوقۇشنى توختاتتى ۋە ئۇنىڭغا لام-جىم دېمەستىن قورققان كۆزلىرى بىلەن قاراپ قالدى؛ مېڭى يوق كىچىك بىرسى خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش قىياپەتتە قاراپ تۇرۇپ قالدى؛ لېۋىدە مەڭ ئۆسكەن، خۇشچاخچاق ۋە كۈلگۈنچەك مىجەزلىك ئەڭ كىچىكى، ئۆزى ئالدىن-ئالا كۆرگەن ۋە ھازىر مۇشۇ يەردە تۇغۇلۇش ئېھتىمالى بولغان كۈلكىسىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، ئالدىدىكى كەرگىگە قاراپ ئېگىشىپ ئولتۇرۇۋالدى. ئۇ يۇڭ يىپنى رەختنىڭ تېگىگە تارتتى ۋە خۇددى چېكىلگەن گۈللەرنى پەرق ئەتمەكچى بولغاندەك، كۈلكىسىنى باسالماستىن ئېگىشىپ ئولتۇرۇۋالدى.

— Bonjour, ma cousine (ياخشىمۇ سىز، سىڭلىم)، — دېدى پيېر. — vous ne me reconnaissespas? (مېنى تونۇماي قالدىڭىزمۇ، نىمە؟)

— مەن سىزنى ناھايىتى ياخشى تونۇۋاتىمەن، ناھايىتى ياخشى.

— گرافنىڭ سالامەتلىكى قانداق؟ ئالدىغا كىرسەم بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى پيېر ئوڭايسىزلىنىپ، ئەمما خىجىل بولمىدى.

— گراف روھىي جەھەتتىمۇ، جىسمانى جەھەتتىمۇ ئازاپ چەكمەكتە، ئېھتىمال، سىز ئۇنىڭغا روھىي جەھەتتىن ئازاپنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كۆپەيتىش ئۇچۇن تىرىشۋاتقاندەك كۆرۈنىسىز.

— گرافنىڭ ئالدىغا كىرسەم بولامدۇ؟ — دەپ تەكرارلىدى يەنە پيېر.

— ھىم... ئەگەر سىز ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولسىڭىز، تامامەن ئۆلتۈرمەكچى بولسىڭىز، كىرىۋېرىڭ. ئولگا، بار، قاراپ باقسانا، تاغاڭنىڭ شورپىسى تەييار بولدىمىكىن، تاماق يەيدىغان ۋاقت ئاز قالدى، — دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ، بۇ سۆزى بىلەن پيېرغا ئۆزلىرىنىڭ ئالدىراش ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ئاتىسىنى تىچلاندۇرماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى، ئەمما پيېر بولسا، روشەنكى، پەقەت ئۇنىڭ نېرۋىسىنى چېچىپ بىسەرەمجان قىلىشقا ئالدىراۋاتقانلىقىنى بىلىندۇرمەكچى بولۇپ.

ئولگا چىقىپ كەتتى. پيېر بولسا شۇ يەردە تۇرغىنىچە قىزلارغا بىرئاز قاراپ تازىم قىلىپ:

— بولمىسا مەن ئۆيۈمدە بولىمەن، كىرىش مۇمكىن بولغاندا مېنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇڭلار، — دېدى.

ئۇ چىقىپ كېتىپ، ئارقىسىدىن ھىلقى لېۋىدە مېڭى بار قىزنىڭ جاراڭلىق ئەمما تۆۋەن ئاۋازلىق كۈلكىسى ئاڭلاندى.

ئەتىسى كىنەز ۋاسىلى كېلىپ گرافنىڭ ئۆيىگە چۈشتى. ئۇ پيېرنى ئالدىغا چاقىرىپ مۇنداق دېدى:

— Mon cher, si vous vous conduisez ici, comme à Pétersbourge, vous finivez trés mal; C'est tout ce que je vous dis (ئەزىزىم، ئەگەر سىز بۇ يەردىمۇ پېتربۇرگتىكىدەك قىلىقلارنى قىلىدىغان بولسىڭىز، ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلىسىز، بۇنىڭدا شەك يوق.) گرافنىڭ كېسىلى ناھايىتى ئېغىر، ناھايىتى:

سىز ئۇنى كۆرمەي قويۇڭ.

شۇندىن كېيىن پىيېر بىلەن ھېچكىمنىڭ ئىشى بولمىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈن كۈنىنى يۇقۇرىدا ئۇنىڭغا ئاجرىتىلغان بالىخانىدا ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى.

بورىس ئۇنىڭ ئالدىغا كىرىپ كەلگەن چاغدا، پىيېر ئۆزىنىڭ ياتاقخانىسىدا ئۇ بۇلۇڭدىن بۇ بۇلۇڭغا مېڭىپ يۈرەتتى، بەزىدە ئارىلاپ ئۆيىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا توختاپ، خۇددى كۆرۈنمىگەن دۈشمەنگە خەنجەر ئۇرغاندەك، تامغا نىسبەتەن تەھدىت سالغۇچى قىلىقلارنى قىلىپ، كۆزەينىكىنىڭ ئۈستىدىن دەھشەتلىك قاراپ قوياتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئۇ بۇلۇڭدىن بۇ بۇلۇڭغا مېڭىپ يۈرۈپ، قانداقتۇ چۈشىنىكسىز سۆزلەيتتى ۋە دولىسىنى قىسىپ، قوللىرىنى كۆتىرىپ قوياتتى.

— L'Angleterre a vecu (ئەنگلىيە ئاللىقاچان تۈگىگەن)، — دېدى ئۇ قاپىغىنى تۈرۈپ ۋە قانداقتۇ بىر كىشىنى بارمىقى بىلەن كۆرسىتىپ. — M.pitt comme traitre à la nation et an droit des gens est condamne à (پىتت① مىللەت ۋە خەلق ھوقۇقىغا خائىنلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان جازا...). — ئۇ پىتتىغا قىلىنغان ھۆكۈمنى تېخى ئېيتىپ تۈگىتىشكە ئۈلگۈرمەي، ئۆزىنى ناپالېئوننىڭ ئۆزى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ قەھرىمانلىرى بىلەن بىرگە pa-de-kalec بوغىزىدىن خەۋپكە قارىماي كېسىپ ئۆتۈپ، لوندوننى ئىشغال قىلغان ئادەم دەپ قىياس قىلغان شۇ پەيتتە، ئۆيگە كىرىپ كەلگەن ياش، كېلىشكەن ۋە

① ۋىلگېلم پىتت — شۇ چاغدا ئەنگلىيىدە باش مىنىستىر. — تەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

چىرايلىق ئەپتسەرىنى كۆرۈپ قالدى. پيېر مېڭىشتىن توختىدى. ئۇ بورىس تېخى ئۇن تۆت ياشلىق بالا چاغلىرىدىلا موسكۋادىن كېتىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى تامامەن ئەسلىمەيتتى؛ لېكىن، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۆزىگە خاس خۇشخۇي قىلىقلىرى بىلەن دەرھال ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى-دە، دوستانە تەبەسسۇم قىلدى.

— سىز مېنى ئەسلىيەلىدىڭىزمۇ؟ — دېدى بورىس، ئالدىرىماستىن، خۇشخۇي تەبەسسۇم بىلەن. — مەن ئانام بىلەن بىرگە گرافنى كۆرگىلى كەلگەن ئىدىم، لېكىن گرافنىڭ تاۋى يوقىراق كۆرۈنىدۇ.

— شۇنداق، تاۋى يوق بولسا كېرەك. كىشىلەر ئۇنىڭغا ئارام بەرمەيۋاتقان ئوخشايدۇ، — دېدى پيېر بۇ يىگىتنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئەسلەشكە تىرىشىپ.

بورىس پيېرنىڭ تونۇيالمايۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدى بولغاي، ئۆزىنى تونۇشتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق دەپ ھېساپلاپ، قىلچە تارتىنماستىن ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىدى.

— گراف روستوۋ سىزنى بۈگۈن تاماققا كېلىشكە تەكلىپ قىلدى، — دېدى ئۇ پيېرنى خېلى ئۇزاق ۋاقىت توختاپ قېلىپ تەشۋىشكە سالغاندىن كېيىن.

— ھە...! گراف روستوۋ! — دېدى پيېر ناھايىتى خوشال بولۇپ. — سىز ئۇنىڭ ئوغلى ئىليەمۇ؟ مانا قاراڭ، دەسلەپ سىزنى تونۇماي قاپتىمەن. ئېسىڭىزدىمۇ، بىزنىڭ ۋوروبيېۋ تاغلىرىغا m-me Jacquot (ژاكو خانىم) بىلەن بىرگە چىققىنىمىز... ئۇزۇن زامانلار بولدى.

— سىز خاتالىشىۋاتىسىز، — دېدى بورىس ئالدىرىماي-تېنىمەي،

يۇرەكلىك ھالدا ۋە سەل مەسخىرانە كۈلۈپ قويۇپ. — مەن بورىس، كىنەز ئايىم ئاننا مىخايلوۋنا درۇبېتسكايانىڭ ئوغلى. روستوۋلارنىڭ دادىسى ئىليە، ئوغلى بولسا نىكولاي. مەن ژاكوخانىم دىگەننى زادىلا بىلمەيمەن.

پيېر خۇددى پاشا ياكى ھەرىنى ئۆزىدىن قوغلىماقچى بولغاندەك، بېشى ۋە قولىنى سىلكىپ قويدى.

— ھە، بۇنى قاراڭ! ھەممىسىنى كالىلاماشاڭ قىلىۋېتىپتىمەنغۇ. موسكۋادا بىزنىڭ شۇنچە كۆپ ئۇرۇق - تۇققانلىرىمىز باركى! دىمەك، سىز بورىس ئىكەنسىز - دە، ھە...مانا، بىز سىز بىلەن ئەمدى ئۇقۇشۇۋال-دۇق. بۇلونغا قىلىنىدىغان سەپەر توغرىسىدا سىز قانداق ئويلايسىز؟ ئەگەر ناپالېون قانالدىن ئۆتىدىغانلا بولسا، ئىنگىلىزلەر تەس كۈنگە قالىدۇ. مەن ئويلايمەنكى، سەپەر ناھايىتى ئۇتۇقلۇق بولىدۇ. ئەمما، ۋىللنېف① ئىشنى بۇزۇپ قويمىسىلا!

بورىس بۇلونغا قىلىنىدىغان سەپەر توغرىسىدا ھىچنىمىنى بىلمەيتتى، ئۇ گېزىتلەرنى كۆرمىگەن ئىدى ۋە ۋىللنېف توغرىسىدا بىرىنچى قېتىم ئاڭلىشى ئىدى.

— بىزنىڭ بۇ يەردە، موسكۋادا، سىياسەتكە قارىغاندا زىياپەتلەر ۋە پىتنە - ئۆسەك سۆزلەرگە كۆپرەك كۆڭۈل بۆلىمىز، — دىدى بورىس، ئۆزىگە خاس بىپەرۋالىق ۋە مەسخىرە ئاھاڭى بىلەن. — بۇ گەپلەردىن زادىلا خەۋىرىدىم يوق، ئويلىغىنىممۇ يوق. موسكۋا ھەممىدىن كۆپرەك پىتنە - ئۆسەك سۆزلەر بىلەن بەنت، — دىدى ئۇ سۆزىنى داۋام قىلىپ، — ھازىر ئۇلار سىز ۋە گراف توغرىسىدا

---

① ۋىللنېف (Willnef) — ناپالېوننىڭ گېنېراللىرىدىن بىرى. — تەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

سۆز ـ چۆچەك قىلىشىپ يۈرىدۇ.

پىېر، خۇددى سۆھبەتدىشى، دىگەندە دەۋېتىپ، كېيىن پۇشمان قىلىدىغان بىرەر سۆزنى ئاغزىدىن چىقىرىپ تاشلىشىدىن ئەنسىرىگەندەك، مۇلايىم تەبەسسۇم قىلىپ قويىدى. لېكىن بورىس ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىغان پېتى ئېنىق، روشەن ۋە سوغاق بىر تەرىزدە سۆزلەيتتى.

ـــ موسكۋادا غەيۋەت ـ شىكايەتتىن باشقا ھېچقانداق ئىش يوق، ـــ دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى بورىس. ـــ ھازىر ھەممە ئادەمنىڭ ئەس ـ يادى گرافنىڭ مال ـ مۈلۈك دۇنيالىرى كىمنىڭ قولىدا قالىدىغانلىغىدا، ھالبۇكى، گراف ھەممىمىزدىن كۆپرەك ئۆمۈر سۈرۈشى مۈمكىن، مەن بۇنى چىن كۆڭلۈمدىن تىلەيمەن...

ـــ شۇنداق، ناھايىتى ئېغىر ئەھۋال، ـــ دىدى پىېر سۆز ئارىلاپ، ـــ ناھايىتى ئېغىر ئەھۋال، ـــ پىېر بۇ ياش ئەپتىسەرنىڭ ئۆزىنى ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان بىرەر سۆزنى ئويلانمايلا ئاغزىدىن چىقىرىپ قويۇشىدىن يەنىلا قورقاتتى.

ـــ سىز، ئېھتىمال، ـــ دىدى بورىس، سەل قىزىرىپ، ئەمما ئاۋازى ۋە قىياپىتىنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ، ـــ سىز، ئېھتىمال، ھەممە كىشى بۇ دۆلەتمەن گرافنىڭ قولىدىن قانداقتۇ بىرەر نەرسىنى ئېلىشنى ئويلايدىكەن دەپ ھېس قىلارسىز.

"مانا، دېمىدىممۇ" ـــ دىدى پىېر ئىچىدە.

ـــ ئۇقۇشۇلماسلىقلار بولمىسۇن ئۈچۈن، مەن سىزگە بولۇپمۇ شۇنى ئېيتىپ قويايكى، ئەگەر سىز مېنى ياكى ئانامنى شۇنداق كىشىلەر دەپ قارىسىڭىز، سىز تامامەن خاتا قىلغان بولىسىز. بىز كەمبەغەلمىز ـ يۇ، لېكىن مەن ھېچبولمىغاندا ئۆزەم ھەققىدە ئېيتىپ

قوياي: سىزنىڭ دادىڭىز باي بولغانلىقتىنمۇ، مەن ئۆزەمنى ئۇنىڭ ئۇرۇق-تۇققىنى ئەمەس دەپ ئېيتىمەن ۋە مەيلى مەن ياكى ئانام بولسۇن، ئۇنىڭدىن ھېچقاچان بىرەر نەرسە تاما قىلمايمىز ۋە بەرگەن تەقدىردىمۇ ئالمايمىز.

پيېر ئۇنىڭ سۆزىگە خېلى ۋاقىت چۈشەنمەي تۇردى، ئەمما چۈشەنگەندىن كېيىن دىۋاندىن سەكرەپ تۇردى-دە، ئۆزىگە خاس چاققانلىقى ۋە كېلەڭسىزلىگى بىلەن بورىسنىڭ جەينىگىنىڭ تۆۋىنىدىن تۇتۇپ ۋە بورىسقا قارىغاندا تېخىمۇ قىزىرىپ، نومۇس ۋە ئەلەم ئارىلاش تۇيغۇسى بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى:

— مانا، قاراڭ، بۇ غەلىتە گەپنى! ئەجىبا، سىزنىڭ ئويلىشىڭىز-چە مەن، ... كىم مۇشۇنداق ئويلايدىكەن ... مەن ناھايىتى ئوبدان بىلىمەنكى. ...

لېكىن، بورىس ئۇنىڭ گېپىنى يەنە بۆلۈۋەتتى:

— مەن ناھايىتى خۇرسەنمەن، ھەممە گېپىمنى دەپ بولدۇم. ئېھتىمال، گېپىم سىزگە ئانچە ياقمىغان بولۇشى مۇمكىن، مېنى كەچۈرۈڭ، — دىدى بورىس پيېرغا تەسەللى بېرىپ، ھالبۇكى پيېر ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشى كېرەك ئىدى، — بىراق، شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، مەن سىزنى رەنجىتمىدىم. مەن ئەزەلدىنلا مۇشۇنداق تۈپ-تۈز، نىمە بولسا دەۋېرىمەن ...خوش، روستوۋلارغا نىمە دەي؟ تاماققا بارامسىز؟

بورىس، ئېغىر مەجبۇرىيىتىنى بويىنىدىن ساقىت قىلىپ، ئۆزىنى ئوڭايسىز ئەھۋالدىن قۇتقۇزغان بولسا كېرەك، سۆھبەتدىشىنى شۇ ئەھۋالغا قالدۇرغاندىن كېيىن، يەنە باشقىدىنلا ئېچىلىپ كەتتى.

— ياق، قۇلاق سېلىڭ، — دىدى پيېر ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، —

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

سىز ئاجايىپ ئادەم ئىكەنسىز. سىزنىڭ ھازىر دىگەنلىرىڭىز ناھايىتى ياخشى گەپ، ناھايىتى ياخشى. دىمەك، سىز مېنى ئۇقمايدىكەنسىز. بىزنىڭ كۆرۈشمىگىنىمىزگە ئۇزۇن زامانلار بولدى...تېخى بالا چاغلىرىمىز ئىدى. ...سىز مېنى ئاللىكىم دەپ ئويلارسىز...مەن سىزنى چۈشىنىۋاتىمەن، ناھايىتى ئوبدان چۈشىنىۋاتىمەن. مەن سىزنىڭ ئورنىڭىزدا بولسام، مۇنداق گەپلەرنى ئېيتالماس ئىدىم، ئېيتالمايتتىم، لېكىن ناھايىتى ئوبدان بولدى. سىز بىلەن تونۇشۇپ قالغانلىغىم ئۈچۈن خوشالمەن. ئەجىبا، — دەپ قوشۇپ قويدى سەل توختاپ ۋە كۈلۈمسىرەپ، — سىز مېنى نىمە دەپ ئويلىدىڭىز! — دەپ كۈلۈپ كەتتى، — مەيلى، ئۇ قانچىلىك ئىش؟ سىز بىلەن تېخىمۇ ئوبدان تونۇشۇپ قالىمىز. مەرھەمەت. — ئۇ بورىسنىڭ قولىنى سىقتى. — سىز بىلەمسىز، مەن گىرافنىڭ ئالدىغا بىر قېتىممۇ كىرگىنىم يوق. ئۇ مېنى چاقىرتىپمۇ باقمىدى. ...ئۇ ياخشى ئادەم ئىدى، ئېچىنىمەن. لېكىن نىمە چارە بار؟

— سىز، ناپالىيون ئارمىيىسىنى ئۆتكۈزۈپ كېتىشىنىڭ ئامالىنى قىلالايدۇ، دەپ ئىشىنەمسىز، — دەپ كۈلۈپ تۇرۇپ سورىدى بورىس.

پيېر بورىسنىڭ گەپنى باشقا تەرەپكە بۇرۇماقچى بولغانلىغىنى چۈشەندى-دە، ئۆزىمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ، بولون سەپىرىنىڭ پايدىسى ۋە زىيانلىرىنى چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى.

چاكارلاردىن بىرى بورىسنى كىنەز ئايىمغا چاقىرىپ كەلدى. كىنەز ئايىم كەتمەكچى ئىدى. بورىس بىلەن ئوبدان تونۇشۇۋېلىش ئۈچۈن، پيېر ناماقۇل بىرىشقا ماقۇل بولدى ۋە ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ، كۆزەينىگىدىن ئۇنىڭ يۈزىگە خوشخۇي قىياپەتتە قارايتتى...

بورىس كەتكەندىن كېيىن پيېر ئۆيدە خېلى ۋاقىت ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىپ يۈردى، ئەمدى ئۇ ئۆزىنىڭ قىياسىدىكى دۇشمەنگە خەنجەرنى سانجىماي، بەلكى ھېلىقى ئەقىللىق، ئىدراكلىق ۋە مۇلايىم ياش يىگىتنى ئويلاپ ئىلجىيىپ كۈلدى.

ياشلىقنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، خۇسۇسەن تەنھا ھالەتتە تۇرغان چاغلاردا بولىدىغان ئەھۋاللاردەك، پيېر بۇ ياش يىگىتكە نىسبەتەن ئۆزىدە سەۋەپسىز مېھرىنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى ھېس قىلدى-دە، ئۇنىڭ بىلەن دوستلىشىشقا قارار قىلدى.

كىنەز ۋاسىلى كىنەز ئايىمنى ئۇزىتىپ قويىدى. كىنەز ئايىم قولىياغلىقىنى كۆزىگە تۇتتى، ئۇنىڭ يۈزىنى ياش تامچىلىرى قاپلىغان ئىدى.

— بۇ دەھشەت! دەھشەت! — دېدى كىنەز ئايىم. — لېكىن، نېمە كەتسىمۇ مەيلى، ئۆز بۇرچۇمنى ئادا قىلىمەن. كېچىسى يېتىشقا كېلىمەن. گرافنى شۇ ئەھۋالدا تاشلاپ قويۇشقا بولمايدۇ. ھەر بىر مىنۇت قىممەتلىك. كىنەز قىزلىرىنىڭ بۇ ئىشنى نېمە سەۋەپتىن ئارقىغا سوزۇۋاتقانلىقىنى چۈشىنەلمەيۋاتىمەن. گرافنى ئاخىرەتكە تەييارلاشنىڭ ۋاستىسىنى تېپىشقا خۇدا ياردەم بېرەر! ... Adieu, mon prince, que le bon dieu vous sontienne (خەير، كىنەز، سىزگە خۇدا پانا بولغاي!...)

— Adieu, ma bonne (خەير، ئەزىزىم)، — دەپ جاۋاپ بەردى كىنەز ۋاسىلى، ئۇنىڭدىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ.

— ئاھ، گرافنىڭ ئەھۋالى شۇنداق ئېغىر ئىكەنكى، ھېچكىمنى دىگۈدەك تونۇمايدۇ، — دېدى ئانىسى ئوغلىغا، ئانا-بالا ئىككىيلەن ھارۋىغا چىقىۋاتقاندا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— مەن چۈشەنمەيۋاتىمەن، ئانا، ئۇنىڭ پېيىرغا بولغان مۇناسىۋىتى قانداق؟ — دەپ سورىدى بورىس.
— ھەممىسى ۋەسىيەتنامىدىن مەلۇم بولىدۇ، ئوغلۇم، بىزنىڭ تەقدىرىمىزمۇ شۇنىڭغا باغلىق ...
— ئەمما، سىز نىمە ئۈچۈن گراق بىزگە بىرەر نەرسىلەرنى قالدۇرىدۇ، دەپ ئويلايسىز؟
— ئاھ، دوستۇم! ئۇ شۇنچە باي، بىز شۇنچە كەمبەغەل تۇرساق!
— ياق، بۇ سەۋەپ يېتەرلىك ئەمەس، ئانا...
— ۋاي خۇدايىمەي! خۇدايىمەي! گرافنىڭ ئەھۋالى شۇنداق يامانكى! — دەپ ۋاقىرىدى ئانىسى.

## 14

ئانا مىخايلوۋنا ئوغلى بىلەن ھارۋىدا ئولتۇرۇپ گراف كىرىل ۋلادىمىروۋىچ بېزۇخوۋنىڭكىگە كەتكەندىن كېيىن، گراف ئايىم روستوۋا قولياغلىقىنى كۆزىگە تۇتۇپ ئۆزى يالغۇز خېلى ۋاقىت ئولتۇردى. ئۇ ئاخىر قوڭغۇراقنى جىرىڭلاتتى.
— سىزگە نىمە بولدى، ئەزىزىم، — دېدى ئۇ ئاچچىقلىنىپ، بىرقانچە مىنۇت كۈتۈشكە مەجبۇر قىلغان مالاي قىزغا. — ئىشلىگىڭىز يوقمۇ، نىمە؟ ئۇنداق بولسا مەن سىزگە باشقا جايدىن خىزمەت تېپىپ بېرەي.
گراف ئايىم ئۆز دوستىنىڭ غەم-قايغۇسى ۋە خورلۇق كەلتۈردىغان كەمبەغەللىگىدىن كۆڭلى پەرىشان بولغان ئىدى، شۇ سەۋەپ-

تىن كەيپىيانى ياخشى ئەمەس ئىدى، بۇ ئەھۋال ئۇنىڭ دائىم مالاي قىزنى "ئەزىزىم"، "سىز" دەپ ئاتاشلىرىدا ئىپادىلىنەتتى.

— مەن ئەيىپلىك، — دىدى مالاي قىز.

— گرافنى ئالدىمغا چاقىرىڭ.

گراف ھەر ۋاقىتتىكىدەك بىرئاز ئەيىپلىك قىياپەتتە لەپەڭلەپ خوتۇنىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— خوش، ئەزىزىم ئايىمىم! قانداق ئۇبدان saute au madére (قورۇلغان چىل قۇش گۆشى ۋە مادېرى ھارىقى) تەييارلانغان، تېتىپ كۆردۇم؛ مەن تاراسكا①غا مىڭ سومنى بىكارغا بەرگەن ئەمەسمەن. ئەرزىيدۇ!

ئۇ قوللىرىنى، خۇددى ياش ئادەمدەك تىزىغا قويۇپ ۋە ئاق چاچلىرىنى دىڭگايتىپ، خوتۇنىنىڭ يېنىدا ئولتۇردى.

— نىمە تاپشۇرۇغىڭىز بار، ئايىمىم؟

— گەپ شۇكى، دوستۇم، ... بۇ يېرىڭگە نىمە تېگىپتۇ، — دىدى گراف ئايىم ئۇنىڭ جىلىتكىسىنى كۆرسىتىپ. — قورۇلغان قۇش گۆشى، شۇنداقتۇ، — دەپ قوشۇپ قويىدى كۈلۈپ تۇرۇپ. — گەپ شۇكى، گراف، ماڭا پۇل كېرەك.

ئۇنىڭ چىرايىدا غەمكىنلىك پەيدا بولدى.

---

① تاراس — ئاشپەز ئۆي قۇلى، ئۆي قۇللىرى ئادەتتە يەر بىلەن قوشۇپ سېتىلاتتى، لېكىن ئۇگىتىلگەن ئۆي قۇللىرى بەزىدە ئايرىم ھالدا سېتىلاتتى. تاراس، ئېھتىمال، ئىنگلىزلەر كۇلۇبىدا چەتئەللىك ئۇستىدىن ئاشپەزلىكنى ئۇگەنگەن بولسا كېرەك. ئەينى زاماندا مىڭ سومغا سەككىز ياكى ئون يانچىنى سېتىۋالغىلى بولاتتى. — تەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— مانا، ئايىمىسىم!... — گراف ئالدىراپ يانچۇغىنى كولاشقا باشلىدى.

— ماڭا خېلى كۆپ كېرەك، گراف، ماڭا بەش يۈز سوم كېرەك. — ئۇ ئۆزىنىڭ بىددىي ياغلىغىنى چىقىرىپ، ئېرىنىڭ جىلتە-كىسىنى ئېرتتى.

— ھازىر، ھازىر. ھەي، كىم بار؟ — ئۇ پەقەت چاقىرىلغۇچىلار چاقىرغان ئاۋازنى ئاڭلاش بىلەن تەڭلا ئۇچقاندەك قېشىمىزغا يېتىپ كېلىدۇ، دەپ ئىشىنىدىغان كىشىلەرگە ئوخشاش ۋاقىرىدى. — مىتىن-كىنى قېشىمغا ئەۋەت!

مىتىنكا يېنىك قەدەم بىلەن ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇ ئاقسۆڭەك-لەر ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، گرافنىڭ ئۆيىدە تەربىيىلە-نىپ ئۆسكەن ۋە ئۇ چاغلاردا گراف ئائىلىسىنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى باشقۇراتتى.

— مۇنداق ئىش، ئەزىزىم، — دېدى گراف، كىرىپ كەلگەن ئەدەپلىك ياش يىگىتكە قاراپ. — سەن ماڭا... — ئۇ ئويلىنىپ قالدى، — شۇنداق، سەن ماڭا يەتتە يۈز سوم ئەپكېلىپ بەر، بولامدۇ! بىراق، دىققەت قىل، ھەرگىز يەنە ئالدىنقى بىر قېتىمدىكىدەك يىرتىلىپ ۋە كىرلىشىپ كەتكەن پۇلنى ئەپكەلمە، پاكىزلىرىنى ئەپ-كەل، گراف ئايىمغا.

— شۇنداق، مىتىنكا، پاكىزىنى ئەپكېلىڭ، — دېدى گراف ئايىم، غەمكىنلىك بىلەن ئۇھ تارتىپ.

— قايسى چاغدا ئەپكەلسەم بولىدىكىن، تەقسىر، — دېدى مىتىنكا. — مەلۇملىشىمنى مەزۇر كۆرسىلە...، بىراق، بىئارام بولمى-غايلا، — دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ؛ گرافنىڭ ئېغىر ۋە تېز-تېز دەم

ئىلتىۋاتقانلىغىنى، بۇ ئەھۋال ئۇنىڭ ھەمىشە غەزەپلىنىشكە باشلىغانلىقىنىڭ ئالامىتى ئىكەنلىگىنى سېزىپ قالدى. — مەن ئىسمىدىن چىقىرىپ قويۇپتىمەن ... ھازىرلا ئىلىپ كېلەمدىم؟

— ھە، دەرھال ئىلىپ كەل. مانا، گراف ئايىمغا بەر.

— بىزنىڭ مىتىنىكا بىر ئالتۇن-دە، — دەپ قوشۇپ قويدى گراف، بۇ ياش ئادەم چىقىپ كەتكەندىن كېيىن كۈلۈپ تۇرۇپ. — قىلالمايمەن دەيدىغىنى يوق. مەن ئۆزەم يوق دىگەن گەپلەرگە چىداپ تۇرالمايمەن، ھەممىنى قىلغىلى بولىدۇ.

— شۇنداق، پۇل، گراف، پۇل، پۇل دىگەن نەرسە ئادەمنى دۇنيادا قانداق قايغۇلارغا سالمايدۇ، دىدى گراف ئايىم. — مۇشۇنچىلىك پۇل ماڭا ناھايىتى زۆرۈر.

— سىز گراف ئايىم، پۇلنى تويپىدەك سورۇشتا داڭ چىقارغان ئادەمسىز، — دىدى گراف ۋە خوتۇنىنىڭ قولىغا سۆيۈپ قويۇپ يەنە ئۆزىنىڭ كۇتۇپخانىسىغا كەتتى.

ئاننا مىخايلوۋنا بېزئۇخوۋلارنىڭكىدىن قايتىپ كەلگەندە، پاكىز پۇل گراف ئايىمنىڭ كىچىك شىرەسىدە قولياغلىغى بىلەن يېپىقلىق تۇراتتى، ئاننا مىخايلوۋنامۇ گراف ئايىمنىڭ قانداقتۇ بىرەر ئىش بىلەن بىسەرەمجان بولۇپ قالغانلىغىنى سېزىپ قالدى.

— ھە، نىمە بولدى، سۆيۈملۈگۈم، — دىدى گراف ئايىم.

— ھە...ي! ئۇنىڭ ئەھۋالى ناھايىتى خەۋپلىك! ئۇنى تونۇغىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ كېسىلى ناھايىتى ئېغىر، ناھايىتى ئېغىر: مەن ئۇ يەردە پەقەت مىنۇتچە تۇردۇم ۋە بىرەر ئېغىز سۆزمۇ قىلمىدىم ...

— Anette، خۇدا ھەققى، يوق دىمە، — دىدى بىردىنلا گراف

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئايىم، يۈزى شۇنداق قىزىرىپ كەتتىكى، ياغلىغىدىن پۇلنى چىقىرىۋاتقاندا ئۇنىڭ قېرىلىق يەتكەن، ياداڭغۇ ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان چىرايى غەلىتە بولۇپ كەتتى.

ئاننا مىخايلوۋنا نىمە ئىش ئىكەنلىكىنى دەرھال چۈشىنىۋالدى ۋە مۇۋاپىق پەيتتە گراف ئايىمنى قۇچاقلىۋېلىش ئۈچۈن ئىككىشىشكە باشلىدى.

— مانا، مېنىڭدىن بورىسقا كىيىم-كېچەك تىككۈزۈش ئۈچۈن...

ئاننا مىخايلوۋنا ئۇنى قۇچاقلاپ يىغلاشقا باشلىدى. گراف ئايىممۇ يىغلاپ كەتتى. ئۇلار جانجان دوست بولغانلىقى ئۈچۈن يىغلايتتى؛ بىر بىرىدىن ھىچنەرسىنى ئايىمايدىغانلىقى ئۈچۈن يىغلايتتى؛ ياش چاغلىرىدىكى بۇ دوستلار پۇلدەك پەسكەش نەرسە بىلەن بەنت بولغانلىقى ئۈچۈن يىغلايتتى؛ ئۆزلىرىنىڭ ياشلىق باھارىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن يىغلايتتى...بىراق، ئۇلارنىڭ يىغىسى يېقىملىق ئىدى....

## 15

گراف ئايىم روستوۋا ئۆز قىزلىرى ۋە خېلى كۆپ مېھمانلار بىلەن مېھمان ئۆيدە ئولتۇراتتى. گراف ئەر مېھمانلارنى كۇتۇپخانىسىغا باشلاپ كىرىپ، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ قەدىرلەپ يىغىپ كەلگەن تۈرك مۇشتەكلىرىنى كۆرسەتتى. ئۇ دائىم تاشقىرىغا چىقىپ: "تېخى كەلمىدىمۇ؟" دەپ سوراپ تۇراتتى. ئۇلار مارىيە دىمىترىيېۋنا ئاخروسىموۋانى كۈتۈپ تۇراتتى، بۇ ئايال يۇقۇرى تەبىقىلەر دائىرىسىدە le terrible dragon (دەھشەتلىك ئەجدىھا) دېگەن

لەقەم بىلەن مەشھۇر ئىدى، ئۇنىڭ مۇنداق نام چىقىرىشى بايىلىقىدىن ۋە ئورنىدىن بولماي، بەلكى ئەقىل ـ ئىدرىكىنىڭ توغرىلىقىدىن، مۇئامىلىسىنىڭ ئوچۇق ـ ئاشكارىلىقى ۋە ساددىلىقىدىن ئىدى. مارىيە دىمىترىيېۋنانى پادىشا خانىدانى بىلەتتى، پۈتۈن موسكۋا بىلەن پۈتۈن پېتىربۇرگدىمۇ داڭلىق ئىدى، ھەر ئىككى شەھەر ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ، ئارقىسىدا ئۇنىڭ قوپاللىقلىرىنى مەسخىرە قىلاتتى، قىزىق ئىشلىرى توغرىسىدا سۆز ـ چۆچەك قىلىشاتتى؛ ئەمما ھەممەيـ لەن يەنە ئۇنى مۇستەسناسىز ھۆرمەتلەيتتى ۋە ئۇنىڭدىن قورقاتتى.

ئۇلار گرافنىڭ تاماكا ئىسىغا لىق تولغان كۇتۇپخانىسىدا خىتاپنامىدە ئېلان قىلىنغان ئۇرۇش ۋە ئەسكەر ئېلىش مەسىلىسى توغرىسىدا پاراڭلىشىۋاتاتتى. خىتاپنامىنى ھېچكىم ئوقۇمىغان ئىدى، ئەمما ھەممەيلەن خىتاپنامىنىڭ ئېلان قىلىنغانلىقىنى بىلگەن ئىدى. گراف تاماكا چېكىپ ۋە پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان ئىككى مېھمان ئوتتۇرىسىـ دىكى دىۋاندا ئولتۇراتتى. گراف تاماكا چەكمەيتتى، سۆز قىلمايتتى، ئەمما بېشىنى بىردەم ئۇ ياققا، بىردەم بۇ ياققا قىيسايتىپ، تاماكا چېـ كىشىۋاتقان بۇ ئىككى كىشىگە ناھايىتى روشەن قىزىقارلىق كەيپىياتى بىلەن قارايتتى، ئۆزى گەپكە سېلىپ قويغان يېنىدىكى ئىككى مېھـ مانىنىڭ گېپىگە قۇلاق سالاتتى.

سۆھبەتلىشىۋاتقانلارنىڭ بىرسى ساقال ـ بۇرۇتلىرى پاكىز قىرىلـ غان، ئېقىش چىراي گراژدان ئەمەلدار بولۇپ، ياداڭغۇ يۈزىگە قورۇق كىرىپ قېرىلىق يەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ياشلاردەك خېلى ھەۋەس بىلەن كىينىگەن ئىدى؛ ئۇ خۇددى مۇشۇ ئائىلىنىڭ كىشىـ سىدەك، دىۋاندا ئىككى پۇتىنى مىنگەشتۈرۈپ ئولتۇرۇپ، كەھرىۋا مۇشتۈكنى لېۋىنىڭ بىر بۇرجىكىدىن ئاغزىغا ئىچكىرىدەك كىرگۈـ

زوْپ، ئۆزوْپ ـ ئۆزوْپ تاماكا ئىسنى ئىچىگە تارتاتتى ۋە كۆزلىرىنى يۇمۇپ چىمىلدىتىپ قوياتتى. ئۇ قېرى بويىتاق شىنشىن بولۇپ، گراف ئايمىنىڭ تاغىسى ئىدى ۋە موسكۋا مېھمانخانىلىرىدا تىلى زەھەر ئادەم دەپ نام چىقارغان ئىدى. ئۇ ئۆزىنى سۆھبەتدىشى بىلەن تەڭ كۆرگەندەك گەپلىشىپ ئولتۇراتتى. ئىككىنچىسى ياش، قىنا، قىزىل يۈزلۈك، ئازادە كىيىنگەن، كىيىمىنىڭ تۈگمىلىرى ئېتىلگەن، چاچلىرى ياخشىلاپ تارالغان گۋاردىيە ئەپىتسەرى بولۇپ، كەھرىۋا مۇشتۇكنى چىشلىگەن ھالدا قىپ ـ قىزىل لېۋى بىلەن تۈتۈننى ئاستا تارتاتتى ۋە چىرايلىق ئاغزىدىن ھالقا ـ ھالقا شەكلىدە چىقىراتتى. بۇ ئادەم ھېلىقى سېمونوۋسكى پولكىنىڭ ئەپىتسەرى پوروچىك بېرگ بولۇپ، ئۇ بورىس بىلەن بىللە پولكقا بارغان ۋە ناتاشا ئۇنى گراف ئايمىنىڭ چوڭ قىزى ۋېرانىڭ "يىگىتى" دەپ، ۋېرانى مەسخىرە قىلغان بېرگ دىگەن كىشى شۇ ئىدى. گراف ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرۇپ دىققەت بىلەن قۇلاق سالاتتى. گرافقا ئەڭ خوش ياقىدىغان مەشغۇلاتلارنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان بوستون ناملىق قارتا ئويۇنىنى ھىساپقا ئالمىغاندا، كىشىلەرنىڭ گېپىگە، بولۇپمۇ ئۆزى بىر بىرىگە گىژ ـ گىژلەپ قويغان ئىككى سۆھبەتداشنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرۇشى ئىدى.

ــ خوش، ئاقساقال، mon trés honorable (ھۆرمەتكە سازاۋەر) ئالفونس كارلىچ، ــ دىدى شىنشىن مەسخىرە قىلىپ ۋە ئەڭ ئاددى روس خەلق تىلىدىكى ئىبارىلەرنى ئەڭ نەپىس فرانسۇز تىلىنىڭ جۈملىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ (ئۇنىڭ گەپ قىلىش خۇسۇسىيەتلىرى مانا شۇنداق ئىدى). vous comptez vous faire des rentes surl'etat (ھۆكۈمەتتىن كىرىم ئېلىشنى

خالامسىز)؛ روتىدىن مائاش ئېلىشنى خالامسىز؟
— ياق، پېتر نىكولايېۋىچ، مەن پەقەت شۇنى كۆرسەتمەكچىمەنكى، ئاتلىقلاردا پايدا-مەنپەئەت پەيدا قىلىش ئۈچۈن ھاياتىنى قۇربان قىلغانلار ناھايىتى ئاز. مانا، ئەمدى سىز مېنىڭ ئەھۋالىمنى ئويلاپ كۆرۈڭ، پېتر نىكولايېۋىچ.
بېرگ ھەمىشە ناھايىتى ئېنىق، تىپ-تىنچ ۋە ئەدەپ بىلەن سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرى ھەمىشە پەقەت ئۆزىگە ئالاقىدار بولاتتى؛ ئۆزى بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىسى بولمىغان بىرەر مەسىلە توغرىسىدا سۆز بولىۋاتقاندا، ئۇ سۆز قىلماستىن جىم تۇراتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ھەتتا بىرقانچە سائەتكىچە، ئۆزىنىمۇ قىلچە تارتىنماي، باشقىلاردىمۇ قىلچىلىك ئەنسىزلىك پەيدا قىلماي، لام-مىم دېمەستىن جىم تۇراتتى، لېكىن پاراڭ شەخسەن ئۇنىڭغا ئالاقىدار بولغان ھامان، ئۇ روشەن مەمنۇنىيەتلىك تۇيغۇسى بىلەن تەپسىلى سۆزلەپ كېتەتتى.
— ئويلاپ بېقىڭچۇ مېنىڭ ئەھۋالىمنى، پېتر نىكولايېۋىچ: ئەگەر مەن ئاتلىقلاردا بولغان بولسام، ھەتتا دەرىجەم پورۇچىك بولسىمۇ يىلىنىڭ ھەر بىر چارىكىدە ئىككى يۈز سومدىن ئۇشۇق ئالمىغان بولاتتىم؛ ئەمما مەن ھازىر ئىككى يۈز ئوتتۇز سوم ئېلىۋاتىمەن، — دېدى خوشال، يېقىملىق كۈلۈمسىرەش قىياپىتى بىلەن شىنشىن ۋە گرافقا قاراپ، گوياكى ئۇنىڭ ئۇتۇغى ھەمىشە باشقا ھەممە كىشىلەرنىڭ ئاساسىي ئۈمىت-ئارزۇسى بولىدىغاندەك ھېس قىلىپ.
— ئۇندىن تاشقىرى، پېتر نىكولايېۋىچ گۋاردىيىگە يۆتكەلگەندىن كېيىن ئورنۇم تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك بولۇپ قالدى، — دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

سۆزىنى داۋام قىلدى بىرگ، — گۋاردىيىچى پىيادە ئەسكەردە بوش تۇرۇن دائىم چىقىپ تۇرىدۇ. خوش، ئويلاپ كۆرۈڭ، ئىككى يۈز ئوتتۇز سوم بىلەن نىمە قىلغىلى بولىدۇ، دەيسىز! مەن بىرئاز ئەپقاللىمەن، يەنە دادامغا ئەۋەتىمەن، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى ئۇ ئاغ-زىدىن ئىسنى يۆگەپ چىقىرىپ.

— La balance y est (كىرىم-چىقىم بالانس ...) comme dit le proverbe (نىمىس پىتىنىڭ ئۇچىيىدىنمۇ ياغ تارتىۋېلىشنى بىلىدۇ)، دىگەن ماقال بار، — دىدى شىنشىن، مۇشتىگىنى ئاغزى-نىڭ يەنە بىر تەرىپىگە يۆتكەپ ۋە گرافقا قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويۇپ.

گراف قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. باشقا مېھمانلارمۇ شىنشىننىڭ سۆزلەۋاتقانلىغىنى كۆرۈپ، يېقىن كېلىپ ئاڭلاشقا باشلىدى. بىرگ كىشىلەرنىڭ يۈزىدىكى مەسخىرانە تەبەسسۇمنىمۇ، بىپەرۋالىقنىمۇ بايقىماستىن، گۋاردىيىگە يۆتكىلىش بىلەن ئۆز كورپۇسىدىكى يولداشلىرىدىن چوڭراق مەرتىۋىگە ئېرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغانلىغىنى، ئۇرۇش ۋاقتىدا روتا كوماندىرى ھالاك بولۇش مۇمكىنلىگى ۋە ئۇ چاغدا، ئۆزى روتىدا مەنسەپ جەھەتتىن چوڭ بولۇپ قالغاندىن كېيىن، ئاسانلا روتا كوماندىرى بولۇۋېلىش مۇمكىن-لىگى، پولكتا ئۇنى ھەممە ئادەم ياخشى كۆرۈشى، ئاتىسى ئۇنىڭدىن مەمنۇن بولۇشى ھەققىدە سۆزلەپ كەتتى. بىرگ بۇ ھەقتە گەپ قىلىپ ئۆزى لەززەتلەنگەندەك قىلاتتى-يۇ، باشقا كىشىلەرنىڭمۇ ئارزۇ-ھەۋەسلىرى بارلىغىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەندەك كۆرۈنەتتى. لېكىن ئۇ شۇنداق يېقىملىق ۋەزمىنلىك بىلەن گەپ قىلاتتى ۋە بۇ ياش يىگىتنىڭ ساددا مەنمەنچىلىگى شۇ قەدەر روشەن كۆرۈنۈپ

تۇراتتىكى، ئۇنىڭ كېيىــگە قۇلاق سېلــىپ ئولتۇرغانــلار ھىچنەرسە دىيەلمەيتتى.

ـــ ھە، ئاقــساقال، سىز نەگە بارسىڭىزمۇ ـــ پىيادە ۋە ئاتلىقــلار قىسمىغا بارسىڭىزمۇ ـــ ھەممىــلا يەردە ئامىتــىڭىز كېلىدۇ، بۇنى مەن سىزگە ئالدىن ئېيتىپ قوياي، ـــ دىدى شىنــىســن ئۇنىڭ دولىــسىغا ئۇرۇپ قويۇپ ۋە دىۋاندىن پۇتىنى پەسكە چۈشۈرۈپ.

بېرگ خوشال بولۇپ كۈلۈپ كەتتى. گراف مېھمانلارنى باشــلاپ مېھمانخانىغا چىقىپ كەتتى.

* * *

شۇنداق بىر پەيت ئىدىكى، زىياپەتكە مەخسۇس ئېيتىلــغان مېھ- مانلار داســتىخانغا تەكلىپ قىلىشنى كۈتۈپ ئۇزۇن پاراڭــغا چۈشۈپ كەتمەيتتى، ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىلــلە ئۇياق-بۇياققا مېڭىــشىپ ۋە ئاندا-ساندا پاراڭلىشىپ قويۇشنى، بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىــنىڭ تاماققا ئولتۇرۇشقا ئانچە ئالدىراپ كەتمەيدىغانــلىقــنى بىلدۈرۈشنى زۆرۈر دەپ ھىساپلايتتى. ئەر-ئايال ساھىپخانىلار ئىشىككە قاراپ ۋە كۆپىنچە بىر بىرىــگە كۆز بېقىشىپ قوياتــتى. مېھــمانــلار بولــسا ئۇلارنىڭ بۇ كۆز بېقىشلىرىغا قاراپ، ئۇلارنىڭ بىراۋنى ياكى بىرەر نەرسىنى ـــ تېخى يېتىپ كېلەلمىگەن مۇھىم بىر كىشىنى ياكى تېخى تەييار بول- مىغان بىرەر خىل تاماقنى كۈتۈۋاتقانلىقىنى بىلىشكە تىرىشاتتى.

پيېر دەل تاماق ئالدىدىلا يېتىپ كەلدى-دە، مېھــمان ئۆيــىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا ئۆزىگە بىرىنــچى قېــتىم دۇچ كەلــگەن كرېســلودا ھەممەيلەننىڭ ماڭــدىغان يولىنى توساپ ئوڭايسىزلىنــىپ ئولتۇردى. گراف ئايىم ئۇنى سۆزلەشــكە مەجــبۇر قىلــغان بولســمۇ، ئەمــما ئۇ كۆزەينەكــدىن ئۆزىــنىڭ ئەتراپىــغا خــۇددى قانداقــتۇ بىر كىشىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىزلىگەندەك قاراپ، گراف ئايىمنىڭ سوئاللىرىغا "ھە، ياق" دېگەندەك قىسقا سۆزلەر بىلەن جاۋاپ بەردى. ئۇ قىسىلىپ قالغان ئىدى ۋە ئۆزى بۇنى سەزمەيتتى. ئۇنىڭ ئېيىق بىلەن ئۆتكۈزگەن ھېلىقى ئىشلىرىنى ئۇقۇۋالغان كۆپ سانلىق مېھمانلار بۇ يوغان، سېمىز، جىمغۇر ئادەمگە قاراپ، كېلەڭسىز، تارتىنچاق بۇ ئادەمنىڭ قانداق قىلىپ مىرشابىقا شۇنداق چاخچاق قىلىش قولىدىن كەلگەنلىكىنى ئۇقالماي ھەيران بولۇشۇپ قاراپ قالغان ئىدى.

— سىز يېقىندا كەلدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن گراف ئايىم.

— oui, madame (شۇنداق، خانىم)، — دەپ جاۋاپ بەردى پيېر ئەتراپىغا قاراپ.

— ئېرىمنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟

— Non, madame (ياق، خانىم)، — دېدى-دە، ئورۇنسىز ئىلجىيىپ قويدى.

— سىز پارىژدىن يېقىندا كەلگەن ئوخشايسىز؟ ناھايىتى ئاجايىپ شەھەر بولسا كېرەك-ھە؟

— شۇنداق، ناھايىتى ئاجايىپ.

گراف ئايىم ئاننا مىخايلوۋنا بىلەن كۆز بېقىشىۋالدى. ئاننا مىخايلوۋنا گراف ئايىمنىڭ بۇ ياش ئادەمنى كۈتۈۋېلىشنى ئۆتۈنگەنلىكىنى چۈشەندى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاننا مىخايلوۋنا ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ دادىسى توغرىسىدا سۆزلەشكە باشلىدى؛ لېكىن پيېر ئۇنىڭغىمۇ خۇددى گراف ئايىمغا ئوخشاش قىسقا سۆزلەر بىلەن جاۋاپ بەردى. باشقا مېھمانلارنىڭ ھەممىسى ئۆزئارا پاراڭ سېلىشماقتا ئىدى.

— les Razoumovsky… Ça a été charmant… Vous êtes bien bonne… La comtesse Apraskine… (راز ئۇموۋسكىلارنىڭ ئۆيىدىكىلەر... سۆيۈملۈك... گراف ئايىم ئاپراكسىنا...) — ھەممە تەرەپتىن مۇشۇنداق سۆزلەر ئاڭلاندى. گراف ئايىم ئورنىدىن تۇردى-دە، زالغا كىرىپ كەتتى.

— مارىيە دىمىترىيېۋنامۇ؟ — ئۇنىڭ ئاۋازى زالدىن ئاڭلاندى.

— ئۆزى شۇ، — دېدى بۇنىڭغا جاۋابەن يوغان تاۋۇشلۇق بىر خوتۇن ۋە شۇنىڭ ئارقىسىدىنلا مارىيە دىمىترىيېۋنا ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

ئەڭ قېرىلىرىدىن باشقا ھەممە قىزلار، ھەتتا ھەممە خوتۇنلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. مارىيە دىمىترىيېۋنا ئىشىكتە توختاپ قالدى، ئۇنىڭ بويى ھەم ئېگىز، ھەم چوڭ ئىدى، ئۇ كۆمۈشتەك ئاقارغان بۇدرە چاچلىق ئەللىك ياشلىق بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ مېھمانلارغا قاراپ چىقتى ۋە خۇددى يېڭىنى تۈرمەكچى بولغاندەك، ئۆزىنىڭ كۆينىكىنىڭ كەڭ يەڭلىرىنى ئالدىرىماستىن تۈزەشتۈرگىلى باشلىدى. مارىيە دىمىترىيېۋنا① ھەمىشە رۇس تىلىدا سۆزلەيتتى.

— تۇغۇلغان كۈنىڭ توينى ئۆتكۈزگۈچى ئانا ۋە باللار ساغلام ۋە بەختلىك بولغاي، — دېدى ئۇ ھەممە تاۋۇشلارنى بېسىپ كېتىدىغان يۇقۇرى تاۋۇش بىلەن. — ھە، نەس باسقان چال، — دېدى ئۇ قولىغا سۆيۈپ قويغان گرافقا قاراپ، — موسكۋادا ئىچىڭ تىت-تىت

① مارىيە دىمىترىيېۋنا ئاكروسىموۋا خېلى قولىدا بار ئادەم بولۇپ، موسكۋادا ناھايىتى شۆھرەتلىك ئىدى. تولستوي ئۇنىڭ چىركاۋدا قويۇلغان نامى ناتاشانى ئۆزگەرتىپ مارىيە قىلغان. — تەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بولۇپ يۈرۈۋاتقان بولساڭ كېرەك؟ ئىتتىك بىلەن بىللە ئوۋ ئوۋلاپ يۈرىدىغان جايمۇ يوقتۇ؟ قانداق قىلىسەن، ئەزىزىم، مانا بۇ چۈجىلەر ئۆسۈپ يېتىشىۋېتىپتۇ... — دېدى ئۇ قىزلارنى كۆرسىتىپ، — مەيلى خالا ياكى خالىما، بۇلارغا يىگىت تاپماي ئىلاجىڭ يوق.

— خوش، كازاكىم، نېمە گەپ؟ (مارىيە دىمىترىيېۋنا ناتاشانى كازاك دەپ ئاتايتتى)، — دېدى ئۇ ئالدىغا ھېچ تارتىنماستىن خوشال بولۇپ كەلگەن ناتاشانى ئەركىلىتىپ. — زەھەر قىز ئىكەنلىكىڭنى بىلسەممۇ ياخشى كۆرىمەن-دە.

ئۇ چوڭ قاپچۇغىدىن شەكلى نەشپۈتكە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر جۈپ ياقۇت كۆزلۈك قۇلاق ھالقىسىنى چىقىرىپ، ئۇنى تۇغۇلغان كۈن تويىنى ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن ئېچىلىپ — يايراپ قىپ-قىزىل قىزىرىپ كەتكەن ناتاشاغا بەردى-دە، دەرھال ئۇنىڭدىن ئۆرۈلۈپ، پيېرغا قارىدى.

— ھە، ھە! ياخشى يىگىت! بۇ ياققا كەلچۇ، — دېدى مارىيە دىمىترىيېۋنا ساختا ئىنچىكە پەس ئاۋازى بىلەن، — بۇ ياققا كەلچۇ، ياخشى يىگىت...

ئۇ قاپىغىنى تۈرۈپ يېڭىنى تېخىمۇ يۇقۇرى تۈرۈپ قويدى.

پيېر ئۇنىڭغا كۆزەينىكىدىن كۆزلىرىنى مىتىلدىتىپ قاراپ، ئالدىغا كەلدى.

— يېقىنراق كەل، يېقىنراق كەل، ئەزىزىم! قولۇمغا چۈشكەندە ئاتاڭغىمۇ توغرىسىنى ئېيتقان ئىدىم، ساڭىمۇ ئېيتىشىم پەرز.

مارىيە دىمىترىيېۋنا جىم بولۇپ قالدى. ھەممە يەنە نېمە بولىدىغانلىقىنى كۈتۈپ، ئەمما بۇنىڭ پەقەت كىرىش سۆز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، جىم بولۇپ قېلىشتى.

— ياخشى قىپسەن، گەپ يوق! ياخشى يىگىت! ئاتىسى ئۆلۈم ھالىتىدە ياتىدۇ-يۇ، بۇ بولسا مىرشابنى ئېيىقنىڭ دۈمبىسىگە تېگىپ قويۇپ كۆڭۈل ئېچىپ يۈرىدۇ! ئۇيات ئەمەسمۇ، ئەزىزىم، ئۇيات! ئۇنىدىن كۆرە ئۇرۇشقا بارغىنىڭ ياخشىراق!

مارىيە دىمىترىيېۋنا پىيېردىن ئۆرۈلىۋالدى-دە، كۈلكىسىنى باسالمايۋاتقان گرافقا قولىنى ئۇزاتتى.

— قېنى، تاماق ۋاقتى بولۇپ قالغاندەك، چىقساق بولار؟ — دېدى مارىيە دىمىترىيېۋنا.

ئالدىدا گراف مارىيە دىمىترىيېۋنا بىلەن بىللە كىردى؛ ئۇنىڭدىن كېيىن گراف ئايىم ئاتلىقلار پولكىنىڭ پولكاۋنىگىنى قولتۇقلاپ كىرىپ كەلدى (ئۇلار پولكاۋنىكنى مۇھىم ئادەم دەپ ھىساپلايتتى، چۈنكى نىكولاي ئۇنىڭ بىلەن بىللە پولكىنىڭ ئارقىسىدىن يېتىشىۋېلىشى كېرەك ئىدى). ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئاننا مىخايلوۋنا شىنشىن بىلەن بىللە كىرىپ كەلدى. بېرگ قولىنى ۋېراغا ئۇزاتتى. كۈلۈمسىرەپ تۇرغان ژۈلى كاراگىنا نىكولاي بىلەن بىللە شىرەگە قاراپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن باشقا كىشىلەر جۈپ-جۈپى بىلەن پۈتۈن زالدا ئۇزۇن تىزىلىشىپ ماڭدى، ئەڭ ئاخىرىدا بىر-بىرلەپ بالىلار، ئەر-ئايال ئوقۇتقۇچىلار مېڭىشتى. خىزمەتكارلار ھەركەتكە كېلىشتى، ئورۇندۇقلار تاراقلىدى، زالنىڭ بىر تەرىپىدە مۇزىكا سادالىرى ياڭرايتتى، مېھمانلار ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇشتى. گراف ئائىلىسىنىڭ مۇزىكا ئاۋازى توختاپ، پىچاق بىلەن ۋىلكىلارنىڭ جىرىڭلاشلىرى، مېھمانلارنىڭ گۇدۇڭشۇشلىرى، خىزمەتكارلارنىڭ شىپىلداپ ماڭغان قەدەم تاۋۇشلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. شىرەنىڭ بىر ئۇچىدا گراف ئايىم باش بولۇپ ئولتۇردى. ئوڭ تەرەپتە مارىيە دىمىترىيېۋنا،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

سولدا ئاننا مىخايلوۋنا ۋە باشقا مېھمانلار ئولتۇرۇشتى. شىرەنىڭ يەنەبىر ئۇچىدا گىراف، سول تەرىپىدە ئاتلىقلار پولكىنىڭ پولكاۋنىگى، ئوڭ تەرەپتە شىنشىن ۋە باشقا ئەر مېھمانلار ئولتۇرۇشتى. ئۇزۇن شىرەنىڭ بىر تەرىپىدە يېشى چوڭراق ياشلار: ۋېرا بىلەن بېرگ، پيېر بىلەن بورىس بىرگە ئولتۇراتتى؛ يەنە بىر تەرىپىدە باللار ۋە ئەر-ئايال ئوقۇتقۇچىلار ئولتۇراتتى. گراف شىشە بوتۇلكىلار، مېۋە-چېۋە ئېلىنغان ۋازىلارنىڭ ئارقىسىدىن خوتۇنىغا ۋە ئۇنىڭ ھاۋارەڭ لېنتىلىق ئىگىز بۆكىگە قارايتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يېنىدىكى مېھمانلىرىنىڭ قەدەھلىرىنى خېلى ھەپسىلە قىلىپ تولدۇراتتى، ئۆزىنىمۇ ئۇنتۇپ قالمايتتى، گراف ئايىمۇ خۇددى ئادەتتىكىدەك ئۆزىنىڭ ئۆي خوجايىنى بولغانلىق مەجبۇرىيىتىنى ئۇنتۇپ قالماي، ئاناناس① ئارقىسىدىن ئېرىگە چوڭقۇر مەنىلىك قاراپ قوياتتى، ئېرىنىڭ چېچى يوق ئاپپاق بېشى ۋە يۈزى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ قىزىللىقى بىلەن ئاپپاق چاچلاردىن كەسكىن پەرقلەنگەندەك تۇيۇلاتتى. شىرەنىڭ خانىملار ئولتۇرغان بىر ئۇچىدىن ۋەزمىن پاراڭ ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى؛ ئەرلەر ئولتۇرغان ئۇچىدىن بارغانسېرى قاتتىق ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى، ئاتلىقلار پولكى پولكاۋنىكىنىڭ ئاۋازى تېخىمۇ يۇقىرى ئىدى، ئۇ شۇنچىلىك ئىشتىھا بىلەن يەپ ئىچەتتىكى، يۈزى بارغانسېرى قىزىرىپ كەتمەكتە ئىدى، گرافمۇ ئۇنى باشقا مېھمانلار ئۈچۈن ئىبرەت قىلاتتى. بېرگ ئۆزىنىڭ يېقىملىق كۈلۈمسىرەش قىياپىتى بىلەن ۋېراغا: مۇھەببەت بۇ دۇنياغا خاس تۇيغۇ-ھېسسىيات بولماستىن، بەلكى ئۇ دۇنياغا

① ئاناناس — بولو (مېۋە)

خاس نەرسە دەيتتى. بورىس ئۆزىنىڭ يېڭى ئاغىنىسى پيېرغا بۇ يەردە ھازىر بولغان مېھمانلارنى بىر-بىرلەپ ئېتىنى ئاتاپ كۆرسىتىپ چىقتى ۋە ئۇنىڭ قارشىسىدا ئولتۇرغان ناتاشا بىلەن كۆز بېقىشتى-ۋالدى. پيېر ئاز سۆز قىلاتتى، يېڭى مېھمانلارغا سەپسېلىپ قارايتتى ۋە كۆپ يەيتتى. ئۇ ئىككى خىل شورپىدىن بىرىنى — à la tortue (تاشپاقا شورپىسىنى) تاللىۋالدى — چىل (قۇش) سامسىسى، بېلىق گۆشىدىن تارتىپ ھەرقانداق قورۇما ۋە ھاراقىنى قولىدىن بەرمەي يېدى ۋە ئىچتى، بۇ ۋىنونى باش خىزمەتكار ياغلىقتا ئوراپ يېنى-دىكى كىشىنىڭ ئارقىسىدىن ئاستا ئۆزىتىپ: "ساپ مادېرا"... "ۋېنگرىيىنىڭ"... ياكى "رېيىن ۋىنوسى" دەپ بېرەتتى. پيېرنىڭ تەخسىسى ئالدىدا گرافنىڭ نامى گۈل قىلىپ ئويۇلغان تۆت خرۇس-تال قەدەھ تۇراتتى، ئۇ شۇلاردىن بىرىنى ئېلىپ تۇتۇپ بەردى-دە، ناھايىتى مەمنۇنىيەت بىلەن ئىچىۋەتتى ۋە مېھمانلارغا بارغانسېرى يېقىملىق قاراپ قويۇپ، ھوزۇرلىنىپ ئىچەتتى. ئۇنىڭ قارشىسىدا ئولتۇرغان ناتاشا بورىسقا، خۇددى ئون ئۈچ ياشلىق قىزلار بىرىنچى قېتىم تېخى ئەمدىلا سۆيۈشۈۋېلىشقان ۋە ئۆزلىرى ئاشىق بولۇپ قالغان ئوغۇللارغا قارىغاندەك قاراپ قوياتتى. ئۇنىڭ بۇ قاراشلىرى بەزىدە پيېرغا تىكىلەتتى-دە، بۇ قىزىق، تېتىك قىزنىڭ قاراش-لىرىدىن كۈلگىسى كېلەتتى، ئەمما نېمە ئۈچۈن شۇنداقلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

نىكولاي سونيەدىن نېرىراق جايدا، ژۇلى كاراگىنانىڭ يېنىدا ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرىگەن قىياپەت بىلەن قانداقتۇ سۆزلەرنى قىلىشىپ ئولتۇراتتى. سونيە كۈلۈمسىرىگەن قىياپەتتە ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ كۈندەشلىك قىلىپ ئۆزىنى ئازاپلاۋاتقانلىقى روشەن كۆرۈ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇپ تۇراتتى: ئۇ بىر تاتىرىپ، بىر قىزىرىپ كېتەتتى ۋە نىكولاي بىلەن ژۇلىننىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇۋاتقان پاراڭلارغا پۈتۈن كۈچى بىلەن قۇلاق سالاتتى. ئوقۇتقۇچى ئايال بولسا گوياكى باللارنى رەنجىتمەكچى بولغان كىشىگە زەربە بېرىشكە تەييارلىنىۋاتقاندەك ئەنسىزلىنىپ دائىم ئەتراپقا قاراپ قوياتتى. نېمىس ئوقۇتقۇچى ئېلىپ كېلىنگەن تاماقلار بىلەن بۇ يەرگە قويۇلغان تۈرلۈك ئىچىملىك ۋە ۋىنولارنى ئۆيگە، گېرمانىيىگە يازىدىغان خېتىدە تەرىپلەش ئۈچۈن بۇلارنىڭ ناملىرىنى بىلىۋېلىشقا تىرىشاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن باش خىزمەتكار ۋىنونى ياغلىقتا ئوراپ يېنىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىگە ناھايىتى خاپا ئىدى. نېمىس قاپىقىنى تۈردى، شۇ ۋىنوغا زار ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىشكە تىرىشاتتى، لېكىن ۋىنو ئۇنىڭغا تەشنالىقىنى قاندۇرۇش، ئاچكۆزلۈك قىلغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى پەقەت نامىنى بىلىۋېلىش ئۈچۈنلا كېرەكلىكىنى، ھېچكىم چۈشەنمەگەنلىكىدىن خاپا ئىدى.

## 16

شىرەنىڭ ئەرلەر ئولتۇرغان تەرىپىدە سۆھبەت بارغانسېرى قىزىۋاتاتتى. پولكاۋنىك ئۇرۇش ئېلان قىلىنغانلىقى توغرىسىدا پېتربۇرگدا خىتاپنامە چىققانلىقىنى ۋە ئۆزى كۆرگەن بىر نۇسخىسىنىڭ شۇ كۈنى چاپارمەن ئارقىلىق باش قوماندانغا ئەۋەتىپ بېرىلگەنلىكىنى سۆزلەپ بەرمەكتە ئىدى.

— بوناپارت بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى بىزگە كىم قويۇپتۇ؟ — دېدى شىنشىن. — Il a déjà rabbattu le caquet à l’Autriche.

(ئۇ ئاۋستـ Je crains que cette fois ce ne soit notre tour
رىيىنىڭ غۇرۇرىنى يەرگە ئۇردى، ئەمدى نۆۋەت بىزگە كەلمىگەي دەپ قورقىمەن).

پولكاۋنىك قامەتلىك، ئىگىز بويلۇق ۋە خۇش پىيىللىق نىمىس بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆز ۋەزىپىسىگە سادىق ھەم ۋەتەنپەرۋەر ئادەم ئىكەنلىگى روشەن ئىدى.

— كىم قويغانلىغىنى، مۇھتەرەم ئەپەندىم، — دىدى پولكاۋنىك نىمىسچە ئاھاڭ بىلەن ("e" ئورنىدا "э" ئىشلىتىپ)، — بۇنى پادىشا ئالىلىرى بىلىدۇ. ئۇ خىتاپنامىدە: روسىيىگە تەھدىت سىلىۋاتقان خەۋپكە — ئىمپىرىيىنىڭ بىخەتەرلىگى، شەنى ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ مۇقەددەسلىگىگە تەھدىت سىلىۋاتقان خەۋپكە بىپەرۋالىق بىلەن قاراپ تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس، دەيدۇ، — دىدى ئۇ، "ئىتتىپاقداشلىرى" دىگەن سۆزگە گويىكى ئىشنىڭ پۈتۈن ماھىيىتى مانا شۇنىڭدا دىگەندەك، ئالاھىدە ئەھمىيەت بىرىپ.

شۇنىڭدىن كىيىن ئۇ ئۆزىگە خاس قۇسۇرسىز ۋە رەسمى خاتىرىسى بىلەن خىتاپنامىنىڭ كىرىش سۆزىنى تەكرارلىدى: "ياۋروپادا مۇستەھكەم ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان تىچلىق بەرپا قىلىش خاھىشىدىن ئىبارەت بولغان پادىشانىڭ يىگانە ۋە زۆرۈرى مەقسىدى ئۇنى قوشۇنىنىڭ بىر قىسمىنى چەتئەلگە سۈرۈشكە ۋە بۇ مەقسەتكە يىتىش ئۈچۈن يىڭى تەدبىرلەر كۆرۈشكە ئۈندىدى."

— كىم قويغانلىغىنى ئەمدى بىلدىڭىزمۇ، مۇھتەرەم ئەپەندىم، — دىدى ئۇ نەسىھەت قىلغان تەرىزدە ۋە ئىستاكاندىكى ۋىنوسىنى ئىچتى ـ دە، ماختاشنى كۈتۈپ گرافقا قارىدى.

(بۇ تەمسىلنى بىلەمسىز): Connaissez vous le proverbe —

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يېرىمە، يېرىمە، ئۆز ئۆيۈڭدە ئولتۇرۇۋەر، ئۇرچۇغۇڭنى چۆگىلىتىۋەر، — دېدى شىنشىن قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ۋە كۈلۈپ قويۇپ — (بۇ سۆز بىزگە راسا باپ Cela mous convient à merveille a plate couture كېلىدۇ). سۇۋۇرۇۋنى ئالايلى، — ئۇلار ئۇنىمۇ (يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتتى)، ئەمدى بىز سۇۋۇرۇۋتەك ئادەملەرنى نەدىن تاپالايمىز؟ (مەن پەقەت Je vous demande unpeu سىزدىنلا سوراۋاتىمەن)، — ئۇ رۇس تىلىدىن توختىماي فرانسۇز تىلىغا يۆتكىلىپ سۆزلەيتتى.

— بىز ئەڭ ئاخىرقى بىر تامچە قېنىمىز قالغىچە ئۇرۇش قىلىشىمىز كېرەك، — دېدى پولكاۋنىك ئۈستەلگە مۇشتلاپ، — بىز ئۆزىمىزنىڭ پادىشايىمىز ئۈچۈن ئۆلۈشىمىز كېرەك، شۇ چاغدا ھەممە ياخشى بولىدۇ. بىز ئىمكان-قە-دەر (ئۇ "ئىمكان قەدەر" دېگەن سۆزنى ئالاھىدە سوزۇپ سۆزلىدى) ئاز مۇھاكىمە قىلىشىمىز كېرەك، — دەپ سۆزنى تۈگەتتى ئۇ يەنە گرافقا قاراپ. — بىز پېشقەدەم ئاتلىقلارنىڭ كۆزقارىشىمىز مانا شۇنداق، گەپنى شۇ يەرگىچە قىلاي! سىز ياش ئاتلىقسىز، قانداق ئويلايسىز؟ — دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ نىكولايغا قاراپ؛ نىكولاي بولسا گەپنىڭ ئۇرۇش توغرىسىدا بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۆز سۆھبەتدىشىنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويىدى-دە، پولكاۋنىكقا پۈتۈن دىققىتى بىلەن قاراپ گېپىگە قۇلاق سېلىشقا باشلىدى.

— مەن سىزنىڭ پىكرىڭىزگە تامامەن قوشۇلىمەن، — دېدى نىكولاي بارغانسېرى قىزىپ كېتىپ، گويا كى شۇ مىنۇتتا غايەت زور بىر خەۋپكە دۇچكەلگەندەك، ناھايىتى چوڭ ئىرادە ۋە قەھرىمانانە قىياپەت بىلەن تەخسىنى ئويناتىپ، قەدەھلەرنى ئۇ ياق-بۇ ياققا

سۇرۇپ قويۇپ، — مەن، رۇسلار ئۆلۈش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى دۈشمەننى يېڭىش ئۈچۈن ئۇرۇشۇشى كېرەك دېگەن پىكىردە مەن، — دېدى ئۇ سۆزىنى ئاياقلاشتۇرۇپ؛ ئۇنىڭدىن كېيىن، خۇددى باشقا كىشىلەرگە ئوخشاش، بۇ سۆزلىرىنىڭ مۇشۇ سورۇن ئۈچۈن ھەددىدىن زىيادە تەنتەنە ۋە بەك قىزىققانلىق بىلەن ئېيتىلغانلىقىنى سېزىپ قېلىپ ئۆزى ئوڭايسىزلىنىپ قالدى.

— C'est bien beau ce que vous venezde dire (ناھايىتى ياخشى! ناھايىتى ياخشى گەپ قىلدىڭىز!) — دېدى ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ژۇلى ئۇھ تارتىپ قويۇپ. نىكولاي سۆزلەۋاتقاندا سونيەنىڭ پۈتۈن بەدىنى تىترەپ، قۇلىقى قىزىرىپ كەتتى، كېيىن بۇ قىزىللىق قۇلىقىنىڭ ئارقىسىدىن ئۆتۈپ بويىنىغىچە ۋە ئىككى يەلكىسىگە يېتىپ باردى. پىيېر پولكاۋنىكنىڭ سۆزلىرىگە دىققەت بىلەن قۇلاق سالاتتى ۋە تەستىقلاش ئالامىتى بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ قوياتتى.

— مانا بۇ ياخشى گەپ، — دېدى ئۇ.

— مانا بۇ يىگىت ھەقىقى ئاتلىق ئىكەن، — دەپ ۋاقىرىدى پولكاۋنىك يەنە ئۈستەلگە مۇشتلاپ.

— نىمە دەپ ۋاقىرىشىۋاتىسىلەر؟ — دېدى شىرەنىڭ نېرىقى تەرىپىدە ئولتۇرغان مارىيە دىمىترىيېۋنا يوغان ئاۋاز بىلەن. — نىمىشقا شىرەگە مۇشتلاۋېرىسەن، — دېدى ئۇ ئاتلىققا قاراپ، — كىمگە چېچىلىۋاتىسەن؟ نىمە، فرانسۇزلار ئالدىمىدا تۇرۇپتۇ دەپ ئويلاۋاتامسەن؟

— مەن ھەقىقەتنى سۆزلەۋاتىمەن، — دېدى ئاتلىق كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

— ھامان ئۇرۇش توغرىسىدا-دە، — دەپ ۋاقىرىدى شىرەنىڭ نېرىقى تەرىپىدە ئولتۇرغان گراف. — ئوغلۇم ئۇرۇشقا ماڭماقچى، مارىيە دىمترىيېۋنا، ئوغلۇم.

— مېنىڭ تۆت ئوغلۇم ئارمىيىدە، ئەمما مەن قايغۇرۇۋاتقىنىم يوقفۇ، ھەممە ئىش خۇدانىڭ ئىلكىدە: ئەجىلىڭ يەتسە ئىسسىق ئۆيدە يېتىپمۇ ئۆلىسەن، ئەجىلىڭ يەتمىگەن بولسا جەڭدىمۇ ئۆلمەيسەن، ھەممىسى خۇدانىڭ ئىرادىسىگە باغلىق، — دېدى مارىيە دىمترىيېۋنا شىرەنىڭ نېرىقى ئۇچىدىن يوغان ئاۋاز بىلەن.

— شۇنداق، شۇنداق.

پاراڭلار يەنە مەركەزلىشىشكە باشلىدى — ئاياللار بىر تەرەپتە، ئەرلەر بىر تەرەپتە ئىدى.

— سوراشنى بىلمەيسەن، — دېدى ناتاشانىڭ ئۇكىسى، — مەن بىلىمەن، سەن سوراشنى بىلمەيسەن.

— سورايمەن، — دەپ جاۋاپ بەردى ناتاشا.

ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا باتۇرانە ۋە خوشال قەتئىي تۈس ئېلىپ ئوتتەك قىزىرىپ كەتتى. ئۇ سەل ئورنىدىن تۇردى-دە، ئۆزىنىڭ قارشىسىدا ئولتۇرغان پيېرنى كۆزقارىشى بىلەن تەكلىپ قىلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئانىسىغا مۇراجىئەت قىلدى:

— ئانا! — ئۇنىڭ باللارچە ئىنچىكە ئاۋازى ھەممەيلەنگە ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— ھە، نىمە دەيسەن؟ — دېدى گراف ئايىم قورقۇپ كېتىپ، بىراق قىزىنىڭ چىرايىغا قاراپ بۇنىڭ شوخلۇق ئىكەنلىكىنى بىلدى-دە، قولى بىلەن ئۇنىڭغا قاتتىق قول ئىشارىسى قىلىپ، باش چايقىدى.

پاراڭ توختىدى.

— ئاپا! قانداق تاتلىق-تۈرۈملەرنى يەيمىز؟ — دېدى ناتاشا تېخىمۇ ئاۋازىنى كۆتىرىپ.

گىراف ئايىم قوشۇمىسىنى تۈرۈۋالماقچى بولدى-بۇ، بىراق ئۇنداق قىلالمىدى. مارىيە دىمىترىيېۋنا ئوتتۇرا بارمىقىنى چىقىرىپ قورقۇتۇپ قويدى.

— كازاك، — دېدى ئۇ قورقۇتۇپ.

كۆپ سانلىق مېھمانلار بۇنداق شوخلۇققا قانداق قىلىش لازىملىقىنى بىلمەي چوڭلارغا قارايتتى.

— خەپ، سېنى توختاپ تۇر! — دېدى گىراف ئايىم.

— ئاپا، قانداق تاتلىق-تۈرۈملەرنى يەيمىز؟ — دېدى ۋاقىراپ ناتاشا تېخىمۇ يۈرەكلىك بىلەن ئەكىلەپ ۋە كۈلۈپ تۇرۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ شوخلۇقىنى كىشىلەر قارشى ئالىدۇ دەپ ئىشىنەتتى.

سونيە بىلەن ھىلىقى سېمىز پېتەنىڭ كۈلكىسى قىستاپ يىقىلىپ قالاي دېگەن ئىدى.

— ئەنە، سورىدىمغۇ، — دەپ پىچىرلاپ قويدى ناتاشا كىچىك ئۇكىسى بىلەن پيېرغا، كېيىن يەنە پيېرغا قاراپ قويدى.

— ماروژنى بار، لېكىن ساڭا بېرىلمەيدۇ، — دېدى مارىيە دىمىترىيېۋنا.

ناتاشا قورقۇشنىڭ لازىم ئەمەسلىكىنى بىلدى-دە، مارىيە دىمىترىيېۋنادىنمۇ قورقماي چېقىلىشىۋېرىدىغان بولدى.

— مارىيە دىمىترىيېۋنا! قانداق ماروژنە، ئۇ؟ مەن، قايماق ماروژنىسىنى ياخشى كۆرمەيمەن.

— سەۋزىنىڭكى بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— ياق، قايسى خېلى؟ مارىيە دىمىترىيېۋنا، قاندىغى؟ — پۈتۈن-لەي ۋاقىرىغاندەك ئېيتتى ئۇ. — ئېيتىڭلا!

مارىيە دىمىترىيېۋنا بىلەن گراف ئايىم كۈلۈشۈپ كەتتى، مېھمان-لارمۇ كۈلۈشۈپ كەتتى. بۇلار مارىيە دىمىترىيېۋنانىڭ بەرگەن جاۋابىغا كۈلمەيتتى، بەلكى مارىيە دىمىترىيېۋنا بىلەن مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلىشنى بىلگەن ۋە شۇنىڭغا پېتىنغان بۇ قىزنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە باتۇرلۇغى ۋە چاققانلىغىغا قاراپ كۈلەتتى.

ناتاشا پەقەت ئاناناسنىڭ ماروژنىسى ئىكەنلىگىنى بىلگەندىن كېيىنلا گەپ قىلماي جىمىپ قالدى. ماروژنىنى كەلتۈرۈشتىن ئاۋال شامپانسكىنى تارتىشتى. يەنە مۇزىكا چېلىنىشقا باشلىدى، گراف ئۆزىنىڭ خوتۇنى گراف ئايىم بىلەن سۆيۈشۈۋالدى، مېھمانلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ گراف ئايىمنى تەبرىكلەشتى، شىرەنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇشۇپ گراف بىلەن قەدەھلىرىنى ئۇرۇشتۇردى، باللار بىلەنمۇ قەدەھلىرىنى ئۇرۇشتۇردى، بىر بىرى بىلەنمۇ قەدەھ-لىرىنى ئۇرۇشتۇردى. خىزمەتكارلار يەنە ھەركەتكە كېلىشتى، ئورۇن-دۇقلار تاراق-تۇرۇق بولۇپ كەتتى-دە، شۇنداق قىلىپ، مېھمانلار كىرىپ كەلگەن چاغدىكىگە ئوخشاش، ئەمما يۈزلىرى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ قىزارغان ھالدا مېھمانخانا بىلەن گرافنىڭ كۇتۇپ-خانىسىغا قايتىپ چىقىشتى.

## 17

قارتا ئوينايدىغان شىرەلەر يېيىلدى، ئوينىغۇچىلارنىڭ گورۇپپە-

لىرى تۇزۇلدى ۋە گرافنىڭ مېھمانلىرىمۇ ئىككى مېھمان ئۆيىدە — بىر قىسمى ياتاق ئۆيلەردە، يەنە بىر قىسمى كۇتۇپخانىدا جايلاشتى.

گراف قارتىلارنى يەلپۈگۈچ شەكلىدە قولىغا تىزىپ ئالدى ـ دە، ئادەتلىنىپ قالغان چۈشلۈك تاماقتىن كېيىنكى ئۇيقۇسىنى تەسلىكتە يەڭدى ۋە ھەممىگە كۈلۈپ قوياتتى. ياشلار گراف ئايىمىنىڭ قىزىق- تۇرۇشى ئارقىسىدا چوڭ گاڭچىڭ، تىك گاڭچىڭ ئالدىغا يىغىلىشتى. ژۇلى بىرىنچى بولۇپ ھەممەيلەننىڭ تەكلىۋى بويىچە، تىك گاڭ- چىڭنى چېلىشقا باشلىدى، ئۇ تىك گاڭچىڭدا ئاھاڭنى ئۆزگەرتىپ تۇرىدىغان كىچىك بىر ناخشىنى ئورۇنلىغاندىن كېيىن، باشقا ياش قىزلار بىلەن بىرلىشىپ، مۇزىكا جەھەتتىكى قابىلىيىتى بىلەن داڭ چىقارغان ناتاشا بىلەن نىكولاينى ناخشا ئېيتىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. چوڭ كىشىلەردەك مۇئامىلە قىلىنغان ناتاشانىڭ ناھايىتى مەغرۇرلىنىپ كەتكەنلىكى، ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىللە تارتىنىپ تۇرغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

— قايسى ناخشىنى ئېيتىمىز؟ — دەپ سورىدى ناتاشا.

— «بۇلاق»نى، — دەپ جاۋاپ بەردى نىكولاي.

— قېنى، ئۇنداق بولسا تېزرەك. بورىس، بۇ ياققا كەل، — دىدى ناتاشا. — سونيە قېنى؟

ئۇ ئەتراپقا قارىدى ـ دە، دوستىنىڭ ئۆيدە يوقلۇغىنى بىلىپ، ئۇنى ئىزلەپ چىقىپ كەتتى.

ناتاشا سونيەنىڭ ياتاقخانىسىغا يۈگۈرۈپ كىردى، ئۇ يەردە سونيە كۆرۈنمىگەچكە، باللار بۆلمىسىگە يۈگۈرۈپ كىردى، ئۇ يەردىمۇ سونيە يوق ئىدى. ناتاشا ئۇ چوقۇم كارىدوردىكى ساندۇق ئۈستىدە دەپ ئويلىدى. ئارىلىقتىكى ساندۇق روستوۋلارنىڭ ئۆيىدىكى ياش

قىزلارنىڭ ئاچچىغىنى چىقىرىۋالىدىغان ئورنى بولۇپ قالغان ئىدى. دەرۋەقە، دىگەندەك سونيە ئۆزىنىڭ يېنىك قىزىل رەڭلىك يىپەك كۆينىكىنى تېگىگە بېسىپ پۈكلەشتۈرۈپ، بالا باقار ئايالنىڭ كىرلىشىپ كەتكەن يول-يوللۇق پەر كۆرپىسىدە ساندۇق ئۈستىدە دۈم يېتىۋېلىپ، ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى چىڭ تۇتۇپ، بۇقۇلداپ يىغلاۋاتاتتى، بۇ چاغدا ھەتتا ئۇنىڭ يالىڭاچ يەلكىلىرىمۇ تىترەپ كېتەتتى. ناتاشانىڭ بۇ پۈتۈن بايرام كۈنىدە خوشاللىقتا لىق تولغان چىرايى بىردىنلا ئۆزگىرىپ كەتتى: كۆزلىرى چەكچىيىپ توختاپ قالدى، كېيىن ئۇنىڭ كەڭ بويىنىنى تىترەك باستى، ئىككى جاۋغىيىمۇ ساڭگىلاشقا باشلىغان ئىدى.

— سونيە! نىمە بولدۇڭ؟... نىمە، ساڭا نىمە بولدى؟ ۋا... ي... جا... نە... ي!

ناتاشامۇ ئۆزىنىڭ چوڭ ئاغزىنى كېرىپ ۋە تەلەتىنى ناھايىتى سەتلەشتۈرۈپ، سونيەنىڭ يىغلىشىدىن باشقا ھېچقانداق سەۋەپنى بىلمەي تۇرۇپلا، خۇددى بوۋاق بالىدەك ۋاقىراپ يىغلاشقا باشلىدى. سونيە بېشىنى كۆتەرمەكچى ۋە جاۋاپ بەرمەكچى بولاتتى، ئەمما ئۇنداق قىلالمايتتى ۋە تېخىمۇ پۈركىنىۋالاتتى. ناتاشا كۆك رەڭلىك پەر كۆرپىدە ئولتۇرۇپ ۋە دوستىنى قۇچاقلاپ يىغلاشقا باشلىدى. سونيە زورىغا ئولتۇردى-دە، يېشىنى ئېرتىپ سۆزلەپ بېرىشكە باشلىدى.

— نىكولېنكا① بىرەر ھەپتىدىن كېيىن ماڭىدىكەن، ئۇنىڭ ....

---

① نىكولېنكا — نىكولاينىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى، مېنىڭ نىكولايىم دىگەندەك مەنىدە. — تەر.

قەغىزى.... كەپتۇ.... ئۆزى ماڭا شۇنداق دىدى.... بىراق مېنىڭ يىغلىماسلىقىم كېرەك ئىدى (ئۇ قولىدا تۇتۇپ تۇرغان قەغەزنى كۆرسەتتى: ئۇ نىكولاي يازغان شېئىر ئىدى)، مەن يەنىلا يىغلىماسلىقىم كېرەك ئىدى، لېكىن مۇنداق قىلالمايسەن.... ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ ياخشىلىقىنى ھېچكىم چۈشىنەلمەيدۇ....

شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە يىغلاشقا باشلىدى، چۈنكى ئۇنىڭ كۆڭلى شۇنداق ئوبدان ئىدى.

— سېنىڭ ئۈچۈنمۇ ياخشى بولدى.... مەن ھەسەت قىلمايمەن... مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن، بورىسنىمۇ ياخشى كۆرىمەن، — دىدى بىرئاز ئۆزىگە كېلىپ، — بورىس ناھايىتى ئوبدان.... سىلەر ئۈچۈن توسالغۇ يوق.... ئەمما نىكولاي بولسا ماڭا cousiu[1]... بۇنىڭغا مېتروپولىتنىڭ[2] ئۆزى ئارىلاشمىسا... شۇنداق بولغاندىمۇ ئىلاج يوق. ئۇندىن تاشقىرى، ئەگەر ئانامغا (سونيە گىراف ئايىمىنى ئانام دەپ ھىساپلايتتى ۋە شۇنداق دەپ ئاتايتتى).... ئۇ مېنى نىكولاي-نىڭ ئۆرلىشىگە توسالغۇ بولۇۋاتىدۇ، يۈرىكى يوق، ۋاپاغا جاپا قىلىۋاتىدۇ دەيدۇ... ھەقىقەتتە.... خۇدا بار (ئۇ چوقۇنۇپ قويدى).... مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن، ھەممەيلەننىمۇ ياخشى

---

① cousiu — فرانسۇزچە: ئانىسىنىڭ ئاكىسىنىڭ ياكى ئىنىسىنىڭ ئوغلى. بۇ يەردە "تاغام" دىگەن مەنىدە.

② مېترو پولىت — پراۋوسلاۋىيە چېركاۋلىرىدا يېپىسكوپ، يەنى ئالى دەرىجىلىك روھانىلىق مەنسەپ نامى، ئادەتتە خىرىستىيان چېركاۋلىرىدا بۇ نام ئاساسلىق ۋە مۇستەقىل تېرىتورىيە بىرلىكى بولغان چېركاۋ باشقار-مىسى — يېپارخىيە باشلىقلىرىغا بېرىلىدۇ. — تەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كۆرىمەن، پەقەت بىرگىنە ۋېرا.... نىمە ئۈچۈنكى؟ مەن ئۇنىڭغا نىمە قىلغاندىمەن؟ مەن سىلەرگە شۇنچىلىك مىننەتدار بولمەنكى، ھەممىنى قۇربان قىلىشقا تەييارمەن، پەقەت ھېچنىمەم يوق....

سونيە سۆزىنى داۋام قىلدۇرالماي قالدى ۋە يەنە قولى بىلەن يۈزىنى توسۇۋېلىپ پەر كۆرپىدە ئولتۇرۇۋالدى. ناتاشا ئۇنى جىمىلەشكە باشلىدى، لېكىن ئۇنىڭ چىرايىدىن ئۆز دوستىنىڭ ھەممە دەرتلىرىنىڭ ئېغىرلىغىنى چۈشەنگەنلىگى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— سونيە! — دىدى ئۇ بىردىنلا، گوياكى ئۆز دوستىنىڭ دەرت-ئەلەملىرىنىڭ ھەقىقى سەۋەپلىرىنى تېپىۋالغاندەك. — راست، ۋېرا سېنىڭ بىلەن كەچ تاماقتىن كېيىن سۆزلەشكەن ئەمەسمىدى؟ شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، بۇ شېئىرلارنى نىكولاينىڭ ئۆزى يازغان ئىكەن، بىر قىسمىنى مەن باشقىلاردىن كۆچۈرۈۋالغان ئىدىم؛ ۋېرا بۇ شېئىرلارنى مېنىڭ شىرەيىمدىن تېپىۋېلىپ ماڭا: بۇ شېئىرلارنى ئاپامغا كۆرسىتىمەن دىدى ۋە يەنە: سەن ۋاپاغا جاپا قىلدىڭ، ئاپام ئۇنىڭ ساڭا ئۆيلىنىشىگە ھېچقاچان يول قويمايدۇ، ئۇ ژۇلىغا ئۆيلىنىدۇ، دىدى. كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسەنغۇ، نىكولاي كۈن بويى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە...ناتاشا! مەن ئۇنىڭغا نىمە قىلغان، زادى؟...

ئۇ يەنە ئىلگىرىكىدىنمۇ يامانراق يىغلاپ كەتتى. ناتاشا ئۇنى يۆلىدى، قۇچاقلىدى ۋە يىغا ئارىلاش كۈلۈپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشكە باشلىدى.

— سونيە، سەن ئۇنىڭغا ئىشەنمە! جېنىم، سەن ئۇنىڭغا ئىشەنمە! سەن بىز ئۈچىمىزنىڭ نىكولېنكا بىلەن ياتاق ئۆيدە سۆزلەشكەنلىگىمىزنى بىلىسەن؛ ئېسىڭدىدۇ، كەچكى تاماقتىن كېيىن؟ بىز كەلگۈ-

سىدە بولىدىغان ھەممە ئىشنى بەلگىلىگەن ئىدۇق. قانداق قارار قىلغانلىقىمىز تولۇق ئېسىمدە يوق، ئەمما ھەممە ئىشنىڭ ياخشى بولىدىغانلىقى ۋە قىلىش مۇمكىنلىكى ئېسىڭدىدۇ؟ شىنشىن تاغامنىڭ ئۇكىلىرى ھامىلىرىڭنىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەن ئەمەسمۇ؟ سەن ھامامنىڭ قىزىنىڭ قىزى سەن، ئاخىر. بورىسمۇ بولىدۇ دېگەن ئىدى. سەن بىلىسەن، مەن ھەممە گەپنى ئۇنىڭغا دېدىم. ئۇ قانداق ئەقىللىق، قانداق ئوبدان! — دېدى ناتاشا... — يىغلىما، سونيە، قوي، جېنىم. — ناتاشا ئۇنى كۆلۈپ تۇرۇپ سۆيۈپ قويدى. — ۋېرا ئىچى قوتۇر، خۇدا ئۇرغاي ئۇنى! ھەممە ئىش ياخشى بولىدۇ ۋە ئومۇ ئاپىسىغا دېمەيدۇ؛ نىكولېنكا ئۆزى ئېيتىدۇ، ئۇ ژۇلى توغرىسىدا ئويلاپمۇ قويغىنى يوق. ناتاشا ئۇنىڭ بېشىغا سۆيۈپ قويدى. سونيە ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇردى، ئاسلان جانلىنىپ، كۆزلىرى چاقناپ كەتتى ۋە خۇددى ھازىرلا قۇيرۇغىنى پۇلاڭلىتىپ، يۇمشاق تاپىنى بىلەن سەكرەپ، ئاسلانغا خاس قىياپەت بىلەن يىپ توپنى يەنە ئوينىماقچى بولغاندەك قىلاتتى.

— سەن شۇنداق دەپ ئويلامسەن؟...راستمۇ؟ خۇدا ھەققى؟ — دېدى سونيە كۆينىكى ۋە چاچلىرىنى چاپسانلىق بىلەن تۈزەشتۈرۈپ.

— راست! ئەزبىرايى خۇدا! — دەپ جاۋاپ بەردى ناتاشا، دوستىنىڭ چېچىنىڭ ئۆرۈمىسىدىن چۇۋۇلۇپ چىقىپ تۇرغان قاتتىق چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ.

شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككىلىسىمۇ كۆلۈپ كەتتى.

— قېنى، ئەمىسە، «بۇلاق» ناخشىسىنى ئېيتىشقا بارايلىچۇ.

— بولىدۇ، كەتتۇق.

— سەن بىلەمسەن، ھېلىقى مېنىڭ قارشىمدا ئولتۇرغان سېمىز

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

پېپرنى، ناھايىتى غەلىتە ئادەمكەن! ــ دېدى ناتاشا بىردىنلا توختاپ قېلىپ. ــ ناھايىتى خوشالمەن.

شۇنىڭ بىلەن ناتاشا ئارىلىقتىن يۈگۈرۈپ كەتتى.

سونىيە كىيىملىرىگە چاپلىشىپ قالغان پەرلەرنى قېقىپ، شېئىرنى قوينىغا، يادىكىغۇ كۆكرىگىنىڭ سوڭەكلىرى چوخچىيىپ چىقىپ تۇرغان يېرىگە يېقىن قىلىپ قوينىغا تىقىشتۇرۇپ، قىپ-قىزىل چىرايلىرى بىلەن، يەڭگىل، شوخ قەدەم تاشلاپ ناتاشانىڭ ئارقىسىدىن ئارىلىقنى بويلاپ ياتاقخانىغا يۈگۈرگەن پېتى كىرىپ كەتتى. مېھمانلارنىڭ تەلەۋى بويىچە ياشلار «بۇلاق» دېگەن تۆت كىشىلىك ناخشىنى ئېيتىپ بەردى، بۇ ناخشا ھەممەيلەنگە بەك ياراپ كەتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن نىكولاي تېخى ئەمدىلا ئۆگىنىۋالغان ناخشىنى ئېيتىپ بەردى:

يېقىملىق كېچە ــ
ئايپاق ئايدىڭدا،
تەسەۋۋۇر قىلساڭ،
بەختىڭنى ئۆزەڭ،
بولسا ئىدى شۇ ئالەمدە
دىلىدا سېنى ئويلايدىغان!
ئويناتسا ئۇ ئارفانى مۇڭلۇق،
گۈزەل، ئالتۇن قوللىرى بىلەن،
كەزسە ئۇ ئالتۇن دالىنى.
قىزغىن سۆيگۈ مۇھەببەت بىلەن،
ئۆزىگە ئۈندەپ، چاقىرسا سېنى.

كۈنلەرمۇ ئۆتەر، بەختلىك كۈنلەر كېلەر،
ئېخ، ئەمدى تاپالماسەن —
يوقتۇر دوستۇڭ بۇ جاھاندا!!

نىكولاي ئاخىرقى بىر مىسرانى تېخى ئېيتىپ تۈگەتمىگەن چاغدا، ياشلار زالدا تانسىغا تەييارلىنىۋاتاتتى، سازچىلارنىڭ ئاياق تېۋىشلىرى ۋە يۆتەل ئاۋازلىرى يېتىپ كېلەتتى.

پىيېر مېھمان ئۆيدە ئولتۇراتتى. ئۇ يېڭىدىن چەتئەلدىن كەلگەن كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن، شىنىشىن پىيېرنى ئۇنىڭ ئۈچۈن زېرىكىشلىك بولغان سىياسى پاراڭغا تۇتتى، ئۇنىڭغا باشقىلارمۇ قوشۇلغان ئىدى. مۇزىكا چېلىنىشقا باشلىغاندا، ناتاشا مېھمان ئۆيگە كىرىپ كەلدى ۋە توپ-توغرا پىيېرنىڭ ئالدىغا كەلدى-دە، كۈلۈپ تۇرۇپ، قىزىرىپ:

— ئاپام سىزنى تانسىغا تەكلىپ قىلىشقا مېنى ئەۋەتتى، — دېدى.

— مەن چاتاق مېڭىپ قويىمەنمىكىن دەپ قورقىمەن، — دېدى پىيېر، — بىراق، ئەگەر سىز ماڭا ئۇستاز بولۇشنى خالىسىڭىز....

شۇنىڭ بىلەن ئۇ چوڭ قولىنى پەسكە چۈشۈرۈپ، نازۇككىنە قىزچاقنىڭ قولىغا ئۇزاتتى.

تانسا ئوينىغۇچىلار جۈپ-جۈپى بىلەن تىزىلىشىپ، سازچىلار سازلىرىنى تەڭشەشكە باشلىغاندا، پىيېر ئۆزىنىڭ بۇ كىچىك جۈپى بىلەن ئولتۇراتتى. ناتاشا ئۆزىنى ناھايىتى بەختلىك ھىس قىلاتتى: چۈنكى ئۇ چەتئەلگە بېرىپ كەلگەن چوڭ كىشى بىلەن تانسا ئوينىماقچى بولغان ئىدى. ئۇ ھەممىنىڭ كۆزىگە چېلىقىدىغان جايدا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئولتۇرۇپ، پىيېر بىلەن خۇددى چوڭ كىشىلەردەك سۆزلىشىۋاتاتتى. ئۇنىڭ قولىدا قىزلاردىن بىرسى تۇتۇپ تۇرۇشقا بەرگەن يەلپۈگۈچمۇ بار ئىدى. ئۇ ناھايىتى كىبىرلىك قىياپەتتە (خۇدا بىلىدۇ، ئۇ قەيەردە ۋە قاچان بۇنى ئۆگىنىۋالدىكىن ــ تاڭ)، يەلپۈگۈچنى يەلپۈپ تۇرۇپ ۋە يەلپۈگۈچنىڭ ئۈستىدىن قارىغان پېتى كۈلۈپ تۇرۇپ، ئۆز جۆرىسى بىلەن سۆزلىشىۋاتاتتى.

ــ قانداق بولغىنى؟ قانداق بولغىنى؟ قاراڭ ئۇنىڭغا، قاراڭا، ــ دېدى، ياشىنىپ قالغان گراف ئايىم زالدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا ناتاشانى كۆرسىتىپ.

ناتاشا قىزىرىپ كەتتى ۋە قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

ــ ھە، نىمە بولدى، ئاپا؟ نىمە ئۈچۈن مۇنداق قىلىسىز؟ بۇ يەردە ئەجەپلىنىدىغان نىمە بار؟

* * *

ئۈچىنچى ئېكوسېز (تانسىنىڭ بىر خىلى)نىڭ ئوتتۇرىسىدا مېھمان ئۆيدە ئورۇندۇقلار تاراقشىپ كەتتى، ئۇ يەردە گراف بىلەن مارىيە دىمىترىيېۋنا ۋە ھۆرمەتلىك مېھمانلارنىڭ كۆپچىلىگى، ياشانغان كىشىلەر قارتا ئويناشقان، ئۇلار ئۇزاق ۋاقىت ئولتۇرۇپ كەتكەنلىگى ئۈچۈن پۇت ــ قوللىرىنى سوزۇشۇپ، پۇل ــ پىچەك ۋە پۇل خالتىلىرىنى يىغىشتۇرۇشۇپ زالغا كىرىشمەكتە ئىدى. ئالدىدا مارىيە دىمىترىيېۋنا گراف بىلەن ماڭغان، ھەر ئىككىلىسى خوشال ئىدى. گراف چاخچاق ئارىلاش ھۆرمەت ۋە ئەدەپ بىلەن، خۇددى ئويۇنغا چۈشۈۋاتقاندەك، قوللىرىنى ئېگىپ مارىيە دىمىترىيېۋناغا سۇندى. ئۇ قامىتىنى رۇسلاپ ئالدى، ئۇنىڭ چىرايى ياشلارچە مۇغەمبىرانە كۈلۈمسىرەش بىلەن قاپلانغان ئىدى؛ ئېكوسېزنىڭ ئاخىرقى بىر

مېڭىشىنى تۈگىتىش بىلەن تەڭلا، ئۇ سازەندىلەرگە قاراپ چاۋاك چېلىپ، بىرىنچى ئىسكىرىپكىچىغا قاراپ، خورچىلارغا ۋاقىرىدى:

— سېمىيون! دانىل كۇپور①نى بىلەمسەن؟

بۇ گراف ياش ۋاقىتلىرىدا ئوينىغان ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بىر خىل تانسا ئىدى (دانىلو كۇپور ئەسلىدە ئىنگلىز تانسىلىرىنىڭ بىر مېڭىشىدىن ئىبارەت).

— دادامغا قاراڭلار، — دەپ ۋاقىرىدى ناتاشا پۈتۈن زالدىكىلەرگە قاراپ؛ ئۇ بۇ چاغدا ئۆزىنىڭ چوڭ كىشى بىلەن تانسا ئويناۋاتقانلىقىنى تامامەن ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇپ، بۈدرە چاچلىق بېشىنى تىزىغىچە ئېگىشتۈرۈپ، قاتتىق ئاۋاز بىلەن پۈتۈن زالدا كۈلۈپ كەتكەن ئىدى.

دەرۋەقە، زالدىكى ھەر بىر كىشى خوشال كۈلۈمسىرەش قىياپىتى بىلەن بۇ خوشال كەيپىياتلىق قېرىغا قارايتتى، ئۇ بولسا ئۆزىگە قارىغاندا بويى ئېگىزرەك بولغان سالاپەتلىك ئايال مارىيە دىمىترىيېۋنانىڭ يېنىدا تۇراتتى، ئىككى بىلىگىنى ئېگىپ، تاكتىغا قاراپ تولغىنىپ، يەلكىلىرىنى رۇسلاپ، پۇتلىرىنى سەككىز رەقەم شەكلىدە چۆگىلىتىپ ۋە پولغا يېنىككىنە تېپىپ قوياتتى، ئۇنىڭ كۈلۈپ تۇرغان يۇمۇلاق يۈزى بارغانسېرى چوڭىيىپ، تاماشىچىلارنى مۇندىن كېيىن كېلىپ چىقىدىغان ئىشلارغا تەييارلىنىشقا مەجبۇر قىلاتتى. "دانىل كۇپور"نىڭ كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان ۋە بەك شوخ دىخان

---

① دانىل كۇپور — ئىنگلىز تانسىلىرىنىڭ بىر بۆلىكى، ئىنگلىزلەردە تانسا نۇرغۇن مېڭىشلارغا بۆلۈنىدۇ، ھەر بىر مېڭىشنىڭ كىشى ئۇقمايدىغان غەلىتە ناملىرى بار. تولستوي بۇنى ئۆز ئۆيىدىكى رىۋايەتلەردىن ئالغان. — تەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇسۇلىنىڭ مۇقامىغا ئوخشاپ كېتىدىغان خۇشخۇي ئاھاڭلىرى ئاڭلىنىش بىلەن تەڭلا، زالنىڭ ھەممە ئىشىكلىرى بىردىنلا ساراي خىزمەتكارلىرى ـــ ئەرلەر بىر تەرەپتە، ئاياللار بىر تەرەپتە ـــ بىلەن لىق تولۇپ كەتتى، ئۇلار كۆڭۈل ئېچىۋاتقان خوجايىنىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئىلجىيىپ كۈلۈپ قاراپ تۇراتتى.

ـــ قاراڭلار، بىزنىڭ خوجايىنىنى! بەئەينى بۇركۇت-تە! ـــ دىدى قاتتىق ئاۋاز بىلەن، ئىشىكلەرنىڭ بىرىدە تۇرغان بالا باقار خوتۇنلاردىن بىرسى.

گراف تانسىنى ياخشى ئوينىدى، ئۆزىمۇ بىلەتتى، لېكىن ئۇنىڭ جۆرىسى مارىيە دىمىترىيېۋنا تامامەن بىلمەيتتى ۋە ياخشى ئوينىغىسىمۇ كەلمەيتتى. ئۇنىڭ غايەت زور گەۋدىسى توپ-توز، كۈچلۈك ئىككى بىلىگى پەسكە چۈشۈپ تۇراتتى (ئۇ قاپچۇغىنى گراف ئايىمغا بەرگەن ئىدى)؛ پەقەت ئۇنىڭ جىددى، ئەمما چىرايلىق چىرايىلا تانسىغا قاتنىشاتتى. گرافنىڭ پۈتۈن يۇمۇلاق مىڭىشىدا ئىپادىلەنگەن نەرسە مارىيە دىمىترىيېۋنانىڭ پەقەت بارغانسېرى كۈلۈپ تۇرىدىغان يۈزىدە ۋە تىترەپ تۇرىدىغان بۇرنىدا ئىپادىلىنەتتى. بىراق، ئەگەردە گراف بارغانسېرى ماھارىتىنى كۆرسىتىپ ئۆزىنىڭ كۈتۈلمىگەن ئەپچىل ھەركىتى ۋە ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا سەكرەيدىغان يېنىك قەدەملىرى بىلەن تاماشىچىلارنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلغان بولسا، مارىيە دىمىترىيېۋنانىڭ سىمىزلىكى ۋە ئادەتلەنگەن جىددىلىكىنى ئويلىغاندا، ئۇنىڭ ئازغىنا ئىجتىھات بىلەن يەلكىلىرىنى ھەركەتلەندۈرۈشى ياكى ئايلانغاندا قوللىرىنى ئېگىشى ۋە تاكتىغا قاراپ ئاياقلىرىنى دەسسەشلىرىمۇ خېلى كۆپ تەسىراتلارنى پەيدا قىلاتتى. تانسا بارغانسېرى قىزىپ كەتتى. باشقا جۆرىلەر ئۆزلىرىنىڭ ھەركىتى

بىلەن باشقىلارنىڭ دىققىتىنى بىرەر مىنۇتمۇ ئۆزىگە جەلپ قىلالمايتتى ۋە مۇنداق قىلىشقىمۇ تىرىشمايتتى. ھەممەيلەن گراف ۋە مارىيە دىمىترىيېۋنا بىلەن بەنت بولغان ئىدى. ناتاشا ھەدەپ كىشىلەرنىڭ يېڭىنى ياكى كىيىمنىڭ پېشىنى تارتىپ ئۇلارنى "دادامغا قاراڭلار!" دەپ تەكلىپ قىلاتتى، بۇنداق قىلمىغان تەقدىردىمۇ كىشىلەر بۇ تانسچىلاردىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇرماقتا ئىدى. گراف تانسا ئويناۋېتىپ ئېغىر تىنىپ قوياتتى، سازچىلار سازنى تېزرەك چالسۇن ئۈچۈن ئۇلارغا قولىنى شىلتىپ ھەم ۋاقىراپ قوياتتى. گراف مارىيە دىمىترىيېۋنانىڭ ئەتراپىدا ئۈچقاندەك پىقىرايتتى، بىردەم پۇتلىرىنىڭ ئۇچىدا، بىردەم تاپىنىدا يەرنى دەسسەپ، بارغانسېرى تېز، بارغانسېرى تېز، بارغانسېرى جانلىق، بارغانسېرى شوخ چۆگىلەيتتى ۋە ئاخىردا ئۆزىنىڭ جۈرىسىنى ئۇنىڭ ئولتۇرىدىغان ئورنى ئالدىغا پىقىرىتىپ كېلىپ، بىر پۇتىنى چاققان ئارقىغا كۆتىرىپ، كۈلۈپ تۇرغان چىرايى بىلەن تەرلەپ كەتكەن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، ناتاشا باشلاپ بەرگەن گۈلدۈراس ئالقىشلار ۋە كۈلكە سادالىرى ئىچىدە ئوڭ قولىنى پۇلاڭلىتىپ، تانسىنىڭ ئاخىرقى بىر قەدىمىنى تاماملىدى. تانسا ئوينىغۇچى ئىككىيلەن ئېغىر-ئېغىر نەپەسلىنىپ ۋە بىدىس ياغلىقلىرى بىلەن يۈزلىرىنى ئېرتىشىپ توختاپ قالدى.

— بىزنىڭ زامانىمىزدا تانسىنى مۇشۇنداق ئوينايتتى، ma chere (سۆيۈملۈكۈم)، — دېدى گراف.

— "دانىل كۇپور" مانا شۇنداق! — دېدى مارىيە دىمىترىيېۋنا ئېغىر ۋە ئۇزۇن ئۇھ تارتىپ ھەم يېڭىنى شىمايلاپ تۇرۇپ.

www.uyghurkitap.com

# 18

روستوۋلارنىڭكىدە زالدا ھېرىپ كەتكەن سازچىلارنىڭ قالايمىقان ساختا ساز ئاھاڭلىرىغا ئەگىشىپ ئىنگلىز تانسىسىنىڭ ئالتىنچى قىسمىنى ئويناۋاتقان پەيتتە ۋە ھېرىپ كەتكەن خىزمەتكارلار بىلەن ئاشپەزلەر كەچكى تاماق تەييارلاۋاتقان چاغدا، گراف بېزئۇخوۋنىڭ كېسىلى ئالتىنچى قېتىم قوزغالغان ئىدى. دوختۇرلار كېسەلنىڭ ساقىيىشىدىن ئۈمىت يوقلۇغىنى ئېلان قىلدى؛ كېسەل ئۈچۈن ئۈن چىقارماستىن توۋا-ئىستىغپار ئېيتىشتى ۋە نەزىر-نۇزىرلەرنى قىلىشتى؛ ماي سۈركەش مۇراسىمى① ئۈچۈن تەييارلىقلارنىمۇ ئىشلەشتى، ئۆي ئىچىدە ئادەتتە مۇشۇنداق چاغلاردا بولىدىغان قالايمىقان يۈگۈرۈشلەر ۋە ئەنسىزلىك ئەھۋاللار پەيدا بولغان ئىدى. ئۆينىڭ سىرتىدا، دەرۋازا ئالدىدا، گرافنى داغدۇغىلىق دەپنە قىلىش تاپشۇرۇقلىرىنى كۈتۈپ بىر توپ تاۋۇتچىلار توپلانغان ئىدى، ئۇلار كېلىۋاتقان پەيتۇن ھارۋىلارنى كۆرگەن ھامان ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشاتتى. گرافنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىش ئۈچۈن دائىم ئۆز ئاديۇتانتىنى ئەۋەتىپ تۇرغان موسكۋانىڭ شەھەر قوماندانىمۇ ئۆزى شۇ كېچىسى كېلىپ، يېكاتېرىنا خېنىم زامانىسىنىڭ بۇ

---

① ماي سۈركەش مۇراسىمى — خىرىستىيان چېركاۋلىرىدا بۇتقا چوقۇنۇپ قىلىدىغان تائەت-ئىبادەتلىرىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، كېسەل ياتقان ئادەمنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە جان ئۈزۈش ئالدىدا زەيتۇن دەرىخىنىڭ يېغىنى سۈركەپ چىقىدۇ. — تەر.

مەشھۇر تۆرىسى بولغان گىراف بېزئۇخوۋ بىلەن ئاخىرقى قېتىم ۋىدالاشماقچى بولدى.

ھەممە تىلدىك قوبۇلخانا كىشىلەر بىلەن لىق تولغان ئىدى. كېسەلنىڭ ئالدىدا يېرىم سائەتچە ئايرىم بىللە بولغان شەھەر قوماندانى ئۇ يەردىن چىققاندا ھەممەيلەن ھۆرمەت بىلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى، ئۇ بولسا كىشىلەرنىڭ تازىمىغا مۇنداقلا جاۋاپ بېرەتتى ۋە دوختۇرلار، روھانىلار ھەم ئۇرۇق-تۇققانلىرىنىڭ ئۆزىگە تىكىلگەن كۆزىدىن مۇمكىن قەدەر ئۆزىنى تېزرەك چەتكە ئېلىشقا تىرىشاتتى، بۇ كۆنلەردە تىخىمۇ ياداپ ۋە تاتىرىپ كەتكەن كىنەز ۋاسىلى شەھەر قوماندانىنى ئۇزىتىپ چىقتى ۋە ئۇنىڭغا پىچىرلاپ بىرقانچە قېتىم بىر نەرسىلەرنى دېدى.

شەھەر قوماندانىنى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن، كىنەز ۋاسىلى ئۆزى يالغۇز زالدا بىر ئورۇندۇقتا پۇتىنى ئىگىز مىنگەشتۈرۈپ، ئۇنىڭغا جەينىكىنى تىرەپ ۋە بىر قولى بىلەن يۈزىنى ئېتىۋېلىپ ئولتۇردى. مۇشۇنداق بىرمۇنچە ۋاقىت ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۇ ئورنىدىن تۇردى-دە، ئالاقىزادە بولغان قىياپەتتە ئەتىراپقا بىر قارىۋېتىپ، ئۆزىگە ئادەت بولمىغان غايەت تېز قەدەم بىلەن ئۇزۇن ئارىلىق ئارقىلىق ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى كىنەزنىڭ چوڭ قىزىنىڭ ياتاقخانىسىغا كىرىپ كەتتى.

خىرە يورۇتۇلغان بۇ ئۆيدىكى كىشىلەر بوش ئاۋازلار بىلەن ئۆزئارا پىچىرلىشاتتى، كېسەل ياتقان ئۆيگە بىرەر كىشى كىرگەندە ياكى ئۇنىڭدىن چىققاندا، ئۇلار دەرھال جىم بولۇشاتتى-دە، ئەجەپلەنگەن ياكى ئۇمىتۋار كۆزلىرى بىلەن ئىشىك ئېچىلغان چاغدىكي يېنىك ئاۋازغا دىققەت قىلاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— ئىنسانىنىڭ ئۆمرى.... چەكلىك، ئۇنىڭدىن ئېشىپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس، — دېدى ياسانغان روھانى شەخس ئۆزىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ۋە ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ساددىلىق بىلەن قۇلاق سېلىۋاتقان خانىمغا.

— ئۆلۈم ئالدىدىكى ماي سۈركەش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزۈشكە تېخى كەچ ئەمەستۇ؟ — دېدى ھېلىقى خانىم روھانىنىڭ سۆزىگە قوشۇمچە قىلىپ ۋە خۇددى ئۆزى ھېچنەرسىنى بىلمىگەندەك.

— بۇ ناھايىتى زور ساۋاپ ئىش، — دەپ جاۋاپ بەردى روھانى بېشىنىڭ چوققىسىدىكى بىرقانچە تال شالاڭ، يېرىم ئاقارغان چاچ-لىرىنى سىلاپ.

— ھېلىقى كىشى كىم؟ شەھەر قوماندانى شۇمۇ؟ — دەپ سوراشتى ئۆينىڭ باشقا تەرىپىدە ئولتۇرغان كىشىلەر. — نىمە دېگەن ياش ئادەمدەك، ھە!

— شۇنداق، ئاتمىش نەچچىلەرگە كىرگەن! گراف، ھېچكىمنى تونۇمايدىغان بولۇپ قاپتۇ دېيىشەمدۇ، نىمە؟ ماي سۈركەش مۇرا-سىمىنى ئۆتكۈزمەكچى بولغانمۇ؟

— مەن مۇشۇنداق يەتتە قېتىم ماي سۈركەش مۇراسىمىنى قوبۇل قىلغان ئادەمنى كۆرگەنمەن.

كىنەزنىڭ ئىككىنچى قىزى يىغلامسىراپ، كېسەل ياتقان ئۆيدىن چىقىپ، دوختۇر لوررېننىڭ يېنىدا ئولتۇردى، دوختۇر بولسا ناھا-يىتى كېلىشكەن قىياپەتتە، يېكاتېرىنا خېنىمنىڭ رەسمى ئاستىدا شىرەگە جەينىكىنى تىرەپ ئولتۇراتتى.

— Trés beau (ناھايىتى ياخشى)، — دېدى دوختۇر ھاۋا رايى توغرىسىدىكى مەسىلىگە جاۋاپ بېرىپ، — Trés beau, princesse,

et puis, à Moscou on se croit à la campagne (گۈزەل، گۈزەل ناھايىتى ياخشى ھاۋا، كىنەز قىزى، موسكۋادا ئۆزەڭنى خۇددى يېزىدىكىدەك ھىس قىلىسەن).

— N'est-ce-pas (شۇنداق ئەمەسمۇ؟) — دىدى كىنەز قىزى ئۇھ تارتىپ. — ئىچسە بولامدۇ؟

لوررېن ئويلىنىپ قالدى.

— دورا ئىچكەنمۇ؟

— ھە.

دوختۇر سائىتىگە قارىدى:

— بىر ئىستاكان قايناقسۇغا une pincée de Cremortartari... (بىر چىمدىم كرېمو تارتارى سېلىڭ...)، — دىدى دوختۇر une pinceé نىمە ئىكەنلىكىنى نازۇك بارماقلىرى بىلەن كۆرسىتىپ.

— بىر ئادەمنىڭ كېسىلى ئۈچىنچى قېتىم يامان ئەھۋالغا ئۆتكەندىن كېيىن يەنە ھايات قېلىشى بولۇپ باقمىغان ئىش ئەمەس، — دىدى نېمىس دوختۇر ئادىيۇتانتقا رۇس تىلىنى نېمىسچە تەلەپپۇز قىلىپ.

— ئۆزىنى خېلى تېتىك تۇتقان ئادەم ئىدى! — دىدى ئادىيۇتانت. — بۇ بايلىق كىمگە قالار؟ — دەپ قوشۇپ قويدى يەنە پىچىرلاپ.

— مىراسخورلار تېپىلماي قالمايدۇ، — دەپ جاۋاپ بەردى كۈلۈپ تۇرۇپ ھېلىقى نېمىس.

ھەممەيلەن يەنە ئىشىككە قاراشتى: بۇ چاغدا كىنەزنىڭ ئىككىنچى قىزى لوررېن بۇيرۇغان دورىنى كېسەلگە ئېلىپ كىرگەن ئىدى. نېمىس دوختۇر لوررېن ئالدىغا كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— ئەتە سەھەرگىچە چىداشلىق بېرىشى مۇمكىنمۇ؟ — دەپ سورىدى نېمىس فرانسۇزچە سۆزنى بۇزۇپ سۆزلەپ:
لوررېن لېۋىنى چىشلەپ، "ياق" دېگەندەك قىياپەتتە بارمىقىنى بۇرنىنىڭ ئاستىدا قىمىرلىتىپ قويدى.
— بۈگۈن تۈندىن ئېشىپ كەتمەيدۇ، — دېدى دوختۇر پەس ئاۋاز بىلەن، شۇندىن كېيىن كېسەلنىڭ ئەھۋالىنى ئېنىق ئۇقمىغانلىقى ۋە چۈشەندۈرەلەيدىغانلىقىغا ئۆزى ئىشەنمىگەن قىياپەتتە جىددىيلىك بىلەن كۆلۈمسىرەپ قويۇپ نېرى كەتتى.
شۇ ئارىدا كىنەز ۋاسىلى كىنەزنىڭ ئىككىنچى قىزىنىڭ ياتاقخانىسىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى.
ئۆي ئىچى قاراڭغۇراق ئىدى، پەقەت ئىككى چىراق تەڭرى سۈرىتى ئالدىدا يېنىپ تۇراتتى، يەنە گۈل ۋە ئىسرىقلارنىڭ خۇش پۇرىقى كېلەتتى. ئۆي ئىچى ئۇششاق ئۆي جاھازلىرىدىن كىچىك چىنە-قاچا ئىشكاۋى، كىچىك كىتاب ئىشكاۋى ۋە كىچىك شىرەلەر بىلەن لىق تولغان ئىدى. شىرمىنىڭ ئارقىسىدىن ئېگىز پەر شەكىللىك كارۋاتنىڭ ئاپپاق ياپقۇچلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. كۈچۈك قاۋاشقا باشلىدى.
— ئاللا، سىزمىدىڭىز، mon cousin (تاغا)؟
كىنەز قىزى ئورنىدىن تۇردى-دە، چاچلىرىنى تۈزەشتۈردى، ئۇنىڭ چاچلىرى ھەمىشە ۋە ھەتتا ھازىرمۇ ئادەتتىكىدىن تاشقىرى شۇنداق سىلىق ئىدىكى، گويىاكى بۇ چاچلار ئۇنىڭ بېشى بىلەن بىردەك قىلىنغاندەك ۋە لاك بىلەن قاپلانغاندەك ئىدى.
— نىمە، بىرەر ۋەقە بولدىمۇ؟ — دەپ سورىدى قىز. — ناھايىتى چۆچۈپ كېتىپتىمەن.

— ھېچ ئىش بولغىنى يوق، يەنە ئوخشاشلا تۇرىدۇ. مەن سىزنىڭ بىلەن بىرگىنە ئىش توغرىسىدا سۆزلەشكىلى كەلدىم، كاتىش، — دېدى كىنەز ۋاسىلى ھازىرلا قىز بوشىتىپ بەرگەن كىرىسلودا ھارغىنلىق بىلەن ئولتۇرۇپ. — بۇ يەرنى ناھايىتى ئىسسىتىۋىتىپسەن، — دېدى ئۇ، — ھە، قېنى، ئولتۇرغىن، causons (سۆزلىشەيلى).

— مەن، بىرەر ئىش بولغانمىكىن دەپ ئويلاپتىمەن، — دېدى كىنەز قىزى ئۆزگەرمەس، تاشتەك قاتتىق جىددى چىرايى بىلەن كىنەز قارشىسىدا ئولتۇرۇپ سۆزىگە قۇلاق سېلىشقا تەييارلاندى.

— ئۇخلىماقچى بولغان ئىدىم، mon cousin (تاغا)، بىراق، ئۇخلىيالمىدىم.

— خوش، ئەزىزىم، نېمە گەپ؟ — دېدى كىنەز ۋاسىلى كىنەز قىزىنىڭ قولىنى تۇتۇپ ۋە ئۆزىنىڭ ئادىتى بويىچە پەسكە بېسىپ.

ئۇنىڭ "خوش، نېمە گەپ" دېگىنى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئاشكارا دېمىسىمۇ ئۆزلىرى ئۇچۇن چۈشىنىشلىك بولغان بىرمۇنچە مەسىلىلەرگە ئالاقىدار ئىكەنلىكى روشەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

پۇتلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا بەللىرى ئۇزۇن، تۈپ-تۈز ۋە قاتتىق بولۇپ ئۆسكەن كىنەز قىزى ئۆزىنىڭ چېقىر كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ كىنەزگە توپ-توغرا ۋە بىپەرۋالىق بىلەن قاراپ تۇراتتى. كىنەز قىزى بىر ئۇھ تارتتى-دە، بېشىنى لىڭشىتىپ تەكرى سۈرىتىگە قارىدى. ئۇنىڭ بۇ ھەركىتىنى قايغۇ-ھەسرەت ۋە سادىقلىقنىڭ ئىپادىسى دەپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن ئىدى، شۇنىڭدەك ھارغىنلىق ۋە تېزدىن دەم ئېلىشقا بولغان ئۈمىدنىڭ ئىپادىسى دەپمۇ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن ئىدى. كىنەز ۋاسىلى ئۇنىڭ بۇ ھەركىتىنى ھارغىن-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

لىقنىڭ ئىپادىسى دەپ چۈشىنەتتى.

— مەنچۇ، — دېدى كىنەز ۋاسىلى، — سىنىڭچە، مەن ساڭا قارىغاندا بىرئاز راھەت ئالدىممۇ؟ Jesuis éreinté, comme un cheval de poste (مەن، خۇددى پوچتىكەشنىڭ ئېتىدەك ھېرىپ كەتتىم، ئەمما يەنىلا سىنىڭ بىلەن سۆزلىشىمەن، كاتىش، ناھايىتى جىددىي سۆزلىشىمەن).

كىنەز ۋاسىلى جىم بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئىككى مەڭزى نېرۋا بولغاندەك، گاھ بۇ تەرەپكە، گاھ ئۇ تەرەپكە تارتىشىپ، چىرايىنى شۇنداق خۇنۇكلەشتۈرەتتىكى، بۇ ھال ئۇنىڭ چىرايىدا مېھمان ئۆيلەردە ئۇلتۇرغاندىمۇ ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىمۇ گويا ئادەتتىكىدەك ئەمەس ئىدى: بىردەم ئۆرەنلەپ مازاخ قىلغاندەك قارايتتى، بىردەم قورققان قىياپەت بىلەن ئەتراپقا قارايتتى.

كىنەز قىزى ئۆزىنىڭ يالىڭاچ، ياداڭغۇ قوللىرى بىلەن كۈچۈكنى تىزىدا قويۇپ قۇچىقىغا ئېلىپ، كىنەز ۋاسىلىنىڭ كۆزىگە دىققەت بىلەن قارايتتى؛ لېكىن، گەرچە ئۇ تاڭ ئاتقىچە شۇنداق جىم ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولغان بىلەنمۇ، يەنىلا ئېغىز ئېچىپ بۇ جىملىقنى بۇزمايدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— مانا، كۆرۈپ تۇرۇپسىز، سۆيۈملۈك ئاغىچام، سۆيۈملۈك سىڭلىم، كاتېرىنا سېمېنوۋنا، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى كىنەز ۋاسىلى، گويا ئۆز سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇشقا كىرىشىشى بىر خىل ئىچكى توقۇنۇشسىز بولمىغاندەك، — بۇنداق پەيتلەردە ھەممە ئەھۋاللار توغرىسىدا ئويلاپ كۆرۈشىمىز كېرەك بولىدۇ. كەلگۈسى توغرىسىدا، سىلەرنىڭ توغراڭلاردا... مەن ھەممىڭلارنى ئۆزەمنىڭ

باللىرىدەك ياخشى كۆرىمەن، سەن بۇنى بىلىسەن .

كىنەز قىزى يەنىلا قاپىغىنى تۈرۈپ، قىمىرلىماستىن ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى.

— ئەڭ ئاخىرىدا، يەنە ئائىلەم توغرىسىدىمۇ ئويلانماي بولمايدۇ، — ئاچچىقلانغان ھالدا ئورۇندۇقنى ئۆزىدىن نېرى ئىتتىرىۋېتىپ ۋە ئۇنىڭغىمۇ قارىماستىن سۆزىنى داۋام قىلدى كىنەز ۋاسىلى، — ئۆزەڭ بىلىسەن، كاتىش، سىلەر، ئۈچ ئاچا-سىڭىل مامونتوۋلار، يەنە مېنىڭ خوتۇنۇم، ھەممىمىز گرافنىڭ بىۋاستە مىراسخورلىرى بولىمىز. مەن، سېنىڭ ئۈچۈن مۇنداق نەرسىلەر توغرىسىدا سۆزلەش ۋە ئويلاشنىڭ قانچىلىك ئېغىر ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، ئوبدان بىلىمەن. ماڭىمۇ ئوڭاي ئەمەس؛ بىراق، سۆيۈملۈكۈم مەن ئاتمىشلەرگە كىرەي دەپ قالدىم، ھەممىگە تەييارلىنىش كېرەك. سەن بىلەمسەن، مېنىڭ پيېرنى چاقىرتىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتكىنىمنى؟ گراف توپ-توغرا پيېرنىڭ رەسىمىنى كۆرسىتىپ: "ئۇنى چوقۇم چاقىرىپ كېلىش كېرەك" دېگەن ئەمەسمىدى؟

كىنەز ۋاسىلى سوئال ئالامىتى بىلەن كىنەز قىزىغا قارايتتى، ئەمما ئۇنىڭغا دېگەن سۆزلىرىنى كىنەز قىزىنىڭ مۇلاھىزە قىلغان قىلمىغانلىقىنى ياكى پەقەت قاراپلا تۇرغانلىقىنى چۈشىنەلمەيتتى.

— مەن بىر ئىش توغرىسىدا توختىماي خۇدادىن تىلەۋاتىمەنكى، mon cousin (تاغا)، — دەپ جاۋاپ بەردى كىنەز قىزى، — ئۇ بولسىمۇ، خۇدا ئۇنىڭغا شەپقەت ئاتا قىلسۇن، ئۇنىڭ يۈكسەك روھىنى مۇشۇ يەردىن تىپ-تىنچ ئېلىپ كەتسىكەن...

— شۇنداق،شۇنداق،ئەلۋەتتە، — دەپ سەۋرسىزلىك بىلەن سۆزىنى داۋام قىلدى كىنەز ۋاسىلى ئايىپاڭ بېشىنى ئېرىتىپ ۋە ھېلىقى نېرى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۆتتىرىۋەتكەن ئورۇندۇقنى غەزەپ بىلەن يەنە ئالدىغا تارتىپ، — بىراق...ئاخىر...ئۆزەڭ بىلىسەنكى، بۇلتۇر قىشتا گراف ۋەسىيەتنامە يېزىپ، بارلىق مال-مۈلكىنى بىۋاستە مىراسخورلىرىدىنى ۋە بىزنى قالدۇرۇپ، پيېرغا بەرگەن ئىدى.

— ۋەسىيەتنامە يازسا يېزىۋەرسۇن، مەيلى! — دېدى كنەز قىزى خاتىرجەملىك بىلەن، — لېكىن ئۇنىڭ پيېرغا ۋەسىيەت قىلىشى مۇمكىن ئەمەس! پيېر ئۇنىڭغا قانۇنسىز ئوغۇل.

— Ma chére (سۆيۈملۈكۈم)، — دېدى كنەز ۋاسىلى بىردىنلا ئورۇندۇقنى چىڭ تۇتۇپ ۋە تېخىمۇ جانلىنىپ تېز-تېز سۆزلەشكە باشلىدى، — لېكىن، ئەگەر گراف پادىشاغا خەت سۇنۇپ، پيېرنى ئوغۇللۇقلاپ ئالسام دەپ تەلەپ قىلغان بولسىچۇ؟ ئۆزەڭ بىلىسەن، گرافنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى ئەستىقلاپ قويىدۇ...

كنەز قىزى كۈلۈمسىرەپ قويدى، ئۇنىڭ كۈلۈمسىرىشى خۇددى گەپ بولۇۋاتقان مەسىلىلەردە مېنىڭ بىلىدىغانلىرىم ساڭا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ دەيدىغان كىشىلەرنىڭ كۈلۈمسىرىشىگە ئوخشايتتى.

— مەن يەنە ساڭا ئېيتاي، — كنەز ۋاسىلى ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — خەت ئاللىقاچان يېزىلغان، ئەمما ئەۋەتىلمىگەن، پادىشامۇ بۇنى بىلىدىكەن. مەسىلە پەقەت بۇ خەتنىڭ يوقىتىلغان ياكى يوقىتىلمىغانلىقىدا. ئەگەر يوقىتىلمىغان بولسا، ئۇ ھالدا بىر كۈنى ھەممە ئىش شۇنىڭ بىلەن تۈگەيدۇ، ۋەسسالام، — كنەز ۋاسىلى بىر قېتىم تىنىپ قويدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ "ھەممە ئىش تۈگەيدۇ، ۋەسسالام" دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى نېمە ئىكەنلىكىنى ئېپادىلىمەكچى بولاتتى، — شۇنىڭ بىلەن گرافنىڭ

خىتنى ئىچىشىدۇ، ۋەسىيىتى يېزىلغان خەتنى پادىشاغا سۇنىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئىلتىماسىمۇ تەستىقلىنىدۇ. پىيېر قانۇنىي ئوغلى سۈپىتىدە ھەممىگە ئىگە بولىدۇ.

— خوش، بىزنىڭ ھەسسىمىزچۇ؟ — دەپ سورىدى كىنەز قىزى ھەرقانداق ئىش سادىر بولسا بولىدۇكى، پەقەت مۇنداق ئەھۋالنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس دىگەندەك تەنە بىلەن ئىلجىيىپ.

— Mais, ma pauvre Catiche, c'est clair, commele jour (لېكىن، سۆيۈملۈك كاتىش، بۇ ئوپ-ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرغان نەرسىغۇ). ئۇ شۇ چاغدا ھەممە نەرسىنىڭ بىردىن-بىر ۋارىسى بولىدۇ، سىلەرگە ھىچنىمە تەگمەيدۇ. سەن بىلىشىڭ كېرەك، سۆيۈملۈكۈم، ۋەسىيەت ۋە خەت يېزىلغانمۇ-يوق، بۇ ئىككى نەرسە يوقىتىلغانمۇ-يوق. ئەگەر بۇ ئىككى نەرسە بىرەر سەۋەپ بىلەن ئۇنتۇلۇپ قالغان بولسا، ئۇ ھالدا، بۇلارنىڭ نەدىلىگىنى بىلىشىڭ ۋە ئۇلارنى تېپىش كېرەك، چۈنكى......

— ئەمدى شۇ قالدىمۇ؟ — كىنەز قىزى زەھەرخەندىلىك بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ ۋە كۆزىنىڭ قىياپىتىنىمۇ ئۆزگەرتمەي ئۇنىڭ سۆزىنى بولۇۋەتتى، — مەن بولسام ئايال، سىزنىڭ ئويىڭىزچە، بىز ئاياللار تامامەن ئەخمەقلەرمىز؛ ئەمما مەن شۇنى بىلىمەنكى، قانۇنسىز ئوغۇل مىراسخور بولالمايدۇ...... un bêtard (قانۇنسىز ئوغۇل)! — دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ، بۇ سۆزنىڭ تەرجىمىسى ئارقىلىق گويا كىنەزگە ئۇنىڭ گېپىنىڭ تامامەن ئاساسسىزلىغىنى كۆرسەتمەكچى بولۇپ.

— يەنە چۈشەنمەيۋاتىسەن، ھە، كاتىش! شۇنچە پەم-پاراستىڭ بىلەن يەنە چۈشەنمەيسەن: ئەگەر گراف پادىشاغا خەت يازغان بولسا ۋە خىتىدە ئۇنىڭ ئوغلى ئىكەنلىگىنى ئېتىراپ قىلىشنى تەلەپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قىلغان بولسا، پىيېر ئۇ چاغدا پىيېر بولماي گراف بېزئۇخوۋ بولىدۇ-
دە، ۋەسىيەت بويىچە ھەممىنى ئالىدۇ. ئەگەر ۋەسىيەت يېزىلغان خەت
يوقىتىۋېتىلمىگەن بولسا، ئۇ چاغدا سەن ئۆزەڭگە ئالىي ھىممەتلىك
قىلدىم دەپ تەسەللىي بېرىشتىن (ۋە et tout ce qui s'en suit
بۇنىڭ ئاقىۋىتىدىن) باشقا ھېچنەرسە قالمايدۇ. بۇ تۇرغان گەپ.

— ۋەسىيەتنامە يېزىلغانلىقىنى بىلىمەن، لېكىن شۇنداقلا بۇ
ۋەسىيەتنامىنىڭ كۈچكە ئىگە ئەمەسلىكىنىمۇ بىلىمەن؛ سىز مېنى
ئۇچىغا چىققان ئەخمەق دەپ ھېساپلىسىڭىز كېرەك، non cousin
(تاغا)، — دېدى كىنەز قىزى، قانداقتۇ "زەپ ئۆتكۈر ۋە ھاقارەتلىك
گەپ ئېيتتىمغۇ" دەپ ئويلايدىغان ئاياللارنىڭ قىياپىتى بىلەن.

— سۆيۈملۈك كىنەز قىزىم كاتېرىنا سېمېنوۋنا! — دېدى كىنەز
ۋاسىلى تاقىتى تاق بولۇپ. — مەن ئالدىڭغا "سەن-پەن" ئېيتىشىپ
زەھەر سانچىشىش ئۈچۈن كەلگىنىم يوق، بەلكى سېنى ياخشى
نىيەتلىك، شەپقەتلىك، سەمىمىي ئۇرۇق-تۇققىنىم دەپ ئۆزەڭنىڭ
مەنپەئەتلىرىڭ توغرىسىدا سۆزلىشىشكە كەلدىم. مەن ساڭا ئونلىغان
قېتىم دەۋاتىمەن، ئەگەر پادىشاغا يېزىلغان خەت ۋە پىيېرنىڭ پايدى-
سى ئۈچۈن يېزىلغان ۋەسىيەتنامە گرافنىڭ ھۆججەتلىرىدە بار ئىكەن،
ئۇ ھالدا مېنىڭ بوتا كۆزۈم، سەن ۋە سېنىڭ سىڭىللىرىڭ مىراس-
خورلار ئەمەس! ئەگەر سەن ماڭا ئىشەنمىسەڭ، بىلىدىغان كىشىلەرگە
ئىشەن: مەن ھېلىلا دىمىترى ئونۇفرىيېۋىچ (بۇ ئادەم شۇ ئائىلىنىڭ
ئادۋوكاتى ئىدى) بىلەن سۆزلەشتىم، ئۇمۇ ماڭا شۇنداق دېدى.

روشەنكى، بۇ سۆزلەردىن كېيىن كىنەز قىزىنىڭ ئوي-پىكىرلى-
رىدە قانداقتۇ ئۆزگىرىش بولدى؛ ئۇنىڭ نېپىز لەۋلىرى تاتىرىپ
كەتتى (كۆزلىرى يەنە شۇ پېتىچە ئىدى)، سۆزلەشكە باشلىغاندا

ئاۋازى شۇنداق جاراڭلاپ چىقاتتىكى، بۇنى ئۆزىمۇ كۈتمىگەنىدەك كۆرۈنەتتى.

— مۇنداقتا ناھايىتى ياخشى بولغان بولاتتى! — دېدى كىنەز قىزى. — ھېچقاچان ھېچنىمىسىنى ئىلىشىنى ئويلىمىغان، ھازىرمۇ ھېچنىمىسى كېرەك ئەمەس.

ئۇ ئۆزىنىڭ كۆچۈكىنى تىزىدىن ئىتتىرىۋەتتى-دە، كۆينىكىنىڭ پۇرمىلىرىنى تۈزەشتۈردى.

— مىننەتدارچىلىق دېگەن مانا شۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ھېچنىمىسىنى ئايىمىغان كىشىلەر ئۈچۈن بېرىلىدىغان ئىنئام دېگەن مانا شۇ! — دېدى كىنەز قىزى. — ياخشى بولدى، ناھايىتى ياخشى بولدى! ماڭا ھېچنەرسە كېرەك ئەمەس، كىنەز!

— شۇنداق، بىراق سەن ئۆزەڭ يالغۇز ئۆزەڭ ئەمەس سەن، سېنىڭ يەنە سىڭىللىرىڭ بار-دە، — دەپ جاۋاپ بەردى كىنەز ۋاسىلى.

لېكىن كىنەز قىزى ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمىدى.

— شۇنداق، مەن بۇنى خېلى بۇرۇندىن تارتىپلا بىلەتتىم، لېكىن ئېسىمدىن چىقىرىپ قويۇپتىمەن: بۇ ئۆيدە پەسكەشلىك، ئالدامچىلىق، ھەسەتخورلۇق، نەيرەڭۋازلىق، ۋاپاغا جاپاقىلىش، ئەڭ پەسكەش ۋاپاسىزلىقتىن باشقا ھېچنىمىنى كۈتكىلى بولمايدىغانلىقىنى مەن بىلىمەن....

— سەن بىلەمسەن-يوق، بۇ ۋەسىيەتنامە نەدە؟ — دەپ سورىدى كىنەز ۋاسىلى ئىككى مەڭزىنى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ لىپىلدىتىپ تۇرۇپ.

— شۇنداق، مەن نادان ئىكەنمەن! ئىلگىرى تېخى كىشىلەرگە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىشىنىپ، ئۇلارنى ياخشى كۆرۈپ ۋە ئۆزەمنى قۇربان قىپتىمەن. بىراق، پەقەت پەسكەش ۋە رەزىل ئادەملەر غەلىبە قىلىدىكەن! مەن بۇ كىمنىڭ سۈيىقەستى ئىكەنلىكىنى بىلىمەن!

كىنەز قىزى ئورنىدىن تۇرماقچى بولغان ئىدى-يۇ، ئەمما كىنەز ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلىۋالدى. كىنەز قىزى بىردىنلا ھەممە ئىنسانلاردىن رايى قايتىپ كەتكەن ئادەمدەك قىياپەتكە كىردى-دە، ئۆزىنىڭ سۆھبەتدىشىغا قەھرى-غەزەپ بىلەن قارىدى.

— يەنە ۋاقىت بار، سۆيۈملۈكۈم. ئېسىڭدە تۇرسۇن، كاتىش، بۇنىڭ ھەممىسى ئويلانماستىن، غەزەپلەنگەن ۋە كېسەل بولغان چاغلاردا بولۇپ قالدى، كېيىن ئۇنتۇلۇپ كەتكەن. بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز، سۆيۈملۈكۈم، ئۇنىڭ خاتالىقىنى تۈزىتىش، ئۇنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدىكى ئازاپلىرىنى يېنىكلىتىپ، ئۇنىڭ بۇنداق ئادالەتسىزلىكلەرنى قىلىشىغا يول قويماسلىق، ئۇنىڭ ئۆلۈش ئالدىدا بۇ كىشىلەرنى بەختسىز قىلىپ قويدۇمغۇ دەيدىغان ئارمان بىلەن كېتىشىگە يول قويماسلىق....

— ئۇنىڭ ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلغان بۇ كىشىلەرنى، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى كىنەز قىزى بىردىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەمما كىنەز ئۇنى قويۇپ بەرمىدى، — ئۇ مەڭگۈ ئۇقمايدۇ. ياق، mon cousin (تاغا)، — دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ ئۇھ تارتىپ قويۇپ، — مەن مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقارمايمەن: بۇ دۇنيادا ئىنئام كۈتۈش مۇمكىن ئەمەس، بۇ دۇنيادا شان-شەرەپمۇ، نە ئادىللىقمۇ يوق. بۇ دۇنيادا مۇغەمبىرلىك قىلماي ۋە ياۋۇز بولماي مۇمكىن بولمايدىكەن.

— Hy, voyons (ھاي-ھاي)، ئۆزەڭنى باس. مەن سېنىڭ

قەلبىڭىنىڭ ساپلىقىنى بىلىمەن.

— ياق، مېنىڭ قەلبىم ساپ ئەمەس، قارانىيەت مەن.

— مەن سىزنىڭ قەلبىڭىنى بىلىمەن، — دەپ تەكرارلىدى كىنەز — مەن سىزنىڭ قەدرىڭگە يېتىمەن، سەنمۇ مېنىڭ قەدرىمگە يەتسەڭ بولىدى. ئۆزەڭنى باس. parlons raison (بىمالال سۆزلىشەيلى)، ھېلى تېخى ۋاقىت بار: بىر كۈن ئەمەس ياكى پەقەت بىر سائەت ئەمەس؛ سەن ماڭا ۋەسىيەتنامە توغرىسىدىكى ھەممە ئىشنى، خۇسۇسەن ئۇنىڭ نەدىلىكىنى ئېيتىپ بەر: سەن ئۇنى ئەلۋەتتە بىلىسەن. ۋەسىيەتنامىنى تاپساق، دەرھال گرافقا كۆرسىتىمىز. ئۇ ۋەسىيەتنامىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغاندۇ. قولىغا ئالىدۇ — يۇ، يىرتىپ تاشلايدۇ. بىلەمسەن، مېنىڭ بىردىن-بىر ئۈمىدىم — ئۇنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئورۇنلاش؛ مەن بۇ يەرگە پەقەت شۇنىڭ ئۈچۈنلا كەلگەن. مەن بۇ يەردە پەقەت ئۇنىڭغا ۋە سىلەرگە ياردەم بېرىش ئۈچۈنلا ئولتۇرۇپتىمەن.

— ئەمدى ھەممىنى چۈشەندىم! مەن بۇنىڭ كىمنىڭ ھىلە-مىكرىسى ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. بىلىمەن! — دېدى كىنەز قىزى.

— گەپ بۇنىڭدا ئەمەس، بوتا كۆزۈم.

— بۇ سىز قوغداپ كېلىۋاتقان (protégé) ئادەم، سىزنىڭ سۆيۈملۈك ئاننا مىخايلوۋناڭىز. مەن بۇ رەزىل، قەبىھ خوتۇننى ئۆي خىزمىتى قىلدىغانغىمۇ ئېلىشنى خالىمايتتىم.

— Ne perdons point de temps (ۋاقىتنى بىكارغا ئۆتكۈزمەيلى...)

— ئاھ، بولدى قويۇڭ! بۇلتۇر قىشتا، ئۇ مەشەگە تىقلىپ كىرىپ، گرافقا بىزنىڭ توغرىمىزدا، خۇسۇسەن Sophie توغرىسىدا شۇندىاق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قەبىھ، شۇنداق بىئەدەپ سۆزلەرنى قىلغانكى، ــ مېنىڭ بۇ سۆزلەرنى ئېيتىشقا ئاغزىم بارمايدۇ ــ گراف كېسەل بولۇپ قالدى، ھەتتا ئىككى ھەپتىگىچە بىزنى كۆرۈشنى ياقتۇرمىدى. بۇ چاغدا، مەن بىلىمەن، ئۇ مۇشۇ ئېپلاس، رەزىل قەغەزنى يازغان؛ ئەمما، مەن بۇ قەغەزنىڭ ھېچقانداق كۈچكە ئىگە ئەمەسلىكىنى بىلگەن.

— Nous y voila (گەپ، مانا شۇنىڭدا)، نېمە ئۈچۈن سەن بۇنى بۇرۇن ماڭا دېمىدىڭ؟

— ياستۇغىنىڭ ئاستىدىكى گۈللۈك قاپچۇغىدا. ئەمدى بىلدىم، ــ دېدى كىنەز قىزى كىنەزنىڭ سوئالىغا جاۋاپ بەرمەي. ــ شۇنداق، ئەگەرمېنى گۇناھى بار دەيدىكەن، چوڭ گۇناھ قىلغان ئىكەنمەن، بۇ ئاشۇ ئېپلاس ئايالغا بولغان ئۆچمەنلىك، خالاس! ــ دەپ ۋاقىرىدى كىنەز قىزى پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ. ــ بۇ خوتۇن نېمىشقا بۇ يەرگە تىقىلىپ كىرىۋالىدىغاندۇ؟ بىراق، مەن ئۇنىڭغا ھەممىسىنى دەيمەن، ھەممىسىنى، ۋاقتى كەلسۇن!

## 19

گرافنىڭ قوبۇلخانىسى بىلەن كىنەز قىزىنىڭ ئۆيىدە مۇشۇنداق گەپ-سۆزلەر بولۇۋاتقان چاغدا، پيېر (ئۇ چاقىرتىلغان ئىدى) بىلەن ئاننا مىخايلوۋنا (ئۇ پيېر بىلەن بىللە بىرىشىنى لازىم تاپقان ئىدى) ئولتۇرغان ھارۋا گراف بېزئۇخوۋنىڭ قوراسىغا كىرىپ كەلدى. ھارۋىنىڭ چاقلىرى دەرىزە تۈۋىدىكى پاخال يېيىتىلغان يولدىن يېنىككىنە تاراقلاپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان چاغدا، ئاننا مىخايلوۋنا ھەمراسىغا سۆز قىلىپ كېتىۋېتىپ، ئۇنىڭ بىر

بۇلۇڭدا ئۇخلاپ كەتكەنلىگىنى بايقىدى-دە، ئۇنى ئويغىتىۋەتتى. پىيېر ئويغىنىپ ئاننا مىخايلوۋنانىڭ ئارقىسىدا ھارۋىدىن چۈشۈۋاتقان چاغدىلا، ئۇنى كۈتۈپ تۇرغان ئىش: ئۆلۈش ئالدىدىكى ئاتىسى بىلەن كۆرۈشۈش ئېسىگە كەلدى، پىيېر ھازىر يېتىپ كەلگەن جاي ئالدىنقى ئىشىك ئەمەس، ئارقا ئىشىك ئىكەنلىگىنى بىلىۋالدى. ئۇ ھارۋىدىن چۈشۈۋاتقاندا، مىشچانلارچە كىيىنگەن ئىككى كىشى ئالدىراپ-تېنەپ ئىشىك ئالدىدىن قېچىپ تامنىڭ تۈۋىگە ئۆتۈۋال-دى. سەل توختىغاندىن كېيىن، پىيېر ئىككى تەرەپتىكى تامنىڭ تۈۋىدە تۇرغان شۇنىڭغا ئوخشاش يەنە بىرقانچە كىشىنى بايقاپ قالدى. لېكىن نە ئاننا مىخايلوۋنا، نە چاكار ۋە نە ھارۋىكەش بولسۇن، ئۇلارنى كۆرمەي قېلىشى مۇمكىن بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇلارغا قىلچە دىققەت نەزىرىنى سالمىدى. پىيېر ”شۇنداق بولسا كېرەك“ دەپ ئويلىدى-يۇ، ئاننا مىخايلوۋنانىڭ ئارقىسىدىن كېتىۋەردى. ئاننا مىخايلوۋنا تېز قەدەم تاشلاپ، خىرە يورۇتۇلغان تار خىش پەلەمپەيدىن يۇقۇرىغا قاراپ ماڭدى ۋە ئارقىدا قالغان پىيېرنى چاقىراتتى. پىيېر نېمە ئۈچۈن گراف بىلەن كۆرۈشۈش زۆرۈرلۈگىنى چۈشەنمىسىمۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭغا نېمە سەۋەپتىن ئارقا تەرەپتىكى پەلەمپەي ئارقىلىق مېڭىش زۆرۈرلۈگىنى ئۇقمىسىمۇ، ئەمما ئاننا مىخايلوۋنانىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ ۋە ئالدىراش قىياپىتىدىن، پىيېر ”شۇنداق بولۇشى زۆرۈر“ بولسا كېرەك دىگەن ئويغا كەلدى. پەلەمپەينىڭ يېرىمىغا كەلگەندە ئۇلارنى قوللىرىدا چېلەك تۇتۇشۇپ ۋە ئۆتۈكلىرى بىلەن تاقىلدىشىپ ئالدىغا دۈچ كەپقالغان نداقتۇ بىرقانچە كىشى پۈتلىشىپ يىقىتىۋېتىشكە تاس-تاماس قالغاندى. بۇ كىشىلەر تامغا ناھايىتى يېقىن كېلىۋېلىپ، پىيېر بىلەن ئاننا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

مىخايلوۋناغا يول بەردى ۋە ئۇلارنى كۆرگەندە قىلچە ئەجەپلەنگەندەك بەلگىنى كۆرسەتمىدى.

— كنەز قىزلىرىنىڭ خانىسىغا بارىدىغان يول مۇشۇما؟ — دەپ سورىدى ئاننا مىخايلوۋنا ئۇلارنىڭ بىرىدىن.

— ھە، شۇ، — دەپ جاۋاپ بەردى چاكارلارنىڭ بىرى ھازىر ھېچكىمدىن تەپتارتمايدىغاندەك يۇرەكلىك ۋە جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن، — سولدىكى ئىشىك، خانىم.

— ئېھتىمال، گراف مېنى چاقىرمىغان بولسا كېرەك، — دېدى پيېر پەلەمپەينىڭ ئۇستىگە چىقىپ بولغاندا، — مەن ئۆز ياتىقىمغا بارايمىكىن.

پيېرنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۇپ ئاننا مىخايلوۋنا توختاپ قالدى.

— Ah, mon ami (ئاھ! دوستۇم!) — دېدى ئۇ ئەتىگەندە ئوغلىغا سۆز قىلغاندىكىدەك قىياپەتتە بىلەن ئۇنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ قويۇپ، — croyez, que je souf fre, autant que vous, mais soyəz homme (ماڭا ئىشىنىڭ، مېنىڭ تارتىۋاتقان ئازاۋىم سىزنىڭكىدىن ئاز ئەمەس، بىراق، مەرت بولۇڭ!)

— راستىنلا، كىرىمەنمۇ؟ — دەپ سورىدى پيېر مۇلايىم قىياپەتتە كۆزەينىكىدىن ئاننامىخايلوۋناغا قاراپ.

— Ah, mon ami, oubilez les torts qu'on a pu avoir envers vous, pensez quec'est votre père... peut-tètre à l'agonie. (سىزگە ناھەقلىق قىلغانلىقىنى كۆڭلىڭىزدىن چىقىرىڭ، دوستۇم؛ ئويلاپ كۆرۈڭ، ئۇ سىزنىڭ ئاتىڭىز... ئېھتىمال، ئۆلۈم ئالدىدا تۇرىدىغاندۇ)، — ئاننا مىخايلوۋنا خۇرسىندى، — Je vous

ai t out de suite aimé comme mon fils. Fiez à moi, Pierre. Je n'oublieraipas vos intérêts (مەن دەسلەپتىلا سىزنى ئوغلۇمدەك ياخشى كۆرۈپ قالدىم. ماڭا ئىشىنىڭ، پيېر. مەن سىزنىڭ مەنپەئەتلىرىڭىزنى ئېسىمدىن چىقارمايمەن).

پيېر ھېچنېمىنى چۈشەنمەيتتى؛ "مۇشۇنداق بولۇشى زۆرۈردۇر" دەيدىغان قاراش يەنىلا ئۇنىڭغا بارغانسېرى كۈچلۈكرەك بىلىنەتتى، شۇڭا ئۇ ئىشىكنى ئاچقان ئاننا مىخايلوۋنانىڭ ئارقىسىدىن ئىتائەتچانلىق بىلەن ئەگىشىپ مېڭىۋەردى.

بۇ ئىشىك ئارقا يولنىڭ ئارىلىقىغا ئېچىلاتتى. بۇلۇڭدا بىر بوۋاي — كىنەز قىزىنىڭ خىزمەتكارى پايپاق توقۇپ ئولتۇراتتى. پيېر ھويلىنىڭ بۇ تەرىپىگە ھېچقاچان ئۆتمىگەن، ھەتتا مۇنداق ئۆيلەرنىڭ بارلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. ئاننا مىخايلوۋنا پەتنۇستا چەينەك كۆتىرىپ ئارقىسىدىن يېتىشىۋالغان قىزدىن (ئۇنى سۆيۈملۈكۈم، جېنىم دەپ ئاتاپ) كىنەز قىزىنىڭ سالامەتلىكىنى سورىدى ۋە پيېرنى خىش ياتقۇزۇلغان ئارىلىقتىن باشلاپ ئېلىپ كەتتى. ئارىلىقتىن بىرىنچى ئىشىك كىنەز قىزىنىڭ تۇرىدىغان ئۆيلىرىگە ئېچىلاتتى. پەتنۇسنى كۆتەرگەن ھېلىقى خىزمەتكار قىز ئالدىراشلىقتا (بۇ چاغدا ئۆيدە ھەممە ئالدىراش ئىدى) ئىشىكنى ياپمىغان ئىدى، پيېر بىلەن ئاننا مىخايلوۋنا ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئىختىيارسىزلا بۇ ئۆيگە قارىدى: كىنەز ۋاسىلى بىلەن چوڭ كىنەز قىزى بىر بىرىگە يېقىن ئولتۇرۇپ ئۇ يەردە سۆزلىشىۋاتاتتى. كىنەز ۋاسىلى ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلارنى كۆرۈپ سەۋىرسىزلىك بىلەن قىمىرلىدى-دە، ئارقىسىغا قاڭتايدى؛ كىنەز قىزى دەس ئورنىدىن تۇردى ۋە ھېچنىمىگە قارىمىغان قىياپەتتە پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىشىكنى تاراقشىتىپ يېپىۋەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇنداق قىلىق كىنەز قىزىنىڭ ئادەتتىكى ۋەزمىن ھالىتىگە زادى ئوخشىمايتتى، كىنەز ۋاسىلىنىڭ چىرايىدا ئىپادىلەنگەن قورقۇش قىياپىتى ئۇنىڭ ئىززەت-سالاپىتىگە زادىلا ماس كەلمەيتتى، شۇڭا پيېر توختاپ قالدى-دە، كۆزەينىكى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يېتەكچىسىگە سوئال ئالامىتى بىلەن قاراپ قويدى. ئاننا مىخايلوۋنا قىلچە ئەجەپلەنگەنلىكنى بىلدۈرمەي، پەقەت سوغاققىنا كۈلۈپ قويدى ۋە خۇددى "مەن شۇنى كۈتكەن ئىدىم" دېگەندەك قىياپەت بىلەن خۇرسىنىپ قويدى.

— Soyez homme, mon ami, c'est moi qui Veillerai à vos intérêts (مەرت بولۇڭ، دوستۇم، مەن سىزنىڭ مەنپەئەتىڭىزنى كۆزلەيمەن)، — دېدى ئاننا مىخايلوۋنا ئۇنىڭ قارىشىغا جاۋابەن ۋە ئارىلىقتىن تېخىمۇ تېز يۈرۈپ.

پيېر بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيتتى، بولۇپمۇ، veiller à vosintérêst (مەنپەئەتىڭىزنى كۆزلەش) دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەيتتى، لېكىن ئۇ يەنە "شۇنداق بولۇشى كېرەكتۇر" دەپ ئويلايتتى. ئۇلار ئارىلىقتىن گىرافنىڭ قوبۇلخانىسىغا يانداش خىرە يورۇتۇلغان زالغا كىردى. بۇ پيېر ئالدىنقى دەرۋازىدىن كىرگەن ھېلىقى ھەشەمەتلىك سوغاق ئۆيلەرنىڭ بىرى ئىدى. لېكىن بۇ ئۆيدە، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا بوش ۋاننا تۇراتتى، گىلەملەرگە سۇ چاچرىغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئالدىغا پۇتلىرىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ۋە ئۇلارغا دىققەت-نەزەرىنىمۇ سالماستىن كېلىۋاتقان خىزمەتكار بىلەن قولىدا ئىسرىقدان كۆتەرگەن پوپ ياردەمچىسى ئۇدۇل كەپقالدى. ئۇلار پيېرغا تونۇش بولغان ئۆيگە كىردى، بۇ ئۆينىڭ ئىتالىيانچە ئىككى دەرىزىسى گۈللەر ئۆستۈرۈلىدىغان

قىشلىق باققا ئىچىلاتتى ۋە بۇ ئۆيدە يېكاتېرىنا خېنىمنىڭ يېيىم ۋە پۈتۈن گەۋدىسى سىزىلغان ناھايىتى چوڭ رەسىمى بار ئىدى. بۇ يەردە ئولتۇرغانلار يەنە شۇ كىشىلەر بولۇپ، پۈتۈنلەي دىگۈدەك ئىلگىرىكى ھالىتىدە بىر بىرى بىلەن پىچىرلىشىپ سۆزلىشىۋاتاتتى. ئاننا مىخايلوۋنا كىرىپ كەلگەندە ھەممەيلەن جىم بولۇشۇپ، ئۇنىڭ يېنىغا باسقان، ئاپپاق تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا ۋە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئىتائەتچانلىق بىلەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتقان سېمىز، يوغان پىيېرغا قارىشىپ قالدى.

ئاننا مىخايلوۋنانىڭ چىرايىدىن "ئاخىرقى جىددى پەيت يېتىپ كەلدى" دىگەن ئوي-پىكىرلەر ئىپادىلىنىپ تۇراتتى؛ ئۇ ئىشچان پېتېربۇرگ خانىملىرىغا خاس روھىي ھالىتى بىلەن، پىيېرنى ئۆزىدىن نېرى كەتكۈزمەي بىللە ئېلىپ، ئەتىگەنكىگە قارىغاندا تېخىمۇ باتۇرلۇق بىلەن قەدەم تاشلاپ كىرىپ كەلگەن ئىدى. ئاننا مىخايلوۋنا ئۆلۈش ئالدىدا تۇرغان كىشى كۆرۈۋالماقچى بولغان بۇ ئادەمنى ئۆزى بىللە ئېلىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ قوبۇل قىلىنىشىدا گەپ يوق دەپ ئويلايتتى. ئۇ ئۆيدە ئولتۇرغۇچىلارغا تېز-تېز قاراپ چىقتى ۋە گراف روھانىسىنى كۆرگەندىن كېيىن ئاستا قەدەم تاشلاپ سىلىققىنا مېڭىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى-دە، ئانچە ئېگىلىپمۇ كەتمەي، ئەمما بويىنى بىردىنلا سەل پەسرەك قىلىپ، ئاۋال بىر روھانىنىڭ، ئۇنىڭدىن كېيىن باشقىسىنىڭ دۇئاسىنى ئالدى.

— خۇداغا شۈكرى، ئۈلگۈرۈپ كەپسىز، — دىدى ئۇ روھانىغا، — بىز ھەممە ئۇرۇق-تۇققانلار بەك ئەندىشە قىلغان ئىدۇق. مانا بۇ يىگىت بولسا گرافنىڭ ئوغلى، — دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ تېخىمۇ يۇمشاقلىق بىلەن. — خەۋپلىك پەيت!

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بۇ سۆزلەردىن كېيىن، ئۇ دوختۇرنىڭ قېشىغا كەلدى.

— cher docteur (مۇھتەرەم دوختۇر)، — دېدى ئۇ دوختۇرغا، — ce jeune homme e et le fils du com. te, y a-t il de l'es poir - (بۇ ياش يىگىت بولسا گرافنىڭ ئوغلى، ئۈمىت بارمۇ؟)

دوختۇر گەپ-سۆز قىلماي دەرھال يۇقۇرىغا قارىدى-دە، دولىسىنى قىسىپ قويدى. ئاننا مىخايلوۋنامۇ كۆزلىرى ۋە دولىسىنى خۇددى شۇنداق ھەركەتلەندۈرۈپ، كۆزلىرىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك يۇمۇپ، ئۇھ دەپ قويدى-دە، دوختۇرنىڭ يېنىدىن پىيېرنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇ ئالاھىدە ھۆرمەت ۋە قايغۇلۇق ئاھاڭدا پىيېرغا مۇراجىئەت قىلىپ:

— Ayez confiance en sa miséricorde (خۇدانىڭ مېھرى-شەپقىتىگە ئىشىنىڭ)، — دېدى ۋە پىيېرغا ئولتۇرۇپ كۈتۈپ تۇرۇش ئۈچۈن بىر دىۋاننى كۆرسەتتى-دە، پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، ھەممە كىشى قاراپ تۇرغان ئىشىككە قاراپ ماڭدى ۋە ئىشىكنى ئاستاغىنا ئېچىپ، ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى.

پىيېر يېتەكلىگۈچىسىگە شەرتسىز ئىتائەت قىلىشقا قارار قىلىپ، ئۇ كۆرسەتكەن دىۋانغا قاراپ ماڭدى. ئاننا مىخايلوۋنا غايىپ بولۇش بىلەن تەڭ، ئۇيەردە ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى زور قىزىقىش ۋە خەيرىخالىق نەزىرى بىلەن قاراۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇ ھەممە كىشىنىڭ گوياكى ئۇنى كۆرسىتىپ بىر خىل ۋەھىمە ۋە خوشامەتكۆي قىياپەتتە بىلەن ئۆزئارا پىچىرلىشىۋاتقانلىقىنى بايقىدى. كىشىلەر ئۇنىڭغا ئىلگىرى قىلىپ باقمىغان ھۆرمەت-ئېھتىرامنى قىلىشاتتى: روھانىي بىلەن سۆزلىشىۋاتقان نامەلۇم بىر خانىم ئورنىدىن تۇردى-

دە، ئۇنىڭغا ئولتۇرۇشنى تەكلىپ قىلدى؛ ئادىيۇتانت پىيېرنىڭ يەرگە
چۈشۈپ كەتكەن پەلىيىنى يەردىن ئېلىپ سۇندى؛ دوختۇرلار
بولسا پىيېر ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا ھۆرمەت بىلدۈ-
رۈپ لام-مىم دېمەي جىم تۇرۇشتى ۋە ئۇنىڭغا يول بېرىش ئۈچۈن
ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىشتى. پىيېر دەسلەپ ھېلىقى خانىمنى مالال
قىلماسلىق ئۈچۈن باشقا ئورۇندا ئولتۇرماقچى بولاتتى ۋە پەلەيىنى
يەردىن ئۆزى ئالماقچى بولاتتى، شۇنىڭدەك دوختۇرلار يولىنى
تامامەن توسۇۋالمىغان بولسىمۇ، ئۇلارنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ كەتمەك-
چى بولاتتى؛ لېكىن ئۇ بىردىنلا: مۇنداق قىلىش ئەدەپسىزلىك
بولىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ بۇ كېچىدە قانداقتۇ خەۋپلىك بولغان ۋە
ھەممەيلەن كۈتۈپ تۇرغان مۇراسىمنى ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بىر
كىشى ئىكەنلىكىنى، شۇ سەۋەپتىن ئۇلار كۆرسەتكەن ھۆرمەتنى
قوبۇل قىلماي بولمايدىغانلىقىنى ھىس قىلاتتى. شۇڭا ئۇ ئادىيۇتانتنىڭ
قولىدىن پەلەينى گەپ قىلمايلا ئالدى، ھېلىقى خانىمنىڭ ئورنىدا
ئولتۇردى، خۇددى مىسىر ھەيكەللىرىدەك ساددە قىياپەتتە، ئۆزىنىڭ
چوڭ قوللىرىنى باراۋەر تۇرغان ئىككى تىزىغا قويدى ۋە ئۆز كوڭ-
لىدە: "شۇنداق بولۇشى كېرەك ئىكەن-دە" دەپ ئويلاپ، بۇكېچىدە
ئۆزىنى يوقىتىپ قويماسلىق ۋە ئەخمىقانە ئىشلارنىڭ كېلىپ چىقىشى-
دىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۆز پىكىرلىرىم بويىچە ئىش قىلماي،
بەلكى پەقەت ئۆزەمگە يېتەكچىلىك قىلغۇچى كىشىلەرنىڭ پىكرىگە
تامامەن ئىتائەت قىلىشىم كېرەك دېگەن قارارغا كەلدى.
ئىككى مىنۇتمۇ ئۆتمىدى-دە، ئۇزۇن يەكتەك كىيگەن ۋە مەيدى-
سىگە ئۈچ يۇلتۇز تاقىۋالغان كىنەز ۋاسىلى ئۇلۇغۋارلىق بىلەن
بېشىنى ئىگىز كۆتەرگەن ھالدا ئۆيىگە كىرىپ كەلدى. ئۇ بۈگۈن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەتىگەندىكىگە قارىغاندا بىر ئاز ياداپ كەتكەنىدەك كۆرۈنەتتى؛ ئولتۇرغانلارغا قاراپ، پىيېرغا كۆزى چۈشكەندە، كۆزلىرى ئادەتتىكىدىن تېخىمۇ چوڭىيىپ كەتكەندەك تۇيۇلاتتى. ئۇ پىيېرنىڭ ئالدىغا كەلدى-دە، ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى (ئۇ ئىلگىرى ھېچقاچان مۇنداق قىلمىغان ئىدى) ۋە خۇددى ئۇنىڭ قولى چىمىڭ ياكى چىمىڭ ئەمەسلىكىنى سىناپ كۆرمەكچى بولغاندەك، ئۇنى پەسكە تارتتى.

— Courage, courage, mon ami. Il a demandé à vous voir. C'est bien... (مەيۈسلەنمەڭ، مەيۈسلەنمەڭ، دوستۇم. ئۇ سىزنى چاقىرتتى. بۇ ناھايىتى ياخشى...) — دەپ كەتمەكچى بولدى.

بىراق، پىيېر بىر نىمە دېيىشنى زۆرۈر دەپ ئويلاپ:

— سالامەتلىكلىرى قانداق...، — دېدى-يۇ، ئۆلۈش ئالدىدا تۇرغان كىشىنى گراف دەپ ئاتاشنىڭ لايىق ياكى لايىق ئەمەسلىكىنى بىلمەي ئەندىششىدە دۇدۇقلاپ قالدى؛ "ئاتام" دېيىشكىمۇ خىجىل بولاتتى.

— Il a eu encore un coup, il y a une demi-heure. (ئۇنىڭ كېسىلى يېرىم سائەت ئىلگىرى بىر قېتىم تۇتتى. مەيۈسلەنمەڭ، دوستۇم....)

پىيېرنىڭ ئوي-پىكىرلىرى شۇنداق قالايمىقانلىشىپ كەتكەن ئىدىكى، كېسىلى "تۇتتى" دىگەن سۆزنى دەسلەپ ئۇ ئانچە چۈشەنمەي، ھاڭ-تاڭ بولۇپ كىنەز ۋاسىلىغا قارىدى-دە، كېيىن "تۇتتى" دىگەن سۆزدىن كېسىلى بىر قېتىم تۇتقان ئىكەن دەپ چۈشەندى. كىنەز ۋاسىلى كېتىۋېتىپ لوررېنغا بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلدى ۋە پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئىشىكتىن كىرىپ كەتتى. ئۇ پۇتىنىڭ

ئۇچىدا دەسسەپ مېڭىشنى بىلمەيتتى ۋە ھەر بىر قەدىمىدە پۇتلۇن بەدىنى تىترەپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كىنەزنىڭ چوڭ قىزى، كېيىن روھانىلار ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىلىرى ھەم بەزى كىشىلەر (ئۆي خىزمەتچىلىرى)مۇ ئىشىكتىن كىرىپ كېتىشتى. ئىچكىرىدىن ئادەملەر-نىڭ شەپىسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، ئەڭ ئاخىرىدا ئاننا مىخايلوۋنا يەنىلا شۇنداق ئاپپاق تاتىرىپ كەتكەن ھالدا، ئەمما ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىدىغان قەتئىي قىياپەت بىلەن يۈگۈرۈپ چىقتى-دە، پيېرنىڭ يېڭىنى تۇتۇپ:

— La bonté divine est inépuisable. C'est la cérémonie de l'extrême onction qui va commencer. Venez. (خۇدانىڭ مېھرى-شەپقىتى تۈگىمەس-پۈتمەس! ئۆلۈم ئالدىدىكى ماي سۈركەش مۇراسىمى دەرھال باشلىنىدۇ. ئەمدى كىرەيلى)، — دېدى.

پيېر يۇمشاق گىلەم ئۈستىدە قەدەم تاشلاپ ئىشىكتىن كىردى، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىگە تونۇش بولمىغان ھېلقى خانىم بىلەن ئاديۇ-تانتنى كۆردى، يەنە بەزى خىزمەتچىلەرمۇ بار ئىدى — ئۇلار بۇ ئۆيگە كىرگەندە ئەمدى يەنە رۇخسەت سوراپ ئولتۇرۇش ھاجەت-سىزدەك، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كىرىپ كېلىشتى.

## 20

پيېر چوڭ ۋە يۇمۇلاق تۈۋرۈكلەر ھەم ئەگمىلەر بىلەن بۆلۈن-گەن، پۈتۈن تاملىرى ئىرانچە گىلەملەر بىلەن قاپلانغان بۇ چوڭ زالنى ئوبدان بىلەتتى. تۈۋرۈكنىڭ ئارقىسىدىكى ئۆينىڭ بىر قىسمىدا،

بىر تەرەپتە، يىپەك پەردە تارتىلغان ئىگىز قىزىل ياغاچ كارۋات تۇراتتى، يەنە بىر تەرىپىدە بۇت سېلىنغان يوغان ساندۇق تۇراتتى، ئۇ خۇددى چېركاۋدا كەچكى ئىبادەت ۋاقتىدا يورۇتۇلغاندەك، قىپ-قىزىل ھەم يورۇق يورۇتۇلغان ئىدى. يورۇتۇلغان بۇتنىڭ تۆۋىنىدە كېسەل كىشىگە خاس يۆلەنچۈكى بار ئۇزۇن كىرېسلو قويۇلغان ئىدى، كىرېسلودىكى يۇقۇرىغا قويۇلغان قاردەك ئاپپاق، پۇرلىشىپ كەتمىگەن، تېخى ھېلىلا يەڭگۈشلەنگەندەك كۆرۈنگەن ياستۇقتا، پارقىراپ تۇرغان يېشىل ئەدىيالنى بىلىگىچە يېپىنىپ، پېيرغا تونۇش بولغان چوڭ گەۋدىلىك ئاتىسى گراف بېزئۇخوۋ ياتاتتى، ئۇنىڭ كەڭ پېشانىسىدىكى ئاپپاق چاچلىرى كىشىگە ئارسلاننىڭ ياياسىنى ئەسلىتەتتى، چىرايلىق قىزىل-ساغۇش يۈزىدە يول-يول، نۇرانى چوڭقۇر قورۇق ئىزلىرى بار ئىدى. ئۇ دەل بۇتنىڭ تۆۋىنىدە ياتاتتى؛ ئۇنىڭ سېمىز ۋە چوڭ ئىككى قولى ئەدىيالدىن چىقىرىلىپ سىرتقا قويۇلغان ئىدى. ئالقىنى تۆۋەن قىلىپ قويۇلغان ئوڭ قولىنىڭ باشمالتىغى بىلەن كۆرسەتكۈچ بارمىقىنىڭ ئارىسىغا بىر تال شام قويۇلغان بولۇپ، ئۇنى كىرېسلونىڭ ئارقىسىدىن بېلىنى ئېگىپ تۇرۇپ بىر خىزمەتكار تىرەپ تۇتۇپ تۇراتتى. كىرېسلونىڭ يېنىدا ھەشەمەتلىك ۋە پارقىراپ تۇرغان ئىبادەت كىيىملىرىنى كىيىشكەن، ئۇزۇن چاچلىرى دولىسى ئۈستىگە چۈشۈپ يېيىپ تۇرغان روھانىلار تۇراتتى ۋە ئۇلار يېنىپ تۇرغان شامنى قوللىرىدا تۇتۇپ، ئاستا-ئاستا، تەنتەنىلىك ھالدا ئىبادەت قىلىشاتتى. ئۇلارنىڭ سەل ئارقىسىدا قولىدىكى ياغلىقلىرى بىلەن كۆزىنى ئېتىۋېلىپ، ئىككى كىچىك كىنەز قىزى تۇراتتى، ئۇلارنىڭ ئالدىدا چوڭ كىنەز قىزى كاتىش تۇراتتى، ئۇ بۇ چاغدا ھەممەيلەنگە گويا: ئەگەر ئەتراپقا قاراپ

قويسام، بۇنىڭغا مەن جاۋاپكار ئەمەس دېگەندەك قىياپەتتە، بۇتتىن كۆزىنى زادىلا ئۈزمەي زەھەرخەندىلىك ۋە قەتئىيلىك بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. ئانىنا مىخايلوۋنا مۇلايىم ۋە ھەممىنى كەچۈ-رىدىغان قىياپەتتە ئۆزىگە تونۇش بولمىغان بىر خانىم بىلەن ئىشىك تۈۋىدە تۇراتتى. كىنەز ۋاسىلى ئىشىكنىڭ نېرىقى تەرىپىدە كرېسلوغا يېقىن تۇرۇپ، ئالدىدىكى نەقىشلىك مەخمەل ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈ-گىگە شام تۇتقان سول قولى بىلەن يۆلىنىپ، ئوڭ قولى بىلەن چوقۇناتتى ۋە ھەر قېتىم ئۈچ بارمىقىنى پېشانىسىگە تەككۈزگەندە كۆزلىرىنى يۇقۇرىغا تىكىپ قارايتتى. ئۇنىڭ چىرايىدىن بىرخىل سەممى تەقۋادارلىق ۋە خۇدانىڭ ئىرادىسىگە بوي سۇنۇش قىياپىتى ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چىرايى گويا: "ئەگەر سىلەر بۇنىداق تۇيغۇنى چۈشەنمىسەڭلار، سىلەر تېخىمۇ تەس كۈنگە قالىسىلەر" دېگەندەك قىلاتتى.

ئۇنىڭ ئارقىسىدا ئادىيۇتانت، دوختۇرلار ۋە ئەر خىزمەتكارلار تۇراتتى؛ خۇددى چېركاۋدىكىگە ئوخشاش، ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئالاھىدە بۆلۈنگەن ئىدى. ھەممىسىلەن جىمجىت ھالدا چوقۇنىماقتا ئىدى، پەقەت چېركاۋ ئايەتلىرىنى ئوقۇغان چاغدىكى ئاۋازلار، پەس، بوغۇق، تۆۋەن ئاۋازلىق ئىنجىل يادلاش ئاۋازلىرى ۋە بىر پەس جىم بولغان چاغدىكى ئاياقلارنىڭ يۆتكىلىش ھەم نەپەسلەنگەن چاغدىكى تىنىق ئاۋازلىرىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئانىنا مىخايلوۋنا بايى-قىدەك "نىمە قىلىشاتقانلىقىمنى ئۆزەم بىلىمەن" دېگەندەك بىرخىل قەتئىيەت بىلەن ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتۈپ پيېرنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭغا بىر تال شامنى بەردى. پيېر شامنى ياندۇردى ۋە ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ ھەركىتى بىلەن بەنت بولۇپ كېتىپ ئۇنتۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

شام تۇتقان سول قولى بىلەن چوقۇنۇشقا باشلىدى.

يۈزىدە قارا مەڭ ئۆسكەن، قىپ-قىزىل ۋە كۈلگۈنچەك كىچىك كىنەز قىزى سوفى (Софи) پەقەت شۇنىڭغىلا قاراپ قالغان ئىدى. ئۇ كۈلۈپ كېتىپ، يۈزىنى ياغلىقى بىلەن يېپىۋالدى ۋە خېلى ۋاقىتقىچە يۈزىنى ئاچمىدى؛ ئاچقاندىن كېيىن يەنە پېيېرغا قاراپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇ، روشەنكى، پېيېرغا قارىغاندا كۈلمەي تۇرالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلاتتى، لېكىن يەنە ئۇنىڭغا قارىغۇسى كېلەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ۋەسۋەسىگە چۈشۈپ قالماي دەپ ئاستاغىنا تۈۋرۈكنىڭ ئارقىسىغا ئۆتىۋالدى. ئىبادەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا روھانىلار بىردىنلا جىمىپ قېلىپ، بىر بىرى بىلەن بىرنىمىلەرنى دەپ پىچىرلاشماقتا ئىدى؛ گرافنىڭ قولىنى يۆلەپ تۇرغان قېرى خىزمەتكار ئورنىدىن تۇرۇپ، خوتۇنلارغا مۇراجىئەت قىلدى. ئانىنا مىخايلوۋنا ئالدىغا چىقتى ۋە كېسەلنىڭ ئۈستىگە ئېڭىشتى-دە، ئارقا تەرەپتىن بارمىقى بىلەن ئىشارەت قىلىپ لوررېننى چاقىردى. فرانسۇز دوختۇرنىڭ قولىدا شام يوق ئىدى، ئۇ بىر تۈۋرۈككە يۆلىنىپ، ھۆرمەت بىلدۈرۈپ تۇرغان چەتئەل كىشىسى قىياپىتىدە، گەرچە ئېتىقادى باشقا بولسىمۇ، ھازىر ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان بۇ مۇراسىمنىڭ زۆرۈرلۈگىنى چۈشىنىدىغانلىقىنى، ھەتتا ئۇنى قۇۋۋەتلەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ، ئەدەپ بىلەن ئاستا-ئاستا قەدەم بېسىپ كېسەلنىڭ يېنىغا كەلدى-دە، ئاپپاق نازۇك بارماقلىرى بىلەن ئۇنىڭ بوش تۇرغان قولىنى يېشىل ئەديالدىن كۆتىرىپ ئېلىپ، بۇرالدى-يۇ، يۈرەك ھەركىتىنى تۇتۇپ كۆرۈپ بېقىپ ئويلىنىپ قالدى. كېسەلگە بىر نەرسىنى ئىچكۈزۈشتى، ئەتراپىدىكى كىشىلەر مىدىرلاشتى، كېيىن ھەممەيلەن ئۆز ئورۇنلىرىغا كېلىشىپ، ئىبادەت يەنە داۋاملاشتى. ئادەملەر

كېسەل بىلەن ئاۋارە بولۇپ قالغان بۇ ۋاقىتتا پىيېر كىنەز ۋاسىلىنىڭ ئورۇندۇق ئارقىسىدىن چىقىپ، كېسەلنىڭ ئالدىغا كەلمەستىن ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، چوڭ كىنەز قىزىنىڭ ئالدىغا بارغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ياتاقنىڭ تۆرىگە، شايى پەردە تۇتۇلغان ئېگىز كارۋات تەرەپكە كەتكەنلىكىنى كۆردى. ئۇنىڭ يۈزىدە هامان شۇ "نېمە قىلىۋاتقانلىقىمنى ئۆزەم بىلىمەن، ئەگەر مېنى چۈشەنمىسەڭلار ئۆزلىرىڭگە تەس" دېگەن مەنە بار ئىدى. كىنەز بىلەن كىنەز قىزى ئىككىسى كارۋاتتىن نېرىدىكى ئىشىكتىن كىرىپ كەتتى-يۇ، ئىبادەت ئاياقلىشىش ئالدىدا بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى چىقىپ ئۆز ئورۇنلىرىغا كېلىشتى. پىيېر بۇ ئاخشام كۆز ئالدىدا بولۇۋاتقان هەممە ئىشلارغا شۇنداق بولۇشى زۆرۈر دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن بۇنىڭغىمۇ ئېتىۋار قىلمىدى.

مۇناجات ئوقۇش توختىتىلدى ۋە روهانىلارنىڭ كېسەلنى ئۇنىڭ بۇ مۇقەددەس مۇراسىمنى قوبۇل قىلغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن هۆرمەتلەپ تەبرىكلىگەن ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كېسەل كىشى بولسا ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا ئۆلۈكتەك قىمىرلىماي ياتاتتى. هەممە ئۇنىڭ ئەتراپىدا هەركەتلەنمەكتە ئىدى: ئاياق ئاۋازلىرى ۋە پىچىرلاشقان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاننا مىخايلوۋنانىڭ پىچىرلىغان ئاۋازى باشقا هەممەيلەندىن روشەن ئىدى.

پىيېر ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇراتتى:

— چوقۇم كارۋاتقا يۆتكەش كېرەك، بۇ يەردە نېمە قىلغان بىلەنمۇ بولمايدۇ....

كېسەلنى دوختۇرلار، كىنەز قىزلىرى ۋە خىزمەتكارلار شۇنچىلىك زىچ قورشىۋالغانكى، پىيېر كۆز ئالدىدا شۇنچە ئادەم بولۇشىغا قارى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ماستىن، پۈتۈن ئىبادەت داۋامىدا بىر مەھەللىمۇ نەزىرىدىن نېرى كەتمىگەن ئاپپاق چاچ بىلەن قىزغۇچ سېرىق بېشىنى يەنە كۆرەلمەي قالغان ئىدى. پيېر كرېسلو ئەتراپىغا توپلىشىۋالغان كىشىلەرنىڭ ئېھتىياتلىق ھەركىتىدىن، ئۇلارنىڭ ئۆلۈۋاتقان بۇ كىشىنى كۆتىرىۋالغانلىغىنى ۋە ئۇنى يۆتكەۋاتقانلىغىنى بىلىۋالغان ئىدى.

— پيېر خىزمەتكارلاردىن بىرىنىڭ: قولۇمنى تۇت، بولمىسا تاشلىۋېتىسەن، — دەپ پىچىرلىغىنىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە باشقىلارنىڭ، — تۆۋەندىن تۇت... قېنى يەنە بىرەيلەن، — دىگەن تاۋۇشىنى ئاڭلىدى؛ ئادەملەر، كۆتىرىۋاتقان نەرسىلىرى ھەددىدىن تاشقىرى ئېغىر دەك ھاسىرىشاتتى ۋە ئالدىراپ قەدەم باساتتى.

كېسەلنى كۆتىرىپ كېتىۋاتقانلار (بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاننا مىخايلوۋنامۇ بار ئىدى) يېقىنلاشقاندا پيېرنىڭ كۆزى ئادەملەرنىڭ يەلكىسى بىلەن بويى ئارىسىدىن كېسەلنىڭ ئوچۇق تۇرغان سېمىز كۆكرىگىگە، ئادەملەر قولتۇغىدىن كۆتىرىپ تۇرغان كەڭ يەلكىسىگە، ئاق جىڭگىلەك چېچى ۋە ئارسلاننى ئەسلىتىدىغان بېشىغا چۈشتى. پىشانىسى ۋە يۈز سۆڭىكى پەۋقۇلئاددە كەڭ، ئېغىزلىرى چىرايلىق ۋە چاقنان، قاراشلىرى جىددى ۋە سوغاق بولغان بۇ باش ئۆلۈمنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن ئۆزگەرمىگەن ئىدى. بۇ باش گراف مۇندىن ئۈچ ئاي ئاۋال پيېرنى پېتربۇرگقا ئەۋەتكەندە قانداق بولسا شۇنداق ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ بېشى يۆتكىگۈچىلەرنىڭ بىر تەكشى قەدەم باسمىغانلىغىدىن ھالسىزلىنىپ، ئۇ ياق-بۇ ياققا گىلدىڭلاپ تۇراتتى، سوغاق ۋە بىپەرۋا كۆزلىرى ھېچنىمىگە قارىمايتتى.

ئىگىز كارۋاتنىڭ ئەتراپىدا بىرقانچە مىنۇت قالايمىقان ھەر تەرەپكە يۈگۈرۈشلەر بولغاندىن كېيىن، كېسەلنى كۆتەرگۈچىلەر تار-

قىلىپ كېتىشتى. ئاننا مىخايلوۋنا پېيېرنىڭ يېنىغا قولنى تەككۈزۈپ Venez (يۈرۈڭ) دېدى. پېيېر ئۇنىڭ بىلەن بىللە كارۋاتنىڭ يېنىغا كەلدى، كېسەل بۇ كارۋاتتا تېخى ھېلىلا ئۆتكۈزۈلگەن مۇراسىمدىكىدەك تەنتەنىلىك قىياپەتتە ياتقۇزۇلغان ئىدى. ئۇ بېشىنى ياستۇققا ئېگىز تىرەپ ياتاتتى، قوللىرى يېشىل ئەدىيالدىن چىقىرىلىپ ئۇزۇنۇسىغا قويۇلغان، ئالقىنى تۆۋەنگە قارىتىلغان ئىدى. پېيېر ئالدىغا كەلگەندە گراف ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدى، ئەمما ئۇنىڭ مەنىسى ۋە ئەھمىيىتىنى ھېچكىم ئۇقمايتتى. بۇ قاراش ياكى كۆز بولغاندىن كېيىن نەگە قارىسىمۇ بولۇۋېرىدۇ دېگەندىن باشقا ئەھمىيىتى يوق دېگەننى بىلدۈرەتتى، ياكى ئەھمىيىتى ناھايىتى كۆپ دېگەننى بىلدۈرەتتى. پېيېر نېمە قىلىشنى بىلمەي توختاپ قالدى-دە، يېتەكچىسى ئاننا مىخايلوۋناغا سوئال نەزەرى بىلەن ئۆرۈلۈپ قارىدى. ئاننا مىخايلوۋنا ئالدىراپ-تېنەپ كۆزى بىلەن كېسەلنىڭ قولىنى كۆرسەتتى ۋە سۆيۈپ قوي دەپ لېۋى بىلەن ئىما-ئىشارەت قىلدى. پېيېر ئەدىيالغا تېگىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن، بويىنىنى دىققەت بىلەن سوزۇپ، ئاننا مىخايلوۋنانىڭ ئىشارىسىنى ئورۇنلاپ، لېۋىنى ئۇنىڭ سۆڭگى چوڭ ۋە گۆشلۈك قولىغا تەككۈزدى. گرافنىڭ نە قولى ۋە نە بىرەر مۇسكۇلى مىدىرلىمايتتى. پېيېر يەنە ئاننا مىخايلوۋناغا "نېمە قىلاي" دېگەن سوئال نەزەرى بىلەن قارىدى. ئاننا مىخايلوۋنا كۆزى بىلەن كارۋات يېنىدا تۇرغان كرېسلونى كۆرسەتتى. پېيېر كرېسلودا ئىتائەتچانلىق بىلەن ئولتۇرۇۋېتىپ، "توغرا قىلدىممۇ" دېگەن سوئال نەزەرى بىلەن قارىدى. ئاننا مىخايلوۋنا تەستىقلىغان ھالدا بېشىنى مىدىرلىتىپ قويدى. پېيېر ئۆزىنىڭ كېلەڭسىزلىكىدىن، يوغان گەۋدىسىنىڭ كۆپ جاينى ئىشغال قىلىشىدىن ئوڭايسىزلانغان بولسا كېرەك، يەنە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

خۇددى مىسىر ھەيكەللىرىدەك ئىككى قولىنى باراۋەر تۇرغان تىزىغا قويۇپ، ئىمكان قەدەر كىچىكرەك بولۇش ئۈچۈن ھەممە كۈچىنى ئايىماي تىرىشاتتى. ئۇ گرافقا قارىدى. گراف بولسا يەنىلا پىيىر تىك تۇرغان چاغدا يۈزى تۇرغان ئورۇنغا قارايتتى. ئاننا مىخايلوۋنا ھازىر ئاتا ـ بالا دىدار كۆرۈشۈۋاتقان بۇ ئاخىرقى مىنۇتتا خۇددى يۈرەك ـ باغرى ئېزىلىۋاتقاندەك بىر تۇسكە كىردى. بۇ ئەھۋال ئىككى مىنۇتچە داۋام قىلدى، پىيىرغا بولسا بىر سائەتتەك بىلىنگەن ئىدى. گرافنىڭ كەڭ يۈزىنىڭ مۇسكۇللىرى ۋە قورۇقلىرىدا بىردىنلا تىترەش پەيدا بولدى. تىترەش كۈچىيىپ باراتتى، چىرايلىق ئاغزى بىر تەرەپكە قىڭغىيىپ كەتكەن ئىدى (پىيىر پەقەت شۇ چاغدىلا ئاتىسىنىڭ ئۆلۈمگە قانچىلىك دەرىجىدە يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى بىلگەن ئىدى)، قىڭغىيىپ كەتكەن ئاغزىدىن ئېنىقسىز، خىرقىرىغان ئاۋازلار ئاڭلىناتتى. ئاننا مىخايلوۋنا كېسەلنىڭ كۆزىگە دىققەت بىلەن قارايتتى ۋە ئۇنىڭغا نىمە لازىم بولغانلىقىنى تاپماقچى بولۇپ، بىردەم پىيىرنى كۆرسەتتى، بىردەم ئىچىلىدىغان نەرسىنى كۆرسەتتى، بىردەم يەنە پىچىرلاپ سوئال نەزىرى بىلەن كىنەز ۋاسىلىنى تىلغا ئالاتتى، بىردەم ئەدىيالنى كۆرسەتتى. كېسەلنىڭ كۆزلىرى ۋە چىرايى سەۋرىسىز قىياپەتنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۇ دائىم كارۋاتىنىڭ بېشىدىن نېرى كەتمەي تۇرغان خىزمەتكارغا قاراشقا تىرىشىپ باقاتتى.

ــ يانپاشلاپ ياتقۇسى كېلىۋاتقانغا ئوخشايدۇ، ــ دىدى پىچىرلاپ خىزمەتكار ۋە گرافنىڭ ئېغىر بەدىنىنى كۆتىرىپ، يۈزىنى تامغا قارىتىپ ياتقۇزۇپ قويۇش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى.

پىيىر ئۇنىڭغا ياردەملىشىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى.

گرافنى يانپاشلاپ ياتقۇزۇۋاتقاندا ئۇنىڭ بىر قولى ئىختىيارسىزلا ئارقىغا ساڭگىلاپ قالغان ئىدى، ئۇ قولىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن بىھۇدە تىرىشىپ باقاتتى، گراف بۇ جانسىز قولىغا پىيېرنىڭ ۋەھىمە بىلەن قارىغانلىغىنى بايقاپ قالدىمۇ ياكى ئاخىرقى مىنۇتلارنى ئۆتكۈزۈۋاتقان بېشىغا بىرەر پىكىر كەلدىمۇ، ئاۋال ئۆزىنىڭ ماغدۇرسىز قولىغا، كېيىن پىيېرنىڭ ۋەھىمە باسقان يۈزىگە، يەنە قولىغا قارىدى-دە، يۈزىدە خۇددى ئۆزىنىڭ ئاجىزلىغىنى مەسخىرە قىلغاندەك، هازىرقى ئەپتىگە ياراشمىغان خىيال، ئۇقۇۋەتلىك تەبەسسۇم پەيدا بولدى. بۇ تەبەسسۇمنى كۆرۈش بىلەن پىيېرنىڭ كۆڭلى بىردىن ئارقىسىغا تارتىپ، بۇرنى ئېچىشتى ۋە كۆزىگە ياش كەلدى. كېسەلنى تامغا قارىتىپ ياتقۇزۇپ قويۇشتى، كېسەل چوڭقۇر نەپەس ئالدى.

— Il est assoupi (هۇشىدىن كەتتى)، — دېدى ئانىنا مىخايلوۋنا، نۆۋەتچىلىككە كەلگەن كىنەز قىزىنى كۆرۈپ. — Allons (يۈرۈڭ).

پىيېر چىقىپ كەتتى.

## 21

قوبۇلخانىدا كىنەز ۋاسىلى ۋە چوڭ كىنەز قىزىدىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى، ئۇلار يېكاتېرىنا خېنىمنىڭ رەسمى ئاستىدا ئولتۇرۇپ قانداقتۇ بىر نەرسىلەر توغرىسىدا قىزىق پاراڭلىشىۋاتاتتى. ئۇلار پىيېرنى ئۇنىڭ يېتەكلىگۈچىسى بىلەن بىرگە كۆرۈش بىلەن تەڭلا سۆزىنى توختىتىپ جىم بولۇپ قېلىشتى. پىيېرغا كىنەز قىزى نىمىدۇ بىر نەرسىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

يوشۇرۇپ تىقىپ قويۇۋاتقاندەك ۋە پىچىرلىشىۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

— بۇ خوتۇننى كۆرەر كۆزۈم يوق، — دەپ پىچىرلىغىنىنى ئاڭلاپ قالدى.

— Catiche a fait donner du thè dans le petit salon (كاتىش كىچىك مېھمانخانىغا چاي ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى)، — دېدى كىنەز ۋاسىلى ئاننا مىخايىلوۋناغا. — Allez, mapauvre AHHa Михайловна, prenez quel-que chose, autrement vous ne suffirez pas (بېرىپ بىرئاز بىرنەرسە ئىچىۋالسىڭىز بولاتتى، بىچارە ئاننا مىخايلوۋنا، جانىمۇ كېرەك-تە.)

ئۇ پىيېرغا ھېچنىمە دېمىدى-يۇ، بېلىگىنى تۇتۇپ مېھرى بىلەن سىقىپ قويدى. پىيېر ئاننا مىخايلوۋنا بىلەن بىللە petit salon (كىچىك مېھمان ئۆي) گە كىردى.

— Il n'y a rien qui restaure, Comme une tasse de cet exeellent the russe après une nuit blanche (ئۇيقىسىز ئۆتكۈزگەن بىر كېچىدىن كېيىن، مۇشۇ بىر ئىستاكان ئوبدان رۇس چېيىدەك ھاردۇق چىقىرىدىغان نەرسە بولماس)، — دېدى لوررېن ئۆزىنى بېسىۋالغان جانلىنىش قىياپىتى بىلەن؛ ئۇ بۇ چاغدا نېپىز، تۇتقۇچى يوق خىتاي پىيالىسىدىن كىچىككىنە مېھمان ئۆيىدىكى شىرە ئالدىدا تۇرۇپ چاي ئوتلاۋاتاتتى، شىرەگە چاي ۋە سوغاق يېمەكلىكلەر قويۇلغان ئىدى. بۇ كېچە گراف بېزئۇخوۋنىڭ ئۆيىدە قالغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىگە قۇۋۋەت كىرگۈزۈش ئۈچۈن بۇ شىرەنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىشقان ئىدى. پىيېر ئەينەكلەر ۋە شىرەلەر قويۇلغان بۇ كىچىككىنە يۇمۇلاق مېھمان ئۆيىنى ناھايىتى ئوبدان ئېسىدە تۇتاتتى. گرافنىڭ ئۆيىدە تانسا يىغىلىشلىرى ئۆتكۈ-

زۇلگەندە، تانسا ئويناشنى بىلمەيدىغان پيېر ئەينەكلەر ئورنىتىلغان بۇ كىچىك ئۆيدە ئولتۇرۇپ، تانسا كىيىملىرىنى كىيىشىپ ياسانغان، قىپ يالىڭاچ يەلكىلىرىگە برىلليانت ۋە مەرۋايىتلارنى تاقىۋالغان خانىملار شۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۆزلىرىنى بۇ روشەن يورۇتۇلغان ئەينەكلەردە قانداق قاراپ چىقىۋاتقانلىقلىرىنى، بۇ ئەينەكلەر ئۇلارنىڭ قىياپىتىنى بىرقانچە قېتىم تەكرار ئەكس ئەتتۈرۈش-لىرىنى كۆزىتىشنى ياخشى كۆرەتتى. هازىر بولسا يەنىلا شۇ ئۆي ئىككى تال شام بىلەن خىرە يورۇتۇلغان ئىدى، كىچىك بىر شىرەدە چىنە-چەينەكلەر ۋە تەخسىلەر قالايمىقان يېيىلغان ئىدى، يېرىم كېچىدە بىر توپ خىلمۇ-خىل كىشىلەر كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئەنسىرىگەن هالدا بىر بىرلىرى بىلەن پىچىرلىشىپ سۆزلىشىپ ئۇ يەردە ئولتۇراتتى، ئۇلار ئۆزىنىڭ هەر بىر هەركىتى ۋە هەر بىر ئېغىز سۆزى بىلەن ئۆيدە هازىر نىمە قىلىنىۋاتقانلىقىنى ۋە بۇندىن كېيىن نىمە قىلىنىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالمىغانلىقىنى كۆرسىتەتتى. پيېر گەرچە ناهايىتى ئاچ قالغان بولسىمۇ، هېچنىمە يېمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يېتەكلىگۈچىسىگە سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى-دە، ئۇنىڭ يەنىلا پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، كىنەز ۋاسىلى بىلەن چوڭ كىنەز قىزى قېپقالغان قوبۇلخانىغا چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. پيېر بۇنىمۇ "شۇنداق بولۇشى كېرەكتۇر" دەپ ئويلاپ، سەل توختىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ كەتتى. ئاننا مىخايلوۋنا كىنەز قىزىنىڭ يېنىدا تۇراتتى ۋە هەر ئىككىيلەن بىر ۋاقىتتا هاياجانلانغان هالدا پىچىرلىشىپ سۆزلەشمەكتە ئىدى:

— رۇخسەت قىلغايسىز، كىنەز ئايىم، نىمىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ۋە نىمىنىڭ زۆرۈر ئەمەسلىكىنى بىلىپ قالاي، — دىدى كىنەز قىزى

ئۆزخانىسىنىڭ ئىشىگىنى ئاننا مىخايلوۋنانىڭ يۈزىگە تاراققىدا ياپقان چاغدىكىدەك ھاياجانلانغان ھالەتتە.

— لېكىن، سۆيۈملۈك كىنەز قىزى، — دەپ قىسقا ۋە قايىل قىلارلىق دەرىجىدە جاۋاپ بەردى ئاننا مىخايلوۋنا، ئۇنىڭ ئۆز خانىسىغا بارىدىغان يولىنى توساپ ۋە ئۇنى قويۇپ بەرمەستىن، — ئۇنىڭغا ئارام تېپىش زۆرۈر بولغان مىنۇتلاردا بۇنداق قىلىش، بىچارە تاغىڭىز ئۈچۈن ئارتۇقچە ئېغىر تۇيۇلماسما؟ ئۇ دۇنيادىن كۆز يۇمۇۋاتقان مۇشۇنداق مىنۇتلاردا بۇ دۇنيالىق ئىشلار ئۈستىدە گەپ قىلىپ ئولتۇرساق...

كىنەز ۋاسىلى كرېسلودا ئادەتتىكىدەك بىر پۇتىنى يەنە بىر پۇتىنىڭ ئۈستىگە مىنگەشتۈرۈپ ئەركىن بىر ھالەتتە ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ يۈزى لىپىلدايتتى ۋە خۇددى پەسكە ساڭگىلاپ چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى؛ لېكىن ئۇ بۇ ئىككى خوتۇننىڭ پاراڭلىرىغا كۆڭۈل بۆلمىگەن كىشىنىڭ قىياپىتىگە كىرىۋالغان ئىدى.

— Voyons, ma bonne AHHa Muxàü довна, laissez faire catiche (ياق، سۆيۈملۈك ئاننا مىخايلوۋنا، قويۇڭ، كاتىش خالىغىنىنى قىلسۇن). گرافنىڭ ئۇنى قانداق ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىسىزغۇ.

— مەن ھەتتا بۇ ھۆججەتلەردە نىمىلەر يېزىلغانلىقىنىمۇ بىلمەيمەن، — دېدى كىنەز قىزى كىنەز ۋاسىلىغا قاراپ ۋە قولىدا تۇتۇپ تۇرغان گۈللۈك ھۆججەت قاپچۇغىنى كۆرسىتىپ، — مەن پەقەت ھەقىقى ۋەسىيەتنىڭ ئۇنىڭ ئىش شىرەسىدە ئىكەنلىكىنىلا بىلىمەن، بۇ بولسا ئۇ ئۇنتۇپ قالغان بىر قەغەز....

ئۇ ئاننا مىخايلوۋنانىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتمەكچى ئىدى-يۇ،

لېكىن ئاننا مىخايلوۋنا بىرلا ئىرغىپ يەنە ئۇنىڭ يولىنى توسۇۋالدى.

— بىلىمەن، سۆيۈملۈكۈم، شەپقەتسىلىك كىنەز قىزى، — دېدى ئاننا مىخايلوۋنا؛ ئۇ بۇ چاغدا ھۆججەت قاپچۇغىغا شۇنداق چىڭ ئېسىلىۋالغان ئىدىكى، ئۇنىڭ دەرھال ئۇنى قويۇۋەتمەسلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. — سۆيۈملۈك كىنەز قىزى، مەن سىزدىن سورايمەن، سىزگە يالۋۇرۇپ سورايمەن، ئۇنىڭغا بىرئاز ئىچىڭىز ئاغرىسۇن. Je vous en conjure... (يالۋۇرۇپ سورايمەنكى...)

كىنەز قىزى جاۋاپ بەرمىدى. پەقەت ھۆججەت قاپچۇغى ئۈچۈن بولۇۋاتقان تالىشىش ئاۋازلىرىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. روشەنكى، ئەگەر ئۇ ھازىر بىر نەرسە دېگەن بولسا، ئاننا مىخايلوۋنانىڭ ناھايىتى قاتتىق سىلكىپ تاشلايدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئاننا مىخايلوۋنا ھۆججەت قاپچۇغىنى چىڭ تۇتۇۋالغان بولسىمۇ، شۇنىڭغا قارىماي، ئۇنىڭ ئاۋازى ئۆزىنىڭ شىرىن سالماقلىقىنى ۋە يۇمشاقلىقىنى ساقلاپ قالغان ئىدى.

— پيېر كېلىڭ بۇ يەرگە، دوستۇم. ئائىلىۋى كېڭەشلەردە ئۇ ئارتۇقچە ئەمەس دەپ ئويلايمەن؛ شۇنداق ئەمەسما، كىنەز؟

— نىمە ئۈچۈن سۆز قىلمايسىز، mon cousin (تاغا)؟ — كىنەز قىزى بىردىنلا شۇنداق ۋاقىرىغان ئىدىكى، مېھمان ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتكەن ئىدى. — ئالالقاياقتىكى ئادەملەر ئارىلىشىۋېلىپ، جان بېرىۋاتقان كېسەلنىڭ بوسۇغىسىدا ئويۇن ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، سىز نىمىشقا لام-مىم دىمەي تۇرىسىز؟ ئىغۋاگەر! — دەپ غۇدۇڭشىدى كىنەز قىزى ۋە قاپچۇغىنى جېنىنىڭ بېرىچە تارتتى، لېكىن ئاننا مىخايلوۋنا قاپچۇغىنى قولىدىن چىقىرىپ قويماسلىق ئۈچۈن بىر-ئىككى قەدەم باستى ۋە كېيىن ئۇنىڭ قولىغا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئېسىلدى.

— بەللى! — دېدى كىنەز ۋاسىلى تەنە قىلىپ ۋە ھەيران بولۇپ.

ئۇ ئورنىدىن تۇردى. — c'est ridicule. Voyons (ئەيىپ ئەمەس-مۇ! قويۇۋېتىڭ)، قويۇۋېتىڭ دەيمەن.

كىنەز قىزى قويۇۋەتتى.

— سىزمۇ قويۇۋېتىڭ!

ئەمما ئاننا مىخايلوۋنا ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمىدى.

— قويۇۋېتىڭ، مەن سىزگە دەۋاتىمەن. ھەممىسىگە ئۆزەم جاۋاپ-كار. مەن ئۆزەم كىرىپ سوراپمەن. مەن... بولدى ئەمدى.

— Mais, mon prince (قويۇڭ كىنەز)، — دېدى ئاننا مىخاي-لوۋنا، — شۇنداق تەنتەنىلىك مۇراسىمدىن كېيىن ئۇنىڭغا سەل تىنچلىق بېرىڭ. قېنى، پىېر ئۆز پىكرىڭىزنى ئېيتىڭا ئۇلارغا، — دېدى ئاننا مىخايلوۋنا بۇ ياش ئادەمگە قاراپ. پىېر ئۇلارغا يېقىن كېلىپ، كىنەز قىزىنىڭ ھەممە ئەدەپنى يوقىتىپ غەزەپلەنگەن چىرايىغا ۋە كىنەز ۋاسىلىنىڭ لىپىلدەپ تارتىشىپ تۇرغان يۈزىگە ئەجەپلەنگەن ھالدا قاراپ تۇراتتى.

— ئېسىڭىزدە بولسۇن، ھەممە ئاقىۋەتلەرگە سىز ئۆزىڭىز جاۋاپكار بولىسىز، — دېدى كىنەز ۋاسىلى جىددىيلىك بىلەن، — نېمە قىلىد-ۋاتقانلىقىڭىزنى ئۆزىڭىز بىلمەيۋاتىسىز.

— رەزىل خوتۇن! — دەپ ۋاقىرىدى كىنەز قىزى ئۇشتۇمتۇتلا ئاننا مىخايلوۋناغا ئېتىلىپ، ئۇنىڭ قولىدىن قاپچۇقنى تارتىۋالدى.

كىنەز ۋاسىلى بېشىنى تۆۋەن سېلىپ قول شىلتىدى.

دەل شۇ چاغدا، پىېر خېلى ئۇزاق ۋاقىت قاراپ تۇرغان ۋە ئەزەلدىنلا يېنىككىنە ئېچىلىدىغان بۇ ئىشىك، ناھايىتى تېز، تاراقلاپ

ئېچىلىپ، تامغا ئۇرۇلدى-دە، ئوتتۇرانچى كىنەز قىزى ئېتىلىپ چىقتى.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭلار! — دېدى ئۇ غەزەپلىنىپ. — Il s'en va et vous me laissez seule (ئۇ ئۆلۈۋاتىدۇ، سىزلەر مېنى يالغۇز قالدۇرۇسىزلەر).

چوڭ كىنەز قىزى قولىدىن قاپچۇقىنى يەرگە چۈشۈرۈۋەتتى. ئانىنا مىخايلوۋنا دەرھال ئېڭىشىپ، تالاشتا قالغان بۇ نەرسىنى ئالدى-دە، ياتاققا يۈگۈرۈپ كىرىپ كەتتى. چوڭ كىنەز قىزى بىلەن كىنەز ۋاسىلى ئەقلى-ھوشىنى يىغىۋېلىپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ كىرىپ كەتتى. بىرقانچە مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ يەردىن بىرىنچى بولۇپ، ئاپپاق تاتىرىپ كەتكەن ۋە رەڭگى-رويى ئۆچكەن چوڭ كىنەز قىزى لېۋىنى چىشلىگەن پېتى چىقتى. پيېرنى كۆرۈش بىلەن تەڭ ئۇنىڭ چىرايىدا بېسىپ بولمىغۇدەك غەزەپ پەيدا بولغان ئىدى.

— مانا، ئەمدى مىرادىڭىزغا يەتتىڭىز، — دېدى ئۇ، — سىز مۇشۇنى كۈتەتتىڭىز.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئېسەدەپ يىغلىۋەتتى-دە، يۈزىنى قولياغلىقى بىلەن ئېتىۋېلىپ، ئۇيدىن يۈگۈرگەن پېتى چىقىپ كەتتى.

كىنەز قىزىنىڭ ئارقىسىدىن كىنەز ۋاسىلى چىقتى. ئۇ دەلدەڭشىپ يۈرۈپ، پيېر ئولتۇرغان دىۋانغا يېقىن كەلدى-دە، ئۆزىنى دىۋانغا تاشلاپ، قولى بىلەن كۆزىنى ئېتىۋالدى. پيېر ئۇنىڭ ئاپپاق تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى، تۆۋەنكى ئېڭىكى خۇددى بەزگەك بولغان ئادەمدەك دىرىلداپ تىترەۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئىدى.

— ئېخ، دوستۇم! — دېدى ئۇ پيېرنىڭ جەينىكىنى تۇتۇپ؛

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ ئاۋازىدا پيېر مۇندىن ئاۋال ھېچقاچان سەزمىگەن سەمىمىلىك ۋە زەئىپلىك بار ئىدى. — بىز قانچىلىغان گۇنالىق ئىشلارنى قىلدۇق، قانچىلىغان ئادەملەرنىمۇ ئالدىدۇق، بۇلارنىڭ ھەممىسى نېمە ئۈچۈن؟ مەن ئاتمىش ياشقا كىرەي دەپ قالدىم، دوستۇم.... ماڭىمۇ.... ھەممە ئىش ئۆلگەندە تۈگەيدۇ، ھەممە ئىش. ئۆلۈم قورقۇنچلۇق. — ئۇ يىغلاپ تاشلىدى.

ئاننا مىخايلوۋنا ئەڭ ئاخىرىدا چىقتى. ئۇ جىمجىت، ئاستا قەدەم تاشلاپ پيېرنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— پيېر! — دېدى ئۇ.

پيېر ئۇنىڭغا سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى. ئاننا مىخايلوۋنا بۇ ياش ئادەمنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى، كۆز ياشلىرى ئۇنى ھۆللىدى-دە، بىر پەس جىم بولۇپ قالدى.

— Il n'est plus (ئۇ ئالەمدىن ئۆتتى...)

پيېر كۆزەينىكىدىن ئۇنىڭغا قارايتتى.

— Allons, je vous reconduirai. Tâchez de pleurer. Rien ne soulage, comme les larmes. (يۈرۈڭ، مەن سىزنى ئېلىپ كىرەي. يىغلاشقا تىرىشىپ بېقىڭ. ھېچنەرسە كۆز يېشىدەك ئادەمنىڭ يۈرىكىنى بوشاتمايدۇ).

ئاننا مىخايلوۋنا پيېرنى قاراڭغۇ مېھمان ئۆيگە باشلاپ كىردى. پيېر بۇ يەردە ھېچكىمنى كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈن خوشال بولغان ئىدى. ئاننا مىخايلوۋنا ئۇنىڭ يېنىدىن كېتىپ قالدى ۋە كېيىن يېنىپ كەلگەندە، پيېر بېشىنى قولىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەن ئىدى.

"شۇنداق، دوستۇم. بۇ سىز ئۈچۈنلا ئەمەس، ھەممىمىز ئۈچۈنمۇ

ناھايىتى زور يوقتىش. خۇدا سىزگە ياردەم بەرىدۇ، سىز تېخى ياش،
مەن ئۈمىت قىلىمەنكى، مانا ئەمدى سىز بۇ زور مال-دۇنياغا ئىگە
بولىسىز. ۋەسىيەتنامىنى ھىلى تېخى ھېچكىم ئېچىپ كۆرگىنى يوق.
مەن سىزنى ياخشى بىلىمەن ۋە ئىشىنىمەنكى، بۇ نەرسە سىزنىڭ
بېشىڭىزنى ئايلاندۇرۇپ قويماس. بۇ سىزنىڭ زىممىڭىزغا خېلى
مەسئۇلىيەتلەرنى يۈكلەيدۇ، سىز چوقۇم مەردانە بولۇشىڭىز كېرەك."

پيېر لام-مىم دېمىدى، ئاننا مىخايلوۋنا سۆزىنى يەنە داۋام
قىلدى:

"مەن شۇ يەردە بولمىسام، خۇدا بىلىدۇ، نېمىلەر بولماس ئىدى،
مەن بۇنى سىزگە كېيىن ئېيتىپ بېرىمەن. بىلەمسىز، تاغام بۇندىن
ئۈچ كۈن بۇرۇن، بورىسقىمۇ بىرنەرسە قالدۇرۇشنى ماڭا ۋەدە قىلغان
ئىدى، لېكىن بىردىنلا ئەھۋالى ئېغىرلىشىپ، ئېيتالماي قالدى.
ئۈمىت قىلىمەنكى، ئاتىڭىزنىڭ خاھىشىنى بىجا كەلتۈرەرسىز،
دوستۇم."①

پيېر ھېچنىمىنى چۈشەنمەي ۋە سۆز قىلماي، خىجالەتچىلىكتىن
قىزىرىپ، كىنەز ئايىم ئاننا مىخايلوۋناغا قاراپ تۇراتتى. پيېر بىلەن
سۆزلىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئاننا مىخايلوۋنا روستوۋلارنىڭكىگە
كېتىپ شۇ يەردە يېتىپ قالدى. ئەتىسى ئويغىنىپ روستوۋلارنىڭ
ئۆيىدىكىلەرگە ۋە ھەممە تونۇش-بىلىشلىرىگە گراف بېزئۇخوۋنىڭ
ئۆلۈمى توغرىسىدىكى تەپسىلاتلارنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ، گرافنىڭ
قانداق ئۆلگەنلىكىنى ھېكايە قىلىپ، ئۆزىنىڭمۇ شۇنداق ئۆلۈشنى
ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى، گرافنىڭ ئاخىرقى نەپەسى پەقەت كىشىنىڭ

---

① ئاننا مىخايلوۋنا سۆزلىرىنىڭ فرانسۇزچە تېكستى بېرىلمىدى. — تەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

يۈرىگىنى ئېزىش بىلەنلا قالماي، بەلكى ئىبرەتبەخش بولغانلىقىنى، ئاتا-بالىنىڭ قان-داق ۋىدالاشقانلىقىنى يىغلىماستىن تىلغا ئېلىش مۇمكىن ئەمەسلىگىنى؛ بۇ دەھشەتلىك مىنۇتلاردا ئاتا-بالا ئىككىي-لەندىن قايسىبىرىنىڭ ئۆزىنى ئوبدان تۇتقانلىقىنى — ئاخىرقى مىنۇت-لاردا ھەممىنى بىر-بىرلەپ ئەسلىگەن، ئوغلىغا ئادەمنىڭ يۈرەك-باغرىنى ئېزىدىغان سۆزلەرنى قىلغان ئاتىسىنىڭمۇ، ياكى كۆرگەن كىشى ئېچىنىدىغان، غەم-قايغۇسى ھەرقانداق ئەھۋالدا بولسىمۇ، ئۆلۈم ھالىتىدە ياتقان ئاتىسىنى خاپا قىلماسلىق ئۈچۈن قايغۇسىنى يوشۇرۇشقا تىرىشقان ئوغلىنىڭ ئۆزىنى ياخشى تۇتقانلىقىنى بىلمەس-لىگىنى سۆزلەپ بەردى. “C’est pénible, mais cela fait du bien; Ça éléve l’âme de voir des hommes, comme le vieux comte et son digne fils” (بۇ ئېغىر ئەھۋال، بىراق ئىبرەت بولارلىق. ياشانغان گراف ۋە ئۇنىڭ مۇناسىپ ئوغلىدەك كىشىلەرنى كۆرگىنىڭدە، قەلبىڭ ئالىجاناپ ھېسلارغا تولىدۇ)، — دېدى ئاننا مىخايلوۋنا. كىنەز قىزى ۋە كىنەز ۋاسىلىنىڭ قىلىقلىرى توغرىسىدىمۇ گەپ قىلدى-يۇ، لېكىن بۇنى ماقۇللىماستىن ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن پىچىرلاپ گەپ قىلدى.

## 22

كىنەز نىكولاي ئاندرېيېۋىچ بولكونسكىنىڭ لىسىگورىدىكى قورغىنىدا ياش كىنەز ئاندرېينىڭ ئۆز ئايىمى (خوتۇنى) بىلەن كېلىشىنى ھەر كۈنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتاتتى؛ ئەمما بۇ كۈتۈش قېرى كىنەزنىڭ ھويلىسىدا ئورنىتىلغان ئادەتتىكى ھايات كەچۈرۈش

تەرتىپلىرىنى قىلچە بۇزۇۋەتمىگەن ئىدى. يۇقۇرى تەبىقىلەر دائىرى- سىدە le,roi de Prusse (پرۇسسىيە كارولى) دەپ لەقەم بېرىلگەن گېنېرال ئانشېف① كىنەز نىكولاي ئاندرېيېۋىچ پادىشا پاۋېل دەۋرىدە يېزىلارغا سۈرگۈن قىلىنغاندىن تارتىپ، ئۆزىنىڭ قىزى مارىيە ۋە ئۇنىڭ ئۈلپىتى m-lle Bou rienne (بۇرىيېننى خانىم) بىلەن بىللە ھېچيەرگە بارماستىن لىسىگورىدە تۇراتتى. يېڭى پادىشا زامانىسىدا گەرچە ئۇنىڭغا پايتەختكە قايتىش ئەركىنلىكى بېرىلگەن بولسىمۇ، كىنەز: "ماڭا ھېچكىم ۋە ھېچنەرسە كېرەك ئەمەس، ئەگەر مەن بىراۋغا كېرەك بولسام، لىسىگورى موسكۋادىن 150 چاقىرىم يول، ئۆزى كېلىدۇ" دەپ يېزىدىن چىقمايتتى. ئۇ دائىم: ئىنسانلار ئۇقسانلىرىنىڭ پەقەت ئىككىلا مەنبەسى بار — بىكارچىلىق ۋە خۇراپاتلىق؛ پەزىلەتمۇ پەقەت ئىككى — پائالىيەت ۋە ئەقىل، دەيتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ قىزىدا بۇ ئىككى خىل ئاساسلىق پەزىلەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، دائىم ئۆزى ئۇنى تەربىيىلەش بىلەن مەشغۇل بولاتتى، ئۇنىڭغا ئالگېبرا ۋە گېئومېترىيىدىن دەرس بېرەتتى، ئۇنىڭ پۈتۈن تۇرمۇشىنى ئۈزلۈكسىز مەشغۇلاتلار بىلەن بەنت قىلىپ بىكار قويمايتتى. ئۇنىڭ ھەمىشە قىلىدىغان ئىشى بار ئىدى: ئۆزىنىڭ خاتىرىلىرىنى يازاتتى، ئالىي ماتېماتىكىدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلاتتى. ئىستانوكتا تاماكا قۇتىسىنى قىرىپ

① گېنېرال ئانشېف — باش قوماندان دىگەن مەنىدە. بۇ ئۇنۋان ئىلگىرى پەقەت قۇرۇقلۇق ئارمىيە مارشاللىرى ئۈچۈنلا ئىشلىتىلگەن، كېيىن يېكاتېرىنا خېنىم دەۋرىدە ئۈچىنچى دەرىجىگە يەتكەن ۋە ئۇنىڭدىن يۇقۇرى دەرىجىلىك گېنېراللارغا بېرىلىدىغان بولغان. — تەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

چىقاتتى، باغدىكى ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولاتتى، ياكى ئۆزىنىڭ قورغىنىدىكى تۈگمەي داۋاملىشىپ تۇرىدىغان قۇرۇلۇش-بىناكارچىلىق ئىشلىرىنى كۆزىتىپ باراتتى. پائالىيەت ئۈچۈن ئاساسلىق شەرت تەرتىپ بولغاچقا، تەرتىپ ئۇنىڭ تۇرمۇش ئوبرازىدا ئەڭ يۇكسەك دەرىجىدە ئېنىقلىقتا يەتكۈزۈلگەن ئىدى. ئۇنىڭ تاماققا چىقىش ۋاقىتلىرىمۇ دائىم ئوخشاش بولۇپ ئۆزگەرمەيدىغان ئىدى يەنى شۇ سائەتتىلا ئەمەس، بەلكى شۇ مىنۇتتىتا بېجىرىلەتتى. ئۆز ئەتراپىدىكى ئادەملەر، قىزىدىن تارتىپ خىزمەتكارلىرىغا قەدەر بولغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە كىنەز جىددىي مۇئامىلىدە بولاتتى ۋە ئىزچىل تەلەپكار ئىدى، شۇ سەۋەپتىن گەرچە كۆڭلى قاتتىق بولمىسىمۇ، كىشىلەردە ئۆزىگە نىسبەتەن شۇقەدەر قورقۇش ۋە ھۆرمەت تۇيغۇسى پەيدا قىلاتتىكى، ئەڭ شەپقەتسىز ئادەملەرمۇ بۇنىڭغا ئاسانلىقچە ئېرىشەلمەيتتى. ئۇنىڭ خىزمەتتىن چېكىنىپ چىققىنىغا ۋە ھازىر ئۇنىڭ دۆلەتكە تەئەللۇق بولغان ئىشلاردا ھېچقانداق ئورنىنىڭ يوقلۇغىغا قارىماي، كىنەزنىڭ قورغىنى جايلاشقان ئۆلكىدىكى ھەر بىر ئەمەلدار ئۇنى زىيارەت قىلىشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى دەپ ھېساپلايتتى ۋە خۇددى ئۇنىڭ ئارخىتېكتورى، باغۋەنى ياكى كىنەز قىزى مارىيەگە ئوخشاش، كىنەزنىڭ بەلگىلەنگەن سائەتتە ئىگىز شىپلىق خىزمەتكارلار بۆلمىسىگە چىقىشىغا ئىنتىزار بولۇپ ئولتۇرۇشاتتى. كۈتۈپخانىنىڭ يوغان ئىگىز ئىشىكى ئېچىلىپ، ئۇپا سېپىلگەن ياسىما چاچلىق، قوللىرى كىچىك ۋە ئورۇق، بەزىدە قاپىغىنى تۈرۈۋېلىپ ھومايغاندا مەنىلىك ۋە چاقناپ تۇرىدىغان كۆزلىرىنى توسۇۋالىدىغان ئاقۇش قاشلىرى ساڭگىلىغان ئوتتۇرا بويلۇق چال پەيدا بولغاندا، خىزمەتكارلار بۆلمىسىدە ئولتۇرغان

ھەر بىر ئادەممۇ شۇنىڭغا ئوخشاشلا ئېھتىرام، ھەتتا ئەيمىنىش تۇيغۇسىنى بېشىدىن كەچۈرەتتى.

بۇ ئەر-ئايال ئىككى ياش يېتىپ كېلىدىغان كۈنى ئەتىگەندە، ئادەت بويىچە، كىنەز قىزى مارىيە بەلگىلەنگەن سالام بېرىش ۋاقتىدا ئەتىگەنلىك سالام بېرىش ئۈچۈن خىزمەتكارلار بۆلمىسىگە كىردى-يۇ، يۈرىكى سىقىراپ كەتتى ۋە ئىچىدە دۇئا ئوقۇدى. ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەندە مۇشۇنداق كىرىپ كېلەتتى ۋە ھەر كۈنى ئەتىگەندە مۇشۇنداق چوقۇنۇپ،ھەر كۈندىكى كۆرۈشۈشنىڭ ئامان-ئېسەن ئۆتۈشنى تىلەيتتى.

بۇ بۆلمىدە ئولتۇرغان ۋە ئۇپا سېپىلگەن يالغان چاچلىق قېرى خىزمەتكار ئاستا ئورنىدىن تۇردى-دە، پىچىرلاپ: "مەرھەمەت" دېدى.

ئىچكىرىدىن ئىستانوكنىڭ تەكشى ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كىنەژنە قورققان ھالدا، يېنىك ۋە سىلىق ئېچىلىدىغان ئىشىكنى ئاچتى-دە، بوسۇغىدا تۇرۇپ قالدى. كىنەز ئىستانوك يېنىدا ئىشلەۋاتاتتى، قايرىلىپ قارىغاندىن كېيىن ئۆز ئىشىنى يەنە داۋام قىلدۇرۇۋەردى.

يوغان ۋە كەڭ كۇتۇپخانا، روشەنكى، توختىماستىن ئىشلىتىلىدىغان نەرسىلەر بىلەن لىق تولغان ئىدى. كىتاپلار ۋە پىلانلار يېيىپ قويۇلغان چوڭ شىرە، ئىشكىلىرىدىكى قۇلۇپلارغا ئاچقۇچلىرى كىرگۈزۈپ قويۇلغان ئىگىز ئەينەك ئىشكاپلار، ئۆرە تۇرۇپ خەت يېزىش ئۈچۈن قويۇلغان ۋە ئۈستىدە ئېچىپ قويۇلغان دەپتەرلەر بار چوڭ شىرە، ئەسۋاپلار قويۇلغان ۋە ئەتراپىغا قىرىندىلار چېچىلغان توكار ئىستانوگى، — مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى دائىملىق،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

خىلمۇ ـ خىل ۋە رەتلىك پائالىيەتلىرىدىن دېرەك بېرەتتى. كۈمۈش گۈللۈك تاتارچە ئۈتۈك كىيگەن كىچىك ئاياقلىرىنىڭ ھەركىتىگە ۋە ئورۇق، كۈچلۈك قوللىرىنىڭ قاتتىق بېسىم كۈچىگە قاراپ، كىنەزدە يەنىلا ساغلام قېرىلارغا خاس ئېگىلمەس چىدامىلىق ۋە مەنىۋى كۈچىنىڭ بارلىقىنى كۆرۈش مۇمكىن ئىدى. ئىستانوكىنى بىرقانچە چەمبەر ئايلاندۇرغاندىن كېيىن، ئۇ پۇتىنى ئىستانوكنىڭ پېدالىدىن تارتىپ چۈشۈرۈپ، پىچىقنى ئېرتتى ۋە ئۇنى ئىستانوكقا ئېسىقلىق تۇرغان تېرە قېپىغا سېلىپ قويۇپ، شىرە يېنىغا كەلدى ـ دە، قىزىنى چاقىردى. ئۇ ھېچقاچان ئۆز بالىلىرىغا بەخت تىلەپ دۇئا قىلمايتتى ۋە پەقەت ئۇنىڭ يۈزىگە تېخى ساقىلى ئېلىنمىغان يېرىك ساقاللىق يۈزىنى تەككۈزۈپ قويۇپ، مۇلايىملىق ۋە يېقىملىق بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ جىددى ھالدا :

— ياخشىمۇ سەن، قېنى، ئولتۇر؟ — دېدى.

ئۇ ئۆزى يېزىپ بەرگەن گېئومېتىرىيە دەپتىرىنى ئالدى ۋە كىرېسلونى پۇتى بىلەن ئىتتىرىپ قويدى.

— ئەتىلىككە قالسۇن! — دېدى ئۇ بەتلەرنى تېز ـ تېز ۋاراقلاپ ۋە بىر پاراگىراپتىن ئىككىنچى پاراگىراپقىچە ئۆتكۈر تىرنىقى بىلەن بەلگە قىلىپ قويدى.

كىنەز قىزى شىرەدە تۇرغان دەپتىرگە ئېڭىشتى.

— توختاپ تۇر، ساڭا بىر پارچە خەت بار، — دېدى بوۋاي بىردىنلا، شۇنىڭ بىلەن شىرە ئۈستىدە ئېسىقلىق تۇرغان كارماندىن خوتۇن كىشىنىڭ قولى بىلەن يېزىلغان بىر پارچە خەتنى چىقىرىپ شىرەگە تاشلاپ قويدى.

بۇ خەتنى كۆرۈش بىلەن تەڭ، كىنەز قىزىنىڭ يۈزى قىپ ـ

قىزىل قىزىرىپ كەتتى. ئۇ خەتنى دەرھال ئالدى-دە، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ كۆز يۈگۈرتتى.

— ئېلوئىزا① دىن كەپتىمۇ؟ — دەپ سورىدى كىنەز تېخى مۇستەھكەم ۋە سارغايغان چىشلىرىنى سوغاققىنا ئىرجايتىپ كۆرسىتىپ.

— ھەئە، ژۇلىدىن كەپتۇ، — دېدى كىنەز قىزى ھېيىقىپراق قاراپ ۋە ئىلجىيىپ.

— يەنە ئىككى پارچە خەتنى ئوقۇماي بېرىمەن، ئەمما ئۈچىنچىسىنى چوقۇم ئوقۇپ چىقىمەن، — دېدى كىنەز جىددىيلىك بىلەن، — نۇرغۇنلىغان بىمەنىلىكلەرنى يېزىشىڭلاردىن قورقىمەن. ئۈچىنچىسىنى كۆرۈپ باقاي.

— مەيلى، خالىسىڭىز بۇنىمۇ ئوقۇپ كۆرۈڭ mon pére (ئاتا)، — دەپ جاۋاپ بەردى كىنەز قىزى تېخىمۇ قىزىرىپ خەتنى سۇنۇپ بېرىۋېتىپ.

— ئۈچىنچىسى دەۋاتىمەن، ئۈچىنچىسى، — دەپ قوپاللىق بىلەن ۋاقىرىدى كىنەز ۋە خەتنى نېرى سۈرۈپ، جەينىكىنى شىرەگە قويدى-دە، گېئومېترىيىنىڭ چىزتيوژلىرى بار دەپتىرىنى ئالدىغا تارتتى.

— قېنى، بىكەم، — دەپ گەپ باشلىدى بوۋاي قىزىغا يېقىن كېلىپ دەپتەرگە ئېڭىشىپ ۋە بىر قولىنى قىزى ئولتۇرغان كرېسلونىڭ يۆلەنچۈكىگە قويۇپ. كىنەزقىزى ئۆزىگە كۆپتىن بېرى مەلۇم

---

① ئېلوئىزا — كىنەز بۇ خەتنىڭ ژۇلىدىن كەلگەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنىلا روسسونىڭ رومانىدىكى "ژۇلى، نېئەيلو ئىزا"نى ئەسلىتىپ تەنە قىلغان ئىدى، — تەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بولغان ئاتىسىنىڭ قېرىلارغا خاس ھىدى ۋە ئاچچىق تاماكىسىنىڭ ئىسلىرى ئىچىدە قالغانلىقىنى ھىس قىلاتتى. — قېنى، بېكەم، بۇ ئۇچبۇلۇڭلۇق باراۋەر، دىققەت قىل: abc بۇلۇڭى....

كىنەز قىزى يېقىن ئولتۇرغان ئاتىسىنىڭ چاقناپ تۇرغان كۆزلە-رىگە قورققان ھالدا قارايتتى، قىزىراتتى، ئۇنىڭ ھېچنېمىنى چۈشەنمەيۋاتقانلىقى ۋە قورقۇپ تۇرغانلىقى، قورقۇشنىڭ ئۆزى ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىنىڭ ھەرقانچە روشەن بولۇشىغا قارىماي، ئۇنى تېخىمۇ چۈشىنىشكە توسالغۇ بولۇۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مەيلى ئوقۇتقۇچى ئەيىپلىك بولسۇن ياكى ئوقۇغۇچى ئەيىپلىك بولسۇن، ھەركۈنى ئوخشاشلا مۇنداق ئەھۋال يۈز بېرەتتى: كىنەز قىزىنىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ كېتەتتى، ھېچنېمىنى كۆر-مەيتتى، قۇلىقى ھېچنېمىنى ئاڭلىمايتتى، پەقەت ئاتىسىنىڭ ئۆزىگە يېقىن تۇرغان جىددى يۈزىنىلا كۆرەتتى، ئۇنىڭ تىنىۋاتقانلىقىنى سېزەتتى، ھىدىنى تۇياتتى، خالاس؛ شۇ سەۋەپتىن، ئۇ پەقەت بۇ ئۆيدىن چاپسانراق چىقىپ كېتىشنى ۋە ئۆز ئۆيىدە خاتىرجەم ئولتۇرۇپ مەسىلىنى يېشىشنى ئويلايتتى. بوۋاينىڭ ئاچچىقى كېلىپ، ئۆتى تېشىپ كېتەتتى: ئۆزى ئولتۇرغان كرېسلونى تاراق-تۇرۇق قىلىپ ئۇ ياقتىن -بۇ ياققا ئىتتىرەتتى، ئاچچىقلانماسلىق ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشىپ باقاتتى، بىراق ھامان چېچىلاتتى، تىللاپ كېتەتتى، بەزىدە دەپتەرنى چۆرۈپ تاشلىۋېتەتتى.

كىنەز قىزى خاتا جاۋاپ بېرىپ قويغان ئىدى.

— سېنى كاللاڭ بار دېسە بولارمۇ! — دەپ ۋاقىرىدۋەتتى كىنەز دەپتەرنى ئىتتىرىۋېتىپ ۋە تېز ئارقىغا بۇرۇلۇپ؛ ئەمما يەنە دەرھال

ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا مېڭىشقا باشلىدى-دە، كىنەز قىزىنىڭ چاچلىرىنى قوللىرى بىلەن سىلاپ، باشقىدىن ئولتۇردى.

ئۇ يىغلىغىنىچە سۆزلەۋەردى-دە، يەنە چۈشەندۈرۈشنى داۋاملاشتۇردى.

— مۇنداق قىلىش بولمايدۇ، كىنەزقىزى، بولمايدۇ، — دېدى ئۇ كىنەز قىزى دەرس بېرىلگەن دەپتىرىنى يىغىشتۇرۇپ چىقىپ كەتمەكچى بولغاندا، — ماتېماتىكا چوڭ ئىش، بېكەم. مەن سېنىڭ بىزدىكى ھىلىقى ئاق بىلەك نازۇك ئايىملاردەك بولۇشۇڭنى ياقتۇرمايمەن. "سەۋرى قىلساڭ، غورىدىن ھالۋا پۈتەر"دېگەن گەپ بار. (ئۇ قىزىنىڭ يۈزىگە ئاستاغىنا ئۇرۇپ قويىدى). — ئەخمىقانە ئوي-پىكىرلەر شۇنىڭ بىلەن كاللاڭدىن چىقىپ كەتسۇن.

كىنەز قىزى چىقىپ كەتمەكچى بولدى-يۇ، ئەمما كىنەز قولىنى كۆتىرىپ كىنەز قىزىنى توختىتىۋالدى-دە، ئېگىز شىرەنىڭ ئۈستىدىن تېخى كېسىلمىگەن يېڭى بىر كىتاپنى ئېلىپ:

— مانا، ساڭا ئېلوئىسىزاڭ قانداقتۇ «سىرلار ئاچقۇچى»①نى ئەۋەتىپتۇ. دىنىي كىتاپ! مەن بولسام ھېچكىمنىڭ ئېتىقادىغا ئارىلاشمايمەن.... قاراپ چىقتىم. مە. ئال. بولدى، كېتىۋەر، كېتىۋەر! — دېدى.

ئۇ قىزىنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ قويىدى-دە، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىشىكنى يېپىۋالدى.

---

① ئېگاز ھۇسىن (1803 — 1752) يازغان «تەبىئەت سىرلىرىنىڭ ئاچقۇچى» دېگەن مىستىك ئەسەر نەزەردە تۇتۇلىدۇ. — تەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كىنەز قىزى مارىيە ئۆزىنىڭ خانىسىغا قايغۇلۇق ۋە قورققان قىياپىتى بىلەن قايتىپ كەلدى، مۇنداق قىياپەتتىن ئۇ ناھايىتى كەمدىن-كەم خالى بولاتتى، بۇ ئۇنىڭ خۇنۇك، كېسەلچان چىرايىنى تېخىمۇ سەتلەشتۈرۈۋەتكەن ئىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىش شىرەسى ئالدىدا ئولتۇردى، شىرەدە كىچىك سۈرەتلەر تىك قويۇلغان ئىدى، يەنە كىتاپلار ۋە دەپتەرلەر يېيىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئاتىسى قانچىلىك رەتلىك بولسا، كىنەز قىزى شۇنچىلىك رەتسىز ئىدى. ئۇ گېئومېترىيە دەپتىرىنى قويدى-دە، خەتنى سەۋرسىزلىك بىلەن ئاچتى. بۇ خەت ئۇنىڭ بالىلىق چاغلىرىدىكى ئەڭ يېقىن دوستى بولغان بىر كىنەز قىزىدىن كەلگەن ئىدى؛ ئۇنىڭ بۇ دوستى روستوۋلارنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلگەن تۇغۇلغان كۈنى مەرىكىسىگە بارغان ژۇلى كاراگىنا ئىدى.

ژۇلى فرانسۇز تىلىدا مۇنداق يازغان ئىدى:①

"ئەزىز ۋە بىباھا دوستۇم، جۇدالىق نەقەدەر قورقۇنچلۇق، دەھشەتلىك نەرسە! مېنىڭ ھەمىشە ئويلايدىغىنىم شۇكى، جېنىم ۋە بەختىمنىڭ يېرىمى سىز، بىزنى جۇدالىققا سالغان ئارىلىق ئۇزاق بولسىمۇ، كۆڭلىمىز رىشتىسى ئۈزۈلمەستۇر؛ كۆڭلۈم تەقدىرگە قارشى ئىسيان كۆتىرىدۇ، كۆڭلۈمنى خوش قىلىدىغان ۋە كۆڭلۈمگە ئارام بېرىدىغان نەرسىلەر كۆپ بولسىمۇ، ئايرىلغىنىمىزدىن بېرى كۆڭلۈمدە بولغان بەزى يوشۇرۇن قايغۇ-ھەسرەتلەرنى قىلچە يېڭەلمەيۋاتىمەن. نىمىشقا ئۆتكەن يازدىكىگە ئوخشاش بىللە بولالمايمىز-ھە! سىزنىڭ چوڭ كۆتۈپخانىڭىزدىكى كۆك دىۋاندا،"سىردىشىش" دىۋانىدا ئولتۇر-

① خەتنىڭ فرانسۇزچە تېكستى ئېلىنمىدى.— تەر.

غان بولساق قانداق ياخشى بولاتتى؟ نىمىشقا مەن بۇندىن ئۈچ ئاي بۇرۇنقىدەك سىزنىڭ يۈۋاش، خاتىرجەم، ئۆتكۈر، ئۆزەم ياخشى كۆرىدىغان ۋە مۇشۇ قۇرلارنى يېزىۋاتقىنىمدىمۇ كۆز ئالدىمدىن كەتمىگەن قاراشلىرىڭىزدىن يەنە مەنىۋى قۇۋۋەت ئالالمايمەن؟".

خەتنى ئوقۇپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، كىنەزقىزى مارىيە ئۇھ تارتىپ، ئوڭ تەرىپىدە تۇرغان چوڭ ئەينەككە قارىدى. ئەينەكتە ئۇنىڭ خۇنۈك، زەئىپ بەدىنى ۋە ياداڭغۇ يۈزى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ھەمىشە قايغۇلۇق-غەمكىن كۆزلىرى ئۆزىنىڭ ئەينەكتىكى ئەسۋىرىگە ھازىر تېخىمۇ ئۈمىتسىزلىك بىلەن قارايتتى. كىنەز قىزى "ئۇ ماڭا تىل ياغلىمىچىلىق قىلىۋاتىدۇ"دەپ ئويلىدى-دە، ئەينەكتىن بۇرۇلۇپ، خەتنى يەنە ئوقۇشقا باشلىدى. بىراق، ژۇلى ئۆز دوستىغا تىل ياغلىمىچىلىق قىلمايتتى؛ دەرۋەقە، كىنەز قىزىنىڭ كۆزلىرى چوڭ، چوڭقۇر ۋە نۇرلۇق بولۇپ (خۇددى بەزىدە ئىسسىق يورۇقلۇق نۇرلىرى ئۇنىڭدىن باغ-باغ بولۇپ ئېتىلىپ چىققاندەك كۆرۈنەتتى) شۇنداق چىرايلىق ئىدىكى، پۈتۈن چىرايىنىڭ خۇنۈكلۈكىگە قارىماي، ئۇنىڭ بۇ كۆزلىرى چىرايلىقلىقتا قارىغاندا تېخىمۇ جازىبىلىك بولۇپ قالاتتى. لېكىن كىنەز قىزى كۆزلىرىنىڭ مۇنداق چىرايلىق قىياپىتىنى — ئۇ ئۆزى ئويلانمىغان چاغدا بۇ كۆزلەردە پەيدا بولىدىغان قىياپەتنى — ھېچقاچان كۆرمىگەن ئىدى. ھەممە كىشىلەردىكىگە ئوخشاش، ئۇ ئەينەككە قاراش بىلەن تەڭلا، چىرايىدا بىر خىل زورمۇ-زور غەيرى تەبىئىي، يامان قىياپەت پەيدا بولغان ئىدى. ئۇ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى:

"پۈتۈن موسكۋا پەقەت ئۇرۇش توغرىسىدىلا گەپ قىلماقتا. ئىككىلا ئاكامنىڭ بىرى ئاللىقاچان چەتئەلدە، ئىككىنچىسى بولسا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

چېگرىغا قاراپ يولغا چىققان گۋاردىيىدە. مېھرىۋان پادىشايىمىز، پەرەزلەرگە قارىغاندا، پېتربۇرگىنى تاشلاپ، ئەزىز جېنىنى ئۇرۇش تاسادىپلىرىغا دۇچار قىلماقچى ئىمىش. ئىلايىم، خۇدايى تائالانىڭ مەرھەمىتى بىلەن بىزگە ھۆكۈمدار بولغان پەرىشتىمىز ياۋروپانى پارا كەندىچىلىككە سالغان كورسىكالىق بۇ ياۋۇز①نى يەر بىلەن يەكسان قىلغاي، بۇ ئۇرۇش مېنى ئاكىلىرىمدىن تاشقىرى، جان-جان بىر دوستۇمدىنمۇ ئايرىۋەتتى. مەن ياش نىكولاي روستوۋنى ئېيتىۋاتىمەن. بۇ غەيرەتلىك يىگىت غەيرىتىگە چىدىيالماي، ئۇنىۋېرسىتېتنى تاشلاپ، ئارمىيىگە كەتتى. راستىنى ئېيتسام، سۆيۈملۈك مارىيە، گەرچە روستوۋ ناھايىتى ياش بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئارمىيىگە كېتىشى مېنى زور قايغۇغا سالدى. بۇلتۇر يازدا سىزگە سۆزلەپ بەرگەن بۇ ياش يىگىت شۇ قەدەر ئالىجاناپ ۋە شۇ قەدەر قۇۋناق روھلۇقكى، زامانىمىزدىكى يىگىرمە ياشار كىشىلەر ئارىسىدا بۇنداق يىگىت ناھايىتى كەمدىن-كەم ئۇچرايدۇ! ئۇ ناھايىتى ئاق كۆڭۈل ۋە چىن قەلب ئىگىسى. ئۇنىڭ قەلبى شۇ قەدەر پاك ۋە گۈزەل خىسلەتلەر بىلەن تولغانكى، مەن ئۇنى كۆپ كۆرمىگەن بولساممۇ، مېنىڭ شۇنچە كۆپ جاپا چەككەن شورلۇق يۈرىكىمنىڭ ئەڭ شېرىن خۇرسەنچىلىكلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان ئىدى. ۋاقتى كەلگەندە مەن سىزگە قانداق خوشلاشقانلىقىمىزنى، خوشلاشقاندا بىر بىرىمىزگە دېيىشكەن گەپ-سۆزلىرىمىزنى ئېيتىپ بېرىمەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى تېخى يېڭىلا بولغاندەك كۆز ئالدىمدا... ئاھ! ئەزىز دوستۇم، سىز

① كورسىكالىق ياۋۇز — بۇ يەردە ناپالېئون نەزەردە تۇتۇلىدۇ، ئۇ كورسىكا دېگەن ئارالدا تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن مۇشۇنداق دېيىلگەن. — تەر.

بەختلىكسىز، چۈنكى جانغا ئوت ياقىدىغان بۇ لەززەتلەرنى، يۈرەكنى ئۆرتەيدىغان بۇ كۈلپەتلەرنى باشتىن كەچۈرمەپسىز. سىز بەختلىكسىز، چۈنكى كۈلپەت ھەمىشە لەززەتتىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ. گراف نىكولاي بىلەن ئارىمىزدا پەقەت دوستلۇقتىن باشقا بىرەر نەرسە بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭ تېخى ناھايىتى ياش ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلىمەن. ئەمما بۇ شېرىن دوستلۇق، بۇنچىلىك گۈزەل ۋە بۇنچىلىك ساپ مۇناسىۋەتلەر قەلبىم ئۈچۈن زۆرۈر بولاتتى. بىراق، بۇ گەپنى بەس قىلاي.

ھازىر پۈتۈن موسكۋادا سۆز-چۆچەك بولغان ئەڭ مۇھىم يېڭىلىق — قېرى گىراف بېزئۇخوۋنىڭ ئۆلۈمى ۋە ئۇنىڭدىن قالغان مىراس. بۇنى قاراڭ، ئۈچ كىنەز قىزىغا ئەرزىمىگەن نەرسە تېگىپتۇيۇ، كىنەز ۋاسىلىغا ھېچنەرسە تەگمەپتۇ. پيېر بولسا ھەممە نەرسىگە ۋارىس بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە گرافنىڭ قانۇنىي ئوغلى، يەنى گراف بېزئۇخوۋ دەپ ئېتىراپ قىلىنىپ، روسىيىدىكى ئەڭ چوڭ بايلىقنىڭ ئىگىسى بولۇپ ئولتۇرۇپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كىنەز ۋاسىلى بۇ ئىشلاردا ناھايىتىمۇ قەبىھ رول ئويناپتۇ ۋە بەك رەسۋا بولۇپ پېتىربۇرگقا كېتىپتۇ. راستىنى ئېيتسام، مەن بۇنداق ۋەسىيەتنامە ئىشلىرىنى ئانچە چۈشىنەلمەيمەن؛ پەقەت شۇنى بىلىمەنكى، بىز ھەممىمىز پيېر دىگەن ئاددىغىنا نام بىلەن بىلىدىغان بۇ ياش يىگىت گىراف بېزئۇخوۋ بولۇپ، روسىيىدىكى ئەڭ ياخشى مۈلۈكلەردىن بىرىگە ئىگە بولغاندىن بۇيان، بويىغا يەتكەن قىزى بار ئانىلارنىڭ ئۇنىڭ توغرىسىدىكى گەپلىرى ۋە بۇ قىزلارنىڭ (قۇلىغىڭىزغا ئېيتاي) مەن ھېچقاچان كۆزگە ئىلىپ پىسەنت قىلمىغان بۇ جاناپقا مۇناسىۋەتلىرى ئۆزگىرىپ قالدى، — مەن مانا شۇنىڭغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

زوقلىنىپ ئولتۇرىمەن، ئىككى يىلدىن بېرى ھەممە كىشىلەر ماڭا كۆيۈ تېپىش بىلەن ئاۋارە بولۇپ يۈرگەن ئىدى (بۇ كۆيۈلەرنىڭ كۆپچىلىكىنى مەن بىلمەيمەن)، ئەمدى موسكۋادا كېلىن-كۆيۈ توغرىسىدىكى مىش-مىشلەر مېنى گراف ئايىم بېزئۇخوۋا قىلىپ قويدى. لېكىن ئۆزىڭىز بىلىسىز، مېنىڭ بۇنىڭغا ئەسلا خاھىشىم يوق. ھە، ئېيتقاندەك، كۆيۈ توغرىسىدا خەۋىرىڭىز بارمۇ، يېقىندا ھەممىمىزنىڭ ھاممىمىز ئانىنا مىخايلوۋنا سىرلىق ئەرگە بېرىشمەكچى ئىكەنلىكلىرىنى ماڭا قاتتىق سىر ھېساپلاپ ئېيتتى، بىلەمسىز، بۇ كۆيۈ ئۇمۇ ئەمەس، بۇمۇ ئەمەس، كىنەز ۋاسىلىنىڭ ئوغلى ئانا تول ئىمىش، ئاتا-ئانىسى ئۇنى قاتارغا كىرگۈزمەكچى بولۇپ، باي ۋە ئىسىلزادە قىزغا ئۆيلەندۈرمەكچى ئىكەن. كېلىنلىككە ئاتا — ئانىسى سىزنى لايىق كۆرۈپتۇ. بۇ ئىشقا سىزنىڭ قانداق قارايدىغانلىقىڭىزنى بىلمەيمەن، لېكىن بۇنىڭدىن سىزنى خەۋەردار قىلىپ قويۇشنى ئۆز بۇرچۇم دەپ ھېساپلىدىم. كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، بۇ يىگىت ناھايىتى چىرايلىق، لېكىن ناھايىتى بەڭۋاش ئىمىش. ئۇنىڭ توغرىسىدا بىلىدىغىنىم شۇ.

خەير، شۇنچە ئەزمىلىك قىلغىنىممۇ يېتەر. ئىككىنچى سەھىپىمۇ تولدى. ئاپراسكىنلارنىڭكىگە بارىمىز دەپ ئانام چاقىرتىپتۇ.

سىزگە مىستىك (سىرلىق) كىتاپلاردىن بىرنى ئەۋەتتىم، ئوقۇڭ؛ بۇ كىتاپ بىزگە ناھايىتى يېقىپ قالدى. بۇنىڭدا گەرچە ئىنساننىڭ ئاجىز ئەقلى ئاسانلىق بىلەن يېتەلمەيدىغان جايلىرى بولسىمۇ، ھەر ھالدا ناھايىتى ياخشى كىتاپ. بۇ كىتاپنى ئوقۇغاندا كىشىنىڭ قەلبى تەسكىن تاپىدۇ ۋە يۈكسەك ھىسلارغا تولىدۇ. خەير. قېبلىگا-ھىڭىزغا ھۆرمىتىمنى ۋە بۇرېننى خېنىمغا سالامىمنى يەتكۈزگەيسىز.

چىن كۆڭلۈمدىن سىزنى قۇچاقلايمەن.

ژۈلى".

"P .S ئاكىڭىز ۋە ئۇنىڭ گۈزەل خوتۇنى توغرىسىدا مېنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويغايسىز".

كىنەر قىزى سەل ئويلىنىپ، ئويچان قىياپەتتە كۈلۈمسىرىدى (بۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزلىرى چاقناپ، شۇنداق چىرايلىق بولۇپ كەتتىكى، يۈزى تامامەن ئۆزگىرىپ كەتتى) ۋە بىردىن ئورنىدىن تۇردى ـ دە، سالماق قەدەم تاشلاپ، شىرە يېنىغا كەلدى. قەغەزنى ئالدى ـ يۇ، قولى قەغەز ئۈستىدە شىرىلداپ يۈگۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ خەتكە فرانسۇزچە شۇنداق جاۋاپ يازدى①:

"ئەزىز ۋە بىباھا دوستۇم. سىزنىڭ 13 ـ چىسلا يازغان خېتىڭىزنى ئېلىپ، ناھايىتى خۇرسەن بولدۇم. سىز مېنى يەنىلا ياخشى كۆرىدىكەنسىز، گۈزىلىم ژۈلى. سىز شۇنچە كۆپ يامانلىغان جۇدالىقنىڭ سىزگە ئادەتتىكىچە تەسىر قىلمىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. سىز جۇدالىقتىن زارلىنىپسىز، ئەگەرده مەن ــ ئۆزەم ئۈچۈن قەدىرلىك بولغان ھەممە يارۇ ـ دوستلىرىمدىن مەھرۇم قىلىنغان مەن ــ زارلىنىشقا پېتىنىدىغان بولسام نېمە دەپ ئېيتىشىم لازىم بولغان بولاتتى؟ ئاھ، ئەگەر بىزگە دىن تەسەللى بولمىسا، ئۆمرىمىز ناھايىتى قايغۇدا ئۆتىدىكەن. نېمە ئۈچۈن سىزگە ئۆزىڭىزنىڭ ياش يىگىتكە بولغان مايىللىغىڭىز توغرىسىدا گەپ قىلغىنىڭىزدا مېنى بۇ ھېسلارغا نىسبەتەن جىددى قاراشتا دەپ ھېساپلايسىز؟ بۇنداق مەسىلىلەرده مەن پەقەت ئۆزەمگىلا جىددى

① خەتنىڭ فرانسۇزچە تېكستى ئېلىنمىدى. ــ تەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قاراشتا بولىمەن. مەن باشقىلاردا بولغان بۇ ھىسلارنى چۈشىنىمەن، ھېچقاچان باشتىن كەچۈرمىگىنىم ئۈچۈن ئۇنى قوللىيالمايمەن ۋە ئۇنى ئەيىپلىك ھىساپلىمايمەن. لېكىن، مېنىڭچە، خىرىستىيانىنىڭ ئۆز يېقىنىغا بولغان مۇھەببىتى دۈشمىنىگە بولغان مۇھەببىتى بىر يىگىتنىڭ چىرايلىق كۆزلىرى سىزدەك گۈزەل ۋە سۆيگۈچان قىزلاردا پەيدا قىلىدىغان ھىسلاردىن ئەۋزەلرەك، قۇۋۋۇنۇشلۇقراق ۋە ياخشىراق دەپ بىلىمەن.

"گراف بېزئۇخوۋنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدىكى خەۋەر بىزگە سىزنىڭ خېتىڭىزدىن ئىلگىرىرەك يېتىپ كەلدى. ئاتامغا ناھايىتى تەسىر قىلدى. ئۇ كىشى: 'گراف ئۇلۇغ ئەسىرىمىزنىڭ كېيىنكى ئىككى نامايەندىسىدىن بىرى ئىدى، ئەمدى مېنىڭ نۆۋىتىم؛ لېكىن مەن بۇ نۆۋەتنىڭ مۇمكىن قەدەر كېيىنرەك كېلىشى ئۈچۈن قولۇمدىن كەلگىنىچە ھەركەت قىلىمەن، دىدى. بۇ كۈنلەردىن خۇدايىمنىڭ ئۆزى ساقلىسۇن. مەن سىزنىڭ پيېر توغرىسىدىكى پىكرىڭىزگە قوشۇلالمايمەن. مەن ئۇنى باللىق چاغلىرىدىن تارتىپ بىلىمەن. ماڭا ئۇ ھەمىشە ساپ دىل كۆرۈنەتتى، بۇ بولسا ئادەملەردىكى مەن ياخشى كۆرىدىغان خىسلەتلەرنىڭ بىرىدۇر. ئۇنىڭغا تەككەن مىراس ۋە بۇ ئىشتا كىنەز ۋاسىلىنىڭ قىلمىشى توغرىسىدىكى مەسىلىگە كەلگەندە، بۇ نەرسە مېنىڭچە، ھەر ئىككىلىسى ئۈچۈنمۇ ياخشى بولماپتۇ. ئاھ، ئەزىز دوستۇم، بىزنىڭ قۇتقۇزغۇچىمىزنىڭ گېپى ھەق گەپ: 'بايلارنىڭ جەننەتكە كىرىشىدىن تۆگىنىڭ يىڭنە تۆشۈكىدىن ئۆتۈشى ئاسانراق'. مەن كىنەز ۋاسىلىغا ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كۆرە پيېرغا ئىچىنىمەن. شۇنداق ياش ئادەم شۇ قەدەر زور بايلىق يۈكىنى زىممىسىگە ئارتىپ ئولتۇرسا، قانچىلىك ئېغىرچىلىقلارنى

بېشىدىن كەچۈرۈش كېرەك بولىدۇ! ئەگەر بىر كىشى مەندىن 'دۇنيادا ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇڭ نىمە' دەپ سورىسا، مەن 'قاشقالارنىڭ قاشقىسى بولۇش' دەپ جاۋاپ بەرگەن بولاتتىم. سىزلەردە شۇ قەدەر داۋراڭغا سەۋەپ بولغان كىتاپنى ئەۋەتكەنلىگىڭىز ئۈچۈن مىڭ مەرتىۋە مىننەتدارمەن، ئەزىز دوستۇم. ھە، ئېيتقاندەك، سىز بۇ كىتاپتا ناھايىتى جىق ياخشى گەپلەر بىلەن بىرگە ئىنساننىڭ ئاجىز ئەقلى ئاسانلىقچە يەتمەيدىغان جايلىرىمۇ بار دەپسىز، ئاسانلىقچە چۈشىنىش مۈمكىن ئەمەس ئىكەن، ئۇنى ئوقۇشنىڭمۇ پايدىسى يوق. مەن ھېچقاچان چۈشىنەلمەيمەن، نىمە ئۈچۈنكى بەزى ئادەملەر دىللىرىدا شۈبھە پەيدا قىلىدىغان، قۇرۇق خىياللارغا باشلايدىغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ خىرىستىيانلىق ساپلىقىغا مۇتلەق زىت بولغان كۆپتۈرمىچىلىك خاراكتىرىنى بېرىدىغان سىرلىق كىتاپلارغا بېرىلىپ، پىكىرلىرىنى چۇۋالچاقلاشتۇرۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. ياخشىسى، ئاپوستوللار بىلەن ئىنجىلنى ئوقۇيلۇق. بۇ كىتاپلاردىكى سىرنىڭ تېگى-تەھتىگە يېتىشكە ئۇرۇنماسلىقىمىز كېرەك، چۈنكى بىز ئاجىز — گۇناكار بەندىلەرمىزكى، جېنىمىز بىزنى ئەبەدىيەتتىن قېلىن پەردە بولۇپ ئاجرىتىپ تۇرغان جىسمىمىزدا بولىدىكەن، ھېكمەتى ئىلاھىنىڭ زور ۋە مۇقەددەس سىرلىرىنى قانداق قىلىپ بىلىمىز؟ ياخشىسى، قۇتلۇق نىجاتكارىمىز بىزگە بۇ دۇنيادا ئەمەل قىلىش ئۈچۈن قالدۇرۇپ كەتكەن ئۇلۇغ قانۇن-قائىدىلىرىنى ئۆگىنىش بىلەن قانائەت قىلايلۇق، شۇلارغا رىئايە قىلىشقا تىرىشايلۇق ۋە شۇنىڭغا ئىشىنىشكە ھەركەت قىلايلۇق؛ بىز ئەقلىمىزگە قانچىكى كەمرەك ئەرك بەرسەك، خۇداغا شۇنچە يېقىمىلىق بولىمىز، چۈنكى ئۆزى بۇيرۇمىغان ھەرقانداق بىلىمنى رەت قىلىدۇ. بىزدىن يوشۇرۇشنى لازىم كۆرگەن نەرسىلەرگە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قانچىكى كەم ئەقىل يۈرگۈزسەك، خۇدا ئۆز ئىنايىتى بىلەن بىزنى شۇ سىردىن تېزرەك ۋاقىپ قىلىدۇ.

"ئاتام كۆيۈ توغرىسىدا ماڭا ھېچنەرسە دېگىنى يوق، پەقەت كىنەز ۋاسىلىدىن خەت ئالغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ كېلىشىنى ئېيتتى. مېنىڭ ئەرگە تېگىشىم توغرىسىدا بولسا، ئەزىز ۋە بىباھا دوستۇم شۇنى ئېيتايكى، نىكا مېنىڭ ئويۇمچە خۇدا بۇيرۇغان بىر ئىش ۋە بۇنىڭغا بوي سۇنۇش كېرەك. مەن ئۈچۈن قانچىلىك ئېغىر بولمىسۇن، خۇدايى تائالا زىممەمگە خوتۇنلۇق ۋە ئانىلىق بۇرچىنى يۈكلىگەن ئىكەن، خۇدانىڭ خاھىشى بىلەن ماڭا جۈپ بولغان كىشىگە كۆڭلۈم قانداق ئىكەنلىكى بىلەن ئىشىم بولماي، بۇ بۇرچىنى قولۇمدىن كېلىشىچە ساداقەت بىلەن ئادا قىلىشقا ھەركەت قىلىمەن.

ئاكامدىن خەت ئالدىم، ئۇ خوتۇنى بىلەن لىسىگورىغا كېلەر-مىش. بۇ خۇرسەنچىلىكىمىز ئۇزاققا بارماس، چۈنكى ئاكام بىزنى تاشلاپ، قانداقسىگە ۋە نىمە ئۈچۈن بىزنىمۇ ئارىلاشتۇرغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدىغان ئۇرۇشقا كېتىدۇ. پەقەت ئىشلار ۋە يۇقۇرى تەبىقىلەرنىڭ مەركىزى بولغان سىزلەرنىڭ شەھەرلىرىڭىزدىلا ئەمەس، ھەتتا بۇ يەردە، دالا ئىشلىرى ۋە ئادەتتىكى شەھەرلىكلەر تەسەۋۋۇر قىلىدىغان يېزا سۈكۈناتى قوينىدىمۇ ئۇرۇش سادالىرى ئاڭلىنىپ، ئادەملەرنى تەشۋىشكە سېلىپ تۇرۇپتۇ. ئاتام نۇقۇل ئاللىقانداق ھەربى يۈرۈشلەر ۋە داۋان ئېشىشلار توغرىسىدىلا گەپ قىلىدۇ، مەن ھېچ چۈشەنمەيمەن. ئۆتكەن كۈنى ئادەتتىكىچە يېزى-مىزنىڭ كوچىلىرىغا ئايلانغىلى چىققان ئىدىم، ئادەملەرنىڭ يۈرەك-باغرىنى ئېزىدىغان ھادىسىگە دۇچكەلدىم. ئەسكەرلىككە ئېلىنغان بىر توپ كىشىلەرنى ئارمىيىگە ئۇزىتىشىۋاتقان ئىكەن. بۇلارنىڭ ئانى-

لىرى، خوتۇنلىرى ۋە باللىرىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرسىتىمىز، كېتىۋاتقان ۋە ئۇزىتىۋاتقانلارنىڭ دادۇ-پەرياتلىرىنى ئاڭلايسىز، ئىنسانىيەت بىزنى مۇھەببەت قويۇشقا ۋەكەچچىلىك قىلىشقا ئۈگەتكەن قۇتلۇق نىجاتكارىمىزنىڭ قانۇنلىرىنى ئۇنتۇپتۇ ۋە بىر بىرىنى ئۆلتۈرۈش سەنئىتىنى ئۆزىگە ئاساسىي پەزىلەت قىلىۋاپتۇ، دەپ ئويلايتتىڭىز.

"خەير، ئەزىز ۋە مېھرىۋان دوستۇم. سىزنى پەرۋەردىگارىم ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن.

ماري".

كىنەز قىزى خېتىنى يېزىپ بولۇپ، ئويلىنىپ، خاپا ۋە غەمكىن قىياپەتتە ئولتۇرغاندا، m-lle Bourienne (بۇرىيېننى خېنىم) يەڭگىل دەسسەپ، قوۋناق ۋە ئۆز-ئۆزىدىن مەمنۇن بىر قىياپەتتە كىرىپ، كۈلۈمسىرىگەن ھالدا، يېقىملىق ۋە جاراڭلاپ تۇرغان تاۋۇش بىلەن، P ھەرپىگە تىلى كەلمەي بىلجىرلاپ:

— Ah, vous expédiez le courrier, princesse, moi j'ai déjà expédie le mien. J'ai écris à ma pauvre .mere (ۋاي، خېتىڭىزنى ئەمدى ئەۋەتمەكچىمۇ سىز؟ مەن ئاللىقاچان ئەۋەتىۋەتتىم. مەن ئانام بىچارىگە خەت يازدىم)، -دېدى ۋە قىيشاڭ-لاپ، سوزۇلۇپ، ئاۋازىنى سەل پەسەيتىپ ئىلاۋە قىلدى:

— Princesse, il faut que je vous pre vinne, — le prince, — le a eu une alteraction, — alteraction une alteraction aves Michel Ivanoff. Il est de trés mauvai-se humeur, trés morose. Soyez prévenue, vous savez... (كىنەز قىزى، مەن سىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ قوياي، مىخايىل ئىۋانوۋىچنى كىنەز تىللاپ كەتتى. بۇگۈن پەيلى يامان، قاپىغىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قار ياغىدۇ. ئېھتىيات قىلىدىك، سىز بىلمىسىزكى...) Ah! chére — amie, je vous ai priée de ne jamais me prévenir de l'humeur dans laquelle se trouve mon pére. Je ne me permtes pas de el ujegr, te ej en ovudrais pas que lesautres le fassent. (ئاھ، ئەزىز دوستۇم. ئاتام توغرىسىدا مۇنداق گەپلەرنى ماڭا پەقەت قىلماڭ دېگەن ئىدىمغۇ. مەن ئۇ كىشىگە تىل تەككۈزمەيمەن ۋە باشقىلارنىڭمۇ تىل تەككۈزۈشىنى خالىمايمەن)، — دەپ جاۋاپ بەردى كىنەز قىزى مارىيە.

كىنەز قىزى سائەتكە قارىدى-دە، ھوجرىدا گاڭچىلىك چېلىش ئۈچۈن كېرەك بولغان ۋاقىتتىن 5 مىنۇت ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، خۇددى قورقۇپ كەتكەندەك، ئىستىراھەت بۆلمىسىگە كىرىپ كەتتى. يولغا قويۇلغان تەرتىپ بويىچە، سائەت ئون ئىككى بىلەن ئىككى ئارىلىقىدا كىنەز دەم ئالاتتى، كىنەز قىزى بولسا گاڭچىلىك چالاتتى.

## 23

چېچى ئاقارغان خىزمەتكار چوڭ كۈتۈپخانىدا كىنەزنىڭ خورىكىگە قۇلاق سېلىپ، ئۈيقۇسىراپ ئولتۇراتتى. ھويلىنىڭ نېرىقى تەرىپىدىن، يېپىلغان ئىشىكنىڭ ئارقىسىدىن، دىيۇسېك سوناتىنىڭ① يىگىرمە قېتىم تەكرارلىنىدىغان قىيىن-قىيىن قىسىملىرىنىڭ ئاۋازلىرى

---

① سونات — ھەرخىل تېزلىك ۋە ھەرخىل خاراكتېرغا ئىگە مۇزىكا ئەسۋاپلىرى بىلەن ئورۇنلىنىدىغان مۇزىكىلىق ئەسەر. — تەر.

ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

خۇددى شۇ چاغدا تۆت چاقلىق كارېتا بىلەن تۆت چاقلىق بىرىچكا ھارۋا دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ توختىدى-دە، كىنەز ئاندرېي ھارۋىدىن چۈشۈپ كىچىككىنە خوتۇنىنى يۆلەپ چۈشۈردى-يۇ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئالدىدا ئىشىكتىن كىرگۈزۈۋەتتى. بېشىغا ياسىما چاچ كىيگەن قېرى تىخون خىزمەتكارلار بۆلمىسىنىڭ ئىشىكىدىن بېشىنى چىقىرىپ، پىچىرلاپ، كىنەزنىڭ ئۇخلاۋاتقانلىقىنى مەلۇم قىلدى-دە، ئالدىراپ ئىشىكنى يېپىۋالدى. تىخون مەيلى ئوغلىنىڭ يېتىپ كېلىشى ياكى مەيلى ھەرقانداق پەۋقۇلئاددە ئەھۋاللار بولسۇن، بەلگىلەنگەن كۈندىلىك تەرتىپ-قائىدىلەرنى بۇزۇۋېتىمەسلىكى لازىملىقىنى بىلەتتى. كىنەز ئاندرېيمۇ تىخونغا ئوخشاش، بۇنى ياخشى بىلەتتى؛ ئۇ گوياكى ئۆزى ئۆيدىن ئايرىلغاندىن بۇيانقى ۋاقىت داۋامىدا ئاتىسىنىڭ ئادەتلىرىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكى ياكى ئۆزگەرمىگەنلىكىنى تەكشۈرۈپ باقماقچى بولغاندەك، سائەتكە قارىدى-دە، بۇ ئادەتلىرىنىڭ ئۆزگەرمىگەنلىكىگە ئىشەنچ ھاسىل قىلغاندىن كېيىن خوتۇنىغا مۇراجىئەت قىلدى.

— يىگىرمە مىنۇتتىن كېيىن تۇرىدۇ. يۈر، كىنەز قىزى مارىيەنىڭ يانىغا بارايلى، — دېدى ئۇ.

كىچىككىنە كىنەز ئايىم كېيىنكى كۈنلەردە سەل سەمرىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ كۆزلىرى ۋە قىسقىغىنا مەيىن قارا تۈك باسقان، كۈلۈمسىرەپ تۇرىدىغان لەۋلىرى سۆزلەشكە باشلىغاندا ئىلگىرىكىدەكلا خوشال ۋە يېقىملىق ھالدا كۆتىرىلەتتى.

— Mais c'est un palais (پاھ، بۇ بىر پادىشا سارىيى ئىكەنغۇ!)، — دېدى ئۇ ئېرىگە ۋە ئەتراپقا قاراپ قويۇپ، خۇددى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تانسا يىغىلىشلىرىدا خوجايىننى ماختاپ سۆزلەۋاتقاندەك. — ... ,Allons (قېنى، تېزرەك، تېزرەك!...) vite, vite!... — دېدى - دە، ئەتراپقا نەزەر تاشلاپ، تىخونغا، ئېرىگە ۋە ھەمرا بولۇپ كېلىۋاتقان خىزمەتكارلارغا قاراپ تەبەسسۇم قىلدى.

— C'est Marie aui s'exerce? Allons doucement, il faut la surprendre. (مارىيە مەشق قىلىۋاتامدۇ-نېمە؟ ئاستا، ئۇنىڭغا بىلىندۇرمەستىن كىرەيلى).

كىنەز ئاندرېي ئۇنىڭ كەينىدىن ئەدەپ بىلەن ۋە غەمكىن ھالدا يۈرەتتى.

— سەن قېرىپ كېتىپسەن، جۇمۇ، تىخون، — دېدى ئۇ كېتىۋېتىپ قولىغا سۆيۈپ قويغان قېرىغا قاراپ.

گاڭچىگىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرغان ئۆيىنىڭ ئالدىدا يان ئىشىكتىن ئاچ سېرىق چاچلىق چىرايلىق فرانسۇز ئايال يۈگۈرۈپ چىقتى. m-lle Bourienne (بۇرېىنى خېنىم) خوشاللىقىدىن ئۆزىنى تامامەن يوقىتىپ قويغاندەك كۆرۈنەتتى.

— Ah! quel bonheur pour la pincesse, — Enfin! Il faut que je la prérienne. (ۋاي! كىنەز قىزى خوشال بولۇپ كېتىدۇ - دە، — دېدى ئۇ، — ھېلىمۇ كېلىدىكەنسىلەر - ھە! ئۇنىڭغا خەۋەر بېرىشىم كېرەك).

— Nou, non, de grâce... vous êtes-m-lle Bourienne jevous connais déijà par l'amitié que vou porte ma, bellesoeur. Ellene nous attenol pas! (ياق. ياق. قويۇڭ.... سىز بۇرېىنى خېنىم ئەمەسمۇ، — دېدى كىچىك كىنەز ئايىمى ئۇنىڭ قولىغا سۆيۈپ قويۇپ، — بىلىمەن، قېيىنسىڭلىمنىڭ سىزگە بولغان دوستلۇقىدىن مەن سىز بىلەن ئاللىقاچان

تونۇش، ئۇ بزنڭ كېلشمزنى كۈتمگەن ئكەن-دە!)

ئۇلار ئستراھەت بۆلمسنڭ ئشگگە يېقنلشپ كەلدى، ئۇنڭدن ئارقمۇ-ئارقا تەكرارلنپ تۇردغان مۇزكا ئاۋازلرى ئاڭلنپ تۇراتتى. كننەز ئاندرېي توختاپ قالدى ۋە قانداقتۇ بر خل كۆڭۈلسز ۋەقەنى كۈتكەندەك، چرايى تۈرۈلۈپ كەتكەن ئدى.

كچك كننەز ئايم ئۆيگە كردى. مۇزكا ئاۋازى ئوتتۇرسدا ئۈزۈلۈپ قالدى؛ ۋاقرغان ئاۋازلار، كننەز قزى مارىيەنڭ ئېغر قەدەم باسقان ئاۋازلرى ۋە سۆيۈشۈش ئاۋازلرى ئاڭلنپ تۇراتتى. كننەز ئاندرېي كرپ كەلگەن چاغدا، ئلگرى پەقەت ئۇنڭ تويدلا قسقا ۋاقت يۈز كۆرۈشكەن كننەز قزى ۋە كننەز ئايم ئككيلەن بر برى بلەن قۇچاقلشپ، دەسلۋدە نە توغرا كەلگەن بولسا شۇ يېرگە لەۋلرنى چڭ تەككۈزۈشۈۋالدى. m-lle Bourienne (بۇرېننى خېنم) قوللرنى كۆكرگگە تەككۈزۈپ ۋە تەقۋادار كۈلۈمسرگەن قياپەتتە ئۇلارنڭ يېنىدا تۇراتتى، ئۇنڭ ھەم يغلاشغا، ھەم كۈلۈشكە تەييار تۇرغانلغى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. كننەز ئاندرېي خۇددى مۇزكنى ياخشى كۆردغان كشلەر ساختا نوتنى ئاڭلغان چاغدكگە ئوخشاش، دولسنى قمرلتپ ۋە قاپغنى تۈرۈپ قويدى. ھەر ئككى ئايال بر برنى قويۇۋېتشتى؛ كېين يەنە، خۇددى كېچكپ قېلشتن قورققاندەك، بر برنڭ قولنى تۇتۇشۇپ سۆيۈشۈشكە باشلدى ۋە قوللرنى تارتۋېلشتى، كېين يەنە بر برنڭ يۈزگە سۆيۈشۈشكە باشلدى ۋە كننەز ئاندرېي ئۈچۈن تامامەن كۈتۈلمگەن ھالدا ھەر ئككسى يغلاشقا ۋە ئۇنڭدن كېين يەنە سۆيۈشۈشكە باشلدى.

www.uyghurkitap.com

M–lle Bourienne (بۇرېننى خېنىم)مۇ يىغلاپ كەتتى. كىنەز ئاندرېينىڭ ئوڭايسىزلانغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى؛ لېكىن بۇ ئىككى ئايالنىڭ قارىشىچە، ئۇلارنىڭ يىغلىغانلىقى ناھايىتى تەبىئىي ئەھۋالدەك ئىدى؛ ئۇلار يەنە بۇنداق كۆرۈشكەندە گويا بۇنىڭدىن باشقىچە بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئويلاپمۇ كۆرمىگەندەك قىلاتتى.

— Ah! chére!··· Ah! Marie! (ۋاي، ئەزىزىم! ۋاي، مارىيە!)...دېدى ئۇلار بىردىنلا، ئۇنىڭدىن كېيىن كۆلۈپ كېتىشتى. J'ai vêvé cett nuit ···Vo — usnenousattendiez donc pas?···Ah! Marie, vous avez maigri···Et vous avez repris··· (مەن تۈنۈگۈن چۈشۈمدە كۆرۈپتىمەن. — سىز بىزنىڭ كېلىشىمىزنى كۈتمىگەن بولسىڭىز كېرەك؟...ئاھ! مارىيە، سىز سەل ياداپ قاپسىز!)

— J'ai tout de suite reconnu madame la princesse (مەن دەرھال كىنەز ئايىمنى تونۇۋالدىم)، — دەپ سۆز قىستۇرۇپ قويدى m–lle Bourienne (بۇرېننى خېنىم).

— Et moi qui ne me doutais pas! (مەن قىلچىلىكمۇ ئويلىمىغان ئىكەنمەن!) — دېدى كىنەز قىزى ۋاقىراپ، — Ah! André, je ne vous voyais pas (ئاھ! ئاندرېي، مەن تېخى سىزنى كۆرمەپتىمەن.)

كىنەز ئاندرېي سىڭلىسى بىلەن قولنى قولغا تۇتۇشۇپ سۆيۈشتى ۋە ئۇنىڭغا: سەن ئىلگىرىكىدەكلا pleurnicheuse (يىغلاڭغۇ) ئىكەنسەن دېدى. كىنەز قىزى مارىيە ئاكىسىغا بۇرۇلۇپ قارىدى ۋە ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى نۇر يېغىپ تۇرغان چىرايلىق چوڭ كۆزلىرىنىڭ

سۆيۈملۈك، ئىسسىق ۋە مۇلايىم قاراشلىرى يىغا ئارىلاش كىنەز ئاندرېينىڭ يۈزىدە توختاپ قالغان ئىدى.

كىنەز ئايىم توختىماي سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ مەيىن قارا تۈك باسقان قىسقا يۇقۇرى لېۋى ئۆزلۈكسىز ھالدا، تېز-تېز تۆۋەنگە چۈشۈپ، زۆرۈر بولغاندا قىپ-قىزىل تۆۋەنكى لېۋىگە تېگىپ تۇراتتى ۋە ئۇنىڭ لەۋلىرى چىشلىرى ھەم كۆزلىرىدە روشەن تەبەسسۇم پەيدا بولغاندا يەنە ئېچىلىپ كۆتىرىلىپ كېتەتتى. كىنەز ئايىم سپاسسكايا گورا دىگەن جايدا بىر ھادىسە يۈز بەرگەنلىكىنى ۋە ئېغىر ئاياق بولغانلىقتىن ناھايىتى قورقۇپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى ۋە شۇندىن كېيىن ھەممە كىيىم-كېچەكلىرىنى پېتربۇرگدا قالدۇرۇپ كەلگەنلىكىنى ۋە بۇ يەردە نىمە كىيىپ يۈرىدىغانلىغىنى بىلمەيدىغانلىغىنى؛ ئاندرېينىڭ تامامەن ئۆزگىرىپ كەتكەنلىگىنى؛ كىتتى ئورېنسوۋانىڭ بىر قېرى ئادەمگە تېگىۋالغانلىغىنى؛ كىنەز قىزى مارىيەگە pour tout de bon (لايىق) يىگىت بارلىغىنى، لېكىن بۇ توغرىدا كېيىن سۆزلىشىدىغانلىغىنى سۆزلەپ بەردى. كىنەز قىزى مارىيە يەنىلا گەپ قىلماستىن ئاكىسىغا قاراپ تۇراتتى، ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىدە ھەم مۇھەببەت، ھەم قايغۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ يەڭگىسىنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالماي ئۆزىنىڭ بىر قاتار ئوي-پىكىرلىرىگە بېرىلىپ كەتكەنلىگى روشەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. كىنەز ئايىم يېقىندا پېتربۇرگدا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىمقى سەيلە توغرىسىدا گەپ قىلىۋاتقاندا، كىنەز قىزى ئاكىسىغا قاراپ بىر خورسىندى-دە:

— سەن چوقۇم ئۇرۇشقا بارامسەن، ئاندرېي؟ — دىدى؛ لىزامۇ خورسىندى.

www.uyghurkitap.com

— ھە، ھەتتا ئەتىلا، — دەپ جاۋاپ بەردى كىنەز ئاندرېي.

— Il m'abandonne ici, et dieu sait pourquoi, auand il aurait pu avoir de l'avancement... (مېنى مەشەدىلا تاشلاپ كەتمەكچى، نىمە ئۈچۈنلىگىنى خۇدا بىلىدۇ، ھالبۇكى، كەتمىگەن بولسا يۇقۇرىراق مەرتىۋىگە ئېرىشەتتى...)

كىنەز قىزى مارىيە گەپكە قۇلاق سالماي، ئۆز پىكىرلىرى بىلەن بەنت بولۇپ يەڭگىسىگە قاراپ، يېقىملىق كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭ قوسىقىغا ئىشارەت قىلدى-دە:

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى.

كىنەز ئايىمىنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى. ئۇھ تارتىپ قويدى.

— ھە، شۇنداق، — دېدى كىنەز ئايىم. — ئاھ! ناھايىتى قورقىمەن...

لىزانىڭ يۇقۇرقى لېۋى يېپىلدى. ئۇ يۈزىنى قېيىنسىڭلىسىنىڭ يۈزىگە يېقىن ئەپكەلدى-دە، تۇساتتىن يىغلاپ كەتتى.

— ئۇ دەم ئالسۇن، — دېدى كىنەز ئاندرېي قاپىقىنى تۈرۈپ. — شۇنداق ئەمەسمۇ، لىزا؟ ئۇنى ياتىقىڭغا ئېلىپ بارغىن، مەن ئاتامنىڭ يېنىغا بارىمەن. ئۇ قانداق، يەنە شۇ پېتى؟

— ھەئە، يەنە شۇ پېتى؛ سەن قانداق قارايسەنكىن، تاڭ، بىلمەيمەن، — دەپ جاۋاپ بەردى كىنەز قىزى خوشال ھالدا.

— يەنە شۇ بەلگىلىك سائەتلەر، شۇ سايىلىق يولدا مېڭىپ يۈرۈش؟ ئىستانوك؟ — دەپ سورىدى كىنەز ئاندرېي سەل سەزگىلى بولىدىغان كۈلۈمسىرەش قىياپىتى بىلەن؛ بۇ كۈلۈمسىرەش ئاتىسىغا بولغان مۇھەببىتى ۋە ھۆرمىتىگە قارىماي، ئاتىسىنىڭ ئاجىزلىقلىرى-

نىمۇ بىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيتتى.
— شۇ سائەتلەر، ئىستانوك، يەنە شۇ ماتېماتىكا ۋە گېئو-مېترىيە دەرسىم، — دەپ خوشال جاۋاپ بەردى كىنەز قىزى مارىيە، گوياكى گېئومېترىيە دەرسى ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ خوشال تەسىراتلارنىڭ بىرى بولۇپ قالغاندەك.
يىگىرمە مىنۇت ئۆتۈپ قېرى كىنەزنىڭ ئويغۇدىن تۇرىدىغان ۋاقتى بولغاندا، تىخون كېلىپ ياش كىنەزنى ئاتىسىنىڭ ئالدىغا چاقىردى. بوۋاي ئۆز ئوغلىنىڭ كەلگەنلىكىنى قارشى ئېلىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئادەتتىكى كۈندىلىك تەرتىپلىرىگە قارىماي، ئۇنى ئۆز ئۆيىگە تاماقتىن ئىلگىرى كىيىملىرىنى كىيىش ۋاقتىدا كىرىگۈزۈشكە ئىجازەت قىلدى. كىنەز ھەمىشە كونىچە ياسىنىپ، كونىچە سىرتقى يەكتىگىنى ئۇچىسىغا يېپىنىپ، ئۇپىلانغان ياسىما چېچى بىلەن يۈرەتتى. كىنەز ئاندرېي ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كىرگەن چاغدا (مېھمانخانىلاردىكىدەك خاپا ۋە قاپىقى سېلىنغان ھالدا ئەمەس، بەلكى پىيېر بىلەن گەپلەشكەن چاغدىكىدەك ئوچۇق چىراي ھالدا)، بوۋاي پەداز قىلىدىغان جايىدا، ئىسىل خۇرۇم قاپلانغان كەڭ كرېسلودا، پەداز قىلىش ۋاقتىدا يېپىنىۋالىدىغان خالاتىنى ئۇچىسىغا يېپىنىپ، تىخونغا بېشىنى تۇتۇپ بېرىپ ئولتۇراتتى.
— بەللى! جەڭچى! بوناپارتنى باش ئەگدۈرمەكچى بولامسەن؟ — دېدى بوۋاي ۋە تىخون ئۆرۈۋاتقان چېچىنى سىلكىپ، ئۇپىلانغان بېشىنى چايقاپ قويدى: — ئۇنىڭغا قارشى سەن بولساڭمۇ ئوبدانراق بەل باغلا، بولمىسا ھەش-پەش دېگىچە بىزنىمۇ پۇقراسى قىلىۋالىدىغاندەك تۇرىدۇ. سالامەت بول! — دەپ ئوغلىغا يۈزىنى تۇتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بوۋاي تاماق ئالدىدىكى ئۇيقۇسىدىن كېيىن كۆڭلى ناھايىتى خوش ئىدى (ئۇ دائىم: تاماقتىن كېيىنكىسى كۆمۈش ئۇيقۇ، تاماق ئالدىدىكىسى ئالتۇن ئۇيقۇ دەيتتى). ئۇ ئۆزىنىڭ چېچىلىپ تۇرغان قويۇق قاشلىرىنىڭ ئاستىدىن كۆزىنى قىيپايتىپ ئوغلىغا خوشال قىياپەتتە قارايتتى. كىنەز ئاندرېي يېقىن كېلىپ، ئاتىسىنىڭ ئۆزى كۆرسەتكەن يەرگە سۆيۈپ قويدى. ئۇ ئاتىسىنىڭ ياخشى كۆرۈپ سۆزلەيدىغان گەپلىرىنىڭ تېمىسىغا — ھازىرقى ھەربىلەرنىڭ، خۇسۇسەن ناپالېئوننىڭ ئۈستىدىن مازاق قىلىپ دىگەن گەپلىرىگە جاۋاپ بەرمەيتتى.

— شۇنداق، كەلدىم، ئاتا ئېغىرئاياق خوتۇنۇم بىلەن، — دىدى كىنەز ئاندرېي ئاتىسىنىڭ يۈزىدىكى ھەر بىر ھەركىتىگە خۇرسەن ۋە ھۆرمەت بىلدۈرگەن كۆزلىرى بىلەن قاراپ. قانداق سالامەتمۇ سىز؟

— پەقەت ئەخمەق ئادەملەر ۋە پاسىقلار ساغلام بولمايدۇ، ئوغلۇم. سەن مېنى بىلىسەنغۇ: ئەتىگەندىن تارتىپ كەچكىچە ئىش بىلەن مەشغۇل بولىمەن، ئۆزەمنى تۇتۇۋالغانمەن، مەن سالامەت بولماي كىم سالامەت بولسۇن.

— خۇداغا شۈكۈر، — دىدى ئوغلى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— بۇ يەردە خۇدانىڭ ھېچ ئالاقىسى يوق! قېنى، سۆزلەپ بەرگىنە، — دىدى بوۋاي ۋە ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان مەسىلىگە قايتىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — نېمىسلار سىلەرنى ”ئىستىراتېگىيە“ دەپ ئاتايدىغان يېڭى ئىلمىگىلار بويىچە بوناپارتقا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا قانداق ئۆگەتتى؟

كىنەز ئاندرېي كۈلۈپ قويدى.

— قىستىماي تۇرسىڭىز، ئاتا، — دىدى ئۇ ئاتىسىنىڭ ئاجىزلىق-

لىرى ئۇنى ھۆرمەتلەش ۋە ياخشى كۆرۈشكە دەخلى يەتكۈزمەس-
لىگىنى كۆرستىدىغان تەبەسسۇم بىلەن. — مەن تېخى جايلاشقىنىم
يوق.

— يالغان ئېيتىسەن، يالغان ئېيتىسەن!، دەپ ۋاقىرىدى بوۋاي
چېچىنىڭ چىلىك ئۆرۈلگەنلىگى ياكى چىلىك ئۆرۈلمىگەنلىگىنى
سىناپ باقماقچى بولۇپ سىلكىپ ۋە ئوغلىنىڭ قولىنى تۇتتى. —
خوتۇنۇڭغا ئۆي تەييار. كىنەز قىزى مارىيە باشلاپ بېرىپ كۆرسەت-
سۇن، ئۇلارنىڭ سۆزى تۈگىمەيدۇ. ئايال‌لارنىڭ ئادىتى مانا شۇنداق.
ئۇنىڭ بۇ يەردە قېپقالغىنىغا ناھايىتى خۇرسەنمەن. قېنى، ئولتۇر،
سۆزلەپ بەرگىنە. مىخېلسون ئارمىيىسىنى مەن چۈشىنىمەن، يەنە
تولستويىنىڭمۇ بار.... بىر ۋاقىت ئېچىدە ئەسكەر چىقىرىدىش....
جەنۇپتىكى ئارمىيە نىمە قىلىدۇ؟ ئاۋستىرىيىچۇ؟ — دىدى ئۇ ۋە
كرېسلودىن تۇرۇپ ئۆيدە ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا مېڭىشقا باشلىدى،
تىخون بولسا ئۇنىڭ ئارقىسىدا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ، ھەر خىل
كىيىم-كېچەكلىرىنى ئۇنىڭغا سۇنۇپ بېرەتتى. — شۋېتسىيىچۇ؟
ئۇلار پومېرانىيىدىن قانداق ئۆتمەكچى؟

كىنەز ئاندرېي ئاتىسىنىڭ قاتتىق تۇرغانلىغىنى كۆرۈپ، دەسلەپتە
ئانچە ماقۇل بولمىسىمۇ، كېيىن بارغانسېرى جانلىنىپ ۋە سۆز
ئوتتۇرىسىدا ئىختىيارسىزلا، ئادىتى بويىچە، رۇس تىلىدىن فرانسۇز
تىلىغا كۆچۈپ، مۆلچەللەنگەن ئۇرۇش ھەركەتلىرىنىڭ پىلانىنى
چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ، توقسان مىڭ كىشىلىك ئارمىيىنىڭ
قانداق قىلىپ پرۇسسىيىگە تەھدىت سېلىپ، ئۇنى بىتەرەپلىك
مەۋقەدىن چىقىرىپ، ئۇرۇشقا تارتىپ كىرىش لازىملىغىنى؛ بۇ
ئارمىيىنىڭ بىر قىسمىنىڭ قانداق قىلىپ شترالزۇندتا شۋېد

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەسكەرلىرى بىلەن قوشۇلۇشى لازىملىغ
مىڭ ئاۋسترىيە ئەسكىرىنىڭ قانداق قىا
روس ئەسكىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئىتا
قىلىشى لازىملىغىنى؛ ئەللىك مىڭ
ئەللىك مىڭ ئىنگلىز ئەسكىرىنىڭ قا
چىقىشى لازىملىغىنى؛ شۇنداق قىلىپ جەمى
ئارمىيىنىڭ قانداق قىلىپ تەرەپ-تەرەپ
ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ
ۋاتقان چاغدا، قېرى كىنەز قىلچىلىكمۇ قىزى
خۇددى ئاڭلىمىغاندەك قىلىپ، ئۆيدە ئۇ ياق
كىيىملىرىنى كىيىش بىلەن بەنت ئىدى، يەن [illegible] ـرىمەن ھالدا
ئۈچ قېتىم ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى. ئۇ بىر قېتىم سۆز ئوتتۇر-
سىدا ئۇنى توختىتىۋېلىپ:

— ئېقىنى! ئېقىنى! — دەپ ۋاقىرىدى.

بۇ ۋاقىراش تىخوننىڭ ئۇنىڭغا تەلەپ قىلغان جىلىتكىسىنى بەرمىگەنلىكىنى ئىپادىلەيتتى. يەنە بىر قېتىم توختىتىپ:

— خوتۇنۇڭ پات ئارىدا تۇغامدۇ؟ — دەپ سورىدى ۋە ماقۇللىمىغاندەك بېشىنى لىڭشىتىپ: — ياخشى ئەمەس! قېنى، سۆزلە، سۆزلەۋە، — دېدى.

ئۈچىنچى قېتىم، كىنەز ئاندرېي سۆزىنى تۈگەتەي دېگەن چاغدا، قېرى كىنەز قېرىلارغا خاس ئاۋاز بىلەن كاكىراپ ناخشا ئېيتىپ كەتتى:

Malbroug s'en va-t-en guerre.
Dieg sait quand reviendra.

(مالبرۇك كەتتى ئۇرۇشقا.
خۇدا بىلىدۇ، قاچان قايتار ئۇ يۇرتقا.)
كىنەز ئاندرېي كۆلۈمسىرەپلا قويىدى.
— مەن بۇ، ۋۇۋۇەتلەيدىغان پىلان دىمەكچى ئەمەسمەن، — دىدى ئوغلى، — مەن پەقەت ئۇنىڭ مەزمۇنىنىلا سىزگە ئېيتىپ قويدۇم. ناپالېونمۇ ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن قىلىشمايدىغان پىلانىنى تۈزۈپ قويغان.
— بولدى، لېكىن سەن ماڭا ھېچقانداق يېڭىلىقلارنى ئېيتىپ بەرگىنىڭ يوق. — قېرى كىنەز ئويغا چۆككەن ھالدا ئۆزىچە تېز-تېز غۇدۇڭشىيتتى: Dieu sait quand reviendr (خۇدا بىلىدۇ، قاچان قايتار ئۇ يۇرتقا). — تاماقخانىغا كىر.

## 24

ئۇپا چېچىلىپ، ساقال-بۇرۇتلىرى ياسىتىلغان كىنەز بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا تاماق زالىغا چىقتى، ئۇنى زالدا كېلىنى، كىنەز قىزى مارىيە، m-lle Bourienne (بۇرېنىنى خېنىم) ۋە كىنەزنىڭ ئارخىتېكتورى كۈتۈپ ئولتۇراتتى، ئۆزىنىڭ ئورنى جەھەتتىن ئەھمىيەتسىز سانالغان بۇ ئارخىتېكتور گەرچە مۇنداق شەرەپكە مۇيەسسەر بولۇشنى ئويلىمىغان بولسىمۇ، ئەمما كىنەزنىڭ غەلىتە نازۇك تەبىئىتى بويىچە داستىخانغا تەكلىپ قىلىپ كىرگۈزۈلگەن ئىدى. تۇرمۇشتا ئىجتىمائىي دەرىجە پەرقلىرىگە قاتتىق رىئايە قىلىدىغان، ھەتتائەڭ مۇھىم ئۆلكە ئەمەلدارلىرىنىمۇ داستىخانغا كەم تەكلىپ قىلىدىغان كىنەز كاتەكچە گۈللۈك قولياغلىقى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇلۇڭلاردا بۇرنىنى قاقىدىغان ئارخېتېكتور مىخايىل ئىۋانوۋىچ ئۇستىدە، ھەممە كىشى باراۋەر دېگەن پىرىنسىپنى ئىسپات قىلاتتى ۋە قىزىغا: مىخايىل ئىۋانوۋىچ سەن بىلەن بىزدىن ھېچقانداق قىلىشمايدۇ، دەپ كۆپ قېتىم سۆزلىگەن ئىدى. تاماق ئۇستىدە كىنەز بۇ كەم سۆزلۈك مىخايىل ئىۋانوۋىچقا ھەممىدىن كۆپرەك سۆز قىلاتتى.

ھويلىدىكى ھەممە ئۆيلەرگە ئوخشاش غايەت ئېگىز بۇ تاماق زالىدا ھەر بىر ئورۇندۇقنىڭ ئارقىسىدا بىردىن تۇرغان ئۆي ئېجىمەللىرى ۋە خىزمەتكارلار كىنەزنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشاتتى؛ بېلىگىگە داستىخانلارنى ئاسقان شىلانچى تاماق شىرەلىرىنىڭ ھازىرلىنىشىغا قاراپ چىقاتتى، خىزمەتكارلارغا كۆزى بىلەن ئىشارەت قىلىپ، تامدىكى سائەتكە، كىنەز چىقىپ كېلىشى تېگىشلىك بولغان ئىشىككە قاراپ تەشۋىشلەنگەن ھالدا توختىماي يۈگۈرۈپ يۈرەتتى. كىنەز ئاندرېينىڭ ئەمدى كۆزى چۈشكەن نەرسە يوغان زەرھەل رامكىغا سېلىپ ئېسىپ قويۇلغان كىنەز بولكونسكىلار جوروگقىيى① ئىدى. بۇ جوروگقاي خۇددى شۇنداق يوغان رامكىغا سېلىنغان ناچار سۈرەتنىڭ (شۇ ئۆي رەسسامى سىزغان بولسا كېرەك) قارشىسىدا تۇراتتى، بۇ سۈرەت تاج كىيگەن ھۆكۈمران كىنەزنىڭ تەسۋىرى بولۇپ، رۇرىك نەسەبىدىن ۋە بولكونسكىلار سۇلالىسىنىڭ بوۋىسى بولۇشى كېرەك ئىدى. كىنەز ئاندرېي جوروگقايغا قارىدى-دە، بېشىنى لىڭشىتىپ، خۇددى ئىگىسىگە ناھايىتى ئوخشىغان رەسىمنى كۆرگەن-

---

① جوروگقاي — شەجەرە، بىرئەۋلاتنىڭ نەسەپ تارىخى يېزىلغان جەدۋەل.

دەك پىخىلداپ كۈلدى.

— قۇيۇپ قويىغانىدەك شۇنىڭ ئۆزى-دە! — دېدى ئۇ يېنىغا كەلگەن كىنەز قىزى مارىيەگە.

كىنەز قىزى مارىيە ئاكىسىغا ئەجەپلىنىپ قارىدى. ئۇ ئاكىسىنىڭ نىمىگە تەبەسسۇم قىلغانلىقىنى چۈشىنەلمەيتتى. ئاتىسىنىڭ قىلغان ھەر بىر ئىشى كىنەز قىزىدا مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھۆرمەتنى پەيدا قىلاتتى.

— ھەركىمنىڭ بىر كەمچىلىگى بولىدۇ، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى كىنەز ئاندرې. — ئۇ ئۆزىنىڭ شۇنىچە زور ئەقلىي كۈچىگە قارىماي (مۇشۇنىداق ئۇششاق-چۈششەكلەرگە بېرىلىپ كېتىپتۇ!) donner dans ce ridicule.

كىنەز قىزى مارىيە ئاكىسىنىڭ بۇنداق گەپىنى ئېيتىشقا جاسارەت قىلغانلىقىنى چۈشىنەلمەي، ئۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرمەكچى بولۇۋاتقان چاغدا، كۇتۇپخانىدىن ئاياق شەپىسى ئاڭلىنىپ قالدى: كىنەز ئۆزىنىڭ ئالدىراش-تېنەش ھەركىتى بىلەن گويا قەستەن ئۆيدىكى ۋەزمىن تەرتىپ-قائىدىلەرنىڭ زىت تەرىپىنى كۆرسەتمەكچى بولغاندەك، ئادەتتىكىچە تېز-تېز قەدەم تاشلاپ، شادىيانە قىياپەتتە كىرىپ كەلدى. شۇ ئەسنادا چوڭ سائەت ئىككىگە داڭ سوقتى ۋە مېھمان ئۆيدىكى باشقا سائەتتىنمۇ ساز ئاۋاز ئاڭلاندى. كىنەز توختىدى؛ ئېسىلىپ تۇرغان قويۇق قاشلىرىنىڭ ئاستىدىكى جانلىق، چاقناپ تۇرغان، جىددى كۆزلىرى بىلەن ھەممىگە قاراپ چىقتى-دە، ئۇنىڭدىن كېيىن ياش كىنەز ئايىمدا توختاپ قالدى. ياش كىنەز ئايىم بۇ چاغدا ئۆزىدە خۇددى پادىشا كىرىپ كەلگەندە ساراي ئەھلىلىرىدە بولىدىغاندەك تۇيغۇنى، بوۋاي ئۆزىنىڭ ھەممە يېقىن-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

لىرىدا پەيدا قىلغان قورقۇش ۋە ھۆرمەت تۇيغۇسىنى ھىس قىلاتتى. ئۇ كىنەز ئايىمنىڭ بېشىنى سىلاپ قويدى ۋە كېيىن قوپال بىر ھەرىكىتى بىلەن ئۇنىڭ يەلكىسىگە ئۇرۇپ قويدى.

— خۇرسەنمەن، خۇرسەنمەن، — دېدى ئۇنىڭ كۆزلىرىگە يەنىمۇ تىكىلىپ قاراپ، كېيىن تېزدىن ئورنىغا بېرىپ ئولتۇردى، — ئولتۇرۇڭلار، ئولتۇرۇڭلار! مىخايىل ئىۋانوۋىچ ئولتۇرۇڭ، ئولتۇرۇڭ.

ئۇ ئۆز يېنىدىن كېلىنىگە ئورۇن كۆرسەتتى. خىزمەتكار ئۇنىڭغا ئورۇندۇقنى سۈرۈپ بەردى.

— ئوھو! — دېدى بوۋاي كېلىنىنىڭ تولغان بېلىگە قاراپ. — ئالدىراپ كېتىپسەن، بولماپتۇ!

ئۇ ئادەتتىكىدەك قۇرۇق، سوغاق ۋە يېقىمسىزلىق بىلەن كۈلۈپ قويدى — كۆزلىرى بىلەن ئەمەس، ئاغزى بىلەن كۈلۈپ قويدى.

— مېڭىپ بېرىش كېرەك، ئىمكان قەدەر كۆپ مېڭىش كېرەك، ئىمكان قەدەر كۆپرەك، — دېدى ئۇ.

كىچىككىنە كىنەز ئايىم ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىمىغان ئىدى ياكى ئاڭلىغۇسى كەلمەيتتى. ئۇ لام-مىم دېمەيتتى ۋە خىجالەت بولغاندەك ئىدى. كىنەز ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى، شۇنىڭ بىلەن كىنەز ئايىم سۆزلەشكە ۋە كۈلۈشكە باشلىدى. ئۇ كىنەز ئايىمدىن تونۇش-بىلىشلىرىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ تېخىمۇ جانلىنىپ سۆزلەشكە باشلىدى ۋە كىنەزگە ئۇلارنىڭ سالاملىرىنى يەتكۈزۈپ، شەھەردىكى غەيۋەت-شىكايەتلەرنىمۇ سۆزلەپ كەتتى.

— La comtesse Apraksine, la pauver, a — perdu son mari, et elle a pleuré les larmes de ses yeux

(بىچارە گراف ئايىم ئاپراكسىنانىڭ ئېرى ئۆلۈپ كېتىپتۇ، يىغلاپ كۆزلىرى ئىششىپ كېتىپتۇ، بىچارە)، — دېدى ئۇ بارغانسېرى جانلىنىپ كېتىپ.

ئۇ مۇشۇنداق جانلىنىپ كەتكەندە، كىنەز بارغانسېرى جىددى قىياپەتتە ئۇنىڭغا قارىدى-دە، بىردىنلا، گوياكى ئۇنى يېتەرلىك دەرىجىدە تەكشۈرۈپ بولۇپ، ئۆزى ئۇنىڭ توغرىسىدا روشەن ئۇقۇم ھاسىل قىلغاندەك، ئۇنىڭدىن بۇرۇلۇپ مىخائىل ئىۋانوۋىچقا مۇراجىئەت قىلدى.

— خوش، مىخائىل ئىۋانوۋىچ، بوناپارتنىڭ ئەھۋالى تەڭ بولىدىغانغا ئوخشايدىغۇ. ھېلى ماڭا كىنەز ئاندرېي (ئۇ ئوغلىنى ھەمىشە شۇنداق دەپ ئاتايتتى) نىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئۇنىڭغا قارشى ناھايىتى كۆپ كۈچ توپلانغان ئىمىش. بىز ئىككىمىز ئۇنى قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان ئادەم دەپ ھېساپلاپ كەپتۇق-ھە.

بوناپارت توغرىسىدا ئىككىلەن قاچان بۇنداق گەپ قىلىشقانلىقىدىن مۇتلەق خەۋىرى بولمىغان، لېكىن ئۆزىنىڭ كىنەز ياخشى كۆرگەن مۇشۇ ماۋزۇدىكى گېپىنى باشلاش ئۈچۈنلا زۆرۈر بولۇپ قالغانلىقىنى پەملىگەن مىخائىل ئىۋانوۋىچ بۇنىڭ ئاقىۋىتى نىمە بولىدىغانلىقىنى بىلمەي ھەيران بولۇپ، ياش كىنەزگە قارىدى.

— ئۇ بىزدە ئۇلۇغ تاكتىكچى! — دېدى كىنەز ئوغلىغا ئارخىتېكتورنى كۆرسىتىپ.

گەپ يەنە ئۇرۇش، بوناپارت، ھازىرقى گېنېراللار ۋە دۆلەت ئەرباپلىرى توغرىسىدا باراتتى. قېرى كىنەز ھازىرقى ئەرباپلارنىڭ ھەربى ئىشلار ۋە دۆلەتنىڭ ئىشلىرىدا ئېلىپبەنىمۇ چۈشەنمەيدىغان

سەبى بالىلار ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى بونا-پارتنىڭمۇ ھېچنىمىگە ئەرزىمەيدىغان كىچىككىنە بىر فرانسۇز ئىكەنلى-كىگە، ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى سەۋەپ، پوتيومكىن ۋە سۇۋوروۋ① لارغا ئوخشاش كۆشەندىلەرنىڭ بولمىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەندەك كۆرۈنەتتى؛ ئۇ ھەتتا ياۋروپادا ھېچقانداق سىياسى قىيىنچىلىقلارنىڭ يوقلۇقىغا، ئۇرۇشنىڭمۇ يوقلۇقىغا، بەلكى پەقەت قانداقتۇ قوچاق كومېدىيىسىنىڭ بارلىقىغا، ھازىرقى ئادەملەر ئۆزلىرىنى خۇددى چوڭ بىر ئىش قىلىۋاتقاندەك كۆرسىتىپ، بۇ كومېدىيىنى ئويناش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتىدۇ، دېگەن پىكىرگە ئىشەنگەندەك كۆرۈنەتتى. كىنەز ئاندرېي ئاتىسىنىڭ ھازىرقى زامان ئادەملىرىنى مازاق قىلىپ ئېيتقان گەپلىرىگە ئوچۇق چىراي بىلەن سەۋرى-تاقەت قىلاتتى ۋە خېلى روشەن خۇشال قىياپىتى بىلەن ئاتىسىنى سۆزلەشكە ئۈندەيتتى ھەم ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالاتتى.

— بۇرۇنقى زاماندا بولغانلارنىڭ ھەممىسى ئوبدان كۆرۈنىسە كېرەك، — دېدى كىنەز ئاندرېي، — سۇۋوروۋنىڭ ئۆزىمۇ مورو② قويغان تاپان-توزاقتا چۈشكەن ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ چىقىشنى بىلمىگەن ئەمەسمۇ؟

— بۇنى ساڭا كىم دېدى؟ كىم؟ — دەپ ۋاقىرىدى كىنەز. — سۇۋوروۋ! — شۇنىڭ بىلەن ئۇ تەخسىنى چۆرۈپ تاشلىۋەتكەن ئىدى،

① 18-ئەسىر روسىيىسىنىڭ سىياسى ۋە ھەربى ئالىملىرى، يېكاتېرىنا II نىڭ يېقىن ئەمەلدارلىرى. — تەر.

② ناپالېئوننىڭ قول ئاستىدىكى گېنېرال، كېيىن دۈشمىنىگە ئايلانغان.

تـخون ئۇنى دەرھـال تۇتۇۋالـدى. ــ سـۇۋۇرووۋ!...ئويـلاپ گەپ قىلىڭ، كىنەز ئاندرې. ئىككى كـشى: فرىدرىـخ ① ۋە سۇۋۇرووۋ... مورو ئـىمـىش ...ئەگەر سۇۋۇرووۋ قولـى ئەركـىن بولـسا ئـىدى، مورونى ئەسىر ئالغان بولاتتى؛ ئەمما سۇۋۇرووۋقا② Hofs — Kriegs — Wurst — schnapps — Rath ③ — توسقۇنلۇق قىلاتتى. ئۇنىڭدىن شەيـتانـىمۇ مەمـنـۇن ئەمەس. شۇ يەرگە بارغانـلىرىـڭـدا بۇ Hofr — Kriegs — Wurst — Raths نىڭ نىمىلىگىنى بىلەلەيسلەر! سۇۋۇرووۋ ئۇلارنى ئەپلەلمىسە، مىخايىل كوتۇزووۋ نىـمە قىلالـسۇن! ياق، ئەزىزىم، ــ دىدى ئۇ سۆزىنى داۋام قىلىپ، ــ سىلەر ئۆزەڭلار- نىڭ گېنېرالـلىرىڭـلار بىلەن بوناپارتـقا قارشى تۇرالـمايـسـلەر؛ ئۆزلىرىنى ئۆزلىرىگە سىلىش ئۈچۈن فرانسۇزلارنى تېپىـش كېرەك. فرانسۇز مورونى ئەپكېـلىش ئۈچۈن نېـمىس پالېـن نيـۇ- يوركـقا، ئامېرىكىغا ئەۋەتىلگەن، ــ دىـدى ئۇ؛ ئۇ بۇ يەردە شۇ يىلى مورونى رۇس ئارمىيىسىگە كىرگۈزۈش ئۈچۈن قىلىنـغان تەكلىپـنى نەزەردە تۇتاتتى. ــ ئاجايىپ ئىش! پوتيومكىنلار، سۇۋۇرووۋلار، ئورلـوۋلار نېمىس كىشىلىرىمۇ؟ ياق، ئەزىزىم، ياكى سىلەر ھەممەڭلار ئەقىلىڭ- لاردىـن ئازغان، ياكـى بولمـسا ئۆزەم ئېـسـىمـنى يوقاتـقان. خۇدا

---

① پروسسىيە كىنەزى بولۇپ، ئاۋسترىيە بىلەن ئىتتـىپاقلىشـىپ فرانسىيە جۇمھۇرىيىتىگە قارشى تۇرغان.

②سۆزمۇ - سۆز تەرجىمىسى: "سارايدا - ھەربى ئىشلار - ئۈچەيـلەر - ئاق ھاراق - كېڭەش پالاتا"، بۇ كىنەز بولكونسكى ئاۋسترىيىـنىڭ ھەربـى ئىشلار كېڭىشى ئۈچۈن قويغان نامى. ــ تەر.

③ 18 ـ ئەسىردىكى روسىيىنىڭ دۆلەت ئەرباپـلىرى، يېـكاتېرىنا II نىڭ يېقىن كىشىلىرى. ــ تەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

سىلەرگە مەدەت بولغاي، بىز كېيىن كۆرىمىز. سىلەرچە بوناپارت ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇلۇغ سەركەردە ئىمىش، ھىم!...

— مەن بارلىق ئەمىر-پەرمانلار ياخشى بولغان دەۋاتقىنىم يوق، — دېدى كىنەز ئاندرېي، — مەن پەقەت سىزنىڭ بوناپارت توغرىسىدا نىمە ئۈچۈن مۇشۇنداق مۇھاكىمە قىلىۋاتقانلىقىڭىزنى چۈشىنەلمەيۋاتىمەن. قانچىلىك مازاق قىلسىڭىز قىلىۋېرىڭ، ئەمما بوناپارت يەنىلا ئۇلۇغ سەركەردە!

— مىخايىل ئىۋانوۋىچ! — دەپ چاقىردى كىنەز، بولار ئۆز گېپى بىلەن ئاۋارە بولۇپ كېتىپ مېنى ئۇنتۇپ قالدى دەپ ئويلىغان ئارختېكتورغا قاراپ. — مەن سىزگە بوناپارت ئۇلۇغ تاكتىكچى دېمىدىمما؟ مانا، ئۇمۇ شۇنداق دەيدۇ.

— شۇنداق ھەزرەتلىرى، — دەپ جاۋاپ بەردى ئارختېكتور.

كىنەز يەنە ئۆزىنىڭ سوغاققىنا كۈلكىسى بىلەن كۈلۈپ قويدى.

— بوناپارت تەلەيلىك تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى ناھايىتى ئوبدان. ئۇنىڭ ئۈستىگە دەسلىۋىدىلا نېمىسلارغا ھۇجۇم قىلدى. پەقەت ھورۇنلىرى نېمىسلارنى دۇمبالىمىغان. دۇنيا بىنا بولغاندىن تارتىپ، ھەممە كىشى نېمىسلارنى دۇمبالاپ كەلگەن. ئۇلار بولسا ھېچكىمنى دۇمبالىمىغان، پەقەت بىر بىرى بىلەنلا دۇمبالىشىپ كەلگەن. بوناپارت ئاشۇلارنى يېڭىپ شۆھرەت قازانغان.

شۇنىڭ بىلەن كىنەز، ئۆزىنىڭ قارىشىچە، بوناپارت ئۆزى ئېلىپ بارغان ھەممە ئۇرۇشلاردا ۋە ھەتتا دۆلەتنىڭ ئىشلىرىدا يول قويغان ھەممە خاتالىقلىرىنى تەھلىل قىلىشقا باشلىدى. ئوغلى ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئېتىراز بىلدۈرمىسىمۇ، لېكىن قانداق دەلىل كەلتۈرۈلمىسۇن، ئاتىسىدەك ئۆز پىكرىدىن قايتماسلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

كىنەز ئاندرېي شۇنچە ياشانغان بۇ كىشىنىڭ شۇنچە يىللاردىن بېرى ئۆزى يالغۇز ھېچنەگە چىقماستىن يېزىدا تۇرۇشىغا قارىماي، كېيىنكى بىرقانچە يىللاردىن بۇيانقى ياۋروپانىڭ بارلىق ھەربى ۋە سىياسى ئەھۋاللىرىنى شۇنچىلىك تەپسىلى ۋە شۇنچىلىك ئىنچىكىلىك بىلەن بىلىشى ھەم مۇھاكىمە قىلىشى دىگەن سۆزلىرىنى گەپ ياندۇرماستىن تىڭشايتتى ۋە ئۇنىڭغا ئىختىيارسىز ئەجەپلىنەتتى.

— سەن، مېنى، بۇ قېرى ئادەم ھازىرقى ئەھۋاللارنى چۈشەنمەيدۇ، دەپ ئويلامسەن؟ — دىدى ئاخىرىدا كىنەز. — ۋەزىيەت ماڭا تېچلىق بەرمەيدۇ! مەن كېچىسى ئۇخلىيالمايمەن، — ھە، قېنى سېنىڭ بۇ ئۇلۇغ سەركەردەڭ، نەدە ئۆزىنى كۆرسىتىپتۇ؟

— سۆزلىسەڭ گەپ ئۇزۇن، — دەپ جاۋاپ بەردى ئوغلى.

— بار ئەنە شۇ بوناپارتىڭ ئالدىغا!

— M-lle Bourienne, voilà encore un admirateur de votre goujat d,empereur (بۇرېننى خېنىم، سېنىڭ مالاي پادىشايىڭنىڭ يەنە بىر مۇخلىسى)! — دەپ ۋاقىرىدى ساپ فىرانسۇز تىلى بىلەن.

— Vous savez, que je ne suis pas bonapartiste, mon prince. (بىلىسىزغۇ، كىنەز، مەن بوناپارتچى ئەمەسقۇ!)

"Dieu sait quand reviendra" — (خۇدا بىلىدۇ، قاچان قايتار، ئۇ يۇرتقا)... — كىنەز ئاھاڭنى بۇزۇپ ناخشا ئېيتىپ قويدى ۋە كېيىن تېخىمۇ يالغاندىن كۈلۈپ قويدى-دە، تاماقخانىدىن چىقىپ كەتتى.

كىچىككىنە كىنەز ئايىم پۈتۈن مۇنازىرە ۋە تاماق داۋامىدا گەپ قىلماستىن ئولتۇراتتى ۋە تەشۋىشلەنگەن ھالدا بىر دەم كىنەزقىزى

مارىيەگە، بىر دەم قېيىناتىسىغا قارايتتى. ئاماقخانىدىن يېنىپ چىق-
قاندا، قېيىنسىڭلىسىنىڭ قولىنى تۇتۇپ، ئۇنى باشقا ئۆيگە ئېلىپ
كىردى.

— Comme c'est un homme d'esprit vorte peré, c'est à cause de cela peut être quil ma fait peur. (ئاتىڭىز نىمە دېگەن دانىشمەن ئادەم. ئېھتىمال، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ
مېنى سۈر باسقان بولۇشى مۇمكىن)، — دېدى.

— ئاھ، ئۇ ناھايىتى ياخشى ئادەم! — دېدى كىنەز قىزى.

## 25

كىنەز ئاندرېي ئەتىسى كەچقۇرۇن يولغا چىقاتتى. قېرى كىنەز
ئۆزىنىڭ ھەر كۈندىكى ئادىتىنى ئۆزگەرتمەي، تاماقتىن كېيىن ئۆز
ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. كىچىككىنە كىنەز ئايىم قېيىنسىڭلىسىنىڭ ياتاق-
خانىسىدا ئىدى. كىنەز ئاندرېي چوچىلىق پاگونى يوق سەپەر كىيىمىنى
كىيىپ، ئۆزىگە ئاجرىتىلغان ئۆيدە خىزمەتكارى بىلەن بىللە يۈك-
تاقلىرىنى يىغىشتۇرماقتا ئىدى. ھارۋىنى ۋە نەرسە-كېرەكلىرىنىڭ
چامىدانلارغا قاچىلىنىشىنى ئۆزى بىر مەرتىۋە تەكشۈرۈپ چىققاندىن
كېيىن، ھارۋىنى قېتىشنى بۇيرۇدى. ئۆيدە پەقەت كىنەز ئاندرېي
دائىم ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرىدىغان نەرسىلىرى — بىر كىچىك
قۇتا، يېمەك-ئىچمەك سالىدىغان كۈمۈش ساندۇق، ئىككى دانە
تۈركىيە تاپانچىسى ۋە ئاتىسى ئوچاكوۋ① تىن سوغا قىلىپ

① تۈركلەرنىڭ مۇھىم ئىستىھكامى بولۇپ، 1788 - يىلى سۇۋوروۋ ئەس-
كەرلىرى ئىشغال قىلغان. — تەر.

ئېلىپ كەلگەن قىلىچى قالدۇرۇلغان ئىدى. كىنەز ئاندرېنىڭ بارلىق سەپەر لازىمەتلىكلىرى ناھايىتى رەتلىك بولۇپ، ھەممىسى يېڭى، تازا ۋە سوكنو قاپلارغا قاچىلىنىپ تاسمىلار بىلەن چىڭ چېگىلگەن ئىدى.

ئۆزىنىڭ قىلىقلىرىنى ئەتراپلىق ئويلاشنى بىلىدىغان كىشىلەر سەپەرگە چىقىۋاتقان ۋە تۇرمۇشىدا ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان مىنۇتلاردا، ئادەتتە ئوي ـ پىكىرلىرىدە ھامان جىددى كەيپىيات پەيدا بولىدۇ. مۇنداق چاغلاردا كىشلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۆتمۇشتىكى ئىشلىرىنى تەك ـ شۇرۇپ كۆرىدۇ ۋە كەلگۈسىدىكى ئىشلىرىنى پىلانلايدۇ. كىنەز ئاند ـ رېنىڭ چىرايى ئويچان ۋە مۇلايىم ئىدى. ئۇ ئىككى قولىنى ئارقى ـ سىغا تۇتۇپ، ئالدىغا قاراپ، ئۇ بۇلۇڭدىن بۇ بۇلۇڭغا تېز ـ تېز مېڭىپ يۈرەتتى، توپ ـ توغرا ئالدىغا قارايتتى ۋە ئويچان ھالدا بېشىنى لىڭشىتىپ قوياتتى. ئۇرۇشقا بېرىشتىن قورقۇۋاتامدۇ ياكى خوتۇنىنى تاشلاپ كېتىشتىن قايغۇرۇۋاتامدۇ، ئېھتىمال، ھەر ئىككى خىل ئەھۋال بولۇشى مۇمكىن، ــ ئىشقىلىپ كىنەز ئاندرېي شۇ ئەھ ـ ۋالدا كىشلەرگە ئۆزىنى كۆرسەتكۈسى كەلمىگەن بولسا كېرەك. دەھلىزدىن قەدەم تاۋۇشىنى ئاڭلاپ، دەرھال قوللىرىنى قويۇپ بېرىپ، شىرە ئالدىدا توختاپ قالدى ـ دە، خۇددى كىچىك ساند ـ دۇق سېلىنغان قاپنى باغلاۋاتقاندەك قىلىپ، ئۆزىنىڭ ھەممە ۋاقىت ـ دىكىدەك خاتىرجەم، قانداق كەيپىياتتا ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولماي ـ دىغان بىر خىل قىياپەتكە كىرىۋالدى. بۇ كىنەز قىزى مارىيەنىڭ ئېغىر قەدەم تاۋۇشلىرى ئىدى.

ــ ھە، يولغا چىقماقچى بوپسەن، ــ دېدى كىنەز قىزى ھاسىراپ (ئۇنىڭ يۈگۈرۈپ كەلگەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى)، ــ سەن بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئايرىم ھالدا سۆزلەشكۈم بار ئىدى. خۇدا بىلىدۇ، يەنە قانچىلىك ۋاقىت ئايرىلىپ كېتەرمىزكىن ـ تاڭ. مېنىڭ كەلگىنىمگە خاپا بولماسەن؟ سەن ناھايىتى ئۆزگىرىپ كېتىپسەن، ئاندرۇشا، ــ دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ، خۇددى ئۆزىنىڭ سوئالىغا ئىزاھات بەرگەندەك.

ئۇ "ئاندرۇشا" دەپ كۈلۈمسىرەپ قويدى. كىنەز قىزىنىڭ ئالدىدا تۇرغان بۇ جىددى ۋە چىرايلىق يىگىت بالىلىق چاغلىرىدىكى دوستى بولغان ھىلىقى ياداڭغۇ، شوخ ئاندرۇشانىڭ ئۆزى ئىكەنلىگىنى ئويلاپ، ئۇنىڭ ئەجەپلىنىپ كەتكەنلىگى روشەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ــ Lise (لىزا) قېنى؟ ــ دەپ سورىدى كىنەز ئاندرېي ئۇنىڭ سوئالىغا پەقەت تەبەسسۇم بىلەن جاۋاپ بېرىپ.

ــ ئۇ شۇنچىلىك ھېرىپ كېتىپتۇكى، ئۆيۈمدە دىۋاندا ئۇخلاپ قالدى. Ah, André! Quel tresor de femme vous avez, (ئاللا، ئاندرېي! خوتۇنۇڭ نىمە دىگەن گۆھەر)، ــ دىدى كىنەز قىزى ئاكىسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى دىۋاندا ئولتۇرۇۋېتىپ. ــ خوتۇنۇڭ ھازىر تېخى تامامەن ياش بالا، شۇنداق سۆيۈملۈك، خۇشخۇي بالا ئىكەنكى، مەن ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۆرۈپ قالدىم.

كىنەز ئاندرېي لام ـ مىم دىمىدى، ئەمما كىنەز قىزى ئۇنىڭ چىرايىدا پەيدا بولغان كىنايە ۋە نەپرەتلىك بىر ئىپادىنى بايقىدى.

ــ ئەمما، ئۇششاق ـ چۈشەك كەمچىلىكلەرگە ئېتىۋار قىلماسلىق كېرەك، مۇنداق ئاجىزلىقلار كىمدە يوق دەيسەن، ئاندرېي! سەن ئۇنىڭ يۇقۇرى تەبىقىلەر مۇھىتىدا تەربىيىلەنگەنلىگى ۋە ئۆسكەنلىگىنى ئۇنتۇپ قالما. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ئۇنچە

ياخشى ئەمەس، ھەر بىر كىشىنىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىش كېرەك. (ھەممىنى Tout com- prendre, c'est tout pardonner چۈشەنگەن ئادەم، ھەممىنى كەچۈرىدۇ). ئۆزەڭ ئويلاپ كۆر، مۇنداق تۇرمۇشقا كۆنۈپ قالغاندىن كېيىن، ئەمدى ئېرىدىن ئاجرىلىپ، ئېغىر-ئاياق كۈنلىرىدە يەنە ئۆزى يالغۇز يېزىدا قالسا، بۇ بىچارە قانداق قىلىدۇ؟ بۇ ئەلۋەتتە ناھايىتى ئېغىر-دە.

كىنەز ئاندرېي سىڭلىسىغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى، بۇ خۇددى بىزنىڭ يېپىدىن يىڭنىسىغىچە بىلىمىز دەپ ئويلايدىغان ئادەملەرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاۋېتىپ كۈلۈپ قويغىنىمىزغا ئوخشايتتى.

— سەنمۇ يېزىدا تۇرۇۋېسەن، ئەمما بۇ ھاياتنى ئېغىر دېمەيسەنغۇ، — دېدى كىنەز ئاندرېي.

— مەن باشقا گەپ. مېنىڭ ھەققىمدە گەپ قىلىپ نىمە قىلىسەن! مەن باشقىچە ھاياتنى خالىمايمەن ۋە خالىشىممۇ مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى باشقىچە ھېچقانداق ھاياتنى بىلمەيمەن. بىراق، ئاندرېي، ئۆزەڭ ئويلاپ كۆر، يۇقۇرى تەبىقىلەر مۇھىتىدا ئۆسكەن ياش بىر جۇۋان ئۆزىنىڭ راسا گۈل-گۈلى ئېچىلغان ۋاقتىنى يېزىدا يەككە ئۆتكۈزسە؛ ئۆزى يەككە، چۈنكى، ئاتام ھەمىشە ئالدىراپ يۈرىدۇ، مەن بولسام... مېنى ئۆزەڭ بىلىسەن... يۇقۇرى تەبىقىلەر مۇھىتىغا ئۆگىنىپ قالغان بىر جۇۋان ئۈچۈن مەندەك كۆڭلى سۇنۇق بىر غېرىپنىڭ ئاشىندار چىلىغى قانچىلىك كۆڭۈلسىز. M-lle Bourienne (بۇرېننى خېنىم) يالغۇز....

— سىزنىڭ ئاشۇ بۇرېننى خېنىمىڭىز ماڭا قىلچىلىكمۇ ياقمايدۇ. — دېدى كىنەز ئاندرېي.

— ياق، ئۇنداق ئەمەس! ئۇ ناھايىتى سۆيۈملۈك ۋە ناھايىتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئاق كۆڭۈل، بولۇپمۇ مۇڭلۇق قىز. راستىنى ئېيتسام، ئۇنىڭ ماڭا لازىملىقى يوقلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ شۇ يەردە بولۇشى مالال كېلىدۇ. ئۇنىڭ ھېچكىمى يوق، ھېچكىمى. ئۆزەڭ بىلىسەن، مەن ئەزەلدىنلا ياۋايى ئادەم، ھازىر تېخىمۇ بەتتەررەك. مەن يالغۇزلۇقنى ياخشى كۆرىمەن.... Mon père (ئاتام) بۇرېننى خېنىمغا ناھايىتى ئامراق، ئۇ ۋە مىخايىل ئىۋانوۋىچ ئىككىيلەنگە ئاتام ھەمىشە ياخشى گەپ قىلىپ مېھرىۋانلىق قىلىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئۇنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىدۇ؛ خۇددى ستېرن ① ئېيتقاندەك، "بىز ئادەملەرنى، ئۇلارنىڭ بىزگە قىلغان ياخشىلىقىغا قارىغاندا، ئۆزىمىزنىڭ ئۇلارغا قىلغان ياخشىلىقىمىز ئۈچۈن كۆپرەك ياخشى كۆرىمىز." Mon pere (ئاتام) بۇ يېتىم قىزنى sur le pare (كوچىدىن) تېپىۋالغان، ئۆزىمۇ ناھايىتى ياخشى قىز، Mon pere (ئاتام) مۇ ئۇنىڭ كىتاپ ئوقۇپ بېرىشىنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ كېچىلىرى دادامغا ئاۋازىنى چىقىرىپ كىتاپ ئوقۇپ بېرىدۇ.

— راستىنى ئېيتقاندا، مارىيە، مەن ئويلايمەنكى، ئاتامنىڭ خاراكتېرى بەزىدە ساڭا ناھايىتى ئېغىر تۇيۇلسا كېرەك، شۇنداقمۇ؟ — دەپ سورىدى بىردىنلا كىنەز ئاندرېي.

كىنەز قىزى مارىيە دەسلەپ ھاڭ-تاڭ بولۇپ قالدى، كېيىن بۇ سوئالدىن قورقۇپ قالدى.

— ماڭىما؟...ماڭا؟!...ماڭا ئېغىرما؟! — دېدى كىنەز قىزى.

— ئۇ ئەزەلدىنلا توك ئىدى، ئەمدى بەتخوي بولۇپ قاپتۇ دەپ،

---

① ستېرن — 18 - ئەسىردىكى ئىنگلىز ئەدىبى، تولستوي ئۇنىڭ رومانلىرىنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. — تەر.

ئويلايمەن، — دېدى كىنەز ئاندرې، ئاتىسىنى مۇشۇنداق يەڭگىللىك بىلەن تەنقىت قىلىپ، سىڭلىسىنى ئەتەي تەشۋىشكە سالماقچى ياكى سىناپ كۆرمەكچى بولغاندەك.

— سەن ھەممە جەھەتتىن ئوبدان، ئاندرې، بىراق، سېنىڭدە قانداقتۇ ئۆزەڭنى ئەقىللىق سانايدىغان مەغرۇرلۇق بار، — دېدى كىنەز قىزى، گەپىنىڭ بېرىشىغا قارىغاندا ئۆز پىكرىنىڭ ئېقىشىغا كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈپ، — بۇ ناھايىتى زور گۇنا. ئاتا بولغۇچىنى مۇشۇنداق تەنقىتلەش مۇمكىنمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئالايلۇق، مۇمكىنمۇ بولسۇن، ئاتامغا ئوخشاش بىركىشى vénération (ئېھتىرام) دىن تاشقىرى يەنە قانداق تۇيغۇنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن؟ ئاتامنىڭ يېنىدا بولغانلىغىم ئۈچۈن مەن ناھايىتى مەمنۇن ۋە بەختلىك! سىلەرنىڭمۇ مەندەك بەختلىك بولۇشۇڭلارنى تىلەيمەن.

ئاكىسى ئىشەنمىگەندەك باش چايقىدى.

— مېنىڭ ئۈچۈن ئېغىر بولغان بىرگىنە نەرسە، — مەن ساڭا راستىنى ئېيتاي، ئاندرې، — ئاتامنىڭ دىنىي مەسىلىلەرگە قاراش پوزىتسىيىسى. مەن، مۇشۇنداق زور ئەقىل ئىگىسىنىڭ نىمە سەۋەپتىن، خۇددى كېچە-كۈندۈزدەك روشەن نەرسىنى كۆرەلمەيۋاتقانلىغىنى ۋە شۇنچە ئادىشىپ كېتىۋاتقانلىغىنى چۈشىنەلمەيمەن. مېنىڭ بىردىن-بىر بەختسىزلىگىم مانا شۇ. لېكىن بۇ مەسىلىدىمۇ مەن يېقىندىن بېرى ئالغا ئىگىرىلەشنىڭ كۆلەڭگىسىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن. ئۇنىڭ مازاق قىلىشى يېقىندىن بېرى ئۇنچىلىك زەھەرلىك بولمىدى، بىر موناخ بار ئىدى، ئۇنى قوبۇل قىلدى، ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاق ۋاقىت سۆزلەشتى.

— لېكىن، دوستۇم، سىز موناخ بىلەن ئىككىڭىز بىكاردىن-بىكار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇرۇنمىسۇن دەپ قورقىمەن، — دېدى كىنەز ئاندرېي زاڭلىق قىلغان ھالدا كۈلۈمسىرەپ، ئەمما مۇلايىملىق بىلەن.

— ئوھو، ئەزىزىم. مەن پەقەت خۇداغا سىغىنىمەنۇ، ئۇنىڭ مەرھەمىتىدىن ئۈمىت قىلىمەن. ئاندرېي، — دېدى ئۇ، سەل توختىغاندىن كېيىن قورققان ھالدا، — مېنىڭ ساڭا چوڭ بىر ئىلتىماسىم بار.

— نىمە ئىدى، ئەزىزىم؟

— ياق، ئاۋال ماڭا "رەت قىلمايمەن" دەپ ۋەدە بەر. بۇنىڭ ساڭا ھېچقانداق قىيىنچىلىقىمۇ يوق، بۇنىڭدىن ساڭا ھېچقانداق زىيانمۇ يەتمەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن ماڭا پەقەت تەسەللى بېرىسەن، خالاس. ۋەدە بەر، ئاندرۇشا! — دېدى كىنەز قىزى قولىنى قاپتورغىسىغا تىقىپ، ئۇ قاپتورغىسىدا بىرنەرسىنى تۇتۇپ تۇراتتى ۋە بۇ نەرسىنى تا ئاكىسىدىن ئىلتىماسىنى ئورۇنلاشقا ۋەدە ئېلىشتىن بۇرۇن قاپتورغىسىدىن چىقىرىپ كۆرسەتمەيدىغاندەك ھەم ئىلتىماسىمۇ پەقەت شۇنىڭغا باغلىقتەك كۆرۈنەتتى.

ئۇ ئاكىسىغا قورقۇپ يالۋۇرغان قىياپەتتە قاراپ تۇراتتى.

— مېنىڭ ئۈچۈن قىيىن بولغان تەقدىردىمۇ... — دېدى كىنەز ئاندرېي گويا بۇ ئىشنىڭ تېگى نىمىلىگىنى بىلىۋالغاندەك.

— مەيلى، نىمە دېسەڭ دەۋە! مەن بىلىمەن، سەن خۇددى mon pere (ئاتامغا) ئوخشاش. نىمە دېسەڭ دەۋە، لېكىن مەن ئۈچۈن بۇ ئىشنى ئورۇنلا. ياق دېمىگىن! بۇنى ئاتامنىڭ ئاتىسى، يەنى بىزنىڭ بوۋىمىز ھەممە ئۇرۇشلاردا ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرگەن... — ئۇ قولىدا تۇتۇپ تۇرغان نەرسىنى يەنىلا قاپتورغىسىدىن چىقارمايتتى، — دېمەك، ۋەدە بېرەمسەن؟

— ئەلۋەتتە، قانداق نەرسە ئۇ؟

— ئاندرې، مەن ساڭا مۇشۇ بۇتنىڭ ئالدىدا ئاق يول تىلەي، سەن بۇنى مەڭگۈ بوينۇمدىن ئالمايمەن دەپ چوقۇم ۋەدە بەر... ۋەدە بېرەمسەن؟

— ئەگەر ئۇ ئىككى پۇت ئېغىرلىقتا بولمىسا ۋە بوينۇمنى بېسىپ ئۈزۈپ تاشلىمىسا.... سېنى خۇرسەن قىلىش ئۈچۈن... — دېدى كىنەز ئاندرې، لېكىن چاخچاق قىلغاندا سىڭلىسىنىڭ چىرايىدا پەيدا بولغان غەمكىن قىياپەتنى دەرھال سېزىۋېلىپ يەنە پۇشايمان قىلىپ قالدى. — ناھايىتى خۇرسەنمەن، راستىن ناھايىتى خۇرسەن، ئەزىزىم، — دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ.

— سېنىڭ خاھىشىڭنىڭ ئەكسىچە، ئۇ سېنى بالا-قازادىن ساقلايدۇ، ساڭا شەپقەت ئاتا قىلىدۇ ۋە سېنى ئۆز دەرگاھىغا تارتىدۇ، چۈنكى كىشى ئۇنىڭدىن ھەقىقەت ۋە تەسەللى تاپىدۇ، — دېدى كىنەز قىزى ھاياجانلىنىپ تىترىگەن ئاۋازى بىلەن؛ ئۇ سىلىق كۈمۈش زەنجىرگە ئېسىلغان، قەدىمىي پۇراقلىق ۋە قەدىمىي رەڭلىك، يۈزى قاپ-قارا، كىچىك ئالتۇن رەڭلىك نىجاتچىسىنىڭ يۇمۇلاق سۈرىتىنى ئاكىسىنىڭ ئالدىدا ئىككى قولى بىلەن تەنتەنىلىك ھالدا تۇتۇپ تۇراتتى.

ئۇ چوقۇندى ۋە بۇتنى سۆيۈپ قويغاندىن كېيىن، ئۇنى ئاندرېغا سۇندى.

— مەرھەمەت، ئاندرې، مېنىڭ ئۈچۈن....

ئۇنىڭ چوڭ كۆزلىرىدىن مېھرىۋان ۋە مەيۈسلۈك نۇرلىرى چېچىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ كۆزلىرى ئۆزىنىڭ پۈتۈن ياداڭغۇ ۋە كېسەلچان چىرايىنى يورۇتۇپ، يۈزىنى چىرايلىق قىلىپ تۇراتتى. ئاكىسى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بۇتنى ئۇنىڭ قولىدىن ئالماقچى بولغان ئىدى. لېكىن كىنەز قىزى ئۇنى توختىتىۋالدى. كىنەز ئاندرېي ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلغانلىقىنى دەرھال چۈشىنىپ چوقۇندى ۋە بۇتنى سۆيۈپ قويدى. ئۇنىڭ يۈزىدىمۇ بۇ چاغدا بىر خىل مۇلايىملىق (ئۇ ھاياجانلانغان ئىدى) پەيدا بولدى، ئەمما يەنە بىر خىل مازاق قىلىش ئىپادىسىمۇ بار ئىدى.

— Merci mon ami (رەھمەت ساڭا، ئەزىزىم).

ئۇ ئاكىسىنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى ۋە كېيىن يەنە دىۋاندا ئولتۇردى. ئۇلار بىر پەس جىم بولۇشتى.

— ھېلى مەن ساڭا ئېيتقاندەك، ئاندرېي، ھەر ۋاقىتتىكىدەك مېھرىۋان ۋە ئالىي ھىممەتلىك بول. لىزاغا قاتتىق قوللۇق قىلمىغىن، — دېدى كىنەز قىزى گېپىنى باشلاپ، — ئۇ شۇنچىلىك سۆيۈملۈك ۋە شۇنچىلىك مېھرىۋانكى، ئۇنىڭ ئەھۋالى ھازىر ناھايىتى ئېغىر.

— مەن ساڭا خوتۇنۇمنىڭ بىرەر ئىشى ماڭا ياقمايدۇ، ئۇنىڭدىن نارازىمەن دېمىگەن ئىدىمغۇ ماشا①. سەن نېمىشقا ماڭا بۇ گەپلەرنى قىلىسەن؟

كىنەز قىزى مارىيە قىزىرىپ كەتتى ۋە خۇددى ئۆزىنى ئەيىپلىك ھېس قىلغاندەك، لام-مىم دېمىدى.

— مەن ساڭا ھېچنېمە دېمىگەن ئىدىم، ئەمما ساڭا باشقىلار دەپتۇ. بۇنىڭغا ناھايىتى ئېچىنىمەن.

كىنەز قىزى مارىيەنىڭ پېشانىسى، بويىنى ۋە ئىككى مەڭزىدىكى

---

① ماشا — مارىيەنىڭ ئەركىلىتىلگەن يەنە بىر ئىسمى. — تەر.

قىزىللىق بارغانسېرى روشەن تۇس ئالغان ئىدى. ئۇ قانداقتۇ بىر سۆزلەرنى دېمەكچى بولاتتى-يۇ، ئەمما ئېيتالمايتتى. ئاكىسى دەرھال بىلىۋالدى: كىچىككىنە كىنەز ئايىم تاماقتىن كېيىن يىغلىغان ئىدى، تۇغۇتنىڭ قىيىنلىغىنىڭ ئالامەتلىرىنى ئالدىن سەزگەنلىگىنى، ئۇنىڭدىن قورقۇپ تۇرغانلىغىنى، ئۆزىنىڭ تەقدىرى، قېيناتىسى ۋە ئېرىدىن قېيىداپ يۇرگەنلىگىنى ئېيتقان ئىدى. ئۇ يىغىدىن كېيىن ئۇخلاپ قالغان ئىدى. كىنەز ئاندرېي ئۆزىنىڭ سىڭلىسىغا ئېچىناتتى.

— شۇنى بىلىپ قويۇڭكى، ماشا، مەن خوتۇنۇمنى زادىلا ئەيىپلىيەلمەيمەن. ئەيىپلىمىگەن ۋە مەڭگۇ ئەيىپلىمەيمەن، ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئۆزەمنىمۇ ئەسلا ئەيىپلىيەلمەيمەن؛ ئۆزەمنىڭ قانداق ئەھۋالدا بولۇشۇمدىن قەتئىي نەزەر، بۇ ھەممىشە مۇشۇنداق بولۇۋېرىدۇ. لېكىن ئەگەر سەن ھەقىقەتنى بىلىشنى خالىساڭ،...مەندىن بەختلىكمىسەن دەپ سورىساڭ، ياق دەپ جاۋاپ بېرەتتىم. ئۇ بەختلىكمۇ؟ ياق، ئۇمۇ بەختلىك ئەمەس. نىمە ئۇچۇن شۇنداق؟ ئۆزەممۇ بىلمەيمەن...

ئۇ بۇ سۆزلەرنى قىلىۋېتىپ ئورنىدىن تۇردى-دە، سىڭلىسىنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە ئېگىلىپ، ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى. ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزلىرى چوڭقۇر مەنە، مېھرىۋانلىق ئىپادە قىلىپ، ئادەتتىن تاشقىرى يارقىن نۇرلار چېچىپ تۇراتتى، بىراق ئۇ سىڭلىسىغا قارىمايتتى، بەلكى ئۇنىڭ بېشى ئۈستىدىن قىيا تۇرغان ئىشىكنىڭ قاراڭغۇ كۆلەڭگىسىگە قارايتتى.

— يۇر، لىزانىڭ ئالدىغا كىرەيلى، خوشلاشماقچىمەن. ياكى سەن بېرىپ ئۇنى ئويغىتىپ تۇر، ئارقاڭدىن مەن ھازىر بارىمەن. پېترۇشكا! — دىدى ئۇ خىزمەتكارىنى چاقىرىپ. — بۇ ياققا كەل، بۇ نەرسىلەرنى يىغىشتۇر. مانا بۇنى ئولتۇرىدىغان جايىغا قوي،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇنى ئوك تەرەپكە.

كىنەز قىزى مارىيە ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى-يۇ، كېيىن يەنە توختاپ قالدى.

— André, si vous arez la foi, vous vous seriez adressé à dieu, pour qu'il vous donne l'amour, que vous ne sentez pas et votre priére aurait été exaucée (ئاندرې، ئەگەر سەندە ئېتىقات بولغان بولسا ئىدى، سەن خۇدادىن تەلەپ قىلغان بولاتتىڭ، ئۇمۇ سەن ھېس قىلالمىغان مۇھەببەتنى ساڭا ئاتا قىلغان بولاتتى، سېنىڭ تەلىۋىڭمۇ ئاللىقاچان ئىجاۋەت بولغان بولاتتى.)

— ھە، كاشكى گەپ پەقەت شۇنداق بولسا! — دېدى كىنەز ئاندرې. — ماڭ، ماشا، مەن ھازىر كىرىمەن.

سىڭلىسىنىڭ ھوجرىسىغا كېتىۋېتىپ، يولدا، ئۆيلەرنى بىر بىرى بىلەن تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان ئۇزۇن تار دالاندا، كىنەز ئاندرې مۇلايىم تەبەسسۇم قىلىپ تۇرغان بۇرىيىننى ئۇچراتتى. ئۇ بۈگۈن شۇ كۈننىڭ ئۆزىدە ئۇنى خىلۋەت دالاندا ناھايىتى خۇرسەن ۋە ئىلجىيىپ تۇرغان ھالدا ئۈچىنچى قېتىم ئۇچرىتىشى ئىدى.

— Ah! je vous croyais ehez vous (ۋىيەي! مەن سىزنى ئۆز ئۆيىڭىزدە دەپ ئويلاپتىمەن)، — دېدى ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر، قىزىرىپ يەرگە قاراپ.

كىنەز ئاندرې ئۇنىڭغا جىددى قىياپەتتە قارىدى. كىنەز ئاندرېنىڭ چىرايىدا بىردىنلا غەزەپلىنىش كەيپىياتى ئىپادىلەنگەن ئىدى. كىنەز ئاندرې ئۇنىڭغا ھېچنېمە دېمىدى، لېكىن كۆزىگە قارىماستىن ئۇنىڭ پېشانىسى ۋە چاچلىرىغا شۇنداق نەپرەتلىك تۈيغۇسى بىلەن

قارىغان ئىدىكى، نەتىجىدە بۇرنىنى خېنىم پوكاندەك قىزىرىپ، لام-مىم دىمەستىن كېتىپ قالدى. كىنەز ئاندرېي سىڭلىسىنىڭ بولمىسىغە يېقىن كەلگەن چاغدا، كىنەز ئايىم ئاللىقاچان ئويغىنىغان، ئۇنىڭ تېز-تېز بىر بىرىگە ئۇلاپ قىلىۋاتقان سۆزلىرىنىڭ خوشال ئاۋازى ئۇچىۋق ئىشىكتىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇ خۇددى ئۇزۇن ۋاقىت ئۆزىنى تۇتۇۋالغاندىن كېيىن، ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىتنى تولدۇرماقچى بولۇۋاتقاندەك سۆزلەيتتى.

— Non, mais figurez-vous, la vieille comtesse Zouboff avez de fausses boudes et la bouche pleine de fausses dents, comme si elle voulait défier les années···

(ياق، كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈڭا، ھىلىقى قېرى Xa, xa, xa, Mare! گراف ئايىم زۇبوۋانى، يالغان بودۇر چاچ سېلىۋالغان، ئاغزىغا لىق يالغان چىشلارنى سالدۇرغان، ئۇ خۇددى ئۆزىنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىنى مازاق قىلغاندەك...خا-خا-خا! مارىيە!)

كىنەز ئايىم زۇبوۋا توغرىسىدىكى خۇددى مۇشۇ گەپلەرنى ۋە شۇ كۈلكىنى كىنەز ئاندرېي باشقىلارنىڭ ئالدىدا خوتۇنىدىن بەش قېتىم دىگۈدەك ئاڭلىغان ئىدى. ئۇ ئۆيگە ئاستا كىردى. سېمىزغىنا، ئىككى مەڭزى قىپ-قىزىل كىچىككىنە كىنەز ئايىم قولىدا قول ئىشىنى تۇتقان پېتى كرېسلودا ئولتۇرۇپ توختىماستىن سۆزلەۋاتاتتى، پېتىر-بۇرگ خاتىرىلىرى ۋە ھەتتا قۇرۇق گەپلەرنى بايان قىلىۋاتاتتى. كىنەز ئاندرېي ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ بېشىنى سىلىدى-دە، يولنىڭ ھاردۇغى چىققانمۇ دەپ سورىدى. كىنەز ئايىم جاۋاپ بەردى-يۇ، يەنە شۇ گەپنى داۋام قىلدى.

ئالتە ئاتلىق ھارۋا كوچا ئىشىگى ئالدىدا تۇراتتى. قورانى كۈزنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كەچكى قاراڭغۇسى قاپلىغان ئىدى. ھارۋىكەش ھارۋىنىڭ شوتىسىنىمۇ كۆرەلمەيتتى. ئىشىك ئالدىدا پانۇس كۆتەرگەن كىشىلەر يۈگۈرۈشۈپ يۈرمەكتە ئىدى. چوڭ ئۆيلەرنى ئۇنىڭ چوڭ دەرىزىلىرىدىن چۈشكەن يورۇقلۇق ئاپپاق يورۇتۇپ تۇراتتى. ياش كىنەز بىلەن خوشلاشماقچى بولغان خىزمەتكارلار ئايۋاندا يىغىلىشقان ئىدى؛ زالدا پۈتۈن ئۆي ئىچىدىكىلەر: مىخايىل ئىۋانوۋىچ، بۇرىيېننى خېنىم، كىنەز قىزى مارىيە ۋە كىنەز ئايىملار ھازىر بولغان ئىدى. كىنەز ئاندرېي ئاتىسىنىڭ كۇتۇپخانىسىغا چاقىرتىلغان ئىدى، چۈنكى ئاتىسى ئۇنىڭ بىلەن مۇقابىل تۇرۇپ خوشلاشماقچى ئىدى. ھەممەيلەن ئۇلارنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى.

كىنەز ئاندرېي كۇتۇپخانىغا كىرىپ كەلگەندە، قېرى كىنەز قېرىلارنىڭ كۆزەينىكىنى تاقاپ ۋە ئۆزىنىڭ ئاق خالىتىنى كىيگەن ھالدا (ئۇ بۇ كىيىم بىلەن ئوغلىدىن باشقا ھېچكىمنى قوبۇل قىلمايتتى) شىرە يېنىدا ئولتۇرۇپ خەت يېزىۋاتاتتى. ئۇ بېشىنى كۆتىرىپ قارىدى.

— ماڭامسەن؟ — ئۇ يەنە خېتىنى يېزىشقا باشلىدى.

— خوشلاشقىلى كىردىم.

— مەيەگە سۆيۈپ قوي، — دېدى ئاتىسى مەڭزىنى كۆرسىتىپ، — رەھمەت، رەھمەت!

— سىز نېمە ئۈچۈن ماڭا رەھمەت دەيسىز؟

— شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئارقىغا تارتىمىدىڭ، خوتۇنۇڭنىڭ يوپكىسىغا ئېسىلىپ قالمىدىڭ. ھەممىدىن خىزمەت ئەلا. رەھمەت، رەھمەت! — ئۇ يەنە يېزىشنى داۋام قىلدى، چىرتىلدىغان قەلەمنىڭ ئۇچىدىن سىيا چاچراپ تۇراتتى. — ئەگەر سۆزۈڭ بولسا، ئېيتىۋەر. كۆزۈم

خەتتە بولسمۇ، قۇلغىم سەندە، ــ دەپ قوشۇمچە قىلدى.

ــ ئاپالىم توغىرىسىدا... ئۇنى سىزگە تاشلاپ كېتىۋاتقانلىقىم ئۇچۇن شۇنداق خىجىل بولۇۋاتىمەنكى،...

ــ يالغان ئېيتىۋاتىسەنغۇ؟ دىمەكچى بولغىنىڭنى دەۋە.

ــ ئاپالىم يەڭگىشكە يېقىن قالغاندا، تۇغۇت دوختۇرى ئۇچۇن موسكۋاغا كىشى ئەۋەتىسىز.... ئۇ مەشەگە كەلسە.

قېرى كىنەز ئىشىنى توختاتتى-دە، گويا ئوغلىنىڭ سۆزىنى چۈشەنمىگەندەك قىياپەتتە، جىددى كۆزلىرى بىلەن ئوغلىغا تىكىلىپ قارىدى.

ــ مەن بىلمەن، ئەگەر تەبىئەت ياردەم بەرمىسە، ھېچكىم ياردەم بېرەلمەيدۇ، ــ دىدى كىنەز ئاندرېي ئۇيالغاندەك. ــ دۇرۇس، مىليونلىغان ئەھۋاللارنىڭ بىرىدىن بەختسىزلىك تۇغۇلىدۇ، بىراق بۇ ئۇنىڭ خام خىيالى ۋە مېنىڭمۇ خام خىيالىم. ئادەملەر ئۇنىڭغا بىر نەرسىلەرنى دەپتۇ، ئۇ چۈشىدە كۆرۈپتۇدەك، قورقۇۋاتقانغا ئوخشايدۇ.

ــ ھىم... ھىم... ــ ئۆزىچە غۇدۇڭشۇپ قويدى كىنەز يېزىشىنى داۋاملاشتۇرۇپ. ــ بولىدۇ، ئورۇنلايمەن.

ئۇ ئىمزا قويدى-دە، بىردىنلا ئوغلىغا بۇرۇلۇپ قارىدى ۋە كۇلۇپ كەتتى.

ــ تەشۋىش تارتىۋاتامسەن-ھە؟

ــ نىمىدىن، ئاتا؟

ــ ئايالىڭ! ــ دىدى قېرى كىنەز قىسقا ۋە مەنىلىك قىلىپ.

ــ چۈشەنمىدىم، ــ دىدى كىنەز ئاندرېي.

ــ شۇنداق، ئامالىڭ قانچە، ئەزىزىم، ــ دىدى كىنەز، ــ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

خوتۇنلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق، ئايرىلىشىپ كېتەلمەيسەن، قورقما: ھېچكىمگە دېمەيمەن، ئەمما ئۆزەڭ بىلىپ قال .

بوۋاي ئۆزىنىڭ سۆڭگى چىقىپ قالغان ئورۇق كىچىك قوللىرى بىلەن ئۇنى تۇتۇپ، سىلىكىپ قويدى ۋە كىشىنى تامامەن كۆرۈپ بىلگەندەك ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن ئوغلىنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قارىدى ـ دە، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنىلا ئۆزىنىڭ سوغاق كۆلىكىسى بىلەن كۈلۈپ قويدى.

ئوغلى ئۇھ تارتىپ قويدى، بۇ ئۇھ تارتىش ئاتىسىنىڭ ئۇنى چۈشەنگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغانلىقى ئىدى. بوۋاي خەتنى قاتلاپ كونۋېرتقا سالدى ۋە ئۆزىگە خاس ئەپچىللىك بىلەن سۇرۇق سىلىپ پېچەتلەشكە باشلىدى.

ــ ئىلاج قانچىلىك؟ چىرايلىق! مەن ھەممىنى ئورۇنلايمەن. خاتىرجەم بول، ــ دېدى بوۋاي پېچەتلەۋېتىپ گەپنى ئۈزۈپ ـ ئۈزۈپ سۆزلەپ.

ئاندرې سۆز قىلمايتتى: ئاتىسىنىڭ ئۇنى چۈشەنگەنلىكى ھەم ياقاتتى، ھەم ياقمايتتى. بوۋاي ئورنىدىن تۇرۇپ خەتنى ئوغلىغا بەردى.

ــ ماڭا قارا! ــ دېدى ئۇ ــ ئايالىڭ توغرىسىدا غەم قىلما: قولۇمدىن نېمە كەلسە شۇنى قىلىمەن. ئوبدان قۇلاق سال: خەتنى مىخايىل ئىلارىئونوۋىچقا① بەر. مەن سېنى ئوبدان ئورۇندا ئىشلە- تىشنى، ئۇزاق ۋاقىت ئاديۇتانت (بۇ، يارىماس خىزمەت!) قىلماس- لىقنى يازدىم. ئۇنىڭغا مېنىڭ ئۇنى ئەسلەيدىغانلىقىمنى ۋە ياخشى

---

① كۇتۇزوۋنىڭ چېركاۋدا قويۇلغان ئىسمى ۋە پەمىلىسى. ــ تەر.

كۆرىدىغانلىغىمىنى ئېيت. ئۇنىڭ سېنى قانداق قوبۇل قىلغانلىغىنى ماڭا ياز. ئەگەر ياخشى بولسا، خىزمىتىنى قىل. نىكولاي ئاندرېيېۋىچ بولكونىسكىنىڭ ئوغلى ھەرقانداق ئادەمنىڭ كۆزىگە قاراپ خىزمەت قىلىۋەرمەيدۇ. قېنى، ئەمدى بۇ ياققا كەل.

ئۇ شۇنچىلىك تېز سۆزلەيتتىكى، سۆزىنىڭ يېرىمىنى تۈگەتمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئوغلى ئۇنى چۈشىنىشكە ئادەتلىنىپ قالغان ئىدى. ئۇ ئوغلىنى خەت يازىدىغان شىرەنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىپ، تارتىمىسىنى ئالدىغا تارتىپ ئاغزىنى ئېچىپ، ئۆزىنىڭ يوغان، ئۇزۇن ۋە زىچ پوچېركىسى بىلەن لىق خەت يېزىلغان دەپتىرىنى چىقاردى.

— ئېھتىمال، مەن سېنىڭدىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كېتەرمەن. ئېسىڭدە بولسۇن، بۇلار مېنىڭ خاتىرىلىرىم، مەن ئۆلگەندىن كېيىن پادىشاغا سۇنغىن. ئەمدى بۇ يەردە يەنە لومبارد بېلىتى① ۋە بىر پارچە خەت بار: بۇ سۇۋوروۋنىڭ ئۇرۇش تارىخىنى يازغان كىشىگە بېرىلىدىغان مۇكاپات، ئۇنى ئاكادېمىيىگە ئەۋەتىش كېرەك. بۇ مېنىڭ خاتىرىلىرىم، مەن ئۆلگەندىن كېيىن ئوقۇپ باق، ساڭا پايدىسى تېگىدۇ.

ئاندرې ئاتىسىغا "ياق، سىز چوقۇم ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىسىز" دېمىدى، چۈنكى مۇنداق دېيىشنىڭ ھاجىتى يوق دەپ ئويلايتتى.

— ئېيتقانلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى ئورۇنلايمەن، ئاتا، — دېدى.

— ئانداق بولسا، خەير! — ئۇ قولىنى سۆيۈپ قويۇش ئۈچۈن

---

① لومبارد بېلىتى — گۆرەخانا قەغىزى. ئەينى زاماندا روسىيىدە دۆلەت تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان ئىدارە بولۇپ، پۇللۇق قەغەزلەر تارقىتىش ھوقۇقى بار ئىدى. — تەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئوغلىغا ئۇزاتتى ۋە ئۇنى قۇچاقلىدى. ــ شۇنى ئېسىڭدە تۇت، كىنەز ئاندرېي: ئەگەر سەن جەڭدە ھالاك بولساڭ، ماڭا ــ قېرى داداڭغا ئېغىر بولىدۇ... ــ ئۇ بىردىنلا جىم بولۇپ قالدى ۋە يەنە بىردىنلا ۋاقىراپ داۋام قىلدى: ــ ناۋادا مەن، سېنى نىكولاي بولكونسكىنىڭ ئوغلىغا خاس قىلىقنى قىلمىدى دېگەننى ئاڭلاپ قالغۇدەك بولسام، ئۇ چاغدا... ماڭا ئۇيات! ــ دەپ ۋاقىرىدى ئۇ.

ــ ماڭا بۇنداق سۆزلەرنى قىلمىسىڭىز بولاتتى، ئاتا، ــ دېدى ئوغلى كۈلۈپ تۇرۇپ.

بوۋاي جىم بولۇپ قالدى.

ــ مەن سىزدىن يەنە شۇنى سوراپ قالىمەن، ــ دېدى سۆزىنى داۋام قىلىپ كىنەز ئاندرېي، ــ ئەگەر مەن جەڭدە ھالاك بولسام ۋە ئەگەر خوتۇنۇم ئوغۇل تۇغسا، ئوغلۇمنى يېنىڭىزدىن ئاجراتمىسىڭىز، تۈنۈگۈن سىزگە ئېيتقاندەك، سىزنىڭ يېنىڭىزدا چوڭ بولۇپ قالسا... ئىلتىماسىم شۇ.

ــ خوتۇنۇڭغا بەرمەيمىزما؟ ــ دېدى بوۋاي ۋە كۈلۈپ قويدى.

ئۇلار گەپ قىلماستىن بىر بىرىگە قارىشىپ تۇراتتى. بوۋاينىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى توپ ــ توغرا ئوغلىنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلگەن ئىدى. قېرى كىنەزنىڭ كۆڭلى بۇزۇلغان ئىدى.

ــ خوشلىشىپ بولدۇق... قېنى، ماڭ! ــ دېدى بوۋاي بىردىنلا. ــ ماڭ! ــ ئۇ ئاچچىقلانغان ھالدا ۋاقىراپ كۇتۇپخانىسىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى.

كىنەز ئايىم بىلەن كىنەز قىزى كىنەز ئاندرېينى ۋە ئاق خالات كىيگەن، ياسىما چاچسىز، قېرىلارغا خاس كۆزەينەك تاقىغان قېرى كىنەزنىڭ ئىشىكتىن بېشىنى چىقىرىپ ۋاقىرىغىنىنى كۆرۈپ:

— نىمە بولدى، نىمە ۋەقە؟ — دەپ سوراشتى.

كىنەز ئاندرېي ئۇھ تارتىپ قويدى-دە، ھېچنىمە دەپ جاۋاپ بەرمىدى.

— خوش! — دىدى ئۇ خوتۇنىغا قاراپ؛ ئۇنىڭ بۇ "خوش!" دىگىنى گويا: "ئەمدى سىلەر ئۆزەڭلارنىڭ قىلىدىغىنىڭلارنى قىلىپ بېقىڭلارچۇ" دىگەندەك، سوغاق مەسخىرە قىلغاندەك ئاۋاز ئىدى.

— André déja? (ئاندرېي، ماڭغىنىڭىزما؟) — دىدى كىچىك كىنەز ئايىم ئاپپاق تاتىرىپ ۋە قورققان ھالدا ئېرىگە قاراپ.

ئۇ خوتۇنىنى قۇچاقلىدى. كىنەز ئايىم چىقىراپ، ھوشسىز ھالدا ئېرىنىڭ دولىسىغا يىقىلغان ئىدى.

كىنەز ئاندرېي خوتۇنى يىقىلىپ يۆلىنىپ تۇرغان دولىسىنى ئاۋايلاپ چەتكە ئالدى-دە، ئۇنىڭ چىرايىغا قارىدى، ئاندىن ئۇنى ئاۋايلاپ كرېسلوغا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى.

— Adieu, Marie (خەير، ماشا)، — دىدى ئۇ ئاستاغىنا سىڭلىسىغا؛ ئاندىن ئۆزئارا قوللىرىنى سۆيۈشۈپ، تېز قەدەم بىلەن ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

كىنەز ئايىم كرېسلودا ياتاتتى، بۇرىيىنى خېنىم ئۇنىڭ چېكىسىنى ئۇۋۇلىماقتا ئىدى. كىنەز قىزى مارىيە يەڭگىسىنى يۆلەپ تۇرۇپ، يىغلاپ تۇرغان چىرايلىق كۆزلىرى بىلەن يەنىلا كىنەز ئاندرېي چىقىپ كەتكەن ئىشىككە قارايتتى ۋە كېيىن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ چوقۇنماقتا ئىدى. كۇتۇپخانىنىڭ ئىچىدىن، خۇددى تاپانچا ئېتىلغاندا چىققان ئاۋازدەك، بوۋاينىڭ چۇشكۇرگەن چاغدىكى ئاچچىقلانغان ئاۋازلىرى تەكرار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كىنەز ئاندرېي چىقىپ كېتىش بىلەن تەڭلا، كۇتۇپخانىنىڭ ئىشىگى تېز ئېچىلدى-دە،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭدىن ئاق خالاتلىق بوۋاينىڭ جىددى قىياپەتلىك گەۋدىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— كەتتىمۇ؟ هە، بوپتۇ، — دەپ هۇشسىزلانغان كىچىك كىنەز ئايىمغا غەزەپلىنىپ قاراپ قويدى - دە، تەنە قىلغان هالدا بېشىنى لىڭشىتتى، ئاندىن ئىشىكنى تاراققىدا يېپىۋالدى.

# ئىككىنچى قىسىم

## 1

1805 ـ يىلىنىڭ ئۆكتەبىر ئېيىدا رۇس قوشۇنلىرى ئاۋستىرىيە بۈيۈك گېرتسوگلىغىنىڭ① يېزىلىرى ۋە شەھەرلىرىنى ئىشغال قىلغان، يەنە روسىيەدىن كېلىپ تۇرغان يېڭى قوشۇنلار ئۆزلىرى تۇرغان يەرلەردە خەلقلەرگە ئېغىرچىلىق سېلىپ، برائۇناۋ قەلئەسى ئەتراپىدا جايلاشقان ئىدى. برائۇناۋدا باش قوماندان كۇتۇزوۋنىڭ باش ئىشتاۋى تۇراتتى.

1805 ـ يىلىنىڭ 11 ـ ئۆكتەبىرىدە، برائۇناۋغا تېخى ئەمدىلا يېتىپ كەلگەن پىيادە قىسىملار پولكىنىڭ بىرى شەھەردىن يېرىم مىل يىراقلىقتىكى جايدا باش قوماندانىنىڭ كۆرەكتىن ئۆتكۈزۈشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. بۇ يەر ۋە بۇ يەردىكى شارائىتنىڭ روسىيەگە (مېۋىلىك باغلار، تاش تاملىق قورالار، خىش ياتقۇزۇلغان ئۆگزىلەر،

---

① گېرتسوگ ــ ئاۋستىرىيە شاھزادىلىرىنىڭ ئۇنۋانى؛ گېرتسوگ ــ قەدىمقى گېرمانلاردا سايلانغان ھەربى داھى، كېيىنرەك قەبىلىنىڭ مىراسخور باشلىغى؛ ئوتتۇرا ئەسىردە چوڭ فېئودال؛ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئالى ئۇنۋانلىرىدىن بىرى. ــ تەر.

يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان تاغلارنىڭ ۋە ئەسكەرلەرگە قىزىقىپ قاراپ تۇرغان غەيرى رۇس خەلقلىرىنىڭ) ئوخشىماسلىقىغا قارىماي، بۇ پولك روسىيىنىڭ مەركىزىدىكى ھەرقانداق جايدا كۆرەككە تەييارلىنىۋاتقان ھەرقانداق رۇس پولكىغا ئوخشايتتى.

قوشۇن ھەربىي يۈرۈشنىڭ ئاخىرقى بىر ئاخشىمى باش قوماندان پولكنى ھەربىي يۈرۈش ھالىتىدە كۆرەكتىن ئۆتكۈزىدۇ دېگەن بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالغان ئىدى. گەرچە بۇيرۇقتا ئېيتىلغان سۆزلەر پولك كاماندىرىغا نائېنىق تۇيۇلغان ۋە بۇ نائېنىقلىق: ھەربىي يۈرۈش كىيىملىرى بىلەنمۇ ياكى ئەمەسمۇ؟ دېگەن مەسىلىنى تۇغدۇرغان بولسىمۇ، باتالىئون كاماندىرلىرى كېڭىشىدە ”ئېيتقانىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنلاش چالا قىلغاندىن ئەۋزەل“ دېگەن ئوي بىلەن، پولكنى كۆرەك كىيىملىرى بىلەن ئۆتكۈزۈش قارار قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ئەسكەرلەر ئوتتۇز چاقىرىم ھەربىي يۈرۈشتىن كېيىن يەنە تۈن بويى كۆز يۇمماي يۇتۇق-ياماقلىرىنى يامىدى، كىر-قاتلىرىنى يۇيۇشتى؛ ئاديۇتانتلار بىلەن روتا كاماندىرلىرى ئادەم سانلىرىنى قايتا-قايتا مەلۇم قىلدى ۋە تەرتىپكە سالدى؛ شۇنداق قىلىپ، يولدا ئىلگىر-كېيىن سوزۇلۇپ، تەرتىپسىز بىر ئالامان سۈپىتىدە كېلىۋاتقان بۇ پولك ئەتىگەندە ھەر بىرى ئۆز ئورنىنى بىلىدىغان ۋە ھەرقايسىسىنىڭ تۈگمىسىدىن تارتىپ كەمىرىگىچە پاكىز ۋە پارقىراپ تۇرغان ئىككى مىڭ كىشىلىك مۇنتىزىم، تەرتىپلىك ئەسكەر بولۇپ قالدى. پەقەت سىرتىدىكى ھەممە نەرسىلىرى رەتلىك بولۇش بىلەنلا قالماي، بەلكى ئەگەر باش قوماندان ئۇلارنىڭ تاشقى كىيىملىرىنىڭ ئىچىگە قاراپ بېقىشنى لازىم تېپىپ قاراپ باققان بولسا، ئەسكەرلەرنىڭ ھەر بىرىدە ئوخشاشلا پاكىز كۆينەكنى ۋە ھەر بىرىنىڭ خالتىسىدا،

خۇددى ئەسكەرلەرنىڭ ئۆزى ئېيتىپ يۈرىدىغىنىدەك، "يىپ-يىڭنە-لەر ۋە سوپۇن-پوپۇنلار"غا مۇۋاپىق ساندىكى نەرسىلىرىنى كۆرگەن بولاتتى. پەقەت بىرگىنە ئەھۋال بار ئىدىكى، ئۇنىڭدىن ھېچكىم ئەمىن بولالمايتتى: ئۇ بولسىمۇ ئەسكەرلەرنىڭ ئاياق كىيىمى ئىدى. ئەسكەرلەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنىڭ ئۆتۈكلىرى تىتىلىپ كەتكەن ئىدى. بىراق، بۇ كەمچىلىك پولك كاماندىرىنىڭ سەۋەنلىكىدىن كېلىپ چىقمىغان ئىدى، چۈنكى ئۇنىڭ تەكرار تەلەپ قىلغانلىقىغا قارىماي، ئاۋستىرىيىنىڭ تەمىنات مەھكىمىسى ئۆتۈك بەرمىگەن، پولك بولسا مىڭلىغان چاقىرىم يولنى بېسىپ ئۆتكەن ئىدى.

پولك كاماندىرى خېلى ياشانغان، خۇشچاخچاق، قاش ۋە ساقال-لىرى ئاقىرىشقا باشلىغان، ساغلام، سېمىز گېنېرال بولۇپ، كۆكرە-كىدىن دۈمبىسىگە بولغان ئارىلىقى ئىككى دولىسىنىڭ ئارىلىقىدىنمۇ كەڭ ئىدى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدا يېڭىلا تىكىلگەن، قاتلاقلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان زەرھەل پاگون تاقالغان ھەربى كىيىم بار ئىدى، بۇ نەرسىلەر ئۇنىڭ سېمىز ئىككى يەلكىسىنى تۆۋەنگە بېسىپ ئەمەس، بەلكى خۇددى يۇقۇرىغا كۆتىرىپ تۇرغاندەك ئىدى. ئۇ ھاياتىنىڭ ئەڭ تەنتەنىلىك ئىشلىرىدىن بىرىنى خۇرسەنلىك بىلەن قىلىۋاتقان كىشىگە ئوخشايتتى. ئۇ سەپ تارتىپ تۇرغان ئەسكەرلەر ئالدىدا ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا مېڭىپ يۈرەتتى ۋە ھەر بىر قەدەم سالغاندا بېلىنى سەل ئېگىپ سىلكىنىپ قوياتتى. پولك كاماندىرىنىڭ ئۆز پولكىنى كۆرۈپ زوقلىنىۋاتقانلىقى، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلىدىغانلىقى ۋە پۈتۈن پىكىر-خىيالى شۇ پولكتا ئىكەنلىكى روشەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى؛ لېكىن شۇنىڭغا قارىماي، ئۇنىڭ بۇنداق قەدەم تاشلىشى ھەربى ئىشتىياقتىن باشقا، گويا ئۇنىڭ قەلبىدە يەنە خېلى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كۆپ ئورۇننى ئىجتىمائىي ئالاقە ۋە خوتۇن-قىز مەسىلىلىرى توغرىسىدىكى ئارزۇ-ھەۋەسلەر ئىشغال قىلغان دېگەندەك قىلاتتى.

— ھە، تەقسىر مىخايىلومىترىچ، — دېدى ئۇ بىر باتالىئون كاماندىرىغا (باتالىئون كاماندىرى كۈلۈمسىرەپ بىر قەدەم ئالدىغا كەلدى، ھەر ئىككىسىمۇ ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈنۈپ تۇراتتى)، — بىز ئۆتكەن كېچە راسا ئەدىۋىمىزنى يېدۇق-ھە. لېكىن ھەر ھالدا پولكىمىز يامان ئەمەستەك... شۇنداق ئەمەسمۇ؟

باتالىئون كاماندىرى بۇ خوشال مەسخىرىنى چۈشەندى-دە، كۈلۈپ قويدى.

— خانىش مەيدانىدىن① قوغلىۋېتىلگەن بولاتتى.

— نېمە؟ — دېدى كاماندىر.

بۇ چاغدا خەۋەرچى ئەسكەرلەر قويۇلغان چوڭ شەھەر يولىدا ئىككى ئاتلىق كۆرۈنگەن ئىدى. بۇلار ئاديۇتانت ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېلىۋاتقان كازاك ئەسكەر ئىدى.

ئاديۇتانت باش ئىشتابتىن پولك كاماندىرىغا تۈنۈگۈنكى بۇيرۇقتا ئېنىق بولمىغان سۆزلەرنى ئېنىقلاپ بېرىش ئۈچۈن، يەنى باش قوماندانىنىڭ پولكنى تامامەن ھەربى يۈرۈش ھالىتىدە، يەنى شىنېل كىيگەن، خالتىلىرىنى ئۈچىسىغا ئارتىۋالغان ۋە ھېچقانداق تەييارلىق قىلمىغان ھالەتتە كۆرۈشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ئىدى.

---

① پېتربۇرگدا نېۋا دەرياسىنىڭ لېۋىدىكى كۆرەك ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان مەيدان. — تەر.

ھەربى كېڭەشنىڭ بىر ئەزاسى تونۇگۇن ۋېنادىن كۆزۈتۈۋنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ئىمكان قەدەر تېزرەك ئېرنسگېرتسوگ فېردىناند ۋە ماك ئارمىيىسى بىلەن قوشۇلۇشنى تەكلىپ قىلغان ۋە تەلەپ قىلغان ئىدى، كۇتۇزوۋ بولسا مۇنداق قوشۇلۇشنى پايدىلىق دەپ ھىساپلىمىغان ئىدى، شۇ سەۋەپتىن ئۆزىنىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن، باشقا دەلىللەردىن باشقا ئاۋسترىيە گېنېرالىغا روسىيىدىن كېلىۋاتقان ئەسكەرلىرىنىڭ ئۇزۇن يول يۈرۈپ ئېچىنىشلىق ئەھۋالدا قالغانلىغىنى شۇ پېتى كۆرسەتمەكچى ئىدى. ئۇ مۇشۇ مەقسەت بىلەن پولكنىڭ ئالدىغا چىقماقچى بولاتتى، شۇنداق قىلىپ، پولكنىڭ ئەھۋالى قانچىلىك ناچار بولسا، باش قوماندان ئۈچۈن شۇنچە ياخشى بولاتتى. ئاديۇتانت گەرچە بۇ تەپسىلاتلارنى ئۇقمىغان بولسىمۇ، ئەمما پولك كاماندىرىغا باش قوماندانىنىڭ قەتئى تەلىۋىنى يەتكۈزگەن ئىدى: بۇ تەلەپ بويىچە ئەسكەرلەر شىنېللىرىنى كىيگەن ۋە خالتىلىرىنى دۈمبىسىگە ئارتىۋالغان ھالەتتە بولۇشى كېرەك ئىدى، ئەكس ھالدا باش قوماندان مەمنۇن بولمايتتى.

پولك كاماندىرى بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ بېشىنى تۆۋەن سالدى، لام-مىم دىمەستىن دولىسىنى كۆتىرىپ قويۇپ بىتاقەتلىك بىلەن قوللىرىنى سىلكىدى.

— ئىشنى ئوخشاتتۇق-تە! — دىدى ئۇ. — مانا، مەن سىزگە دىمىدىممۇ، مىخايلو متىرىچ، ھەربى يۈرۈشتە بولغاندىن كېيىن شىنېللىرىنى كىيگەن ھالەتتە بولسۇن دەپ، — دىدى باتالئون كاماندىرىغا كايىپ. — ۋاي ئاللا، خۇدايىمەي! — دەپ قوشۇپ قويدى ۋە قەتئى رەۋىشتە قەدەم تاشلاپ ئالدىغا چىقتى. — جانابى روتا كاماندىرلىرى! — دەپ ۋاقىرىدى كاماندا بېرىپ ئۆگەنگەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قالغان تاۋۇش بىلەن. — فېلد فېبېللار①!... قاچان مەرھەمەت قىلىدۇ؟ — دېدى ئېھتىرام بىلەن ئادىيۇتانتقا مۇراجىئەت قىلىپ؛ ھالبۇكى، بۇ ئېھتىرامنىڭ شۇ كېلىدىغان كىشىگە ئالاقىدار ئىكەنلىكى روشەن ئىدى.

— بىر ەر سائەتتىن كېيىن كېلەر، دەپ ئويلايمەن.

— كېيىملەرنى يەڭگۈشلىتىشكە ئۈلگۈرەلەيمىزمۇ؟

— تاڭ، بىلمەيمەن، گېنېرال...

پولك كاماندىرى ئۆزى ئەسكەرلەر قاتارىغا يېقىن كېلىپ، كىيىملىرىنى سېلىپ، يېڭىۋاشتىن شىنېل كىيىشكە بۇيرۇق بەردى. روتا كاماندىرلىرى روتىلارغا قاراپ يۈگۈرۈشۈپ كېتىشتى، فېلدفېبېللار گاڭگىراپ يۈرمەكتە ئىدى (شىنېللىرى تولۇق راۋۇرۇس ئەمەس ئىدى)، ئىلگىرى تىزىلىپ تۆت بۇرجەك بولۇپ جىم تۇرغان ئەسكەرلەر ھەركەتكە كېلىپ، سەپلەر بۇزۇلۇپ، گۇدۇڭلىشىپ سۆزلىشىشكە باشلىدى. ئەسكەرلەر تەرەپ-تەرەپتىن يۈگۈرۈپ كېلىپ ۋە يۈگۈرۈپ كېتىپ تۇراتتى. يەلكىلىرىنى سىلكىتىشەتتى، خالتىلىرىنى بويۇنلىرىدىن ئېلىشاتتى، شىنېللىرىنى سالاتتى ۋە قوللىرىنى ئېگىز كۆتىرىپ يېڭىنى ساپاتتى.

يېرىم سائەتتىن كېيىن ئەسكەرلەر يەنە بۇرۇنقىدەك سەپ تارتىپ تۆت بۇرجەك بولدى، لېكىن قارا رەڭدىن كۈلرەڭ بولۇپ ئۆزگەرگەن ئىدى. پولك كاماندىرى يەنە بايىقىدەك گەۋدىسىنى سىلكىتە-سىلكىتە قەدەم تاشلاپ پولكنىڭ ئالدىغا چىقىپ نېرىدىن ئۇنى كۆزدىن كەچۈرمەكتە ئىدى.

---

① روتا كاماندىرىنىڭ ياردەمچىلىرى. — تەر.

— بۇ نېمىسى؟ بۇ نېمە؟ — ۋاقىرىدى توختاپ تۇرۇپ. — ئۇچىنچى روتا كوماندىرى!...

— ئۇچىنچى روتا كوماندىرى گېنېرال ھوزۇرىغا! كوماندىر گېنېرال ھوزۇرىغا! ئۇچىنچى روتا كوماندىرى گېنېرال ھوزۇرىغا!... — ئەسكەرلەرنىڭ قاتىرىدىن مۇشۇنداق سۆزلەر ئاڭلىنىپ تۇراتتى، شۇنىڭ بىلەن ئادىيۇتانت ھايال بولۇپ قالغان بۇ ئەپەندىنى تېپىپ كېلىش ئۈچۈن يۈگۈرۈپ كەتتى.

جېنىنىڭ بىرىنچە ۋاقىرىغان ئاۋۇشلار كوماندىر بىر تەرەپتە قايرىلىپ قېلىپ "گېنېرال ئۇچىنچى روتا ھوزۇرىغا!" دېيىشكە باشلىغاندا، چاقىرىلغان ھېلىقى ئەپەندى روتىنىڭ ئارقىسىدىن كۆرۈندى ۋە بۇ ئادەم ياشىنىپ قالغانلىقتىن يۈگۈرەلمىسىمۇ، ھەپىسلە قىلىپ لوكۇلداپ گېنېرال تەرەپكە قاراپ چېپىپ كەلمەكتە ئىدى. كاپىتاننىڭ چىرايىدا خۇددى پىششىقلىۋالالمىغان دەرسىنى سۆزلەپ بېرىشكە مەجبۇر قىلىنغان مەكتەپ بالىسىدەك چوڭ ئەنسىزلىك ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قىزىرىپ كەتكەن (ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان بولسا كېرەك) يۈزى بىردەم بوزۇراتتى، بىردەم كۆكىرەتتى، ئاغزى نېمە دېيىشنى بىلمەي مىدىراپ تۇراتتى. كاپىتان ھەسرەپ-ھۆمىسدەپ، يېقىنلاشقانسېرى قەدىمىنى ئاستىلىتىپ كەلگەن چاغدا، پولك كوماندىرى ئايىغىدىن بېشىغىچە ئۇنىڭغا قاراپ چىقتى.

— سىز ھەدېمەي ئەسكەرلەرگە سارافانىمۇ كىيگۈزۈپسىز! بۇ نېمىسى؟ — دەپ ۋاقىرىدى پولك كوماندىرى ئۇچىنچى روتا سېپىدە كۆك موۋۇت شىنېل كىيىپ باشقىلاردىن ئاجرىلىپ تۇرغان ئەسكەرنى ئېڭىكى بىلەن كۆرسىتىپ. — ئۆزىڭىز نەگە كەتكەن ئىدىڭىز؟ باش قوماندان كېلىدىغان بىر چاغدا ئورنىڭىزدا تۇرماي نەلەرگە كەتتىڭىز؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ھە؟... مەن سىزگە ئېيتايكى، كۆرەك ۋاقتىدا ئەسكەرلەرگە كەمزۇل كىيگۈزمەيسىز!... ھە!

روتا كاماندىرى باشلىقتا كۆزىنى ئۇزمەستىن تىكىلىپ قاراپ ۋە ئۆزىنىڭ ئىككى بارمىقىنى شەپكىسىنىڭ چېكىلىگىگە بارغانسېرى چىڭ تەككۈزۈپ (ئۆزىنى قۇتقۇزۇشنىڭ بىردىن-بىر چارىسى گويايكى مۇشۇنداق تەككۈزۈپ تۇرۇشتا دېگەندەك ) تۇراتتى.

— ھە، نېمىشقا سۆز قىلمايسىز؟ سىزنىڭ ئۇ يەردە ۋېنگىرچە ياسىنىۋالغان كىم؟ — دەپ پولك كاماندىرى چاخچاق ئارىلاش دوق قىلدى.

— جانابى ئالىيلىرى.......

— ھە، نېمە "جانابى ئالىيلىرى"؟ جانابى ئالىيلىرى! جانابى ئالىيلىرى! گېپىڭىزنىڭ تايىنى يوق جانابى ئالىيلىرى!

— جانابى ئالىيلىرى، بۇ دەرىجىسى ئەسكەرلىككە چۈشۈرۈلگەن دولوخوۋ... — دېدى كاپىتان پەس ئاۋاز بىلەن.

— خوش، ئۇ دەرىجىسى چۈشۈرۈلۈپ فېلدمارشال① بوپتىمۇ ياكى دەرىجىسى چۈشۈرۈلۈپ ئەسكەر بوپتىمۇ؟ ئەگەر ئەسكەر بولغان بولسا، باشقىلارغا ئوخشاش رەسمىي ھەربىي كىيىم كىيىش كېرەك.

— جانابى ئالىيلىرى، بۇنىڭغا ئۆزىڭىز رۇخسەت قىلغان ئىدىڭىز.

— رۇخسەت قىلغان؟ مەن رۇخسەت قىلغانمۇ؟ سىلەر ياشلار ھەمىشە مۇشۇنداق قىلىسىلەر، — دېدى پولك كاماندىرى سەل يۇمشاپ. — رۇخسەت قىلغان؟ بىراۋ سىلەرگە بىر ئېغىز سۆز ئېيتتىمۇ، بولدى، سىلەر بولساڭلار.... — پولك كاماندىرى سەل جىم

---

① فېلد مارشال — بەزى ئارمىيەلەردە يۇقۇرى ھەربىي ئۇنۋان. — تەر.

بولۇپ قالدى. — بىراۋ سىلەرگە بىر ئېغىز سۆز ئېيتتىمۇ، بولدى، سىلەر بولساڭلار.... نىمە؟ — دېدى ئۇ، باشقىدىنلا ئاچچىق-لىنىپ. — سىز ئادەملىرىڭىزنى رەتلىگىرەك كىيىندۈرۈڭ.

شۇندىن كېيىن پولك كاماندىرى ئادىيۇتانتىقا ئۆرۈلۈپ قاراپ-قاراپ، پۈتۈن گەۋدىسىنى سىلكىتە-سىلكىتە قەدەم تاشلاپ پولك تەرەپكە كەتتى. ئۇنىڭ مۇنداق غەزەپلىنىشى ئۆزىگە يېقىپ قالغان بولسا كېرەك، پولكنى ئارىلاپ يۈرۈپ، يەنە غەزەپلىنىشكە بىر بانا تاپماقچى بولاتتى. ئىزنىگى تازا بولمىغانلىقى ئۈچۈن بىر ئەپىتسەرنى تىزىلىش رېتى توغرا بولمىغانلىقى ئۈچۈن يەنە بىرىنى تىللاپ، ئۈچىنچى روتىغا كەلدى.

— بۇ قانداقسىغا تۇرۇش؟ پۇتۇڭ نەدە؟ نەدە پۇتۇڭ؟ — پولك كاماندىرى جان-پېنى چىقىپ ۋاقىرىدى، بۇ چاغدا ئۇنىڭ بىلەن كۆك شىنېل كىيگەن دولوخوۋ ئوتتۇرىسىدا يەنە بەش كىشى بار ئىدى.

دولوخوۋ ئېگىلىپ تۇرغان تىزىنى ئاستا رۇسلىۋالدى، ئۇنىڭدىن كېيىن تىنىق ئەمما كىبىرلىك كۆزلىرى بىلەن گېنېرالنىڭ يۈزىگە تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى.

— نىمە ئۈچۈن كۆك شىنېل كىيدىڭىز؟ يوقىتىڭ!... فېلد فېبېل! باشقا شىنېل بېرىلسۇن... مۇنداقلار... — دېدى-يۇ، سۆزىنى تۈگىتەلمىدى.

— گېنېرال، مەن بۇيرۇقنى ئورۇنلاشقا مەجبۇرمەن، لېكىن ھاقارەتنى ئاڭلاشقا... — دېدى دەرھال دولوخوۋ.

— سەپتە سۆزلەشكە رۇخسەت يوق!... سۆزلىمە، سۆزلىمە!...

— ھاقارەتكە چىداشقا مەجبۇر ئەمەسمەن، — دېدى دولوخوۋ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تېخىمۇ قاتتىق ۋاقىراپ.

گېنېرال بىلەن سولداتنىڭ كۆزلىرى بىر بىرىگە تىكىلىشتى.
گېنېرال لام-مىم دېمىدى-يۇ، غەزىۋى كېلىپ شارپىسىنى پەسكە چىلىك تارتىپ قويدى.

— باشقا شىنېل كىيىشىڭىزنى سورايمەن، — دېدى گېنېرال قايتىپ كېتىۋېتىپ.

## 2

— كېلىۋاتىدۇ! — دەپ ۋاقىرىدى يولغا قويۇلغان خەۋەرچى ئەسكەر.

پولك كوماندىرى قىزىرىپ ئېتىنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ باردى، تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئۈزەڭگىگە ئېسىلىپ ئاتلاندى-دە، ئۆزىنى رۇسلىۋېلىپ قىلىچىنى قىنىدىن چىقاردى ۋە خوشال، قەتئىي قىياپەتتە ئاغزىنى قىڭغايتىپ كوماندا بېرىشكە تەييارلاندى. پولك خۇددى قانات-قۇيرۇقلىرىنى رۇسلاۋاتقان قۇشلاردەك قىمىرلاشقاندىن كېيىن، مىدىر-سىدىر قىلماي تۇراتتى.

— دىققەت! — دەپ ۋاقىرىدى پولك كوماندىرى كىشىنىڭ قەلبىنى تىترىتىدىغان ئاۋاز بىلەن؛ ئۇنىڭ بۇ ئاۋازى ئۆزىگە نىسبەتەن خوشاللىقنى، پولكقا نىسبەتەن ۋەھىمىنى، كېلىۋاتقان باشلىققا نىسبەتەن قارشى ئالىدىغانلىقنى بىلدۈرەتتى.

ئىككى تەرىپىگە دەرەخلەر تىكىلگەن كەڭ، تاش ياتقۇزۇلمىغان چوڭ يولدا، رېسسورلىرىنى يەڭگىلگىنە غىچىرلىتىپ، ئالتە ئات قوشۇلغان ھاۋا رەڭ ئېگىز ۋېنا ھارۋىسى تېز كېلىۋاتاتتى. ھارۋىنىڭ

ئارقىسىدىن بىر توپ ئىشتاپ ئەھلى ۋە قوروۇقچى كروئاتلار[1] ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. كۇتۇزوۋنىڭ يېنىدا ئاق كىيىملىك ئاۋستىرىيە گېنېرالى ئولتۇراتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاق كىيىمى بىلەن قارا كىيىملىك رۇسلار ئارىسىدا غەلىتە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ھارۋا پولكنىڭ ئالدىدا توختىدى. كۇتۇزوۋ ئاۋستىرىيە گېنېرالى بىلەن نىمىدۇ بىر نەرسە توغرىسىدا پەس ئاۋاز بىلەن سۆزلىشىۋاتاتتى، كۇتۇزوۋ گويا ئۆزىگە ۋە پولك كاماندىرىغا تىنىماستىن قاراپ تۇرغان ئىككى مىڭ كىشى مەۋجۇت بولمىغاندەك، سەل-پەل كۈلۈپ قويىدى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئېغىر قەدەم تاشلاپ، ئايىغىنى ھارۋىنىڭ باسقۇچىدىن چۈشۈردى.

كاماندا ئاۋازى جاراڭلاپ، پولك يەنە ھەركەتكە كەلدى-دە، ئەسكەرلەر قوراللىرىنى شاراخلىتىپ قوللىرىغا ئېلىپ "ھازىر ئول" ھالىتىدە تۇردى. جىمجىتلىقتا باش قوماندانىنىڭ پەس ئاۋازى ئاڭلاندى. پولك: "здравъя желаем, ваше го-го-ство" (جانابى ئالىلىرى، سالامەت بولسۇنلەر) دەپ ۋاقىرىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە جىمىلىق باشلاندى. پولك ھەركەتلىنىشكە باشلىغاندا، دەسلەپ كۇتۇزوۋ بىر ئورۇندا قىمىرلىماي تۇراتتى؛ كېيىن كۇتۇزوۋ ئاق كىيىم كىيگەن گېنېرال بىلەن بىللە، ئىشتاپ ئەھلىنىڭ ھەمراھلىقىدا، ئەسكەرلەرنىڭ سەپلىرى ئالدىدىن ئۆتۈشكە باشلىدى.

پولك كاماندىرىنىڭ قاتتىق قاتقان ھالدا قەددىنى رۇسلىۋېلىپ باش قوماندانغا سالام بېرىشى ۋە بۇ چاغدا ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ

---

① كروئات — ئاۋستىرىيەدە يېنىك ئاتلىق ئەسكەر، بۇلارنىڭ كۆپچىلىكى كروسىيىلىك بولغانلىقتىن كروئات دەپ ئاتالغان. — تەر.

تۇرغان قىياپىتىدىن، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ بەدىنىنى ئالدىغا سوزۇپ
چىقىرىپ ئېگىلىپ، سىلكىنىپ تۇرغان ھەركىتىنى باسالمىغۇدەك
دەرىجىدە گېنېراللارنىڭ ئارقىسىدىن تەڭلا يۈرۈپ كېتىۋېتىشىدىن،
باش قوماندانىنىڭ ھەر بىر ئېغىز سۆزى ۋە قولىنىڭ ھەركىتى بىلەن
تەڭلا ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىپىشىدىن، ئۇنىڭ كاماندىر بولغانلىق
سۈپىتى بىلەن ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشقا قارىغاندا، كاماندىرغا
خىزمەت قىلىشقا بولغان شەۋقى شۇنچە زور ئىكەنلىكى روشەن
كۆرۈنۈپ تۇراتتى. پولك ئۆز كاماندىرىنىڭ قاتتىق تەلەپچانلىقى
ۋە تىرىشچانلىقى تۈپەيلىدىن، شۇ چاغدا برائۇنوغا كېلىۋاتقان باشقا
پولكلارغا قارىغاندا ناھايىتى ئوبدان ھالەتتە ئىدى. قاتاردىن
چۈشۈپ قالغانلار ۋە كېسەللەر پەقەت ئىككى يۈز ئون يەتتە كىشى
ئىدى. ئاياق كىيىمنى ھىساپقا ئالمىغاندا، قالغان ھەممە نەرسىلەر
ئۆز جايىدا ئىدى.

كۇتۇزوۋ ئەسكەرلەرنى ئارىلاپ يۈرەتتى، بەزىدە توختاپ تۇرۇپ،
تۈركىلەر بىلەن بولغان سوقۇشتا تونۇشۇپ قالغان ئەپىتسەرلەرگە
بىرقانچە ئېغىز يېقىملىق-دوستانە سۆزلەرنى قىلىپ قوياتتى. بەزىدە
ئەسكەرلەرگىمۇ شۇنداق بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلىپ قوياتتى. ئۇ
بىرقانچە قېتىم ئەسكەرلەرنىڭ ئاياق كىيىملىرىگە قاراپ، غەمكىنلىك
بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى ۋە ئۇنى ئاۋستىرىيە گېنېرالىغا شۇن-
داق قىياپىتى بىلەن كۆرسەتكەن ئىدىكى، گويا بۇنىڭدا ھېچكىم
ئەيىبلىك ئەمەس، ئەمما بۇ ئەھۋالنىڭ ناچارلىقىغا دىققەت قىلماي
بولمايدۇ دېگەندەك قىلاتتى. پولك كاماندىرى باش قوماندانىنىڭ
پولكقا ئالاقىدار سۆزلىرىنى ئاڭلىماي قېلىشتىن قورقۇپ، بۇنداق
ھەر بىر پەيتتە يۈگۈرۈپ ئالدى تەرەپكە ئۆتۈۋالاتتى. كۇتۇزوۋنىڭ

ئارقىسىدا ئۇنىڭ ھەر بىر ئېغىز بوش ئېيتقان سۆزى ئاڭلانغۇدەك ئارىلىقتا يېگىرمىچە ئىشتاپ ئەھلى ئەگىشىپ كەلمەكتە ئىدى. بۇلار بىر بىرلىرى بىلەن پاراڭلىشىپ ماڭاتتى ۋە بەزىدە كۈلۈشۈپ كېتەتتى. باش قوماندانغا ھەممىسىدىن يېقىن بولغان بىرسى چىرايلىق-لىق-كېلىشكەن ئاديۇتانت بولۇپ، بۇ كىنەز بولكونسكى ئىدى. ئۇنىڭ يېنىدا بىللە كېلىۋاتقان بىرسى ئۇنىڭ يولدىشى نېسۋىتسكى ئىدى، ئۇ پەۋقۇلئاددە يوغان، سېمىز، مۇلايىم تەبىئەتلىك، خۇش چىراي، چىرايلىق، ۋە كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ تۇرغان ئىشتاپ ئەپىتسېرى ئىدى. نېسۋىتسكى ئۆزىنىڭ يېنىدا بىللە كېلىۋاتقان چىرايى قاپ-قارا ئاتلىقلار ئەپىتسېرى پەيدا قىلغان كۈلكىدىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋالغان ئىدى. ئاتلىقلار ئەپىتسېرى كۈلمەستىن، قېتىپ قالغان كۆزلىرىنىڭ قىياپىتىنىمۇ ئۆزگەرتمەي، جىددىي قىيا-پەتتە پولك كاماندىرىنىڭ ئارقىسىغا قارايتتى ۋە ئۇنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىنى دورايتتى. پولك كاماندىرى ھەر قېتىم سىلكىنگەندە ۋە ئالدىغا ئېگىلگەندە، ئاتلىقلار ئەپىتسېرىمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش قىياپەتتە سىلكىنەتتى ۋە ئالدىغا ئېگىلەتتى. نېسۋىتسكى كۈلەتتى ۋە باشقىلارنى تۈرتۈپ بۇ قىزىقچىنى كۆرسىتەتتى.

كۇتۇزوۋ ئاستا ۋە بوش قەدەم تاشلاپ مىڭلىغان كۆزلەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى، بۇ كۆزلەر چانىغىدىن چىقىپ كەت-كۈدەك دەرىجىدە تىكىلىپ، باش قوماندانغا قارايتتى. ئۈچىنچى روتىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە كۇتۇزوۋ بىردىنلا توختاپ قالدى. بۇ توختاشنى ئالدىن مۆلچەرلىيەلمەي قالغان ئىشتاپ ئەھلى ئىختىيار-سىز ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ قالغان ئىدى.

— ۋاي، بۇ تىموخىنغۇ! — دېدى باش قوماندان ھېلىقى كۆك

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

شىنېلنى كىيىۋالغانلىقى ئۈچۈن ئەيىپلەنگەن بۇرنى قىزىل كاپىتاننى تونۇۋېلىپ.

تىموخىن پولك كاماندىرى ئۇنىڭغا تەنقىت بەرگەن چاغدا، ھېچكىممۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش تىك تۇرالمايدىغاندەك قىياپەتتە كۆرۈنگەن ئىدى. ئەمما باش قوماندان ئۇنىڭغا سۆز قىلغان چاغدا كاپىتان شۇنچىلىك تىك تۇرغان ئىدىكى، ئەگەر باش قوماندان ئۇنىڭغا يەنە بىرئاز ۋاقىت قاراپ تۇرغان بولسا، كاپىتان چىداشلىق بەرمىگەن بولاتتى؛ شۇنىڭ ئۈچۈن، كۇتۇزوۋ ئۇنىڭ ئەھۋالىنى گويا چۈشەنگەندەك قىياپەتتە كاپىتانغا ياخشىلىق قىلغاندەك قىلىپ، دەرھال كەينىگە ئۆرۈلۈپ كېتىپ قالدى. كۇتۇزوۋنىڭ يارا ئىزى بىلەن بۇزۇلغان مۇلايىم يۈزىدىن ئاران دىگۈدەك سېزىلىپ تۇرىدىغان كۈلۈمسىرەش ئالامەتلىرى كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى.

— ئىزمايىلوۋ جېڭىگە قاتناشقان يولداشلاردىن، — دېدى ئۇ. — باتۇر ئەپىتسەر! سەن ئۇنىڭدىن مەمنۇنمۇ؟ — دەپ سورىدى كۇتۇزوۋ پولك كاماندىرىدىن.

پولك كاماندىرىمۇ، شولىسى خۇددى ئۆزىگە كۆرۈنمىگەن ئاتلىقلار ئەپىتسەرى تەرىپىدىن ئەينەكتە ئەكس ئەتتۈرۈلگەندەك، سىلكىندى-دە، ئالدىغا چىقتى ۋە:

— ناھايىتى مەمنۇن، جانابى ئالىيلىرى، — دەپ جاۋاب بەردى.

— بىز ھەممىمىزمۇ كەمچىلىكسىز ئادەملەر ئەمەسمىز، — دېدى كۇتۇزوۋ تەبەسسۇم بىلەن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ. — ئۇنىڭدا باخۇسقا①

---

① باخۇس — گرېك ئەپسانىلىرىدە ۋىنو ۋە كۆڭۈل ئېچىش خۇداسى. — تەر.

مايىللىق بار ئىكەن.

پولك كاماندىرى بۇنىڭغا ئۆزەم ئەيىپلىكمۇ-يە دەپ قورقتى-دە، ھېچنېمە دەپ جاۋاپ بەرمىدى. ئاتلىقلار ئەپتىسەرى بۇ چاغدا بۇرنى قىزىل ۋە قوسىغى ئىچىگە كىرىپ كەتكەن كاپىتاننىڭ تۇرۇشى ۋە ئەپتىنى كۆرۈپ شۇنداق دورىغان ئىدىكى، نېسۋىتسكى كۈلكىسىنى باسالماي قالغان ئىدى. كۇتۇزوۋ قايرىلىپ قارىدى. روشەنكى، ئەپتىسەر ئۆز چىرايىنى خالىغانچە تۇسكە كىرگۈزۈۋالالايتتى: كۇتۇزوۋ ئارقىسىغا قارىغاندا ئەپتىسەر يۈزىنى پۈرۈشتۈرۈپ تۇرۇۋالدى، ئۇنىڭدىن كېيىن چىرايىدا ناھايىتى جىددىي، ئەدەپلىك ئەكس ئېتىپ، يۇۋاش قىياپەتكە كىرىۋالغان ئىدى.

ئۈچىنچى روتا ئاخىرقى بىر روتا ئىدى. كۇتۇزوۋ نېمىدۇ، بىر نەرسىنى ئېسىگە ئالغاندەك چوڭقۇر ئويلىنىپ قالدى. كىنەز ئاندرېي ئىشتاپ ئەھلىنىڭ ئارىسىدىن ئالدىغا چىقتى-دە، فرانسۇزچە پەس ئاۋاز بىلەن:

— سىز بۇ پولكتىكى دەرىجىسى چۈشۈرۈلگەن دولوخوۋ توغرىسىدا ئەسلىتىپ ئۆتۈشنى بۇيرۇغان ئىدىڭىز.

— دولوخوۋ نەدە؟ — دەپ سورىدى كۇتۇزوۋ.

ئەسكەرلەرنىڭ كۈلرەڭ شىنېلىنى ئالماشتۇرۇپ كىيگەن دولوخوۋ چاقىرىشنى كۈتمىدى. ئاق-سېرىق چاچلىق، كۆك كۆز، قەددى-قامىتى كېلىشكەن ئەسكەر سەپتىن ئالدىغا چىقىپ، توپ-توغرا باش قوماندانىنىڭ ئالدىغا كەلدى-دە، "ھازىر ئول" ھالىتىدە تۇردى.

— نېمە تەلىۋىڭ بار؟ — دېدى سەل قاپىقىنى تۈرۈپ كۇتۇزوۋ.

— دولوخوۋ شۇ، — دېدى كىنەز ئاندرېي.

— ھە...ھە! — دېدى كۇتۇزوۋ. — مەن ئىشىنىمەنكى، بۇ ساۋاق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

سېنى تۈزىتىدۇ، ئوبدان خىزمەت قىل. پادىشا مېھىر-شەپقەت قىلىدۇ. ئەگەر ياخشى خىزمەت قىلساڭ، مەنمۇ سېنى ئۇنتۇپ قالمايمەن.

دولوخوۋنىڭ ئاچ كۆك كۆزلىرى باش قوماندانغىمۇ خۇددى پولك كوماندىرىغا قارىغاندىكىدەك شۇنداق دېدىل رەۋىشتە قاراپ تۇراتتى، بۇ قاراش گوياكى باش قوماندان بىلەن ئەسكەرنى ئايرىپ تۇرغان ئەنئەنىلىك پەردىنى يىرتىپ تاشلىماقچى بولغاندەك قىلاتتى.

— پەقەت بىر ئىش توغرىسىدا جانابى ئالىيلىرىدىن سوراپ قالىمەن، — دېدى ئۇ جاراڭلىق، قاتتىق، ۋەزمىن ئاۋاز بىلەن. — گۇنايىمنى يۇيۇش ئۈچۈن، پادىشا ئالىيلىرىغا ۋە روسىيىگە نىسبەتەن ئۆزەمنىڭ سادىقلىقىمنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن پۇرسەت بېرىشنى ئۆتۈنۈپ سورايمەن.

كۇتۇزوۋ ئارقىسىغا بۇرالدى. ئۇنىڭ چىرايىدا، خۇددى كاپىتان تىموخىندىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ماڭغان چاغدىكىگە ئوخشاش كۈلۈمسىرەش ئالامەتلىرى بىلىنىپ تۇراتتى، ئۇ قاپىقىنى تۈردى-دە، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ كەتتى، بۇنىڭ بىلەن گويا دولوخوۋنىڭ ئۇنىڭغا دىگەن ھەممە سۆزلىرى ۋە ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا ئېيتىشى مۇمكىن بولغان ھەممە سۆزلىرى ئۇنىڭغا ئاللىقاچان مەلۇم ئىكەنلىكىنى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى زېرىكتۈرۈۋەتكەنلىكىنى ۋە كېرەك بولغان نەرسە بۇ ئەمەسلىكىنى ئىپادىلىمەكچى بولغاندەك قىلاتتى. ئۇ ئارقىسىغا بۇرالدى-دە، ھارۋا تەرەپكە قاراپ كەتتى.

پولك روتىلارغا بۆلۈنگەن ھالدا، براۋۇناۋدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدىكى بەلگىلەنگەن ئۆيلەرگە قاراپ يولغا چىققان ئىدى، ئۇلار ئۇ يەردە ئۆتۈك ۋە كىيىم-كېچەك ئېلىشنى، جاپالىق ھەربى

يۇرۇشلەردىن كېيىن دەم ئېلىشنى ئۈمىت قىلاتتى.

— سىز ماڭا خاپا بولمىغاندۇرسىز، پروخور ئىگناتيېۋىچ، — دېدى پولك كوماندىرى؛ ئۇ بۇ چاغدا ئاتلىنىپ تۇرار جايىغا قاراپ كېتىۋاتقان ئۈچىنچى روتىنى قوغلاپ يېتىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا پىيادە كېتىۋاتقان كاپىتان تىموخىنغا يېقىنلاشقان ئىدى. پولك كوماندىرىنىڭ چىرايىدا كۆرەكتىن تېچ-ئامان ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن، بېسىپ بولالمايدىغان دەرىجىدە خوشاللىق ئالامەتلىرى ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. — پادىشا ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىكەنمىز... ئىلاج يوق... بەزىدە سەپتە تۇرغان كىشىگە چېچىلىپ قالىدىكەنسەن.... بىرىنچى بولۇپ ئۆزەم كەچۈرۈم سورايمەن، سىز مېنى چۈشىنىسىز... باش قوماندان ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ كەتتى! — دېدى-دە، قولىنى روتا كوماندىرىغا ئۇزاتتى.

— ياقەي، گېنېرال، سىزدىن خاپا بولۇشقا ھەددىممۇ! — دەپ جاۋاپ بەردى كاپىتان؛ بۇ چاغدا ئۇنىڭ بۇرنى تېخىمۇ قىزىرىپ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى ۋە كۈلۈمسىرەشكە باشلىغاندا، ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئىزمايىل ئەتراپىدا مىلتىقنىڭ پايىنىگى تېگىپ كېتىپ چىقىپ كەتكەن ئىككى دانە چىشىنىڭ بوش قالغان كەمتۈك ئورنى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— جانابى دولوخوۋقا ئېيتىپ قويۇڭ، مەن ئۇنى ئۇنۇتۇپ قالمايمەن، ئۇ خاتىرجەم بولسۇن. ھە، دەرۋەقە، مەن شۇنى سوردىماقچى بولۇپ يۈرگەن ئىدىم، ئۇ ئۆزىنى قانداق تۇتۇپ يۈرىدۇ؟ سورايمەن دەيمەنۇ، ھامان ئېسىمدىن چىقىپ كېتىدۇ...

— ۋەزىپىسى جەھەتتە ناھايىتى تۈزۈك، جانابى ئالىلىرى... لېكىن مىجەزى... — دېدى تىموخىن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— نىمە، مىجەزى دىدىڭىزما؟ — دەپ سورىدى پولك كاماندىرى.

— بەزى كۈنلىرى قارىسىڭىز، جانابى ئالىلىرى، — دىدى كاپىتان، — ئەقىللىق، بىلىملىك ۋە مۇلايىم. يەنە بىر كۈنلىرى — بەئەينى ياۋايى ھايۋان. پولشىدا بىر جوھۇتنى ئۆلتۈرۈۋەتكىلى تاس ـ تاماس قالدى، خەۋىرىڭىز باردۇر...

— ھە، ھە، — دىدى پولك كاماندىرى، — بىتەلەي يىگىت، ھەرقانداق بولسىمۇ ئاياش كېرەك. چوڭ ئادەملەر بىلەن ئالاقىسى بار... سىز ئەڭ ياخشىسى....

— ئەلۋەتتە، جانابى ئالىلىرى، — دىدى تىموخىن ئىلجىيىپ ۋە بۇنىڭ بىلەن باشلىغىنىڭ نىمە دىمەكچى ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەنلىكىنى ئىپادىلىدى.

— ھە، ھە.

پولك كاماندىرى سەپتىن دولوخوۋنى تېپىپ، ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى تارتتى.

— خىزمەت كۆرسەتسىڭىز پاگون① بېرىلىدۇ، — دىدى ئۇنىڭغا.

دولوخوۋ ئەتراپىغا قارىدى ـ دە، ھېچنىمە دىمىدى ۋە مەسخىرە قىلغان ھالدا ئىلجىيىپ كېتىۋەردى.

— ھە، ھەر ھالدا ياخشى ئۆتتى، — دىدى سۆزىنى داۋام قىلىپ پولك كاماندىرى. — مېنىڭ نامىمدىن ھەر بىر كىشىگە بىر پىيالىدىن ھاراق بېرىلسۇن، — دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ يەنە ئەسكەرلەر ئاڭلىغۇدەك قىلىپ. — ھەممەڭلارغا رەھمەت! خۇداغا شۈكۈر! — دىدى ۋە ئېتىنى چاپتۇرۇپ باشقا روتىغا قاراپ كەتتى.

---

① بۇ يەردە دەرىجىسىنى ئۆرلىتىش دىگەن مەنىدە. — تەر.

— يامان ئادەم ئەمەس، ئەزبىرايى، كىشىنى رەنجىتمەيدۇ، — دىدى تىموخىن يىپىندا بىللە كېتىۋاتقان ياردەمچى ئەپىتسەرگە قاراپ.

— بىر ئېغىز سۆز، چېرۋون① ئىكەن-دە!... (پولىك كاماندىرىنى چېرۋون كارولى دەپ ئاتىشاتتى)، — دىدى ياردەمچى ئەپىتسەر كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئەپىتسەرلەرنىڭ كۆرەكتىن كېيىنكى خوشال-خورام كەيپىياتى ئەسكەرلەرگىمۇ تەسىر قىلغان ئىدى. روتا شادىيانە كەيپىياتتا ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. ئەسكەرلەرنىڭ سۆزلىشىۋاتقان ئاۋازلىرى ھەممە تەرەپتىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— كۇتۇزوۋنىڭ بىر كۆزى كۆرمەس دىيىشەمسىلەر نىمە؟

— شۇنداق! بىر كۆزى تامامەن كۆرمەيدۇ!

— ياق، بۇرادەر، كۆزى سېنىڭكىدىنمۇ ئۆتكۈررەك. ئۆتۈكلىرىڭدىن تارتىپ پايتىماڭغىچە ھەممىسىگە دىققەت قىلىپ قاراپ چىقتى....

— ئايىغىمغا شۇنداق بىر قارىۋىدى، بۇرادەر، نىمىسىنى دەيسەن! خۇدا ئۇردى دىدىمۇ...

— ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەن ھېلىقى ئاۋستىرىيىلىك، خۇددى ئۇستىگە بور سۇركەپ قويغاندەك، ئۇندەك ئاپپاقكەن! ئۇلار ئۆزلە-

① چېرۋون — 5 سوملۇق ياكى 10 سوملۇق ئالتۇن قەغەز پۇل؛ بۇ يەردە قارتا ئويۇنىدىكى تاپان بولۇپ، "كارول" دىگەنگە تەڭ. ئەسلىدە، "ئالتۇندەك ئادەم ئىكەن-دە!" دىمەكچى. يازغۇچىنىڭ شەكىلدىكى ئۇسلۇبىنى ساقلاش ئۈچۈن، ئۆز ئەينى بېرىلدى. — تەر.

رنى مىلتىقنى تازىلىغاندەك تازىلىسا كېرەك!

— هەي، فېدىېشىۋ، جەڭ قاچان باشلىنىدىغانلىغىنى ئېيتتىمۇ؟ ئېيقىن تۇرغان ئىدىڭغۇ، سەن؟ بوناپارتنىڭ ئۆزى برۇنوغا كەپتۇ دې‑يىشكەن ئىدى.

— بوناپارت كەلگەن ئىمىش! يالغان ئېيتىدۇ، ئەخمەق! ئۇ نىمىنى بىلسۇن! پرۇسسىيلىكلەر هازىر ئىسيان كۆتىرىۋاتىدۇ. ئاۋستىرىيلىكلەر ئۇلارنى باستۇرماقتا. ئۇلارنى باستۇرغاندىن كېيىن، بوناپارت بىلەن بولىدىغان ئۇرۇش باشلىنىدۇ. بوناپارت برۇنوغا كەلگەن ئىمىش! سەن راسا ئەخمەقكەنسەن. كۆپرەك قۇلاق سال.

— بۇ كۋارتىرتور① نىمە دېگەن بولمىغۇر ئادەم! بەشىنچى روتىنى قارا، يېزىغا ئاللىقاچان بۇرالدى، ئۇلار ئۆزىگە شورپا گۈرۈچىنمۇ پىشۇرۇپ بولدى، بىز بولساق مەنزىلگىمۇ تېخى يېتىپ بارالمايۋاتىمىز.

— سۇخارىڭدىن② بەرسەڭچۇ، ماۋۇ نەرسىنى قارا!

— سەن ماڭا تۈنۈگۈن تاماكا دىسەم بەرگەنمىدىڭ؟ بوپتۇ، ئال، بۇرادەر. ئال، خۇدا ساڭا رەھىم قىلغاي.

— مەشەدە قونۇپ، دەم ئالدۇرغان بولسا بولاتتى، بولمىسا يەنە بەش چاقىرىم ھېچنىمە يېمەستىن ماڭىمىز ـ دە.

— نېمىسلار ئىلگىرىكىدەك بىزنى هارۋىلار بىلەن يەتكۈزۈپ قويغان بولسا نىمە دېگەن ياخشى بولاتتى. ئولتۇرۇپلا بېرەتتىڭ،

---

① كۋارتىرتور — هەربى يۈرۈش ۋاقتىدا ئەسكىرىي قىسىملارغا جاي، مەنزىل تېپىش ئۈچۈن ئالدىن ئەۋەتىلىدىغان هەربى خىزمەتچى. — تەر.

② سۇخارى — قۇرۇتۇلغان بولكا نان. — تەر.

كېتىۋېرەتتۇق ـ تە!

ــ بۇ يەردە، بۇرادەر، ئادەملەر ناھايىتى ئەشەددى ئىكەن. ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى قانداق بولسىمۇ ئۆز پادىشايىمىزغا قاراشلىق پولەكلەر ئىدى، بۇ يەردە بولسا، ھازىر، بۇرادەر، ھەممىسى نېمىس ئىكەن.

ــ ناخشىچىلار، ئالدىغا! ــ دەپ كاپىتاننىڭ ۋاقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

روتىنىڭ ئالدىغا ھەرقايسى قاتاردىن يىگىرمىچە كىشى كەلدى. دۇمباقچى ــ ئۇلارنىڭ باشلامچىسى، ناخشىچىلارغا ئۆرۈلۈپ قارىدى ـ دە، قولىنى ھەركەتلەندۈرۈپ، ئۇزۇن ئەسكەرلەر ناخشىسىنى ئېيتىشقا باشلىدى، ناخشىنىڭ بېشى: "سەھەردە قۇياش كۆتىرىلدى..." بىلەن باشلىنىپ، ئايىغى: "قېنى، ئالغا، بۇرادەرلەر، كامېنسكى ئاتىمىزنىڭ قوماندانلىغىدا، بىزگە شان ـ شەرەپلەر بولسۇن..." دىگەن جۈملە بىلەن تۈگەيتتى. بۇ ناخشا تۈركىيەدە تۈزۈلگەن ئىدى، ھازىر بولسا ئاۋستىرىيەدە ئېيتىلىۋاتاتتى، پەقەت شۇنداق بىر تۈزىتىلىش بىلەن ئېيتىلىۋاتاتتىكى، "كامېنسكى ئاتىمىزنىڭ" دىگەن سۆزلەر ئورنىدا "كۇتۇزوۋ ئاتىمىزنىڭ" دىگەن سۆزلەر قويۇلغان ئىدى.

دۇمباقچى ــ قىرىق ياشلارغا كىرگەن بۇ ئورۇق ۋە كېلىشكەن ئەسكەر ناخشا تېكىستىدىكى بۇ ئاخىرقى سۆزلەرنى ئەسكەرلەرگە خاس قىياپەتتە، قولىنى گويا نىمىدۇ بىر نەرسىنى يەرگە تاشلىۋەتكەندەك سىلكىپ ئېيتاتتى ۋە ناخشا ئېيتىۋاتقان ئەسكەرلەرگە جىددى قىياپەتتە قاراپ، قاشلىرىنى لىكىلدىتىپ قوياتتى. كېيىن ئۇ ھەممە كۆزلەرنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرغانلىغىغا ئىشەنچ ھاسىل

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قىلدى ـ دە، خۇددى قانداقتۇ كۆرۈنمەيدىغان قىممەت باھالىق بىر نەرسىنى ئىككى قولى بىلەن ئاۋايلاپ يەردىن ئېلىپ، بېشىنىڭ ئۈستىگە كۆتىرىپ چىقىرىپ، ئۇنى بىرنەچچە سېكۇنت ئىگىزدە تۇتۇپ تۇرغاندەك ۋە كېيىن يەنە بىردىنلا مەردانىلىق بىلەن ئۇنى يەرگە تاشلىۋەتكەندەك قىلىپ، ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى:

ئاھ، مېنىڭ بوسۇغام، بوسۇغام!

«مېنىڭ يېڭى بوسۇغام...» دېگەن يىگىرمە ئاۋاز قوشۇلۇپ، چىقىۋاتاتتى. چاقچۇقچى① ئۆزىنىڭ ئۇچىسىغا ئارتىۋالغان مىلتىق ـ ياراقلىرىنىڭ ئېغىرلىقىغا قارىماستىن، چاققانلىق بىلەن ئالدىغا ئىرغىپ چىقىپ، روتىنىڭ ئالدىدا ئارقىسىغا مېڭىپ، ئىككى دولىسىنى مىدىر ـ لىتىپ، گوياكىمدۇ بىرسىگە چاقچۇقنى بىلەن تەھدىت سالماقچى بولغاندەك قىلاتتى. ئەسكەرلەر بولسا قوللىرىنى ناخشىنىڭ تاكتىغا ماسلاشتۇرۇپ سىلىپ، چوڭ ـ چوڭ قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتاتتى. روتىنىڭ ئارقىسىدىن ھارۋا چاقلىرىنىڭ ئاۋازى، رېسسورىنىڭ غىچىر ـ لاشلىرى ۋە ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كۇتۇزوۋمۇ ئۆزىنىڭ ھەمرالىرى بىلەن شەھەرگە قايتىۋاتاتتى. باش قوماندان ئەسكەرلەرنىڭ ئادەتتىكىدەك ئەركىن يولىنى داۋاملاشتۇرۇشى ئۈچۈن قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ قويدى، ئۇنىڭ چىرايىدا ۋە ئۇنىڭغا ھەمرا بولۇپ كېتىۋاتقان ئىشتاپ ئەھلىلىرىنىڭ چىرايىدا

---

① چاقچۇقچى — چاقچۇق چالغۇچى. چاقچۇق — رېتىم بىلەن ئۇرۇپ ئوينايدىغان بىر خىل مۇزىكا ئەسۋاۋى بولۇپ، ئىككى پارچە تاختاينى بىر بىرىگە باغلاپ ياسايدۇ، مۇزىكا چالغاندا ۋە ناخشا ئېيتقاندا ئاۋازغا تەگشەپ چاقچۇق ئۇرۇپ جۆر قىلىدۇ. — تەر.

ناخشا ئاۋازىغا، ئۇسۇل ئوييناپ كېتىۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ تۇرقىغا ۋە خوشال ھەم دادىل قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتقان روتا ئەسكەرلىرىدىكى مەمنۇنلۇق ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ھارۋىغا قوغلاپ يەتكەن روتىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئىككىنچى قاتاردىن كۆك كۆز بىر ئەسكەر ئىختىيارسىز كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى، ئۇ دولوخوۋ ئىدى. ئۇ ناخشا تاكتىغا ماسلاشتۇرۇپ، ئالاھىدە كېلىشكەن قىياپەتتە تىمەن يۇرۇپ كېتىۋاتاتتى، ئۇ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلارنىڭ چىرايىغا شۇنداق قىياپەتتە بىلەن قارايتتىكى، گويا شۇ چاغدا روتا بىلەن بىللە يولغا چىقمىغانلارغا ئىچىنى ئاغرىتقاندەك قىلاتتى. كۇتۇزوۋنىڭ ئادەملىرى ئارىسىدىكى تېخى ھەلىلا پولك كاماندىرىنى زاڭلىق قىلىپ دورىغان ئاتلىقلار كورنېتى① ھارۋىنىڭ ئارقىدا قېلىپ، دولوخوۋنىڭ ئالدىغا كەلدى.

ئاتلىقلار كورنېتى ژىركوۋ بىر چاغلاردا پېتىربۇرگدا دولوخوۋ رەھبەرلىك قىلغان بەڭۋاش ئۇلپەتلەرنىڭ بىرسى ئىدى. ژېركوۋ چەتئەلدە دولوخوۋنى ئەسكەر سۈپىتىدە ئۇچرىتىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا تونۇشلۇق بېرىشنى لازىم دەپ ھېساپلىمىغان ئىدى. لېكىن ھازىر كۇتۇزوۋ ئەسكەرلىككە چۈشۈرۈلگەن بۇ ئەپىتسەر بىلەن سۆزلەشكەندىن كېيىن، كونا دوستى سۈپىتىدە خوشاللىق بىلەن ئۇنىڭغا گەپ قىلدى.

— ئەزىز دوستۇم، قانداق، ياخشىمۇ سەن؟ — دىدى ژېركوۋ ناخشا ئاۋازىغا ئارىلاش سۆزلەپ ۋە ئېتىنى روتا ئەسكەرلىرىنىڭ

---

① كورنېت — كونا روسىيىدە ئاتلىق قىسىملاردا ئەڭ كىچىك ھەربى ئۇنۋان، ھازىر سوۋېت ئارمىيىسىدە مىلادىشى لېيتېنانتقا توغرا كېلىدۇ. — تەر.

مېگىشى بىلەن تەگلەشتۈرۈپ.

— مېنى قانداق دەمسەنا؟ — دەپ سوغاقىقىنا جاۋاپ بەردى دولوخوۋ. — كۆرۈپ تۇرۇپسەنغۇ.

شوخ ناخشا ئاۋازلىرى ژېركوۋنىڭ خۇشخۇيلۇق بىلەن گەپ قىلىۋاتقان ئاھاڭىغا ۋە دولوخوۋنىڭ قەستەن سوغاق پوزىتسىيە بىلەن بەرگەن جاۋاۋىغا ئالاھىدە بىر خىل مەنە بېرەتتى.

— باشلىقلىرىڭ بىلەن قانداق كېتىۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى ژېركوۋ.

— ھېچقانداق ئەمەس. ھەممىسى ئوبدان ئادەملەر. سەن قانداق قىلىپ باش ئىشتاپقا كىرىۋالدىڭ؟

— شۇ ياقتا تەيىنلىنىپ كەلگەنمەن، نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتىمەن.

ھەر ئىككىلىسى جىم بولۇپ قېلىشتى.

"قويۇپ بەردى لاچىننى، ئوڭ قولىدىن-يېڭىدىن"، — دېيىلەتتى ناخشىدا؛ ناخشىدىكى بۇ سۆزلەر كىشىدە ئىختىيارسىز ھالدا جانلىق ۋە خۇشال تۇيغۇ پەيدا قىلاتتى. ئەگەر بۇ ناخشىنىڭ تەسىرى بولمىغاندا، ئۇلارنىڭ پاراڭلىرى، ئېھتىمال، باشقىچە بولغان بولاتتى.

— نىمە، ئاۋستىرىيىلىكلەرنىڭ يېڭىلگەنلىكى راستمۇ؟ — دەپ سورىدى دولوخوۋ.

— كىم بىلسۇن، شۇنداق دېيىشىدىغۇ.

— مەن ناھايىتى خۇرسەن بولدۇم، — دەپ جاۋاپ بەردى دولوخوۋ قىسقا ۋە ئوچۇق قىلىپ، خۇددى ناخشا مۇشۇنداق قىلىشنى تەلەپ قىلغاندەك.

— ھەي، مەن ساڭا ئېيتاي، ۋاقتىڭ بولسا كەچقۇرۇنلىرى

كەل، فارائون① ئۇينايمىز، — دېدى ژىركوۋ.

— ھە، پۇلۇڭ چىقمۇ نېمە؟

— چوقۇم كەل.

— كېلەلمەيمەن. توۋا قىلغانمەن. ئەمىلىم ئەسلىگە كەلمىگىچە ھاراقمۇ ئىچمەيمەن، قارتىمۇ ئۇينىمايمەن.

— بۇلارنىڭ ھەممىسى بىرەر ئىش كۆرسەتكىچىلا

— قېنى، كۆرەرمىز.

ئۇلار يەنە جىم بولۇپ قېلىشتى.

— ئەگەر بىرەر نەرسە لازىم بولىغۇدەك بولسا كەل، ئىشتاپتا ياردەم بېرىشىدۇ... — دېدى ژىركوۋ.

دولوخوۋ كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— ياخشىسى تەشۋىشلەنمە ياق قوي. ماڭا بىرەر نەرسە كېرەك بولسا، سوراپ ئولتۇرمايمەن، ئۆزەم ئېلىۋېرىمەن.

— شۇنداق، مەن پەقەت مۇنداقلا...

— مەنمۇ شۇنداقلا...

— خەير.

— سالامەت بول.

...ھەم يۇكسەك، ھەم يىراققا،

ئانا يۇرتۇم تەرەپكە...

ژىركوۋ ئېتىنى دېۋىتكۈچى بىلەن نىقتىدى، ئات خۇيلىنىپ قايسى ئايىغىنى ئاۋال بېسىشنى بىلمەي ئىككى-ئۈچ قېتىم

① فارائون — فىرئەۋن، قەدىمقى مىسىر پادىشالىرىنىڭ ئۇنۋانى. بۇ يەردە قارتا ئويۇنلىرىنىڭ نامى. — تەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

سەكرىدى - دە، ئۆزىنى رۇسلىۋېلىپ، ناخشا مۇقامىغا تاقاراق - تۇقۇرۇق قىلىپ، روتىدىن ئۆتۈپ ھارۋىغا يېتىشىۋالدى.

## 3

كۆرەكتىن قايتقاندىن كېيىن، كۇتۇزوۋ ئاۋستىرىيە گېنېرالى بىلەن بىرگە ئۆزىنىڭ خانىسىغا كىردى ۋە ئاديۇتانتىنى چاقىرىپ ئەسكەرلەر يېتىپ كەلگەن چاغدىكى ئەھۋاللارغا ئالاقىدار بەزى ھۆججەتلەر بىلەن ئالدىنقى سەپتە ئارمىيىگە قوماندانلىق قىلىۋاتقان بۈيۈك گېرتسوگ فېردىناندتىن كەلگەن خەتلەرنى ئېلىپ كىرىشنى بۇيرۇدى. كىنەز ئاندرېي بولكونىسكى تەلەپ قىلىنغان ھۆججەتلەرنى ئېلىپ باش قوماندانىڭ خانىسىغا كىردى. كۇتۇزوۋ ۋە ئاۋستىرىيە ھەربى ئىشلار كېڭىشىنىڭ ئەزاسى شىرەگە يېيىپ قويۇلغان خەرىتىگە قاراپ ئولتۇراتتى.

— ھە...ە! — دېدى كۇتۇزوۋ بولكونىسكىغا "توختاپ تۇر" دېگەندەك قاراپ قويۇپ ۋە باشلانغان گېپىنى فرانسۇزچە داۋاملاشتۇردى:

— مەن پەقەت شۇنىلا دېمەكچىمەن، گېنېرال، — دېدى كۇتۇزوۋ. ئۇ شۇنداق چىرايلىق ئىبارىلەر ۋە تەلەپپۇز بىلەن گەپ قىلاتتىكى، ۋەزمىنلىك بىلەن ئېيتىلغان ھەر بىر ئېغىز سۆزىنى كىشى دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىشقا مەجبۇر بولاتتى. كۇتۇزوۋنىڭ ئۆزىمۇ ئۆز سۆزىگە ئۆزى ھوزۇرلىنىپ قۇلاق سالغاندەك قىلاتتى. — مەن پەقەت شۇنىلا دېمەكچىمەن، گېنېرال، ئەگەر مەسىلە تامامەن مېنىڭ شەخسى خاھىشىمغا باغلىق بولغاندا ئىدى، پادىشا فرانس

ھەزرەتلىرىنىڭ خاھىشى ئالدىقاچانلا بىجا كەلتۈرۈلگەن بولاتتى. مەنمۇ ئالدىقاچانلا بۈيۈك گېرتسوگقا قوشۇلۇپ كەتكەن بولاتتىم. شۇنىڭغا ئىشىنىڭكى، شەخسەن مېنىڭ ئۈچۈن ئارمىيىنىڭ ئالى قوماندانلىقىنى ماڭا قارىغاندا تېخىمۇ بىلىملىك ۋە تېخىمۇ ماھىر گېنېرالغا — مۇنداق كىشىلەر ئاۋستىرىيىدە ناھايىتى كۆپ — بېرىپ، ئۆزەمدىن بۇ ئېغىر جاۋاپكارلىقنى ئېلىپ تاشلىغان بولسام، شەخسەن ئۆزەم ئۈچۈن ناھايىتى خوشال ئىش بولغان بولاتتى. لېكىن، بەزەن شارائىت بىزدىن كۈچلۈكرەك كېلىپ، بىزنى باش ئېگىشكە مەجبۇر قىلىدۇ، گېنېرال.

شۇنىڭ بىلەن كۇتۇزوۋ كۈلۈپ قويدى، ئۇنىڭ بۇ چاغدىكى قىياپىتى گويا: "سىزنىڭ ماڭا ئىشەنمەسلىكىڭىزگە تولۇق ھەققىڭىز بار، سىز ئىشەنمەسىز ياكى ئىشەنمەمسىز، ئۇنىڭ مەن ئۈچۈن مۇتلەق ئەھمىيىتى يوق، لېكىن سىز ماڭا ئۇنداق دېيىشكە بانا تاپالمايسىز. ھەممە گەپ مانا شۇنىڭدا" دېگەندەك قىلاتتى.

ئاۋستىرىيە گېنېرالىنىڭ چىرايىدىن نارازىلىق بىلىنىپ تۇرسىمۇ، لېكىن كۇتۇزوۋقا شۇنداق ئاھاڭدا جاۋاپ بېرەلمىدى.

— ئەكسىچە، — دېدى گېنېرال غودۇڭشىغان ۋە ئاچچىقلانغان ئاھاڭ بىلەن ئېيتىلىۋاتقان سۆزلىرىنىڭ خوشامەتكويى مەنىسىگە زىت ھالدا، — ئەكسىچە، جانابىڭىزنىڭ بۇ ئومۇمىي ئىشقا ئىشتىراك ئەتكەنلىكىنى بىزنىڭ ھەزرىتى ئالىلىرى يۈكسەك باھالىماقتا؛ لېكىن ئىشنى مۇنداق ئارقىغا تارتىش شانلىق رۇس قوشۇنلىرىنى ۋە ئۇنىڭ باش قوماندانىنى جەڭلەردە ئىگە بولۇشقا ئادەتلەنگەن شان-شەرەپتىن مەھرۇم قىلماقتا دەپ ئويلايمىز، — دېدى. ئۇنىڭ تەييارلىغان سۆزلىرىنى شۇنىڭ بىلەن تۈگەتكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كۇتۇزوۋ ھامان كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ تازىم قىلدى.

— بىراق، مەن شۇنداق ئىشىنىمەنكى ۋە يېقىندا جانابى ھەزرىتى بۈيۈك گېرتسوگ فېردىناند ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلىپ ئەۋەتكەن خېتىگە قاراپ تەخمىن قىلىمەنكى، ئاۋسترىيە قوشۇنلىرى گېنېرال ماكدەك ماھىر ياردەمچىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ھازىر ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئېرىشتى، ئەمدى يەنە بىزنىڭ ياردىمىمىزگە مۇھتاج بولمايدۇ، — دېدى كۇتۇزوۋ.

گېنېرال قاپىقىنى تۈرۈپ قويدى. ئاۋسترىيىلىكلەرنىڭ يېڭىلگەنلىكى توغرىسىدا گەرچە ئېنىق خەۋەرلەر بولمىسىمۇ، ئەمما ئومۇمى يۈزلۈك پايدىسىز مىش-مىشلارنى تەستىقلايدىغان ناھايىتى كۆپ ئەھۋاللار بار ئىدى؛ شۇنىڭ ئۈچۈن، كۇتۇزوۋنىڭ ئاۋسترىيىلىكلەرنىڭ غەلىبىسى توغرىسىدىكى تەخمىنلىرى مازاق قىلىشقا ناھايىتى ئوخشاپ كېتەتتى. لېكىن كۇتۇزوۋ يەنە شۇنداق يېقىملىققىنا كۆلۈمسىرەپ قويدى، ئۇنىڭ بۇ ھالىتى "شۇنداق تەخمىن قىلىشقا ھەققىم بار" دېگەندەك قىلاتتى. دەرۋەقە، يېقىندا ماك ئارمىيىسىدىن كەلگەن خەتتە غەلىبە توغرىسىدا ۋە ئارمىيىنىڭ ئەڭ پايدىلىق ئىستىراتېگىيىلىك ھالىتى توغرىسىدا خەۋەر قىلىنغان ئىدى.

— قېنى، شۇ خەتنى ماڭا بەرگىنا، — دېدى كۇتۇزوۋ كىنەز ئاندرېيغا قاراپ. — مەرھەمەت، كۆرۈپ باقسىلا، — دېدى-دە، مازاق قىلغان ھالدا سەل ئىلجىيىپ بۈيۈك گېرتسوگ فېردىناندتىن كەلگەن خەتنىڭ تۆۋەندىكى بىر بۆلىكىنى ئاۋسترىيە گېنېرالىغا ئېيىتىپ ئوقۇپ بەردى①:

① رۇس ھەربى تارىخشۇناسى مىخايلوۋسكى. دانىلوۋسكىنىڭ ئەسەرلىرىدە بۇ خەت نەقىل تەرىقىسىدە ئىشلىتىلگەن. تولستوي بۇ خەتنىڭ بىر

"Wir haben vollkommen zusammengehaltene Kräfte, nahe an 70000 Mann, um den Feind, wenn er den Lech passierte, angreifen und schlagen zu können. Wir Können, da wir Meister von Ulm sind, den, den Vortheil, auch von beiden Ufern der Donau Meister zu bleiben, nicht verlieren; mithin auch jeden Augenblick, wenn der Find den Lech nicht passierte, die Donau übersetzen, uns auft seine Communikations-Linie werfen, die Donau unterhalb repassieren und dem Feind, wenn er sich gegen unsere treue Allirte mit ganzer Macht wenden wollte, seinə Absicht alsbald vereiteln. Wir werden auf solche Weise den Zeitpunkt, wo die kaiserlich-Russische Armée ausgerüstet sein wird, muthig entgegenharren, und sodann leicht gemeinschaftlich die Möglichkeit finden, dem Feinde das Schicksal zuzubereiten, so er verdient" "بىز يەتمىش مىڭ كىشىگە يېقىن تولۇق مەركەز-

---

بۆلگىنى ئالغان. تولستوي رومانىنى بېشىدىن ئاخىرىغىچە تارىخىي پاكىتلارغا يېقىنلاشتۇرۇشقا تىرىشقان. ئۇ روسىيىگە دائىر مەسىلىلەردە دانىلوۋسكىنىڭ ئەسەرلىرىدىن، فرانسىيىگە دائىر مەسىلىلەردە يۇرنىڭ ئەسەرلىرىدىن كەڭ پايدىلانغان. باشقا نۇرغۇن كىشىلەرنى زىيارەت قىلغان، ئۆزىنىڭ ئۇرۇق-ئەۋلاتلىرى ۋە باشقىلارنىڭ ئۇرۇق-ئەۋلاتلىرىدىن ئەينى زاماندا ئۇرۇشقا قاتناشقان كىشىلەرنىڭ نۇرغۇنلىغان شەخسى خەت-چەكلىرى ۋە "خاتىرىلىرى" دىن پايدىلانغان. شەخسلەرنىڭ بۇ ماتىرىياللىرى بەزىدە تارىخچىلارنىڭ يول قويغان خاتالىقلىرىنى تۈزىتىشكە ياردەم بەردى. — تەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

لەشكەن كۈچكە ئىگىمىز، ئەگەر دۈشمەن لېخ دەرياسىدىن ئۆتكەن تەقدىردە، بىز ئاتاكا قىلىپ ئۇنى تارمار قىلالايمىز. ھازىر ئۈلىم بىزنىڭ قولىمىزدا بولغاچقا، بىز دونايىنىڭ ھەر ئىككى ياقىسىدىمۇ كۈچىمىزنى قولاي رەۋىشتە ئىشقا سېلىش ئىمكانىيىتىنى قولىمىزدا ساقلاپ تۇرالايمىز؛ دېمەك، دۈشمەن لېختىن ئۆتمەي دونايىدىن ئۆتكىدەك بولسا، ھەرقاچان ئۇنىڭ ئالاقە يوللىرىغا ھۇجۇم قىلىش، دونايىنىڭ ئۇ ياقىسىدىن ئۆتۈش ۋە ئەگەر دۈشمەن پۈتۈن كۈچىنى بىزنىڭ سادىق ئىتتىپاقچىلىرىمىزغا قارشى قارىتىدىغان بولسا، ئۇنىڭ بۇ نىيىتىنى بەربات قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگىمىز. شۇنداق قىلىپ، بىز رۇس پادىشاسى قوشۇنلىرىنىڭ تامامەن تەييار بولۇپ كېلىشىنى ئىنتىزار بولۇپ كۈتۈپ تۇرىمىز ۋە كەلگەندىن كېيىن بىرلىكتە دۈشمەننىڭ تېگىشلىك جازىسىنى بېرىش ئىمكانىيىتىنى دەرھال تاپىمىز".

كۇتۇزوۋ خەتنىڭ بۇ بۆلىكىنى ئوقۇپ بولۇپ، چوڭقۇر نەپەس ئالدى-دە، ھەربى كېڭەش ئەزاسىغا دىققەت قىلغان ھالدا مۇلايىملىق بىلەن قاراپ قويدى.

— لېكىن، جانابى ئالىيلىرى، بىرەر ئىشنى مۆلچەرلىگەندە ئۇنىڭ ئەڭ يامان تەرىپىنى نەزەردە تۇتۇش كېرەك دېگەن ئاقىلانە گەپنى ئۆزلىرى بىلىدىلا، — دېدى ئاۋسترىيە گېنېرالى چاخچاقنى ئاياقلاشتۇرۇپ ئەمىلىي ئىشقا ئۆتمەكچى بولغاندەك. ئۇ مەمنۇن بولمىغان ھالدا ئاديۇتانتقا ئۆرۈلۈپ قاراپ قويدى.

— كەچۈرگەيسىز، گېنېرال، — دېدى كۇتۇزوۋ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋېتىپ ۋە كىنەز ئاندرېغا قاراپ. — قېنى، ئەزىزىم، سەن بىزنىڭ خەۋەرچىلىرىمىزنىڭ ھەممە ئاخباراتلىرىنى كوزلوۋسكىدىن ئالغىن.

مانا گراف نوستىتسادىن كەلگەن ئىككى پارچە خەت، مانا جانابى بۈيۈك گېرتسوگ فېردىناندتىن كەلگەن خەت، مانا يەنە، — دېدى ئۇنىڭغا بىرقانچە پارچە قەغەزنى بېرىۋېتىپ. — مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىدىن فرانسۇز تىلىدا روشەن مېموراندۇم، خاتىرە تۈزگىن، بۇ ئاۋستىرىيە ئارمىيىسىنىڭ ھەركەتلىرى توغرىسىدا بىز ئىگە بولغان ئەھۋاللارنى كۆرسىتىدىغان بولسۇن، كېيىن ئۇنى جانابى ئالىيلىرىغا سۇنغىن.

كىنەز ئاندرېي بېشىنى ئېگىپ قويدى: بۇ كۇتۇزوۋنىڭ ھازىر ئېيتقان سۆزلىرىنىلا ئەمەس، بەلكى يەنە نىمە دېمەكچى بولغانلىقىنىمۇ چۈشەنگەنلىكىنىڭ ئىشارىسى ئىدى. ئۇ ھۆججەتلەرنى يىغىشتۇرۇۋالدى-دە، گېنېرال بىلەن كۇتۇزوۋقا تازىم قىلغاندىن كېيىن، گىلەم ئۈستىدە يېنىك قەدەم تاشلاپ قوبۇلخانىغا چىقىپ كەتتى.

كىنەز ئاندرېي روسىيىدىن ئايرىلغىنىغا ئانچە كۆپ ۋاقىت ئۆتمىگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ ۋاقىت ئىچىدە ناھايىتى كۆپ ئۆزگىرىپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ چېھرىسىدە، ھەركەتلىرىدە، يۈرۈش-تۇرۇشلىرىدا ئىلگىرىكى مۇغەمبىرلىك، ھارغىنلىق ۋە ھورۇنلۇق قىلىچە دىگۈدەك سېزىلمەيتتى؛ ئۇ ئۆزىنىڭ باشقىلاردا پەيدا قىلغان تەسىراتلىرى توغرىسىدا ئويلاشقىمۇ ۋاقتى يوق بولغان، كۆڭلىگە ياققان ۋە قىزىقارلىق ئىشقا بېرىلگەن ئادەمدەك قىياپەتكە كىرگەن ئىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن ئۆزىگە ۋە ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە تېخىمۇ مەمنۇن بولغان قىياپەت ئىپادىلىنىپ تۇراتتى؛ ئۇنىڭ كۈلۈمسىرىشى ۋە قاراشلىرى تېخىمۇ خۇشخۇي ۋە تېخىمۇ جازىبىلىك ئىدى.

ئۇ كۇتۇزوۋقا پولشىدا يېتىشىۋالغان ئىدى، كۇتۇزوۋ ئۇنى ناھايىتى خۇشخۇيلۇق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئۇنتۇپ قالمايدىغانلىقىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ۋەدە قىلغان، باشقا ئادىۋتانىتىلاردىن پەرقلىق مۇئامىلە قىلىپ، ۋېناغا ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتكەن، خېلى مۇھىم ۋەزىپىلەرنى تاپشۇرغان ئىدى. كۇتۇزوۋ ۋېنادىن ئۆزىنىڭ قەدىرىدان ئاغىنىسى بولغان كىنەز ئاندرېينىڭ دادىسىغا تۆۋەندىكىچە خەت يازغان ئىدى.

"سىزنىڭ ئوغلىڭىز، — دەپ يازغان ئىدى ئۇ، — ئىش ئىگەللىشى، ئىرادىسى ۋە تىرىشچانلىقى بويىچە باشقىلاردىن ئالاھىدە ئايرىلىپ تۇرىدىغان ئەپتىسەر بولۇشقا مۇناسىپ ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىمەكتە. مەن قول ئاستىمدا مۇشۇنداق ئادەمگە ئىگە بولغانلىقىم ئۈچۈن ئۆزەمنى بەختلىك ھىساپلايمەن".

كۇتۇزوۋنىڭ ئىشتاۋىدا، يولداشلار — خىزمەتداشلار ئارىسىدا ۋە ئومۇمەن ئارمىيىدە ۋە شۇنىڭدەك پېتربۇرگ يۇقۇرى تەبىقىلىرى دائىرىسىدە كىنەز ئاندرېي بىر بىرىگە تامامەن قارىمۇ-قارشى بولغان ئىككى خىل ئابرويغا ئىگە ئىدى. بىر بۆلەك ئاز ساندىكى ئادەملەر ئاندرېينى ئۆزىگە ۋە باشقا ھەممە كىشىلەرگە قارىغاندا قانداقتۇ ئالاھىدە دەپ ئېتىراپ قىلىشىپ، ئۇنىڭدىن مۇۋەپپەقىيەتلەرنى كۈتەتتى، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلاتتى، ئۇنىڭدىن خۇرسەن بولاتتى ۋە ئۇنىڭغا تەقلىت قىلاتتى؛ كىنەز ئاندرېمۇ مۇشۇ كىشىلەرگە ئۆزىنى يېقىن تۇتاتتى ۋە ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى. باشقىلىرى، كۆپ ساندىكىلىرى بولسا كىنەز ئاندرېينى ياخشى كۆرمەيتتى، ئۇنى تەكەببۇر، سوغاق ۋە يېقىمسىز ئادەم دەپ ھىساپلايتتى. لېكىن كىنەز ئاندرېي بۇ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئۆزىنى شۇنداق تۇتاتتىكى، بۇ كىشىلەر ئۇنى ھۆرمەتلەشكە مەجبۇر بولاتتى ۋە ھەتتا ئۇنىڭدىن تەپ تارتاتتى.

كىنەز ئاندرې كۇتۇزوۋنىڭ خانىسىدىن قولىدا ھۆججەتلەرنى تۇتقان ھالدا چىقىپ قوبۇلخانىغا كىردى ـ دە، ئۆزىنىڭ خىزمەتدىشى نۆۋەتچى ئاديۇتانت كوزلوۋسكىنىڭ يېنىغا كەلدى، ئۇ قولىغا كىتاپ ئېلىپ دەرىزە يېنىدا ئولتۇراتتى.

— خوش، نىمە گەپ كىنەز؟ — دەپ سورىدى كوزلوۋسكى.

— نىمە ئۈچۈن ئالغا ئىلگىرىلىمىگەنلىگىمىز توغرىسىدا خاتىرە تۈزۈپ چىقىشقا بۇيرۇق ئالدىم.

— نىمە ئۈچۈن؟

كىنەز ئاندرې دولىسىنى مىدىرلىتىپ قويدى.

— ماكتىن خەۋەر يوقمۇ؟ — دەپ سورىدى كوزلوۋسكى.

— يوق.

— ئەگەر ئۇنىڭ تارمار قىلىنغانلىغى راست بولسا، خەۋەر كەلگەن بولاتتى.

— ئېھتىمال، — دىدى كىنەز ئاندرې ۋە ئىشىككە قاراپ ماڭغان ئىدى؛ لېكىن دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ قارشىسىغا ئىشىكنى شارتتىدا ئېچىپ، قوبۇلخانىغا ناھايىتى تېزلىك بىلەن ئېگىز بويلۇق، ئۇچىسىغا ھەربى پەلتو كىيگەن ئاۋسترىيە گېنېرالى كىرىپ كەلدى، بۇ كىشىنىڭ بويىندا مارىيە ـ تېرېزىي ئوردېنى ئىسقلىق ئىدى، بېشىغا قارا ياغلىق ئورالغان ئىدى، ئۇنىڭ ئەمدىلا يېتىپ كەلگەنلىگى روشەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— گېنېرال ئانشېف كۇتۇزوۋ بارمۇ؟ — دىدى ئەمدىلا يېتىپ كەلگەن بۇ گېنېرال قۇلاقنى يارغۇدەك قاتتىق نېمىس لەھجىسى بىلەن تېز سۆزلەپ ۋە ئىككى تەرىپىگە قاراپ قويدى ـ دە، توختىماستىن ئىچكىرىكى ئۆينىڭ ئىشىگىگە قاراپ ماڭدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— گېنېرال ئانشېف ئىش ئۈستىدە، — دېدى كوزلوۋسكى ۋە دەرھال بۇ نامەلۇم گېنېرالنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭ ئۆيگە كىرىش يولىنى توسۇۋالدى. — خەۋەر قىلسام بولامدۇ؟

بۇ نامەلۇم گېنېرال بويى ئانچە ئېگىز بولمىغان كوزلوۋسكىغا، خۇددى "مېنى تونۇمايدىغان ئادەممۇ بار ئىكەن-ھە" دېگەندەك ئەجەپلەنگەن ھالدا، بېشىدىن ئايىغىچە مەنسىتمىگەن ھالدا قاراپ قويدى.

— گېنېرال ئانشېف ئىش ئۈستىدە، — دېدى يەنە كوزلوۋسكى سوغاققانلىق بىلەن تەكرارلاپ.

گېنېرالنىڭ تەرى تۈرۈلدى، لەۋلىرى تىترەپ كەتتى. ئۇ خاتىرە دەپتىرىنى چىقاردى-دە، قېرىنداش بىلەن نىمىدۇ بىر نەرسىنى چاپسان يېزىپ، بىر ۋاراقنى يىرتىپ ئېلىپ دەرھال كوزلوۋسكىغا ئۇزاتتى ۋە تېز-تېز قەدەم تاشلاپ دېرىزىنىڭ ئالدىغا كەلدى-دە، ئۆزىنى ئورۇندۇققا تاشلىدى ۋە "بۇ ئادەملەر نېمە ئۈچۈن ماڭا بۇنچىۋالا قارايدىغاندۇ" دەپ سورىغاندەك ئۆيدىكى كىشىلەرگە قاراپ چىقتى: كېيىن بېشىنى كۆتىرىپ، بىرەر سۆز ئېيتماقچى بولۇۋاتقاندەك، بوينىنى سوزدى، ئەمما يەنە دەرھال ئىچىدە ئۆزىچە كەلسە-كەلمەس غىڭشىپ بىرەر ناخشا ئېيتىشقا باشلىغاندەك غەلىتە ئاۋاز چىقاردى-يۇ، كېيىن يەنە دەرھال توختاپ قالدى. خانىنىڭ ئىشىگى ئېچىلدى، كۇتۇزوۋ بوسۇغىدا كۆرۈندى. بېشىغا قارا ياغلىق ئورىۋالغان گېنېرال، خۇددى خەۋپتىن ئۆزىنى ئېلىپ قېچىۋاتقاندەك ئېگىلىپ، ياداڭغۇ پۇتلىرى بىلەن چوڭ ۋە تېز قەدەم تاشلاپ، كۇتۇزوۋنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— vous voyez le malheureux Mack (كەمىنە بەختسىز

ماك[1]) ــ دىدى ئۇ ئىندىكىپ.

خانىنىڭ بوسۇغىسىدا تۇرغان كۇتۇزوۋنىڭ چىرايى بىر مەھەل قېتىپ قالدى. كېيىن يۈزىدىكى قورۇقلار، خۇددى سۇنىڭ دولقۇنلىرىغا ئوخشاش، يۈزىدە يۈگۈردى ـ دە، پېشانىسى يەنە سىلىق بولۇپ قالدى؛ ئۇ ھۆرمەت بىلەن باش ئېگىپ، كۆزلىرىنى يۇمدى ۋە لام ـ مىم دېمەستىن ماكنى ئىچكىرىگە كىرگۈزدى ـ دە، ئىشىكنى يېپىۋالدى.

ئاۋستىرىيىلىكلەرنىڭ تارمار قىلىنغانلىقى ۋە پۈتۈن ئارمىيىنىڭ ئۆلىمدا تەسلىم بولغانلىقى توغرىسىدا بۇندىن ئاۋال تارقالغان گەپ ـ سۆزلەر راست بولۇپ چىقتى. يېرىم سائەت ئىچىدە ئادىيۇتانتلار شۇ ۋاقىتقا قەدەر ئۇرۇش قىلماي تۇرغان رۇس قوشۇنلىرىنىڭمۇ ئەمدى تېزدىن دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان بۇيرۇق بىلەن تەرەپ ـ تەرەپكە ئەۋەتىلگەن ئىدى.

كىنەز ئاندرېي ئۆزىنىڭ ئاساسلىق پىكىر ـ دىققىتىنى ئۇرۇش ئىشلىرىنىڭ ئومۇمى تەرەققىياتىغا قاراتقان ۋە ئىشتاپتا كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدىغان ئەپىتسەرلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ ماكنى كۆرۈپ ۋە ئۇنىڭ مەغلۇبىيىتىنىڭ تەپسىلاتلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇرۇش ھەركەتلىرىنىڭ يېرىم مەغلۇپ بولغانلىقىنى، رۇس قوشۇنلىرى ھالىتىنىڭ ھەممە قىيىنچىلىقلىرىنى چۈشەندى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئارمىيىنىڭ كەلگۈسى تەقدىرىنى ۋە بۇنىڭدا ئۆزىنىڭ ئوينايدىغان رولىنى دەرھال تەسەۋۋۇر قىلدى. ئۆزىگە تەمەننا قويىدىغان ئاۋستىرىيىنىڭ

---

[1] گىراف كارل. ماك (1828 ــ 1752) ئۆلىمدا ئاۋستىرىيە ئارمىيىسىگە قوماندانلىق قىلغان. ــ تەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

شەرمەندە بولىدىغانلىقىنى ئويلىغاندا، شۇنىڭدەك بىر ھەپتە ئىچىدە، ئېھتىمال، ئۆزىنىڭ سۇۋوروۋنىڭ كېيىن بىرىنچى مەرتىۋە رۇسلارنىڭ فرانسۇزلار بىلەن بولىدىغان توقۇنۇشنى كۆرىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭغا قاتنىشىپ قېلىش ئىمكانىيىتىنى ئويلىغاندا، ئۇ ھاياجانلاندۇرغۇچى خوشال تۇيغۇنى ئىختىيارسىز ھەس قىلاتتى. لېكىن ئۇ بوناپارت دانىشمەنلىكىنىڭ رۇس قوشۇنلىرىنىڭ بارلىق قەھرىمانلىرىدىن ئېشىپ كېتىش مۇمكىنلىكىدىن قورقاتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆز قەھرىما-نىنىڭ شەرمەندە بولۇشىغىمۇ يول قويالمايتتى.

بۇ ئوي-پىكىرلەر بىلەن ھاياجانلانغان ۋە غەزەپلەنگەن كىنەز ئاندرېي ئاتىسىغا خەت يېزىش ئۈچۈن (ئۇ ئاتىسىغا ھەر كۈنى خەت يېزىپ تۇراتتى) ھوجرىسىغا كەتتى. ئۇ ئارىلىقتا ئۆزىنىڭ ھوجرى-داشلىرىدىن نېسۋىتسكى ۋە يەنە قىزىقچى ژېركوۋ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى؛ ئۇلار ئادەتتىكىدەك نىمىدۇ بىر نەرسىگە كۈلۈشمەكتە ئىدى.

— ھە، نىمانچىۋالا خاپىسەن؟ — دەپ سورىدى نېسۋىتسكى كىنەز ئاندرېينىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايى ۋە پارقىراپ تۇرغان كۆزلىرىنى كۆرۈپ.

— خوشال بولىدىغان ھېچقانداق ئىش يوق، — دەپ جاۋاپ بەردى بولكونسكى.

كىنەز ئاندرېي نېسۋىتسكى ۋە ژېركوۋ بىلەن ئۇچراشقان چاغدا، ئارىلىقنىڭ نېرىقى تەرىپىدىن كۇتۇزوۋ ئىشتاۋىدا رۇس ئارمىيىسىنىڭ تەمىناتىغا مەسئۇل بولغان ئاۋستىرىيە گېنېرالى شتىرائۇخ ۋە ھەربى كېڭەشنىڭ تۈنۈگۈن يېتىپ كەلگەن ھىلىقى ئەزاسى بىللە ئۇنىڭ قارشىسىغا كېلىۋاتاتتى. كەڭ ئارىلىقتا ئىككى گېنېرالنىڭ بۇ ئۈچ ئەپتەسەر يېنىدىن ئازادە ئۆتۈپ كېتىشى ئۈچۈن جاي يېتەرلىك

بولسمۇ، ئەمما ژېركوۋ قولى بىلەن نېسۋىتسكىنى ئىتتىرىپ، ھۆمىدىگەن ئاۋاز بىلەن:
— ئۇلار كېلىۋاتىدۇ!... كېلىۋاتىدۇ!... بۇياقىقا تۇر، يول بېرىڭلار! يول بېرىڭلار! — دېدى.
گېنېراللار مالال كەلتۈرىدىغان ئىززەت-ھۆرمەتتىن تېزرەك قۇتۇلۇشنى ئىزلىگەن بىر خىل قىياپەتتە ئۆتۈپ كەتمەكتە ئىدى. قىزىقچى ژېركوۋنىڭ يۈزىدە بىردىنلا گوياكى ئۆزىنى باسالمىغۇدەك دەرىجىدە ئورۇنسىز تەبەسسۇم پەيدا بولدى ۋە بىر قەدەم ئالدىغا چىقىپ ئاۋسترىيە گېنېرالىغا:
— جانابى ئالىلىرى، — دېدى نېمىس تىلىدا. — تەبرىكلىشىمگە رۇخسەت قىلىڭ.
ئۇ بېشىنى ئېگىپ قويدى ۋە خۇددى تانسا ئويناشنى ئۆگىنىۋاتقان باللاردەك ئوڭايسىزلىنىپ، بىردەم بۇ پۇتىنى، بىردەم ئۇ پۇتىنى يەرگە ئۇرۇشقا باشلىدى.
گېنېرال، ھەربى كېڭەشنىڭ ئەزاسى ئۇنىڭغا ھومىيىپ قاراپ قويدى؛ لېكىن ئورۇنسىز تەبەسسۇمنىڭ جىددىيلىگىنى سېزىپ، سەل دىققەت قىلماي تۇرالمىدى ۋە خۇددى قۇلاق سېلىۋاتقاندەك كۆزىنى قىسىپ قويدى.
— تەبرىكلەشكە رۇخسەت قىلىڭ، گېنېرال ماك سالامەت يېتىپ كەلدى، پەقەت مۇشۇ يېرى سەل-پەل لەت يەپتۇ، — دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ ئوچۇق چىراي كۈلۈمسىرىگەن ھالدا بېشىنى كۆرسىتىپ.
گېنېرال قاپىغىنى تۈردى-دە، بۇرۇلۇپ كېتىپ قالدى.
— (خۇدايا، نىمە دېگەن پەمى يوق!) Gott, Wie naiv — دېدى ئۇ ئاچچىقلىنىپ ۋە بىرقانچە قەدەم نېرى كەتكەندىن كېيىن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

نېسۋىتسكى قاقاقلاپ كۈلۈپ كىنەز ئاندرېنى قۇچاقلىدى، لېكىن بولكونسكى تېخىمۇ تاتىرىپ كەتتى ـ دە، غەزەپلىنىپ ئۇنى ئىتتىرىۋەتتى ـ يۇ، ژېركوۋقا ئۆرۈلۈپ قارىدى. ماكنىڭ ھالىتى، ئۇنىڭ مەغلۇپ بولغانلىغى توغرىسىدىكى خەۋەر ۋە رۇس ئارمىيىسىنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى توغرىسىدىكى ئوي ـ پىكىرلەر بىلەن ئەسەبىلەشكەن بولكونسكىغا ژېركوۋنىڭ ئورۇنسىز چاخچىقى بىر بانا بولدى ـ دە، پۈتۈن ئەلىمىنى ئۇنىڭدىن ئالدى.

ــ ئەگەر سىز، مۆھتەرەم جاناپلىرى، ــ دېدى ئېڭىكىنى قىترىتىپ جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن، ــ قىزىقچى بولماقچى ئىكەنسىز، مەن سىزگە بۇ جەھەتتە توسقۇنلۇق قىلالمايمەن؛ ئەمما سىزگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىمەنكى، ئەگەر سىز يەنە بىر قېتىم مېنىڭ ئالدىمدا مۇشۇنداق كېلىشمىگەن قىلىقلارنى قىلىدىغان بولسىڭىز، سىزگە ئۆزىنى قانداق تۇتۇش لازىملىغىنى ئۆگىتىپ قويىمەن.

نېسۋىتسكى بىلەن ژېركوۋ بۇ قىلىقتىن شۇنچىلىك چۆچۈپ كەتتىكى، لام ـ مىم دېمەستىن ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ، بولكونسكىغا قاراپلا قالدى.

ــ نىمە بوپتۇ، مەن پەقەت تەبرىكلەپلا قويدۇم، ــ دېدى ژېركوۋ.

ــ مەن سىز بىلەن چاخچاق قىلىۋاتمايمەن، جىم بولغايسىز! ــ دەپ ۋاقىرىدى بولكونسكى ۋە نېسۋىتسكىنى قولىدىن يېتەكلەپ، نىمە دەپ جاۋاپ بېرىشنى بىلمەيۋاتقان ژېركوۋتىن نېرى كېتىپ قالدى.

ــ بولدى، نىمە بولدۇڭ، بۇرادەر، ــ دېدى نېسۋىتسكى ئۇنى تىنچلاندۇرۇپ.

— نېمە بولماقچى؟ — دېدى كىنەز ئاندرې هاياجانلىنىشتىن
توختاپ. — ئۆزەڭ ئويلاپ باق: بىز پادىشايىمىزغا ھەم ۋەتىنىمىزگە
خىزمەت قىلدىغان، ئومۇمى مۇۋەپپەقىيىتىمىزگە خوشال بولۇپ،
ئومۇمى مۇۋەپپەقىيەتسىزلىرىمىزگە خاپا بولىدىغان ئەپتسەرلەرمۇ ياكى
خوجايىنىنىڭ ئىشى بىلەن كارى بولمايدىغان مالايلارمۇ؟... — Quar-
ante milles hommes massa crés et l'armée de nos a lliés
détuite, et vous trouvez là le mot pour nire, (قىرىق
مىڭ كىشى هالاك بولۇپ، ئىتتىپاقچىلىرىمىزنىڭ ئارمىيىسى نابۇت
قىلىنسا-يۇ، سىز بۇنى مازاق قىلىپ ئولتۇرسىڭىز)، — دېدى بۇنى
فرانسۇزچە ئېيتىش بىلەن پىكرىنى مۇستەھكەملىمەكچى بولغان-
دەك، — C'est bien pour un garçon de rie , comme cet
individu dont vous avez fait un ami, mais pas pour
vous, pas pour vous. (بۇنداق قىلىش، ئۆزىڭىز دوست تۇتقان
بۇ جاناپنىڭ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان، كىچىك بالىدەك ئادەم
ئۈچۈن كەچۈرۈشكە بولىدىغان ئىش، بىراق سىزگە ياراشمايدۇ،
ياراشمايدۇ)، — دېدى يەنە كىنەز ئاندرې ژېركوۋقا ئاگلىتىپ،
رۇس تىلىدا فرانسۇز تەلەپپۇزى بىلەن.

ئۇ كورنېت① بىرەر سۆز قىلارمىكىن دەپ كۈتتى. لېكىن كورنېت بۇرۇلۇپ ئارىلىقتىن چىقىپ كەتتى.

① كورنېت — چار روسىيە ئاتلىق ئەسكەرلىرىدە تۆۋەن دەرىجىدىكى ئەپتسەر ئۇنۋانى. — تەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# 4

پاۋلوگراد قىران ئاتلىقلار پولكى بىرائۇناۋدىن ئىككى مىل نېرىدا تۇراتتى. ئۆگەنچى ئەپتىسەر① نىكولاي روستوۋ خىزمەت قىلىپ تۇرغان ئېسكادرون② نېمىسلارنىڭ زالسېنك دىگەن يېزىسىغا جايلاشقان ئىدى. پۈتۈن ئاتلىق دىۋىزىيىسىدە ۋاسكادېنىسوۋ دىگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان ئېسكادرون كاماندىرى روتمىستىر③ دېنىسوۋغا يېزا بويىچە ئەڭ ياخشى ئۆي ئاجرىتىلغان ئىدى. ئۆگەنچى ئەپتىسەر روستوۋ پولكقا پولشىدا يېتىشۋالغاندىن تارتىپ ئېسكادرون كاماندىرى بىلەن بىللە تۇراتتى.

11 - ئۆكتەبىر ماكنىڭ مەغلۇپ بولغانلىغى توغرىسىدىكى خەۋەر باش ئىشتاپتا ھەممىنى ھاياجانغا كەلتۈرگەن كۈنى ئېسكادرون ئىشتاۋىدا ئەپتىسەرلەرنىڭ ھەربى يۈرۈش ھالىتىدىكى تۇرمۇشى ئىلگىرىكىدەكلا تىپ - تىنچ كېتىۋاتاتتى. روستوۋ يەم - خەشەك تەييارلاش ۋەزىپىسىنى تۈگىتىپ، ئاتقا مىنىپ سەھەردە قايتىپ كەلگەن

---

① ئۆگەنچى ئەپتىسەر — پادىشا روسىيىسىنىڭ ئارمىيىسىدە ئاددى ئەسكەر ياكى ئۇنتۇرا ئەپتىسەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان ئاق سۆڭەكلەر بالىسى. — تەر.

② ئېسكادرون — ئاتلىق قىسىملاردا پىيادە قىسىملاردىكى روتىغا باراۋەر كېلىدىغان تەشكىلىي - تاكتىكىلىق بىرلىك. — تەر.

③ روتمىستىر — ئىنقىلاپتىن ئىلگىرىكى رۇس ئاتلىق قىسىملىرىدا ۋە ژاندارما قىسىملىرىدا ئەپتىسەرلىك ئۇنۋان، كاپىتانغا توغرا كېلىدۇ. — تەر.

چاغدا، تۈن بويى قارتا ئويناپ ئۈتتۈرۈپ قويغان دىنسوۋ تېخى قايتمىغان ئىدى. يۇنكېرلارنىڭ ھەربى كىيىمىنى كىيگەن روستوۋ ئىتىنى بىرلا ئىرغىتىپ دەرۋازا ئالدىغا يېتىپ كېلىپ، ياشلارغا خاس چاققان ھەركىتى بىلەن پۈتىنى ئىگەردىن ئارتىلدۇرۇۋېلىپ، خۇددى ئىتىدىن ئايرىلغۇسى كەلمىگەندەك، ئۆزەڭگىگە دەسسەپ سەل-پەل تۇردى-دە، ئاخىر ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى ۋە چاپارمىنىنى چاقىردى.

— قېنى، ئەزىز دوستۇم بونداربنكو! — دىدى ئىتىنى ئېلىشقا ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ئاتلىق ئەسكەرگە. — قېنى، يېتىلەپ سوۋۇتقىن، — دىدى ياخشى كۆڭۈللۈك ھەممە ياش كىشىلەر خوشال چاغلىرىدا كۆرسىتىدىغان خوشال-خورام قېرىنداشلارچە مېھرىۋانلىق بىلەن.

— خوپ، جانابى ئالىلىرى، — دەپ جاۋاپ بەردى خوخول① خوشال قىياپەتتە بېشىنى لىڭشىتىپ.

— دىققەت قىل، ئوبدانراق سوۋۇتقىن!

يەنە بىر ئاتلىق ئەسكەرمۇ ئاتنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى، لېكىن بونداربنكو تۆمۈر قارماقلىق② تىزگىننى ئاتنىڭ بېشىدىن ئارتىلدۇرۇپ تاشلىۋەتكەن ئىدى. روشەنكى، يۇنكېر ئۇنىڭغا خېلى

---

① خوخول — "ئوكراينلىق" دىگەن مەنىدە. كونا روسىيىدە ۋېلىكورۇسلار يەنى رۇسلارنىڭ ئوكراينلارغا نىسبەتەن ئىشلىتىدىغان سۆزى. — تەر.

② تۆمۈر قارماق — ئاتنىڭ يۈگىنىنىڭ ئېغىزلىقىغا بېكىتىلىدىغان تۆمۈر بولۇپ، ئادەتتە ئېلىپ قاچىدىغان ئاغزى قاتتىق ئاتلارغا سېلىپ قويىدۇ. — تەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئوبدان هاراق پۇلى بېرىپ تۇرسا كېرەك، ئۇنىڭ خىزمىتىنى بىجا- نىدىل قىلاتتى. روستوۋ ئاتنىڭ بويىنىنى ۋە كېيىن ساغرىسىنى سىلاپ، ئىشىك ئالدىدا بىرئاز تۇرۇپ قالدى.

"يارايدۇ! ياخشى ئات بولىدۇ-دە!" — دېدى ئۆزىچە كۈلۈپ قويۇپ ۋە قىلىچىنى تۇتقان پېتى، دۈشتكۈچىنى جىرىڭلىتىپ، پەلەم- پەيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. پوپايكا كىيگەن ۋە بېشىدا قالپىقى بار نېمىس خوجايىن قولىدا تۆمۈر ئارا بىلەن قىغ چىقىرىۋېتىپ، ئېغىلدىن بېشىنى چىقىرىپ قارىدى. روستوۋنى كۆرۈش بىلەن تەڭ، نېمىسنىڭ چىرايى بىردىنلا ئېچىلىپ كەتتى-دە، خوشال قىياپەت بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ ۋە كۆزىنى قىسىپ:

(سالام!) Schön, gut Morgen! Schön, gut Morgen! سالام!)، — دەپ تەكرارلىدى بۇ ياش ئادەمگە سالام بېرىشتىن ئۆزى ئۈچۈن لەززەت تاپىدىغاندەك.

— Schon fleissig! (نىمانچە بالدۇر!) — دېدى روستوۋ قىزغىن چىرايىدىن زادىلا كەتمەيدىغان يەنە شۇنداق خوشال، قېرىنداشلارچە كۈلۈمسىرەش قىياپىتى بىلەن. — Hoch Oestreicher! Hoch Russen! Kaiser Alexander hoch! (ياشىسۇن ئاۋستىرىد- يىلىكلەر! ياشىسۇن رۇسلار! پادىشا ئالېكساندىرغا، ئۇررا!) — دېدى نېمىسقا، كۆپىنچە شۇ نېمىس خوجايىن ئېيتىپ يۈرىدىغان سۆزلەرنى تەكرارلاپ.

نېمىس كۈلۈپ ئېغىلدىن چىقتى ۋە قالپىقىنى ئېلىپ بېشى ئۈستىدە ئايلاندۇرۇپ ۋاقىردى:

— Und die ganze Welt hoch! (پۈتۈن دۇنيا ياشىسۇن!)

روستوۋمۇ نېمىسقا ئوخشاشلا شەپكىسىنى بېشىنىڭ ئۈستىدە

ئايلاندۇرۇپ كۈلۈپ تۇرۇپ ۋاقىرىدى: "Und vivat die ganze Welt!" (پۈتۈن دۇنيا ياشىسۇن!) گەرچە ئىبغىلىنى تازىلاۋاتقان نېمىسقىمۇ، ۋۇزوۋدى بىلەن يەم-خەشەك تەييارلاپ قايتقان روستوۋ-غىمۇ مۇنداق ئالاھىدە خوشال بولۇپ كېتىش ئۈچۈن ھېچقانداق سەۋەپ بولمىسىمۇ، ئەمما بۇ ئىككىيلەن ئۆزئارا بەختلىك سۆيۈنۈش ۋە قېرىنداشلارچە مۇھەببەت بىلەن بىر بىرىگە قارىشىپ قويىدى، ئۆز ئارا مۇھەببىتىنى ئىپادىلەپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇشتى-دە، ئۇنىڭدىن كېيىن نېمىس كالىسىنىڭ قوتىنىغا، روستوۋ بولسا دېنىسوۋ بىللە تۇرىدىغان ھوجرىسىغا كىرىپ كەتتى.

— خوجايىنىڭ قېنى؟ — دەپ سورىدى روستوۋ دېنىسوۋنىڭ پۈتۈن پولك بويىچە مۇغەمبەرلىكتە نام چىقارغان چاكىرى لاۋرۇشكىدىن.

— تۈنۈگۈن كەچقۇرۇندىن بۇيان يوق. دېمەك، ئۇتتۇرۇۋېتىپتۇ، — دەپ جاۋاپ بەردى لاۋرۇشكا. — مەن ئەزەلدىنلا بىلىمەن، ئەگەر ئۇتۇۋالسا، بۇرۇنراق قايتىپ كېلىدۇ-دە، ماختىنىپ كېتىدۇ، ئەمما، ئەگەر ئۇ تاڭ ئاتقىچە قايتىپ كەلمىدىمۇ، دېمەك، ئۇنىڭ ئۇتتۇرۇۋەتكىنى شۇ، قاپىغىنى سېلىپ قايتىپ كېلىدۇ. قانداق، كافى ئىچەمسىز؟

— ئەپكەل، ئەپكەل.

لاۋرۇشكا ئون مىنۇتتىلا كافى ئېلىپ كەلدى.

— كېلىۋاتىدۇ، خۇدا ئۇردى، — دېدى ئۇ.

روستوۋ دەرىزىدىن قارىدى-دە، دىگەندەك، قايتىپ كېلىۋاتقان دېنىسوۋنى كۆردى. دېنىسوۋ يۈزى قىپ-قىزىل، چاقناپ تۇرىدىغان قارا كۆزلۈك، بۇرۇتلىرى ۋە چاچلىرى پاخپىيىپ تۇرىدىغان، بويى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كىچىك ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدا تۈگمىلىرى ئېتىلمىگەن مىنتىك (پلاش) ۋە ئاتلىق ئەسكەرلەر كىيىدىغان كەڭ شالۋۇر بولۇپ، پۇرۇلۇپ تۆۋەنگە چۈشۇپ تۇراتتى، پۇرلىشىپ كەتكەن ھەربى شەپكىسىنى گەجگىسىگە چۈشۈرۈپ كىيىۋالغان ئىدى. ئۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، غەمكىن ھالدا ئىشىك ئالدىغا كەلدى.

— لاۋرۇشكا، — دەپ تۈۋلىدى ئۇ، "ر" ھەرپىنى توغرا تەلەپپۇز قىلالماي ۋاقىراپ ۋە ئاچچىقلىنىپ. — بول، ئېلىۋەت، كالىۋارەي!

— ئېلىۋاتىمەنغۇ، — دېدى لاۋرۇشكا.

— ھە...ھە! سەن ئورنۇڭدىن تۇرغان ئىكەنسەن-دە، — دېدى دېنىسوۋ ئۆيگە كىرىپ.

— خېلى ۋاقىت بولدى، — دېدى روستوۋ، — يەم-خەشەك تەييارلاپ كەلگىنىمگىمۇ خېلى چاغ بولدى، مېتىلدا خېنىمنىمۇ كۆردۇم.

— مانا قارا! بۇرادەر، تۈنۈگۈن، خۇددى ساراڭدەك، ئۇتتۇرۇپ قويدۇم! — دەپ ۋاقىردى دېنىسوۋ. — نىمە دېگەن بىتەلەي! نىمە دېگەن بىتەلەي!...سەنمۇ كېتىپ قالدىڭ، مانا شۇنىڭدىن باشلاندى، تەلەيسىزلىك. ھەي! چاي!

دېنىسوۋ خۇددى ئىرجايغاندەك قېشىنى لىكىلدىتىپ، قىسقا ھەم مۇستەھكەم چىشلىرىنى كۆرسىتىپ، ئىككى قولىنىڭ قىسقا، توم بارماقلىرى بىلەن خۇددى ئورمانىدەك قويۇق قاپ-قارا چاچلىرىنى پاخپايتىشقا باشلىدى.

— مېنى بۇ كالامۇشنىڭ قېشىغا شەيتان سۆرەپ باردى ("كالامۇش" بىر ئەپىتسەرنىڭ لەقىمى)، — دېدى ئۇ ئىككى قولى بىلەن

پمشانىسى ۋە يۈزىنى ئېرتىپ تۇرۇپ ــ ئويلاپ كۆرچۇ، بىر قەغەزمۇ ـ بىر قەغەز، بىر قەغەزمۇ ئۇتقۇزمىدى!

دېنىسوۋ روستوۋ ياندۇرۇپ بەرگەن مۇشتەكنى ئالدى ۋە قولىدا چىڭ سىقىپ مىجىقلاپ يەرگە شۇنداق ئۇردىكى، تاماكىنىڭ ئوتى چېچىلىپ كەتتى، ئۇ يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ ۋاقىرىدى:

ــ بىرنى ئۇتقۇزىدۇ، جۇپ قىلىپ ئالىدۇ؛ بىرنى بېرىدۇ، ئىككىنى ئالىدۇ!

ئۇ تاماكىنىڭ يېنىدا تۇرغان ئوتىنى چېچۋەتتى ۋە مۇشتەكنى چاقتى ـ دە، تاشلىۋەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن بىر پەس جىم بولدى ۋە بىردىنلا چاقناپ تۇرغان قارا كۆزلىرى بىلەن خوشال هالدا روستوۋغا قارىدى.

ــ كاشكى بىر خوتۇن بولسىدى. بۇ يەردە هاراق ئىچىشتىن باشقا قىلىدىغان هېچ ئىش يوق. تېزرەك ئۇرۇشقان بولساقمۇ كاشكى...

ــ هەي، كىم ئۇ؟ ــ دەپ ۋاقىرىدى ئۇ ئىشىككە قاراپ، دىۋىتكۈچى جالاقلاپ تۇرغان ئېغىر ئۆتۈك ئاۋازىنى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن هۆرمەت بىلەن يۆتەلگەن ئاۋازنى ئاڭلاپ.

ــ ۋاخمىستر①! ــ دېدى لاۋرۇشكا.

دېنىسوۋنىڭ چىرايى تېخىمۇ تۇرۇلۇپ كەتتى.

ــ ناهايىتى يامان بولدى ـ دە، ــ دېدى بىرقانچە تىللا قالغان خالتىسىنى چۆرۈپ تاشلىۋېتىپ. ــ روستوۋ، هېساپلاپ باققىنا،

---

① ۋاخمىستر ــ پادىشا ئارمىيىسىنىڭ ئاتلىق قىسىملىرىدا كىچىك ئەپىتەسەرلىك ئۇنۋان. ــ تەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەزىزىم، يەنە قانچە پۇل ئېشىپ قالدىكىن، ئۇنىڭدىن كېيىن خالتىنى ياستۇقنىڭ تېگىگە تىقىۋەت، ـــ دىدى ـ دە، دەرھال ۋاخىمىسترنىڭ ئالدىغا چىقىپ كەتتى.

روستوۋ پۇلنى ئالدى ـ يۇ، ماشىنىدەك تېزلىك بىلەن كونا ـ يېڭى ئالتۇن پۇللارنى ئايرىپ ساناشقا كىرىشتى.

ـــ ھە! تېلەنىن ـ غۇ! بارمۇ سەن! ئاخشام ئۇلار مېنى راسا باپلىدى، ـــ باشقا ئۆيدىن دېنىسوۋنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ـــ كىمنىڭكىدە؟ بىكوۋ كالاموشنىڭكىدىمۇ؟...خەۋىرىم بار، ـــ دىدى باشقا بىر ئىنچىكە ئاۋاز، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆيگە شۇ ئېسكادرونىنىڭ كىچىك ئەپىتسەرى پورۇچىك تېلەنىن كىرىپ كەلدى.

روستوۋ خالتىنى ياستۇق تېگىگە سۇقۇپ قويدى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىگە ئۇزىتىلغان كىچىككىنە ھۆل قولنى سىقىپ قويدى. تېلەنىن ھەربىي يۈرۈش ئالدىدا قانداقتۇ بىر سەۋەپ بىلەن گۋاردىيىدىن يۆتكەلگەن ئىدى. ئۇ پولكتا ئۆزىنى ناھايىتى ياخشى تۇتاتتى؛ لېكىن ئۇنى كىشىلەر ياخشى كۆرمەيتتى، خۇسۇسەن روستوۋ بۇ ئەپىتسەرگە نىسبەتەن ئۆزىنىڭ سەۋەپسىز يىرگىنىشىنى يېڭەلمەيتتى ۋە يوشۇرالمايتتى.

ـــ خوش، كاۋالېر يىگىت①، مېنىڭ گىراچىگىم سىزگە ياقامدۇ؟ ـــ دەپ سورىدى ئۇ (گراچىك ـــ تېلەنىن روستوۋغا سېتىپ بەرگەن مىنىلىدىغان ئاتنىڭ نامى).

پورۇچىك ئۆزى بىلەن سۆزلىشىۋاتقان كىشىنىڭ كۆزىگە زادىلا

---

① كاۋالېر ـــ ئاتلىق ئەسكەر. ـــ تەر.

قارىمايتتى، ئۇنىڭ كۆزى ھامان بىر نەرسىنى ئىزلەۋاتقاندەك تۆت تەرەپتە بولاتتى.

— مەن ھېلى سىزنىڭ مىنىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىڭىزنى كۆردۈم ...

— شۇنداق، يامان ئەمەس، ياخشى ئات، — دەپ جاۋاپ بەردى روستوۋ گەرچە يەتتە يۈز سومغا سېتىۋالغان بۇ ئات مۇشۇ باھانىڭ يېرىمىغا تەڭ كەلمىگەن بولسىمۇ. — ئالدىنقى سول ئايىغى سەل ئاقسايدىغان بولۇپ قالدى... — دەپ قوشۇپ قويدى.

— تۇيىغى يېرىلىپ كەتكەندۇ. ھېچقىسى يوق. قانداق مىخ قېقىش لازىملىقىنى ئۆگىتىپ ۋە كۆرسىتىپ قوياي.

— ھە، شۇنداق قىلسىڭىز-ئا، — دېدى روستوۋ.

— كۆرسىتىپ قويىمەن، كۆرسىتىپ قويىمەن، بۇ ھېچقانداق سىر ئەمەس. بۇ ئاتتىن مىننەتدار بولىسىز.

— مەن ئېيتاي بولمىسا، ئاتنى ئېلىپ كەلسۇن، — دېدى روستوۋ تېلەنىندىن قۇتۇلماقچى بولۇپ ۋە ئاتنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇش ئۈچۈن تاشقىرى چىقىپ كەتتى.

ئاغزىدا مۇشتىگىنى چىشلەپ تۇرغان دېنىسوۋ ئېغىز ئۆيدە ۋاخمىستىر ئالدىدا بوسۇغىدا زوڭزىيىپ ئولتۇراتتى، ئۇ دېنىسوۋغا نېمىدۇ بىرنەرسە توغرىسىدا دوكلات قىلىۋاتاتتى. دېنىسوۋ روستوۋنى كۆرۈش بىلەن تەڭ پىشانىسىنى تۈرۈپ قويدى ۋە تېلەنىن ئولتۇرغان ئۆينى بارمىقى بىلەن كۆرسىتىپ قاپىقىنى تۈرۈپ قويدى-دە، يىرگىنگەن قىياپەتتە سىلكىنىپ كەتتى.

— ھ...ھ! شۇ يىگىتنى زادىلا ياخشى كۆرمەيمەن-دە، — دېدى روستوۋ ۋاخمىستىر تۇرسىمۇ تارتىنماي.

روستوۋمۇ خۇددى ”مەنمۇ شۇنداق ياخشى كۆرمەيمەن، ئەمما نىمە ئىلاج بار!“ دېگەندەك قىلىپ، دولىسىنى قىسىپ قويدى ۋە بۇيرۇق بەرگەندىن كېيىن، تېلەنىن بار ئۆيگە قايتىپ كەلدى.

تېلەنىن روستوۋ چىقىپ كەتكەن چاغدا قانداق ئولتۇرغان بولسا يەنە شۇنداق بوشىشىپ، كىچىككىنە ئاپپاق قوللىرىنى بىر بىرىگە سۈركەپ ئولتۇراتتى.

”دۇنيادا مۇشۇنداق يىرگىنىشلىك ئادەملەرمۇ بولىدۇ-دە“، — دەپ ئويلايتتى روستوۋ ئۆيگە كىرىپ كېلىۋېتىپ.

— ھە، ئاتنى ئەپكېلىشكە بۇيرۇدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى تېلەنىن ئورنىدىن تۇرۇپ ۋە بىپەرۋالىق بىلەن ئەتراپقا قاراپ قويۇپ.

— بۇيرۇدۇم.

— يۈرۈڭ، ئۆزىمىز بارايلۇق. مەن پەقەت دېنىسوۋدىن تۈنۈگۈنكى بۇيرۇقنى سوراپ بېقىش ئۈچۈنلا كەلگەن ئىدىم. ئالدىڭىزمۇ دېنىسوۋ؟

— ياق تېخى. ھە، سىز قاياققا؟

— بۇ يىگىتكە ئاتنى قانداق تاقلاشنى ئۆگىتىپ قويماقچىمەن، — دېدى تېلەنىن.

ئۇلار تاشقىرىغا چىقىپ ئاتقۇتانىغا كىردى. پورۇچىك ئاتنى قانداق تاقلاشنى كۆرسىتىپ قويدى-دە، ئۆيىگە كېتىپ قالدى.

روستوۋ قايتىپ كەلگەن چاغدا شىرەدە بىر بوتۇلكا ۋودكا ۋە كولباسا تۇراتتى. دېنىسوۋ شىرەدە ئولتۇردى-دە، قەلىمىنى چىرتىلدىتىپ خەت يېزىشقا باشلىدى. ئۇ روستوۋنىڭ يۈزىگە مەيۈسلەنگەن ھالدا قارايتتى.

— شۇ قىزغا يېزىۋاتىمەن، — دېدى.

ئۇ قولىدا قەلەم تۇتقان ھالدا شىرەگە جەينىكىنى تىرەپ ئولتۇراتتى، يازماقچى بولغان سۆزلىرىنى تېزرەك ئېيتىپ كۆڭلىنى بوشىتىشقا خۇرسەن بولغاندەك، خېتىنىڭ مەزمۇنىنى روستوۋغا ئېيتىپ بەردى.

— بىلەمسەن، دوستۇم، — دېدى ئۇ، — بىز بىراۋغا مۇھەببەت قويمىغىچە غەپلەتتە قېلىۋېرىدىمىز. بىز تۇپراق باللىرىمىز... مۇھەببەت قويىدۇڭمۇ — پەرىشتە سەن، ئاندىن يېڭى تۇغۇلغاندەك پاك بولىسەن... يەنە كىم كەلدى؟ يولغا سېلىۋەت. ھازىر چولام تەگمەيدۇ! — دېدى قىلچە ئەيمەنمەي ئالدىغا كېلىۋاتقان لاۋرۇشكىغا ۋاقىراپ.

— كىم بولماقچى؟ ئۆزىڭىز ئېيتىپسىزغۇ. ۋاخمىستىر پۇلغا كەپتۇ.

دېنىسوۋ قاپىغىنى تۈردى، نىمىدۇ بىر نەرسىگە ۋاقىرىماقچى بولدى - يۇ، يەنە جىم بولۇپ قالدى.

— يامان ئىش بولدى - دە، — دېدى ئۆزىچە. — خالتىدا قانچە پۇل قاپتۇ؟ — دەپ سورىدى روستوۋدىن.

— يېڭىسىدىن يەتتە، كونىسىدىن ئۈچ.

— ئاپلا، يامان بولدى - دە! ھە، نىمىگە بۇتتەك قاراپ تۇرىسەن، ماڭ، چاقىر ۋاخمىستىرنى! — دېدى دېنىسوۋ لاۋرۇشكىغا ۋاقىراپ.

— مەرھەمەت، دېنىسوۋ، مەن ساڭا بىرئاز پۇل قەرزگە بېرەي، مەندە پۇل بار ئەمەسمۇ، — دېدى روستوۋ قىزىرىپ.

— ياق، ئۆز كىشىلىرىمدىن قەرز ئېلىشنى ياقتۇرمايمەن، —

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دەپ غۇدۇڭشىدى دېنىسوۋ.

— ئەگەر سەن مېنىڭدىن يولداشلارچە پۇل ئېلىشنى ياقتۇرمى-
ساڭ، سەن مېنى رەنجىتىپ قويىسەن. راست، مېنىڭدە پۇل بار، —
دېدى روستوۋ تەكرارلاپ.

— ياق، دېدىمغۇ ساڭا.

دېنىسوۋ ياستۇق تېگىدىن پۇل ئېلىش ئۈچۈن كارۋات يېنىغا
كەلدى.

— نەگە قويغان ئىدىڭ، روستوۋ؟

— ياستۇقنىڭ تېگىدە.

— يوق-قۇ.

دېنىسوۋ ھەر ئىككى ياستۇقنى يەرگە چۆرۈپ تاشلىۋەتتى. خالتا
يوق ئىدى.

— مانا، قىزىق ئىش-تە!

— توختاپ تۇر، سەن چۈشۈرۈپ قويمىغاندۇرسەن، — دېدى
روستوۋ ياستۇقلارنى بىر-بىرلەپ كۆتىرىپ ۋە سىلكىشتۈرۈپ.

ئۇ ئەدىيالنىمۇ ئېلىپ سىلكىپ باقتى. خالتا يوق ئىدى.

— باشقا جايغا قويمىدىڭمىكىن؟ يوقەي، مەن تېخى، خالتىنى
بېشىڭنىڭ ئاستىغا قويۇپ گۆھەردەك ساقلىغاندۇ دەپ ئويلاپتى-
مەن، — دېدى روستوۋ. — مەن خالتىنى مەشەدە قويغانتىم. نەگە
كېتىدۇ؟ — دېدى لاۋرۇشكىغا قاراپ.

— مەن ئۆيگە كىرمىدىم. قەيەرگە قويغان بولسىڭىز شۇ يەردە-
دۇ.

— ئۇ يەردە يوق-قۇ!

— سىز ھەمىشە شۇنداق، ئۇدۇل كەلگەن يەرگە تاشلاپ

قويۇسىز ـ دە، ئۇنتۇپ قالىسىز. يانچۇغىڭىزغا قاراپ بېقىڭا.
— يوق، ئەگەر مەن بۇنى گۆھەر دەپ ئويلىمىغان بولسام ئىدىم، شۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى، — دېدى روستوۋ، — ئەمما شۇ يەردە قويغانلىقىم ئېسىمدە.
لاۋرۇشكا ھەممە ئورۇن ـ كۆرپىنى ئوڭتەي ـ توڭتەي قىلىۋەتتى، كارۋات بىلەن شىرەنىڭ ئاستىغا قاراپ چىقتى، ھەممە يەرنى ئوڭتەي ـ توڭتەي قىلىپ ئاختۇرۇپ چىقتى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆينىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا قىمىرلىماي قېتىپ قالغان ئىدى. دېنىسوۋ گەپ قىلماستىن لاۋرۇشكىنىڭ ھەركىتىگە سەپسالاتتى ۋە لاۋرۇشكا ئەجەبلەنگەن ھالدا ئىككى قولىنى كۆتىرىپ، ھېچنەدە يوق دېگەندە، ئۇ روستوۋغا قارىدى.
— روستوۋ، سەن باللىق قىلمايۋاتىدىغانسەن؟...
روستوۋ دېنىسوۋنىڭ قاراپ تۇرغانلىقىنى سېزىپ، ئۇنىڭغا بىر قاراپ قويدى ـ دە، يەنە دەرھال يەرگە قارىدى، ئۇنىڭ پۈتۈن قېنى يۈزى ۋە كۆزلىرىگە ئېقىپ كەلگەن ئىدى. ئۇ دەم ئالالماي قالدى.
— ئۆيدە پورۇچىك ۋە سىزلەردىن باشقا ھېچكىممۇ يوق ئىدى. بىرەر جايدا تۇرغاندۇر، — دېدى لاۋرۇشكا.
— ھە، قېنى بول، كالۋا، ئىزدەپ باقساڭچۇ، — دەپ ۋاقىرىدى دېنىسوۋ بىردىنلا؛ ئۇ قىزىرىپ ـ كۆكىرىپ، تەھدىت سالغۇچى ھەيۋىسى بىلەن چاكىرىغا ئېتىلماقچى بولاتتى. — ناۋادا ھالتا چىقمىسا، سېنى ساۋىدايمەن. ھەممەڭنى ساۋىدايمەن!
روستوۋ كۆزلىرىنى دېنىسوۋدىن قاچۇرۇپ، كىيىمىنىڭ تۈگمىلىرىنى ئەتتى، قىلىچىنى ئاستى ۋە شەپكىسىنى كىيدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— مەن ساگا ئېيتاي، خالتىنى چوقۇم تېپىش كېرەك، — دەپ ۋاقىرىدى دېنىسوۋ خىزمەتكارىنىڭ يەلكىسىنى سىلكىپ تامغا نىقتاپ.

— دېنىسوۋ، ئۇنى قويۇپ بەر؛ كىم ئالغانلىغىنى بىلىمەن، — دېدى روستوۋ ئىشىك ئالدىغا بېرىپ دېنىسوۋقا قارىماي.

دېنىسوۋ توختاپ بىر پەس ئويلاندى ۋە روستوۋنىڭ نېمىنى ئىشارەت قىلغانلىغىنى چۈشەنگەندەك، ئۇنىڭ بىلىگىگە ئېسىلدى.

— بىمەنىلىك! — دەپ شۇنداق ۋاقىرىغان ئىدىكى، قان تومۇرلىرى خۇددى ئاغامچىدەك، ئۇنىڭ بويىنى ۋە پېشانىسىدا كۆپۈپ چىقتى. — مەن ساگا ئېيتاي، سەن ئەقلىڭدىن ئېزىپسەن، بۇنىڭغا يول قويمايمەن. خالتا مەشەدە، مەن بۇ ئىپلاسنىڭ تېرىسىنى تەتۈر سويىۋالىمەن، ئاندىن تېپىلىدۇ — مەشەدىن چىقىدۇ.

— كىم ئالغانلىغىنى بىلىمەن، — دېدى روستوۋ ئاۋازىنى تىترىتىپ يەنە ۋە ئىشىككە قاراپ ماگدى.

— مەن ساگا ئېيتىپ قوياي، سەن مۇنداق قىلىشقا جۈرئەت قىلما، — دېدى دېنىسوۋ ئۇنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن، ئۆگەنچى ئەپىتسەرگە قاراپ ئېتىلىپ.

لېكىن روستوۋ قولىنى تارتىۋالدى ۋە دېنىسوۋغا خۇددى ناھايىتى چوڭ دۈشمىنىدەك، دەر غەزەپ بولۇپ قەتئىيلىك بىلەن تىكىلىپ قارايتتى.

— سەن نېمە دەۋاتقىنىڭنى چۈشىنەمسەن؟ — دېدى روستوۋ ئاۋازىنى تىترىتىپ، — ئۆيدە مېنىڭدىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى، دېمەك، ئەگەر ئۇ ئالمىغان بولسا، ئۇ ھالدا...

ئۇ گېپىنى تۈگىتەلمەي ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

— ئېسىت، قۇرۇپ كەت سەن، ھەممىڭلار قۇرۇپ كېتىڭلار، —

روستوۋ ئاڭلىغان ئاخىرقى سۆزلەر مۇشۇ ئىدى.
روستوۋ توپ-توغرا تېلەنىننىڭ ئۆيىگە كەلدى.
— خوجايىن ئۆيدە يوق، ئىشتاپقا كەتتى، — دېدى ئۇنىڭغا تېلەنىننىڭ خىزمەتكارى. — نېمە، بىرەر ۋەقە بولدىما؟ — دېدى يۇنكېرنىڭ پەرىشان چىرايىغا قاراپ چۆچۈپ كەتكەن خىزمەتكار.
— ياق، ھېچنېمە بولغىنى يوق.
— تېخى ھېلىلا چىقىپ كەتكەن ئىدى، — دېدى خىزمەتكار.
ئىشتاپ زالىسنىك يېزىسىدىن ئۈچ چاقىرىم يىراقلىقتا ئىدى. روستوۋ ئۆيىگە قايتمايلا بىر ئاتنى ئېلىپ مىنگەن پېتى ئىشتاپقا بارغان ئىدى. ئىشتاپ تۇرغان يېزىدا ئەپىتسەرلەر دائىم بېرىپ تۇرىدىغا بىر قاۋاقخانا بار ئىدى. روستوۋ قاۋاقخانىغا كەلدى-دە، ئىشىك ئالدىدا تېلەنىننىڭ ئېتىنى كۆرۈپ قالدى.
قاۋاقخانىنىڭ ئىككىنچى ئۆيىدە پورۇچىك ئالدىغا بىر تەخسە كولباسا ۋە بىر بوتۇلكا ھاراقنى قويۇپ ئولتۇراتتى.
— بەللى، سىزمۇ كەپسىز، يىگىت، — دېدى ئۇ، كۈلۈمسىرەپ ۋە قاشلىرىنى ئېگىز كۆتىرىپ قويۇپ.
— شۇنداق، — دېدى روستوۋ، گويا بۇ بىر ئېغىز سۆزنى ئېيتىش ناھايىتى تەس كەلگەندەك؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ يېنىدىكى بىر شىرە ئالدىدا ئولتۇردى.
ھەر ئىككىيلەن گەپ قىلمايتتى؛ بۇ ئۆيدە ئىككى نېمىس ۋە يەنە بىر رۇس ئەپىتسەرئولتۇرۇشاتتى. ھەممەيلەن جىم ئىدى، پەقەت پىچاقلارنىڭ تەخسىگە تەككەن ئاۋازلىرى ۋە پورۇچىكنىڭ چاپىلدىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. تېلەنىن ناشتا قىلىپ بولغاندىن كېيىن يانچۇغىدىن ئىككى خانىلىق پۇل خالتىسىنى چىقاردى-دە،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

يۇقۇرىغا ئېگىلگەن كىچىككىنە ئاپپاق بارماقلىرى بىلەن خالتىنىڭ ھالقىسىنى تارتىپ ئېچىپ بىر ئالتۇن پۇلنى ئېلىپ، قاشلىرىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ، خىزمەتكارغا ئۇزاتتى.

— مەرھەمەت، تېزرەك، — دېدى ئۇ.

ئالتۇن پۇل يېگى ئىدى. روستوۋ ئورنىدىن تۇردى-دە، تېلەننىڭ ئالدىغا كەلدى.

— خالتىڭىزنى ماڭا كۆرسەتسىڭىز، — دېدى روستوۋ ئاران ئاڭلانغۇدەك پەس ئاۋاز بىلەن.

تېلەنىن كۆزلىرىنى تېز يۇگۇرتۇپ، ئەمما قاشلىرىنى ئېگىز كۆتەرگەن پېتى خالتىنى ئۇزاتتى.

— ھە، ناھايىتى ئوبدان خالتا...ھە،...ھە... — دېدى ئۇ ۋە بىردىنلا تاتىرىپ كەتتى. — قاراپ بېقىڭ، يىگىت، — دەپ قوشۇپ قويدى يەنە.

روستوۋ خالتىنى قولىغا ئالدى-يۇ، خالتىغا ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى پۇلغا ئوبدان قاراپ چىقتى، كېيىن يەنە تېلەنىنگە قاراپ قويدى. پورۇچىك ئادىتى بويىچە ئەتراپقا قارىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن بىردىنلا ناھايىتى خوشال بولۇپ كەتكەندەك كۆرۈندى.

— ئەگەر ۋېنادا بولىدىغان بولساق، ھەممىسىنى شۇ يەردە خەجلەپ بولغان بولاتتىم، ئەمما بۇ ھېچنىمىگە ئەرزىمەيدىغان كىچىك شەھەردە ئىشلىتىدىغان ئورۇن يوق، — دېدى. — قېنى، ئەپكېلىڭ، يىگىت، مەن كېتىمەن.

روستوۋ سۆز قىلمايتتى.

— ھە، سىزچۇ؟ سىزمۇ ناشتىغا كەلگەندۇرسىز؟ تامىقى يامان ئەمەسكەن، — دېدى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ تېلەنىن. — قېنى

بىرىڭ.

ئۇ قولىنى ئۈزۈپ خالتىنى ئالدى، روستوۋمۇ ئۇنى گەپ قىلماي بەردى، تېلەنىن خالتىنى ئېلىپ، شالۋۇرىنىڭ يانچۇغىغا سېلىشقا باشلىدى ۋە گويا "شۇنداق، شۇنداق، ئۆز خالتامنى ئۆز يانچۇغۇمغا سالىمەن، بۇ ناھايىتى ئاددى، ھېچكىم بۇنىڭغا ھېچنېمە دېيەلمەيدۇ" دېگەندەك قىلىپ، قاشلىرىنى بىسەرۋالىق بىلەن كۆتىرىپ قويىدى، ئاغزى بولسا سەل-پەل ئېچىلىپ تۇراتتى.

— خوش، يىگىت؟ — دېدى ئۇ ئۇھ تارتىپ ۋە يۇقۇرى كۆتىرىلگەن قاشلىرىنىڭ تېگىدىن روستوۋنىڭ كۆزلىرىگە قارايتتى. كۆزىنىڭ چاقناپ تۇرغان نۇرلىرى قانداقتۇ ئېلېكتىر ئۇچقۇنلىرىدەك، تېلەنىننىڭ كۆزلىرىدىن روستوۋنىڭ كۆزلىرىگە چۈشەتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە قايتىپ كېلىپ يەنە قايتىپ باراتتى-دە، ھەش-پەش دېگۈچە مۇشۇنداق قايتىپ بېرىپ قايتىپ كېلەتتى.

— بۇياققا كېلىڭ، — دېدى روستوۋ تېلەنىننىڭ بىلىگىدىن تۇتۇپ. ئۇ تېلەنىننى دەرىزە ئالدىغا سۆرەپ ئېلىپ باردى. — بۇ پۇل دېنىسوۋنىڭ، سىز بۇ پۇلنى... — دېدى تېلەنىننىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ.

— نېمە؟ نېمە؟...سىز نېمە دەۋاتىسىز؟ نېمە؟... — دېدى تېلەنىن.

لېكىن بۇ سۆزلەر كىشىنىڭ رەھمىنى كەلتۈرىدىغان ئۈمىتسىز ۋاقىراش ۋە كەچۈرۈم سورىغاندەك يالۋۇرۇش ئاۋازلىرى ئىدى. روستوۋ بۇ ئاۋازنى ئاڭلاش بىلەن تەڭ گۇمانى كۆڭلىدىن يوقالدى. ئۇ خوشاللىق ھىس قىلاتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئالدىدا تۇرغان بۇ بەختسىز ئادەمگە ئىچى ئاغرىيتتى؛ ئەمما باشلىغان ئىشنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىش كېرەك ئىدى.

— بۇ يەردە كىشىلەر ئاڭلاپ قالسا نىمە دەپ ئويلاپ قېلىشىنى خۇدا بىلىدۇ، يۈرۈڭ، — دەپ غۇدۇڭشىدى تېلەنىن ۋە شەپكىسىنى قولىغا ئېلىپ، بوش بىر ئۆيگە قاراپ ماڭدى، — شۇ يەردە سۆزلىشەيلى...

— مەن بۇنى ئۇقمەن ۋە ئىسپاتمۇ قىلىمەن، — دېدى روستوۋ.

— مەن....

تېلەنىنىڭ قورقۇپ ۋە تاتىرىپ كەتكەن چىرايى پۈتۈن مۇسكۇللىرى بىلەن قوشۇلۇپ تىترەشكە باشلىدى، كۆزلىرى ھامان بىسەرەمجان، ئەمما پەسكە قارايتتى، روستوۋنىڭ چىرايىغا قارىيالمايتتى، پىخىلداپ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— گراف!...بىر ياش ئادەمنى ھالاك قىلمىسىڭىز...بۇ پالاكەت پۇللار مانا، ئېلىڭ... — ئۇ پۇللارنى شىرەگە تاشلىدى. — قېرىپ قالغان دادام ۋە ئاپام بار ئىدى!...

روستوۋ پۇلنى ئالدى، تېلەنىنىڭ كۆزىگە قارىمايتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر سۆزمۇ قىلماي ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. لېكىن ئۇ ئىشىكنىڭ ئالدىدا توختاپ قالدى-دە، يەنە قايتىپ كىردى.

— خۇدايا تووۋا، — دېدى ئۇ كۆزىگە لىق ياش ئېلىپ، — سىز قانداقسىغا مۇشۇنداق ئىشنى قىلىپ قويدىڭىز؟

گراف، — دېدى تېلەنىن ئۆگەنچى ئەپتىسەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ.

— ماڭا تەگمەڭ، — دېدى روستوۋ ئۆزىنى چەتكە تارتىپ. — ئەگەر سىز پۇلغا ھاجەتمەن بولسىڭىز، ئېلىڭ، مانا پۇل. — ئۇ خالتىنى ئۇنىڭغا تاشلاپ بەردى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن قاۋاقخانىدىن

تېز چىقىپ كەتتى.

## 5

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن دېنىسوۋنىڭ تۇرغان ئۆيىدە ئىسكادرون ئەپىتسەرلىرى قىزغىن سۆھبەتلەشمەكتە ئىدى.

— مەن سىزگە ئېيتاي، روستوۋ، پولك كاماندىرى ئالدىدا كەچۈرۈم سورىشىڭىز كېرەك، — دېدى ئىگىز بويلۇق، ئاق چاچلىق، قويۇق بۇرۇتلۇق، قورۇق باسقان چوڭ يۈزلۈك ئىشتاپ روتمىستر①، ھاياجانلانغىنىدىن يۈزى لالىرەڭ قىزىرىپ كەتكەن روستوۋغا قاراپ.

ئىشتاپ روتمىستر كىرستېن دۇئېلغا قاتناشقانلىقى ئۈچۈن ئىككى قېتىم ئەسكەرلىك دەرىجىسىگە چۈشۈرۈلگەن ۋە يەنە ئىككى قېتىم ئەمىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ئىدى.

— مەن ھەرقانداق كىشىنىڭ مېنى يالغانچى دېيىشىگە يول قويمايمەن! — دەپ ۋاقىرىدى روستوۋ. — ئۇ مېنى سەن يالغان ئېيتىسەن دېدى، مەن ئۇنى سەن يالغان ئېيتىۋاتىسەن دېدىم. مەسىلە مانا شۇنداق. ئۇ مەيلى مېنى ھەركۈنى نۆۋەتچىلىككە تەيىنلەۋەرسۇن، ھەتتا قامىسۇن، ئەمما ھېچكىم مېنى كەچۈرۈم سوراشقا مەجبۇر قىلالمايدۇ، چۈنكى، ئەگەر ئۇ پولك كاماندىرى سۈپىتىدە تەلۋىمنى قانائەتلەندۈرۈشنى ئۆزى ئۈچۈن نالايىق دەپ ھېساپلىسا،

① ئىشتاپ روتمىستر — ئىنقىلاپتىن ئىلگىرىكى پادىشا ئارمىيىسىدە ئاتلىق قىسىملاردا ئەپىتسەرلىك ئۇنۋان؛ سوۋېت ئارمىيىسىدە ستارشى لېيتېنانتقا توغرا كېلىدۇ. — تەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇ هالدا....

— ئالدىرىماڭ، ئەزىزىم، گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ، — دېدى ئىشتاپ روتمىستىر ئۇزۇن بۇرۇتلىرىنى خاتىرجەم سىلاپ تۇرۇپ ۋە توم ئاۋازى بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ تاشلاپ. — سىز باشقا ئەپىتسەرلەرنىڭ ئالدىدا پولك كاماندىرىغا بىر ئەپىتسەر ئوغرىلىغان دېدىڭىز...

— باشقا ئەپىتسەرلەرنىڭ ئالدىدا دېگەنلىكىم مەن ئۈچۈن گۇنا ئەمەس. ئېهتىمال، باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئېيتماسلىقىم كېرەك ئىدى، ئەمما مەن دىپلومات ئەمەس. مەن شۇنىڭ ئۈچۈن قىران ئاتلىقلار قوشۇنىغا كەلدىمكى، بۇ يەردە ئانچۇۋالا ئىنچىكىلەپ كېتىشنىڭ هاجىتى يوق دەپ ئويلاپتىكەنمەن؛ ئۇ بولسا ماڭا سەن يالغان ئېيتىۋاتىسەن دەيدۇ... شۇڭا ئۇ مېنىڭ تەلۋىمنى قانائەتلەندۈرسۇن....

— بۇ ناهايىتى ياخشى، هېچكىم سىزنى توخۇ يۈرەك دەپ ئويلىمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە گەپ بۇنىڭدا ئەمەس. دېنىسوۋدىن سوراپ بېقىڭ، بىر ئۆگەنچى ئەپىتسەر ئۆزىنىڭ پولك كاماندىرىدىن كەچۈرۈم سوراشنى تەلەپ قىلىدۇ دېيىلى، بۇنى قىلغىلى بولامدۇ؟

دېنىسوۋ بۇ سۆزلەرگە ئارىلىششنى خالىمايۋاتقان بولسا كېرەك، بۇرۇتلىرىنى چىشلەپ تۇرۇپ، سۆزلەرنى غەمكىن قىياپەتتە ئاڭلايتتى. ئۇ ئىشتاپ روتمىستىرنىڭ سوئالىغا ئىنكار قىلغان هالدا باش چايقاپ قويدى.

— سىز باشقا ئەپىتسەرلەرنىڭ ئالدىدا پولك كاماندىرىغا بۇ قەبىھ ئىشنى ئېيتىپ ئولتۇرسىڭىز، — دەپ تەكرارلىدى ئىشتاپ

روتمستر. ــ بوگدانىچ (پولك كاماندىرى بوگدانىچ دەپ ئاتىلاتتى) سىزنى توساپ قويدى.

ــ توساپ قويمىدى، بەلكى مېنى سەن يالغان ئېيتىۋاتىسەن، دېدى.

ــ شۇنداق بولسىمۇ، سىز ئۇنىڭغا بىرمۇنچە بىمەنە گەپلەرنى قىلدىڭىز، ئەلۋەتتە كەچۈرۈم سوراش كېرەك.

ــ سورىمايمەن! ــ دەپ ۋاقىرىدى روستوۋ.

ــ مەن سىزنى مۇشۇنداق قىلىدۇ دەپ ئويلىماپتىكەنمەن، ــ دېدى ئىشتاپ روتمىستر جىددى ۋە قاتتىقلىق بىلەن. ــ سىز كەچۈرۈم سوراشنى خالىمايدىكەنسىز ـ دە، بىراق سىز، تەقسىر، يالغۇز ئۇنىڭ ئالدىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن پولك ئالدىدا، بىزنىڭ ھەممىمىزنىڭ ئالدىمىزدا، ھەممەيلەننىڭ ئالدىدا ئەيىپدارسىز. ئەھۋال مانا مۇنداق: كاشكى سىز بۇ ئىشنى قانداق قىلىش توغرىسىدا ئويلاپ باققان بولسىڭىز، باشقىلارنىڭ پىكرىنى ئېلىپ باققان بولسىڭىز ئۇ بىر گەپ ئىدى، ئەمما سىز توپ ـ توغرا، باشقا ئەپىتسەرلەرنىڭ ئالدىدا ھەممىنى تۆكۈۋەتتىڭىز. ئەمدى پولك كاماندىرى قانداق قىلىدۇ؟ ئەپىتسەرنى سوتقا بېرىپ پۈتۈن پولكنى بۇلغاش كېرەكمۇ؟ بىر يارىماس ئەسكىنى دەپ پۈتۈن پولكنى يەرگە قارىتىش كېرەكمۇ؟ سىزنىڭ ئويىڭىزچە، شۇنداق قىلسا بولامدۇ؟ بىزنىڭ ئويىمىزچە ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ. بوگدانىچ يىگىت ئىكەن، ئۇ سىزگە، سىز يالغان ئېيتىۋاتىسىز دېدى. بۇ، ئەلۋەتتە، كۆڭۈلسىزلىك، ئەمما نېمە چارە بار، ئەزىزىم، سىز ئۆزىڭىز تاپقان بالا. ھازىر بىز ئىشنى يۇمشاتماقچى بولۇۋاتىمىز، سىز بولسىڭىز قانداقتۇ مەنمەنلىكىڭىزدىن كەچۈرۈم سوراشقا ئۇنىمايۋاتىسىز، بەلكى ھەممىنى ئاشكارىلىماقچى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بولۇۋاتىسىز. سىز كۆپرەك نۆۋەتچىلىكتە تۇرغانلىقىڭىز ئۈچۈن خاپا بولىسىز، نىمە ئۈچۈن بىر پىشقەدەم، ھۆرمەتلىك ئەپتسەر ئالدىدا كەچۈرۈم سورىمايسىز؟ مەيلى، بوگدانىچ قانداق بولسا بولسۇن، ئۇ ھامان ۋىجدانلىق ۋە باتۇر پېشقەدەم پولكاۋنىك، سىز خاپا بولىسىز ئەمما پولكنى بۇلغاش سىز ئۈچۈن ھىچنىمە ئەمەسمىكەن؟ — ئىشتاپ روتمىستىرنىڭ ئاۋازى تىترەشكە باشلىدى. — سىز، تەقسىر، پولكقا تېخى ئەمدىلا كەلدىڭىز؛ بۈگۈن بۇ يەردە، ئەتە قاياققىدۇ بىر يەرگە ئادىيوتانتلىققا كېتىسىز؟ سىز: "پاۋلوگراد ئەپتسەرلىرىنىڭ ئارىسىدا ئوغرى بار ئىكەن!"دەپ تۈكۈرۈپ قويۇپ كېتىۋېرىسىز. لېكىن، بىز ئۈچۈن بەرىبىر ئەمەس. شۇنداق ئەمەسما، دېنىسوۋ؟ بەرىبىر ئەمەس، شۇنداقمۇ؟

دېنىسوۋ يەنە گەپ قىلمايتتى ۋە قىمىرلىمايتتى، بەزىدە ئارىلاپ-ئارىلاپ، چاقناپ تۇرىدىغان قارا كۆزلىرى بىلەن روستوۋغا قاراپ قوياتتى.

— سىز ئۈچۈن ئۆزىڭىزنىڭ مەنمەنلىگىڭىز قىممەتلىك، كەچۈرۈم سوراشنى خالىمايسىز، — دىدى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ ئىشتاپ روتمىستىر، — بىز بولساق، قېرىلار، پولكتا ئۆسكەن ئىكەنمىز، خۇدا بۇيرۇسا، پولكتا ئۆلىمىز، بىز ئۈچۈن پولكنىڭ شان-شەرىپى قىممەتلىك، بوگدانىچمۇ بۇنى بىلىدۇ. پولكنىڭ شان-شەرىپىگە نىمە توغرا كېلىدۇ، تەقسىر! ياخشى ئەمەس، ياخشى ئەمەس! مەيلى خاپا بولۇڭ-بولماڭ، راستىنى ئېيتىۋاتىمەن. ياخشى ئەمەس!

شۇنىڭ بىلەن ئىشتاپ روتمىستىر ئورنىدىن تۇردى-دە، روستوۋ-نىڭ ئالدىدىن كېتىپ قالدى.

— راست گەپ بۇ! — دەپ ۋاقىرىدى دېنىسوۋ سەكرەپ ئورنى-

دىن تۇرۇپ. — قېنى، روستوۋ، قېنى نىمە دەيسەن!

روستوۋ قىزىرىپ ۋە تاتىرىپ، بىر دەم بۇ ئەپتسەرگە، بىردەم ئۇ ئەپتسەرگە قارايتتى.

— ياق، جاناپلار، ياق،... سىلەر ھەرگىز ئويلىماڭلاركى... مەن ناھايىتى ئوبدان بىلىمەن، سىلەر مېنى بىكاردىن...مەن...مېنىڭ ئۈچۈن...مەن پولكنىڭ شان-شەرىپى ئۈچۈن...نىمە دەيسىلەر ئۆزەڭلار؟ بۇنى مەن ئەمەلدە كۆرستىمەن، مېنىڭ شان-شەرەپ... ھە، بولدى، راست، مەن ئەيىپلىك!... — دېدى كۆزىگە لىق ياش ئېلىپ. — مەن ئەيىپلىك، ھەممەيلەننىڭ ئالدىدا گۇناكارمەن!... قېنى، سىلەر يەنە نىمە دەيسىلەر؟...

— مانا بۇ دۇرۇس، گراف، — دېدى ئىشتاپ روتمىستىر بۇرۇلۇپ ۋە چوڭ قولى بىلەن ئۇنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ قويدى.

— مەن ساڭا ئېيتمىدىممۇ، — دەپ ۋاقىردى دېنىسوۋ، — روستوۋ ياخشى ئادەم دەپ.

— شۇنداق بولغىنى ياخشى، گراف، — دەپ تەكرارلىدى ئىشتاپ روتمىستىر ئەيۋىنى ئىقرار قىلغانلىغى ئۈچۈن ھۆرمەت قىلىشقا باشلىغاندەك ئۇنۋانىنى ئاتاپ. — بېرىڭ، كەچۈرۈم سوراڭ، تەقسىر.

— جاناپلار، ھەممىنى قىلىمەن، ھېچكىمگە تىنمايمەن، — دېدى روستوۋ يالۋۇرغاندەك، — لېكىن كەچۈرۈم سورالمايمەن، ئەسلا، نىمە قىلساڭلار قىلىڭلار! مەن قانداق قىلىپ، كىچىك بالا كەچۈرۈم سورىغاندەك، ئۇنىڭغا يالۋۇرىمەن؟

دېنىسوۋ كۈلۈپ كەتتى.

— ئۆزىڭىزگە قىيىن... بوگدانىچ ئاداۋەت ساقلايدىغان ئادەم،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تەتۈرلۈك قىلغانلىقىڭىزنىڭ ئازاۋىنى تارتىسىز، ــ دېدى كىرىستېن.
ــ خۇدا ھەققى، تەتۈرلۈك ئەمەس! مەن قانداق تۈيغۇ ئىكەنلىكىنى سىلەرگە تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمەن، تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمەن...
ــ مەيلى، ئىختىيارىڭىز، ــ دېدى ئىشتاپ روتمىستىر. ــ قېنى، ھىلىقى ئەبلەخ نەگە كېتىپتۇ؟ ــ دەپ سورىدى دېنىسوۋدىن.
ــ كېسەل بولۇۋالغان، ئەتە پولكتىن ھەيدەپ چىقىرىۋېتىلىدىغان بولدى، ــ دېدى دېنىسوۋ.
ــ بۇ بىر دەرت، باشقا نىمە دېگىلى بولىدۇ، ــ دېدى ئىشتاپ روتمىستىر.
ــ دەرتمۇ، باشقىمۇ، ياخشىسى كۆزۈمگە كۆرۈنمىسۇن. ئۆلتۈرۈۋېتىمەن! ــ دەپ ۋاقىردى دېنىسوۋ ئۇنىڭ قېنىغا تەشنا بولغاندەك.
ئۆيگە ژېركوۋ كىرىپ كەلدى.
ــ ھە، سەن نىمە قىلىپ يۈرىسەن، ــ دېيىشتى ئەپىتسەرلەر كىرىپ كەلگەن بۇ كىشىگە قاراپ بىردىنلا.
ــ يۈرۈشنى باشلايمىز، جاناپلار! ماك پۈتۈن ئارمىيىسى بىلەن تەسلىم بوپتۇ.
ــ يالغان ئېيتىسەن!
ــ ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم.
ــ قانداق؟ تىرىك ماكنى ـ ھە؟ قولى بار، پۇتلىرى بار ماكنى ـ ھە؟
ــ يۈرۈش! يۈرۈش! تېپىپ كەلگەن مۇشۇ خەۋىرى ئۈچۈن ئۇنىڭغا بىر بوتۇلكا ھاراق بېرىلسۇن، نىمە بولدى، سەن قانداق قىلىپ يەنە بۇ يەرگە كەپقالدىڭ؟
ــ شۇ لەنىتى ماك تۈپەيلى يەنە پولكقا ئەۋەتتى. بىر ئاۋستىرىيە

گېنېرالى مېنى چېقىپتۇ. مەن ئۇنى ماكىنىڭ كېلىشى مۇناسىۋىتى بىلەن تەبرىكلىگەن ئىدىم...هە، سەن نىمە، روستوۋ، خۇددى هازىرلا مونچىدىن چىققاندەك قىزىپ كېتىپسەن؟

— سورىما، نىمىسىنى دەيسەن، بۇرادەر، ئىككى كۈن بولدى، مەشەدە باش ئاغرىغى تېپىۋالدۇق.

شۇ چاغدا پولىك ئادىيۇتانتى كىرىپ كەلدى، ژېركوۋ تېپىپ كەلگەن خەۋەر ئىسپاتلاندى. ئەتە يولغا چىقىش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىلگەن ئىدى.

— يۈرۈشنى باشلايمىز، جاناپلار!

— خۇداغا شۈكۈر، بۇ يەردە ئۇزاقىمۇ تۇرۇپ كەتكەن ئىدۇق.

## 6

كۇتۇزوۋ يول ئۇستىدە ئىننا (برائۇناۋدا)ۋە ترائۇن (لىنىستا) دەرياللىرىدىكى كۆۋرۈكلەرنى بۇزۇپ تاشلاپ ۋېناغا چېكىنمەكتە ئىدى. 23-ئۆكتەبىر كۈنى رۇس قوشۇنلىرى ئېنىس دەرياسىدىن ئۆتتى. رۇس قوشۇنلىرىنىڭ يۈك كارۋانلىرى، توپ-زەمبىرەكچىلىرى ۋە ئەسكەرلەرنىڭ سەپلىرى دەل چۈش ۋاقتىدا كۆۋرۈكنىڭ ئىككى تەرىپىنى بويلاپ قاتار-قاتار تىزىلىشىپ، ئىنس شەھىرىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى.

بۇ ئىسسىق ۋە كۆپ يامغۇرلۇق كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. كۆۋرۈكنى قوغداپ تۇرغان رۇس توپچىلىرى تۇرغان يەردىكى دۆڭلۈك ئالدىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان كەڭ دالا، بەزىدە بىردىنلا يانتۇ چۈشۈۋاتقان يامغۇرنىڭ خۇددى داكىدەك نېپىز پەردىسى ئارقىسىدا

توسۇلۇپ قالاتتى، بەزىدە بىردىنلا كۈن نۇرىدا ئېچىلىپ كېتەتتى-دە، يىراقتىكى نەرسىلەر خۇددى ئۈستىگە لاك بېرىلگەندەك، ئوچۇق، روشەن كۆرۈنۈپ پارقىراپ تۇراتتى. دۆڭلۈكتىن پەستە ئۆگزىلىرىگە قىزىل تۈنىكە قاپلانغان ئاق ئۆيلەرى، چوڭ بۇتخانىسى ۋە كۆۋرۈك-لىرى بار كىچىك شەھەر كۆرۈنۈپ تۇراتتى، كۆۋرۈكنىڭ ئىككى قاسنىغىنى بويلاپ ناھايىتى نۇرغۇن رۇس ئەسكەرلىرى ئاقماقتا ئىدى. دوناي دەرياسىنىڭ بۇرۇلىدىغان جايىدا كېمىلەر، ئارال ۋە ئېنس دەرياسىنىڭ دوناي دەرياسىغا قۇيۇلىدىغان ئويمانلىغىدىكى سۇ بىلەن قوشۇلۇپ تۇرغان بېغى بار قەسىر (قەلئە) كۆرۈنۈپ تۇراتتى؛ دونايىنىڭ قارىغايزار، قىيا سول قىرغىغى ۋە ئۇنىڭدىن نېرى كۆپ-كۆك دۆڭلۈكلەر، ھاۋارەڭ جىلغىلىرىمۇ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئىنسان قەدىمى يەتمىگەندەك كۆرۈنگەن قويۇق قارىغايزار-نىڭ نېرىقى تەرىپىدىن مۇناستىرنىڭ مۇنارىسى مارىلاپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئېنس دەرياسىنىڭ بۇ قىرغىغىدىن خېلى يىراق تەرەپتە تاغدا دۈشمەننىڭ ئاتلىق چارلامچىلىرىمۇ كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ئېگىزلىكتىكى توپ-زەمبىرەكلەر ئارىسىدا، ئارقا سەپ مۇداپىئە قىسمىنىڭ كوماندىرى بولغان گېنېرال بىلەن باش ئىشتاپ ئەپىتسەرى دۇربۇندىن جايلارنى كۆزىتىپ ئالدىدا تۇراتتى. ئۇنىڭدىن سەل ئارقىدىراق بىر جايدا باش قوماندانلىقتىن ئارقا سەپ مۇداپىئە قىسمىغا ئەۋەتىلگەن نېسۋىتسكى زەمبىرەك ھارۋىسىنىڭ قۇيرۇغىدا ئولتۇ-راتتى، نېسۋىتسكىگە ئەگىشىپ كەلگەن كازاك ئۇنىڭغا سومكا بىلەن سۇدانىنى بەردى، نېسۋىتسكى ئەپىتسەرلەرنى سامسا ۋە نەق دوپپېلكۇ-مېل① بىلەن مېھمان قىلىشقا باشلىدى. ئەپىتسەرلەر ناھايىتى خۇرسەن

① دوپپېلكۇمېل — ئارپا بىدىيان تەمى بار بىر خىل تاتلىق ھاراق. — تەر.

بولۇشۇپ ئۇنىڭ چۆرىسىگە يىغىلىشتى، بەزىلىرى يۈكۈنۈپ، يەنە بەزىلىرى تۈركلەرگە ئوخشاش ھۆل ئوت-چۆپلەرنىڭ ئۈستىدە چازا قۇرۇشۇپ ئولتۇرۇشاتتى.

— ئاۋسترىيە كىنەزى ئەخمەق بولمىغان ئىكەن-دە، قەسىر سالغان جايىنى قاراڭ، نىمە دىگەن ئوبدان ئورۇن! نىمىشقا يەمەيسىلەر، جاناپلار؟ — دىدى نېسۋىتسكى.

— سىزگە كۆپ رەھمەت، كىنەز، — دەپ جاۋاپ بەردى ئەپىتسەرلەرنىڭ بىرى، ئىشتاپتىن كەلگەن بۇ مۇھىم ئەمەلدار بىلەن گەپلەشكەنلىگى ئۈچۈن مەمنۇن بولۇپ. ئاجايىپ ئوبدان جاي ئىكەن. بىز باغنىڭ يېنىدىن ئۆتتۈۋېتىپ، ئىككى بۇغىنى كۆردۇق، نىمە دىگەن ئاجايىپ ئىمارەت!

— ئۇنى قاراڭ، كىنەز، — دىدى يەنە بىر ئەپىتسەر سامسىدىن يەنە بىرىنى ئالغۇسى كېلىپ، ئەمما تارتىنغان بولسا كېرەك، ئەتراپنى كۆزىتىۋاتقان كىشى قىياپىتىگە كىرىۋالدى، — قاراڭ كىنەز، بىزنىڭ پىيادە قىسىملىرىمىز ئۇ يەرگە كەپ بوپتۇ. مانا، ئاۋۇ يەردە، يېزىنىڭ ئارقىسىدىكى چىمەنلىكتە، ئۈچەيلەن نىمىدۇ بىر نەرسىنى سۆرەپ كېتىۋېتىپتۇ. ئۇلار بۇ سارايغا كىرىدۇ، — دىدى ماقۇللىغاندەك.

— ھە، ھە، — دىدى نېسۋىتسكى، — ياق، مەن شۇنى خالايتتىم، — دىدى يەنە چىرايلىق ئاغزىدا سامسىنى چايناپ تۇرۇپ، — ھە، ئەنە شۇ يەرگە كىرىشنى خالايتتىم.

ئۇ تۆپىلىكتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان مۇنارىسى بار ئاياللار مۇناستىرىنى كۆرسەتتى، كۈلۈپ قويدى، كۆزلىرى پۇرۇلۇپ چاقناپ كەتتى.

ئەپىتسەرلەر كۈلۈشۈپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— كاشكى، ئايال موناخلارنى ھېچ بولمىغاندا ھۆركۆتۈپ قويغان بولساقمۇ مەيلىدى. ياش-ياش ئىتالىيە قىزلىرىمۇ بار دېيىشىدۇ. راستىنى ئېيتقاندا، مەن بۇنىڭ ئۈچۈن بەش يىللىق ئۆمرۈمدىن كەچكەن بولاتتىم-دە!

— ئۇلارمۇ زېرىككىپ ئىچى پۇشۇپ تۇرغاندا، — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ، يۇرەكلىكرەك بىر ئەپتىسەر.

بۇ چاغدا ئالدىدا تۇرغان باش ئىشتاپ ئەپتىسەرى گېنېرالغا نىمىدۇ بىر نەرسىنى كۆرسەتتى؛ گېنېرال دۇربۇندىن قاراشقا باشلىدى.

— ھە، دېمىدىممۇ، دېمىدىممۇ، — دېدى گېنېرال ئاچچىقلىنىپ دۇربۇننى كۆزىدىن ئېلىپ ۋە دولىسىنى قىسىپ قويۇپ، — دېمىدىممۇ، كۆۋرۈكنى توپقا تۇتىدۇ دەپ. ئۇلار ئۇ يەردە نېمىشقا سوزۇلۇپ يۈرۈشىدىكىن-ھە؟

ئۇ تەرەپتە دۈشمەننى ئاددىي كۆز بىلەن كۆرگىلى بولاتتى، ئۇلارنىڭ توپ-زەمبىرەكلىرى تۇرغان يەردىن كۆتىرىلىپ چىقىۋاتقان سۈت رەڭلىك ئاق ئىس كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئىسنىڭ ئارقىسىدىن ئۇزاقتىن ئېتىلغان توپ-زەمبىرەك ئاۋازى يېتىپ كەلدى، بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىزنىڭ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈشكە قانداق ئالدىراۋاتقانلىقىمۇ كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

نېسۋىتسكى پۇشۇلداپ ئورنىدىن تۇردى-دە، ئىلجىيىپ گېنېرالنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— بىر نەرسە يەۋېلىشقا مەيلىلىرى يوقمۇ، جانابى ئالىلىرى؟ — دېدى نېسۋىتسكى.

— ياخشى ئەمەس، — دېدى گېنېرال ئۇنىڭغا جاۋاپ بەرمەس-

تىن، — بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىز ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋەتتى.

— بېرىپ كەلسەم قانداق، جانابى ئالىيلىرى، — دېدى نېسۋىتسكى.

— بېرىپ كېلىڭ، مەرھەمەت، — دېدى گېنېرال، ئىلگىرى تەپسىلىي بېرىلگەن بۇيرۇقنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلاپ، — قىران ئاتلىقلارغا ئېيتىڭ، ئۇلار ئەڭ ئاخىردا ئۆتسۇن ۋە ئىلگىرى مەن بەرگەن بۇيرۇقتا دېيىلگەندەك، كۆۋرۈكنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈپ تاشلىسۇن، يەنە كۆۋرۈكتىكى يېقىلغۇ ماتېرىياللىرىغا يەنە بىر قېتىم قاراپ تەكشۈرۈپ چىقسۇن.

— خوپ، — دەپ جاۋاپ بەردى نېسۋىتسكى.

ئۇ ئاتنى تۇتۇپ تۇرغان كازاكنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا سومكا ۋە سۇدانىنى يىغىشتۇرۇۋېلىشنى تاپىلىدى-دە، ئۇنىڭدىن كېيىن ئېغىر بەدىنىنى ئېگەرگە يېنىككىنە ئارتىلدۇرۇۋالدى.

— مەن، راستىنلا ئايال مۇناخلارنىڭ قېشىغا كىرىپ چىقمەن، — دېدى ئۇ ئۆزىگە قاراپ كۈلۈپ تۇرغان ئەپتسەرلەرگە، ئۇنىڭدىن كېيىن دۆڭلۈكتىن پەسكە چۈشىدىغان ئەگرى چىغىر يولنى بويلاپ ئاتلىق يۈرۈپ كەتتى.

— قېنى، قانچىلىك يىراقلىققا بېرىپ چۈشىدىكىن، ئېيتىپ بېقىڭا، كاپىتان! — دېدى گېنېرال توپچى ئەپتسەرگە قاراپ. — زېرىككەن بولساڭلار كۆڭۈل ئېچىڭلار.

— توپچىلار تەييارلىنىڭلار! — دەپ كاماندا بەردى ئەپتسەر. شۇنىڭ بىلەن بىر دەمدىلا توپچىلار گۈلخان يېنىدىن يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ توپلارغا ئوق سېلىشقا باشلىدى.

— بىرىنچى، ئات! — دېگەن كاماندا ئاۋازى ئاڭلاندى.

www.uyghurkitap.com

بىرىنچى توپ سىلكىندى، قولاقنى يارغۇدەك گۈلدۈرلىگەن ئوق ئاۋازلىرى يەر-جاھاننى تىترىتەتتى، تاغنىڭ ئاستىدىكى بىزنىڭ ئادەملىرىمىزنىڭ بېشىدىن چىقىراپ ئۇچۇپ ئۆتكەن ئوق، دۈشمەن تۇرغان يەرگە يېتىپ بارمايلا يەرگە چۈشتى، ئۇنىڭدىن كۆتۈرۈلۈپ چىققان ئىس ئوق پارتلىغان يەرنى كۆرسىتىپ تۇراتتى.

ئەسكەرلەر بىلەن ئەپىتسەرلەر بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ خۇرسەن بولدى؛ ھەممىيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، تۆۋەندە بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىزنىڭ، يىراقتا بولسا يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان دۈشمەنلەرنىڭ خۇددى ئالقانىدىكىدەك روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ھەركەتلىرىنى كۈزىتىشكە باشلىدى. بۇ چاغدا قۇياشمۇ بۇلۇتلارنىڭ ئارقىسىدىن تامامەن چىققان ئىدى ۋە يەككە ئېتىلغان توپ ئوقىنىڭ بۇ چىرايلىق ئاۋازى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان قۇياش نۇرى بىلەن قوشۇلۇپ بىر پۈتۈن جانلىق ۋە خۇشال تەسىرات پەيدا قىلغان ئىدى.

## 7

دۈشمەن زەمبىرەكلىرىدىن ئېتىلغان ئىككى پاي ئوق كۆۋرۈك ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ، كۆۋرۈكتە تىقىلىش بولۇپ كەتكەن ئىدى. كىنەز نېسۋىتسكى كۆۋرۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاتتىن چۈشۈپ، چوڭ گەۋدىسىنى كۆۋرۈكنىڭ شادىسىغا چاپلاشتۇرغان ھالدا تۇراتتى. ئۆكۈلۈپ تۇرۇپ، ئارقىسىدىكى كازاككا ئۆرۈلۈپ قارىدى، كازاك بولسا قولىدا ئىككى ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇپ ئۇنىڭدىن بىرنەچچە قەدەم نېرىدا تۇراتتى. كىنەز ئەمدىلا ئالدىغا ماڭماقچى بولۇۋاتقاندا، ئەسكەرلەر ۋە ھارۋىلار ئۇنى يەنە ئارقىسىغا ئىتتىرىپ كېلىپ، يەنە

كۆۋرۈكنىڭ شادىسىغا قىستاپ قويدى، شۇڭا ئۇنىڭغا كۆلۈپ قويۇشتىن باشقا ھېچقانداق ئامال يوق ئىدى.

— ھەي، بۇرادەر! — دېدى كازاك ئادەملەر ۋە ئاتلار تىقىلىپ كەتكەنلىكىگە قارىماي ھارۋىسىنى ھەيدىمەكچى بولغان ھارۋىكەش ئەسكەرگە قاراپ. — قانداق ئادەمسەن ئۆزەڭ! بىر پەس توختاپ تۇرساڭچۇ، گېنېرال ئۆتۈپ كەتسۇن.

ئەمما ھارۋىكەش ئەسكەر ”گېنېرال“دېگەن نامغىمۇ پەرۋا قىلماستىن، يولنى توسۇۋالغان ئەسكەرلەرگە:

— ھەي! يۇرتداشلار، سول تەرەپكە ماڭساڭلارچۇ، توختاپ تۇرۇڭلار! — دەپ ۋاقىرىدى.

لېكىن يۇرتداشلار مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ تىقىلىشىپ، نەيزىلىرى بىر بىرىگە ئىلىنىپ، ئۈزۈلمەستىن، كۆۋرۈك بويىلاپ زىچ ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. كىنەز نېسۋىتسكى كۆۋرۈك شادىسىدىن پەسكە قارىغاندا، ئېنىس دەرياسىدىكى سۇنىڭ تېز، شالدىرلاپ ئېقىۋاتقان كىچىك دولقۇنلىرىنىڭ بىر بىرىگە قوشۇلۇپ مەۋج ئۇرۇپ (جىمىرلاپ) ئېقىۋاتقانلىقى ۋە كۆۋرۈكنىڭ قوزۇقلىرى ئەتراپىدا ئېگىلىپ بىر بىرىنى قوغلىشىۋاتقانلىقى ۋە بىر بىرىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ كۆۋرۈككە قاراپ ئەسكەرلەر، پاگونلار، تەلپەكلەر، سەپەر خالتىلىرى، نەيزىلەر، ئۇزۇن دەستىلىك قوراللار، شەپكىلەرنىڭ چىكىلىكى تېگىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان كەڭ ياڭاقلار، مەڭزىلىرى ئىچىگە ئولتۇرۇشۇپ كىرىپ كەتكەن ۋە غەمسىز-ھارغىن قىياپەتلىك يۈزلەر، كۆۋرۈك تاختىسىدىكى يېپىشقاق لايلاردىن دەسسەپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئاياقلاردىن ئىبارەت بولغان ئەسكەرلەرنىڭ بىر قېلىپتىكى جانلىق دولقۇنلىرىنى كۆرەتتى. بەزىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەسكەرلەرنىڭ بىر قېلىپتىكى دولقۇنلىرى ئارىسىدىن، خۇددى ئېنىس دەرياسىنىڭ دولقۇنلىرىدىن چاچراپ تۇرغان ئاق كۆپۈكتەك، چىرايى ئەسكەرلەردىن ئايرىلىپ تۇرغان پالاش كىيگەن ئەپىتسەر قىستىلىپ ئۆتۈپ كېتەتتى؛ بەزىدە خۇددى دەريادىكى سۇدا پىقىراپ چۆگىلەپ تۇرغان تارىشىدەك، كۆۋرۈك ئۈستىدىكى پىيادە ئەسكەرلەر دولقۇنى ئارىسىدا پىيادە كېتىۋاتقان ئاتلىق خىزمەتچى ئەسكەرلەر ياكى ئاھالە كۆرۈنۈپ قالاتتى؛ بەزىدە خۇددى دەريادا ئۈزۈپ كېتىۋاتقان خادا ياغاچتەك، ھەممە تەرەپتىن قورشالغان ھالدا، روتىنىڭ ياكى ئەپىتسەرلەرنىڭ لىق يۈك بېسىلغان ۋە ئۈستى تېرە بىلەن چۈمكەلگەن يۈك ھارۋىلىرى كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ كېتەتتى.

— مانا قارا، توغانىنى بۇزۇپ كەتكەن كەلكۈندەك، — دېدى كازاك ئۈمىتسىزلىك بىلەن توختاپ قېلىپ. — يەنە كۆپمۇ؟

— بىرى كەم مىليون! — دېدى يېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەن ۋە يىرتىق شىنېل كىيگەن قىزىقچى ئەسكەر كۆزىنى قىسىپ قويۇپ، كېيىن يەنە دەرھال غايىپ بولدى؛ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يەنە بىر قېرى بىر ئەسكەر ئۆتۈپ كەتتى.

— ئەگەر ئۇ (دۈشمەن) كۆۋرۈكنى توپقا تۇتىدىغان بولسا، — دېدى قېرى ئەسكەر چىرايىنى تۈرۈپ ھەمرىيىغا قاراپ، — باش قاشلاشقىمۇ پۇرسەت بولماي قالار.

بۇ ئەسكەرمۇ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يەنە بىر ئەسكەر يۈك - تاق ھارۋىسىدا ئولتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى.

— پايتىمىنى نەگە تىقىشتۇرۇۋەتتىڭ؟ — دېدى خىزمەتچى ئەسكەر ھارۋىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرگىنىچە ئۇنىڭ ئارقىسىنى

ئاختۇرۇپ.

بۇمۇ هارۋا بىلەن بىللە ئۆتۈپ كەتتى.

بۇنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان ئەسكەرلەر خوشال بولۇپ، شىر كەيپىدەك كۆرۈنەتتى.

— ئۇ ئۇنى، بۇرادەر، مىلتىغىنىڭ پاينىگى بىلەن راسا كەلتۈرۈپ چىشىغا بىر سالدىكى... — دېدى شىنېلىنىڭ ئېتىگىنى ئېگىز كۆتىرىۋالغان بىر ئەسكەر خوشال قول سىلىپ كېتىۋېتىپ.

— هە، سۇرە پاچاق① مەزىلىك ـ تە، — دەپ جاۋاپ بەردى باشقا بىرسى قاقاقلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ.

بۇلارمۇ ئۆتۈپ كەتتى، ئەمما نېسۋىتسكى كىمنىڭ چىشىغا ئۇرغانلىغىنى ۋە سۇرە پاچاقنىڭ بۇنىڭ بىلەن نىمە ئالاقىسى بارلىغىنى ئۇقماي قالدى.

— ئوهو! ئۇلارنىڭ ئالاقىزادە بولۇپ كەتكەنلىگىنى. بىر پايلا ئېتىۋىدى، بۇلارنىڭ هەممىسى ئۆلىدىغاندەك قورقۇشۇپ كېتىپتۇ، — دېدى ئۇنتېر ئەپىتسەر② ئاچچىقلىنىپ ۋە تەنە قىلىپ.

— زەمبىرەك ئوقى يېنىمدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ كەتتى، تاغا، مېنىڭ دەۋاتقىنىم زەمبىرەك ئوقى ـ دە، — دېدى ئاغزى يوغان ۋە كۈلكىسىنى باسالماي تۇرغان بىر ئەسكەر، — مەن قېتىپلا قاپتىمەن. ۋاي خۇدايىمەي، راستىنى ئېيتسام، قورقۇپ جېنىم چىقىپ كېتەي

---

① سۇرە پاچاق — تۇزلىغان ياكى سۇرلىگەن چوشقىنىڭ سان گۆشى — تەر.

② ئۇنتېر ئەپىتسەر — پادىشا ئارمىيىسىدە كىچىك ئەپىتسەرلەر ئۇنۋانى. — تەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

دەپ قالدى! — دېدى ئەسكەر قورقۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ماختانغاندەك.

ئۇمۇ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىلگىرى ئۆتۈپ كەتكەنلەرنىڭ ھېچبىرىدە ئوخشىمايدىغان ھارۋا كېلىۋاتاتتى، بۇ ئىككى ئات قوشۇلغان نېمىس ھارۋىسى بولۇپ، ئۇنىڭغا پۈتۈن ئۆي بېسىلغاندەك كۆرۈنەتتى. نېمىس ھەيدەپ كېتىۋاتقان بۇ ھارۋىنىڭ ئارقىسىغا چىرايلىق، ئالا-چىپار، يېلىنى ناھايىتى چوڭ بىر سىيىر باغلاپ قويۇلغان ئىدى. پەر ئورۇن-كۆرپىدە كۆكرەك سۈتىدىن ئاجرىتىلمىغان بالىسى بار بىر ئايال، بىر موماي ۋە يەنە مەڭزىلىرى قىپ-قىزىل، ساغلام نېمىس قىزى ئولتۇراتتى. روشەنكى، كۆچۈۋاتقان بۇ ئاھالىلەر ئالاھىدە رۇخسەت بويىچە قويۇپ بېرىلگەن ئىدى. ھەممە ئەسكەرلەرنىڭ كۆزى ئاياللارغا چۈشكەن ئىدى، ھارۋا پىيادە ئادەملەرنىڭ تېزلىكى بىلەن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، ئەسكەرلەرنىڭ ھەممە گەپ-سۆزلىرى پەقەت مۇشۇ ئىككى ئايالغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالغان ئىدى. ھەممەيلەننىڭ چىرايىدا پۈتۈنلەي دېگۈدەك مۇشۇ ئىككى ئايال توغرىسىدىكى ئەدەپسىز ئوي-پىكىرلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان كۈلۈمسىرەش ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

— ئوھو! مانا قارا، قىزىللارمۇ قېچىپ كېتىۋېتىپتۇ!

— ئاناڭنى سېتىپ بەرسەڭچۇ، — دېدى باشقا بىر ئەسكەر نېمىسقا قاراپ؛ ئۇ سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىغا ئۇرغۇنى چۈشۈرۈپ سۆزلەيتتى؛ نېمىس بولسا يەرگە قارىغان پېتى غەزەپلىنىپ ۋە قورققان ھالدا چوڭ قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتاتتى.

— پاھ، نېمە دېگەن چىرايلىق ياسانغان! چېھرىسىنى قارا!

— سېنىڭ كۆڭلۈڭدىكىدەك ئىكەن، ھە، فېدوتوۋ!

— بۇنداقلارنىمۇ كۆرگەن بىز، ئۇكا!

— نەگە كېتىۋاتىسلەر؟ — دەپ سورىدى ئالما يەپ كېتىۋاتقان پىيادە ئەپتىسەرمۇ چىرايلىق قىزغا قاراپ ۋە يېرىم-ياتا كۈلۈمسىرەپ.

نېمىس بولسا كۆزلىرىنى يۇمۇۋېلىپ، رۇسچە بىلمەيدىغانلىقىنى ئىشارە قىلدى.

— يىگۈك بولسا ئالغىن، — دېدى ئەپتىسەر قىزغا ئالمىنى سۇنۇپ.

قىز كۈلۈمسىرەپ ئالمىنى ئالدى. نېمىۋىتىسكىمۇ كۆۋرۈكتە تۇرغان باشقا كىشىلەرگە ئوخشاشلا، ئاياللار ئۆتۈپ كەتكىچە ئاياللاردىن كۆزىنى ئۈزمەي قارايتتى. ئۇلار ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن يەنە بايىقىدەك ئەسكەرلەر ئۆتۈپ، يەنە شۇنداق سۆزلەر داۋام قىلدى. ئاخىر ھەممەيلەن توختاپ قالدى. خۇددى ئادەتتە بولىدىغان ئەھۋاللاردەك، كۆۋرۈكتىن چىقىپ بولغان جايدا روتا ھارۋىلىرىنىڭ ئاتلىرى ماڭغۇسى كەلمەي تۇرۇۋالدى-دە، ھەممە كىشى كۈتۈپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

— نېمىشقا تۇرۇۋالدۇ؟ تەرتىپ يوق ئىكەن-دە! — دېيىشتى ئەسكەرلەر. — نەگە قىستايسەن؟ پالاكەت! جىندەك توختاپ تۇرساڭ بولمامدۇ؟ ئەگەر ئۇ (دۈشمەن) كۆۋرۈكنى ئۆرتەيدىغان بولسا، تېخىمۇ يامان بولىدۇ. مانا قارا، ئەپىتسەرنىمۇ چاپلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ، — دەپ تۇرۇپ قالغان كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا تەرەپ-تەرەپتىن ھەرخىل سۆزلەر ئاڭلىناتتى، كىشىلەر بىر بىرىگە قارىشاتتى، كۆۋرۈكتىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بارغانسېرى كۆۋرۈكنىڭ ئاغزىغا قاراپ قىستاپ كېلەتتى.

نېمىۋىتىسكى كۆۋرۈكنىڭ ئاستىدىكى ئېنىس دەرياسىنىڭ سۈيىگە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قاراپ، بىردىنلا ئۆزى ئۇچۇن يېڭى بولغان باشقىچە بىر ئاۋازنى، تېز يېقىنلاپ كېلىۋاتقان قانداقتۇ چوك...نەرسىنىڭ ئاۋازىنى، سۇدا شالاپشىغان قانداقتۇ بىر نەرسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى.

— ھەي، قارا، نەگە ئېتىۋاتىدۇ! — دېدى نېسۋىتسكىگە يېقىن تۇرغان بىر ئەسكەر ئاۋاز كەلگەن تەرەپنى كۆرسىتىپ جىددى بىر قىياپەتتە.

— ئىتتىكرەك ئۆتۈپ كەتسۇن دەپ روھلاندۇرۇۋاتىدۇ، — دېدى باشقا بىرسى ئەنسىرەپ.

كىشىلەر يەنە قوزغىلىشتى. نېسۋىتسكى بۇنىڭ زەمبىرەك ئاۋازى ئىكەنلىكىنى ئۇققان ئىدى.

— ھەي، كازاك، ئاتنى ئەپكەل! — دېدى ئۇ. — سىلەر نېرىراق تۇرۇڭلار، نېرى! يول بېرىڭلار!

ئۇ ناھايىتى تەسلىكتە ئېتىنىڭ قېشىغا كېلىۋالدى ۋە توختىماي ۋاقىراپ ئالغا ئىلگىرىلەيتتى. ئۇنىڭغا يول بېرىش ئۈچۈن ئەسكەرلەر تىقىلىشىپ كەتتى، لېكىن يەنە قىستاپ كەلگەنلىكتىن ئۇنىڭ پۇتىنى دەسسىۋېلىشاتتى، ئۇنىڭغا ناھايىتى يېقىن تۇرغان كىشىلەر بۇنىڭ ئۈچۈن ئەيىپلىك ئەمەس ئىدى، چۈنكى ئۇلارنى ئارقىسىدىكىلەر تېخىمۇ قىستاپ كېلەتتى.

— نېسۋىتسكى! ھەي نېسۋىتسكى! ساڭا دەۋاتىمەن ئۆلۈكمۇ سەن! — دېگەن بوغۇق ئاۋاز ئاڭلاندى.

نېسۋىتسكى ئارقىسىغا قايرىلىپ قاراپ، ئۆزىنى قىمىرلاۋاتقان ئالىمان تەرىقىسىدە ھەركەتلىنىپ تۇرغان پىيادە قىسىملار تەرىپىدىن ئون بەش قەدەم چامىسىدا نېرىدا ئاجرىتىپ تۇرغان يەردە چىرايى قىزىرىپ كەتكەن، شەپكىسىنى قاپ-قارا ۋە پاخپىيىپ كەتكەن

چاچلىق بېشىنىڭ ئارقىسىغا گەجگىسىگە چۈشۈرۈپ كىيىۋالغان، يېپىنچىغىنى① يەلكىسىگە ياشىلاردەك روھلۇق ئارتىۋالغان ۋاسكا دېنىسوۋنى كۆردى.

دېنىسوۋ جان-پېنى چىقىپ كەتكۈدەك غەزەپلەنگەن بولسا كېرەك، قارچۇغىي كۆمۈرگە ئوخشاش قاپ-قارا كۆزلىرىنىڭ قىزىرىپ كەتكەن ئېقىنى ئوينىتىپ، كىچىككىنە ۋە يۈزىگە ئوخشاش قىپ-قىزىل يالىڭاچ قولىدىكى غىلىپىدىن تېخى چىقىرىلمىغان قىلىچىنى سىلكىپ:

— ئېيتقىنا، ماۋۇ پالاكەتلەرگە، يول بەرسۇن! — دەپ ۋاقىرىدى.

— ۋاسكاغۇ! — دەپ جاۋاپ بەردى خوشال بولۇپ نېسۋىتسكى. — سەن نىمە قىلىپ يۈرىسەن؟

— ئېسكادرون ئۆتەلمەيۋاتىدۇ، — دەپ ۋاقىرىدى ۋاسكا دېنىسوۋ ئاپپاق چىشلىرىنى دەھشەتلىك رەۋىشتە پارقىرىتىپ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆزىنىڭ قارا تورۇق ئېتى بېدۇيىننى دىۋىتكۈچى بىلەن تېپىپ قويۇپ؛ ئۇنىڭ ئېتى بولسا قۇلىقىغا تېگىپ كەتكەن نەيزىدىن قۇلىقىنى قاچۇرۇپ، بۇرنىدىن پۇرقۇرىتىپ ئەتراپىقا كۆپۈكلىرىنى چاچرىتىپ، تۇياقلىرىنى كۆۋرۈكنىڭ تاختىيىغا تاقىلدىتىپ ئۇراتتى ۋە ئەگەر ئۆزىنىڭ ئۈستىدىكى خوجايىنى يول قويىدىغان بولسا، كۆۋرۈكنىڭ شادىسىدىن سەكرەپ ئۆتۈپ كېتىشكە تەييار تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى.

---

① يېپىنچاق — ئاتلىقلاردا ئۈچىسىغا ئارتىۋالىدىغان يېڭى يوق ئۇزۇن خالات. — تەر.

www.uyghurkitap.com

— بۇ قانداق گەپ؟ خۇددى پادا ـ دە! بەئەينى پادىنىڭ ئۆزى! نېرى تۇر! — ئۆتۈۋالايلى، يول بەر!... توختا، شۇ يەردە! ھۇۇ سەندەك ھارۋىكەشنى! قىلىچ بىلەن چېپىۋېتىمەن جۇمۇ! — دەپ ۋاقىرىدى ئۇ راستىنلا قىنىدىن قىلىچىنى چىقىرىپ قولىدا ئوينىتىپ.

ئەسكەرلەر قورقۇپ بىر بىرىنى قىستاپ يول بەردى. دېنىسوۋ نېسۋىتسكىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— نىمە سەن، ھازىر مەس ئەمەسدۇرسەن؟ — دېدى نېسۋىتسكى دېنىسوۋ ئالدىغا كەلگەندە.

— ئۇلار ھاراق ئىچىشكىمۇ ۋاقىت بېرىشمەيدۇ! — دەپ جاۋاپ بەردى ۋاسكا دېنىسوۋ. — پولكنى كۈن بويى بىر دەم ئۇ ياققا، بىر دەم بۇ ياققا يۆتكەپ يۈرىدۇ. ئۇرۇشىدىغان بولغاندىن كېيىن راسا ئۇرۇشقان بولساق بولاتتى. نىمە ئۈچۈن مۇنداق قىلىۋاتقانلىغىنى ھېچكىممۇ بىلمەيدۇ!

— بۈگۈن سەن نىمانچىۋالا ئالىپتە بولۇپ كەتتىڭ! — دېدى نېسۋىتسكى ئۇنىڭ ئۈچىسىغا ئارتىۋالغان يېپىنچىغى ۋە يېڭى ئىگەر يوپۇقىغا قاراپ چىقىپ.

دېنىسوۋ كۈلۈپ قويدى ـ دە، سومكىسىنىڭ خالتىسىدىن ئەتىر پۇرىغىنى چېچىپ تۇرغان قولياغلىقىنى چىقىرىپ، ئۇنى نېسۋىتسكىنىڭ بۇرنىغا تەككۈزۈپ قويدى.

— ياق، مەن شۇئان ئىشىمغا ماڭىمەن! ساقال ـ بۇرۇتلىرىمنى ئالدىم، چىشلىرىمنى چوتكىلىدىم ۋە ئەتىرلەرنى سەپتىم.

كازاك ھەمرا بولۇپ كېتىۋاتقان نېسۋىتسكىنىڭ ناھايىتى چوڭ گەۋدىسى، قىلىچىنى ئوينىتىپ تۇرغان ۋە غەزەپ بىلەن ۋاقىراپ تۇرغان دېنىسوۋنىڭ قەتئىيلىكى شۇنداق تەسىر كۆرسەتكەن ئىدىكى،

ئۇلار ئاخىر كۆۋرۈكنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئىلاج قىلىپ ئۆتۈۋالدى-دە، پىيادىلەرنى توختاتتى. نىسۋىتسكى كۆۋرۈكنىڭ نېرىقى تەرىپىدە ئۆزى ئىزلىگەن پولكاۋنىگىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا بۇيرۇقنى يەتكۈزدى-يۇ، ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ قايتىپ كەتتى.

دېنىسوۋ يولنى بوشاتقاندىن كېيىن كۆۋرۈكنىڭ كىرىش ئاغزىدا توختاپ قالدى. ئۇ باشقا ئاتقا قاراپ ئىتىلىۋاتقان ۋە تۇياقلىرىنى يەرگە تېپىپ تۇرغان ئۆزىنىڭ ئايغىرىنى بىپەرۋالىق بىلەن تارتىپ تۇرۇپ، قارشىسىغا كېلىۋاتقان ئېسكادرونغا قاراپ تۇراتتى. كۆۋرۈكنىڭ تاختىيىدىن خۇددى بىرقانچە ئات چېپىپ ئۆتكەندەك تاراقلىغان تۇياق ئاۋازلىرى ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى، ئېسكادرون ئۇز ئەپىتسەرلىرى بىلەن ئالدىدا يۈرۈپ، تۆت كىشى بىر قاتار بولۇپ كۆۋرۈكتە سوزۇلۇشقا ۋە كۆۋرۈكنىڭ ئۇ تەرىپىگە چىقىشقا باشلىدى.

توختىتىپ قويۇلغان پىيادە ئەسكەرلەر كۆۋرۈك بېشىدىكى دەسسىلىپ چەيلەنگەن پاسكىنا لاي يەردە توپلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ يېنىدىن رەتلىك ئۆتۈپ كېتىۋاتقان پاكىز ۋە ئالىپتە كىيىنگەن قىران ئاتلىقلارغا، خۇددى يات قوشۇنلار بىر بىرلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا ئادەتتە بولىدىغاندەك ئالاھىدە بىر خىل ياتسىراش ۋە مازاق قىلىشقاندەك يەرگەنشلىك تۇيغۇسى بىلەن قارايتتى.

— زەپ ياسىنىشىپتۇ-دە بۇ يىگىتلەر! بۇلارنى پەقەت پورنوۋىنسكويىدا كۆرسەڭ؟

— ئۇلاردىن نېمە پايدا كېلىدۇ! پەقەت غوجام كۆرسۇن ئۈچۈنلا ئېلىپ يۈرۈشىدۇ! — دېدى يەنە بىرسى،

— سەن دېگەن پىيادە-دە! — دەپ چاقچاق قىلدى بىر قىران ئاتلىق ئېتى سەكرەپ پىيادە ئەسكەرلەرگە لاي چاچراتقاندا.

— ئۆشنەڭگە خالتىنى ئارتىپ بىر-ئىككى مەنزىل يۈگۈرتكەن بولسام، چىرايلىق ئىشتانلىرىڭمۇ تۈگەپ كەتكەن بولاتتى، — دېدى پىيادە ئەسكەر يۈزىدىكى لايىنى يېڭى بىلەن ئېرتىپ تۇرۇپ، — ئاتقا مىندۈرۈپ قويسا ئادەمگە ئوخشىمايسەن، قوشقا ئوخشاپ قالىسەن!

— قارا، زىكىن، سېنى ئاتقا مىندۈرۈپ قويغان بولسا، ئۇنىڭدىن قېلىشمىغان بولاتتىڭ، — دېدى يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەسكەر خالتىسىنىڭ ئېغىرلىقىدىن بېلى ئېگىلىپ مۈكچىيىپ قالغان ئورۇق ئەسكەرگە چاخچاق قىلىپ.

— ياغاچنى مىنۋال، ئات بولىدۇ، — دېدى قىران ئاتلىق .

## 8

قالغان پىيادە ئەسكەرلەر كۆۋرۈك بېشىدا خۇددى پەركال شەكلىدە قىستىلىشىپ كۆۋرۈكتىن ئالدىراپ ئۆتمەكتە ئىدى. ئەڭ ئاخىرىدا ھارۋىلارنىڭ ھەممىسى ئۆتۈپ كەتتى، قىستاقچىلىق سەل ئازايدى، ئاخىرقى باتالىيونمۇ كۆۋرۈككە كىرىشكە باشلىغان ئىدى. پەقەت دېنىسوۋ ئېسكادرونىنىڭ قىران ئاتلىقلىرى كۆۋرۈكنىڭ نېرىقى تەرىپىدە دۈشمەنگە قاراپ تۇراتتى. دۈشمەنلەر تاغنىڭ قارشى تەرىپىدە يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى، كۆۋرۈكتە پەس تەرەپتىن كۆرگىلى بولمايتتى، چۈنكى دەريا ئېقىپ ئۆتىدىغان جىلغىدىن يېرىم چاقىرىمغا يەتمەيدىغان يەردە ئۆپۈق سىزىقى قارىمۇ-قارشى دۆڭلۈك بىلەن ئاياقلىشىپ قالاتتى. ئالدىدا چۆللۈك بار ئىدى، ئۇنىڭ ئۇ يەر-بۇ يېرىدە بىزنىڭ بىرقانچە توپ كازاك چارلامچىلىرىمىز ھەرىكەتلىنىپ تۇرماقتا ئىدى. يولنىڭ قارىمۇ-قارشى

دۆڭلۈگدە بىردىنلا كۆك رەڭلىك ھەربىي كىيىم كىيگەن ئەسكەرلەر ۋە توپ-زەمبىرەكچىلەر پەيدا بولۇپ قالدى. بۇ فرانسۇزلار ئىدى. كازاك چارلامچىلار ئاتلىرىنى چېپىشىپ تاغدىن پەسكە چۈشۈپ كېتىشتى. دېنىسوۋ ئېسكادرونىدىكى بارلىق ئەپىتسەرلەر ۋە ئەسكەرلەر گەرچە باشقا ئىشلار توغرىسىدا سۆزلىشىشكە ۋە باشقا تەرەپلەرگە قاراشقا تىرىشۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما، پەقەت تاغدا نىمە بولۇۋاتقانلىقى توغرىسىدا توختىماستىن ئويلايتتى، شۇنىڭدەك ئۇپۇقتا پەيدا بولغان داغلارغىمۇ توختىماستىن نەزەر سالاتتى. بۇ داغلارنى ئۇلار دۈشمەن ئەسكەرلىرى دەپ ھېساپلايتتى. چۈشتىن كېيىن ھاۋا يەنە ئېچىلىپ كەتتى، قۇياش دوناي دەرياسىنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى قارا تاغلارغا ئۆزىنىڭ نۇرىنى چاچماقتا ئىدى. ئەتراپ جىمجىت ئىدى ۋە تاغدىن ئارىلاپ-ئارىلاپ دۈشمەنلەرنىڭ كاناي ئاۋازلىرى بىلەن ۋاقىرىغان ئاۋازلار يېتىپ كېلەتتى. ئېسكادرون بىلەن دۈشمەنلەر ئوتتۇرىسىدا ئاز سانلىق چېپىلاڭغۇ چارلامچىلاردىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى. ئىككى تەرەپنى پەقەت ئۈچ يۈز ساژېن① ئەتراپىدا بوشلۇق ئاجرىتىپ تۇراتتى. دۈشمەنلەر ئېتىشنى توختاتقان ئىدى، بىر بىرىكە دۈشمەن ئىككى ئارمىيىنى ئاجرىتىپ تۇرغان دەھشەتلىك، خەۋپلىك، يېقىنلاشقىلى بولمايدىغان ۋە ئۆتكىلى بولمايدىغان چەك-چېگرا بارغانسىرى روشەن بولۇپ قالماقتا ئىدى.

"ھايات بىلەن ماماتنى بىر بىرىدىن ئاجرىتىپ تۇرىدىغان چېگرىنى ئەسلەتكۈچى بۇ چېگرىدىن بىر قەدەم نېرى ئۆتۈلسە، نامەلۇم

① ساژېن — ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى، 1 ساژېن=2.13 مېتىر. — تەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئازاپ-ئوقۇبەت ۋە ئۆلۈمگە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇ يەردە نېمە بار؟ ئۇ يەردە كىم بار؟ ئۇ يەردە، دالىنىڭ، دەرەخلەرنىڭ ۋە قۇياش يورۇتۇپ تۇرغان ئۆگزىلەرنىڭ ئۇ تەرىپىدە نېمە بولۇۋاتىدۇ؟ بۇنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، لېكىن بىلگۈڭ كېلىدۇ؛ بۇ چېگرىدىن ئۆتۈش قورقۇنچلۇق، لېكىن ئۆتكۈڭ كېلىدۇ؛ بىلىسەنكى، بالدۇر ياكى كېيىن بۇ چېگرىدىن بەرىبىر ئۆتمەي بولمايدىغانلىقىنى ۋە چېگرىنىڭ ئۇ تەرىپىدە، ئۆلۈم تەرىپىدە نېمىلەر بارلىقىنى بىلىشىڭ كېرەك بولىدۇ. بىراق، ئۆزەڭ قۇۋۋەتلىك، ساغلام، خۇرسەن ۋە جىددىلەشكەن، ئەتراپىڭدىكى ئادەملەرمۇ ئۆزەڭدەك شۇنداق ساغلام، جىددىي ۋە ھاياجانلانغان". دۈشمەننىڭ قارشىسىدا تۇرغان ھەر بىر ئادەم گەرچە شۇنداق دەپ ئويلىمىسىمۇ، لېكىن شۇنى ھېس قىلىدۇ، بۇ ھېس شۇ مىنۇتلاردا يۈز بېرىۋاتقان ھەممە ھادىسىلەرگە بىر خىل ئالاھىدە جىلۋە بېرىدۇ ۋە يارقىن شاتلىق پەيدا قىلىدۇ.

دۈشمەن تۇرغان تەرەپتە دۆڭلۈكتىن ئاۋال ئىس كۆرۈندى-دە، كېيىن زەمبىرەك ئوقلىرى ھۇشقۇيتۇپ قىران ئاتلىقلار ئېسكادرونى-نىڭ بېشىدىن ئۇچۇپ ئۆتتى. توپلىشىپ تۇرغان ئەپسەرلەر جاي-جايىغا تارىلىپ كەتتى. قىران ئاتلىقلار ئاتلىرىنىڭ سېپىنى تەكشىلەشتى، ئېسكادروندا ھەممە جىملىققا چۆكتى. ھەممە ئالدىغا، دۈشمەن تەرەپكە قاراپ تۇراتتى ۋە ئېسكادرون كاماندىرىنىڭ بۇي-رۇغىنى كۈتەتتى، زەمبىرەك ئوقلىرى بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرسى غۇيۇلداپ ئۇچۇپ ئۆتتى. دۈشمەنلەر قىران ئاتلىقلارغا قارىتىپ ئېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى؛ ئەمما زەمبىرەك ئوقلىرى تەكشى ۋە تېز ھۇشقۇيتۇپ ئاتلىقلارنىڭ بېشىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ كېتەتتى-دە، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا بىر يەردە پارتلايتتى. قىران ئاتلىقلار ئۆرۈلۈپ

قاراپمۇ قويمايتتى، ئەمما ھەر بىر ئوق غۇيۇلداپ ئۇچۇپ ئۆتكەندە، خۇددى كاماندىغا قۇلاق سىلىۋاتقاندەك، ئوق ئۆتۈپ كەتكىچە تىنىيمۇ قويماي، ئاياقلىرىنى ئۈزەڭگىگە تىرەپ تىك تۇرۇۋاتاتتى، كېيىن يەنە ئىگەردە ئولتۇرۇۋاتاتتى. ئەسكەرلەر باشلىرىنى مىدىرلاتماستىن بىر بىرىگە كۆز قىرىنى تاشلاپ، ھەرقايسىسى يېڭىدىكى يولدىشىنىڭ تەسىراتىنى بىلمەكچى بولۇپ ھەۋەس بىلەن دىققەت قىلاتتى. دېنىسوۋدىن تارتىپ تا مىزگانچىغىچە ھەر بىر كىشىنىڭ چىرايىدا، لەۋلىرى ۋە ئېڭىكىنىڭ ئەتراپىدا كۆرەش، غەزەپ ۋە ھاياجانلىنىشتىن ئىبارەت بىرگىنە ئومۇمى كەيپىيات ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ۋاخمىستىر خۇددى "ھىلى سېنى قاراپ تۇر" دىگەندەك، قاپىغىنى تۈرۈپ ئەسكەرلەرگە قارايتتى. ئۆگەنچى ئەپىتسەر مىرونوۋ زەمبىرەك ئوقى ئۇچۇپ ئۆتۈۋاتقان ھەر بىر پەيتتە ئېگىشىپ قوياتتى. روستوۋ ئۆزىنىڭ ئاقساق ئەمما چىرايلىق گراچىك ناملىق ئېتىغا مىنگەن ھالدا سول تەرەپتە، خۇددى كەڭ زالدا ئامما ئالدىدا ئىمتىھان بېرىشكە چاقىرىلغان ۋە ئىمتىھاندا ئەلاچى بولۇپ چىقىشقا ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزىنى بەختلىك ھىس قىلغان ئوقۇغۇچىدەك تۇراتتى. ئۇ ھەممەيلەنگە خۇددى: "ماڭا قاراڭلار، مەن زەمبىرەك ئوقى ئۇچۇپ ئۆتۈۋاتقاندا قانداق خاتىرجەم تۇرىمەن" دىگەندەك قىياپەتتە، ئوچۇق چىراي ۋە خوشاللىق بىلەن قارايتتى. لېكىن ئۇنىڭ چىرايىدا ئاغزىنىڭ چۆرىسىدە قانداقتۇ يېڭى، جىددى ھالەت غەيرى تەبىئى ھالدا ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

— كىم ئۇ تازىم قىلىۋاتقان؟ ئۆگەنچى ئەپىتسەر مىرونوۋ! ئۇنداق قىلىش يارىمايدۇ! ماڭا قاراڭ! — دەپ ۋاقىرىدى بىر جايدا تۇرالماي ئېتىنى ئېسكادىرون ئالدىدا ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا ماڭدۇرۇپ تۇرغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دېنىسوۋ.

ۋاسكا دېنىسوۋنىڭ پاناق بۇرۇنلۇق، قاپقارا چاچلىق يۈزى، كىچىك ۋە چاققان گەۋدىسى، قىنىدىن چىقىرىپ قىلىچىنىڭ سېپىنى تۇتۇپ تۇرغان كىچىك كەپىلىك (بارماقلىرى قىسقا ۋە تۈك باسقان) قوللىرى، ئادەتتە قانداق بولغان بولسا شۇنداق ئىدى، بولۇپمۇ كەچقۇرۇن ئىككى بوتۇلكىنى ئىچىپ قويۇۋېتقاندىن كېيىن شۇنداق ئىدى. ئۇ پەقەت ئادەتتىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ قىزىرىپ كەتكەن ئىدى، چاچلىرى پاخپىيىپ كەتكەن بېشىنى خۇددى سۇ ئىچىۋاتقاندا ئارقىسىغا قاڭقايتىۋالغان قۇشلاردەك ئېگىز كۆتىرىۋېلىپ، كىچىك چاققان پۇتلىرىدىكى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئېتى بېدۇيىننىڭ قوسىقىغا رەھىمسىزلىك بىلەن نىختاپ قويۇپ، خۇددى ئارقىسىغا ئۆكتۈرۈلۈپ كېتىدىغاندەك ھالەتتە، ئېسكادروننىڭ باشقا تەرىپىگە چېپىپ كەتتى ۋە ئەسكەرلەرگە يېنىدىكى تاپانچىلىرىنى قاراپ چىقىشنى تاپىلاپ، بوغۇق ئاۋاز بىلەن ۋاقىرايتتى. ئۇ كىرىستېننىڭ ئالدىغا كەلدى. ئىشتاپ روتمىستىر ئۆزىنىڭ بېلى كەڭ ۋە مەزمۇت بايتالىنى مىنىپ سالماق قەدەم بىلەن دېنىسوۋنىڭ قارشىسىغا كېلىۋاتاتتى. ئۇزۇن بۇرۇتلۇق ئىشتاپ روتمىستىر ئۆزىنى ئادەتتىكىدەك جىددى تۇتاتتى، پەقەت كۆزلىرى ئادەتتىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ چاقناپ تۇراتتى.

— ھە، نېمە بولار ئەمدى؟ — دېدى ئۇ دېنىسوۋغا. — ئىش تېخى ئۇرۇش قىلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتمەس. كۆرىسەن، ئارقىمىزغا قايتىمىز.

— كىم بىلسۇن ئۇلارنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى! — دەپ غۇدۇراپ قويدى دېنىسوۋ. — ھە، روستوۋ! — دېدى ئۇ گەنچى ئەپىتسەرنىڭ

كەيپى چاغلىقىنى بايقاپ، — ھە، ئۇرۇشنىمۇ كۆردۈڭ.

ئۇ ئۆگەنچى ئەپتىسەردىن خۇرسەن بولسا كېرەك، "يارايسەن" دېگەندەك كۈلۈمسىرەپ قويدى. روستوۋ ئۆزىنى ناھايىتى بەختلىك ھېس قىلاتتى. شۇ چاغدا كۆۋرۈكتە پولك كوماندىرى كۆرۈندى. دېنىسوۋ ئېتىنى چاپتۇرۇپ ئالدىغا باردى.

— جانابى ئالىيلىرى! ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە رۇخسەت قىلسىڭىز، ئۇلارنى تاشلايمەن ئۇجۇقتۇرۇپ.

— بۇ يەردە قانداق ھۇجۇم بولۇشى مۇمكىن! — دېدى پولك كوماندىرى خۇددى بىزار قىلىۋاتقان چىۋىندىن تويۇپ كەتكەندەك چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، — نېمە قىلىپ بۇ يەردە قاراپ تۇرىسىلەر؟ ئالدىدىكىلەرنىڭ چېكىنىۋاتقانلىقىنى كۆرمەيۋاتامسىز؟ ئېسكادروننى چېكىندۈرۈڭ.

ئېسكادرون كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ كەتتى ۋە بىر كىشىنىمۇ يوقاتماي ئوق يېغىش دائىرىسىدىن ئامان-ئېسەن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئالدىنقى سەپتە بولغان ئىككىنچى ئېسكادروننىمۇ كۆۋرۈك-تىن ئۆتۈپ كەتتى، ئەڭ ئاخىردا كازاكلار بۇ تەرەپنى بوشاتقان ئىدى.

پاۋلوگرادچىلارنىڭ ئىككى ئېسكادرونى كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى تاغ تەرەپكە چېكىنگەن ئىدى. پولك كوماندىرى كارل بوگدانوۋىچ شۇبېرت① دېنىسوۋ

① كارل بوگدانوۋىچ شۇبېرت — روسىيىگە گىراژدان بولغان نېمىس، روسىيە ئارمىيىسىدە مۇنداق ئادەملەر كۆپ بولغان. تولستوي ئۇنى رۇسچە ناھايىتى ناچار سۆزلەيدىغان كىشى سۈپىتىدە تەسۋىرلەيدۇ. — تەر.

ئېسكادرونغا كەلگەن ئىدى ۋە روستوۋدىن ئانچە يىـراق بولمىـغان يەردە ئاستا كېلىـۋاتاتـتى، تېلىيەنىـن مەسلىـسى بىلەن قوزغالـغان توقۇنۇشتىن كېيىن ھازىر بىرىنچى قېتىم يولۇقۇشلىرىغا قارىماي، ئۇ روستوۋغا قىلچە دىققەت نەزىرىنى سالمايتـتى. فوروىـت شارائىتـىدا ئۆزىنى ئۇنىڭ قولى ئاستىدا دەپ ھىـس قىلىـپ، ئەمـدى ئۆزىـنى ئۇنىڭ ئالدىدا گۇناكار ھىساپلىـغان روستـوۋ، پولك كاماندىرىـنىڭ تەنھەركەتچىدەك دۈمبىسىدىن، مەللەرەڭ گەجگىسىدىن ۋە قىپ-قىزىل بوينىدىن كۆزىنى ئۈزمەي قارايتتى. روستوۋغا بولسا بۇ ئەھۋال گويا بوگدانىچ پەقەت يالغاندىن دىققەت نەزىرىنى سالمىغاندەك ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن مەقسىدى ھازىر ئۆگەنـچى ئەپىتـسەرنىڭ باتۇرلۇغىنى سىناپ كۆرمەكچى بولۇۋاتقاندەك بىلىنەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن روستوۋ ئۆزىنى ئوبدان رۇسلاپ ئېلىپ ۋە خوشال قىياپەتتە ئەتراپقا قاراپ قوياتتى؛ بەزىدە ئۇ بوگدانـىچ ئۆزىـنىڭ باتۇرلۇغىـنى كـۆرستىـش ئۈچۈن، قەستەن ماڭا يېقىنلاپ كېلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلايتتى، بەزىدە دۈشمە-نىم بوگدانىـچ ماڭا جازا بېرىش ئۈچـۈن، ئېـسكادرونـنى قەسـتەن ھالاكەتلىك ھۇجۇمغا ئەۋەتمەكچى بولۇۋاتسا كېرەك دەپ ئويلايتتى؛ بەزىدە ئۇ ھۇجۇمدىن كېيىن ياردار بولۇپ ياتقان چېغىمـدا بوگدا-نىچ ئالدىمغا كېلىپ "كەل، يارىشـىپ قالـدۇق" دەپ ئالىجاناپـلىق بىلەن قولىنى سوزىدىغانلىغىنى تەسەۋۋۇر قىلاتتى.

پاۋلوگرادلىقلارغا تونۇش بولۇپ قالغان ئېگىز يەلكـىلىك ژېركوۋ (ئۇ يېقىندىلا پولكتىن كەتكەن ئىدى) پولك كاماندىـرىنىڭ ئالدىـغا كەلدى. ژېركوۋ باش ئىشتاپتىن قوغلانغاندىن كېيىن "مەن پـولكتا مۇشەققەت تارتىپ يۈرىـدىغان ئەخـمەق ئەمەس، ھالبۇكـى ئىشتاپتا ھېچ ئىش قىلماي كۆپرەك مۇكاپات ئالـىمەن" دەپ ئويـلاپ پولكتا

قالماي، بىر ئىلاج قىلىپ كىنەز باگراتيونغا ئوردىنارىيەتس ① بولۇ-ۋالغان ئىدى. ئۇ بۇ قېتىم ئۆزىنىڭ سابىق كاماندىرىغا ئارىيەرگارد كاماندىرىدىن بۇيرۇق ئېلىپ كەلگەن ئىدى.

— پولكوۋنىك، — دىدى ئۇ ئۆزىگە خاس توڭ جىددىلىك بىلەن روستوۋنىڭ دۈشمەنگە مۇراجىئەت قىلىپ ۋە ئەتراپتىكى يولداشلىرىغا نەزەر تاشلاپ، — توختالسۇن ۋە كۆۋرۈك كۆيدۈرۈپ تاشلانسۇن دەپ بۇيرۇدى.

— كىم بۇيرۇدى؟ — دەپ سورىدى پولكوۋنىك چىرايىنى ئاچماي.

— ئۆزەممۇ بىلمەيمەن، پولكوۋنىك، كىم بۇيرۇغانلىغىنى، — دىدى جىددىلىك بىلەن جاۋاپ بېرىپ كورنېت، — لېكىن، كىنەز ماڭا پەقەت: "بار، پولكوۋنىكقا ئېيت، قىران ئاتلىقلار تېز قايتسۇن ۋە كۆۋرۈككە ئوت قويۇۋەتسۇن" دەپ بۇيرۇدى.

ژېركوۋدىن كېيىن قىران ئاتلىقلار پولكوۋنىگىنىڭ ئالدىغا خۇددى شۇنداق بۇيرۇق بىلەن باش ئىشتاپ ئەپىتسەرى كەلدى. باش ئىشتاپ ئەپىتسەرىدىن كېيىن كازاك ئېتى ئېغىر گەۋدىسىنى زورىغا كۆتىرىپ لوكۇلداپ كېلىۋاتقان سېمىز نېسۋىتسكى كۆرۈندى.

— بۇ قانداق بولغىنى، پولكوۋنىك؟ — دەپ ۋاقىرىدى ئۇ ئات ئۈستىدە كېلىۋېتىپ، — مەن سىزگە كۆۋرۈكنى كۆيدۈرۈپ تاشلاش لازىملىغىنى ئېيتقان ئىدىم، هازىر كىمدۇ بىرسى يالغان ئېيتىپتۇ؛ ئۇ يەردە هەممە ئەقلىدىن ئازغاندەك، هېچنىمىنى ئۇقۇپ بولمايدۇ.

---

① ئوردىنارىيەتس — كاماندىر هوزۇرىدا خىلمۇ-خىل تاپشۇرۇقلارنى بې-جىرگۈچى هەربى خىزمەتچى. — تەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

پولكوۋنىك ئالدىرىماستىن پولكىنى توختاتتى ۋە نېسۋىتسكىگە بۇرۇلۇپ قارىدى:

— سىز ماڭا يېقىلغۇ تۇترۇق توغرىسىدىلا ئېيتقان ئىدىڭىز، ئوت قويۇش توغرىسىدا بولسا ھېچنىمە دېمىگەن ئىدىڭىزغۇ، — دېدى ئۇ.

— قانداقسىگە، تەقسىر، — دېدى نېسۋىتسكى توختاپ شەپكىسىنى بېشىدىن ئېلىپ، قىسقا قوللىرى بىلەن تەرلەپ ھۆل بولۇپ كەتكەن چاچلىرىنى ئېرتىپ، — كۆۋرۈككە تۇترۇق قويۇپ بولغاندا كۆۋرۈك كۆيدۈرۈپ تاشلانسۇن دېمىگەنمىدىم؟

— مەن سىزنىڭ "تەقسىرىڭىز" ئەمەس، جانابى ئىشتاپ ئەپىتە-سەر، سىز ماڭا كۆۋرۈككە ئوت قويۇش توغرىسىدا، ھېچنىمە دېمە-گەن ئىدىڭىز. مەن ۋەزىپەمنى بىلىمەن، بۇيرۇقنى قەتئىي ئورۇنلاش مېنىڭ ئادىتىم. سىز كۆۋرۈك كۆيدۈرۈپ تاشلانسۇن دىدىڭىز، مەن ئەۋلىيا ئەمەس، كىم ئوت قويۇشنى بىلىدىغان.

— ھە، ھەممىشە شۇنداق بولىدۇ-دە، — دېدى نېسۋىتسكى قول شىلتىپ ۋە ژېركوۋغا قارىدى-يۇ: — سەن بۇ يەردە نىمە قىلىپ يۈرىسەن؟ — دېدى.

— مەنمۇ شۇ ئىش بىلەن. ئەمما سەن ھۆل بوپ كېتىپسەن، كەل، كىيىملىرىڭنى سىقىپ قوياي.

— سىز ئاۋال دېگەن ئىدىڭىز، جانابى ئىشتاپ ئەپىتسەرى... — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى پولكوۋنىك رەنجىگەن ئاھاڭدا.

— پولكوۋنىك، — دېدى باش ئىشتاپ ئەپىتسەرى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋېتىپ، — تېزرەك بولۇش كېرەك، بولمىسا دۈشمەنلەر توپ-زەمبىرەكلىرىنى توغرىلاپ ئوق ياغدۇرۇشقا باشلايدۇ.

پولكوۋنىك گەپ قىلماستىن باش ئىشتاپ ئەپىتسەرىگە، سېمىز ئىش-

تاپ ئەپتسەرى نېسۋىتسكىغا ۋە ژېركوۋغا قارىدى-دە، ئۇنىڭدىن كېيىن قاپىغىنى تۈرۈپ قويدى.

— كۆۋرۆككە ئوت قويىمەن، — دېدى ئۇ تەنتەنىلىك ئاھاڭ بىلەن؛ ئۇ گويا ئۇنىڭ بىلەن ئۆزىگە قىلىنغۋاتقان بۇ ھەممە كۆڭۈلسىزلىكلەرگە قارىماستىن، بۇ ئىشنى يەنىلا ئۆزى ئورۇنلاشقا تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىمەكچى بولغاندەك قىلاتتى.

خۇددى ھەممىدە ئېتى ئەيىبلىك بولغاندەك، ئۆزىنىڭ ئۇزۇن كۆچلۈك پۇتلىرى بىلەن ئاتنى تېپىپ قويۇپ، پولكوۋنىك ئالدىغا چىقتى-دە، ئىككىنچى ئېسكادرونغا، يەنى دېنىسوۋ قوماندانلىقىدىكى روستوۋ خىزمەت قىلىپ تۇرغان ئېسكادرونغا كۆۋرۆككە قايتىپ كېلىشنى بۇيرۇدى.

"ئەنە، دېمەكچىمىدىم، — دەپ ئويلىدى روستوۋ، — مېنى سىناپ باقماقچى بولۇۋاتىدۇ". ئۇنىڭ يۈرىكى سىقىلاتتى، يۈزىگە قان يۈگۈرگەن ئىدى. "مەيلى، كۆرۈپ باقسۇن، مەن قورقۇنچاقمۇ ياكى قورقۇنچاق ئەمەسمۇ" — دېدى روستوۋ ئىچىدە.

ئېسكادروندىكى ئەسكەرلەرنىڭ چىرايىدا خۇددى ئوق ئاستىدا تۇرغان چاغدىكىگە ئوخشاشلا جىددى ھالەت ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. روستوۋ ئۆزىنىڭ رەقىبىگە، پولك كاماندىرىغا كۆزىنى ئۈزمەستىن قارايتتى. ئۇ ئۇنىڭ چىرايىدىن ئۆزىنىڭ ئويلىغان پىكىرلىرىنى تەستىقلايدىغان ئالامەتلەرنى تاپماقچى بولاتتى؛ لېكىن پولكوۋنىك روستوۋغا زادىلا قارىمايتتى، بەلكى ھەمىشە فورونتتىكىگە ئوخشاشلا جىددى ۋە تەنتەنىلىك ھالەتتە قاراپ تۇراتتى. كوماندا ئاۋازى ئاڭلاندى.

— تېزرەك! تېزرەك! — ئۇنىڭ ئەتراپىدا بىرقانچە كىشىلەرنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئاۋازى تەكرارلىنىپ تۇراتتى.

قىران ئاتلىقلار قىلىچلىرىنى ئاتلىرىنىڭ چۇلۋۇرلىرى بىلەن چىرماشتۇرۇپ، دۈشمەنلىرىنى جالاقلىتىپ، نىمە قىلىدىغانلىغىنى ئۆز-لىرىمۇ بىلمەي ئالدىراپ-تېنەپ ئاتلىرىدىن چۈشتى، قىران ئاتلىقلار چوقۇنۇشتى. روستوۋ بولسا پولك كاماندىرىغا قارىمايتتى، — ئۇنىڭ ۋاقتىمۇ يوق ئىدى. ئۇ قىران ئاتلىقلارنىڭ ئارقىسىدا قېلىشتىن ئەنسىرەيتتى، يۈرىگى توختاپ قالغۇدەك دەرىجىدە قورقاتتى. ئۇ ئاتنى ئات باققۇچىغا تاپشۇرۇپ بېرىۋاتقاندا قولى تىترەيتتى ۋە خۇددى قان يۈرەككە شارىلداپ ئېقىپ كېلىۋاتقاندەك ھىس قىلاتتى. دېنىسوۋ ئارقىسىغا قاڭشىرىلىپ ۋە قانداقتۇ بىرنەرسە دەپ ۋاقىرىغان پېتى ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. روستوۋ بولسا ئۆزىنىڭ ئەترا-پىدا دۈشمەنلىرىنى جىرىڭلىتىپ ۋە قىلىچلىرىنى جالاقلىتىپ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان قىران ئاتلىقلاردىن باشقا ھېچنىمىنى كۆرمەيتتى.

— شىرغا! — دەپ ۋاقىرىدى كىمدۇ بىرسى ئۇنىڭ ئارقىسىدا.

روستوۋ شىرغا توغرىسىدىكى تەلەپنىڭ نىمە ئىكەنلىگىنى ئويلى-مايتتى؛ ئۇ پەقەت ھەممىنىڭ ئالدىدا بولۇشقا تىرىشىپ يۈگۈرەيتتى؛ ئەمما ئۇ كۆۋرۈكنىڭ بېشىدىلا، يەرگە ئوبدان قارىماي، پۈتلىشىپ كېتىپ، پاسكىنا ۋە دەسسەپ-چەيلەنگەن لايغا يىقىلىپ چۈشتى-دە، ئىككى قولى يەرگە تېگىپ قالدى. باشقىلار ئۇنى ئاتلاپ ئۆتۈپ كەتتى.

پولك كاماندىرىنىڭ روستوۋغا:

— ئادەملەرنى كۆۋرۈكنىڭ ھەر ئىككى تەرىپىگە ئۆتكۈزۈڭ، روتمىستىر، — دىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى، پولك كاماندىرى بولسا ئېتىنى مىنىپ ئالدىغا ئۆتۈپ، كۆۋرۈككە يېقىنلا بىر يەردە تەنتە-

نىلىك ۋە خوشال قىياپەتتە تۇراتتى.
روستوۋ بولسا لاي بوپكەتكەن قوللىرىنى شىمىنىڭ پۇشقىغىغا ئېرتىپ، رەقىبىگە ئۆرۈلۈپ قارىدى ۋە ئۇنىڭدىن قانچىكى يىراق بولسا، شۇنچە ياخشى بولىدۇ دەپ ئويلاپ، نېرى يۈگۈرۈپ كەتمەكچى بولاتتى. لېكىن، بوگدانىچ روستوۋغا قارىمىغان ۋە ئۇنى تونۇۋالمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا:
— كۆۋرۈكنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان كىم؟ ئوڭغا! ئۆگەنچى ئەپەندى، قايت! — دەپ ناھايىتى غەزەپلىنىپ ۋاقىرىدى ۋە شۇ چاغدا ئۆزىنىڭ باتۇرلۇغىنى كۆرسىتىپ، كۆۋرۈكنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان دېنىسوۋغا قاراپ:
— نىمىشقا تەۋەككۇلچىلىك قىلىسىز، روتمىستىر! ئاتتىن چۈشسىڭىز ياخشى بولاتتى، — دىدى.
— ھەي! ھەر بىر ئوقنىڭ كۆزى بار، ئەپىپىدارنى تاپىدۇ! — دەپ جاۋاپ بەردى ۋاسكا دېنىسوۋ ئات ئۈستىدە ئۆرۈلۈپ قاراپ.

* * *

شۇ چاغدا نېسۋىتسكى، ژېركوۋ ۋە باش ئىشتاپ ئەپەندىرى بىللە، ئوق كېلىدىغان يولنىڭ سىرتىدا تۇراتتى ۋە ئۇلار بىر دەم كۆۋرۈكنىڭ بىر تەرىپىدە توپلىشىپ تۇرغان سېرىق ھەربى شەپكىلىك، توق يېشىل جىيەك تىكىلگەن كالىتا كەمزۇل ۋە كۆك شىم كىيگەن بىر توپ ئادەمگە قاراپ قوياتتى، بىر دەم بولسا يىراقتىن شۇ تەرەپكە قاراپ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان، كۆك شىنېل كىيگەن ۋە ئات يېتىلەپ كېلىۋاتقان كىشىلەرگە قارايتتى، ئۇلارنىڭ توپ-زەمبىرەكچىلەر ئىكەنلىگىنى بىلىۋېلىش تەس ئەمەس ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

"ئۇلار كۆۋرۈكىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىيالامدۇ-يوق؟ كىم ئاۋال باردۇ؟ ئۇلار شۇ يەرگە يۈگۈرۈپ يېتىپ بېرىپ كۆۋرۈكىنى كۆيدۈرۈۋېتەمدۇ ياكى فرانسۇزلار يېتىپ كېلىپ ئوت ئېچىپ ئۇلارنى يوقىتىۋېتەمدۇ؟" كۆۋرۈكنىڭ بېرى يېقىدا تۇرغان شۇنچە كۆپ ئەسكەرنىڭ ھەر بىرى ئېغىر كەيپىيات ئىچىدە، ئىختىيارسىز رەۋىشتە، ئۆزىگە مانا شۇنداق سوئاللارنى بېرەتتى، ئۇلار پېتىپ كېتىۋاتقان قۇياش يورۇغىدا كۆۋرۈككە، قىزىل ئاتلىقلارغا قارشى تەرەپتىن نەيزىلىرى ھەم قورال-ياراقلىرى بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ كېلىۋاتقان كۆك شىنېل كىيگەن كىشىلەرگە قاراپ تۇراتتى.

— ئوھو! قىزىل ئاتلىقلارنى خۇدا ئۇردى! — دېدى نېسۋىتسكى. — ئۇلارنى ھازىر چاچما ئوققا تۇتىدۇ.

— بىكاردىن-بىكار شۇنچە كۆپ ئادەمنى ئېلىپ بارغان، — دېدى باش ئىشتاپ ئەپىتسەرى.

— دەرۋەقە، — دېدى نېسۋىتسكى. — بۇ يەرگە ئىككى يىگىتنى ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئوخشاشلا ۋەزىپە ئورۇنلانغان بولاتتى.

— بەللى، جانابى ئالىيلىرى، — دېدى ژېركوۋ سۆزگە ئارىلىشىپ؛ ئۇ قىزىل ئاتلىقلاردىن كۆزلىرىنى ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى، لېكىن، يەنىلا ئۆزىنىڭ شۇنداق ساددا قىياپىتى بىلەن قاراپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ راستىنلا شۇنداق دەۋاتقانلىقىنى ياكى ئوينىشىپ دەۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى. — بەللى، جانابى ئالى! سىز قانداقچە ئويلاۋاتىسىز! ئىككى كىشىنى ئەۋەتىش دەمسىز؟ بىزگە ۋلادىمىر بانتىگى ۋە ئوردېننى كىم بېرىدۇ؟ ھازىر ئۇلارنى زەربىگە ئۇچرىسۇنمۇ دەيلى، ئەمما ئېسكادرون ساق قالىدۇ-دە، ئۇنىڭ

ئۆزىمۇ بانتىك ① ئالالايدۇ. بىزنىڭ بوگدانىچىمىز ئىشىنىڭ يولىنى بىلىدۇ.

ــ ئەنە! ــ دىدى باش ئىشتاپ ئەپىتسەرى، ــ چاچما ئوق!

ئۇ فرانسۇز زەمبىرەكلىرىنى كۆرسەتتى، زەمبىرەكلەر ئالدىدىكى ھارۋىلاردىن چۈشۈرۈلۈۋاتاتتى ۋە ئۇلارنى ئالدىراشلىق بىلەن نېرىگە يۆتكەۋاتاتتى.

فرانسۇزلار تەرەپتە، زەمبىرەكلەر تۇرغان يەردىكى كىشىلەر ئارىسىدا ئىس كۆرۈندى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچىسى تامامەن دىگۇدەك بىر ۋاقىتتا كۆرۈندى، بىرىنچى زەمبىرەك ئاۋازى يېتىپ كېلىش بىلەن تەڭ، تۆتىنچىسىدىنمۇ ئىس كۆرۈندى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككى ئاۋاز بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى يېتىپ كەلدى، ئارقىسىدىنلا ئۈچىنچىسى يېتىپ كەلدى.

ــ ۋاي! ۋاي! ــ خۇددى قاتتىق ئاغرىتىۋاتقاندەك، باش ئىشتاپ ئەپىتسەرىنىڭ بىلىگىگە ئېسىلىپ تۇرۇپ، ئۇھ تارتىپ قويدى نېسۋىتسكى. ــ قاراڭ، بىرى يىقىلدى! يىقىلدى، يىقىلدى!

ــ ئىككىسمۇ، نىمە؟

ــ ئەگەر مەن پادىشا بولغان بولسام، ھېچقاچان ئۇرۇشمىغان بولاتتىم، ــ دىدى نېسۋىتسكى ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ.

فرانسۇزلار زەمبىرەكلىرىگە يەنە ئالدىراشلىق بىلەن ئوقلارنى قاچىلىدى. كۆك شىنېل كىيگەن پىيادە ئەسكەرلەر يۈگۈرگەن پېتى كۆۋرۈككە قاراپ سىلجىۋاتاتتى. ئىس يەنە ئەمما ھەر خىل پەيتلەردە كۆرۈنۈشكە باشلىدى، چاچما ئوقلارنىڭ كۆۋرۈككە ۋىژىلداپ تېگىپ

① بانتىك ــ بۇ يەردە "ئوردېن"، "مۇكاپات" مەنىسىدە. ــ تەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۇرغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. لېكىن بۇ قېتىم نېسۋىتىسكى كۆۋرۈكتە قانداق ئەھۋاللار بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرەلمەيتتى — كۆۋرۈك-تىن قويۇق ئىس كۆتىرىلگەن ئىدى. قىران ئاتلىقلار كۆۋرۈككە ئوت قويغان ئىدى، شۇڭا فرانسۇز زەمبىرەكچىلىرىنىڭ ئۇلارغا ئوق ياغ-دۇرۇشى ئۇلارغا توسقۇنلۇق قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى زەمبە-رەكلىرىنى ئوقلاپ تەييارلاپ قويغانلىقى ئۈچۈن، كىم توغرا كەلسە شۇنىڭغا قارىتىپ ئېتىشتىنلا ئىبارەت ئىدى، خالاس.

قىران ئاتلىقلار ئاتلىرىنىڭ قېشىغا يېتىۋېلىشتىن ئاۋال فرانسۇزلار ئۈچ قېتىم چاچما ئوق ياغدۇرۇشقا ئۈلگۈرگەن ئىدى. ئىككى قېتىم-قىسى ناتوغرا قارىغا ئېلىنغانلىقتىن تەگمەي قېلىپ، ئوقلار ئېگىز ئۆرلەپ ئۆتۈپ كەتتى، ئەمما، ئەڭ ئاخىرقى بىر پەيى توپلىشىپ تۇرغان ئاتلىقلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشۈپ، ئۈچەيلەننى يىقىتقان ئىدى.

بوگدانىچ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن ئەنسىرەپ يۈرگەن روستوۋ نېمە قىلىشنى بىلمەي كۆۋرۈكتە توختاپ قالغان ئىدى. ئۇ ھەرۋاقىت قىياس قىلىپ يۈرگەن ئۇرۇش ۋاقتىدىكى ئەھۋاللار-دەك، قىرىپ تاشلايدىغان ئادەممۇ يوق ئىدى، كۆۋرۈكتە ئوت قويۇشقا ياردەممۇ بېرەلمەيتتى، چۈنكى، باشقا ئەسكەرگە ئوخشاش، كۆۋرۈككە ئوت قويۇشقا كېرەكلىك ئوت تۇتاشتۇرغۇچى پاخالىنىمۇ ئېلىپ كەلمىگەن ئىدى. ئۇ ئۆزى تۇرغان يېردە ئەتراپقا قاراۋاتقان چاغدا، بىردىنلا خۇددى چېچىلىپ كەتكەن ياڭاقتەك، كۆۋرۈك تەرەپتىن قاراسلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى — ئۇنىڭغا ھەممىدىن يېقىن تۇرغان ئاتلىقلارنىڭ بىرسى نالە قىلىپ، كۆۋرۈكنىڭ شادىسىغا يە-قىلدى. روستوۋ باشقىلار بىلەن بىللە ئۇنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ

كەلدى. كىمدۇ بىرسى يەنە: "شىرغا!" دەپ ۋاقىرىدى. ئاتلىقنى تۆت كىشى يۆلەپ كۆتىرىشكە باشلىدى.

— ۋاي-ۋاي-ۋاي!......تەگمەڭلا، خۇدا ھەققىدە، — دەپ يارىدار بولغۇچى ۋاقىرايتتى، لېكىن بۇنىڭغا قارىماي يەنىلا يارىدارنى كۆتىرىشىپ شىرغىغا سېلىشتى.

نىكولاي روستوۋ ئارقىسىغا بۇرۇلدى ۋە گوياكى بىرنەرسىنى ئىزلىگەندەك، يىراققا، دوناي دەرياسىنىڭ سۈيىگە، ئاسمانغا، قۇياشقا قارايتتى. ئاسمان بوشلۇغى نىمە دىگەن گۈزەل، نىمە دىگەن كۆپ-كۆك، نىمە دىگەن تىنچ، نىمە دىگەن بىپايان! ئولتۇرۇۋاتقان قۇياش نىمە دىگەن يارقىن، نىمە دىگەن پارلاق! ئۇزاق دوناي دەرياسىنىڭ سۇلىرى نىمە دىگەن يېقىملىق يالتىراپ ۋە جىلۋە قىلىپ تۇرىدۇ! بۇنىڭدىنمۇ كۆرە، دونايىنىڭ ئۇ تەرىپىدە كۆپ-كۆك بولۇپ كۆرۈنگەن تاغلار، مۇناستىرلار، سىرلىق جىلغىلار، تۇمان بىلەن قاپلانغان قارىغايزارلار...ئۇ تەرەپلەر جىمجىت، تىپ-تىنچ... "ئەگەر مەن شۇ يەردىلا بولسام ئىدى، ھېچنىمىنى، ھېچنىمىنى ئۈمىت قىلمىغان بولاتتىم، ھېچنىمىنى ئۈمىت قىلمىغان بولاتتىم، — دەپ ئويلىدى روستوۋ. — شۇ يەردە بولسام قانچىلىك بەختىيار بولاتتىم ۋە بۇ ئاپتاپ قانچىلىك بەخت بېغىشلىغان بولاتتى، بۇ يەردە بولسا... نالە قىلىشلار، ئازاپ-ئوقۇبەت، قورقۇش-ۋەھىم، مۇشۇندىاق ئەندىشە، ئالدىراش-تېنەشلىك ...ئەنە، ئۇلار يەنە نىمىدۇ بىرنەرسە دەپ ۋاقىرىماقتا، يەنە قاياققىدۇ بىر ياققا، ئارقىسىغا قاراپ يۈگۈرۈشمەكتە، مەنمۇ شۇلار بىلەن بىللە يۈگۈرۈۋاتىمەن، ئەنە، يېنىمدا، ئەتراپىمدا، ئۈستۈمدە ئەجەل...يەنە بىر دەقىقە ئۆتسۇن، ئۆلۈشۈم مۇمكىن، ھېچقاچان بۇ قۇياشنىمۇ، بۇ سۇلارنىمۇ، بۇ جىل-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

غىلارنىمۇ كۆرەلمەيمەن...“

دەل شۇ پەيتتە، قۇياش بۇلۇتلارنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇشقا باشلىغان ئىدى؛ روستوۋنىڭ ئالدىدا باشقا شىرغىلار كۆرۈندى. ئۆلۈم ۋە شىرغىلار بىلەن باغلىنىشلىق بولغان قورقۇش تۇيغۇلىرى، قۇياش ۋە ھاياتلىققا بولغان مۇھەببەت — مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى بىرگە قوشۇلۇپ ۋەھىمىلىك بىر خىل تەسىراتقا ئايلاندى.

”ئۇلۇغ خۇدا! ھەي، خۇدايى ئالەم، ئۆزەڭ رەھىم قىل، مېنى ئۆزەڭ كەچۈر، ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن!“ — دەپ پىچىرلايتتى روستوۋ كۆڭلىدە.

قىران ئاتلىقلار ئاتلىرىنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كېلىشتى، ئادەملەرنىڭ ئاۋازلىرى بارغانسېرى يۇكسەك، شۇنىڭ بىلەن بىللە بارغانسېرى خاتىرجەم بولۇشقا باشلىدى، شىرغىلار كۆزدىن غايىپ بولدى.

— ھە، بۇرادەر، پوروخنى پۇراپ باققاندۇرسەن؟... — دېدى ۋاسكا دېنىسوۋ ئۇنىڭ قۇلىغىغا.

”ھەممە ئىش ئۆتۈپ كەتتى؛ ئەمما مەن توخۇ يۈرەك ئىكەنمەن، شۇنداق، توخۇ يۈرەك ئىكەنمەن“، — دېدى روستوۋ ئىچىدە ۋە ئېغىر بىر تىنىپ قويۇپ، بىر ئايىغىنى كۆتىرىپ تۇرغان گىراچىگىنى ئات باققۇچىنىڭ قولىدىن ئالدى-دە، ئېتىغا مىنىۋېتىپ دېنىسوۋدىن:

— چاچما ئوق دېگەن مانا شۇما؟ — دەپ سورىدى.

— ھە، تېخى قاندىغى دەڭ! — دەپ ۋاقىرىدى دېنىسوۋ. — يىگىتتەك ئىشلىدىڭىز! ناھايىتى خەتەرلىك ئىش ئىدى! ياخشىسى ئاتاكا — كاللىسىنى ئېلىۋېرىسەن! ئۇ بولسا ئۇدۇلۇڭدىن قارىغا ئېلىپ ئېتىۋېرىدۇ، نىمە قىلىشىنىمۇ بىلمەيسەن.

دېنسوۋ روستوۋدىن نېرىدا توختاپ تۇرغان پولك كاماندىرى، نېسۋىتسكى، باش ئىشتاپ ئەپىتسەرى ۋە ژېركوۋلارنىڭ ئالدىغا كەلدى.

"ھەر ھالدا ھېچكىم سەزمىگەن ئوخشايدۇ"، — دېدى روستوۋ ئۆزىچە. دەرۋەقە، ھېچكىم ئۇنىڭغا ئېنتۋار قىلمىغان ئىدى، چۈنكى جەڭگە كىرىپ باقمىغان ئۆگەنچى ئەپىتسەرنىڭ بېشىدىن كەچۈرىدىغان تۇيغۇسى ھەر بىر كىشىگە تونۇش ئىدى.

— مانا سىزگە مەلۇم قىلىمەن، مۇكاپاتقا لايىق ئىشمۇ بولدى، — دېدى ژېركوۋ، — قارايسەنكى، مېنىمۇ پودپورۇچىك دەرىجىسىگە كۆتىرەر.

— كۆۋرۈكنى كۆيدۈرۈپ تاشلىدىم دەپ، كىنەزگە مەلۇم قىلىڭ، — دېدى پولكوۋنىك مەغرۇر ۋە خوشال ھالدا.

— ئەگەر ئۇ زىيانلار توغرىسىدا سورىسىچۇ؟

— ئەرزىمەيدىغان ئىش، — دېدى يوغان ئاۋاز بىلەن پولكوۋنىك، — ئىككى ئاتلىق يارىلاندى، بىرى يىقىلدى، — دېدى خېلى روشەن شاتلىنىپ ۋە بەختيار تەبەسسۇمدىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، "يىقىلدى" دېگەن سۆزنى جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن تەكرارلىدى.

## 9

بوناپارت قوماندانلىق قىلىۋاتقان يۈزمىڭ كىشىلىك فرانسۇز ئارمىيىسىنىڭ قىستىغى ئاستىدا، بارغانلا يېرىدە دۈشمەنلىك كەيپىياتىدىكى ئاھالىگە دۇچكەلگەن، ئۆزىنىڭ ئىتتىپاقچىلىرىغا بولغان ئىشەنچىنى يوقاتقان، تەمىنات قىسلىغىنى ھېس قىلىپ ۋە تامامەن

www.uyghurkitap.com

ئالدىنئالا ئويلاپ كۆرمىگەن ئۇرۇش شارائىتىدا ھەركەت قىلىشقا مەجبۇر بولغان ئۇچيۈز ئەللىك مىڭ كىشىلىك رۇس ئارمىيىسى كۇتۇزوۋ قوماندانلىقىدا دوناي دەرياسىنىڭ ئېقىمىنى بويلاپ ئالدىراش ھالدا چېكىنمەكتە ئىدى، ئۇ دۈشمەن قوغلاپ يەتكەن يەردىلا ئاندىن توختايتتى ۋە ئارقا سەپ قىسىملىرى بىلەن دۈشمەننى چېكىندۈرۈپ تۇراتتى، مۇنداق قىلىشمۇ پەقەت چېكىنىش داۋامىدا ئىمكان قەدەر ئۆزىنىڭ ئېغىر قورال-ياراقلىرىنى يوقاتماسلىق ئۈچۈن ئىدى. لامباخ، ئامشتېتېن ۋە مېلك دېگەن يەرلەردە ئۇرۇش ھەركەتلىرى ئۆتكەن ئىدى؛ لېكىن رۇسلارنىڭ ئۇرۇش داۋامىدا كۆرسەتكەن باتۇرلۇغى ۋە قەتئىيلىگىگە قارىماي (بۇنى ھەتتا دۈشمەنلەرنىڭ ئۆزىمۇ ئېتىراپ قىلغان ئىدى)، بۇ ئۇرۇش ھەركەتلىرىنىڭ بىردىن-بىر ئاقىۋىتى پەقەت تېخىمۇ تېزرەك چېكىنىش بولغان ئىدى. ئۇلمدا ئەسىرگە چۈشۈشتىن قۇتۇلۇپ قالغان ۋە براۋناۋدا كۇتۇزوۋقا قوشۇلغان، ئاۋستىرىيە ئەسكەرلىرى بۇ چاغدا رۇس ئارمىيىسىدىن ئاجرالغان ئىدى، كۇتۇزوۋ بولسا پەقەت ئۆزىنىڭ ئاجىز ۋە ھېرىپ كەتكەن ئەسكەرلىرى بىلەن قالغان ئىدى. ۋېنانى قوغداپ قېلىشنى ئويلاشنىڭ ئەمدى ھاجىتىمۇ قالمىغان ئىدى. كۇتۇزوۋ تېخى ۋېنادىكى چېغىدىلا، ئاۋستىرىيە ھەربى ئىشلار كېڭىشى يېڭى پەن-ئىستراتېگىيە قانۇنلىرى بويىچە چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق ئويلاپ ئىشلەپچىققان ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى كۇتۇزوۋقا تاپشۇرۇپ بەرگەن ئىدى، بۇ چاغدا ھۇجۇمغا ئۆتۈش ئورنىغا كۇتۇزوۋنىڭ ئۆز ئالدىغا قويغان بىردىن-بىر ۋە يېتىش مۇمكىن ئەمەس دېگۈدەك مەقسىدى — ماكنىڭ ئۇلمدا ئۆز ئارمىيىسىنى ھالاكەتكە يولۇقتۇرغانغا ئوخشاش ئەھۋالدىن ساقلىنىپ، روسسىيىدىن كېلىۋاتقان

ئەسكەرلەر بىلەن قوشۇلۇش ئىدى.

28 ـ ئۆكتەبىردە كۇتۇزوۋ ئۆز ئارمىيىسىنى باشلاپ دوناي دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىغا ئۆتتى ۋە دونايىنى ئۆزى بىلەن فرانسۇزلارنىڭ ئاساسىي كۈچلىرى ئوتتۇرىسىدا قالدۇرۇپ، بىرىنچى مەرتىۋە توختىدى. ئوتتۇزىنچى كۈنى ئۇ دونايىنىڭ سول قىرغىقىدا تۇرغان مورتيېو دىۋىزىيىسىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى تارمار قىلدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا بىرىنچى قېتىم مۇنۇلار غەنىمەت ئېلىنىدى: ھەربى بايراق، زەمبىرەك، يەنە دۈشمەنىنىڭ ئىككى گېنېرالى. رۇس ئەسكەرلىرى ئىككى ھەپتىلىك چېكىنىشتىن كېيىن بىرىنچى مەرتىۋە توختىدى ۋە جەڭدىن كېيىن جەڭ مەيدانىنى ساقلاپلا قالماستىن، بەلكى يەنە فرانسۇزلارنى قوغلىۋەتكەن ئىدى. گەرچە ئەسكەرلەر كىيىم ـ كېچەكسىز قالغان، ھېرىپ ـ ئېچىپ كۈچتىن كەتكەن ۋە ئارقىدا قالغانلار، ياردار بولغانلار، ئۆلگەنلەر ھەم كېسەل بولغانلار بولۇپ ئەسكەرلەرنىڭ پۈتۈن سانىنىڭ ئۈچتىن بىرى زىيان بولغان بولسىمۇ؛ گەرچە بىر قىسىم كېسەللەر ۋە ياردار بولغانلار كۇتۇزوۋنىڭ خېتى بىلەن دۈشمەنىنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىكىگە تاپشۇرۇلۇپ، دونايىنىڭ نېرىقى تەرىپىدە قالدۇرۇلغان بولسىمۇ؛ گەرچە كرېمستىكى كاتتا دوختۇرخانا ۋە ھەربى دوختۇرخانىغا ئايلاندۇرۇلغان چوڭ ئۆيلەر ھەممە كېسەللەر ۋە ياردارلارنى ئەمدى يەنە ئۆزىگە سىغدۇرالمىسىمۇ، — مۇشۇلارنىڭ ھېچ قايسىسىغا قارىماستىن، كرېمستا توختاپ قارشىلىق كۆرسىتىش ۋە مورتيېو ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئەسكەرلەرنىڭ روھىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرگەن ئىدى. پۈتۈن ئارمىيىدە ۋە باش ئىشتاپتا گەرچە ناتوغرا بولسىمۇ، روسىيىدىن غايەت زور قوشۇننىڭ يات ئارىدا يېتىپ كېلىدىغانلىقى، ئاۋستىرىيىلىكلەرنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قانداقتۇ غەلىبىسى ۋە قورقۇپ كەتكەن بوناپارتنىڭ چېكىنىشىۋاتقانلىقى توغرىسىدا خوش خەۋەرلەر تارقالغان ئىدى.

كىنەز ئاندرېي جەڭ ۋاقتىدا مۇشۇ جەڭدە ئۆلگەن ئاۋستىرىيە گېنېرالى شمىتنىڭ يېنىدا خىزمەتتە بولغان ئىدى، ئۇنىڭ مىنگەن ئېتى يارىدار قىلىنغان ۋە ئۆزىنىڭ قولىغىمۇ سەل ئوق تەككەن ئىدى. باش قوماندان ئالاھىدە ئىلتىپات قىلىپ ئۇنى شۇ غەلىبە توغرىسىدىكى خەۋەر بىلەن ئاۋستىرىيە پادىشاسىنىڭ سارىيىغا ئەۋەتتى، پادىشا سارىيى بۇ چاغدا فرانسۇز ئەسكەرلىرى تەھلىكە سېلىۋاتقان ۋېنادا بولماستىن، بەلكى برۇننىدا ئىدى. جەڭ بولغان كېچىسى ھاياجانلانغان بولسىمۇ، لېكىن ھارمىغان كىنەز ئاندرېي (تەن تۈزۈلۈشىنىڭ زەئىپتەك كۆرۈنۈشىگە قارىماي، كىنەز ئاندرېي جىسمانى جەھەتتىكى چارچاشقا باشقا كۈچلۈك كىشى-لەرگە قارىغاندا تېخىمۇ ئوبدان بەرداشلىق بېرەتتى)، دوختۇرووۋ[1] تاپشۇرغان مەلۇماتنى ئېلىپ كىرىمىستا تۇرغان كۇتۇزوۋ ھوزۇرىغا كەلدى ۋە شۇ كېچىسى يەنە خەت-ئالاقىچى قىلىپ برۇننىغا ئەۋە-تىلدى. ئۇنىڭ خەت-ئالاقىچى قىلىپ ئەۋەتىلىشى مۇكاپاتتىن تاشقىرى يەنە دەرىجىسىنى ئۆرلىتىش يولىدىكى مۇھىم قەدەم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى.

تۈن قاراڭغۇ، يۇلتۇزلۇق ئىدى؛ يول جەڭ بولغان كېچىسىدىن بىر كۈن ئىلگىرى ياققان ئاپپاق قاردا قارىيىپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. كىنەز ئاندرېي پوچتا ھارۋىسىدا گاھىدا ئۆتكەن جەڭ توغرىسىدىكى تەسىراتلارنى ئەسلەپ، گاھىدا بولسا غەلىبە توغرىسىدا ئۆزى ئېلىپ

---

[1] دوختۇرووۋ — روسىيە گېنېراللىرىنىڭ بىرى. — تەر.

بىرىۋاتقان خەۋەرنىڭ ئادەملەرگە قانداق تەسىر قىلىدىغانلىغىنى
خۇرسەنلىك بىلەن تەسەۋۋۇر قىلىپ، گايىدا باش قوماندان ۋە
يولداشلىرىنىڭ ئۆزىتىپ قويغانلىغى توغرىسىدىكى مەنزىرىسىنى كۆز
ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۆزۈندىن بۇيان كۈتۈپ كەلگەن بەختكە ئەمدى
ئېرىششكە باشلىغان ئادەملەرنىڭ ھىسسىياتىغا ئوخشاش،
ھىسسىياتقا چۆمۈپ ئۇچقاندەك كېتىۋاتاتتى. ئۇ كۆزىنى يۇمۇش
بىلەن تەڭ، قۇلاقلىرى ھارۋا چاقلىرىنىڭ تاراقلىغان ئاۋازى ۋە
غەلىبە توغرىسىدىكى ھىسسىياتلار ئارىلاشقان توپ-زەمبىرەك ۋە
مىلتىق ئاۋازلىرى بىلەن تولۇپ كېتەتتى؛ تۇرۇپلا رۇسلار قېچىپ
كېتىۋاتقاندەك، ئۆزىنى بولسا ئۆلگەندەك تەسەۋۋۇر قىلىشقا باش-
لايتتى؛ لېكىن دەرھال يەنە مۇنداق ۋەقەنىڭ ھېچقاچان بولمىغانلى-
غىنى، ئەكسىچە، فرانسۇزلارنىڭ قېچىپ كېتىۋاتقانلىغىنى باشقىدىن
ئۇققان كىشىدەك خۇرسەن بولۇپ ئويغىنىپ كېتەتتى. ئۇ غەلىبىنىڭ
ھەممە تەپسىلاتلىرىنى، جەڭ ۋاقتىدىكى ۋەزمىن باتۇرلۇغىنى باشقى-
دىن ئەسلىدى-دە، شۇنىڭ بىلەن كۆڭلى تىنىپ ئۇگدەشكە باش-
لىدى.... قاپ-قاراڭغۇ يۇلتۇزلۇق تۈندىن كېيىن يوپ-يورۇق،
كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدىغان كۈن باشلاندى. قارلار قۇياش نۇرىدا
ئېرىمەكتە ئىدى، ئاتلار ئۇچقاندەك چېپىپ كېتىۋاتاتتى، گاھ ئوڭغا،
گاھ سولغا بۇرۇلۇپ قاراپ، يېڭى، خىلمۇ-خىل ئورمانلىقلار، دالىلار
ۋە يېزىلاردىن ئۆتەتتى.

بىكەتلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ياردار رۇس ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ كېتى-
ۋاتقان ھارۋىلارغا يېتىشىۋالدى. بۇلارنى ئېلىپ كېتىۋاتقان رۇس
ئەپىتسەرى ئالدىدىكى بىر ھارۋىدا يانپاشلاپ يېتىۋالغان پېتى
قوپال، ئەدەپسىز سۆزلەر بىلەن بىر ئەسكەرنى تىللاپ ۋاقىرىماقتا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىدى. ئۇزۇن ئېمەس يوْلغا ھارۋىلىرىنىڭ ھەربىرىدە بەش-ئالتىدىن ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك تاتىرىپ كەتكەن، كىرلەنگەن ۋە بىنتلار بىلەن باش-كۆزلىرىنى تېڭىۋالغان يارىدارلار تاشيولدا چايقىلىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى سۆزلىشىپ كېتىۋاتاتتى (كىنەز ئاندرېغا رۇسچە سۆزلەر ئاڭلىنىپ تۇراتتى)، بەزىلىرى نان يەپ ئولتۇراتتى، ئەڭ ئېغىر يارىدار بولغانلىرى ئاجىز، كېسەلمەن كىچىك بالىلارغا ئوخشاش گەپ قىلماستىن، يېنىدىن چېپىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان خەت-ئالاقىچىگە قارايتتى.

كىنەز ئاندرېي ھارۋىكەشكە ئېيتىپ ھارۋىنى توختاتتى ۋە ئەسكەردىن قايسى ئۇرۇشتا يارىدار بولغانلىقىنى سورىدى.

— تۈنۈگۈن دونايدا بولغان جەڭدە، — دەپ جاۋاپ بەردى ئەسكەر. كىنەز ئاندرېي خالتىسىنى چىقىرىپ ئەسكەرگە ئۈچ ئالتۇن پۇل بەردى.

— ھەممەيلەنگە، — دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ يېقىن كەلگەن ئەپتسەرگە قاراپ. — تېزرەك ساقىيىپ قالغايسىلەر، بۇرادەرلەر، — دىدى ئەسكەرلەرگە قاراپ، — ئالدىمىزدا تېخى نۇرغۇن ئىشلار بار.

ئەپتسەرنىڭ گەپلەشكۈسى كەلگەن بولسا كېرەك:

— قانداق خەۋەرلەر بار، جانابى ئاديۇتانت؟ — دەپ سورىدى.

— ياخشى خەۋەرلەر كۆپ، ھەيدە! — دەپ ۋاقىرىدى ھارۋىكەشكە ۋە ئېتىنى چاپتۇرۇپ كەتتى.

كىنەز ئاندرېي برۇننغا يېتىپ كەلگەندە، ئاللىقاچان قاراڭغۇ چۈشكەن ئىدى ۋە بۇ يەردە ئۇ ئۆزىنى ئېگىز-ئېگىز ئىمارەتلىرى، دۇكانلىرى بار، ئۆيلەرنىڭ دەرىزىلىرىدىن چىراقلىرى چاراقلاپ يېنىپ تۇرغان، چىرايلىق پەيتون ھارۋىلار تاشيوللاردا تېز-تېز

قاتناپ تۇرغان، لاگېردىن كەلگەن ھەربى كىشىنى ھەمىشە ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان چوڭ ئاۋات شەھەرنىڭ ھاۋاسى بىلەن قورشالغانلىقىنى ھېس قىلىدى. ئۇ شۇنچە يولنى تېز بېسىپ ئۆتكەنلىكىگە ۋە كېچىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگەنلىكىگە قارىماي، سارايغا يېقىنلىشىپ كەلگەندە، ئۆزىنى تونۇلۇۋاتقانلىقىغا قارىغاندا تېخىمۇ تېتىك ھېس قىلاتتى. پەقەت ھاياجاندىن كۆزلىرى چاقنايتتى ۋە ئۇنىڭ ئويپىكىرلىرى پەۋقۇلئاددە تېزھەم روشەنلىك بىلەن ئالمىشىپ تۇراتتى. ئۇ جەڭنىڭ ھەممە تەپسىلاتلىرىنى ئەمدى غۇۋا ئەمەس، بەلكى ناھايىتى روشەن، ئېخچام ھالدا پادىشا فرانسقا قىياسەن بايان قىلىپ بەرمەكچى بولغانىدەك جانلىق تەسەۋۋۇر قىلاتتى. ئۇ ئۆزىگە ئۇشتۇمتۇت بېرىلىش ئىمكانىيىتى بولغان سوئاللارنى ۋە بۇ سوئاللارغا بېرىدىغان جاۋاپلىرىنى جانلىق ھالدا تەسەۋۋۇر قىلاتتى. ئۇ مېنى دەرھال پادىشاغا ئېلىپ كىرىدۇ، دەپ ئويلايتتى. لېكىن سارايىنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىش بىلەن تەڭ بىر ئەمەلدار يۈگۈرۈپ چىقتى ۋە ئۇنىڭ خەت-ئالاقىچى ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ، باشقا بىر دەرۋازىغا باشلاپ ماڭدى.

— ئارىلىقتىن ئوڭغا قاراپ ماڭغاندا، ئۇ يەردە Euer Hochgeboren (ئالى ھەزرەتلىرى)، سىز نۆۋەتچى فلىگېل-ئاديۇتانتىنى[1] تاپىسىز، — دىدى ئۇنىڭغا ئەمەلدار. — ئۇ سىزنى ھەربى مىنىستىر ئالدىغا ئېلىپ كىرىدۇ.

نۆۋەتچى فلىگېل-ئاديۇتانت كىنەز ئاندرېينى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن

---

[1] فلىگېل-ئاديۇتانت — پادىشا ھوزۇرىدا خىزمەت قىلىدىغان ئەپىتسەر. — تەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سەل كۈتۈپ تۇرۇشنى ئۆتۈندى ۋە ئۆزى بولسا ھەربى مىنىستىر ھوزۇرىغا كىرىپ كەتتى. بەش مىنۇتتىن كېيىن فلىگېل ـ ئاديۇتانت يېنىپ چىقتى ۋە ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن تازىم قىلدى، شۇنىڭ بىلەن كىنەز ئاندرېغا ئالدىدا يول بېرىپ، ئارىسلىقتىن ئۇنى ھەربى مىنىستىر ئىشخانىسىغا ئېلىپ كىردى. فلىگېل ـ ئاديۇتانت ئۆزىنىڭ نازاكەتلىك ئېھتىرامى بىلەن بۇ رۇس ئاديۇتانتىنىڭ ئۆزىگە قارىتا تەكەللۇپسىز مۇئامىلە قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغاندەك كۆرۈنەتتى. ھەربى مىنىستىر ئىشخانىسىنىڭ ئىشىگىگە يېقىنلىشىپ كەلگەندە، كىنەز ئاندرېنىڭ روھى خېلى چۈشتى. ئۇلارنىڭ بۇ ئىشى كىنەز ئاندرېغا ھاقارەت بولۇپ تۇيۇلدى ۋە بۇ ھاقارەت تۇيغۇسى شۇ ئەسنادا ئۆزى ئۇچۇن سېزىلمىگەن ۋە ھېچنىمىگە ئاساسلانمىغان نەپرەت تۇيغۇسىغا ئايلاندى. ئۇنىڭ ئۆتكۈر ئەقلى خۇددى شۇ پەيتتە ئۇنىڭغا مۇنداق بىر قاراشنى ئېيتىپ بەرگەن ئىدىكى، بۇنىڭغا ئاساسەن ئۇ ئاديۇتانتىقىمۇ، ھەربى مىنىستىرغىمۇ نەپرەت بىلەن قاراشقا ھەقلىق ئىدى.

"پوروخنى پۇراپ باقمىغان بۇ كىشىلەر ئۇچۇن، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ناھايىتى ئاسان تۇيۇلغان بولۇشى مۇمكىن!" — دەپ ئويلايتتى كىنەز ئاندرېي، ئۇ كۆزلىرىنى نەپرەتلەنگەن ھالدا قىسىپ قويدى. ئۇ ھەربى مىنىستىرنىڭ ئىشخانىسىغا ناھايىتى ئاستا قەدەم تاشلاپ كىردى. بۇ تۇيغۇ ئۇ يوغان شىرە ئالدىدا ئولتۇ-رۇپ، ئۇنىڭغا دەرھال دىققەت ـ نەزىرىنى سالمىغان ھەربى مىنىس-تىرنى كۆرگەن چاغدا تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. ھەربى مىنىستىر چېچى يوق ئاپپاق بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، ئىككى چېكىسى ئاقارغان بېشىنى ئىككى موم شامنىڭ ئارىلىقىغا كىرگۈزگەن پېتى قېرىنداش

بىلەن بەلگىلەرنى قويۇپ قەغەزلەرنى ئوقۇۋاتاتتى. مىنىستىر ئىشىك ئېچىلىپ قەدەم ئاۋازى ئاڭلانغان چاغدىمۇ قەغەزلەرنى ئوقۇپ بولمىغىچە باش كۆتەرمىدى.

— مانا بۇنى ئېلىپ بېرىڭ، — دېدى ھەربىي مىنىستىر ئۆز ئادىۇتانتىغا قەغەزلەرنى ئۇزىتىپ بېرىۋېتىپ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە كىنەز ئاندرېغا قاراپمۇ قويماي.

كىنەز ئاندرې: ياكى ھەربىي مىنىستىرنى بەنىت قىلغان ھەممە ئىشلارنىڭ ئىچىدە كۇتۇزوۋ ئارمىيىسىنىڭ ھەركەتلىرى ئۇنى ھەممىدىن ئاز قىزىقتۇرۇشى مۇمكىن ياكى رۇسلار ئەۋەتكەن خەت-ئالاقىچى شۇنداق دەپ بىلسۇن دېگەن مۇددىئادا ئۆزىنى شۇنداق تۇتقان بولۇشى مۇمكىن، دەپ ھېس قىلاتتى. "بىراق، بۇ مەن مۇتلەق پەرۋا قىلمايدىغان مەسىلە". — دېدى كىنەز ئاندرې ئىچىدە. ھەربىي مىنىستىر قالغان قەغەزلەرنى يىغىشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ چەت-گىرۋەكلىرىنى بىر بىرىگە تەڭلەشتۈردى-دە، ئاندىن بېشىنى كۆتەردى. ئۇ ئەقىللىق ۋە خاراكتېرلىق كاللىسى بار ئادەم ئىدى. لېكىن ئۇ كىنەز ئاندرېغا قاراش بىلەن تەڭ يۈزىدىكى جىددى ۋە مەنىلىك ئىپادىنى، ئادىتىچە، بىلىپ تۇرۇپ ئۆزگەرتكەندەك قىلدى: يۈزىدە بىمەنە، ساختىلىقىنى يوشۇرالمايدىغان، بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى بولۇپ نۇرغۇن كىشىلەرنى قوبۇل قىلىپ يولغا سېلىۋاتقان ئادەمنىڭ تەبەسسۇمىغا ئوخشاش تەبەسسۇم پەيدا بولدى.

— سىزنى گېنېرال-فېلد مارشال كۇتۇزوۋ ئەۋەتتىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ. — ئىشىنىمەنكى، ئوبدان خەۋەر ئېلىپ كەلگەنسىز؟ مورتىيە بىلەن توقۇنۇش بولدىمۇ؟ غەلىبە قىلغانسىلە؟ ۋاقتى كەلگەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىدى!

ئۇ ئۆز نامىغا ئەۋەتىلگەن مەكتۇبىنى قولىغا ئالدى-دە، ئۇنى غەمكىن بىر قىياپەتتە ئوقۇشقا باشلىدى.

— ئاھ، يارەببىم! ۋاي خۇدا! شمىت! — دېدى ئۇ ئىچىچە. — ھەي، نىمە دېگەن بەختسىزلىك، ھەي، نىمە دېگەن بەختسىزلىك!

ئۇ مەكتۇپقا كۆزىنى يۈگۈرتۈپ چىقتى-دە، ئۇنى شىرەگە قويدى، كېيىن خۇددى بىر نەرسە ئىسگە كەلگەندەك، كىنەز ئاندرىغا قارىدى.

— ئاھ، نىمە دېگەن بەختسىزلىك! چوڭ جەڭ بولدى دەڭ؟ لېكىن مورتيو ئەسىر ئېلىنماپتۇ-دە. (ئۇ ئويلىنىپ قالدى). مەن ناھايىتى خۇرسەن بولدۇم، گەرچە شمىتنىڭ ئۆلۈمى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا زور يوقىتىش بولسىمۇ، ئەمما سىز ئوبدان خەۋەرنى ئېلىپ كەپسىز. ئالى ھەزرەتلىرى، چوقۇم، سىزنى قوبۇل قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئەمما ھازىر ئەمەس. سىزگە رەھمەت ئېيتىمەن، دەم ئېلىڭ. ئەتە پاراتتىن كېيىن قوبۇلغا قاتنىشىسىز. بۇ ھەقتە مەن سىزگە ئۇقتۇرىمەن.

سۆزلىشىۋاتقان چاغدا يوقىلىپ كەتكەن بىمەنە كۈلۈمسىرەش ھەربى مىنىستىرنىڭ چىرايىدا يەنە پەيدا بولدى.

— خەير، سىزگە كۆپ رەھمەت. پادىشا ھەزرەتلىرى ئېھتىمال، سىزنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلار، — دېدى يەنە ۋە بېشىنى ئېگىپ قويدى.

كىنەز ئاندرى سارايدىن يېنىپ چىققاندا، غەلىبىدىن پەيدا بولغان پۈتۈن خۇرسەنلىكى ۋە زەۋق-شەۋقىنى بىپەرۋا ھەربى مىنىستىرگە ۋە ئۇنىڭ خۇش مۇلازىمەتلىك ئادىيۇتانتىنىڭ قولىغا

بىرىپ چىققاندەك بولدى. ئۇنىڭ پىكىرلىرى بىردىنلا ئۆزگەردى، چەكى ئەمدى ئۇنىڭ نەزىرىدە ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەن ئۇزاق ئۆتمۈشنىكى خاتىرە بولۇپ قالغاندەك تۇيۇلاتتى.

## 10

كىنەز ئاندرېي برۇننىدا ئۆزىنىڭ تونۇشى رۇس دىپلوماتى بىلەبىنىنىڭكىگە چۈشتى.

— بەللى، سۆيۈملۈك كىنەز، مېنىڭ سىزدىنمۇ ئارتۇق يېقىملىق مېھمىنىم يوق، — دېدى بىلىبىن كىنەز ئاندرېينى قارشى ئالغىلى چىقىپ. — فرانس، كىنەزنىڭ نەرسىلىرىنى مېنىڭ ياتىقىمغا ئېلىپ كىرگىن، — دېدى ئۇ بولكونسكىنىڭ نەرسىلىرىنى كۆتىرىپ كىرىۋاتقان خىزمەتكارىغا. — نىمە، غەلىبە خەۋەرچىسى بولۇپ كەلدىڭىزمۇ؟ ناھايىتى ياخشى. مەن بولسام، سىز كۆرۈپ تۇرغاندەك، كېسەل بولۇپ ئولتۇرۇپتىمەن.

كىنەز ئاندرېي يۇيۇنۇپ ۋە كىيىم-كېچەكلىرىنى يەڭگۈشلەپ بولغاندىن كېيىن، دىپلوماتنىڭ ھەشەمەتلىك كۇتۇپخانىسىغا چىقتى ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن تەييارلانغان تاماققا ئولتۇردى. بىلىبىن بولسا مەشنىڭ يېنىدا يېيىلىپ ئولتۇراتتى.

كىنەز ئاندرېي ساياھەت سەپىرىدىن كېيىنلا ئەمەس، بەلكى ھاياتىنىكى ھەممە راھەتلەردىن مەھرۇم قىلغان پۈتۈن ھەربى يۈرۈشلەردىن كېيىنمۇ، بالىلىق چاغلىرىدىن تارتىپ ئادەتلەنگەن، راھەت-پاراغەتلىك تۇرمۇش مۇھىتىدا دەم ئېلىۋاتقاندىكىدەك بىر خىل راھەتلىكنى ھىس قىلاتتى. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، ئاۋستريىلىكلەر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قوبۇلىدىن كېيىن، گەرچە رۇس تىلىدا سۆزلەشمىسىمۇ (ئۇلار فرانسۇز تىلىدا سۆزلىشەتتى)، ئەمما رۇس كىشىسى بىلەن سۆزلەشكەنلىكى ئۈچۈنمۇ خوشال بولاتتى، چۈنكى ئۆز نەزىرىدە بۇ ئادەمنى ئاۋستىرىيىلىكلەرگە ئادەتتىكى رۇسلاردەك يىرگىنىش (بولۇپمۇ ھازىر شۇنداق كۈچلۈك ھەس قىلىۋاتقاندەك) بىلەن قارايدۇ دەپ ئويلايتتى.

بىلىبىن ئوتتۇز بەش ياشلارغا كىرگەن بويتاق ئادەم بولۇپ، كىنەز ئاندرېي بىلەن ئوخشاش بىر مۇھىتقا مەنسۇپ ئىدى. ئۇلار پېتربۇرگدىكى چېغىدىلا تونۇشۇپ قالغان، لېكىن كىنەز ئاندرېي كۇتۇزوۋقا ئەگىشىپ ئاخىرقى قېتىم ۋېناغا كەلگەندىن كېيىن تېخىمۇ يېقىنلىشىپ كەتكەن ئىدى. كىنەز ئاندرېي ھەربىي ساھەدە كېلىچەك ئىستىقبالى چوڭ بىر ياش ئادەم بولغاندەك، بىلىبىن دىپلوماتىيە ساھەسىدە تېخىمۇ چوڭ ئىستىقبالغا ئىگە ئىدى. ئۇ ھازىر ياش ئادەم بولسىمۇ، لېكىن ياش دىپلومات ئەمەس ئىدى، چۈنكى، ئۇ ئون ئالتە يېشىدىن تارتىپ دىپلوماتىيە ساھەسىدە خىزمەت قىلىپ، پارىژدا ۋە كوپېنگاگېندا تۇرغان، ھازىر بولسا ۋېنادا چوڭ مەنسەپ بىلەن تۇراتتى. تاشقى ئىشلار ۋەزىرى ۋە بىزنىڭ ۋېنادىكى باش ئەلچىمىز ئۇنى بىلەتتى ۋە قەدىرلەيتتى. ئۇ ناھايىتى ياخشى دىپلومات بولمەن دەپ، پەقەت سەلبى خىسلەتلەرنى ئۆزىدە ساقلاشقا مەجبۇر بولىدىغان، بەزى ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتىدىغان ۋە فرانسۇزچە سۆزلەيدىغان كۆپ سانلىق دىپلوماتلاردىن ئەمەس ئىدى؛ ئۇ ئىشلەشنى ياخشى كۆرىدىغان ۋە قانداق ئىشلەشنى بىلىدىغان دىپلوماتلارنىڭ بىرى بولۇپ، ھەپىلىسىنىڭ كەملىكىگە قارىماي، پۈتۈن تۈننى بەزىدە يېزىق شىرەسىنىڭ ئالدىدا ئۆتكۈزەتتى. ئۇ

قانداق ئىش بولمىسۇن جان ـ دىلى بىلەن ياخشى ئىشلەيتتى. ئۇنى "نىمە ئۈچۈن؟" دىگەن مەسىلە قىزىقتۇرماي، بەلكى "قانداق ئىشلەش كېرەك؟" دىگەن مەسىلە قىزىقتۇراتتى. دىپلوماتىك ئىشنىڭ نىمىدىن ئىبارەت ئىكەنلىگى ئۇنىڭ ئۈچۈن پەرقسىز ئىدى؛ لېكىن پەرما- يىش، مېموراندۇم ياكى مەلۇماتلارنى ماھارەت بىلەن، دەل جايىدا ۋە كېلىشتۈرۈپ تۈزۈپ چىقاتتى ــ ئۇ بۇنىڭدىن ناھايىتى ھوزۇرلى- ناتتى. بىلىبىننىڭ خىزمەتلىرى قەدىرلىنەتتى، يېزىق ئىشلىرىدىن تاشقىرى، ئۇنىڭ يەنە يۇقۇرى تەبىقە كىشىلىرى مۇھىتىدا ئالاقە قىلىش ۋە سۆزلىشىش قابىلىيىتىمۇ بار ئىدى.

بىلىبىن ئىشلەشنى قانداق ياخشى كۆرگەن بولسا، چىرايلىق ۋە قىزىقارلىق سۆزلەرنى قىلىش ئېپى كەلگەندە سۆھبەت قىلىشنى شۇن- داق ياخشى كۆرەتتى. ئۇلپەتلەر سۆھبىتىدە ئۇ ھەممىشە ھەيران قالارلىق سۆزلەرنىڭ ئورنى كېلىشىنى كۈتەتتى ۋە پەقەت شۇ چاغدىلا سۆزگە ئارىلىشاتتى. بىلىبىننىڭ گەپ ـ سۆزلىرى دائىم قىزىقارلىق، ئۆتكۈر پىكىرلىك، مۇكەممەل جۈملىلىك، ھەممىنى قىزىقتۇرالايدىغان سۆزلەر بىلەن لىق تولاتتى. بۇ گەپلەر گويا كى ئەرزىمىگەن يۇقۇرى تەبىقە كىشىلىرىنىڭ ئېسىدە ساقلىنىشىغا ۋە بىر مېھمانخانىدىن يەنە بىر مېھمانخانىغا توشۇپ يۈرۈشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، ئەتەي ئىخچام خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلىش مەقسىدىدە بىلىبىننىڭ ئىچكى سىناق بۆلمىسىدە تەييارلانغاندەك كۆرۈنەتتى. دەرۋەقە، les mots de Bilibine se colportaient dans les salons de Vinne (بىلىبىننىڭ پىكىرلىرى ۋېنا مېھمانخانىلىرىدا تارقىلىپ يۈرەتتى) ۋە مۇھىم دەپ ئاتالغان ئىشلارغا دائىم ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتەتتى.

ئۇنىڭ يادىكىغۇ، ھارغىن، سارغىيىپ كەتكەن چىرايى پۈتۈنلەي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چوڭ قورۇقلار بىلەن تولغان؛ بۇ قورۇقلار خۇددى ناھايىتى پاكىز يۇيۇلۇپ مونچىدىن چىققان چاغدىكى بارماق ئۇچلىرىغا ئوخشاش ئاپپاق ئويمان بولۇپ كۆرۈنەتتى. بۇ قورۇقلارنىڭ ھەركىتى ئۇنىڭ چىرايىنىڭ ئاساسىي ئىپادىسى ئىدى. گايىدا ئۇنىڭ كەڭ قاتلاقلىق پىشانىسى قورۇلۇپ، قاشلىرى يۇقۇرى كۆتىرىلەتتى، گايىدا قاشلىرى پەسكە چۈشۈپ، ئىككى مەڭزىدە چوڭ قورۇقلار ھاسىل بولاتتى. ئىچىگە چوڭقۇر ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كىچىك كۆزلىرى ھەمىشە ئۇدۇل ۋە خوشال قاراپ تۇراتتى.

— قېنى، ئەمدى كۆرسەتكەن ئىشلىرىڭىزنى ئېيتىپ بېرىڭچۇ، — دېدى بىلىبىن.

بولكونسكى ئىنتايىن كەمتەرلىك بىلەن، ئۆزى توغرىسىدا بىر قېتىممۇ ئەسلەتمەي، بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا بولغان ئىشلارنى ۋە ھەربى مىنىستىرنىڭ قانداق قوبۇل قىلغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

— Ils m'ont reçu avec ma nouvelle, comme un chien (شۇنداق خەۋەرنى ئېلىپ كەلسەم ئۇلار dans un jeu de quilles مېنى ئويۇنغا دەخىل قىلىۋاتقان ئىت ئورنىدا كۆرۈپ قارشى ئېلىشتى)، — دېدى كىنەز ئاندرېي گەپىنىڭ ئاخىرىدا.

بىلىبىن كۈلۈپ قويدى ۋە يۈزىدىكى قورۇقلىرى يوقىلىپ كەتتى.

(بىراق، ئەزىزىم) Cependant, mon cher, — دېدى ئۇ يىراقتىن تىرناقلىرىغا قاراپ ۋە سول قېشىنىڭ ئۈستىنى پۈرۈشتۈرۈپ، — malgré la haute — estime que je professe pour le "npa Bocлaвнoc poccuückoe Bouhctbo", j'avoue que votre victoire n'est pas des plus victorieuse.

("پراۋوسلاۋ رۇس ئەسكەرلىرى"نى نەقەدەر ھۆرمەتلىسەممۇ، مەن، سىلەرنىڭ بۇ غەلىبەڭلار پارلاق غەلىبىلەردىن ئەمەس دەپ ئويلايمەن).

ئۇ سۆزىنى يەنە شۇنداقلا فرانسۇز تىلىدا سۆزلەيتتى ۋە پەقەت ئۆزى نەپرەتلىنىدىغان سۆزلەرنى تەكىتلىمەكچى بولغاندىلا رۇسچە ئېيتىپ قوياتتى.

— بۇ قانداق بولغىنى؟ سىلەر ئۆزەڭلارنىڭ پۈتۈن ئارمىيىسى بىلەن بۇ بەختسىز مورتىيو ۋە ئۇنىڭ بىر دىۋىزىيىسىگە ھۇجۇم قىلىپسىلەر، شۇنىڭغا قارىماستىن، مورتىيو يەنىلا سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىن قېچىپ قۇتۇلۇپتۇغۇ؟ غەلىبە نەدە قالدى؟

— بىراق، راستىنى دىگەندە، — دەپ جاۋاپ بەردى كىنەز ئاندرې، — ماختانماستىن يەنە شۇنى ئېيتىشىمىز مۇمكىنكى، بۇ ئۇلۇمدىكىدىن ياخشىراق...

— نىمە ئۈچۈن سىلەر بىز ئۈچۈن بىرىنى، ھىچ بولمىغاندا بىر مارشالنى تۇتۇپ كەلمىدىڭلار؟

— شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ھەممە ئىش بىز ئالدىن مۆلچەرلىگەندەك بولۇپ چىقمايدۇ ياكى كۆرەكتىكىدەك ئوخشاش تەرتىپلىك بولمايدۇ. بىز، مەن ھازىر سىزگە دىگەندەك، سەھەر سائەت يەتتىدە دۈشمەن ئارقا سېپىگە ئايلىنىپ ئۆتىمىز دەپ ئويلىغان ئىدۇق، ئەمما كەچقۇرۇن بەشتىمۇ ئۇ يەرگە يېتىپ بارالمىدۇق.

— نىمە ئۈچۈن ئەتىگەن سائەت يەتتىدە ئۇ يەرگە يېتىپ بارمىدىڭلار؟ سىلەرگە ئەتىگەن سائەت يەتتىدە ئۇ يەرگە يېتىپ بېرىشىڭلار كېرەك ئەمەسمىدى؟ — دىدى كۈلۈپ تۇرۇپ بىلىبىن. — ئەتىگەن سائەت يەتتىدە يېتىپ بېرىش كېرەك ئىدىغۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— نىمە ئۈچۈن سىز بوناپارتقا رېنويادىن ئايرىلىپ كېتىش ياخشىراق ئىكەنلىگىنى دىپلوماتىيە يولى بىلەن چۈشەندۈرمىدىڭىز؟ — دېدى كىنەز ئاندرېي خۇددى شۇنداق ئاھاڭدا.

— بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن، — دېدى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋېتىپ بىلىبىن، — سىز مەشىنىڭ يېنىدا دىۋاندا ئولتۇرۇپ مارشاللارنى تۇتۇۋېلىش ناھايىتى ئاسان دىمەكچىسىز. بۇ گېپىڭىز راست، بىراق، شۇنداقمۇ بولسۇن، سىلەر نىمە ئۈچۈن ئۇنى قولدىن چىقىرىپ قويدۇڭلار؟ سىز ئەجەپلەنمەڭ، بۇ غەلىبىلىرىڭىزدىن ھەربى مىنىستىرلا ئەمەس، بەلكى ھەتتا ئالى ھەزرەت پادىشا، كارول فرانسمۇ ئۆزىنى ئانچە بەختلىك ھىساپلىمايدۇ، ھەتتا روسسىيە ئەلچىخانىسىنىڭ بەختسىز سېكرېتارى بولغان مەنمۇ ھىچقانداق ئالاھىدە خوشاللىق ھىس قىلمايمەن، مېنىڭ فرانتسىغا بىرەر كۈمۈش پۇل بېرىشىنىڭ ئورنىغا بىر كۈنلۈك رۇخسەت ۋاختىنى بەرگەن تۇرۇۋك، ئۇ ئۆزىنىڭ سۆيگىنىنى ئېلىپ بېرىپ بۇراتىر كوچىسىدا كۆڭلىنى ئېچىپ كەلسۇن ۋە بۇنىڭ بىلەن مېنىڭ خوشال بولغانلىغىمنى بىلدۇرسۇن، ...بىراق، بۇ يەردە بۇراتىر كوچىسى يوقتە...

ئۇ كىنەز ئاندرېيغا تىكىلىپ قارىدى ۋە پېشانىسىدىكى قورۇقلىرى بىردىنلا يوقالدى.

— سىزدىن "نىمە ئۈچۈن؟" دەپ سوراش نۆۋىتى ئەمدى ماڭا كەلدى، ئەزىزىم، — دېدى بولكونسكى. — مەن سىزگە راستىنى ئېيتسام، چۈشەنمەيۋاتىمەن، ئېھتىمال، بۇ يەردە مېنىڭ زەئىپ ئەقلىمدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان دىپلوماتىك ئىنچىكىلىك بولۇشىمۇ مۇمكىن، بىراق، يەنىلا چۈشەنمەيۋاتىمەن: ماك پۈتكۈل ئارمىيىسىدىن ئايرىلسا، فېردىناند غوجام بىلەن

كارىل غوجام جايىدىن پەقەت قىمىرلىماي، خاتالىق ئۈستىگە خاتالىق سادىر قىلىۋەرسە، ئاخىردا، پەقەت بىرگىنە كۆتۈزۈۋ ھەققى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈپ، فرانسۇزلارنىڭ (يېڭىلمەس دېگەن نامىنى) تارمار قىلىسا ـ يۇ، ھەربىي مىنىستىر ھەتتا تەپسىلى ئەھۋال-لارنى ئاڭلاشقىمۇ قىزىقمىسا.

— خۇددى شۇ سەۋەپتىنمۇ شۇنداق ـ تە، ئەزىزىم! ـVoyez-vous, mon cher (سىز بىلەمسىز، ئەزىزىم)، بۇ غەلىبىلەر پادىشا ئۈچۈن، روسىيە ئۈچۈن، دىنىمىز ئۈچۈن بولغان غەلىبىلەر-Tout ga est bel et bon (بۇلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى ئوبدان)، لېكىن بىز ئۈچۈن، مەن دەيمەنكى — ئاۋسترىيە ئوردىسى ئۈچۈن، سىلەرنىڭ غەلىبەڭلەرگە كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ نىمە ھاجىتى بار؟ سىلەر بىزگە كارىل غوجامنىڭ ياكى فېردىناندنىڭ غەلىبىسى توغرىسىدا ياخشى خەۋەر ئېلىپ كېلىڭلارچۇ! — un archiduc vaut lautre (بىر غوجام يەنە بىر غوجامدىن ھېچقانداق پەرقلەنمەيدۇ)، بۇ سىزگە مەلۇم — ھەتتا ناپالېئوننىڭ ئوت ئۆچۈ-رۈش كاماندىسىنىڭ بىر روتىسى ئۈستىدىن غەلىبە قازانغانمۇ بول-سۇن، بۇ باشقا بىر ئىش، بىز يەنىلا زەمبىرەكلىرىمىزنى گۈمبۈرلىتىپ تەبرىكلىگەن بولاتتۇق. ئەمما، مۇنداق ئىشلار خۇددى قەستەن قىلىنغاندەك، پەقەت بىزنىڭ غېشىمىزغا تېگىدۇ، خالاس. كارىل غوجام ھېچقانداق نەتىجىگە ئىگە بولالمىدى، فېردىناند غوجام شەرمەندە بولماقتا. سىلەر ۋېنانى ئارتۇقچە مۇداپىئە قىلماي تاشلاپ كەتتىڭلار. Comme si vous nous disiez (بىزگە خۇددى): بىزگە خۇدا مەدەتكار، سىلەرنى بولسا پايتەختىڭىز بىلەن بىرگە قوشۇپ خۇداغا تاپشۇردۇق دېگەندەك قىلدىڭىز. بىر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

گېنېرالنى، ھەممىمىز ياخشى كۆرىدىغان گېنېرال شمىتنى سىلەر ئۇق ئاستىدا قويدۇڭلار، ئەمدى سىلەر بىزنى غەلىبە بىلەن تەبرىكلە ـ ۋاتىسىلەر!... سىلەر يەتكۈزگەن خەۋەردىنمۇ يامانراق كىشىنى تېرىك ـ تۈرىدىغان نەرسىنى ئويلاش مۇمكىن ئەمەس دىسەم، راست شۇنداق دەۋېرىسلەر. C'est comme un fait exprés, comme un fait expres. (خۇددى قەستەن قىلىنىغاندەك، قەستەن قىلىنىغاندەك). ئۇندىن تاشقىرى، قېنى، پەرەز قىلايلۇق، سىلەر ھەقىقەتەن پارلاق غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەنىمۇ بولۇڭلار، ھەتتا كارىل غوجامۇ غەلىبە قازانغان بولسۇن، بۇ غەلىبە ئومۇمى ئەھۋالنىڭ تەرەققىياتىدا قانداق ئۆزگىرىش پەيدا قىلغان بولاتتى؟ ۋېنا فرانسۇز ئەسكەر ـ لىرى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان ھازىرقى پەيتتە، ئەمدى ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى.

— ھە؟ ۋېنانى ئىشغال قىلدى؟

— پەقەت ئىشغال قىلىندىلا ئەمەس، بەلكى بوناپارت ئاللىقا ـ چان شېنبرۇننغا① يېتىپ كەلدى، ئەمما گراف، بىزنىڭ سۆيۈملۈك گرافىمىز ۋربنا (Wrbna) بولسا، بۇيرۇق ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىغا يۈرۈپ كەتتى.

بولكونسكى سەپەر ئۈستىدىكى ھارغىنلىق ۋە يول ئۈستىدىكى تەسىراتلار بىلەن ئۆزى دۇچكەلگەن قوبۇلدىن كېيىن، خۇسۇسەن تاماقتىن كېيىن، ئاڭلىغان سۆزلەرنىڭ ھەممە ئەھمىيىتىنى چۈشەنـ ـمەيۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى.

— بۈگۈن ئەتىگەن گراف لىختېنفېلس بۇ يەرگە كەلگەن

---

① شېنبرۇنن — ئاۋستىرىيە پادىشاسىنىڭ ۋېنادىكى يازلىق سارىيى. — تەر.

ئىدى، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى بىلىبىن، — ماگا فرانسۇزلار-نىڭ ۋېنادا ئۆتكۈزۈلگەن كۆرىكى تەپسىلى تەسۋىرلەنگەن خەتنى كۆرسەتتى. Le prince Murat et tout le tremblement... (كىنەز مىيۇرات ۋە باشقا ھەممىسى...)، سىز كۆرۈپ تۇرۇپسىز، سىلەرنىڭ غەلىبەڭلەر كىشىنى ئانچە خوشال قىلغۇدەك ئىش ئەمەس، شۇڭا سىزنىڭمۇ نىجاتچى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىشىڭىز مۇمكىن ئەمەس...

— دەر ھەقىقەت، مېنىڭ ئۈچۈن بەرىبىر، مۇتلەق ھەممىسى بەرىبىر! — دېدى كىنەز ئاندرېي، ئۇنىڭ كرېمستا بولغان جەڭ توغ-رىسىدىكى خەۋىرىنىڭ ئاۋسترىيە پايتەختىنىڭ ئىشغال قىلىنغانلىقى-دەك مۇنداق ۋەقەلەر تۈپەيلىدىن ھېچقانچە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئەمەسلىكىنى چۈشىنىشكە باشلاپ. — ۋېنا قانداقسىگە ئىشغال قىلىن-نىپتۇ؟ ھىلىقى كۆۋرۈك ۋە مەشھۇر tête de pont (ئىسھامچۇ) ۋە كىنەز ئائۇئېرسپېرگچۇ؟ بىز، كىنەز ئائۇئېرسپېرگ ۋېنانى قوغدا-ۋاتىدۇ دەپ ئاڭلىغان ئىدۇق، — دېدى ئۇ.

— كىنەز ئائۇئېرسپېرگ بۇ تەرەپتە، يەنى بىز تەرەپتە تۇرۇپ بىزنى قوغداۋاتىدۇ؛ مەن ناھايىتى ناچار قوغداۋاتىدۇ دەپ ئويلاي-مەن، بىراق يەنىلا نىمە بولسىمۇ قوغداۋاتىدۇ. ئەمما، ۋېنا بولسا ئۇ تەرەپتە. ياق، كۆۋرۈك تېخى ئېلىنغىنى يوق، چۈنكى ئۇ مىنالاش-تۇرۇلغان ۋە ئۇنى پارتلىتىشقا بۇيرۇق بېرىلگەن. ئەكس ھالدا، بىز ئاللىقاچانلا بوگېمىيە تاغلىرىدا بولغان بولاتتۇق ۋە سىزمۇ ئارمىيە-ڭىزلار بىلەن بىللە ئىككى تەرەپتىن ئېچىلغان ئوت ئارىسىدا قېلىپ چارەك سائەت ئېغىر ئەھۋالدا قالغان بولاتتىڭىز.

— لېكىن، بۇ يەنىلا ئۇرۇش ئەمدى تۈگىدى دېگەنلىك ئەمەس-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تە، — دېدى كىنەز ئاندرېي.

— مەن، ئۇرۇش تۈگىدى دەپ ئويلايمەن. بۇ يەردىكى چوڭ قالپاقلىق كىشلەرمۇ مۇشۇنداق ئويلايدۇ، بىراق ئۇلار بۇنى ئېيتىشقا پېتىنالمايدۇ. مەن ئۇرۇش باشلانغان چاغدىلا ئېيتقاندەك، مەسىلىنى سىلەرنىڭ échauffo uree de Dürenstein (دۇرېنشتېيندىكى ئېتىشىشلار①) ھەل قىلمايدۇ، شۇنداقلا ئومۇمەن پوروخ ھەل قىلمايدۇ، بەلكى بۇ ئىشنى كىم ئويلاپ چىقارغان بولسا شۇ ھەل قىلىدۇ، — دېدى بىلىبىن ئۆزىنىڭ mots (داڭلىق سۆزلىرى)دىن بىرىنى تەكرارلاپ؛ بۇ چاغدا ئۇنىڭ پېشانىسىدىكى قورۇقلىرى يوقىلىپ سەل توختىۋالدى. — بىردىن-بىر مەسىلە، پادىشا ئالېكساندرنىڭ پرۇسسىيە كارولى بىلەن بېرلىندىكى ئۇچرىشىشىنىڭ قانداق نەتىجە بېرىدىغانلىقىغا باغلىق. ئەگەر پرۇسسىيە ئىتتىپاققا كىرسە، on forcera la main à l'Autriche (ئۇ ھالدا، پرۇسسىيىنى مەجبۇر قىلىشىدۇ-دە)، ئۇرۇش بولىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، مەسىلە پەقەت يېڭى Campo Formio (كامپو فورمىۋ)② شەرتنامىسىنىڭ دەسلەپكى ماددىلىرىنى نەدە تۈزۈپ چىقىشنى شەرتلىشىۋېلىش ئىشىلا قالىدۇ، خالاس.

— لېكىن، بۇ نېمە دېگەن پەۋقۇلئاددە تالانت! — دەپ بىردىنلا ۋاقىرىدى كىنەز ئاندرېي كىچىككىنە قوللىرىنى قىسىپ تۇرۇپ ۋە ئۇنىڭ بىلەن شىرەگە مۇشتلاپ. — بۇ ئادەم نېمە دېگەن تەلەيلىك!

---

① 9 - باپتا ئېيتىلغان مورتيو ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان ئۇرۇش. — تەر.

② ئىتالىيىدە بىر يېزىنىڭ نامى. 1797 - يىلى ئاۋستىرىيە بىلەن فرانسىيە بۇ يەردە «كامپو فورمىۋ سۈلھى»نى تۈزۈشكەن. — تەر.

سوئال — Buonaparte (بۇئوناپارت؟) — دېدى بىلىبىلمەسلىكتىن سوئال
ئەزدىرى بىلەن پىشانىسىنى پۈرۈشتۈرۈپ ۋە بۇنىڭ بىلەن ھازىر
un mot (داڭلىق سۆز) ئېيتىدىغانلىقىنى سەزدۈرمەكچى بولۇپ، —
Buonaparte (بۇئوناپارت)؟ — دېدى ئۇ يەنە بىر قېتىم تەكرار-
لاپ "u" ھەرپىگە ئۇرغۇنى ئالاھىدە چۈشۈرۈپ: — بىراق، مەن
ئويلايمەنكى، ئۇ ھازىر ئاۋستىرىيىگە شىپىر ۋونىدا ئەمىر-پەرمان
بېرىپ ئولتۇرغاندا il faut lui faire grâcedel'u (ئۇنى "u"
ھەرپىدىن قۇتۇلدۇرۇش كېرەك)، مەن ئۇنى Bonaparte tout court
(ئاددىيغىنا بوناپارت) دەپ ئاتايمەن.
— ياق، چاخچاق قىلماڭ، — دېدى كىنەز ئاندرېي، — سىز
راستىنلا ئۇرۇش تۈگىدى دەپ ئويلامسىز؟
— ھە، شۇنداق دەپ ئويلايمەن: ئاۋستىرىيە ئەخمەق بولۇپ
قاپتۇ، ئۇ بۇنىڭغا ئادەتلەنمىگەن. ئىنتىقام ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن
ئەخمەق بولۇپ قالغانكى، بىرىنچىدىن، ئۆلكىلىرى تالان-تاراج
قىلىنغان، on dit le православное est terrible pour le
pillage (پراۋوسلاۋ قوشۇنلىرى ناھايىتى يامان تالان-تاراج
قىلىدۇ، دېيىشىدۇ)، ئارمىيىسى تارمار قىلىپ تاشلانغان، پايتەختى
ئىشغال قىلىنغان ۋە بۇلارنىڭ ھەممىسى pour les beaux yeux du
(ساردىنىيىلىك ئالى ھەزرەتلىرىنىڭ сардинскоевеличество
چىرايلىق كۆزلىرى ئۈچۈن بولغان)①. شۇنىڭ ئۈچۈن entre nous

① بوستون كېڭەشمىسىدە پرۇسسىيە ناپالېونغا ئۇلتىماتۇم ئەۋەتىش
پىكرىدە چىڭ تۇرغان، تەلەپلەرنىڭ بىرى ئۇنىڭدىن ساردىنىيە كىنەزىگە تۆلەم
ئېلىشتىن ئىبارەت بولغان. ناپالېون بۇ تەلەپنى رەت قىلغان، ئەمما پرۇس-
سىيە ئاۋستىرىيىنىڭ يېڭىلىشى بىلەن قورقۇپ كېتىپ قىمىرلىماي قالغان.—تەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— mon cher (بۇ گەپ ئارىمىزدا قالسۇن، ئەزىزىم)، — مەن پەم قىلىۋاتىمەنكى، ئۇلار بىزنى ئالداۋاتىدۇ، بىلىشىمچە، بۇلار ئاللىقاچان فرانسىيە بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، بىزدىن يوشۇرۇنچە ئۆزلىرى يارىشىش شەرتنامىسىنىڭ لايىھىسىنى تۈزۈشكەن①.

— بۇ زادى مۇمكىن ئەمەس! — دېدى كىنەز ئاندرېي، — بۇ ناھايىتى پەسكەشلىك بولىدۇ.

— Qui vivra verra (ئۆلۈپ كەتمىسەك كۆرىمىز)، — دېدى بىلىبىن ۋە گەپ تامام بولغانلىقىغا ئىشارەت قىلىپ پېشانىسىدىكى قورۇقلىرىنى يوقاتتى.

كىنەز ئاندرېي ئۆزى ئۈچۈن تەييارلانغان ئۆيگە كىردى ۋە پاكىز كۆينەك كىيىپ، خۇش پۇراقلىق ياستۇق قويۇلغان پەر ئورۇن كۆرپىدە ياتتى، ئۇ ئۆزى خەۋىرىنى تارقاتقان ئۇرۇشنىڭ ئۇنىڭدىن ناھايىتى يىراقتا، ناھايىتى يىراقتا قالغانلىقىنى ھېس قىلاتتى. پرۇسسىيە ئىتتىپاقى، ئاۋستىرىيىنىڭ خائىنلىق قىلغانلىقى، بوناپارتنىڭ يېڭى تەنتەنىسى، ئەتىكى كۆندىكى كۆرۈشۈش زىيارىتى ۋە كۆرەك، پادىشا فرانسىنىڭ قوبۇل قىلىشى ئۇنىڭ ئوي - پىكىرلىرىنى بەنت قىلاتتى.

ئۇ كۆزلىرىنى يۇمدى، لېكىن خۇددى شۇ پەيتنىڭ ئۆزىدە ئۇنىڭ قۇلاقلىرىدا زەمبىرەكلەر ۋە مىلتىقلاردىن ئېتىلغان ئوقلارنىڭ گۈمبۈرلىگەن ئاۋازلىرى، پەيتون ھارۋا چاقلىرىنىڭ تاراقلىغان

① پادىشا فرانس ئۇ چاغدا ناپالېئوندىن سۇلھ تەلەپ قىلغان، ناپالېئون بولسا بەزى ھاقارەتلىك تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنى سۇلھ كېلىشىمىنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلغان، فرانس بۇنىڭغىمۇ ئىلاجىسىز ماقۇل بولغان. — تەر.

ئاۋازلىرى جاراڭلايتتى، مانا تاغلاردىن يەنە يېپيېڭى تىزىلىپ مۇش-كېتلار① چۇشمەكتە، فرانسۇزلار ئوق ئاتماقتا، ئۇ يۈرىگىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلماقتا ۋە ئۇ شمىت بىلەن بىر قاتاردا ئاتلىق ئالدىغا چىقماقتا، ئوقلار ئۇنىڭ ئەتراپىدىن خوشال ھۇشقۇي-تۇپ ئۆتمەكتە ۋە ئۇ باللىق چاغلىرىدىن تارتىپ بېشىدىن كەچۈرۈپ باقمىغان تۇرمۇشنىڭ ئون ھەسسىلىگەن خوشاللىق تۇيغۇسىنى بېشى-دىن كەچۈرمەكتە ئىدى.

ئۇ ئويغىنىپ كەتتى....

"شۇنداق، بۇلارنىڭ ھەممىسى بولغان!..." — دېدى ئۇ خۇددى باللاردەك بەختلىك ھالدا ئۆزىچە كۈلۈمسىرەپ ۋە ياشلىق باھارى-نىڭ شىرىن ئۇيقۇسىغا چۆمۈپ.

## 11

ئەتىسى كىنەز ئاندرېي خېلى كېيىنرەك ئويغاندى. ئۆتكەنكى تەسىراتلارنى ئەسلەپ، ئۇ ھەممىدىن ئاۋال بۈگۈن پادىشا فرانسقا كۆرۈنۈش كېرەكلىكىنى ئويلايتتى، ھەربىي مىنىستىرنى، ئاۋستىرىيىنىڭ ئەدەپلىك فلىگېل-ئاديۇتانتىنى، بىلىبىننى ۋە تۈنۈ-گۈنكى كەچقۇرۇنقى سۆھبەتنى ئويلايتتى. ئۇ سارايغا بېرىش ئۈچۈن ئۆزۈندىن بېرى كىيمەي كېلىۋاتقان كۆرەكتە كىيىلىدىغان كىيىم-كېچەكلىرىنى كىيدى-دە، ئۇنىڭدىن كېيىن پاكىز، تېتىك ۋە

① قەدىمقى زاماندىكى چوڭ كالىبىرلىق پىلتە ملتىق بىلەن قوراللانغان ئەسكەرلەر. — تەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

چىرايلىق قىياپەتتە، قولىغا بىنت يۆگەپ، بىلىبىنىنىڭ ھوجرىسىغا كىردى. ھوجرىدا دىپلوماتىك ساھەدىن تۆت جاناپ بار ئىدى. بولكونسكى ئەلچىخانىنىڭ سېكرېتارى كىنەز ئىپپولىت كۇراگىن بىلەن تونۇش ئىدى؛ ئۇنى قالغان كىشىلەر بىلەن بىلىبىن تونۇشتۇردى.

بىلىبىنىنىڭ ئۆيىدىكى جاناپلارنىڭ ھەممىسى ياش، باي ۋە خۇش چاقچاق يۇقۇرى قاتلام كىشىلىرى بولۇپ، ئۇلار ۋېنادىمۇ ۋە بۇ يەردىمۇ ئايرىمچە ئۆمەكنى تەشكىل قىلاتتى، بۇ ئۆمەكنىڭ باشلىقى بولغان بىلىبىن ئۇنى بىزنىڭ les nôtres (ئۆز كىشىلىرىمىز) دەپ ئاتايتتى. تامامەن دىگۈدەك دىپلوماتلاردىن تۈزۈلگەن بۇ ئۆمەكتە، روشەنكى، ئۇرۇش ۋە سىياسەت بىلەن ھېچقانداق باغلىنىشى بولمىغان، لېكىن بەزى ئاياللار ۋە مەھكىمە ئىشلىرىنىڭ رەسمى تەرەپلىرى بىلەنلا باغلىنىشى بولغان يۇقۇرى قاتلام جەمىيەتىدىكىلەرنىڭلا ئارزۇ-ھەۋەسلىرى بار ئىدى. بۇ جاناپلار كىنەز ئاندرېينى ئۆز كىشىسى دەپ ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن ئۆز ئۆمىكىگە قوبۇل قىلدى (ئۇلار بۇ ئىلتىپاتنى ناھايىتى ئاز كىشىلەرگە قىلاتتى). ھۆرمەت يۈزىسىدىن ۋە سۆھبەتكە كىرىشىشنىڭ ئۈچۈن قىلىش ئۈچۈن، ئۇلار ئارمىيە ۋە جەڭلەر توغرىسىدا بىرقانچە سوئاللارنى بېرىشتى ۋە كېيىن سۆھبەت يەنە ئىزچىل بولمىغان خوشال چاقچاقلار ھەم قۇرۇق گەپلەرگە ئايلىنىپ كەتتى.

— لېكىن، ھەممىدىن ياخشى بولغىنى، — دىدى دىپلومات ئاغىنىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتسىزلىكلىرىنى سۆزلەپ كېلىپ بىرسى، — ھەممىدىن ياخشى بولغىنى شۇكى، كانسلېر ئۇنىڭغا توپ-توغرا: سىېنىڭ لوندونغا تەيىن قىلىنىشىڭ مەرتىۋەڭنىڭ ئۆسكەنلىكىدىن

دېرەك بېرىدۇ، ئۆزەڭمۇ بۇنىڭغا شۇنداق دەپ قارىغىن، دەپتۇ. سىز ئۇنىڭ بۇ چاغدىكى تۇرقىنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۇرەلەمسىز؟...

— لېكىن ھەممىدىن يامىنى، جاناپلار، مەن سىلەرگە ئېيتاي، كۇراگىننىڭ ئىشى چاتاق: ئۇزى پالاكەتكە ئۇچرىغان، بۇ دون-ژۇئان①، بۇ يارىماس ئادەم شۇنىڭدىن پايدىلىنىۋېتىپتۇ!

كىنەز ئىپپولىت بۇ چاغدا يۇمشاق كرېسلودا ئىككى پۇتىنى ئۇنىڭ تۇتقۇچى ئۇستىگە قويغان پېتى ياتاتتى. ئۇ كۇلۇپ كەتتى.

— Parlez-moi de Ga (دەڭا، ئاڭلاپ باقاي!)، — دېدى ئۇ.

— ئوھو، دون-ژۇئان! ئوھو، يىلان! — بىرقانچە كىشىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— سىز بىلمەيسىز، بولكونسكى، — دېدى بىلبىن كىنەز ئاندرېغا قاراپ، — فرانسۇز ئارمىيىسىنىڭ ھەممە ئەسكىلىكلىرى (روسىيە ئارمىيىسىنىڭ دىيىشكە تاس-تاماس قالدىم)، بۇ ئادەمنىڭ ئاياللار ئارىسىدا قىلغان قىلىقلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ.

— La femme estla compagne de l'homme (ئايال بولسا ئەرنىڭ دوستى)، — دېدى كىنەز ئىپپولىت ۋە لورنېت②تىن ئۆزىنىڭ ئېگىز كۆتىرىلگەن پۇتىغا قاراشقا باشلىدى.

بىلبىن ۋە "ئۆز كىشىلەر"نىڭ ھەممىسى ئىپپولىتنىڭ كۆزىگە قاراپ قاقاقلاپ كۇلۇپ كېتىشتى. كىنەز ئاندرې بىلدىكى، ئىپپولىت (كىنەز ئاندرې بۇرۇن خوتۇنىنى ئۇنىڭدىن كۇنلەيتتى ۋە ھازىر

① دون-ژۇئان — ھەمىشە ئاياللار ئارقىسىغا كىرىۋېلىپ، ئۇلارنى ئالداپ يۇرىدىغان ئادەملەرنىڭ ئومۇمى نامى. — تەر.

② لورنېت — سېپى ئۇزۇن كۆزەينەك. — تەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىچىدە ئۇنىڭغا ئىقرار ئىدى) بۇ كىشىلەر ئارىسىدا كۈلكە-مەسخىرە قىلىش ئۈچۈن دەستەك بولۇپ قالغان ئىدى.

— ياق، مەن سىزنى كۆراگىن بىلەن قىلىنىراق ئاشنا قىلىپ خۇرسەن قىلىشىم كېرەك، — دېدى بىلبىن ئاستاغىنا بولكونسكىغا. — ئۇ سىياسەت توغرىسىدا گەپ قىلغاندا قايىل قىلىدۇ، بۇنى بىر كۆرۈش كېرەك.

ئۇ ئىپپولىتقا يېقىن كېلىپ ئولتۇردى ۋە پىشانىسىنى پۈرۈشتۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن سىياسەت توغرىسىدا پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. كىنەز ئاندرېي ۋە باشقىلار بۇ ئىككىيلەننىڭ ئەتراپىغا يىغىلىشتى.

— Le cabinet de Berlin ne peut pas exprimer un sentiment d'alliance, sans exprimer… comme dans sa dernière note… (بېرلىن كابىنېتى، ئۆزىنىڭ ئاخىرقى نوتىسىدىكىدەك… نى ئىپادىلىمەي تۇرۇپ، ئىتتىپاق توغرىسىدىكى ئۆزىنىڭ پىكىرلىرىنى ئىپادىلىشى مۇمكىن ئەمەس)، — دەپ سۆزىنى باشلىدى ئىپپولىت ھەممەيلەنگە مەنىلىك قاراپ قويۇپ، — vous comprenez… vous comprenez…, et puis si sa Majesté l'Empereur ne déroge pas au principe de notre alliance… (بىلەمسىز… بىلەمسىز… ئۇنىدىن تاشقىرى، ئەگەر ھەزرىتى پادىشا بىزنىڭ ئىتتىپاقىمىزنىڭ ماھىيىتىنى (پىرىنسىپىنى) ئۆزگەرتمىسىلا…)

(توختاپ تۇرۇڭ، مەن تېخى Attendez, je n'ai pas fini… سۆزۈمنى تۈگەتمىدىم…) — دېدى ئۇ كىنەز ئاندرېيغا ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ. — je suppose que l'intervention sera plus forte que la noninter vention. Et… (مەن ئويلايـ

مەنكى، مۇداخىلە قىلىش مۇداخىلە قىلمىغانغا قارىغاندا ياخشى-
راق). — ئۇ سەل جىم بولدى. — on ne pourra pas imputer à
la fin de nonrecevoir notre dérêche du 28 novembre.
Voila comment tout cela finira. (ئەڭ ئاخىرىدا... بىزنىڭ
28-نويابىردىكى مەكتۇبىمىزنىڭ رەت قىلىنغانلىقى بىلەن ئىشنى
تۈگىگەن دەپ ھىساپلاشقا بولمايدۇ... بۇ ئىشلار مانا شۇنداق
ئاياقلىشىدۇ.)

ئۇ كىنەز بولكونسكىنىڭ قولىنى قويۇپ بەردى ۋە بۇنىڭ بىلەن
سۆزىنىڭ تاماملانغانلىقىنى ئىپادىلىدى.

— Demosthénes, je te reconnais au caillou que tu as
cahé dans ta bouche d'or! (دېموسفېن①، مەن سېنى ئۆزەڭنىڭ
ئالتۇن ئاغزىڭغا سېلىپ يوشۇرۇۋالغان شېغىل تاشقا قاراپ بىلدى-
مەن)، — دىدى بەك خۇرسەن بولۇپ كەتكەن بىلىبىن.

ھەممەيلەن كۈلۈپ كەتتى. ئىپپولىت ھەممە كىشىدىن قاتتىقراق
كۈلۈپ كەتتى. ئۇ، روشەنكى، ئازاپلىناتتى، نەپەسى بوغۇلاتتى،
لېكىن ئۇنىڭ ھەمىشە ھەركەتسىز تۇرىدىغان يۈزىنى سوزۇپ تۇرى-
دىغان قاتتىق كۈلكىسىدىن ئۆزىنى توختىتالمايتتى.

— ھە، گەپ مۇنداق، جاناپلار، — دىدى بىلىبىن، — بولكونسكى
بۇ ئۆيدە، مۇشۇ يەردە، برۇننىدا مېنىڭ مېھمىنىم، ئۇنى مەن
قولۇمدىن قانچىلىك كەلسە، مۇشۇ يەردىكى ھاياتىمىزنىڭ ھەممە
خۇرسەنچىلىكلىرى بىلەن كۈتۈۋالماقچىمەن. ئەگەر بىز ۋېنادا بولغان

① قەدىمقى گرېك ناتىقى (ئارا تورى)، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تىلى
بەك يوغان بولغانلىقى ئۈچۈن، نۇتۇق سۆزلىگەندە شېغىلنى ئاغزىغا سېلىپ
تىلىنى بېسىۋالىدىكەن. — تەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بولساق، بۇ ناھايىتى ئاسان بولاتتى؛ لېكىن بۇ يەردە، dans ce vilain trou morave (بۇ ئىپلاس موراۋىيە ئورىسىدا) بولسا، بۇ تەسرەك، شۇڭا مەن سىلەر ھەممەڭلارنىڭ ياردەم بېرىشىنى سورايمەن. Il faut lui faire les honneurs de Brünn. (ئۇنى برۇننىدىكى ئوبدان نەرسىلەر بىلەن كۈتۈۋېلىش كېرەك). سىزلەر تىياتىرنى ئۈستىڭىزلەرگە ئېلىڭىزلار، مەن — جامائەتچىلىك بىلەن، سىز، ئىپپولىت، ئەلۋەتتە، — ئاياللار بىلەن كۈتۈۋېلىشنى ئۈستىڭىزگە ئېلىڭ.

— ئۇنىڭغا ئامالىنى كۆرسىتىش كېرەك، ئۇ ناھايىتى گۈزەل خوتۇن! — دېدى "ئۆز كىشىلەر"دىن بىرى ئۇنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئۇچىنى سۆيۈپ تۇرۇپ.

— قىسقىسى، بۇ قانخور ئەسكەرنى، — دېدى بىلىبىن، — بىر قەدەر ئىنسانپەرۋەر قاراشلارغا بۇراش كېرەك.

— مەن سىلەرنىڭ مېھماندوستلۇغۇڭلاردىن بەھرىمەن بولالمايدىغانغا ئوخشايمەن، جاناپلار، مېنىڭ بارىدىغان ۋاقتىم توشۇپ قالدى، — دېدى بولكونسكى سائىتىگە قاراپ.

— نەگە؟

— پادىشا ھوزۇرىغا.

— ئوھو! ئوھو! ئوھو!

— بولدۇ، خەير، بولكونسكى! — خەير، كىنەز، تاماقتا بۇرۇنراق كەلگەيسىز، — بىرقانچە كىشىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. — بىز سىزنى دەپ يىغىلىمىز.

— پادىشا بىلەن سۆزلەشكەندە، ئوزۇق-تۈلۈك بىلەن تەمىنلەش تەرتىۋىنى ۋە مارشىرۇت (يىسىپ ئۆتىدىغان يول) لارنى ئىمكان

قەدەر كۆپرەك ماختاك، — دىدى بىلىبىن ئايۋانغىچە ئۇزىتىپ چىقىپ بولكونىسكىنى.

— ماختىسام بولاتتى، لېكىن، ئۇنداق قىلالمايمەن، چۈنكى بىلمەن، — دەپ جاۋاپ بەردى بولكونسكى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— بولىدۇ، ئۇمۇمەن ئىمكان قەدەر كۆپرەك سۆزلەڭ. ئۇ كىشىنى قوبۇل قىلىشقا ئامراق، ئەمما ئۆزى سۆزلەشنى ياخشى كۆرمەيدۇ ۋە سۆزلەشنىمۇ بىلمەيدۇ، سىز بۇنى كۆرىسىز.

## 12

پادىشا فرانس تاۋاپ قوبۇلىغا چىقىش مۇراسىمىدا ئاۋستىرىيە ئەپتىسەرلىرى ئارىسىدا بەلگىلەنگەن ئورۇندا تۇرغان كىنەز ئاندرېنىڭ يۈزىگە تىكىلىپ قارىدى ۋە تاج ئۇزۇن قىلىپ كۆرسەتكەن بېشىنى ئۇنىڭغا لىڭشىتىپ قويىدى. لېكىن بۇ مۇراسىمدىن كېيىن، تۈنۈگۈنكى فلىگېل - ئادىيۇتانت بولكونسىكىغا پادىشانىڭ ئۇنى قوبۇل قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى ھۆرمەت بىلەن يەتكۈزدى. پادىشا فرانس كىنەز ئاندرېنى ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قوبۇل قىلدى. گەپ باشلاش ئالدىدا كىنەز ئاندرې پادىشانىڭ خۇددى گاڭگىراپ قالغاندەك، نېمە دېيىشنى بىلمەي ۋە قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران بولدى.

— خوش، جەڭ قاچان باشلانغان؟ — دەپ سورىدى پادىشا ئالدىراپ.

كىنەز ئاندرې جاۋاپ بەردى. بۇنىڭدىن كېيىن يەنە شۇنداق ئاددى سوئاللار بېرىلدى: "كۇتۇزوۋ ساقمۇ؟ ئۇنىڭ كىرىمىستىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

چىقىپ كەتكىنىگە قانچىلىك ۋاقىت بولىدى؟“ ۋەھاكازا. پادىشا خۇددى ھەممە مەقسىدى پەقەت بەلگىلىك ساندا سوئال قويۇشتىن ئىبارەتتەك قىياپەتتە سۆزلەيتتى. بۇ سوئاللارغا بېرىلىدىغان جاۋاپلارغا ئۇنىڭ قىزىقمايدىغانلىقى ئوچۇق بىلىنىپ تۇراتتى.

— جەڭ سائەت نەچچىدە باشلانغان؟ — دەپ سورىدى پادىشا.

— فرونتتىكى جەڭنىڭ سائەت نەچچىدە باشلانغانلىقىنى مەن ھەزرىتى ئالىيلىرىغا ئېيتىپ بېرەلمەيمەن، لېكىن مەن تۇرغان دىيۇرېنشتېيندە بىز كەچقۇرۇن سائەت ئالتىدە ھۇجۇمنى باشلىغان ئىدۇق، — دېدى بولكونسكى جانلىنىشقا باشلاپ ۋە كاللىسىدا تەييارلانغان ھەممە كۆرگەن-بىلگەنلىرىنىڭ ھەقىقىي تەسۋىرىنى مەلۇم قىلىش پۇرسىتى كەلدى دەپ ئويلاپ.

لېكىن، پادىشا كۈلۈمسىرەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى:

— قانچە مىل ئىكەن؟

— نەدىن نەگىچە، ھەزرىتى ئالىيلىرى؟

— دىيۇرېنشتېيندىن كرېمسقىچە.

— ئۈچ يېرىم مىل، ھەزرىتى ئالىيلىرى.

— فرانسۇزلار سول قىرغاقنى تاشلاپ كەتتىمۇ؟

— پايلاقچىلارنىڭ مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئاخىرقى بىر قىسمى تۈندە سال ئارقىلىق دەريادىن ئۆتۈپ كېتىپتۇدەك.

— كرېمستا يەم-خەشەكلەر يېتەرلىكمۇ؟

— يەم-خەشەكلەر كېرەكلىك مىقداردا يەتكۈزۈلمىدى.

پادىشا ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى.

— گېنېرال شمىت سائەت نەچچىدە ھالاك قىلىندى؟

— سائەت يەتتىلەردە بولسا كېرەك.

— سائەت يەتتىدە؟ بەك يامان بولۇپتۇ! بەك قايغۇلۇق ئىش بولۇپتۇ!

پادىشا رەھمەت دىدى ۋە تازىم قىلدى. كىنەز ئاندرىي چىقىپ كەتتى ۋە دەرھال ساراي ئەھلىلىرى ئۇنى قورشىۋالدى. تەرەپ-تەرەپتىن خۇشخۇي كۆزلەر ئۇنىڭغا قارىشاتتى ۋە خۇشخۇي سۆزلەر ئاڭلىناتتى. تۈنۈگۈنكى فلىگېل-ئاديۇتانت نىمە ئۈچۈن سارايغا چۈشمەيسىز دەپ ئۇنىڭغا تەنە قىلدى ۋە ئۇنى ئۆز ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى. ھەربى مىنىستىر كېلىپ ئۇنى پادىشا ئىنئام قىلغان ئۈچىنچى دەرىجىلىك مارىيە-تېرېزىيە ئوردېنى بىلەن تەبرىكلىدى، خانىش ئانىنىڭ كاھ بېگى① ئۇنى خانىش ھوزۇرىغا تەكلىپ قىلدى. ئاغىچا خېنىم ئايىممۇ ئۇنى كۆرۈشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ كىمگە جاۋاپ بېرىشنى بىلمەي بىرقانچە سېكۇنتقىچە ئويلىنىپ قالدى. روسىيە ئەلچىسى ئۇنىڭ دولىسىنى تۇتۇپ، دەرىزە ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ سۆزلىششكە باشلىدى.

بىلىبىننىڭ سۆزىگە خىلاپ ھالدا، كىنەز ئاندرىي ئېلىپ كەلگەن خەۋەر خوشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىنغان ئىدى. بۇنىڭ شۇكرانىسىغا ئومۇمى ئىبادەت تەيىن قىلىندى. كۇتۇزوۋ بولسا مارىيە-تېرېزى نامىلىق چوڭ كرېست ئوردېنى بىلەن تارتۇقلاندى ۋە پۈتۈن ئارمىيىمۇ مۇكاپاتلاندى. بولكونسكى تەرەپ-تەرەپتىن تەكلىپنامىلەر ئالغان بولۇپ، ئەتىگەندىن باشلاپ ئاۋسترىيىنىڭ چوڭ ئەمەلدار-

---

① نۆكەر ياكى خىزمەتكارلار باشلىقى. — تەر.

لىردىنى زىيارەت قىلىشى كېرەك ئىدى. كەچقۇرۇن سائەت بەشتە زىيارەتلىرىنى تاماملىغاندىن كېيىن، جەڭ توغرىسىدا ۋە ئۆزىنىڭ بىرۇنىغا قىلغان سەپىرى توغرىسىدا ئاتىسىغا يازماقچى بولغان خېتىنى كۆڭلىدە ئويلاپ پىشۇرۇپ، كىنەز ئاندرېي بىلىبىننىڭ ئۆيىگە قايتتى. بىلىبىن تۇرغان ئۆيىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا يېرىمىغىچە يۈك - تاقلار قاچىلانغان تۆت چاقلىق ئۇزۇن هارۋا تۇراتتى، بىلىبىننىڭ خىزمەت-كارى فرانس چامدانىنى ناهايىتى تەسلىكتە كۆتىرىپ ئىشىكتىن چىقىپ كېلىۋاتاتتى (بىلىبىننىڭ ئۆيىگە قايتىشتىن ئاۋال، كىنەز ئاندرېي كىتاپ دۇكىنىغا بېرىپ، يول ئۈستىدە ئوقۇشقا كىتاپ ئالغان ۋە شۇنىڭ بىلەن دۇكاندا بىرئاز ۋاقىت هايال بولغان ئىدى).

— نىمە ئىش؟ — دەپ سورىدى بولكونسكى.

— Ach, Erlaucht! (ئاه، سورىماڭ جاناپ ئالىي!) — دىدى فرانس چامدانىنى تەسلىكتە هارۋىغا ئاغدۇرۇپ تاشلاپ. — Wir ziehen noch weiter. Der Bösewicht ist schon wiedr hinter uns her! (تېخىمۇ نېرىگە كۆچۈۋاتىمىز. هېلىقى ياۋۇز يەنە بىزنىڭ پېيىمىزگە چۈشۈۋالدى!)

— نىمە ئىش؟ نىمە؟ — دەپ سورىدى كىنەز ئاندرېي.

بىلىبىن شۇئان بولكونسكىنىڭ ئالدىغا چىقتى. بىلىبىننىڭ هەمىشە خاتىرجەم تۇرىدىغان چىرايىدا جىددىلىك كەيپىياتى بىلىنىپ تۇراتتى.

— Non, non, avouez que c'est charmant (ياق، ياق، ئېتىراپ قىلىڭ، بۇ كارامەت ياخشىلىق)، — دىدى ئۇ، — cette histoire du pont de Thabor (MocT B BeHe).

(بۇ تابور كۆۋرۈكى [ۋېنادىكى Ils l'ont passé sans coup férir
كۆۋرۈك]. فرانسۇزلار بۇ كۆۋرۈكتىن قارشىلىقسىز ئۆتۈپ كېتىپتۇ).
كىنەز ئاندرېي ھېچنېمىنى چۈشەنمەيتتى.
— سىز قاياقتىن كېلىۋاتىسىز، شەھەردە بولۇۋاتقان ئىشلارنى ھەممە ھارۋىكەشلەر بىلگەن يەردە، سىز نېمىشقا بىلمەيسىز؟
— مەن ئاغىچا خېنىم ئايىمنىڭكىدىن كەلدىم. ئۇ يەردە مەن ھېچنېمىنى ئاڭلىغىنىم يوق.
— كىشىلەرنىڭ ھەممە يەردە يۈك-تاقلىرىنى يىغىشتۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟
— كۆرمىدىم... ھە، نېمە ئىش؟ — دەپ تاقەتسىزلىك بىلەن سورىدى كىنەز ئاندرېي.
— نېمە ئىش بولاتتى؟ ئىش شۇنىدىكى، فرانسۇزلار ئائۇئېرسپېرگ قوغداپ تۇرغان كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپتۇ، كۆۋرۈكنىمۇ پارتلاتماپتۇ، مىيۇرات ھازىر يول بويلاپ برۇننىغا قېچىپ كېلىۋېتىپتۇ، ئۇلار بۈگۈن-ئەتە مەشەگە يېتىپ كېلىدىكەن.
— نېمە؟ مەشەگە؟ كۆۋرۈك مىنالاشتۇرۇلغان ئىدىغۇ، نېمە ئۈچۈن پارتلاتماپتۇ؟
— مەن بۇنى سىزدىن سوراۋاتىمەن. بۇنى ھېچكىم، ھەتتا بوناپارتنىڭ ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ.
بولكونسكى ھەيران بولۇپ دولىسىنى قىستى.
— لېكىن، ئەگەر كۆۋرۈك قولدىن كەتكەن بولسا، دېمەك، ئارمىيە تۈگەشتى دېگەن سۆز: يولى كېسىپ تاشلىنىدۇ، — دېدى.
— ھەممە گەپ مانا شۇنىڭدا، — دېدى بىلىبىن. — قۇلاق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

سېلىق. مەن سىلەرگە ئىشەنمەيمەن. فرانسۇزلار ۋەيران قىلغان ئالتە ئىنىگە

ھەممە ئىش جايىدا، ئىككىنچى كۈنى، يەنى تۈنۈگۈن، جانابى مارشاللار: ميۇرات، لانىن ۋە بېلىبەر ئاتلىنىپ توپ-توغرا كۆۋرۈككە قاراپ ئېرىپتۇ. (دىققەت قىلىڭلار. ئۈچىلىسى گاسكونىيىلىك①) جاناپلار، — دەپتۇ بىرى، — سىلەر بىلىسىلەر، تابور كۆۋرۈكى مىنالاشتۇرۇلغان ۋە ئۇنى پارتلىتىشقا قارشىمۇ چارە كۆرۈلگەن، بىزنىڭ ئالدىمىزدا دەھشەتلىك tête de pont (كۆۋرۈك ئىستىھكامى) ۋە كۆۋرۈكنى پارتلىتىشقا ھەم بىزنى ئۆتكۈزمەسلىككە بۇيرۇق قىلىنغان ئون بەش مىڭ ئەسكەر تۇرۇپتۇ. لېكىن، ئەگەر بىز كۆۋرۈكنى ئالىدىغان بولساق، بىزنىڭ ھەزرىتى پادىشايىمىز ناپالېئون خوشال بولىدۇ. شۇڭا ئۈچەيلەن بېرىپ بۇ كۆۋرۈكنى ئالايلى. — بارايلى، — دەپتۇ باشقىلىرى؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كۆۋرۈككە قاراپ يولغا چىقىپتۇ ۋە كۆۋرۈكنى ئاپتۇ، ئۇنىڭدىن ئۆتۈپمۇ كېتىپتۇ ۋە ئەمدى ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئارمىيىسى بىلەن دونايىنىڭ بۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ، بىزگە، سىلەرگە ۋە سىلەرنىڭ ئالاقە لىنىيەڭلارغا قاراپ ھۇجۇم قىلىشۋاتقانمىش.

— بەس، چاقچاق قىلماي قويۇڭ، — دېدى كىنەز ئاندرېي جىددىي ۋە مەيۈس قىياپەتتە.

بۇ خەۋەر كىنەز ئاندرېينى ئازاپلايتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئۇنى خوشال قىلاتتى. رۇس ئارمىيىسىنىڭ ئەنە شۇنداق ئېغىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغان كىنەز ئاندرېينىڭ كاللىسىغا، ئارمىيىنى بۇ ئېغىر ئەھۋالدىن مەن قۇتقۇزۇشۇم كېرەك ۋە بۇ ئىش

---

① گاسكونىيىلىكلەر چوڭ سۆزلەش بىلەن داڭ چىقارغان. — تەر.

ئەنە شۇنداق تۇلون① بولۇپ، مېنى ئاددى ئەپتسەرلەر قاتارىدىن چىقىرىدۇ ۋە شان-شەرەپكە قاراپ بىرىنچى مەرتىۋە يول ئېچىپ بېرىدۇ، دېگەن پىكىر كەلدى. بىلىبىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاۋېتىپ، ئارمىيىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ھەربى كېڭەشتە ئۆزىنىڭ ئارمىيىنى قۇتقۇزالايدىغان بىردىن-بىر پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغانلىقىنى، بۇ پىلاننىڭ ئىجراسى پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگە تاپشۇرۇلىدىغانلىقىنى ئويلايتتى.

— بەس، چاقچاق قىلماي قويۇڭ، — دېدى ئۇ.

— چاقچاق قىلىۋاتمايمەن، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى بىلىبىن، — ئەپسۇسكى، بۇ بىر ئاچچىق ھەقىقەت. بۇ جاناپلار يالغۇز ئۆزلىرى كۆۋرۈككە كېلىشىدۇ-يۇ، ئاپپاق قولياغلىقلىرىنى چىقىرىپ پۇلاڭلىتىشىدۇ؛ سۈلھ بولدى، بىز مارشاللار كىنەز ئائۇئېرسپېرگ بىلەن سۈلھ سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە كەلدۇق دەپ ئەسكەرلەرنى ئىشەندۈرىدۇ. نۆۋەتچى ئەپتسەر ئۇلارنى tête de pont (كۆۋرۈك ئىستىھكامى)غا كىرگۈزۈۋېتىدۇ. ئۇلار ئۇنىڭغا گاسكونىيىلىكلەرگە خاس مىڭلىغان بىھۇدە ئەخمىقانە گەپلەرنى قىلىدۇ: ئۇرۇش تۈگىدى، پادىشا فرانس بوناپارت بىلەن كۆرۈشۈشنى قارار قىلدى، ئۇلار كىنەز ئائۇئېرسپېرگنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ ۋەھاكازا. ئەپتسەر ئائۇئېرسپېرگنى ئىزلەپ كىشى ئەۋەتىدۇ؛ بۇ جاناپلار ئەپتسەرلەرنى قۇچاقلايدۇ، چاخچاق قىلىشىدۇ، زەمبىرەكلەرنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇشىدۇ، خۇددى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بولسا فرانسۇز باتالىيونى ھېچكىم سەزمىگەن ھالدا كۆۋرۈككە

① 1793 - يىلى، رېسپۇبلىكىچىلار تۇلونغا ھۇجۇم قىلغاندا، ناپالېون بىرىنچى مەرتىۋە نام چىقارغان. — تەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يېقىنلىشىپ كېلىدۇ-دە، يېقىلغۇ نەرسىلەر بار قاپلارنى سۇغا تاشلايدۇ ۋە tête de pont قا كىرىۋالىدۇ. ئەڭ ئاخىردا گېنېرال-لېيتېناتنىڭ ئۆزى، بىزنىڭ سۆيۈملۈك كىنەزىمىز ئائۇئېرسپېرگ فون مائۇترېن كېلىدۇ. "قەدىردان دۇشمىنىمىز! ئاۋستىرىيە ئارمىيىسىنىڭ گۈل چېچىكى، تۈرك ئۇرۇشىنىڭ قەھرىمانى! دۇشمەنلىشىش تۈگىدى، ئەمدى بىر بىرىمىزگە قوللىرىمىزنى بېرىمىز... پادىشا ناپالېون كىنەز ئائۇئېرسپېرگنى كۆرۈش ئۈچۈن تەشنا". قىسقىسى، بۇ جاناپلار (بىكاردىن-بىكار گاسكونىيىلىك دېمىگەن) سېپى ئۆزىدىن گاسكونىيىلىكلەر، ئائۇئېرسپېرگنى مۇشۇنداق چىرايلىق سۆزلەر بىلەن ئازدۇرىدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ فرانسۇز مارشاللىرى بىلەن بولغان سىرلىق ئالاقىسىنىڭ شۇنچە تېز ئورنىتىلغانلىقىدىن شۇنچىلىك مەمنۇن قىلىنغانكى، مۇراتنىڭ كىيىمى ۋە بېشىدىكى تۆگە قۇش پەرلىرىنى كۆرۈپ شۇنچىلىك ھەيرانلىقتا قالغان ئىدىكى، qu'il n'y voit que du feu, et oublie celui qu'il devait faire, faire sur l'ennemi. (ئۇ پەقەت ئۇلارنىڭ ئوق ئېتىۋاتقانلىقىنى كۆرەتتى، ئۆزىنىڭ ئوق ئېتىشىنى، دۇشمەنگە قارشى ئېچىشقا تېگىشلىك بولغان ئوتنى بولسا ئۇنتۇپ قالماقتا ئىدى)، — بىلىبىن ناھايىتى تېز گەپ قىلىۋاتقانلىقىغا قارىماي، بۇگەپلىرىدىن ھوزۇرلىنىشقا ۋاقىت بېرىش ئۈچۈن، بۇ mot (كۈلكىلىك گەپ) تىن كېيىن سەل توختاشنى ئۇنتۇپ قالمىغان ئىدى، — فرانسۇز باتالىيونلىرى tête de pont (كۆۋرۈك ئىستىھكامى) غا يۈگۈرۈپ كىرىدۇ-يۇ، توپلىرىنى قىمىرلاتماي قويىدۇ، كۆۋرۈكنى ئالىدۇ! ياق، ھەممىدىن قىزىقى شۇكى، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى بىلىبىن ئۆز ھېكايىسىنىڭ قىزىقارلىقلىقىدىن ھاياجان-

لانغان هالىتىنى بىسىپ، — زەمبىرەككە بېكىتىپ قويۇلغان سېرژانت، زەمبىرەك سىگنال بويىچە مىنالارغا ئوت تۇتاشتۇرۇش ۋە كۆۋرۈكنى پارتلىتىشقا مەسئۇل بولغان سېرژانت، فرانسۇز ئەسكەرلىرىنىڭ كۆۋرۈككە يۈگۈرۈشۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ زەمبىرەكتىن ئاتماقچى بوپتۇ، لېكىن لاننى ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋاپتۇ. سېرژانت ئۆز گېنېرالىدىن ئەقىللىقراق بولسا كېرەك، ئائۇئېر سپېرگىنىڭ ئالدىغا كېلىپ: "كىنەز، سىزنى ئالدىشىۋاتىدۇ، ئەنە قاراڭ، فرانسۇزلار!" دەپتۇ. مىيۇرات ئەگەر سېرژانتنىڭ سۆزلىشىگە يول قويۇلىدىغان بولسا، ئىشنىڭ تۈگەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپتۇ. ئاخىر، ئۇ يالغاندىن ئەجەبلىنىپ (ئۇ سېپى ئۆزىدىن گاسكونىيىلىك-تە!) ئائۇئېرسپېرگكە: "ئەگەر سىز قول ئاستىڭىزدىكى تۆۋەن دەرىجىلىك بىر ئادەمنىڭ سىز بىلەن مۇشۇنداق سۆزلىشىشىگە يول قويىدىغان بولسىڭىز، دۇنيا بويىچە شۇنچە داڭقى كەتكەن ئاۋستىرىيە ئىنتىزامى نەگە كەتتى!" دەپتۇ.

— C'est génial. Le prince d'Auersperg se pique d'honneur et fait mettre le sergent aux arrêts. Non, mais avouez que c'est charmant toute cette histoire du poutde Thabor. Ce n'est ni bêtise, ni lâcheté… (بۇ بەكمۇ ئۇستىلىق. كىنەز ئائۇئېرسپېرگ ئۆزىنى تەھقىرلەنگەن دەپ ھېس قىلىپ سېرژانتنى قاماشقا بۇيرۇپتۇ. ياق، بۇ كۆۋرۈك ۋەقەسى ئاجايىپ بىر ۋەقە دېسەم ماقۇل بولىۋېرىڭ. بۇنى ئەخمەقلىق دېگىلىمۇ بولمايدۇ، رەزىللىك دېگىلى ھەم بولمايدۇ…)

C'est trahison peut-être — (بۇ خائىنلىق بولۇشى مۇمكىن)، — دېدى كىنەز ئاندرېي كۈلرەڭ شىنېللار، يارىلار، پوروخ

www.uyghurkitap.com

ئىسلىرى، ئوق ئاۋازلىرى ۋە ئۇنى كۈتۈپ تۇرغان شان-شەرەپنى جانلىق هالدا كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ.

— Non plus. Cela met la cour dons de trop mauvais draps. (ئۇنداقمۇ ئەمەس، بۇ سارايىنى ناهايىتى يامان ئەهۋالدا قالدۇرغانلىق)، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى بىلىبىن. — Ce n'est ni — trahison, ni lâcheté, ni bêtise; c'est comme à Ulm... (بۇ خائىنلىق ئەمەس، رەزىللىكمۇ ئەمەس، نادانلىقمۇ ئەمەس؛ بۇ گويا ئۇلمىدىكىگە ئوخشاش، بۇ...) — ئۇ گوياكى مۇۋاپىق ئىبارىلەرنى ئىزلەپ ئويلانغاندەك قىلاتتى: — C'est... c'est du Mack. Nous sommes mackés, (بۇ ماكچىلىق، بىز ماكلىشىپ كەتتۇق)، — دېدى ئۇ ۋە گەپنى ناهايىتى بولارلىق قىلغانلىقىغا هەم بۇ گەپنىڭ ئەمدى ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرۈشىگە ئىشىنىپ سۆزىنى تۈگەتتى.

شۇ چاققىچە پېشانىسىدە يىغىلغان قورۇقلىرى مەمنۇن بولغانلىقىنىڭ ئالامىتى سۈپىتىدە تېزدىن يوقالدى-دە، سەل كۈلۈمسىرەپ قويۇپ، تىرناقلىرىغا قاراشقا باشلىدى.

— سىز نەگە؟ — دەپ سورىدى ئۇ بىردىنلا، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆز هوجرىسىغا كەتمەكچى بولغان كىنەز ئاندرېيغا قاراپ.

— مەن كېتىمەن.

— نەگە؟

— ئارمىيىگە.

— ها، يەنە بىر-ئىككى كۈن تۇرماقچى بولغان ئىدىڭىزغۇ؟

— ئەمدى هازىر كەتمەكچىمەن.

كىنەز ئاندرېي خىزمەتكارغا يول هازىرلىغى قىلىشنى بۇيرۇپ

ئۆز ھوجرىسىغا كەتتى.

— بىلەمسىز، دوستۇم، — دېدى بىلىبىن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ھوجرىغا كىرىپ. — مەن سىزنىڭ ھەققىڭىزدە ئويلانغان ئىدىم. نېمە قىلىسىز كېتىپ؟

ئېيتقان گېپىنىڭ رەت قىلىپ بولمايدىغانلىقىغا ئىشارە سۈپىتىدە قورۇقلار تامامەن يوقالدى.

كىنەز ئاندرې سۆھبەتدىشىغا سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى-يۇ، ھېچنېمە دەپ جاۋاپ بەرمىدى.

— نېمە ئۈچۈن كېتىسىز؟ مەن بىلىمەن، سىز ئارمىيە خەۋپ ئاستىدا تۇرغاندا ئۇنىڭغا دەرھال بېرىش — مېنىڭ بۇرچۇم دەپ ئويلايسىز. مەن بۇنى چۈشىنىمەن، mon cher, C'est de l'héroïsme (دوستۇم، بۇ قەھرىمانلىق).

— ئەسلا، — دەپ جاۋاپ بەردى كىنەز ئاندرې.

— لېكىن، سىز philosophe (فىلوسوف)، شۇنداق بولغاندىن كېيىن مۇكەممەل فىلوسوف بولۇڭ، نەرسىلەرگە باشقا تەرەپتىن قاراڭ، سىز بىلىسىز، سىزنىڭ بۇرچىڭىز، ئەكسىچە، ئۆزىڭىزنى قوغداش، بۇ ئىشنى باشقا ھېچقانداق ئىشقا يارىمايدىغان كىشىلەر قىلسۇن... سىزگە ھېچكىم قايتىپ كېلىڭ دەپ بۇيرۇمىغان، بۇ يەردىنمۇ سىزنى قويۇپ بېرىشكە بۇيرۇلغىنى يوق، شۇڭا سىزنىڭ قېلىشىڭىز ۋە بىز بىلەن بىللە بىزنىڭ بەختسىز تەقدىرىمىز تارتقان يەرگە بېرىشىڭىز مۇمكىن. ئولمۇتسقا بارارمىش سىز. ئولمۇتس بولسا ناھايىتى ئوبدان شەھەر. ئىككىمىز مېنىڭ ھارۋامدا راھەت قىلىپ بارىمىز.

— چاخچاق قىلىشنى توختىتىڭ، بىلىبىن، — دېدى بولكونسكى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— مەن سىزگە سەممى ۋە دوستلارچە دەۋاتىمەن. ئويلىنىپ كۆرۈڭ! بۇ يەردە قىلىشىڭىز مۇمكىن بولغان چاغدا، سىز ھازىر نەگە ۋە نىمە ئۈچۈن كېتىسىز؟ سىزنى ئىككىنىڭ بىرى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ (ئۇ سول چېكىسىنىڭ ئۈستىدىكى تېرىسىنى تۇرۇپ قويىدى): ياكى سىز ئارمىيىگە يېتىپ بارغىچە سولە تۈزۈلىدۇ، ياكى كۈتۈزوۋنىڭ پۈتۈن ئارمىيىسى يېڭىلىدۇ ۋە تەڭ شەرمەندە بولىسىز.

بىلىبىن چېكىسىدىكى تۈرۈكىنى قويۇپ بەردى، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ دىلېمما①سىنى ئاغدۇرۇپ بولمايدۇ دەپ ھىس قىلاتتى.

— مەن بۇنى مۇھاكىمىمۇ قىلالمايمەن، — دېدى سوغاق قىنا كىنەز ئاندرېي، لېكىن ئىچىدە "ئارمىيىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بارىمەن" دەپ ئويلايتتى.

— Mon cher, vous êtes un héros (ئەزىزىم، سىز قەھرىمانسىز)، — دېدى بىلىبىن.

# 13

شۇ كېچىسى ھەربى مىنىستىر بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ، بولكونىسكى ئارمىيىگە قوشۇلۇش ئۈچۈن يولغا چىقتى، ئارمىيىنى نەدە تېپىۋېلىشنىمۇ ئۆزى بىلمەيتتى ۋە كرېمسقا قاراپ يولدا كېتىۋېتىپ فرانسۇزلار تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ قىلىپ ئەسىرگە چۈشۈشتىن ئەندىشە قىلاتتى.

---

① دىلېمما (Дилемма) — مۇنازىردە ئۈچىنچى بىر خىل دەلىل كەلتۈرگىلى بولمايدىغان بىر بىرىگە زىت ئىككى دەلىل. — تەر.

بروننىدا ھەممە ساراي ئەھلىلىرى ئېغىر يۈك ـ تاقلىرىنى يىغىشـ تۇرۇپ ئۇنى ئولمىيۇتسقا يولغا سالماقتا ئىدى. كىنەز ئاندرېي ئېسسېلسدورفقا يېقىن يەردە يولغا چىقتى، رۇس ئارمىيىسى بۇ يولدا ناھايىتى ئالدىراش ۋە ناھايىتى قالايمىقان ھالدا كېتىۋاتاتتى. يول ئۈستى ھارۋىلار بىلەن شۇنداق تىقىلىپ كەتكەن ئىدىكى، پەيتون ھارۋىدا ئولتۇرۇپ ئۆتۈپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. كىنەز ئاندرېي كازاك باشلىقتىن بىر ئات ۋە بىر كازاكنى ئېلىپ، ئاچ قوساق ۋە ھارغان ھالدا يۈك ھارۋىلىرىغا يېتىشىۋېلىپ، باش قوماندانىنى ۋە ئۆزىنىڭ ھارۋىسىنى ئىزلەپ كەتتى. ئارمىيىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى ئەڭ خەۋپلىك شۇم خەۋەرلەرنى ئۇ يول ئۈستىدە ئاڭلىغان ئىدى، قالايمىقان ھالدا يۈگۈرۈشۈپ كېتىۋاتقان ئارمىيەنىڭ كۆرۈنۈشمۇ بۇ گەپ ـ سۆزلەرنى تەستىقلايتتى.

“Cette armée russe que l’or de l’Angleterre a transportée des extrémités de l’univers, nous allons lui faive éprouver lemême sort (le sort de l’armée d’Ulm), (بىز دۇنيانىڭ بىر چېتىدىن ئەنگلىز ئالتۇنى باشلاپ ئېلىپ كەلگەن رۇس ئارمىيىسىنى، خۇددى شۇنداق كۆرگۈلۈكنى [ئولم ئارمىيەسىنىڭ كۆرگۈلۈكنى] بېشىدىن كەچۈرۈشكە مەجبۇر قىلىمىز)“، — دېگەن ناپالېوننىڭ ئۇرۇش باشلاشتىن ئىلگىرى ئۆز ئارمىيىسىگە بەرگەن بۇيرۇغىدىكى مۇشۇ سۆزلەرنى ئەسلەيتتى ۋە بۇ سۆزلەر ئۇنىڭدا بۇ دانىشمەن قەھرىمانغا نىسبەتەن ئەجەپلىنىش تۇيغۇسىنى قوزغايتتى ۋە شۇنىڭدەك تەھقىرلەنگەن ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىنى ۋە شان ـ شەرەپكە بولغان ئىشەنچىنى قوزغايتتى. ”ئەگەر ئۆلۈشتىن باشقا ھېچنېمە قالمىسىچۇ؟ — دەپ ئويلايتتى ئۇ. — ئەگەر شۇنداق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قىلىش زۆرۈر بولسا! مەن بۇنى باشقىلاردىن يامان قىلمايمەن".

كىنەز ئاندرېي ئۈزۈلمەي كېتىۋاتقان بۇ قالايمىقان قىسىملارغا، ھارۋىلارغا، ئېغىر ۋە يېنىك زەمبىرەكلەرگە، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يەنە بىر بىرىنى قوغلىشىپ، بەزىدە ئۈچ قاتار، بەزىدە تۆت قاتار بولۇپ مېڭىشىپ، بۇ ئىپلاس يولنى قاپلاپ كېتىۋاتقان ھارۋىلار ۋە بولۇشى ئىمكانىيەتلىك ھەرخىل-ھەر ياڭزا ترانسپورت قوراللىرىغا مەنسىتمەسلىك بىلەن قارايتتى. تەرەپ-تەرەپتىن، ئالدىدىن ۋە كەينىدىن، قۇلاق ئاڭلايدىغان ھەممە تەرەپلەردىن چاقلارنىڭ ئاۋازلىرى، كۇرۇپلار، ھارۋىلار ۋە لافېتلار①نىڭ تاراقلىغان ئاۋازلىرى، ئاتلارنىڭ تۇياق تاۋۇشلىرى، قامچىلارنىڭ قارسىلداش ئاۋازلىرى، ئات-ئۇلاقلارنى ھەيدەش ئاۋازلىرى، ئەسكەرلەر، دېنشچىكلار① ۋە ئەپىتسەرلەرنىڭ تىللىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. يولنىڭ ئىككى ياقىسىدا يىقىلغاندىن كېيىن تېرىسى سويۇلغان ۋە سويۇلمىغان ئاتلار، سۇنغان ھارۋىلار ئۈزۈلمەي ئۇچراپ تۇراتتى، بۇ ھارۋىلاردا بىر نەرسىلەرنى كۈتۈشۈپ ئايرىم ئەسكەرلەر ئولتۇرۇشاتتى، بەزىدە قىسىملاردىن ئايرىلىپ قېپقالغان ئەسكەرلەر توپ-توپ بولۇشۇپ يېقىن ئەتراپتىكى يېزىلارغا قاراپ مېڭىشاتتى ياكى يېزىلاردىن توخۇلار، قويلار ۋە ئوت-چۆپلەرنى ياكى قانداقتۇ بىر نەرسىلەر بىلەن توشقۇزۇلغان تاغارلارنى ئېلىپ كېلىشەتتى. ئېگىزگە چىقىدىغان ۋە پەسكە چۈشىدىغان جايلاردا كىشىلەر تېخىمۇ زىچ توپلىشىۋالغان بولۇپ، ۋاقىرىغان ئاۋازلار ئۈزۈلمەيتتى. ئەس-

① لافېت — زەمبىرەك ئورنىتىلغان قۇرۇلمىلار. — تەر.

① دېنشچىك — ئەپىتسەر خىزمەتچىسى. — تەر.

كەرلەر تىزىغىچە پاتقاق لايىلارغا كىرىپ زەمبىرەك ۋە ئات ھارۋى-لىرىنى قوللىرى بىلەن ئىتتىرەتتى؛ قامچىلارنىڭ قارسىلدىغان ئاۋاز-لىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، ئاتلارنىڭ تۇياقلىرى تېيىلىپ كېتەتتى، ئاتلارنىڭ جابدۇقلىرى ئۈزۈلۈپ كېرەكتىن چىقاتتى، ئادەملەر ۋاقى-رىشاتتى. بۇلارنى باشقۇرۇپ كېتىۋاتقان ئەپىتسەرلەر يوك ھارۋىلىرى ئارىسىدا بىردەم ئالدىغا، بىردەم ئارقىغا ئات چاپتۇرۇپ يۈرەتتى، ئۇلارنىڭ ئاۋازلىرى بۇ قىيا-چىيالار ئارىسىدا ئاران ئاڭلىناتتى ۋە ئۇلارنىڭ چىرايلىرىغا قاراپ ئۇلارنىڭ بۇ تەرتىپسىزلىكلەرنى توختى-تىشقا ئامالسىز قالغانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. "voil'a le cher (مانا سۆيۈملۈك) پىراۋوسلاۋ ئەسكەرلىرى "، — دەپ ئويلايتتى بولكونسكى بىلىبىننىڭ سۆزلىرىنى ئەسلەپ.

باش قوماندانىنىڭ نەدىلىكىنى بۇ كىشىلەرنىڭ بىرەرسىدىن سورىماقچى بولۇپ، ئۇ يوك ھارۋىلىرى كارۋىنىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇنىڭ قارشىسىغا توپ-توغرا، غەلىتە، بىر ئات قوشۇلغان پەيتون ھارۋا كەلدى، قارىغاندا ئۇنى ئەسكەرلەر قولىغا ئۇدۇل كەلگەن ماتېرىياللاردىن قۇراشتۇرغان بولسا كېرەك، بۇ پەيتون يوك ھارۋىسى، كابرىولېت① ۋە كولەسكە②نىڭ ئارىسىدىراق بىر ھارۋا ئىدى. ھارۋىنى بىر ئەسكەر ھەيدەپ كېلىۋاتاتتى، بېشىغا ياغلىق ئورىۋالغان بىر ئايال بۇ ھارۋىنىڭ تېرە سايىۋىنىدە ئولتۇراتتى. كىنەز ئاندرېي يېقىن كېلىپ بىر ئەسكەرنى سوراي دېگەندە سايىۋەندە ئولتۇرغان ھېلىقى ئايالنىڭ نالە قىلىپ ۋاقىرىغان ئاۋازى ئۇنىڭ دىق-قىتىنى ئۆزىگە تارتتى. يوك ھارۋىلىرى كارۋىنىغا مەسئۇل بولۇپ

① كابرىولېت — ئىككى چاقلىق يەڭگىل ھارۋا. — تەر.
② كولەسكە — ئىززاۋاش، پوچتا ھارۋىسى. — تەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كېتىۋاتقان ئەپتىسەر بۇ كولەسكىدە ھارۋىسكەش بولۇپ ئولتۇرغان ئەسكەرنى ئۇرماقتا ئىدى، چۈنكى ئۇ باشقىلاردىن ئۆتۈپ كەتمەكچى بولاتتى ۋە قامچا بولسا پەيتون ھارۋىنىڭ سايىۋىنىگە تېگەتتى. ھىلىقى ئايال بولسا قولاقنى يارغۇدەك قاتتىق ۋاقىرايتتى. بۇ ئايال كىنەز ئاندرېنى كۆرۈپ، بېشىنى سايىۋەننىڭ تېشىغا چىقاردى ۋە گىلەم مىلەڭزىنىڭ تېگىدىن ئىرغىپ چىقىپ، ياداڭغۇ قوللىرىنى سىلكىپ تۇرۇپ:

— ئادىيۇتانت! جانابى ئادىيۇتانت!... خۇدا ھەققىدە... ياردەم بېرىڭ...بۇ قانداق گەپ؟ مەن يەتتىنچى ئوقچىلار پولكى دوختۇرىنىڭ خوتۇنى بولىمەن، قويۇپ بەرمەيۋاتىدۇ، بىز ئارقىدا قېلىپ ئۆز كىشىلىرىمىزنى يوقاتقان... — دەپ ۋاقىرايتتى.

— يەنچىپ خېمىر قىلىۋېتىمەن، بۇ ياققا يۇر دەيمەن! — دەپ ۋاقىرىدى غەزەپلەنگەن ئەپتىسەر ئەسكەرگە. — بۇ ياققا يۇر دەيمەن ماۋۇ رەپرىپىڭ بىلەن!

— جانابى ئادىيۇتانت، ياردەم قىلىڭ، بۇ نىمە دېگەن ئىش؟ — دەپ ۋاقىرايتتى دوختۇرنىڭ خوتۇنى.

— ھارۋىنى قويۇپ بەرسىڭىز. سىز كۆرمەيۋاتامسىز، بۇ ئايال ئەمەسمۇ؟ — دېدى كىنەز ئاندرې ئەپتىسەرگە يېقىن كېلىپ.

ئەپتىسەر ئۇنىڭغا قاراپ قويدى ۋە جاۋاپ بەرمەستىنلا يەنە ئەسكەرگە بۇرالدى: — توختىتامسەن، يوق... قايت دېدىم!

— مەن سىزگە قويۇپ بېرىڭ دەۋاتىمەن، — دېدى كىنەز ئاندرې لىۋىنى قىسىپ تۇرۇپ يەنە بىر قېتىم تەكرارلاپ.

— سەن ئۆزەڭ كىمسەن؟ — دەپ مەس قۇترىغان ھالەتتە بىردىنلا ئۇنىڭغا ئاچچىقى بىلەن ۋاقىرىدى ئەپتىسەر. — سەن كىم ئۆزەڭ؟ سەن (ئۇ بولۇپمۇ "سەن" دېيىشتە چىڭ تۇراتتى) باشلىقمۇ،

نىمە، بۇ يەردە؟ بۇ يەردە مەن باشلىق، سەن ئەمەس. سەن ئارقىغا قايت، — تەكرارلىدى ئۇ، — بولمىسا يەنچىپ خېمىر قىلىۋېتىمەن.

بۇنداق دېيىش، ئەپتىسەرگە ياققاندەك كۆرۈنەتتى.

ئادىيۇتانتچاقىنى راسا باپلىدى-دە، — بىر كىشىنىڭ ئاۋازى ئارقىدىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

كىنەز ئاندرېي بۇ ئەپتىسەرنىڭ مەسلىگىدىن سەۋەپسىز قۇتراپ تۇتقاقلىق هالىتىدە تۇرغانلىغىنى، مۇنداق هالەتتە كىشى ئۆزىنىڭ دېگەن سۆزلىرىنى ئۆزلىرى ئەسلىيەلمەسلىگىنى بىلەتتى. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ بۇ هارۋا سايىۋىنىدە ئولتۇرغان دوختۇرنىڭ خوتۇنىسىنىڭ تەرىپىنى ئېلىشى، دۇنيادا هەممىدىن يامان قورقۇنچلۇق بولىدىغانلىغىنى ۋە بۇنىڭ (كۈلكىلىك ridicule) دېيىلىدىغانلىغىنىمۇ بىلەتتى؛ ئەمما ئۇنىڭ تەبىئىتى ئۇنى مۇشۇنداق قىلىشقا ئۈندەيتتى. ئەپتىسەر ئۆزىنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنى سۆزلەپ تۈگىتىشكە ئۈلگۈرمەيلا، كىنەز ئاندرېي غەزەپلەنگىنىدىن خۇنۇكلەشكەن چىرايى بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى-دە، قامچىسىنى ئۇنىڭغا كۆتەردى.

— ئۇ... لارنى ...قو...يۇپ...بېرىڭ!

ئەپتىسەر قولىنى شىلتىدى-دە، دەرهال نېرى كېتىپ قالدى.

— هەممە تەرتىپسىزلىك مۇشۇلاردىن، ئىشتاپتىكىلەردىن كېلىدۇ، — دېدى ئۇ غودۇڭشۇپ. — قېنى، قولىڭىزدىن كەلگىنىنى قىلىڭچۇ.

كىنەز ئاندرېي بېشىنىمۇ كۆتەرمەستىن ئالدىراپ-تېنەپ، ئۆزىنى قۇتقۇزغۇچى دەپ ئاتىغان هېلىقى دوختۇرنىڭ خوتۇنى قېشىدىن كېتىپ قالدى ۋە بۇ خورلۇق كەلتۈرىدىغان مەنزىرىنىڭ ئەڭ كىچىك تەپسىلاتلىرىنى ئەسلەپ، تېخىمۇ نېرى يېزىغا چېپىپ كەتتى، ئادەم-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

لەرنىڭ ئېيتىشىچە باش قوماندان شۇ يېزىدا تۇراتتى.

ئۇ يېزىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاتتىن چۈشتى-دە، بىرەر مىنۇت بولسىمۇ دەم ئېلىۋېلىش، بىرەر نەرسە يەۋېلىش ۋە كۆڭلىنى غەش قىلىۋاتقان ھەممە ئوي-پىكىرلىرىنى ئوبدانراق ئويلاپ كۆرۈش ئۈچۈن توغرا كەلگەن بىرىنچى ئۆيگە قاراپ ماڭدى. "بۇ قوشۇن ئەمەس، رەزىل ئادەملەردىن تەركىب تاپقان بىر ئالىمان"، — دەپ ئويلايتتى ئۇ، شۇ ئۆينىڭ دەرىزىسىگە قاراپ كېتىۋېتىپ، دەل شۇ پەيتتە تونۇش بىر ئاۋاز ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ چاقىردى.

ئۇ ئۆرۈلۈپ قارىدى. كىچىككىنە دەرىزىدىن نېسۋىتسكىنىڭ چىرايلىق يۈزى كۆرۈندى. نېسۋىتسكى شۆلگەيلىك ئاغزىدا نېمىدۇ بىر نەرسىنى چايناپ ۋە قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، ئۇنى ئۆزىگە چاقىرغان ئىدى.

— بولكونسكى، ھەي بولكونسكى! ئاڭلىمايۋاتامسەن، نېمە؟ كەل چاپسان، — دەپ ۋاقىردى ئۇ.

كىنەز ئاندرېي ئۆيگە كىرىپ كەلگەندە نېسۋىتسكىنى ۋە يەنە نېمىدۇ بىر نەرسىنى چايناپ ئولتۇرغان باشقا بىر ئادىيۇتانتنى كۆردى. ئۇلار دەرھال بولكونسكىغا قاراپ، ئۇنىڭدىن قانداق يېڭى خەۋەر بار؟ دەپ سورىدى. ئۇ ئۆزىگە شۇنچە تونۇش بولغان بۇ كىشىلەرنىڭ چىرايىدىن ئەندىشە ۋە خاتىرجەمسىزلىك ئىپادىلىرىنى كۆرگەن ئىدى. بۇنداق ھالەت نېسۋىتسكىنىڭ ھەمىشە كۈلۈپ تۇرىدىغان چىرايىدا تېخىمۇ روشەن بىلىنىپ تۇراتتى.

— باش قوماندان نەدە؟ — دەپ سورىدى بولكونسكى.

— مەشەدە، ئاۋۇ ئۆيدە، — دەپ جاۋاپ بەردى ئادىيۇتانت.

— ھە، نېمە، سۈلھ قىلغانلىقى ۋە تەسلىم بولغانلىقى راستىما؟ —

دەپ سورىدى نىسۋىتسكى.

— مەن سىلەردىن سوراۋاتىمەن. مەن سىلەرنىڭ قىشىڭلارغا ئاران يىتىپ كەلگەندىن باشقا، ھىچنىمىنى بىلمەيمەن.

— بىزدە بولسا، بۇرادەر، مۇشۇ! خەۋپ! ماكنى زاگلىق قىلىپ، بۇرادەر، خاتا قىپتىمەن؛ ئۆزىمىز بولساق، ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر ئەھۋالدا قالدۇق، — دىدى نىسۋىتسكى. — قىنى، ئولتۇرغىنا، بىرەر نەرسە يىسەڭچۇ.

— ھازىر بولسا، كىنەز، نە ھارۋىڭىزنى ۋە نە ھىچنىمىنى تاپالمايسىز، سىزنىڭ پىترىڭىزنىڭ نەدىلىگىنى خۇدا بىلىدۇ، — دىدى باشقا بىر ئاديۇتانت.

— باش ئىشتاپ نەدە؟

— سنايىمدا يىتىپتىمىز.

— مەن بولسام ئۆزەمگە كىرەكلىك ھەممە نەرسىنى تىگىپ ئىككى ئاتقا ئارتتىم، — دىدى نىسۋىتسكى، — يۈكلىرىمنى ماڭا ئوبدان جايلاپ بىرىشتى، بوگىمىيە تاغلىرىدىن يۆگۆرۈپ ئىلىپ ئۆتۈشكىمۇ ئەپلىك. ئەھۋال يامان، بۇرادەر. ئەمما سەن نىمە بولدۇڭ، ئاغرىپ قالغانغۇ ئوخشايسەن، تىترەيسەنغۇ؟ — دەپ سورىدى نىسۋىتسكى، كىنەز ئاندرىينىڭ خۇددى لەيدىن بانكىسىغا تىگىپ كەتكەن چاغدىكىگە ئوخشاش① تىترەپ كىتىۋاتقانلىغىنى كۆرۈپ.

— ھىچقىسى يوق، — دىدى كىنەز ئاندرى جاۋاپ بىرىپ.

ئۇ شۇ پەيتتە ھىلىقى دوختۇرنىڭ خوتۇنى بىلەن يۈك ھارۋىلىرىغا مەسئۇل بولۇپ كىتىۋاتقان ئەپىتسەر ئوتتۇرىسىدا تىخى ھىلىلا

① توك سوقۇۋەتكەندەك دىگەن مەنىدە. — تەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

يۈز بەرگەن توقۇنۇشنى ئەسلەۋاتاتتى.

— باش قوماندان بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى كىنەز ئاندرېي.

— ھېچنېمىنى ئۇقمايمەن، — دېدى نېسۋىتسكى.

— مەن شۇنى ئۇقمەنكى، ھەممىلا يەردە رەسۋاچىلىق! رەسۋاچىلىق! — دېدى كىنەز ئاندرېي، شۇنىڭ بىلەن باش قوماندان تۇرغان ئۆيگە قاراپ كەتتى.

كىنەز ئاندرېي كۇتۇزوۋ ھارۋىسىنىڭ، مۇلازىملىرىنىڭ قارا تەرگە پاتقان ئاتلىرىنىڭ ۋە بىر بىرلىرى بىلەن ۋاقىراپ سۆزلىشىپ تۇرغان كازاكلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ ئارىلىققا كىردى. كۇتۇزوۋ كىنەز ئاندرېينىڭ ئاڭلىشىچە، كىچىككىنە بىر ئۆيدە كىنەز باگراتسىيون ۋە ۋېيروتېر بىلەن تۇراتتى. ۋېيروتېر بولسا ئۆلگەن شمىتنىڭ ئورنىغا كەلگەن ئاۋسترىيە گېنېرالى ئىدى. ئارىلىقتا كىچىككىنە كوزلوۋسكى خەتچى ئالدىدا زوڭزىيىپ ئولتۇراتتى. خەتچى بولسا كېيىمىنىڭ يېڭىنى تۈرۈۋېلىپ، دۈم كۆمتۈرۈپ قويۇلغان سوغىنىڭ ئۈستىدە ئالدىراش خەت يېزىۋاتاتتى. كوزلوۋسكىمۇ كېچىسى ئۇخلىمىغان بولسا كېرەك، ناھايىتى ھارغان كۆرۈنەتتى. ئۇ كىنەز ئاندرېيغا قارىدى-يۇ، ئۇنىڭغا ھەتتا بېشىنىمۇ لىڭشىتىپ قويمىدى.

— ئىككىنچى قۇر... يېزىپ بولدۇڭمۇ؟ — دېدى كوزلوۋسكى خەتچىگە ئېيتىپ بېرىپ. — كىيېۋ بومبىچىلىرى①، پودولسكى.

— مۇنداق تېز يازالمايمەن، تەقسىر، — دەپ جاۋاپ بەردى

---

① بۇ يەردە كىيېۋلىق بومبا ئاتقۇچىلار دېگەن مەنىدە. — تەر.

خەتچى ھۆرمەتسىزلىك بىلەن ۋە ئاچچىقلانغان ھالدا كوزلوۋسكىغا قاراپ.

بۇ چاغدا ئىشىكتىن كۈتۈزوۋنىڭ نىمەدۇ بىر نەرسىگە نارازى بولۇپ قاتتىق ـ قاتتىق سۆزلەۋاتقانلىغى ۋە كىمدۇ بىرسىنىڭ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋېتىۋاتقانلىغى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، بۇ گەپ ـ سۆزلەرنىڭ ئاۋازىغا قاراپ، كوزلوۋسكىنىڭ ئۇنىڭغا ئېتىۋارسىزلىق بىلەن قاراپ تۇرغان قىياپىتىگە قاراپ، ھېرىپ كەتكەن خەتچىنىڭ ھۆرمەتسىز ـ لىگىگە قاراپ، خەتچى بىلەن كوزلوۋسكىنىڭ باش قوماندان ئولتۇر ـ غان ئۆينىڭ دەھلىزىدىكى سوغىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ھالىتىگە قاراپ، شۇنىڭدەك دەرىزىنىڭ تۈۋىدە ئاتلىرىنى تۇتۇپ قاتتىق ـ قاتتىق كۈلۈشۈۋاتقان كازاكلارغا قاراپ، ــ مانا شۇلارنىڭ ھەممىسىگە قاراپ، كىنەز ئاندرېي قانداقتۇ بىر خىل زور ۋە بەختسىز ئىشنىڭ يۈز بېرىدىغانلىغىنى ھىس قىلاتتى.

كىنەز ئاندرېي كوزلوۋسكىغا جىددى مۇئامىلە قىلىپ سوئاللار قويدى.

ــ ھازىر، كىنەز، ــ دىدى كوزلوۋسكى. ــ قانداق ھەركەت قىلىش توغرىسىدا باگراتىيونغا بۇيرۇق يېزىۋاتىمىز.

ــ تەسلىم بولۇش مەسىلىسىچۇ؟

ــ ئەسلا ئۇنداق ئىش يوق؛ جەڭ قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىلدى.

كىنەز ئاندرېي ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭدى، ئۆيىدىن ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. لېكىن ئۇ ئىشىكنى ئاچماقچى بولۇۋاتقاندا، ئۆيدىكى گەپ ـ سۆزلەرنىڭ ئاۋازلىرى جىمىپ قېلىپ ئىشىك ئېچىلـ دى ـ دە، سېمىز يۈزلۈك، بۈركۈت بۇرۇنلۇق كۈتۈزوۋ ئىشىك

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بوسۇغىسىدا پەيدا بولدى. كىنەز ئاندري كۇتۇزوۋقا ئۇدۇل كېلىپ قالدى؛ لېكىن باش قوماندانىنىڭ بىردىن-بىر كۆرىدىغان كۆزىنىڭ قىياپىتىدىن پۈتۈن ئەس-يادى نىمە بىلەندۇ بەنت بولۇپ، ھېچنەرسىنى كۆرمەيۋاتقانغا ئوخشايتتى. ئۇ ئاديۇتانتىقا تىكىلىپ قاراپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى تونۇيالمىدى.

— ھە، تۈگەتتىڭىزمۇ؟ — دىدى ئۇ كوزلوۋسكىغا.

— مانا ھازىر، جانابى ئالىيلىرى.

باش قوماندانىنىڭ ئارقىسىدىن ئوتتۇرا بويلۇق، يۈزى شەرق ئادەملىرىگە ئوخشاش، قەتئىي ۋە ھەركەتسىز چىراي، ئورۇق، تېخى ئانچە قېرىمىغان باگراتىيون چىقتى.

— ئەمرىڭىزگە تەييارمەن، — دىدى كىنەز ئاندري كونۋېرتنى سۇنۇپ بېرىۋېتىپ خېلى يۇقۇرى ئاۋاز بىلەن.

— ھە...ھ! ۋېنادىن كەلدىڭىزمۇ؟ ناھايىتى ياخشى. توختاڭ، توختاڭ!

كۇتۇزوۋ باگراتىيون بىلەن سەيناغا چىقتى.

— ھە، كىنەز، خەير، — دىدى ئۇ باگراتىيونغا، — خۇدا يار بولسۇن. ئىلاھىم، چوڭ جاسارەت كۆرسەت!

كۇتۇزوۋنىڭ بىردىنلا دىلى يۇمشاپ كۆزىگە ياش كەلدى. ئۇ سول قولى بىلەن باگراتىيوننى ئۆزىگە تارتتى-يۇ، ئۈزۈك سالغان ئوڭ قولى بىلەن ئادەتلەنگەن قىلىقى بويىچە ئۇنى چوقۇندۇردى ۋە سېمىز مەڭزىنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى. باگراتىيون بولسا مەڭزىنىڭ ئورنىدا ئۇنىڭ بوينىغا سۆيۈپ قويدى.

— خۇدا يار بولسۇن! — دەپ تەكرارلىدى كۇتۇزوۋ ۋە ھارۋىنىڭ يېنىغا كەلدى. — مېنىڭ بىلەن بىرگە ئولتۇر، — دىدى

بولكونسكىغا.

— ئالى ھەزرەت، مەن مۇشۇ يەردە قېلىپ بۇرچۇمنى ئادا قىلسام دەيمەن. ماڭا كىنەز باگراتسيون ئەترىتىدە قېلىشقا رۇخسەت قىلسىڭىز.

— ئولتۇر، — دېدى كۇتۇزوۋ ۋە بولكونسكىينىڭ يەنە ئارقىغا تارتىشۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: — مېنىڭ ئۆزەمگىمۇ ياخشى ئەپچىسەر-لەر كېرەك، ئۆزەمگىمۇ كېرەك، — دەپ قوشۇپ قويدى.

ئۇلار ھارۋىدا ئولتۇردى ۋە بىرقانچە مىنۇت گەپ قىلماي مېڭىشتى.

— بىزنىڭ ئالدىمىزدا يەنە نۇرغۇن ئىشلار بار، نۇرغۇن ئىشلارنى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ، — دېدى كۇتۇزوۋ، خۇددى بولكونسكىينىڭ كۆڭلىدە ئويلاۋاتقانلىرىنىڭ ھەممىسىنى قېرىلارغا خاس ئۆتكۈرلۈك بىلەن ئۇقۋاتقاندەك قىياپەتتە. — ئەگەر ئۇنىڭ ئەترىتىدىكى كىشىلەر-دىن ئەتە ئوندىن بىرى قايتىپ كېلىدىغان بولسا، مەن خۇداغا تەشەككۈر ئېيتىمەن، — دەپ قوشۇپ قويدى گويا ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەۋاتقاندەك.

كىنەز ئاندرېي كۇتۇزوۋنىڭ يۈزىگە قارىدى ۋە كۆزى ئىختىيار-سىز ئۇنىڭ ئىزمايىل جېڭىدە چېكىسىگە تەككەن ئوقنىڭ ئىزىغا ھەم كور بولۇپ قالغان كۆزىگە چۈشتى. "ھە، ئۇ بۇ كىشىلەرنىڭ ھالا-كىتى ھەققىدە مۇشۇنداق ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن گەپ قىلىشقا ھەق-لىق ئىكەن!" دەپ ئويلايتتى بولكونسكىي.

— شۇ سەۋەپتىنمۇ مېنى شۇ ئەترەتكە ئەۋەتىشىڭىزنى سوراي-مەن، — دېدى كىنەز ئاندرېي.

كۇتۇزوۋ جاۋاپ بەرمىدى. ئۇ ئۆزى دېگەن سۆزلىرىنى ئۇنتۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قالغاندەك ئىدى ۋە چوڭقۇر ئويغا چۆككەن ھالدا ئولتۇراتتى. بەش مىنۇتتىن كېيىن ھارۋىنىڭ يۇمشاق رېسسورلىرىدا يەڭگىلگىنە سىلكىنىپ، كۇتۇزوۋ كىنەز ئاندرېيغا قارىدى. ھاياجانلىنىشتىن قىلچە ئەسەرمۇ قالمىغان ئىدى. ئۇ نازۇككىنە مەسخىرىلىك بىلەن كىنەز ئاندرېيدىن ئۇنىڭ پادىشا بىلەن كۆرۈشكەنلىكى توغرىسىدىكى تەپسىلاتلارنى، كرېمستا بولغان ۋەقەلەر توغرىسىدا سارايدا ئاڭلىغان ھەر خىل گەپ-سۆزلەرنى، شۇنىڭدەك ھەممىسگە تونۇش بولغان خوتۇنلارنى سوراۋاتاتتى.

## 14

كۇتۇزوۋ بىرىنچى نويابىردا چارلامچىسىدىن ئۆزى قوماندانلىق قىلىۋاتقان ئارمىيىنىڭ تامامەن دېگۈدەك ئىلاجسىز ھالەتتە قالغانلىقى توغرىسىدا بىر خەۋەر ئالدى، چارلامچى فرانسۇزلارنىڭ ناھايىتى زور قوشۇنى ۋېنا كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ، كۇتۇزوۋنىڭ روسسىيەدىن كېلىۋاتقان قوشۇنلار بىلەن ئالاقە قىلىش يولىغا كېتىۋاتىدۇ دەپ خەۋەر ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئەگەر كۇتۇزوۋ كرېمستا قالسىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا يۈز ئەللىك مىڭ كىشىلىك ناپالېون ئارمىيىسى ئۇنىڭ ھەممە ئالاقە يوللىرىنى كېسىپ تاشلاپ، قىرىق مىڭ كىشىلىك ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن ئارمىيىسىنى قورشىۋالغان بولاتتى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ماكنىڭ ئۇلىم ئەتراپىدا چۈشكەن ئەھۋالىغا دۇچكەلگەن بولاتتى. ئەگەر كۇتۇزوۋ روسسىيەدىن ياردەمگە كېلىۋاتقان قوشۇنلار بىلەن ئالاقە قىلىش يولىنى ئۆزۈپ تاشلاشقا قارار قىلسا، ئۇ ھالدا ئۆزىنى دۈشمەننىڭ ناھايىتى زور كۈچىدىن قوغداش جېڭىسىنى ئېلىپ بېرىپ

چوڭ يولدىن ئاجراپ چىقىپ، بوگىمىسيە تاغلىرىنىڭ نامەلۇم چەت ياقىلىرىغا كىرىپ كېتىشكە، شۇنداق قىلىپ، بۇكسگېۋدېن بىلەن بولىدىغان ھەرقانداق ئالاقىنى تاشلاپ قويۇشقا مەجبۇر بولاتتى. ئەگەر كۇتۇزوۋ كرېمستىن ئۇلميۇتسقا بارىدىغان يولنى بويلاپ چېكىنىپ، روسىيىدىن كېلىۋاتقان قوشۇنلار بىلەن قوشۇلۇشىنى قارار قىلسا، ئۇ بۇ يولدا ۋېنا كۆۋرۈكىدىن ئۆتكەن دۈشمەنلەرنى ئالدىن خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇشقا تەۋەككۈل قىلغان بولاتتى ۋە شۇنداق قىلىپ، ئۆزىنىڭ ھەممە يۈك-تاقلىرى ۋە ھارۋىلىرى بىلەن يولدا كېتىۋېتىپ جەڭنى قوبۇل قىلىشقا، ئۆزىگە قارىغاندا ئۈچ ھەسسە ئارتۇق كۈچكە ئىگە بولغان ھەم ئۇنى ئىككى تەرەپتىن قورشىۋالغان دۈشمەن بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇر بولغان بولاتتى.

كۇتۇزوۋ ئەڭ ئاخىرقى يولنى تاللىۋالدى.

چارلامچى خەۋەر قىلغانىدەك، فرانسۇزلار ۋېنا كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ كۇتۇزوۋنىڭ چېكىنىش يولىدا ئۇنىڭ ئالدىدا يۈز چاقىرىمدىن كۆپرەك يىراقلىقتا تۇرغان سنايمغا قاراپ ناھايىتى تېز كېتىۋاتاتتى. سنايمغا فرانسۇزلاردىن بۇرۇن يېتىپ بېرىش — ئارمىيىنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ چوڭ ئۈمىدىگە ئىگە بولۇش دېگەنلىك ئىدى؛ سنايمدا ئۆزىنى فرانسۇزلارغا ئالدىنئالا بىلىندۈرۈپ قويۇش — ئېھتىمال ئۆز ئارمىيىسىنى خۇددى ئۇلمدىكىگە ئوخشاش شەرمەندە بولۇشقا دۇچار قىلىش ياكى تامامەن ھالاك قىلىش دېگەنلىك بولاتتى. لېكىن ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئارمىيىسى بىلەن فرانسۇزلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. فرانسۇزلارنىڭ ۋېنادىن سنايمغىچە بېسىپ ئۆتىدىغان يولى، رۇسلارنىڭ كرېمستىن سنايمغىچە بېسىپ ئۆتىدىغان يولىغا قارىغاندا قىسقا ۋە ئوبدان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىدى①.

خەۋەرنى تاپشۇرۇۋالغان كېچىسى كۇتۇزوۋ باگراتىيوننىڭ تۆت مىڭ كىشلىك ئاۋانگارت قىسىملىرىنى ئوڭ تەرەپتىكى تاغلاردىن ئۆتۈپ، كرېمس-سنايىم يولىدىن ۋېنا-سنايىم يولىغا ئەۋەتتى. باگراتىيون بۇ مەنزىلنى دەم ئالماستىن ئۆتۈپ كېتىشى، ئالدىنى ۋېناغا، ئارقىسىنى سنايىمغا قارىتىپ توختىشى ۋە ئەگەر ئۇنىڭغا فرانسۇزلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش مۇمكىن بولسا، ئۇ قولىدىن كېلىشىچە فرانسۇزلارنى ئارقىسىغا تارتىپ تۇتۇپ تۇرۇشى كېرەك ئىدى. كۇتۇزوۋنىڭ ئۆزى ھەممە ئېغىر يۈكلىرى بىلەن سنايىمغا ماڭاتتى.

باگراتىيون ئۆزىنىڭ ئاچ قالغان، ئاياق كىيىملىرى يىرتىلىپ كەتكەن ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، يول يوق تاغلاردىن ئۆتۈپ، بوران-يامغۇردا تۈندە قىرىق بەش چاقىرىم يول يۈرۈپ، ئۆز ئەسكەرلىرىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى يولدا يوقىتىپ، ۋېنادىن گوللابرۇنغا يېقىنلى-

---

① مېۋراتنىڭ ۋېنادىن سنايىمغا يۈرۈش قىلىش يولى كۇتۇزوۋنىڭ كرېمستىن چېكىنىدىغان چوڭ يولىنىڭ شەرقىدە ئىدى. بۇ ئىككى يول بىر بۇرجەكتە قوشۇلاتتى. بۇ ئىككى يولنىڭ قوشۇلىدىغان جايىدا كرېمستىكى يولدىن ۋېناغا بېرىشقا بولاتتى، ئىككى يولنىڭ تۇتىشىدىغان جايىنىڭ بىرى گوللابرۇن (باگراتىيون شۇ جايغا ئەۋەتىلگەن ئىدى)دا، يەنە بىرى گرۇنت ۋە شىنگرابىن يېزىسىدا ئىدى، ئاخىرقى بىر يول تېخىمۇ ئالدىدا بولۇپ، بىر قەدەر ئەپلىك ئىدى. باگراتىيون مېۋراتتىن ئىلگىرى گوللابرۇنغا يېتىپ كېلىشى، كۇتۇزوۋ بولسا گرۇنت ۋە شىنگرابىنغا يېتىپ كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن قوشۇلۇشى، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ ئېغىر يۈك-تاقلىرىنى توپ-توغرا سنايىمغا يولغا سېلىۋېتىشى كېرەك ئىدى. ئۇرۇش ھەركەتلىرى، تۆۋەندىكى باپلاردا بايان قىلىنغاندەك، شىنگرابىندا تۇغۇلدى. — تەر.

شىپ كەلگەن فرانسۇزلاردىن بىرقانچە سائەت ئىلگىرى، گوللابىرۇندا ۋىنا ـ سنايىم چوڭ يولغا چىقتى. كۇتۇزوۋ سنايىمغا يېتىپ بېرىش ئۈچۈن، يۈك ـ تاق بېسىلغان هارۋىلىرى بىلەن يەنە سوتكىلاپ يول يۈرۈشكە توغرا كېلەتتى ۋە شۇ سەۋەپتىن، ئارمىيىسىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، باگراتىيون ئۆزىنىڭ ئاچ قالغان، هېرىپ هالىدىن كەتكەن تۆت مىڭ كىشىلىك ئەسكەرلىرىدىن پايدىلىنىپ دۈشمەنىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن گوللابىرۇندا ئۇچراشقان ھەممە ئارمىيىسىنى بىرقانچە سوتكىغىچە تۇتۇپ تۇرۇشى كېرەك ئىدى، روشەنكى، مۇنداق قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. لېكىن مۇمكىن بولمىغان نەرسىنى غەلىتى بىر تەقدىر مۇمكىن بولىدىغان قىلىپ قويىدى. ۋىنا كۆۋرۈكىنى ئۇرۇشماي تۇرۇپ فرانسۇزلارنىڭ قولىغا بېرىپ قويۇشتەك ئالدامچىلىقنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى، مىيۇراتنى خۇددى شۇنداق يول بىلەن كۇتۇزوۋنى ئالداش ئۈچۈن ئۇرۇنۇپ كۆرۈشكە قوزغىغان ئىدى. سنايىم يولىدا باگراتىيوننىڭ ئاجىز ئەترىدىگە ئۇچرىغان مىيۇرات كۇتۇزوۋنىڭ ھەممە ئارمىيىسى مۇشۇ ئىكەن دەپ ئويلايتتى. بۇ ئارمىيىنى تولۇق يوقىتىش ئۈچۈن، ئۇ ۋىنادىن چىقىپ يولدا قېپقالغان باشقا ئەسكەرلەرنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى ۋە شۇ مەقسەت بىلەن ئۈچ كۈنگىچە سۈلھ قىلىشنى تەكلىپ بەردى، شۇ شەرت بىلەنكى، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئەسكەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ ھالىتىنى ئۆزگەرتمەسلىكى ۋە تۇرغان يېرىدىن قوزغالماسلىقى كېرەك ئىدى. مىيۇرات سۈلھ توغرىسىدا سۆھبەت بولۇۋاتىدۇ ۋە شۇ سەۋەپتىن پايدىسىز قان ئاققۇزماسلىق ئۈچۈن، سۈلھ قىلىشنى تەكلىپ بېرىۋاتىمەن دەپ ئىشەندۈرمەكچى بولىدى. ئالدىنقى پوسلاردا تۇرغان ئاۋستىرىيە گېنېرالى گراف نوستىس مىيۇرات ئەلچىسىنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەندى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ۋە باگراتىيون تەرەپكە يولنى ئوچۇق قالدۇرۇپ چېكىندى. يەنە بىر ئەلچى سۇلھ سۆھبىتى توغرىسىدا خۇددى شۇنداق خەۋەرنى ئېلان قىلىش ۋە رۇس قوشۇنلىرىغا ئۈچ كۈنلۈك سۇلھىنى تەكلىپ بېرىش ئۈچۈن، رۇسلارنىڭ ئالدىنقى سېپىگە باردى. باگراتىيون سۇلھ توغرىسىدىكى تەكلىپنى قوبۇل قىلالماسلىقىنى ياكى قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۆزىگە بېرىلگەن تەكلىپ توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاديۇتانتى ئارقىلىق كۇتۇزوۋغا ئەۋەتتى.

سۇلھ كۇتۇزوۋ ئۈچۈن ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈش، شۇنىڭدىن پايدىلىنىپ باگراتىيوننىڭ ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن ئەترىدىگە دەم ئېلىش ئىمكانىيىتىنى بېرىش ۋە يۈك كارۋانلىرى بىلەن ترانسپورت قىسىملىرىنى سىنايىمغىچە بىر مەنزىل ئوشۇقراق بولسىمۇ ئۆتكۈزۈۋېتىش (بۇلارنىڭ ھەركىتى فرانسۇزلاردىن يوشۇرۇنچە بولاتتى)نىڭ بىردىن-بىر ۋاستىسى ئىدى. سۇلھ توغرىسىدىكى تەكلىپ ئارمىيىنى قۇتقۇزۇشنى بىردىن-بىر ۋە كۈتۈلمىگەن ئىمكانىيەت بىلەن تەمىنلەيتتى. بۇ خەۋەرنى تاپشۇرۇۋالغان كۇتۇزوۋ ئۆز يېنىدا تۇرغان گېنېرال-ئاديۇتانت ۋىنسېنگېرودنى دەرھال دۈشمەن لاگېرىغا ئەۋەتتى. ۋىنسېنگېرود پەقەت سۇلھنى قوبۇل قىلىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى يەنە تەسلىم بولۇش شەرتلىرىنىمۇ ئېيتىشى كېرەك ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كۇتۇزوۋ ئۆزىنىڭ ئاديۇتانتلىرىنى قايتىپ بېرىپ پۈتۈن ئارمىيىنىڭ كرېمس-سنايىم يولىدىكى يۈك كارۋانلىرىنىڭ ھەركىتىنى ئىمكان قەدەر تېزلىتىشكە ئەۋەتتى. باگراتىيوننىڭ ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن ۋە ئاچ قالغان ئەترىدى يۈك كارۋانلىرىنىڭ ۋە پۈتۈن ئارمىيىنىڭ ھەركىتىنى ئۆزى مۇستەقىل ھالدا ئۆز قانىتى ئاستىغا ئېلىپ، ئۆزىگە قارىغاندا سەككىز ھەسسە كۈچلۈك بولغان

دۈشمەن ئالدىدا قىمىرلىماستىن تۇرۇشى كېرەك ئىدى.

كۇتۇزوۋنىڭ ھېچقانداق مەجبۇرىيەتنى ئۈز ئۈستىگە ئالمايدىغان تەسلىم بولۇش تەكلىۋى توغرىسىدىكى كۈتكەنلىرى يۈك كارۋانلىرىنىڭ مەلۇم قىسمىنىڭ ئۆتۈپ كېتىشى ئۈچۈن ۋاقىت بېرىشى مۇمكىن ئىدى، شۇنىڭدەك مۇراتنىڭ خاتالىغىمۇ ناھايىتى تېز ئاشكارىلىنىپ قالاتتى، ئۇنىڭ ھەر ئىككى جەھەتتە كۈتكەنلىرى دىگەنىدەك بولۇپ چىقتى. گوللابرۇندىن يىگىرمە بەش چاقىرىم نېرىسىدا شېنبرانىندا تۇرغان بوناپارت سۈلھ ۋە تەسلىم بولۇش لايىھەسى توغرىسىدا مۇراتنىڭ ئەۋەتكەن مەكتۇبىنى تاپشۇرۇۋېلىش بىلەن تەڭ، مۇراتنىڭ ئالدانغانلىغىنى بىلدى-يۇ، ئۇنىڭغا تۆۋەندىكى خەتنى يازدى:

“Au prince Murat. Schoenbrunn, 25 brumaire en 1805 à huit heures du matin.

“Il m'est impossible de trouver des termes pour vous exprimer mon mécontentement. Vous ne commandez que mon avant-garde et vous n'avez pas le droit de fair d'armistice sans mon orde. Vous me faites perdre le fruit d'une campagne. Rompez l'armistice sur-le-champ et marchez à l'ennem. Vous lui ferez déclarer, que le général qui a signè cette capitulation, n'avait pas le droit de le faire, qu'il n'y a que l'Empeveur de Russie qui ait ce droit.

“Toutes les fois cependant que l'Empereur de Russie ratifierait la dite couvention, je la ratifierai; mais ce

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

n'est qu'une ruse. Marchez, dètruisez l'armèe russe… vous ètes en position de prendre son bagage et son artillerie.

"L'aide-de-camp de l'Empereur de Russie est un… Les officieres ne sont rien quand ils n'ont pas de pouvoirs: celui-ci n'en avait point… Les Autrichiens se sont laissè jouer pour le passage du pont de Vienne, vous vous laissez jouer par un aide-de-camp de l'Empereur.

Napolèon".

"شاھزادە مىيۇراتقا. شېنبرۇنن، 1805-يىل، 25-نويابىر، ئەتىگەن سائەت 8.

"مەن سىزگە ئۆزەمنىڭ نارازىلىقىمنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن سۆز تاپالمايمەن. سىز پەقەت مېنىڭ ئاۋانگارت قىسىملىرىمغا قوماندانلىق قىلىسىز ۋە مېنىڭ بۇيرۇغۇمسىز سۈلھ قىلىشقا ھەقلىق ئەمەسسىز. سىز مېنى پۈتكۈل ئۇرۇش ھەركەتلىرىنىڭ مېۋىلىرىدىن قۇرۇق قىلىشقا مەجبۇر قىلىۋاتىسىز. سۈلھ كېلىشىمىنى دەرھال يىرتىپ تاشلاڭ ۋە دۈشمەنگە قارشى ئاتلىنىڭ. سىز ئۇنىڭغا، بۇ تەسلىم بولۇش توختىمىغا ئىمزا قويغان گېنېرال بۇنىڭغا ھوقۇقلۇق ئەمەس، پەقەت روسىيە پادىشاسىدىن باشقا ھېچكىم مۇنداق ھوقۇققا ئىگە ئەمەس دەپ ئېلان قىلىڭ.

"بىراق، ئەگەر روسىيە پادىشاسى يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان شەرتكە رازى بولىدىغان بولسا، مەنمۇ قوشۇلىمەن، لېكىن بۇ ھىلىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئاتلىنىڭ، رۇس ئارمىيىسىنى يوقىتىڭ...سىز

ئۇنىڭ يۈك كارۋانلىرى ۋە ئۇنىڭ ئارتىللېرىيىسىنى[1] قولغا چۈشۈرۈشىگىمىز مۇمكىن.

"روسىيە پادىشاسىنىڭ گېنېرال-ئادىيۇتانتى ئالدامچى ۋاكالەت ھوقۇقى بېرىلمىگەن ئەپتىسەرلەرنىڭ ھېچقانداق ئېتىۋارى يوق... ئۇنىڭغىمۇ ۋاكالەت ھوقۇقى بېرىلمىگەن...بىز ۋېنا كۆۋرۈكىدىن ئۆتكەن چېغىمىزدا ئاۋستىرىيىلىكلەر ئالدانغان ئىدى، ئەمدى پادىشانىڭ ئادىيۇتانتى سىزنى ئالداۋاتىدۇ.

ناپالېون".

بوناپارتىنىڭ ئادىيۇتانتى بۇ دەھشەتلىك خەتنى ئېلىپ، ئېتىنى بولۇشىغا قويۇپ بېرىپ، ميۇراتنىڭ ئالدىغا چاپتۇرۇپ كەتتى. بوناپارتىنىڭ ئۆزى بولسا ئۆز گېنېراللىرىغا ئىشەنمىگەنلىكتىن، تەييار ئولجىنى قولدىن چىقىرىپ قويۇشتىن قورقۇپ، ئۆز گۋاردىيىسىنى باشلاپ جەڭ مەيدانىغا ھەركەتلەندى. باگراتىيونىنىڭ تۆت مىڭ كىشىلىك ئەترىدى بولسا خوشال-خورام ھالدا گۈلخانلىرىنى يېقىپ؛ كىيىم-كېچەكلىرىنى قۇرۇتۇپ ۋە ئىسسىنىپ، ئۈچ كۈندىن بېرى بىرىنچى قېتىم شورپا گۈرۈچ قاينىتىپ ئولتۇرۇشاتتى، ئەترەتتىكى كىشىلەرنىڭ ھېچبىرسىمۇ بېشىغا يەنە نېمە ئىشلار كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى ۋە ئويلاپمۇ قويمايتتى.

## 15

كىنەز ئاندرې كۇتۇزوۋغا سۇنغان ئىلتىماسىدا چىڭ تۇرۇپ،

---

[1] ئارتىللېرىيە — توپ-زەمبىرەكلەر ياكى شۇنداق قىسىم. — تەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن، كەچقۇرۇن سائەت تۆتلەردە گرۇنتقا يېتىپ كېلىپ، باگراتىيون ھوزۇرىغا كەلدى. بوناپارتنىڭ ئادىيۇتانتى مىيۇراتنىڭ ئەترىدىگە تېخى يېتىپ كەلمىگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن جەڭمۇ تېخى باشلانمىغان ئىدى. باگراتىيوننىڭ ئەترىتىدىكىلەر ۋەزىيەتنىڭ ئومۇمى ئەھۋالىنى ئۇقمايتتى، ئۇلار سۈلھ توغرىسىدا سۆزلەشسىمۇ ئەمما ئۇنىڭ مۇمكىنلىكىگە ئىشەنمەيتتى. جەڭ توغرىسىدا سۆزلەشسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىغىمۇ ئىشەنمەيتتى.

باگراتىيون بولكونسكىنى كۇتۇزوۋنىڭ سۆيۈملۈك ۋە ئىشەنچلىك ئادىيۇتانتى دەپ بىلەتتى، شۇڭا، ئۇنى ئايرىم ئېتىۋار ۋە ئىلتىپات بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا بۈگۈن-ئەرتە جەڭ بولۇش ئېھتىمالى بارلىقىنى ئېيتتى ۋە ئۇنىڭغا جەڭ ۋاقتىدا خالىسا ئۆزىنىڭ يېنىدا تۇرۇشقا ياكى ئارىيېرگاردتا قېلىپ، چېكىنىش تەرتىۋىنى كۆزىتىپ بېرىشقا تولۇق ئەركىنلىك بېرىپ، "بۇمۇ ناھايىتى مۇھىم ئىش" دېدى.

— لېكىن بۈگۈن ئېھتىمال جەڭ بولماس، — دېدى باگراتىيون، خۇددى كىنەز ئاندرېيگە تەسەللى بەرگەندەك.

"ئەگەر بۇمۇ ئىشتاپتىن پەقەت مېدال ئېلىش ئۈچۈنلا ئېۋەتىلىدىغان ئادەتتىكى بايۋەچچىلەردىن بىرى بولسا، ئارىيېرگاردتىمۇ مۇكاپات ئېلىشى مۇمكىن، ئەگەر مەن بىلەن بىللە بولۇشنى خالىسا، مەيلى...باتۇر ئەپتىسەر بولسا، زۆرۈر بولۇپ قالار" دەپ ئويلايتتى باگراتىيون. كىنەز ئاندرېي باگراتىيوننىڭ سۆزلىرىگە ھېچنىمە دەپ جاۋاپ بەرمەستىن، تاپشۇرۇق ئالغان چاغدا قاياققا بېرىشنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن، چارلاش پوزىتسىيىسىنى، قوشۇنلار تۇرغان

جاينى كۆرۈشكە ئۇنىڭدىن ئىجازەت سورىدى. ئەترەتنىڭ چىرايلىق ۋە ئالىپتە كىيىنگەن، كۆرسەتكۈچ بارمىقىغا ئالماس كۆزلۈك ئۈزۈك تاقىغان، فرانسۇزچىنى ياخشى بىلمىسمۇ، ئەمما ناھايىتى ئىشتىياق بىلەن سۆزلەيدىغان نۆۋەتچى ئەپىتسەرى كىنەز ئاندرېنى باشلاپ بېرىش ئۈچۈن چاقىرتىلدى.

ھەممە تەرەپتىن خۇددى نىمىدۇ بىر نەرسىلەرنى ئىزدەپ يۈرگەن قاپاقلىرى تۈرۈلۈك، ئۈستى-باشلىرى نەم ئەپىتسەرلەر، يېزىدىن ئىشلەك، ئورۇندۇق ۋە چېتەن تامنىڭ تاختىلىرىنى كۆتىرىپ كېلىۋاتقان ئەسكەرلەر كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— بۇلارنى ھېچ ئادەم قىلالمايۋاتىمىز، كىنەز، — دىدى ئىشتاپ ئەپىتسەرى ئادەملەرنى كۆرسىتىپ، — كاماندىرلار ئەسكەرلەرنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىپ، مانا بۇ يەرگە كىرىۋېلىپ، بەھوزۇر ئولتۇرۇشۇپتۇ، — دىدى باققال چېدىرىنى كۆرسىتىپ، — ئەتىگەن ھەممىسىنى ھەيدىۋەتكەن ئىدىم، قاراڭ، يەنە يىغىلىشىپتۇ، بېرىپ بىر قورقۇتۇۋېتىش كېرەك، كىنەز. شۇ زاماتلا.

— يۈرۈڭ، بىرگە بارايلۇق، مەنمۇ پىشلاق بىلەن نان ئالماقچىدىم، — دىدى تېخىچە ئەتىگەنلىك ناشتا قىلمىغان كىنەز ئاندرې.

— سىز ھېلى نىمىشقا دېمىدىڭىز، كىنەز؟ مەن ئۆزەمنىڭ نان-چايلىرىم بىلەن كۈتكەن بولاتتىم-غۇ.

ئۇلار ئاتلىرىدىن چۈشۈپ، باققالنىڭ چېدىرىغا كىرىشتى. ھېرىپ كەتكەن، يۈزلىرى قىزارغان بىرقانچە ئەپىتسەر شىرەلەردە يەپ-ئىچىپ ئولتۇراتتى.

— بۇ قانداق گەپ، ئاخىر، جاناپلار! — دىدى ئىشتاپ ئەپىتسەرى، خۇددى شۇ گەپنى بىرقانچە قېتىم ئېيتىۋېرىپ جېنىغا

تەككەن ئادەمدەك. ــ خىزمەتنى تاشلاپ قويۇشقا بولمايدۇ. كىنەز ھېچكىمنى قالدۇرما دەپ بۇيرۇدى. بۇ قانداق بولغىنى، جانابى شتابىس-كاپىتان، دېدى ئۇ كىچىككىنە، باش-كۆزى كىر، ئورۇق توپچى ئەپىتسەرگە قاراپ؛ ئۇ ئۆتۈكسىز، پايپاق بىلەن ئولتۇراتتى (ئۇ ئۆتۈكلىرىنى قۇرۇتۇش ئۈچۈن باققالغا بەرگەن ئىدى)، ئۇلار كىرگەندە، ئۇ غەيرى تەبىئى جىلمىيىپ ئورنىدىن تۇردى.
ــ ھە، كاپىتان تۇشىن، سىزگە ئۇيات ئەمەسمۇ؟ ــ دېدى سۆزىنى داۋام قىلىپ ئىشتاپ ئەپىتسەرى، ــ سىز بولسىڭىز توپچى ئەپىتسەر، ھەممىگە نەمۇنە بولۇشىڭىز كېرەك ئىدى، ئەمما سىز ئۆتۈكسىز ئولتۇرۇپسىز. ئۇلار سىگنال① بەرمەكچى، سىز تېخى يالاڭ ئاياق ھوزۇر قىلىپ ئولتۇرۇپسىز-دە، (ئىشتاپ ئەپىتسەرى كۈلۈمسىرەپ قويدى). قېنى، ھەممەڭلەر جاي-جايىڭلارغا كېتىڭلار، جاناپلار، ھەممەڭلار. ــ دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ باشلىقلاردەك.
كىنەز ئاندرېي شتابىس-كاپىتان تۇشىنغا ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرەپ قويدى. تۇشىن لام-جىم دېمەستىن ۋە تەبەسسۇم قىلىپ تۇرۇپ، ئېغىرلىقىنى يالىڭاچ پۇتلىرىنىڭ بىردەم بىرسىگە، بىردەم ئىككىنچىسىگە سېلىپ، چوڭ، مەنالىق ۋە مۇلايىم كۆزلىرىدىن سوئال نەزىرى بىلەن بىردەم كىنەز ئاندرېيگە، بىردەم ئىشتاپ ئەپىتسەرىگە قارايتتى.
ــ ئەسكەرلەردە: يالاڭ ئاياق بولساڭ، ئەپچىلرەك بولىسەن،

---

① سىگنال ــ خەۋپ-خەتەرنى بىلدۈرىدىغان سىگنال. دۈشمەن ھاۋادىن ياكى باشقا تەرەپلەردىن ھۇجۇم قىلماقچى بولغاندا بېرىلىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن داڭ ئۇرۇلىدۇ ياكى زاۋۇت-فابرىكىلارنىڭ گۇدۇكلىرى ۋاقىرايدۇ. ــ تەر.

دىگەن گەپ بار، — دىدى كاپىتان تۇشىن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ ۋە قىزىرىپ، ئۆزىنىڭ ناقۇلاي ھالىتىدىن چاقچاق قىلىش ھالىتىگە ئۆتمەكچى بولغاندەك قىلىپ.

بىراق، ئۇ سۆزىنى تۈگەتمەي تۇرۇپلا، بۇ چاقچىقىنىڭ ئۆتمىگىنىنى ۋە دىگەن يېرىدىن چىقمىغىنىنى سېزىپ خىجالەت بولۇپ قالدى.

— قېنى، كېتىپ قېلىڭ، — دىدى ئىشتاپ ئەپىتسەرى ئۆزىنىڭ جىددىيلىگىنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشىپ.

كىنەز ئاندرېي توپچى ئەپىتسەرنىڭ تۇرقىغا يەنە بىر قېتىم قاراپ قويدى. ئۇنىڭ قىياپىتىدە قانداقتۇ غەلىتى، ھەربىي ئادەمگە مۇتلەق ئوخشىمايدىغان، كىشىنىڭ كۈلكىسىنى قىستايدىغان، لېكىن كىشىنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىدىغان ئالاھىدىلىك بار ئىدى.

ئىشتاپ ئەپىتسەرى بىلەن كىنەز ئاندرېي ئاتلىرىغا مىنىشىپ كېتىپ قالدى.

ئۇلار يېزىدىن چىقىپ، يوللاردا ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان-كېتىۋاتقان ئەسكەرلەر ۋە ھەر خىل كاماندا ئەپىتسەرلىرىنى قوغلاپ ئۆتۈپ كېتىپ ھەم ئۇچرىتىپ، سول تەرەپتە قىزىرىپ تۇرغان توپىسى تېخى ئەمدىلا كولاپ چىقىرىپ تاشلانغان يېڭى قۇرۇلغان ئىستىھكاملارنى كولاپ كۆردى. بىرقانچە باتالىيون ئەسكەر كۆينەكچان ھالدا، ئىزغىرىن سوغاققا قارىماستىن، خۇددى ئاق چۈمۈلىلەردەك، شۇ ئىستىھكاملاردا مىڭىلدىماقتا ئىدى؛ توپا دۆڭلىرىنىڭ نېرىقى تەرىپىدە كىملەردۇ گۈرجەك بىلەن قىزىل توپىنى توختىماستىن ئاتماقتا ئىدى. ئۇلار ئىستىھكامنىڭ ئارقىسىدا ئىستىھكامدىن يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ، توختىماستىن ئالمىشىپ دەم ئېلىۋاتقان بىرقانچە ئون ئەسكەرگە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

يولۇقتى. ئۇلار بۇ سېسىق هاۋادىن تېزرەك چىقىپ كېتىش ئۈچۈن، بۇرۇنلىرىنى ئېتىپ ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ ئۆتۈپ كېتىشى كېرەك ئىدى.

— Voilà l'agrèment des camps, mosieur le prince (لاگېرنىڭ يېقىملىقلىقى مانا شۇ-دە، كىنەز)، — دېدى نۆۋەتچى ئىشتاپ ئەپىتسەرى.

ئۇلار نېرىسىدىكى تەرەپتىكى تاقىغا چىقتى. بۇ يەردىن فرانسۇزلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى. كىنەز ئاندرېي توختاپ سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى.

بىزنىڭ باتارېيىمىز① مانا شۇ يەردە تۇرىدۇ، — دېدى ئىشتاپ ئەپىتسەرى ئەڭ ئېگىز بىر يەرنى كۆرسىتىپ، — ھېلىقى ئۆتۈكسىز ئولتۇرغان تەنتەكنىڭ باتارېيىسى، ئۇ يەردىن ھەممە تەرەپنى كۆرگىلى بولىدۇ. بارايلىچۇ، كىنەز.

— رەھمەت، ئەندى ئۆزەم بارىۋېرىمەن، — دېدى كىنەز ئاندرېي ئىشتاپ ئەپىتسەرىدىن تېزرەك قۇتۇلماقچى بولۇپ، — سىز ئەنسىرىمەڭ.

ئىشتاپ ئەپىتسەرى قېلىپ، كىنەز ئاندرېي ئۆزى ئاتلىق كېتىپ قالدى.

ئۇ ئالدىغا يۈرگەنسېرى، يەنى دۈشمەنگە يېقىنلاشقانسېرى، ئەسكەرلەر شۇنچە تەرتىپلىك ۋە روھى شۇنچە ئۈستۈن كۆرۈنەتتى. ئەڭ تەرتىپسىز ۋە روھى چۈشكەن قوشۇننى ئۇ ئەتىگەن سىنايىمغا يېقىن، فرانسۇزلاردىن ئون چاقىرىم بۇ ياقتا كۆرگەن ئىدى.

---

① باتارېيە — بۇ يەردە: توپ-زەمبىرەكچى قىسىم. — تەر.

گىرۇنتىتىمۇ بىرئاز تەشۋىش ۋە بىرقەدەر ۋەھىمە بار ئىدى. ئەمما كىنەز ئاندرېي فرانسۇزلارغا يېقىنلاشقانسىرى قوشۇنلىرىمىزنىڭ ئۆز كۆچىگە بولغان ئىشەنچى ۋە روھى شۇنچە روشەن كۆرۈنەتتى. شىنېل كىيگەن ئەسكەرلەر سەپ تارتىپ تۇراتتى، فېلد فېبېل① ۋە روتا كوماندىرلىرى ئادەملەرنى بۆلۈملەرگە ئاجرىتىپ سانايتتى ۋە بۆلۈملەرنىڭ ئاخىرىدا تۇرغان ئەسكەرلەرنىڭ كۆكرىكىگە بارمىقى بىلەن نوقۇپ نىقتاپ قولىنى كۆتىرىشكە بۇيرۇق قىلاتتى؛ ھەممە ئەتراپقا تارقالغان ئەسكەرلەر ياغاچ ۋە شاخلارنى توشۇپ، خوشال-خورام كۈلۈشۈپ ۋە بىر بىرى بىلەن پاراڭ سېلىشىپ، لاپاسلارنى قۇرۇشاتتى؛ گۈلخان ئەتراپىدا كىيىملىك ۋە يالىڭاچ ئەسكەرلەر كۆينەكلىرىنى، پايتىملىرىنى قۇرۇتۇپ ياكى ئۆتۈك ۋە شىنېللىرىنى ياماپ ئولتۇرۇشاتتى، قازان ۋە ئاشپەزلەرنىڭ ئەتراپىغا توپلىشۋالاتتى. بىر روتىدا غىزا تەييار بولسا، ئەسكەرلەر ھور چىقىپ تۇرغان قازانغا شۆلگەيلىرىنى يېتىپ قارايتتى ۋە ئۆز لاپاس-لىرىنىڭ ئالدىدىكى كۆتەك ياغاچتا ئولتۇرغان كاپتېنارمۇس② ياغاچ تاۋاقتا ئەكىلىپ بەرگەن غىزانى تېتىپ كۆرۈشنى كۈتەتتى.

تەلەيلىگەرەك باشقا بىر روتىدا (چۈنكى ھاراق ھەممىلا روتىلاردا بولمايتتى) ئەسكەرلەر كېچىككىنە سوغىنى ئېگىشتۈرۈپ نۆۋەت بىلەن تۇتۇلۇۋاتقان سۇدانلارنىڭ قاپقىغىغا ھاراق قۇيۇۋاتقان چوقۇر

① فېلد فېبېل — پادىشا ئارمىيىسىدە روتا كوماندىرىنىڭ ياردەمچىسى. — تەر.

② ئارمىيىدە ئوزۇق-تۈلۈك ۋە كىيىم-كېچەكلەرنى ساقلاش ۋە بېرىشكە مەسئۇل بولغان ئادەم. — تەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ۋە كەڭ يەلكىلىك فىلد فېبىل ئەتراپىدا توپلىشىپ تۇراتتى. ئەسكەرلەر سۇدان قاپقىغىنى لېۋىگە خۇددى "بىسمىللا" دېگەندەك تەقۋادار قىياپەتتە يېقىن ئەپكىلىپ، هاراقنى ئاغزىغا تۆكۈپ غۇپپىدە ئىچىۋېتەتتى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن لەۋلىرىنى يالىشىپ هەم شىنېللىرىنىڭ يەڭلىرى بىلەن ئاغزىنى ئېرتىشىپ، خۇرسەن قىياپەتتە فىلد فېبىلىنىڭ ئەتراپىدىن كېتىشەتتى. بۇ ئادەملەرنىڭ رەڭگى-رۇخسارىدىن قارىغاندا، بۇ ئىش خۇددى دۈشمەنىنىڭ ئۇدۇلىدا، ئاز دېگەندە يېرىمى قايتىپ چىقمايدىغان جەڭ ئالدىدا ئەمەس، بەلكى خۇددى مەملىكەتنىڭ ئىچكىرىسىدە تىچ-بىخارامان دەم ئېلىشنى كۈتۈپ تۇرغان جايدا بولىۋاتقانغا ئوخشايتتى. كىنەز ئاندرې مەرگەنلەر پولكىدىن ئۆتۈپ، خۇددى شۇ خىلدا خۇشچاقچاقلىق بىلەن بەنت بولغان ياش يىگىتلەردىن ئىبارەت كىيېۋ بومبىچىلىرى پولكىغا قاراشلىق بىر بومبىچى ۋزۋود ئالدىدىن چىقىپ قالدى، بۇ ۋزۋود باشقا لاپاسلاردىن ئېگىزرەك بولغان پولك كاماندىرى لاپىسىغا يېقىن يەردە بولۇپ، سەپ تارتقان ۋزۋود ئەسكەرلىرىنىڭ ئالدىدا يالىڭاچ بىر كىشى ياتاتتى. ئۇنى ئىككى ئەسكەر كۆتۈپ تۇراتتى، ئىككىسى بولسا چىۋىق بىلەن يالىڭاچ بېلىگە غۇلاچلاپ راسا ساۋىماقتا ئىدى. سېمىز مايور ئەسكەرلەر سېپى ئالدىدا ئۇ ياق-بۇ ياققا مېڭىپ يۈرۈپ، ئۇنىڭ دات-پەرياد دېيىشىگە قۇلاق سالماستىن:

— ئەسكەرگە ئوغرىلىق قىلىش نومۇس، — دەيتتى، — ئەسكەر دېگەن هالال، ئالىجاناپ ۋە جەسۇر بولۇش كېرەك؛ ئەگەر ئۆز ئاغىنىسىنىڭ نەرسىنى ئوغرىلىغان بولسا، دېمەك، نومۇسى يوق؛ بۇ ئەبلەخ: ئۇر، ئۇر!

چىۋىقنىڭ شارتىلداپ تەككەنلىگى ۋە ساۋىلىۋاتقان ئەسكەرنىڭ پۈتۈن دالانى بېشىغا كىيگەندەك دات-پەريات كۆتىرىپ ۋاقىراۋاتقان، ئەمما يالغان ئاۋازلىرى هامان ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— ئۇر! ئۇر! — دەيتتى مايور.

چىرايىدىن هەيران بولغانلىغى ۋە ئازاپ چېكىۋاتقانلىغى كۆرۈنۈپ تۇرغان ياش بىر ئەپىتسەر ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئاتلىق ئادىيۇتانتقا سوئال نەزىرى بىلەن ئۆرۈلۈپ قاراپ، جازالىنىۋاتقان ئادەمنىڭ ئالدىدىن نېرى كېتىپ قالدى.

كىنەز ئاندرې ئالدىنقى لىنىيىگە چىقىپ فرونت بويلاپ كەتتى. ئوڭ ۋە سول قاناتتا تۇرغان بىزنىڭ ۋە دۈشمەننىڭ ئەسكەرلىرى بىر بىرىدىن خېلى يىراقلىقتا تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئەتىگەن ئەلچىلەر ئۆتۈپ يۈرگەن ئوتتۇرىدىكى بىر جاي شۇنچىلىك يېقىن ئىدىكى، ئىككى تەرەپتىكى ئەسكەرلەر بىر بىرىنى بەھوزۇر كۆرۈپ ۋە بەھوزۇر سۆزلىشىپ تۇرالايتتى. هەر ئىككى تەرەپتىمۇ بۇ يەردە ساقچىلىقتا تۇرغان ئەسكەرلەردىن تاشقىرى، يەنە كۆپ تاماشىچىلار كۆزلىرىگە يات ۋە غەلىتى كۆرۈنگەن دۈشمەننى تاماشا قىلىپ تۇرۇشاتتى.

گەرچە ساقچى ئەسكەرلەرگە يېقىن كېلىش مەنئى قىلىنغان بولسىمۇ، كاماندىرلار ئەتىگەندىن بېرى بۇ تاماشىچىلارنى هەيدەپ قوغلىشۋېتەلمەيتتى. خۇددى تائسۇق بىر نەرسىلەرنى كۆرسىتىۋاتقاندەك ساقچى ئەسكەرلەر فرانسۇزلارغا قارىمايتتى، بەلكى كېلىۋاتقان تاماشىچىلارنى كۈزىتىپ زېرىكىپ، نۆۋەتچىنى كۈتۈپ تۇراتتى. كىنەز ئاندرې فرانسۇزلارنى سىنجىلاپ كۆرۈش ئۈچۈن توختىدى.

— قارىغىنچۇ، قارا، — دىدى بىر ئەسكەر ئۆزىنىڭ يولدىشىغا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

رۇس ئوقچى ئەسكەرنى كۆرستىپ تۇرۇپ: ئۇ ئەپتەسەر بىلەن ئالدىدىكى ساقچى ئەسكەرگە يېقىنلىشىپ كەلدى ۋە فرانسۇز گرېنادىيورى بىلەن نىمىدۇ بىر نەرسىلەرنى تېز-تېز ۋە قىزىپ سۆزلەيتتى. — ئۇنى قارا، فرانسۇزچىنىمۇ قاتۇردىكەنغۇ، تېخى! ئاۋۇ فرانسۇزمۇ ئۇنىڭغا يېتىشەلمەيۋاتىدۇ. قېنى، سەنمۇ سۆزلەپ باققىنا، سىدوروۋ!

— ئالدىرىماي تۇر، قۇلاق سال. قارا، قاتۇرىدىكەن-دە! — دەپ جاۋاپ بەردى فرانسۇزچە سۆزلەشكە ئۇستا دەپ ھساپلانغان سىدوروۋ.

ئەسكەرلەر كۈلۈشۈپ كۆرسەتكەن ئادەم دولوخوۋ ئىدى. كىنەز ئاندرېي ئۇنى تونۇپ، گېپىگە قۇلاق سېلىشقا باشلىدى. دولوخوۋ سول قاناتتا تۇرغان ئۆز پولكىدىن بۇ يەرگە روتا كاماندىرى بىلەن بىرگە كەلگەن ئىدى.

— قېنى، سۆزلە، سۆزلە! — دىدى روتا كاماندىرى ئالدىغا ئېڭىشىپ ئۆزى ئۈچۈن چۈشىنىكسىز بولغان بىرەر ئېغىز سۆزنىمۇ چۈشۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن سۆزلەشكە قىزىقتۇرۇپ. — مەرھەمەت، تېزرەك سۆزلە! ئۇ نىمە دەۋاتىدۇ؟

دولوخوۋ روتا كاماندىرىغا جاۋاپ بەرمىدى؛ ئۇ فرانسۇز گرېنادىيورى بىلەن بولۇۋاتقان مۇنازىرىگە بېرىلىپ كەتكەن ئىدى. ئۇلار، شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك بولغاندەك، ئۇرۇش ھەركەتلىرى توغرىسىدا سۆزلەشمەكتە ئىدى. فرانسۇز بولسا ئاۋستىرىيىلىكلەرنى رۇسلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ، رۇسلار قوشقۇنغا ئولتۇردى ۋە ئۇلىمدىن تىكۋەتتى دەپ ئىسپاتلىماقچى بولاتتى؛ دولوخوۋ بولسا، رۇسلار قوشقۇنغا ئولتۇرغىنى يوق، بەلكى فرانسۇزلارنى يەڭدى دەپ

ئىسپاتلايتتى.

— بۇ يەردىن سىلەرنى قوغلىۋېتىشكەنلار دەپ بۇيرۇق بەرسىلا، قوغلىۋېتىمىز، — دېدى دولوخوۋ.

— ھۇشيار بولۇڭلار، تېخى سىلەرنى كازاك-پازاكىلىرىڭلار بىلەن بىرگە ئەسىر ئالمايلۇق يەنە! — دېدى بومبىچى فرانسۇز.

فرانسۇز تاماشىچىلىرى بىلەن ساقچى فرانسۇزلار كۈلۈشۈپ كەتتى.

— سىلەرنى خۇددى سۇۋوروۋ ۋاقتىدا ئۇسۇل ئويناتقاندەك ئوينىتىمىز، — دېدى دولوخوۋ.

— Qu'est-ce qu'il chante (ئۇنىڭ كاپشۇاتقىنى نىمە؟)، — دېدى بىر فرانسۇز.

— De l'histoire ancienne (كونا تارىخ)، — دېدى باشقا بىرسى، گەپنىڭ ئىلگىرى بولغان ئۇرۇشلار توغرىسىدا كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىۋېلىپ. — L'Empereur va lui faire voir à votre Souvara, comme aux autres... (پادىشا سۇۋوروۋلىرىڭغا ۋە باشقىلىرىڭغىمۇ كۆرسىتىپ قويىدۇ...)

— بوناپارت... — دېگەن ئىدى دولوخوۋ گەپ باشلىماقچى بولۇپ، ئەمما فرانسۇز ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى-دە، ئاچچىقلىنىپ:

— بوناپارت ئەمەس. پادىشا دېگىن! Sacré nom... (لەنەتى...)، — دەپ ۋاقىرىدى.

— شەيتان سويسۇن پادىشايىڭنىڭ تېرىسىنى!

شۇنىڭ بىلەن دولوخوۋ رۇسچىسىغا ئەسكەرلەرگە خاس قوپال تىل بىلەن تىللىدى-دە، مىلتىقىنى ئۈشنىسىگە ئېلىپ:

— يۈرۈڭ، ئىۋان لۇكىچ، — دېدى روتا كاماندىرىغا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— مانا، فرانسۇزچىسىغا سۆزلەش دىگەن مۇنداق بولىدۇ، — دىدى پوستا تۇرغان ئەسكەرلەر. — قېنى، سىدورووۋ، سەنمۇ بىر باپلاپ قويغىنچۇ!

سىدورووۋ كۆزلىرىنى قىسىپ قويىدى-دە، فرانسۇزلارغا قاراپ، چۈشىنىكسىز سۆزلەرنى تېز-تېز تەكرارلاشقا باشلىدى:

— كارى، مالا، تافا سافى، مۇتېر، كاسكا، — دىدى ئۇ خۇددى فرانسۇزچە سۆزلەۋاتقاندەك، ئۆزىنىڭ ئاۋازىغا روشەن ئاھاڭ بېرىشكە تىرىشىپ.

- هو، هو، هو! خا، خا، خا، خا! ئۇھا! ئۇھا! — ئەسكەرلەر شۇنداق قاقاخلاپ ئۇچىيى ئۈزۈلۈپ كەتكەندەك كۈلۈپ كېتىشتىكى، ئۇلارنى كۆرۈپ فرانسۇزلارمۇ ئىختىيارسىز كۈلۈشۈپ كەتتى. مۇشۇنداق كۈلكىدىن كېيىن مىلتىقلىرىنىڭ ئوقىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئوق-دورىلارغا ئوت قويۇپ ھەممەيلەن ئۆزلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە كېتىۋەرسىمۇ بولىدىغاندەك تۇيۇلاتتى.

بىراق، ئوقلانغان مىلتىقلار، ئۆيلەر ۋە ئىستىھكاملاردىكى ئوق ئېتىلىدىغان ۋەھىمىلىك تۆشۈكلەر، بىر بىرىگە قارىتىپ ئورنىتىپ قويۇلغان زەمبىرەكلەر يەنە ئىلگىرىدىكىدەكلا تۇراتتى.

## 16

كىنەز ئاندرېي ئوك قاناتتىن سول قاناتقىچە ئەسكەرلەرنىڭ ھەممە لىنىيىسىنى ئايلىنىپ چىقىپ، ئىشتاپ ئەپىتەسەرنىڭ ئېيتىشىچە، پۈتۈن جەڭ مەيدانى كۆرۈنىدىغان توپچىلار تۇرغان ئېگىزلىككە چىقتى. ئۇ بۇ يەردە ئاتتىن چۈشتى ۋە ھارۋىدىن

چۈشۈرۈپ قاتار ئورنىتىلغان تۆت زەمبىرەكنىڭ ئەڭ چەتتىكى بىرىنىڭ يېنىدا تۇردى. زەمبىرەكلەرنىڭ ئالدىدا يۈرۈپ تۇرغان چاسوۋوي① توپچى ئەپىتسەرنى كۆرۈپ "ھازىر ئول" ھالىتىدە تۇرغان ئىدى، لېكىن ئەپىتسەرنىڭ قول ئىشارىسىنى كۆرۈپ يەنە بايىقىدەك ئۆزىنىڭ تەكشى ۋە زېرىكتۈرىدىغان يۈرۈشىنى داۋاملاشتۇردى. زەمبىرەكلەرنىڭ ئارقىسىدا زەمبىرەك ھارۋىلىرى، ئۇنىڭ نېرىسىدا ئات باغلايدىغان قوزۇق ۋە توپچىلارنىڭ گۈلخانلىرى كۆزگە چۈشەتتى. سول تەرەپتە ئەڭ چەتتىكى زەمبىرەكتىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردە دەرەخ شاخلىرىدىن يېڭىدىن توقۇلغان كەپە تۇراتتى، ئۇنىڭدىن ئەپىتسەرلەرنىڭ قىزىق پاراڭلىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

دەرۋەقە، توپچىلار تۇرغان بۇ دۆڭلۈكتىن رۇس قوشۇنلىرىنىڭ جايلاشقان ئورۇنلىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ۋە دۈشمەن قوشۇنلىرىنىڭ كۆپ قىسمى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. توپچىلار دەل ئۇدۇلىدىكى نېرىقى ئېگىزلىكنىڭ چوققىسىدا شېنگرابىن يېزىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى؛ سول ۋە ئوڭ تەرەپتە ئۈچ ئورۇندا يېقىلغان گۈلخانلارنىڭ تۈتۈنلىرى ئارىسىدىن فرانسۇز ئەسكەرلىرى توپىنى پەرق ئەتكىلى بولاتتى ۋە ئەسكەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى يېزىنىڭ ئۆزىدە ۋە دۆڭلۈكنىڭ ئارقىسىدا جايلاشقاندەك كۆرۈنەتتى. يېزىنىڭ سول تەرىپىدە تۈتۈن ئارىسىدا قانداقتۇ توپچىلارغا ئوخشىغان نەرسە كۆرۈنەتتى، لېكىن ئاددىي كۆز بىلەن ئوبدان كۆرگىلى بولمايتتى. قوشۇنلىرىمىزنىڭ ئوڭ قانىتى فرانسۇزلارنىڭ سەپلىرى ناھايىتى روشەن

---

① پوستا تۇرغان ئەسكەر. — تەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان تىك دۆڭلۈككە جايلاشقان ئىدى. بۇ دۆڭلۈكنى بويلاپ بىزنىڭ پىيادە ئەسكەرلىرىمىز جايلاشقان ئىدى ۋە ئەڭ چېتىدىن ئاتلىق ئەسكەرلەر كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئوتتۇرىسىدا، تۈشنى توپچىلىرى تۇرغان يەردە، يەنى كىنەز ئاندرېي سېپىي كۆزەتكەن يەردە، بىزنى شېنگرابېن يېزىسىدىن ئاجرىتىپ تۇرىدىغان سۈيى ئېقىپ تۇرغان سايغا توپ-توغرا چىقىدىغان ۋە چۈشىدىغان قىيالىق بار ئىدى. سول تەرەپتە بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىز ئورمانغا يېقىنلىشاتتى، ئۇ يەردە بىزنىڭ ئوتتۇن يېرىۋاتقان پىيادە قىسىملىرىمىزنىڭ گۈلخانلىرى بار ئىدى. فرانسۇزلارنىڭ لىنىيىسى بىزنىڭ لىنىيىمىزدىن كەڭرەك ئىدى، شۇ سەۋەپتىن فرانسۇزلارنىڭ بىزنى ئىككى تەرەپتىن ئاسانلا قورشاپ ئېلىشى تۇرغان گەپ ئىدى. بىزنىڭ سېپىمىزنىڭ ئارقىسى ھەم تىك ۋە چوڭقۇر يارلىق بولۇپ، ئۇنىڭدىن توپچىلار ۋە ئاتلىقلىرىمىزنىڭ چېكىنىشى تەس ئىدى. كىنەز ئاندرېي زەمبىرەككە جەينىگىنى تىرەپ تۇرۇپ ۋە دەپتىرىنى چىقىرىپ، ئەسكەرلەرنى جايلاشتۇرۇش پىلانىنى يازدى. ئۇ ئىككى يەرگە قېرىنداش بىلەن بەلگە سېلىپ قويۇپ، ئۇنى باگراتىيونغا خەۋەر قىلماقچى بولدى. ئۇ، بىرىنچىدىن، پۈتۈن توپچىلارنى ئوتتۇرىغا توپلاشنى، ئىككىنچىدىن، ئاتلىق قىسىملارنى ئارقىغا، يارنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتكۈزۈۋېتىشنى مۆلچەرلەيتتى. كىنەز ئاندرېي ھەمىشە باش قوماندان بىلەن بىللە بولۇپ، ئەسكەرلەرنىڭ ھەركىتىنى ۋە ئومۇمى ئەمىر-پەرمانلارنى كۆزىتىپ بارغانلىقى، جەڭلەرنىڭ تارىخى تەسۋىرى بىلەن ئۈزلۈكسىز مەشغۇل بولۇپ ئۆگەنگەنلىكى ئۈچۈن، ئالدىدىكى جەڭ ھەركەتلىرى قانداق بولۇشىنى تەخمىنى تەرزدە دەررۇ كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. پەقەت

تۆۋەندىكىدەك چوڭ توساتلىقلارنىڭ تۇغۇلۇش ئىمكانىيىتى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كەلدى: ”مۇبادا دۈشمەن ئوڭ قاناتتا ھۇجۇم قىلىپ قالسا، — دەيتتى ئۆزىچە، — كىيىۋ بومبىچىلىرى پولكى ۋە پودولىسكى مەرگەنلەر پولكى مەركەزدىن ياردەمگە قوشۇن يېتىپ كەلگىچە ئۆز سەپلىرىنى ساقلاپ تۇرۇشلىرى كېرەك بولىدۇ. بۇنداق بولغان تەقدىردە، دراگۇنلار① دۈشمەن قانىتىغا زەربە بېرىپ، ئۇلارنى ئۇلاقتۇرۇپ تاشلايدۇ. ئەگەر دۈشمەن ئوتتۇرىغا ھۇجۇم قىلسا، بىز ئوتتۇرىدىكى توپچىلارنى شۇ دۆڭلۈككە ئورنىتىپ، ئۇنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا سول قاناتتىكى ئەسكەرلىرىمىزنى ئېلىپ كېلىمىز-دە، يارلىققا قاراپ يانمۇ-يان تۇرۇپ چېكىنىمىز“ — دەپ ئۆزىچە مۇھاكىمە قىلاتتى...

ئۇ توپچىلار روتىسىدا زەمبىرەك يېنىدا بولغان ھەممە ۋاقىت ئىچىدە، خۇددى ئادەتتە بولىدىغان ئەھۋالدەك، لاپاستا سۆزلىشىۋاتقان ئەپىنسەرلەرنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئاۋازلىرىنى توختىماستىن ئاڭلاپ تۇردى، ئەمما ئۇلار قىلغان سۆزلەرنىڭ بىر ئېغىزىنىمۇ چۈشەنمىدى. لېكىن، لاپاستىن ئاڭلانغان تاۋۇشلار بىردىنلا شۇنداق بىر سەمىمىي ئاھاڭ بىلەن ئۇنى ھەيران قالدۇرغان ئىدىكى، نەتىجىدە ئىختىيارسىز ئاڭلاشقا باشلىغان ئىدى.

— ياق، ئەزىزىم، — دىدى يېقىملىق ۋە كىنەز ئاندرېگە تونۇش بولغاندەك بىر ئاۋاز، — مەن شۇنى ئېيتماقچى بولىمەنكى، ئەگەر ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن نىمە بولۇشىنى بىلسە ئىدى، ھېچكىم ئۆلۈمدىن قورقمىغان بولاتتى...شۇنداق ئەزىزىم.

---

① ئۇرۇش ۋاقتىدا ئاتتىن چۈشۈپ جەڭ قىلىدىغان ئەسكەرلەر. — تەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭغا قارىغاندا ياشىراق باشقا بىر ئاۋاز ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى:

— قورقساڭ، قورقمساڭ بەرىبىر ئۆلىسەن — بۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلالمايسەن.

— نىمە ئۇنچىۋالا قورقىسىلەر! ھەر ئالىملار ـ دە، — دىدى ئۇچىنچى بىر يوغان ئاۋاز ھەر ئىككىلىسىنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋېتىپ، — سىلەر توپچىلار شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ ئالىم ئادەملەر ئىكەنسىلەركى، ھاراقۇ ـ زاكۇسكاڭلارنى بىللە ئېلىپ يۈرەلەيسىلەر.

يوغان ئاۋۇشلۇق كىشى پىيادە ئەسكەرلەر ئەپىتسەرى بولسا كېرەك، كۈلۈپ كەتتى.

— ھەرقانداق بولسىمۇ قورقىدۇ كىشى، — دىدى بىرىنچى تونۇش ئاۋاز، — نىمە بولۇشۇڭنى بىلمىگەنلىگىڭ ئۇچۇن قورقىسەن. ئۆلگەندىن كېيىن روھىڭ ئاسمانغا چىقىپ كېتىدۇ دىسەڭمۇ.... بىز ئاخىر ئاسماننىڭ يوقلىغىنى، بۇ بىر ئاتموسفېرا ئىكەنلىگىنى بىلىمىز ـ غۇ...

يوغان ئاۋاز توپچى ئەپىتسەرنىڭ سۆزىنى يەنە بۆلۈۋەتتى.

— قېنى، سىزنىڭ دورا چىلىغان ھارىقىڭىز بىلەن بىزنى مېھمان قىلىسىڭىزچۇ، تۇشىن، — دىدى ئۇ.

"ھە، بۇ ھىلىقى باقىقالىنىڭ چېدىرىدا ئۆتۈكسىز ئولتۇرغان كاپىتانغۇ" دىدى مەمنۇنىيەت بىلەن كىنەز ئاندرېي پەلسەپە سېتىۋاتقان يېقىملىق ئاۋازنى تونۇپ.

— ھاراقنىغۇ بېرىمەن، — دىدى تۇشىن، — لېكىن قانداق بولسىمۇ كەلگۈسى ھاياتنى بىلىش... — ئۇنىڭ سۆزى ئاغزىدا قالدى.

دەل شۇ چاغدا ئاسماندا ئىسقىرتقان ئاۋاز ئاڭلاندى؛ بارغانسېرى

يېقىنلىشىپ، بارغانسېرى تېز ئىسقىرىتىپ، ئىسقىرتقانسېرى تېزلىشىپ، بىر زەمبىرەك ئوقى، خۇددى بىردىنلا دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەندەك تىندى ـ يۇ، پەۋقۇلئاددە كۈچ بىلەن لاپاس ئەتراپىدىكى يەرگە كىرىپ كېتىپ گۈمبۈرلەپ، لاي ـ توپىلارنى كۆتىرىپ چىقار ـ دى. يەر خۇددى قورقۇنچلۇق زەربىدىن دات ـ پەريات كۆتەرگەن ـ دەك ئىدى.

خۇددى شۇ ئاندا لاپاستىن ھەممىدىن بۇرۇن مۇشتىگىنى قېيسىق چىشلەپ ئالغان پاكارغىنە تۇشىن چىقتى؛ ئۇنىڭ مۇلايىم ۋە ئېقىللىق يۈزى بىرئاز تاتىرىپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ھىلىقى يوغان ئاۋازنىڭ ئىگىسى، پىيادە ئەسكەرلەرنىڭ ئەزەمەت ئەپىتسەرى چىقتى ـ دە، يۈگۈرگەن پېتى تۈگمىلىرىنى ئېتىپ ئۆز روتىسى تەرەپكە چېپىپ كەتتى.

## 17

كىنەز ئاندرېي توپچىلار روتىسىنىڭ ئالدىدا ئېتىنى توختىتىپ ئېتىلغان توپنىڭ ئاغزىدىن چىققان ئىسقا قارىدى. ئۇ كەڭ ئەتراپقا باشتىن ـ ئاياق كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. ئۇ پەقەت شۇنى كۆرگەن ئىدىكى، بۇرۇن توپلىنىپ قىمىرلىماي تۇرغان فرانسۇزلار ھەركەتكە كەلگەن ئىدى، سول تەرەپتە دەرۋەقە فرانسۇزلارنىڭ توپچىلىرىمۇ بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ئىس تېخى تارقىلىپ كەتمىگەن ئىدى. ئاتلىق ئىككى فرانسۇز، ئېھتىمال ئاديۇتانت بولسا كېرەك، دۆڭگە قاراپ ئاتلىرىنى چېپىپ كېتىۋاتاتتى. دۆڭلۈكنىڭ ئېتىكىدە، ئېھتىمال ئالدىنقى قاتارنى كۈچەيتىش ئۈچۈن بولسا كېرەك، دۈشمەننىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

روشەن كۆرۈنۈپ تۇرغان كىچىك بىر كولونناسى ھەركەتلەنمەكتە ئىدى. بىرىنچى قېتىم ئېتىلغان زەمبىرەك ئوقىدىن چىققان ئىس تېخى تارقىلماي، كەتمەي تۇرۇپلا، يەنە بىر ئىس كۆرۈندى-دە، گۈمبۈرلىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. جەڭنىڭ باشلىنىشى شۇ ئىدى. كىنەز ئاندرېي ئاتنىڭ بېشىنى بۇرىدى ۋە كىنەز باگراتىيوننى ئىزدەپ تېپىش ئۈچۈن ئارقىغا يېنىپ گرۇنت تەرەپكە قاراپ ئېتىنى چاپتۇ-رۇپ كەتتى. ئۇ ئېتىنى چاپتۇرۇپ كېتىۋېتىپ ئۆزىنىڭ ئارقىسىدا بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئېتىلىۋاتقان ۋە بارغانسېرى ئەۋج ئېلىۋات-قان توپ ئاۋازلىرىنى ئاڭلايتتى. روشەنكى، بىزنىڭ توپچىلىرىمىز-مۇ دۈشمەنگە جاۋابەن ئوق ئاتماقتا ئىدى. پەستە، ئەلچىلەر ئۆتكەن يەردە مىلتىق ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى.

لىمارروئا (Lemarrois) بوناپارتنىڭ دەھشەتلىك مەكتۇبىنى مىيۇراتقا تېخى ئەمدىلا ئېلىپ كەلگەن ئىكەن، نومۇس قىلىپ قالغان مىيۇرات ئۆز خاتاسىنى تۈزىتىش ئۈچۈن قارشىسىدىكى ئازغىنە ئەترەتنى كەچ كىرگىچە، يەنى پادىشا كەلگىچە تارمار قىلىش مەقسىدىدە دەرھال قوشۇنلىرىنى مەركەزگە ۋە ئوراپ ئېلىش ئۈچۈن ئىككى قاناتقا سۈردى.

"باشلاندى! ئەنە!" — دەپ ئويلىدى كىنەز ئاندرېي بارغانسېرى غەزىۋى كېلىشكە باشلىغانلىقىنى سېزىپ. "لېكىن، قېنى؟ مېنىڭ تۇلونىم قانداق نامايەن بولىدۇ؟" — دېدى ئىچىدە.

ئۇ، چارەك سائەت ئىلگىرى شورپا گۈرۈچ ئىچىپ ۋە ھاراق ئىچىپ ئولتۇرغان روتىلار ئارىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ھەممە يەردە ئالدىراپ-تېنەپ سەپ تارتىۋاتقان ۋە مىلتىقلىرىنى ئېلىۋات-قان ئەسكەرلەرنى ھەم ھەر بىر ئەسكەرنىڭمۇ ئۆزىگە ئوخشاشلا

غەزەپلىنىپ غەيرەتكە كېلىۋاتقانلىقىنى سېزەتتى. ھەر بىر ئەسكەر ۋە ئەپىتسەرنىڭ يۈزىدە "ئەنە باشلاندى! ھەم دەھشەتلىك، ھەم كۆڭۈللۈك!" دىگەن ئىپادە بار ئىدى.

ئۇ قورۇلۇپ بولمىغان ئىستىھكامىغا يېتىپ كەلمەي تۇرۇپلا، كۆزىنىڭ بۇلۇتلۇق كەچقۇرۇنقى يورۇقىدا ئۆزى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان ئاتلىقلارنى كۆرۈپ قالدى. ئالدىدىكىسى بوركا① ۋە قوزا تېرىسىدىن تىكىلگەن تەلپەك كىيىۋالغان بولۇپ، ئاق ئات مىنىپ كېلىۋاتاتتى. بۇ كىنەز باگراتيون ئىدى. كىنەز ئاندرېي ئۇنى كۈتۈپ توختىدى. كىنەز باگراتيون ئېتىنى توختاتتى ۋە كىنەز ئاندرېينى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. كىنەز ئاندرېي ئۆزىنىڭ كۆرگەنلىرىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرىۋاتقاندا، كىنەز باگراتيون ھامان ئالغا قاراپ تۇراتتى.

"باشلاندى! ئەنە!" دىگەن ئىپادە ھەتتا باگراتيوننىڭ ئۇنچە-مۇنچە نەرسىدىن ئۆزگەرمەيدىغان بۇغداي ئۆڭلۈك يۈزىدە ۋە ئۇيقۇسىز قالغاندەك كۆرۈنگەن سۇزۇلۇپ تۇرغان كۆزلىرىدىمۇ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. كىنەز ئاندرېي ئۇنىڭ ھەركەتسىز-بىپەرۋا يۈزىگە تەشۋىشلەنگەن ھالدا قىزىقسىنىپ قارايتتى ۋە شۇ تاپتا بۇ ئادەم ئويلاۋاتامدۇ، سېزىۋاتامدۇ، نىمىنى ئويلاۋاتىدۇ ۋە نىمىنى سېزىۋاتىدۇ؟ دىگەننى ناھايىتى بىلگۈسى كېلەتتى. كىنەز ئاندرېي ئۇنىڭغا قاراپ: "بۇ ھەركەتسىز-بىپەرۋا يۈزىنىڭ ئارقىسىدا زادى بىرەر نەرسە بارمۇ-يوق؟" — دەپ ئۆزىگە سوئال بېرەتتى. كىنەز باگرا-

---

① كاپكازلىقلارنىڭ يېڭى يوق ئۇزۇن كىگىز چەكمەن چاپىنى، كۆپىنچە يەلكىسىگە ئارتىۋالىدۇ. — تەر.

تيون كىنەز ئاندرېينىڭ سۆزىنى ماقۇللىغىنىغا ئىشارەت قىلىپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى-دە، خۇددى ھازىر يۈز بېرىۋاتقان ۋە ھازىر ئۇنىڭغا دىگەن ھادىسىلەرنى ئۆزى ئالدىنئالا بىلگەندەك، "ياخشى" دەپ قويدى. كىنەز ئاندرې ئېتىنى تېز چاپتۇرۇپ ھاسىراپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن تېز سۆزلەيتتى. كىنەز باگراتسيون خۇددى ئالدىراشقا ھاجەت يوق دىگەندەك قىلىپ، ئۆزىنىڭ شەرق لەھجىسى بىلەن ئالاھىدە سالماقلاپ سۆزلەيتتى. بىراق ئۇ، تۇشىن توپچىلىرىغا قاراپ كېتىۋاتقىنىدا ئېتىنى چاپتۇردى. كىنەز ئاندرې ئىشتاپ ئەھلىگە قوشۇلۇپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كەتتى. كىنەز باگراتسيون ئارقىسىدىن باش ئىشتاپ ئەپىتسەرى كىنەزنىڭ شەخسى ئاديۇتانتى، ژېركوۋ، ئوردىنارېتس، چىرايلىق ئىنگلىزچە جابدۇقلانغان ئات مىنگەن نۆۋەتچى ئىشتاپ ئەپىتسەرى، جەڭنى تاماشا قىلىشقا ئىجازەت ئالغان گراژدان ئەمەلدار ھىساپچى ماڭغان ئىدى. بەستلىك، يۈزى ھۆپپىدىغىنا، ئاتنىڭ ئۈستىدە سىلكىنىپ ۋە خوشال بولغىنىدىن ئۆزىچە ھىجىيىپ ئەتراپقا نەزەر سېلىپ كېتىۋاتقان ھىساپچى ئاتلىق-لار، كازاكلار ۋە ئاديۇتانتلار ئارىسىدا ئۆزىنىڭ كىگىزگە ئوخشايدىغان شىنېلى ۋە تېگىدىكى نېمىسچە ئىگىرى بىلەن غەلىتە كۆرۈنەتتى.

— بۇ كىشى جەڭنى تاماشا قىلماقچى، — دىدى ژېركوۋ بولكونىس-كىغا ھىساپچىنى كۆرسىتىپ. — بىراق، ئۇنىڭ يۈرىكى ھىلىتىنلا پوكۇلداپ كېتىپتۇ.

— بولدى، قويۇڭ! — دىدى ھىساپچى ژېركوۋنىڭ ئۇنى چاقچاق نىشانىسى قىلغانلىغى ئۆزىگە يېقىپ كېتىپ قەستەن ئۆزىنى گولراق كۆرسەتمەكچى بولغاندەك ئوچۇق چىراي-ساددە، مۇغەمبىرانە جىلمىيىپ.

(ناھايىتى قىزىق، Très drôle, mon monsieur prince — جانابى كىنەزىم)، — دېدى نۆۋەتچى ئىشتاپ ئەپتسەرى (ئۇ، كىنەز دېگەن ئۇنۋان فرانسۇزچە غەلىتى تەلەپپۇز قىلىنىشىنى بىلسىمۇ، ئەمما زادىلا ئېيتالمايتتى).

شۇ پەيت ئۇلار تۇشىن توپچىلىرىنىڭ ئالدىغا كەلدى-دە، ئالدىدا زەمبىرەك ئوقى پارتلاپ كەتتى.

— نىمە ئۇ چۇشكىنى؟ — دەپ سورىدى ھىساپچى گالۋاڭ بىر قىياپەتتە ھىجىيىپ.

— فرانسۇز توقىچى، — دېدى ژېركوۋ.

— دېمەك ئۇلار توقاچ ئاتىدىكەن-دە؟ — دېدى ھىساپچى. — بۇنى قاراڭ!

ھىساپچى بۇ سۆزلەردىن ناھايىتى مەززە قىلغاندەك ئېچىلىپ كەتتى. ئۇ سۆزىنى تۈگىتە-تۈگەتمەيلا، يەنە بىر ئوق ھۇشقۇيتقان پېتى كېلىپ، خۇددى سۇيۇق بىر نەرسىگە چۇشكەندەك شالاقلاپ كەتتى. ھىساپچىنىڭ كەينىدە، ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە كېتىۋاتقان كازاك ئات-پېتى بىلەن يەرگە دومۇلاپ چۇشتى. ژېركوۋ بىلەن ئىشتاپ ئەپتسەرى ئىگەر ئۈستىدە ئېگىشىپ ئاتنىڭ بېشىنى بۇراشتى. ھىساپچى كازاكنىڭ قارىشىسىدا توختاپ، ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ قالدى. كازاك ئۆلگەن، ئات يەنە جان تالاشماقتا ئىدى.

كىنەز باگراتىيون كۆزىنى قىسىپ قويۇپ ئارقىسىغا قارىدى-دە، يۈز بەرگەن پاراكەندىچىلىكنىڭ سەۋەبىنى كۆرۈپ، خۇددى: "شۇن-داق ئەرزىمەيدىغان نەرسىلەر بىلەنمۇ ئاۋارە بولامدۇ كىشى" دېگەن-دەك ئارقىسىغا بۇرۇلدى. ئۇ ئۆتكۈر چەۋەندازلارغا خاس بىر ھەركەت بىلەن ئېتىنى توختاتتى-دە، سەلگىنە ئېگىشىپ، بۇركىسىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېلىنىپ قالغان قىلىچنى تۇزەتتى. ئۇنىڭ قىلىچى قەدىمى قىلىچلار-دىن بولۇپ، ھازىرقى قىلىچلارغا ھېچ ئوخشىمايتتى. كىنەز ئاندرې ئىتالىيىدە سۇۋوروۋ باگراتىيونغا ئۆزىنىڭ قىلىچىنى قانداق تەقدىم قىلغانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايىنى ئەسلىدى ۋە بۇ خاتىرىلەر شۇ پەيتتە ئۇنىڭغىمۇ ناھايىتى ئوبدان تۇيۇلدى. ئۇلار بولكونسكى جەڭ مەيدانىنى كۆزىتىۋاتقان دۆڭلۈكتىكى ھېلىقى توپچىلار روتىسىنىڭ ئالدىغا باردى.

— بۇ كىمنىڭ روتىسى؟ — دىدى كىنەز باگراتىيون ئوق-دورا يەشىكلىرى يېنىدا تۇرغان توپچى ئەسكەردىن.

ئۇ: "كىمنىڭ روتىسى؟" دەپ سورىدى، ئەمما ماھىيەتتە ئۇ: "ھېلىتىنلا يۈرەكلىرىڭ پوكۇلداۋاتامدۇ-نېمە؟" دىمەكچى ئىدى. توپچى ئەسكەرمۇ بۇنى ئۇقۇۋالدى.

— كاپىتان تۇشىننىڭ، ھەزرىتى ئالىلىرى، — دەپ يۇكسەك خوشال-خورام ئاۋاز بىلەن جاۋاپ بەردى، ساپ-سېرىق، يۈزىنى سەپكۈن باسقان توپچى ئەسكەر "ھازىر ئول!" ھالىتىدە تۇرۇپ.

— ھە، ھە، — دەپ قويدى باگراتىيون نېمىنىدۇ ئويلاپ، ئۇنىڭدىن كېيىن زەمبىرەك ھارۋىلىرى ئالدىدىن ئۆتۈپ ئەڭ چەتتىكى زەمبىرەكنىڭ ئالدىغا كەلدى.

ئۇ كېلىشى بىلەن تەڭ بۇ توپ-زەمبىرەكتىن ئۇنىڭ ۋە ئىشتاپ ئەھلىنىڭ قۇلىقىنى يارغۇدەك گۇمبۇرلەش ئاۋازى چىقتى-دە، بىر-دىنلا زەمبىرەكنى قورشاۋالغان ئىس ئىچىدە، زەمبىرەكنى تۇتۇپ ۋە ئالدىراپ-تېنەپ زور بىردىن ئۇنى ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى جايىغا ئىتتىرىۋاتقان توپچىلار كۆرۈندى. كەڭ يەلكىلىك، بەستىلىك، زەمبىرەكنى تازىلايدىغان چوتكا كۆتەرگەن بىرىنچى نومۇرلۇق

ئەسكەر ئىككى پۇتىنى كېرىپ تۇرۇپ چاققا سەكرەپ چىقتى. ئىككىنچى نومۇرلۇق ئەسكەر بولسا قوللىرىنى تىترىتىپ توپىنىڭ ئاغزىغا ئوق سالاتتى. سەل مۆكچەيگەن پاكارراق ئەپتىسەر تۇشىن زەمبىرەكنىڭ پىشىقىغا پۇتلىشىپ كېتىپ، گېنېرالنى كۆرمەي، كۆزلىرىنى كىچىككىنە قوللىرى بىلەن توساپ ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقتى.

— يەنە ئىككى سىزىق يۇقۇرى كوتىرىڭ، دەل تېگىدۇ، — دەپ ۋاقىرىدى ئۇ ئىنچىكە ئاۋازى بىلەن. گەرچە بۇ ئاۋاز ئۇنىڭ كىچىككىنە گەۋدىسىگە ياراشمىغىنىغا قارىماي تىرىشىپ. — تىتىپ تاشلا، مېدىۋېدېۋ!

باگراتىيون ئۇنى ئالدىغا چاقىردى، شۇنىڭ بىلەن تۇشىن ھەربىلەر سالام بەرگەندەك ئەمەس، بەلكى دۇئا ئوقۇۋاتقان روھانىلەردەك، ئۈچ بارمىقىنى شەپكىسىنىڭ چېكىلىگىگە قويۇپ گېنېرالنىڭ ئالدىغا كەلدى. تۇشىننىڭ زەمبىرەكلىرى گەرچە سايلىقنى توپقا تۇتۇشقا بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، ئۇ دۆڭلۈكتىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان شېنگرابېن يېزىسىغا قارىتىپ ياندۇرغۇچى ئوقلارنى ئاتماقتا ئىدى، چۈنكى بۇ يېزىدىن سەل پەسرەكتە نۇرغۇنلىغان فرانسۇز ئەسكەرلىرى ھەركەتلەنمەكتە ئىدى.

تۇشىنغا ھېچكىم قەيەرگە ۋە قانداق ئوقلارنى ئېتىشنى بۇيرۇمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يېقىن كۆرىدىغان فېلد فېبېل زاخارچېنكو بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، مۇشۇ يېزىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىساق ياخشى بولاتتى، دىگەن قارارغا كەلگەن ئىدى. "ياخشى!" — دىدى باگراتىيون ئەپتىسەرنىڭ دوكلادىنى ئاڭلاپ ۋە قانداقتۇ بىر نەرسىنى ئويلاپ كۆرۈۋاتقاندەك، ئۆزىنىڭ ئالدىدا بارغانسېرى روشەن كۆرۈنۈۋاتقان جەڭ مەيدانىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە باشلىدى. فرانسۇزلار

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئوڭ تەرەپتىن خېلى يېقىنلىشىپ قالغان ئىدى. كېيىۋ پولكى تۇرغان دۆڭلۈكنىڭ تۆۋەن يېنىدىكى سايلىقتىن يۈرەكنى ۋەھىمىگە سالىدىغان قاسۇر-قۇسۇر مىلتىق ئاۋازلىرى ئاڭلاندى ۋە باش ئىشتاب ئەپتسەرى تېخىمۇ ئوڭ تەرەپتىن، دراگۇن پولكىنىڭ ئارقىسىدىن بىزنىڭ قانىتىمىزنى ئايلىنىپ ئۆتۈۋاتقان فرانسۇز كولونىنىسىنى كۆرسەتتى. سول تەرەپ ئورمانلىق ئىدى. كىنەز باگراتىيون ئوتتۇرىدىكى ئىككى باتالىيوننى ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئوڭ تەرەپكە ئەۋەتىشنى بۇيرۇدى. باش ئىشتاب ئەپتسەرى، ئەگەر بۇ ئىككى باتالىيون بۇ يەردىن كەتسە، زەمبىرەكلەر ھىمايىسىز قالىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى، كىنەز باگراتىيون ئۇنىڭغا ھومىيىپ قارىدى-دە، گەپ قىلمىدى. كىنەز ئاندرېينىڭ نەزىرىدە باش ئىشتاب ئەپتسەرىنىڭ گېپى توغرا بولۇپ، دەرۋەقە بۇنىڭغا قارشى بىر نىمە دېيىشنىڭ ئورنى يوق ئىدى. لېكىن شۇ پەيتتە سايلىقتا تۇرغان پولك كاماندىرىنىڭ ئادىيۇتانتى فرانسۇزلارنىڭ ناھايىتى زور كۈچ بىلەن پەستىن كېلىۋاتقانلىقىنى، پولكىنىڭ جەڭگىۋار سېپى بۇزۇلۇپ كېيىۋ گىرېنادىيورلار پولكىغا قاراپ چېكىنىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلدى. كىنەز باگراتىيون پولكىنىڭ شۇ تەرەپكە چېكىنگەنلىكىنى ماقۇللىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. ئۇ ئېتىنى سالماقلىق بىلەن يۈرگۈزۈپ، ئوڭ تەرەپكە باردى-دە، فرانسۇزلارغا ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىپ، ئادىيۇتانتىنى دراگۇن پولكىغا ئەۋەتتى. بىراق، ئەۋەتىلگەن ئادىيۇتانت يېرىم سائەتتىن كېيىن دراگۇن پولكىنىڭ ئاللىقاچان يارلىقنىڭ ئۇ تەرىپىگە چېكىنگەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر ئېلىپ كەلدى، چۈنكى، فرانسۇزلار ئۇنىڭ پولكىنى قاتتىق ئوققا تۇتقان ئىكەن، پولك كاماندىرى ئادەملىرىمىز

بىكار نابۇت بولمىسۇن دەپ، ئەسكەرلىرىنى ئورمانغا كىرگۈزۈۋېتىپتۇ.
— ياخشى! — دېدى باگراتىيون.
ئۇ باتارېيىدىن كېتىش بىلەن تەڭ، سول تەرەپتىكى ئورماندىنمۇ زەمبىرەك ئاۋازلىرى ئاڭلاندى؛ كىنەز باگراتىيون ئۆز ۋاقتىدا ئۆلگۈرۈپ يېتىپ باراي دىسە سول قاناتقىچە بەك ئۇزاق بولغاچقا، ئۇ ياقىقا ژېركوۋنى ئەۋەتىپ، بىرائۇناۋدا پولكىنى كۆتۈرۈۋېتىشنىڭ كۆرىنىدىن ئۆتكۈزگەن ھىلىقى پىشقەدەم گېنېرالغا ئوك قانىتىمىز دۈشمەننى ئۇزاق تۇتۇپ تۇرالماسلىق ئېھتىمالى بارلىقى ئۈچۈن، ئىمكان قەدەر تېزرەك يارلىقنىڭ نېرىقى تەرىپىگە چېكىنىشنى بۇيرۇدى. تۇشىن توپچىلىرى ۋە ئۇنى ھىمايە قىلىپ تۇرغان باتالىيون ئېسىدىن چىقىپ قالغان ئىدى. كىنەز ئاندرېي كىنەز باگراتىيوننىڭ كاماندىرلار بىلەن قىلىشۋاتقان گەپلىرىگە ۋە ئۇلارغا بېرىۋاتقان بۇيرۇقلىرىغا دىققەت بىلەن قۇلاق سالاتتى، شۇنى ھەيرانلىق بىلەن بايقىغان ئىدىكى، كىنەز باگراتىيون ھېچقانداق بۇيرۇق بەرمەي، پەقەت زۆرۈرىيەت ۋە تاسادىپىلىق تۈپەيلىدىن ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇغىسىز ئايرىم كاماندىرلارنىڭ خاھىشى بىلەنلا قىلىنغان ئىشلارنىڭ گويا ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئوي-پىكىرلىرىگە مۇۋاپىق بولغاندەك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىشكە تىرىشاتتى. كىنەز باگراتىيون ئىپادىلىگەن خۇش مۇئامىلىگە قاراپ، كىنەز ئاندرېي يەنە شۇنى بايقىغان ئىدىكى، ۋەقەلەردىكى بۇ تاسادىپىلىق ۋە بۇ ۋەقەلەرنىڭ باشلىقنىڭ ئىختىيارىدىن تاشقىرى قىلىنىۋاتقانلىقىغا قارىماي، باگراتىيوننىڭ شۇ يەردە ھازىر بولۇشىنىڭ ئۆزى غايەت زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. كىنەز باگراتىيوننىڭ ئالدىغا ئەسەبىلەشكەن قىياپەتتە كەلگەن ئەپىتسەرلەر ئەمدى تىنچلىنىپ قالدى، ئەسكەرلەر بىلەن ئەپىتسەرلەر ئۇنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

خوشال ـ خورام تەبرىكلىشەتتى، ئۇ ھازىر بولغان جايدا ئەسكەرلەرنىڭ روھى تېخىمۇ كۆتىرىلىپ كېتەتتى ۋە ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ جەسۇرلىقىنى كۆرسىتىشكە ئالدىرىغاندەك كۆرۈنەتتى.

## 18

كىنەز باگراتىيون بىزنىڭ ئوڭ قانىتىمىزنىڭ ئەڭ ئىگىز يېرىگە چىقتى ـ دە، ئۇنىڭدىن كېيىن، قاراس ـ قۇرۇس ئوق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇرغان يارغا قاراپ تۆۋەن چۈشۈشكە باشلىدى ۋە بۇ يەردە پورۇخ ئىسلىرىدىن ھېچنەرسە كۆرۈنمەيتتى. ئۇلار يارغا چۈشۈپ يېقىنلاشقانسېرى، ئىس قويۇقلىشىپ ھېچنەرسە كۆرۈنمىسىمۇ، لېكىن ھەقىقى جەڭ مەيدانى يېقىنلاشقانلىقى كۆپرەك سېزىلەتتى. يولدا يارىدارلار كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بېشىغا ئوق تېگىپ قانغا بويالغان، شەپكىسى يوق بىر ئەسكەرنى ئىككى ئەسكەر قولتۇغىدىن يۆلەپ سۆرەپ چۈشۈۋاتاتتى. ئۇ خىقىرايتتى ۋە تۈكۈرەتتى. ئوق ئاغزىغا ياكى تامىقىغا تەككەندەك كۆرۈنەتتى. يەنە بىر يارىدار قورالسىز، ئۆزى يەككە ھالدا، تېتىك قەدەم تاشلاپ تېخى ھازىرلا ئوق تەككەن ۋە شىشىپ كەتكەن قولىنى سىلكىپ ـ سىلكىپ، ۋاي ـ ۋايلاپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ چىرايى ئازاپ چېكىۋاتقانىغا قارىغاندا، كۆپرەك قورقۇپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ تېخى ھازىرلا يارىدار بولغان ئىدى. كىنەز باگراتىيون ئىشتاپ ئەھلىلىرى بىلەن يولنى كېسىپ ئۆتۈپ تىك سايلىقتىن پەسكە چۈشۈشكە باشلىغاندا يانبېغىردا بىرقانچە يارىدارنىڭ ياتقانلىقىنى كۆردى؛ ئۇلار يەنە بىر توپ

ئەسكەرلەرنى ئۇچراتتى، بۇلارنىڭ ئىچىدە يارىدار بولمىغانلىرىمۇ بار ئىدى. ئەسكەرلەر قاتتىق ھاسىراپ ئېگىز دۆڭلۈككە قاراپ كېتىۋاتاتتى ۋە گېنېرالنى كۆرۈپ تۇرغانلىقىغا قارىماستىن، بىر-بىرلىرى بىلەن ۋاقىراپ سۆزلىشەتتى ھەم قوللىرىنى سىلكىشەتتى، ئۇلارنىڭ ئالدىدا، تۇتۇن ئىچىدە، كۆلرەڭ شىنېللىق ئەسكەرلەرنىڭ سەپلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى ۋە بىر ئەپىتسەر باگراتىيونىنى كۆرۈپ، توپلىشىپ كېتىۋاتقان ئەسكەرلەرنى قايتۇرماقچى بولۇپ، ۋاقىراپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ كەتتى. باگراتىيون ئۇيەر-بۇيەردە قاراسلاپ ئوق ئېتىلىپ، سۆزلەرنى ۋە كاماندا ئاۋازلىرىنى بېسىپ كېتىۋاتقان ئەسكەرلەر سېپىگە قاراپ ماڭدى. ھەممە تەرەپنى پوروخ ئىسلىرى قاپلاپ كەتكەن ئىدى. ئەسكەرلەرنىڭ يۈز-كۆزلىرى پوروخ ئىسىدىن قارىداپ كەتكەن، ئۆزلىرى بولسا غەيرەتكە كىرگەن ئىدى. بەزىلىرى سۇمبىنى ئۇراتتى، ئىككىنچىسى مىلتىقىغا دورا قاچىلايتتى ۋە سومكىسىدىن ئوقلارنى ئالاتتى، ئۈچىنچىسى مىلتىق ئاتاتتى. لېكىن يەر-جاھاننى قاپلاپ كەتكەن ئىسنى شامال ئۇچۇرۇپ كەتمىگەنلىكى ئۈچۈن، كىمگە قارىتىپ ئېتىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. يېقىملىق غۇۋۇلداش ۋە ھۇشقۇيتۇش ئاۋازلىرى تېز-تېز ئاڭلىنىپ تۇراتتى. "بۇ نىمە؟ — دەپ ئويلايتتى كىنەز ئاندرېي توپلىشىپ تۇرغان ئەسكەرلەرگە يېقىنلاپ كېلىپ، — ئالدىنقى قاتىرى دىسەم، توپلىنىپ تۇرۇشۇپتۇ! ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ دىسەم، قىمىرلىماي تۇرۇشۇپتۇ؛ ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىشقا توپلانغان دىسەم، تۇرۇشلىرى ناتوغرا".

پولك كاماندىرى بولغان ياداڭغۇ، كۆرۈنۈشى ئاجىزغىنا، قايغى قېرى كۆزلىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى يېپىۋېلىپ، ئۇنى تەقۋادار

قىياپەتكە كىرگۈزگەن قېرى ئادەم مۇلايىم كۈلۈمسىرىگەن قىياپەتتە كىنەز باگراتىيوننىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئۇنى خۇددى ئەزىز مېھمان سۈپىتىدە قارشى ئالدى. ئۇ كىنەز باگراتىيونغا ئۆز پولكىغا قارشى فرانسۇزلارنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى ھۇجۇم قىلغانلىغىنى، بۇ ھۇجۇم قايتۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما پولك ئەسكەرلىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى نابۇت بولغانلىغىنى خەۋەر قىلدى. پولك كوماندىرى پولكىدا يۈز بەرگەن ھادىسىگە ئۆزىچە نام بېرىپ، ھۇجۇم قايتۇرۇلدى دېدى، لېكىن شۇ يېرىم سائەت ئىچىدە ئۆزىگە تاپشۇرۇلۇپ قوماندانلىق قىلىۋاتقان ئەسكەرلەر ئارىسىدا قانداق ھادىسىلەرنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى ھەقىقەتەن ئۆزى ئۇقمايتتى، شۇڭىدەك فرانسۇزلارنىڭ ھۇجۇمى قايتۇرۇلغانلىغى ياكى ئۆزىنىڭ پولكى فرانسۇزلارنىڭ ھۇجۇمى بىلەن تارمار قىلىنغانلىغىنىمۇ ئىشەنچ بىلەن ئېيتالمايتتى. ئۇ پەقەت جەڭنىڭ باشلىنىشىدىلا ئۆزىنىڭ پۈتۈن پولكىغا زەمبىرەك ئوقلىرى ۋە گراناتلار ياغدۇرۇلۇپ، كىشىلەرگە تېگىشكە باشلىغانلىغىنى، كېيىن كىمدۇر بىرسى: "ئاتلىقلار!" دەپ ۋاقىرىغانلىغىنى، بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىزنىڭ ئوق ئېتىشقا باشلىغانلىغىنىلا بىلەتتى. ئۇلار شۇ ۋاقىتقىچە ئاللىقاچان كېتىپ قېلىپ يوشۇرۇنغان ئاتلىقلارغا ئەمەس، بەلكى سايلىقتا پەيدا بولۇپ بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىزنى ئوققا تۇتۇۋاتقان فرانسۇز پىيادە ئەسكەرلىرىگە قارىتىپ ئاتماقتا ئىدى. كىنەز باگراتىيون بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى تامامەن ئۆزى كۈتكەندەك ۋە ئويلىغاندەك بولدى دېگەندەك ئىشارەت قىلىپ بېشىنى ئېگىپ قويدى. ئۇ ئادىيۇتانتىغا قاراپ، ئۇنىڭغا تېخى ھېلىلا ئۆزلىرى يېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەن 6-مەرگەنلەر پولكىنىڭ ئىككى باتالىيونىنى دۆڭلۈكتىن كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى. كىنەز باگراتىيوننىڭ

چىرايىدا شۇ تاپتا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەر كىنەز ئاندرېنى ھەيران قالدۇردى. ئۇنىڭ چىرايىدا خۇددى يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرى ئۆزىنى سۇغا ئېتىشقا تەييارلانغان ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن يۈگۈرۈشكە ئاخىرقى قەدىمىنى بېسىۋاتقان كىشىدە بولىدىغاندەك پىكىر ۋە خوشال-خورام قەتئىيلىك ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. چىرايىدا ئۇيقۇسىز قالغان كىشىدە بولىدىغان كۆزلىرىدىكى نۇرسىزلىقمۇ يوق ۋە ئۆزىنى چوڭقۇر پىكىر قىلىۋاتقاندەك كۆرسىتىدىغان ھالەتمۇ يوق ئىدى؛ گەرچە ئۇنىڭ ھەركەتلىرىدە بايىقىدەك سۇسلۇق ۋە سالماقلىق بولسىمۇ، ئەمما يۇپ-يۇمىلاق، قەتئىي قىياپەتلىك، قارچۇغىنىڭكىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرى ھامان ھاياجانلانغان ۋە نەپرەتلەنگەن ھالدا، ھېچنەرسىدە توختاپ قالماي توپ-توغرا ئالدىغا قارايتتى.

پولك كاماندىرى كىنەز باگراتىيوننىڭ بۇ يەردىن كېتىشىنى سوراپ يالۋۇردى، چۈنكى بۇ يەر ناھايىتى خەۋپلىك ئىدى. "شۇنداق قىلىڭ، جانابى ئالىيلىرى، خۇدا ھەققى! — دېدى ئۇ باشقا تەرەپكە ئۆرۈلۈۋالغان باش ئىشتاپ ئەپىتسەرىگە سۆزۈمنى قۇۋۋەتلە دېگەندەك قىلىپ. — مانا، قاراپ بېقىڭ!" ئۇ ئەتراپىدا توختىماستىن ۋىڭىلداپ، غۇڭۇلداپ ۋە چىقىراپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ئوقلارغا ئىشارەت قىلدى. ئۇ خۇددى قولىغا پالتىنى ئالغان خوجايىنىغا: "بىز بۇ ئىشقا كۆنۈپ قالغان، قويۇڭ، سىزنىڭ قولىڭىز قاپىرىدىپ كېتىدۇ" دەۋاتقان خىزمەتكاردەك يالۋۇرۇپ ۋە زارلىنىپ سۆزلەيتتى. ئۇ خۇددى بۇ ئوقلار ئۇنىڭ ئۆزىگە تەگمەيدىغاندەك سۆزلەيتتى ۋە ئۇنىڭ يېرىم يېپىق كۆزلىرى ئۇنىڭ سۆزلىرىگە تېخىمۇ قايىل قىلارلىق تۈس بېرەتتى. ئىشتاپ ئەپىتسەرلىرى پولك كاماندىرىنىڭ سۆزىگە قوشۇلدى؛ ئەمما كىنەز باگراتىيون ئۇلارغا جاۋاپ بەرمىدى ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

پەقەت ئېتىشنى توختىتىشنى ھەم كېلىۋاتقان ئىككى باتالىيونغا ئورۇننى بوشىتىپ بېرىشنى بۇيرۇدى. ئۇ سۆزلەۋاتقان چاغدا بىردىن پەيدا بولغان شامال يارلىقنى قاپلاپ تۇرغان ئىس پەردىسىنى، خۇددى شەكىلسىز بىر قول تارتقاندەك، ئوڭدىن سولغا سىلجىتتى-دە، قارشى تەرەپتىكى دۆڭلۈكتىن ئۇنى بويلاپ شۇ تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان فرانسۇزلار ئۇلارنىڭ ئالدىدا كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ھەممەيلەننىڭ كۆزى بۇ ئىگىز-پەس جايلاردىن ئۆزلىرىگە قاراپ يىلاندەك تولغىنىپ كېلىۋاتقان فرانسۇز كولونىسىغا ئىختىيارسىز تىكىلدى. ئەسكەرلەرنىڭ پاخماق شەپكىلىرى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى؛ ئەپىتسەرلەرنى ئەسكەرلەردىن پەرق ئەتكىلى بولاتتى؛ بايراقلىرىنىڭ دەستىسىگە پىرىلداپ تېگىپ تۇرۇشىنى كۆرگىلى بولاتتى.

— كېلىشىنى قارا! — دېدى باگراتىيوننىڭ ئىشتاپ ئەھلىلىرىدىن بىرسى.

كولوننىنىڭ بېشى يارلىققا چۈشكەن ئىدى. توقۇنۇش يانبېغىرنىڭ شۇ تەرىپىدە بولۇشى كېرەك ئىدى...

بىزنىڭ جەڭ قىلىۋاتقان پولكىمىزنىڭ قالغان-قۇتقانلىرى ئالدىراش سەپكە تىزىلدى-دە، ئوڭ تەرەپكە قاراپ كەتتى؛ بۇلارنىڭ ئارقىسىدىن، قاتاردىن قېپقالغانلارنى قوغلاپ، 6-مەرگەنلەر پولكىنىڭ ئىككى باتالىيونى رەتلىك كېلىپ ئورناشتى. ئۇلار تېخى باگراتىيونغا يېقىنلاشماي تۇرۇپ، باراۋەر تاشلاۋاتقان ئېغىر قەدەملىرىنىڭ ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇمۇلاق يۈزلۈك، بەستلىك، تۇشىن توپچىلىرى تۇرغان دۆڭلۈكتىكى ھىلىقى لاپاستىن يۈگۈرۈپ چىققان روتا كوماندىرى سەپنىڭ سول تەرىپىدىن، باگراتىيونغا ھەممىدىن

يېقىنراق ئۆتتۈپ كەتمەكتە ئىدى. ئۇ شۇ تاپتا باشلىقلارنىڭ ئالدى-دىن يىگىتتەك قەدەم تاشلاپ ئۆتتۈپ كېتىشتىن باشقا ھېچنەرسىنى بىلمىگەندەك كۆرۈنەتتى.

ئۇ يوغان ئاياقلىرىنى، خۇددى يەرگە تەككۈزمەي سۇدا ئۈزۈپ كېتىۋاتقاندەك يەڭگىل تاشلاپ، بەدىنىنى تۈپ-تۈز قىلىپ رۇسلاش-تىن قىلچە كۆچەنمەي، ئارقىسىدىن ئېغىر قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتقان ئەسكەرلەردىن ئەنە شۇ يەڭگىل ھەركىتى بىلەن پەرقلىنىپ، كۆرەك-تىن ئۆتتۈۋاتقاندەك ئۆز ئۆزىدىن مەغرۇرلانغان ھالدا يۈرەتتى. ئۇ يېنىغا يالىڭاچ ئىنچىكىنە قىلىچ (قورالغىمۇ ئوخشىمايدىغان ئەگرى بىر كىچىك قىلىچ) ئېسىۋالغان بولۇپ، گايىدا باشلىقلار تەرەپكە ۋە گايىدا ئۆزىنىڭ پۈتۈن كۆچلۈك گەۋدىسىنى ئەپچىللىك بىلەن ئۆرۈپ تۇرۇپ، لېكىن قەدىمىنى خاتا دەسسىمەستىن ئارقىسىغا قاراپ قويۇپ ماڭاتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن مەنىۋى كۈچى خۇددى باش-لىقنىڭ ئالدىدىن ئەڭ ياخشى تەرزىدە ئۆتتۈپ كېتىشكە قارىتىلغاندەك ئىدى ۋە ئۇ بۇ ئىشنى ئوبدان ئورۇنلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنى بەختلىك ھېساپلايتتى. ئۇ ھەر قەدەمدە ئۆزىچە "سول-سول، سولسە-سول... سول-سول، سولسە-سول..." دېگەندەك قىلاتتى؛ لازىمەتلىكلەر خالتىسى ۋە قورال-ياراقلىرى ئېغىرلىشىپ قاتار كېتىۋاتقان ۋە بىر بىردىگە ئوخشىمايدىغان، لېكىن ھەممىسىنىڭ چىرايىدىمۇ جىددىيلىك بولغان يۈزلىگەن بۇ ئەسكەر-لەرنىڭ ھەر بىرسىمۇ خۇددى شۇ مۇقامدا قەدەم تاشلاپ، ئىچىدە "سول-سول، سولسە-سول..." دەپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. سېمىز مايۇر ھاسىراپ ۋە ئايرىپ-ئايرىپ قەدەم تاشلاپ يول بويى-دىكى دەرەخنى ئايلىنىپ ئۆتتى؛ كەينىدە قالغان ئەسكەر ئىندىكىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بوشاڭلىغى ئۈچۈن ئارقىدا قالغانلىغىدىن قورقۇپ، ھاسىرىغان پېتى يۈگۈرۈپ روتىغا يېتىشىۋالاتتى؛ زەمبىرەك ئوقى ھاۋانى سىقىپ، كىنەز باگراتىيون بىلەن ئىشتاپ ئەھلىلىرىنىڭ بېشىدىن غۇيۇلداپ ئۆتتى-دە، يەنە شۇ تەرىزدە: ”سول-سول، سولسە-سول...“ دەپ باراۋەر قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتقان ئەسكەرلەر كولونىنسىنىڭ ئۈستىگە چۈشتى. روتا كاماندىرىنىڭ ”زىچلىشىڭلار!“ دىگەن مەغرۇر كاماندىسى ئاڭلاندى. ئەسكەرلەر زەمبىرەك ئوقى چۈشكەن جايدىن نىمىنىدۇ بىر نەرسىنى ئايلىنىپ ئۆتتى، ئۆلگەنلەرگە قاراپ كەينىدە قېپقالغان پىشقەدەم ئاتلىق، بىر قاناتنىڭ ئۇنتېر-ئەپتسەرى بىر سەكرەپلا سېپىگە يېتىشىۋالدى-دە، بىر ئىرغىپلا ئايىغىنى باشقىلارغا توغرىلاپ، ئاچچىغى بىلەن ئارقىسىغا قاراپ قويدى. تەھلىكە سىلىدىۋاتقان جىمجىتلىق ۋە بىر ۋاقىتنىڭ ئىچىدە تەڭلا يەرگە تېگىۋاتقان بىر تەرىزدىكى ئاياق تاۋۇشلىرى ئىچىدىن: ”سول-سول، سولسە-سول...“ دىگەن سادا ئاڭلىنىپ تۇرغاندەك قىلاتتى.

— بەللى، يىگىتلەر! — دىدى كىنەز باگراتىيون.

سەپلەردىن ”خىزمەتكە تەييارمىز،... جانابى...!“ دىگەن ئاۋازلار ئاڭلاندى. سولدا كېتىۋاتقان قاپىغى تۈرۈك ئەسكەر ۋاقىراپ خۇددى: ”ئۆزىمىز بىلىمىز“ دىگەندەك قىياپەتتە باگراتىيونغا ئۆرۈلۈپ قارىدى؛ باشقا بىر ئەسكەر، قارىسام ئارقىدا قالسەن دەپ قورققاندەك، قارىماستىن، ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ۋاقىراپ ئۆتتى.

توختاش ۋە لازىمەتلىكلەر سېلىنىدىغان خالتىلىرىنى ئېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىلدى.

باگراتىيون ئۆز يېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەن ئەسكەر سەپلىرىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ ئاتتىن چۈشتى. ئۇ ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى كازاكقا

تۇتقۇزۇپ قويۇپ، بۇركسنى يېشىپ بەردى ۋە كېيىن ئاياقلىرىنى رۇسلىۋېلىپ، بېشىدىكى تەلپەكنى تۈزەتتى. ئالدىدا ئەپتەسەرلىرى كېلىۋاتقان فرانسۇزلار كولوننىسىنىڭ بېشى دۆڭلۈكنىڭ ئېتىكىدىن كۆرۈندى.

— خۇدا يار بولسۇن! — دېدى باگراتىيون قاتتىق ۋە يۇكسەك ئاۋاز بىلەن. كېيىن بىر پەس فرونتقا قايرىلىپ قارىدى - دە، قوللىرىنى يېنىككىنە سىلىپ، خۇددى پىيادە يۈرۈشكە قىينىلىۋاتقان كاۋالېرىستەك، ئىلگىرى - پەس يەرلەرنى بويلاپ ئالدىغا قاراپ كەتتى. كىنەز ئاندرېي باگراتىيوننى قانداقتۇ يېڭىلمەس بىر كۈچ ئالغا يېتەكلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، خوشاللىقى ئىچ - ئىچىگە سىغماي كەتتى①.

فرانسۇزلار يېقىنلىشىپ قالغان ئىدى؛ باگراتىيوننىڭ يېنىدا كېتىۋاتقان كىنەز ئاندرېي فرانسۇزلارنىڭ يەلكىلىرىدىن تارتىپ باغلانغان ئوقدانلىرىنى، قىزىل پاگونلىرىنى، ھەتتا ئۇلارنىڭ

---

① تىيېر بۇ قېتىمقى ھۇجۇم توغرىسىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: "Les russes se conduisirent, vaillament, et chose rare la guerre, on vit deux masses d,infanterie marcher re solument l'unecontre l'autre sans qu'aucune des deux ce'da auant d'être aborde" (رۇسلار ناھايىتى زور جەسۇرلۇق كۆرسەتتى؛ ئۇرۇشتا ناھايىتى كەم ئۇچرايدىغان ھادىسە بولدى؛ ئىككى پىيادىلەر قوشۇنى بىر بىرىگە قارشى يۈردى - يۇ، تاكى توقۇنۇشۇپ قالغىچە بىرەرسىمۇ يان بەرمىدى.) بۇ ھۇجۇم توغرىسىدا ناپالېون بولسا مۇقەددەس ئېلېنا ئارىلىدا بۇنداق دېگەن ئىدى: " Quelques baailons rosses montrerentdel'intr . pidit" (بىرنەچچە رۇس باتالىيونى چوڭ جاسارەت كۆرسەتتى.)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىرايلىرىنى پەرق ئېتىپ تۇراتتى. (ئۇ قېرى بىر فرانسۇز ئەپىتە-سەرى مىيىپ بولغان ئايىغىنى سۆرەپ، چاتقاللارغا ئېسىلىپ، دۆڭ-لۈككە ئاران چىقىۋاتقانلىقىنى روشەن كۆرۈپ تۇرغان ئىدى).
كىنەز باگراتىيون يېڭىدىن بۇيرۇق بەرمەي، يەنىلا ئىندىمەستىن سەپنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتاتتى. بىردىنلا فرانسۇز قوشۇنلىرى ئارىسى-دىن بىر ئوق چىقتى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يەنە بىرى، ئۈچىنچىسى...
ۋە ئۇلارنىڭ بۇزۇلغان سەپىدىن ئىسلار كۆتىرىلىپ قاراس-قۇرۇس باشلىنىپ كەتتى. بىزنىڭ ئارىمىزدىن بىرقانچە كىشى يىقىلدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە خوشال-خورام ۋە غەيرەت بىلەن قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتقان يۇمۇلاق يۈزلۈك ئەپىتسەرمۇ بار ئىدى. لېكىن، خۇددى شۇ پەيتىنىڭ ئۆزىدە بىرىنچى ئوق ئېتىلىش بىلەن تەڭلا، باگرا-تىيون قايرىلىپ قارىدى-دە، "ئۇرا!" دەپ ۋاقىرىدى.
"ئۇرا...!" دەپ ئۇزاققا سوزۇلغان ۋاقىراش ئاۋازى بىزنىڭ سەپىمىزنى بويلاپ تارقالدى-دە، ئەسكەرلىرىمىز كىنەز باگراتىيون-دىن ۋە بىر-بىرىدىن ئۆتۈپ كېتىپ، يوپۇرۇلۇپ، سەپى بۇزۇلغان فرانسۇزلارنىڭ ئارقىسىدىن گۇرۇلدىشىپ خوشال ۋە جانلانغان ھالدا دۆڭلۈككە قاراپ يۈگۈرۈشتى.

## 19

6-مەرگەنلەر پولكىنىڭ ھۇجۇمى ئوڭ قانىتىمىزنىڭ چېكىنىشىنى تەمىن ئەتتى. شېنگرابېن يېزىسىنى ئۆرتەپ تاشلاشقا ئۈلگۈرگەن تۇشىننىڭ ئۇنتۇلغان توپچىلىرى مەركەزگە قاراپ كېلىۋاتقان فرانسۇزلارنى توختاتتى. فرانسۇزلار شامال ئۇلغايتىۋاتقان يانغىننى

ئۆچۈرۈش بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتقاندا، بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىز بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ چېكىندى. مەركەزدىكى ئەسكەرلىرىمىزنىڭ چېكىنىشى ئالدىراش ۋە ئالا-تۇپىلاڭ بولغان ھالدا ئورۇنلاندى؛ بىراق ئەسكەرلىرىمىز چېكىنىۋاتقاندا كاماندىرلار بىر بىرىگە ئارىلىشىپ كەتمىدى. لېكىن لانن باشچىلىقىدىكى فرانسۇزلارنىڭ زور كۈچى تەرىپىدىن بىر ۋاقىت ئىچىدە ھۇجۇم قىلىنغان ۋە قورشىۋېلىنغان ۋە ئازوۋ ھەم پودولىسكى پىيادە ئەسكەرلەر پولكى بىلەن پاۋلوگراد ئاتلىقلار پولكىدىن تۈزۈلگەن بىزنىڭ سول قانىتىمىز تەرتىپسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. باگراتىيون سول قانىتىمىزنىڭ گېنېرالىغا ژېركوۋنى ئېۋەتىپ، تېز چېكىنىشنى بۇيرۇدى.

ژېركوۋ قولىنى شەپكىسىنىڭ چېكىلىكىدىن ئالماستىن، چاققانلىق بىلەن ئاتنى بۇراپ چېپىپ كەتتى. لېكىن باگراتىيوننىڭ يېنىدىن ئاجراپ كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇنىڭ دەرمانى يوقالدى. ئۇنى يېڭىپ بولمايدىغان ۋەھىمە باستى ۋە خەتەرلىك جايغا بېرىشقا ئايىغى تارتمىدى.

ئۇ سول قاناتتا تۇرغان ئەسكەرلەرنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئېتىشىش بولۇۋاتقان ئالدىنقى سەپكە بارماستىن، بەلكى گېنېراللار ۋە باشلىقلارنى ئۇلار بولمايدىغان جايدىن ئىزدەشكە باشلىدى ۋە شۇ سەۋەپتىن بۇيرۇقنى يەتكۈزەلمىدى.

سول قاناتقا قوماندانلىق قىلىش ھوقۇقى ئۇنۋان جەھەتتىن چوڭ بولغان ھىلىقى پولكنىڭ كاماندىرىغا، يەنى ئۆز پولكىنى برائۇناۋدا كۇتۇزوۋنىڭ كۆرىكىدىن ئۆتكۈزگەن، دولوخوۋ ئەسكەر بولۇپ خىزمەت قىلىپ تۇرغان پولك كاماندىرىغا تاپشۇرۇلغان ئىدى. ئەڭ چەتتىكى قاناتقا قوماندانلىق قىلىش ھوقۇقى بولسا،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

روستوۋ خىزمەت قىلىپ تۇرغان پاۋلوگراد پولكىنىڭ كاماندىرىغا تاپشۇرۇلغان ۋە بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇقۇشۇلماسلىق تۇغۇلغان ئىدى. ھەر ئىككى كاماندىرمۇ بىر بىرىدىن ناھايىتى خاپا بولغاچقا، ئۇلار قاناتتا ئۇرۇش بولۇۋاتقان ۋە فرانسۇزلار ھۇجۇمىنى باشلىغان بىر ۋاقىتتا، بۇ ئىككى كاماندىر بىر بىرىنى كەمسىتىش مەقسىدىدە بىر بىرى بىلەن گەپ تالىشىپ تۇراتتى. بۇ ئىككى پولك — مەيلى ئاتلىقلار پولكى ۋە ياكى پىيادە ئەسكەرلەر پولكى بولسۇن — ئالدىدا تۇرغان جەڭگە ناھايىتى ئاز تەييارلانغان ئىدى. ئەسكەرلەردىن تارتىپ گېنېراللارغىچە پولكلارنىڭ ھەممە كىشىلىرى جەڭ توغرىسىدا ئويلىماي، تېچ ۋاقىتتىكى ئىشلار بىلەن بىساماللال مەشغۇل بولۇپ، ئاتلىقلار ئات بېقىش، پىيادىلەر ئوتۇن يىغىش بىلەن بولۇپ كەتكەن ئىدى.

— لېكىن ئۇ ئۇنۋان جەھەتتە مەندىن يۇقۇرى، — دىدى ئەسلى نېمىس بولغان ئاتلىقلار پولكاۋنىگى قىزىرىپ ۋە ئالدىغا ئاتلىق كەلگەن ئادىيۇتانتقا قاراپ، — مەيلى قويۇۋە ئۇنى، نىمە قىلسا شۇنى قىلسۇن، مەن ئۆزەمنىڭ ئاتلىقلىرىمنى قۇربان قىلماقچى ئەمەسمەن. كانايچى! چال كانىيىڭنى، چېكىنىمىز!

ئەمما تېز ھەركەتلىنىش بارغانسېرى مۇھىم بولۇپ قالغان ئىدى. توپ-زەمبىرەك ۋە مىلتىقلاردىن ئېتىلغان ئوقلارنىڭ ئاۋازلىرى بىر بىرىگە قوشۇلۇپ، ئوڭ تەرەپتە ۋە ئوتتۇرىدا گۈمبۈرلەيتتى، لاننېس باشچىلىقىدىكى ئۇچىسىغا كاپوت ئارتىۋالغان فرانسۇز ئوقچىلىرى تۈگمەل توغىنىدىن ئۆتكەن ۋە بۇ تەرەپتە مىلتىق ئوقى يېتىپ بارالايدىغان ئىككى ھەسسە مۇساپىدىكى جايدا سەپكە تىزىلماقتا ئىدى. پىيادە ئەسكەرلەر پولكاۋنىگى بىر-بىرلەپ قەدەم

تاشلاپ ئېتىنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئېتىنى مىنىپ قەددىنى ئوبدان رۇسلىۋالغاندىن كېيىن ، پاۋلوگراد پولكى كوماندىرىنىڭ ئالدىغا كەتتى. پولك كوماندىرلىرى ھۆرمەت بىلەن ئەمما كۆڭلىدە ئاداۋىتىنى يوشۇرغان ھالدا بىر بىرى بىلەن كۆرۈشتى.

— يەنە بىر مەرتىۋە ئېيتاي، پولكاۋنىك، — دېدى گېنېرال، — بىراق مەن ئادەملىرىمنىڭ يېرىمىنى ئورماندا قالدۇرالمايمەن. مەن سىزدىن سورايمەن، سورايمەن، — دېدى ئۇ تەكرارلاپ، — پوزىتسىيىنى ئىشغال قىلىڭ ۋە ھۇجۇمغا تەييارلىنىڭ.

— مەنمۇ سىزدىن سورايمەن، گېنېرال، سىز باشقىلارنىڭ ئىشىغا ئارىلاشماڭ، — دېدى پولكاۋنىك قىزىرىپ. — ئەگەر قىران ئاتلىق ئەسكەرلەردىن بولغان بولسىڭىز...

— مەن ئاتلىق ئەسكەر ئەمەس، پولكاۋنىك، لېكىن مەن رۇس گېنېرالى، ئەگەرسىز بۇنى بىلمىسىڭىز...

— ناھايىتى ياخشى بىلىمەن، جانابى ئالىلىرى، — پولكاۋنىك ئېتىنى نىقتاپ ۋە قىزىرىپ-كۆكىرىپ بىردىنلا ۋاقىرىدى، — مەرھەمەت قىلىپ، ئالدىنقى قاتارنى بىرىپ كۆرگەن بولسىڭىز، بۇ پوزىتسىيىنىڭ تامامەن يارىماسلىقىنى بىلگەن بولاتتىڭىز. سىزنىڭ ھوزۇرلىنىشىڭىزنى دەپ مەن ئۆز پولكىمنى زىيانغا سالمايمەن!

— سىز ئۆزىڭىزنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتىسىز، پولكاۋنىك. مەن ئۆز ھوزۇرۇمنى دەپ ئىش قىلىۋاتقىنىم يوق، بۇنداق دېيىشكىمۇ يول قويمايمەن.

گېنېرال باتۇرلۇق ۋە كۈچ سىنىشىش توغرىسىدا پولكاۋنىكنىڭ تەكلىۋىنى قوبۇل قىلىپ كۆكرىكىنى كۆتەردى-دە، قاپىقىنى سېلىپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ ئىختىلاپنىڭ ئالدىدىكى قاتاردا، يەنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئوق يېغىپ تۇرغان جايدا ھەل بولىدىغاندەك، ئالدىنقى قاتارغا قاراپ كەتتى. ئۇلار ئالدىنقى قاتارغا يېتىپ كەلدى، بۇلارنىڭ باشلىرىدىن بىرقانچە ئوق ۋىژىلداپ ئۆتۈپ كەتتى، ئىككىلىسىمۇ گەپ قىلماستىن جىم تۇرۇشتى. ئالدىنقى قاتارنى كېلىپ كۆرۈشنىڭ ھاجىتىمۇ يوق ئىدى، چۈنكى ئۇلار ئىلگىرى تۇرغان ھىلىقى يەردىن ئاتلىقلارنىڭ چاتقاللار ۋە يارلىقلارنى بويلاپ ھەركەتلىنىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى ۋە فرانسۇزلارنىڭ سول قاناتىنى ئايلىنىپ ئۆتۈۋاتقانلىقى روشەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. گېنېرال بىلەن پولكاۋ-نىك، خۇددى ھازىرلا سوقۇشقا تەييار تۇرغان خورازلاردەك، بىر بىرىگە جىددى ۋە مەنىلىك قارىشىپ، بىر بىرىدە قورقۇش ئالامەتلىرىنى بىھۇدە كۈتۈشۈپ تۇراتتى. ئىككىلىسىمۇ سىناقتىن ئۆتتى. چۈنكى ئېيتىدىغان سۆزمۇ يوق ئىدى، ھەر ئىككىلىسىمۇ كىمنىڭ ئوق ئاستىدىن بىرىنچى بولۇپ قۇتۇلۇپ قېچىپ چىققانلى-غىغا ۋەج تېپىپ بېرىشنى خالىمايتتى، ئەگەر شۇ چاغدا ئارقىسى-دىكى ئورماندىن قاسۇر-قۇسۇر مىلتىق ئاۋازلىرى ۋە بوغۇق دات-پەريات ئاۋازلىرى ئاڭلانمىغاندا ئىدى، ئىككىلىسىمۇ بىر بىرىنىڭ باتۇرلىقىنى سىناپ ئۇزاق ۋاقىت تۇرغان بولاتتى. فرانسۇزلار ئورماندا ئوتۇن تەييارلاۋاتقان ئەسكەرلەرگە ھۇجۇم قىلغان ئىدى. ئەمدى ئاتلىقلار پىيادە ئەسكەرلەر بىلەن بىللە چېكىنەلمەيتتى. ئۇلارنىڭ سول تەرەپكە چېكىنىدىغان يولىنى فرانسۇزلار كېسىپ تاشلىغان ئىدى. ئەمدى ئۆزىگە يول ئېچىش ئۈچۈن، جايلارنىڭ ھەرقانچە ئەپسىز بولۇشىغا قارىماي ھۇجۇم قىلىش زۆرۈر بولۇپ قالغان ئىدى.

روستوۋ خىزمەت قىلىپ تۇرغان ۋە ئاتلىنىشقا ئارانلا ئۈلگۈرگەن

ئېسكادرون ئالدى تەرەپتە دۈشمەن تەرىپىدىن توسالغان ئىدى. يەنىلا، خۇددى ئېنىس كۆۋرۈكىدە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەدەك ئېسكادرون بىلەن دۈشمەن ئوتتۇرىسىدا ھېچكىم يوق ئىدى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدا، خۇددى ھايات بىلەن ماماتنى ئاجرىتىپ تۇرغان سىزىقتەك، ئۇ تەرىپى نامەلۇم ۋە قورقۇنچلۇق بولغان سىزىق يەنىلا ئۇلارنى ئاجرىتىپ تۇراتتى. ھەممە كىشى بۇ سىزىقنى ھېس قىلاتتى ۋە بۇنىڭدىن ئۆتىمىزمۇ-يوقمۇ؟ ئۆتكەندە قانداق ئۆتىمىز؟ دېگەن مەسىلە ئۇلارنى ھاياجانغا سالاتتى.

پولكاۋنىك ئاتلىنىپ فرونتقا كەلدى، ئەپىتسەرنىڭ سوئاللىرىغا تېرىككەن ھالدا جاۋاپ بەردى ۋە خۇددى ئۆز پىكرىدە مەرتلەرچە چىڭ تۇرغان كىشىدەك، قانداقتۇ بۇيرۇق بەردى. ھېچكىم ئېنىق بىر گەپنى قىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئېسكادروندا ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدا گەپ-سۆزلەر تارقىلىپ كەتكەن ئىدى. سەپكە تىزىلىش توغرىسىدا كاماندا بېرىلدى، كېيىن قىلىچلارنى جىرىلدىتىپ، قىنلىرىدىن چىقىرىشتى. لېكىن يەنىلا ھېچكىم ئورنىدىن قوزغالمايتتى. سول قاناتتىكى قوشۇنلار، پىيادە ئەسكەرلەر ۋە ئاتلىقلارمۇ كاماندىرلارنىڭ ئۆزلىرى نېمە قىلىشنى بىلمەيۋاتقانلىقلىرىنى بىلىۋالدى، كاماندىرلارنىڭ بۇ ئىككىلىنىش كەيپىياتى قوشۇنلارغىمۇ ئۆتكەن ئىدى.

"تېزرەك، تېزرەك بولساقچۇ"، — دەپ ئويلايتتى روستوۋ، ھۇجۇم قىلىشنىڭ لەززىتىنى سىناپ بېقىش ۋاقتى ئاخىر يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ. ئۇنىڭ تەرىپىنى ئۇ ئۆزىنىڭ نۇرغۇن ئاتلىق ئاغىنىلىرىدىن ئاڭلىغان ئىدى.

— خۇدايار بولسۇن، يىگىتلەر، — دېدى دېنىسوۋ يۇقۇرى ئاۋاز

بىلەن، ــ چىپىڭلار، ئالغا!

ئالدىنقى سەپتە ئاتلارنىڭ ساغرىلىرى قىمىرلاشقا باشلىغان ئىدى. گىراچىك بېشىنى سىلكىدى ـ دە، ئۆزىلا يۈرۈپ كەتتى.

روستوۋ ئوڭ تەرەپتە ئاتلىقلىرىنىڭ بىرىنچى سېپىنى كۆردى، يەنىمۇ نېرىراق ئالدىدا ئۇنىڭغا قارا بىر سىزىق كۆرۈندى، روستوۋ ئۇنى ئوچۇق كۆرەلمەيتتى، لېكىن دۈشمەن دەپ ھېساپلايتتى. ئوق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، لېكىن خېلى يىراقتا ئىدى.

ــ تېزلىتىڭلار! ــ دېگەن كاماندا ئاۋازى ئاڭلاندى، شۇنىڭ بىلەن روستوۋ گىراچىكنىڭ تېخىمۇ تاقىراقشىپ ئۇچقاندەك كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

ئۇ ئېتىنىڭ چاپقۇر ئىكەنلىكىنى ئالدىنئالا بىلگەن ئىدى، شۇ سەۋەپتىن بارغانسېرى خوشال بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئالدىدا يەككە بىر تۈپ دەرەخنى كۆردى. بۇ دەرەخ دەسلەپ ئالدىدا، يەنى شۇنچە قورقۇنچلۇق كۆرۈنگەن ھېلىقى سىزىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇراتتى. مانا بۇ سىزىقتىنمۇ ئۆتۈپ كەتتى، لېكىن ھېچقانداق قورقۇنچلۇق نەرسە بولمايلا قالماستىن، بەلكى ھەممە ئادەم بارغانسېرى خوشال ۋە جانلىنىپ كەتمەكتە ئىدى. «ۋاي! ئۇنى بىر ئۇرۇپ ئىككىگە بۆلۈۋېتىمەن»، ــ دەپ ئويلايتتى روستوۋ قىلىچىنىڭ سېپىنى قولىدا چىڭ قىسىپ تۇتۇپ.

ــ ئۇرا!... ــ ئاۋازلىرى ياڭراپ كەتتى.

«قېنى، يۈرىگىڭ بولسا، كەپپاقىنچۇ، قېشىمغا»، ــ دەپ ئويلايتتى روستوۋ گىراچىكنى دېۋىتكۈچى بىلەن نىقتاپ قويۇپ، شۇنىڭ بىلەن ئېتىنى باشقىلارنىڭ ئالدىغا ئۆتكۈزۈپ، بولۇشىغا قويۇپ بەردى. ئالدى تەرەپتە دۈشمەن كۆرۈنۈشكە باشلىغان

ئىدى. بىردىنلا، ئېسكادرونغا خۇددى چوڭ سۇپۇرگىدەك بىر نەرسە تەككەندەك قىلدى. روستوۋ قىلىچىنى كۆتىرىپ توغراپ تاشلاشقا تەييارلاندى، لېكىن بۇ چاغدا ئالدىدا ئېتىنى چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقان ئەسكەر نىكىتېنكو ئۇنىڭدىن ئاجرىلىپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن روستوۋ ئۆزى خۇددى چۈشەككەندەك، غەيرى تەبىئى بىر سۈرئەت بىلەن ئالغا كېتىۋاتقان بولسىمۇ، جايىدىن قىمىرلىمايۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. ئارقىسىدا كېلىۋاتقان تونۇش ئاتلىق باندارچۇك ئۆزىنى ئۇنىڭغا ئۇرۇۋالدى-دە، ھومىيىپ قارىدى. باندارچۇكنىڭ ئېتى ھۈركۈپ ئۇنىڭ يېنىدىن ئۇچقاندەك ئۆتۈپ كەتتى.

"نىمە بولدى؟ نىمىشقا ئورنۇمدىن قىمىرلىيالمايمەن؟ مەن يىقىلدىم، ئۆلدىم..." دەپ روستوۋ شۇ بىر پەستە ئۆز ئۆزىگە سوئال بەردى ۋە ئۆزى جاۋاپ بەردى. ئۇ ئۆزى يالغۇز دالانىڭ ئوتتۇرىسىدا قالغان ئىدى. ئۇ ھېلىلا ئالدىدا ھەركەتلىنىۋاتقان ئاتلار ۋە ئاتلىقلارنىڭ ئورنىدا ئەتراپىدا قىمىرلىماي تۇرغان يەر ۋە ئېگىزلىقنى كۆرەتتى. ئۇ ئىسسىق قان ئۇستىدە ياتاتتى. "ياق، مەن يارىدار بوپتىمەن، ئات ئۆلۈپتۇ". گراچىك ئالدىنقى پۇتلىرى بىلەن ئورنىدىن تۇرۇشقا ئۇرۇناتتى-يۇ، ئەمما يىقىلىپ خوجايىنىنىڭ پۇتىنى بېسىۋالاتتى. ئاتنىڭ بېشىدىن قان ئاقاتتى. ئات ئۆزىنى ئۇراتتى، ئورنىدىن تۇرالمايتتى. روستوۋمۇ ئورنىدىن تۇرماقچى بولدى-يۇ، يەنە يىقىلدى. قىلىچى ئىگەرگە ئىلىنىپ قالغان ئىكەن. بىزنىڭ قوشۇنلىرىمىز نەدە قالدى-يۇ، فرانسۇزلار نەدە؟ — روستوۋ بۇنى قىلچە بىلمەيتتى. ئەتراپتا ھېچكىم يوق ئىدى.

ئۇ پۇتىنى ئېتىنىڭ تېگىدىن تارتىپ چىقىرىپ ئورنىدىن تۇردى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇ "ئىككى قوشۇننى بىر بىرىدىن ئېنىق ئاجرىتىپ تۇرغان ھېلىقى سىزىق نەدە قالدىكىن؟" — دەپ ئۆزىدىن ئۆزى سورايتتى-يۇ ئەمما جاۋاپ بېرەلمەيتتى. "مېنى بىرەر پالاكەت باسمىدىمىكىن؟ شۇنداق ھادىسىلەرمۇ بولامدۇ؟ مۇنداق ھادىسىلەر بولغاندا نىمە قىلىش كېرەك؟" — ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆز ئۆزىدىن سورايتتى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئۇيۇشۇپ قالغان سول قولىدا قانداقتۇ ئارتۇقچە بىر نەرسە ئېسىلىپ تۇرغاندەك ھېس قىلاتتى. ئۇنىڭ ئالقىنى ئۆزىنىڭ ئەمەستەك تۇيۇلاتتى. ئۇ قوللىرىغا سىنجىلاپ قاراپ چىقتى، ئۇنىڭدىن قان ئىزلىرىنى بىھۇدە ئىزدەيتتى. "مانا، ئادەملەر كېلىۋاتىدۇ، — دەپ ئويلىدى ئۇ خوشاللىق بىلەن، ئۆزىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان بىرقانچە كىشىنى كۆرۈپ. — ئۇلار ماڭا ياردەم بېرىدۇ!" بۇ ئادەملەرنىڭ ئالدىغا كۆك شىنېل، غەلىتە تېرە شەپكە كىيگەن، ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىيىپ كەتكەن، ئىلمەك بۇرۇنلۇق بىر كىشى يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. كەينىدىن يەنە ئىككەيلەن، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يەنە بىرقانچە كىشى يۈگۈرۈپ كېلىشتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىرسى چۈشىنىپ بولمايدىغان غەلىتە سۆزلەرنى قىلاتتى، سۆزلىرى رۇسچە ئەمەس ئىدى. كەينىدە كېلىۋاتقان ۋە شۇنداق تېرە شەپكە كىيگەن كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا بىر رۇس ئاتلىقى تۇراتتى. ئۇنى قولىدىن تۇتۇپ ئېلىشقان؛ ئارقىسىدىن ئۇنىڭ ئېتىنى يېتەكلەپ كېلىۋاتاتتى.

"بىزنىڭكىلەردىن بىرەرسى ئەسىرگە چۈشۈپتۇ-دە. ھە، ئەمدى مېنىمۇ ئەسىرگە ئالارمۇ؟ بۇلار قانداق ئادەملەر ئىكەنە؟ — دەپ ئويلايتتى روستوۋ كۆزلىرىگە ئىشەنمەي. — بۇلار فرانسۇزلارمىدۇ؟" ئۇ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان فرانسۇزلارغا قارايتتى ۋە بۇ فرانسۇزلارغا

يېتىشىۋېلىپ ئۇلارنى چېپىپ تاشلىماقچى بولۇپ، بۇنىدىن بىرەر مىنۇت ئىلگىرى ئىتنى چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ھازىر ئۇلارنىڭ يېقىنلىشىپ كېلىشى شۇنچە دەھشەتلىك بولۇپ قالغان ئىدىكى، ئۇ ھەتتا ئۆزىنىڭ كۆزلىرىگىمۇ ئىشەنمەي قالغان ئىدى. "كىملەر ئۇلار؟ نىمە ئۈچۈن ئۇلار يۈگۈرۈشىدۇ؟ مېنىڭ ئالدىمغا كېلىۋاتقان بولسىچۇ؟ مېنىڭ ئالدىمغا يۈگۈرۈشۈپ كېلىۋاتقان بولسا، نىمە ئۈچۈن؟ مېنى ئۆلتۈرۈشكىمۇ؟ مېنى، ھەممە ياخشى كۆرىدىغان مېنى-ھە؟" ئۇ ئاپىسىنىڭ، ئۆي ئىچىدىكىلەرنىڭ، دوستلىرىنىڭ ئۆزىگە بولغان مۇھەببىتىنى ئەسلىدى-يۇ، دۈشمەنلىرىنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈش نىيىتى مۇمكىن بولمايدىغاندەك كۆرۈندى. "بەلكى، ئۆلتۈرۈپمۇ تاشلار!" ئۇ قىمىرلىماستىن، ئۆزىنىڭ قانداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغىنىنىمۇ بىلمەستىن، ئون سېكۇنتچە تۇرۇپ قالدى. ئالدىدا كېلىۋاتقان قىڭغىر بۇرۇنلۇق فرانسۇز شۇنچىلىك يېقىنلىشىپ قالغان ئىدىكى، ھەتتا ئۇنىڭ يۈزىنىڭ قىياپىتىنى كۆرۈشكىمۇ مۇمكىن ئىدى. يات، ئەسەبىلەشكەن، نەيزىسىنى قىسىيا تۇتقان ھالدا تىنماي تېز يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان بۇ ئادەمنىڭ ئەپتى-بەشىرىسى روستوۋنى قورقۇتۇۋەتتى. ئۇ تاپانچىسنى يېنىدىن ئالدى-يۇ، فرانسۇزغا قاراپ ئوق ئېتىش ئورنىغا، تاپانچىنى ئۇنىڭغا قارىتىپ تاشلاپ بەردى-دە، دەرمانى بەتكىچە چېپىپ، ئورمان ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ ئېنىسىن كۆۋرۈكىگە بارغان چېغىدىكى شۈبھە ۋە كۈرەش تۇيغۇسى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىتتىن قورققان توشقان تۇيغۇسى بىلەن قاچتى. شۇ پەيتتە ئۆزىنىڭ ياشلىق ۋە بەختلىك ھاياتى ئۈچۈن بولغان بۆلۈنمەس بىردىن-بىر قورقۇش تۇيغۇسى ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئىگەللىگەن ئىدى. ئۇ دالىدىكى چۆنەك-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لەردىن خۇددى گورىلكا① ئويۇنىدىكى يۇگۇرۇشكە ئوخشاش شىددەت بىلەن يۈگۈرۈپ ئىرغىپ سەكرەپ ئۆتۈپ، ئۆزىنىڭ ئاقىرىپ كەتكەن، مۇلايىم ۋە ياش يۈزىنى ھەر زامان ئارقىغا ئۆرۈپ قاراپ قويۇپ دالىدا چاپاتتى، ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى سوغۇق تىترەك باسقان ئىدى. "ياق، قارىمىغان ياخشىراق"—دەپ ئويلايتتى ئۆزىچە، لېكىن دەرەخلەرنىڭ ئالدىغا كەلگەندە يەنە ئارقىسىغا قاراپ قويدى. فرانسۇزلار ئارقىسىدا قالغان ئىدى. روستوۋ ئارقىسىغا قايرىلىپ قارىغاندا ئالدىدا چېپىپ كېلىۋاتقان فرانسۇز ھەتتا قەدىمىنى ئاستىلىتىشقا باشلىدى ۋە ئارقىسىغا قاراپ يولداشلىرىغا بىر نىمىلەرنى دەپ قاتتىق ۋاقىرىدى. روستوۋ توختىدى. "ياق، مەن يېڭىلىشىپ قالغاندەكمەن، — دىدى ئۆزىچە، — ئۇلار مېنى ئۆلتۈرۈۋەتمىسە كېرەك". ئەمما شۇ پەيتتە ئۇنىڭ سول قولى خۇددى ئىككى پۇتلۇق تاش ئېسىلغاندەك ئېغىر ئىدى. ئۇ يەنە يۈگۈرەلمىدى. فرانسۇزمۇ توختاپ ئۇنى قارىغا ئالدى. روستوۋ كۆزىنى يۇمۇپ ئېگىشتى. ئىككى ئوق بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى ۋىژىلداپ ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى ئۇ پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ، سول قولىنى ئوڭ قولىغا ئالدى-دە، دەرەخلەرگە قاراپ چاپتى. بۇ دەرەخلەر ئارىسىدا رۇس ئوقچىلىرى بار ئىدى.

# 20

ئورمانلىقتا ئۇشتۇمتۇت دۈشمەن ھۇجۇمىغا يولۇقۇپ قالغان

① بىر خىل ئويۇن، ئالدىدا تۇرغان بىرسى ئارقىسىدىن نۆۋەت بويىچە بۆلۈنۈپ يۈگۈرۈپ كېلىدىغان ئىككى كىشىنىڭ بىرىنى تۇتۇۋالىدۇ. — تەر.

پىيادىلەر پولكى ئورمانلىقتىن قېچىپ چىقىماقتا ئىدى ۋە روتىلار بىر بىرى بىلەن ئارىلىشىپ تەرتىپسىز هالدا توپ-توپ بولۇشۇپ چېكىنىۋاتاتتى. ئەسكەرلەرنىڭ بىرسى قورقۇپ كېتىپ: "كېسىپ تاشلاشتى!" دەپ ئۇرۇشتا خەۋپلىك ۋە مەنىسىز سۆزنى ئېيتىپ تاشلىدى ۋە بۇ ۋەھىمە تۇيغۇلۇق گەپ بىر پەستىلا ھەممىگە تارقىلىپ كەتتى.

— ئوراپ ئېلىشتى! كېسىپ تاشلاشتى! خاراپ بولدۇق! — دەپ ۋاقىرىشاتتى قېچىۋاتقان كىشىلەر.

پولك كاماندىرى ئارقا تەرەپتىن ئوق ئاۋازلىرى ۋە شاۋقۇن-سۈرەنلەرنى ئاڭلاش بىلەن تەڭ پولكىنىڭ دەھشەتلىك ئەھۋالدا قالغانلىقىنى چۈشەندى ۋە ئۆزىنىڭ كۆپ يىللاردىن بېرى ھەممىگە نەمۇنە بولۇپ خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتقان ۋە ھېچنىمىدە ئەيىپلەنمىگەن ئەپىتسەر ئىكەنلىكىنى، ئەمدى بولسا بىپەرۋالىق قىلغانلىقى ۋە تەدبىرسىزلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن باشلىقلار ئالدىدا ئەيىپلىنىش مۇمكىنلىكىنى ئويلايتتى، بۇ ئوي ئۇنى شۇنچىلىك ھاياجانغا سالغان ئىدىكى، شۇ ئەسنادا ئۆزىنىڭ ئىتائەتسىز ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكاۋنىكى ئىكەنلىكىنى ۋە ئۆزىنىڭ گېنېرال-لىق ئۇنۋانىنىمۇ ئۇنۇتتى. ئەڭ مۇھىمى — ئۇ خەۋپ ۋە ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش تۇيغۇسىنىمۇ تامامەن ئۇنۇتتى-دە، ئېگەرنىڭ قۇش بېشىنى چىڭ تۇتۇپ ۋە ئېتىنى دىۋىتكۈچى بىلەن نىقتاپ، ئەتراپىغا يامغۇردەك تۆكۈلۈۋاتقان ئوق ئاستىدا (ئەمما، بەختكە يارىشا ئوق تەگمىگەن ئىدى) پولك تەرەپكە ئېتىنى چاپتۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ بىردىن-بىر مەقسىدى: نىمە ھادىسە يۈز بەرگەنلىكىنى بىلىش، ئەگەر ئۆزى تەرەپتىن بىرەر خاتالىق سادىر بولغان بولسا، قانداق قىلىپ بولسىمۇ ياردەم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىردىش ۋە خاتالىقىنى تۈزىتىش، يىگىرمە ئىككى يىلدىن بېرى ئۆزىگە قىلچە گەپ تەككۈزمەي نەمۇنىلىك خىزمەت قىلىپ كەلگەن ئەپىتسەر بولغان ئۆزىنى مۇنداق ئەيىپلىنىشتىن ساقلاپ قېلىش ئىدى.

ئۇ فرانسۇزلار ئارىسىدىن ئامان-ئېسەن ئۆتۈپ، ئورمانىنىڭ ئېرىدقى چېتىدىكى مەيدانغا چىقتى، بۇ ئورماندىن بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىز قېچىپ ئۆتۈپ كاماندىرىمۇ قۇلاق سالماستىن، دۆڭلۈكنىڭ ئېتىگىگە قاراپ ماڭاقتا ئىدى. جەڭنىڭ تەقدىرىنى ھەل قىلىدىغان روھى داۋالغۇش پەيتى يېتىپ كەلدى: تارقىلىپ كېتىۋاتقان ئەسكەرلەر ئۆز كاماندىرلىرىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالامدۇ، ياكى بىر قاراپ قويۇپ، يەنە قېچىپ كېتىۋېرەمدۇ؟ پولك كاماندىرى ئىلگىرى ئەسكەرلەر ئۈچۈن ناھايىتى دەھشەتلىك بولغان ئاۋاز بىلەن شۇنچە چاقىرسىمۇ، غەزەپتىن قىزىرىپ-كۆكىرىپ قىلىچىنى ھەرقانچە سىلكىتسىمۇ، ئەسكەرلەر يەنىلا كاماندىغا بويسۇنماي، بىر بىرلىرى بىلەن گەپلىشىپ، ئاسمانغا قارىتىپ ئوق ئېتىپ قېچىپ كېتىۋاتاتتى. جەڭنىڭ تەقدىرىنى ھەل قىلىدىغان روھىي داۋالغۇشنىڭ ۋەھىمە تەرىپى ئۈستۈنلۈك ئالدى بولغاي.

گېنېرال ۋاقىراش-جاقىراش ۋە پوروخ ئىسلىرىدىن بوغۇلۇپ يۆتەلدى-دە، ئۈمىتسىزلىنىپ توختاپ قالدى. پۈتۈن ئىش قولدىن كەتكەندەك بولغان ئىدى، بىراق بىزنىڭ قوشۇنلىرىمىزغا ھۇجۇم قىلىۋاتقان فرانسۇزلار شۇ پەيتتە توساتتىن نېمە ئۈچۈندۇ ئارقىغا قاراپ قېچىپ، ئورماننىڭ ئېتىكىدە غايىپ بولۇپ كەتتى ۋە ئورماندا رۇس ئوقچىلىرى پەيدا بولدى. بۇ، ئورماندا يەككە ئۆزى جەڭ ۋار سەپنى بۇزماستىن چېكىنىۋاتقان تۇرغان ۋە ئورماننىڭ چېتىدىكى ئېرىقتا

چۈشۈۋېلىپ فرانسۇزلارغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلغان تىموخىن روتىسى ئىدى. تىموخىن فرانسۇزلارغا جىمىنىڭ بىرىچە شۇنداق ۋاقىراپ ۋە ئەقلىدىن ئازغان ھەم مەسلىكتە بولىدىغانىدەك شۇنداق قەتئىي ئىرادە بىلەن قولىدا بىرگىنە قىلىچىنى تۇتقان ھالدا ئېتىلغان ئىدىكى، فرانسۇزلار گاڭگىراپ قېلىپ ھوشىغا كېلىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەستىن قورالىرىنى تاشلاپ قېچىشقا باشلىغان ئىدى. تىموخىن بىلەن يانمۇ-يان يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان دولوخوۋ بىر فرانسۇزغا ئۇدۇلمۇ-ئۇدۇل ئېتىلىپ ئۇنى ئۆلتۈردى ۋە تەسلىم بولغان ئەپىتسەرنىڭ ياقىسىدىن ئاۋال تۇتۇپ ئالدى. بىزنىڭ قېچىپ كېتىۋاتقان ئەسكەرلىرىمىز قايتتى، باتالىيونلار توپلاندى ۋە سول قاناتتىكى ئەسكەرلىرىمىزنى ئىككى بۆلەككە بۆلۈۋەتكەن فرانسۇزلار بىر پەس ئارقىسىغا سۈرۈپ تاشلاندى، ئارقا سەپ قىسىملىرىمىز بۆلارغا قوشۇلۇۋېلىشتى ۋە قاچقۇنلار توختاپ قالدى. پولك كوماندىرى مايور ئېكونوموۋ بىلەن بىللە كۆۋرۈك بېشىدا تۇرۇپ، چېكىنىۋاتقان روتىلارنى يېنىدىن ئۆتكۈزۈۋېتىۋاتاتتى، بۇ چاغدا بىر ئەسكەر كېلىپ ئۇنىڭ ئېتىنىڭ ئۈزەڭگىسىنى تۇتتى ۋە ئۇنىڭغا ئېگىشتى. ئەسكەر كۆك سوكنودىن شىنېل كىيگەن بولۇپ، لازىمەتلىك خالتىسى ۋە شەپكىسىمۇ يوق ئىدى، بېشىغا بىنت باغلىۋالغان ئىدى، دولىسىدا فرانسۇزلارنىڭ ئوقدانى ئېسىغلىق ئىدى. ئۇ قولىدا ئەپىتسەر قىلىچىنى تۇتقان ئىدى. بۇ ئەسكەرنىڭ رەڭگى ئۆچكەن، كۆك كۆزلىرى پولك كاماندىرىغا تارتىنماستىن بېزىرىپ قاراپ تۇراتتى، ئاغزى بولسا كۈلۈپ تۇراتتى. پولك كاماندىرى گەرچە مايور ئېكونوموۋغا بۇيرۇق بېرىش بىلەن ئاۋارە بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئەسكەرگە دىققەت-نەزىرىنى سالماستىن تۇرالمايتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— جانابى ئالىلىرى، مانا بۇ ئىككى ئولجا ئالدىم، — دېدى دولو-خوۋ فرانسۇز قىلىچى بىلەن ئوقدانىنى كۆرسىتىپ. — مەن بىر فرانسۇز ئەپىتسەرىنى ئەسىرگە ئالدىم. بىر روتىنى توختاتتىم. — دولوخوۋ ھېرىپ كەتكەنلىكتىن ئېغىر نەپەس ئالاتتى؛ ئۇ توختاپ-توختاپ سۆزلەيتتى. — پۈتۈن روتا گۇۋا بولىدۇ. ئېسىڭىزدە ساقلى-شىڭىزنى سورايمەن، جانابى ئالىلىرى!

— ياخشى، ياخشى، — دېدى پولك كاماندىرى ۋە مايورئېكو-نومووۋغا قارىدى.

لېكىن دولوخوۋ كەتمىدى؛ بېشىغا باغلىۋالغان ياغلىقىنى يېشىپ تارتتى-دە، چاچلىرىدا قېتىپ قالغان قاننى كۆرسەتتى.

— بېشىمغا نەيزە تېگىپ يارىدار بولغان بولسامىمۇ، يەنىلا فرونتتا قالدىم. ئېسىڭىزدە بولسۇن جانابى ئالىلىرى.

* * *

تۇشىن توپچىلىرى ئۇنتۇلغان ئىدى ۋە پەقەت جەڭ ئاخىرلاشقان چاغدىلا يەنە مەركەزدە ئېتىلغان توپ ئاۋازلىرىنى ئاڭلىغان كىنەز باگراتىيون، ئۇ ياققا نۆۋەتچى ئەپىتسەرىنى ۋە كېيىن كىنەز ئاندرېينى ئېۋەتىپ، توپچىلارنى ئىمكان قەدەر تېزرەك چېكىنـ-دۈرۈشنى بۇيرۇدى. تۇشىن زەمبىرەكلىرىنى ھىمايە قىلىپ تۇرغان قىسىم جەڭ ئوتتۇرىسىدا كىمدۇر بىرسىنىڭ بۇيرۇغى بىلەن يۆتكەپ كېتىلگەن ئىدى؛ لېكىن توپچىلار يەنىلا ئېتىشنى داۋام قىلماقتا ئىدى ۋە فرانسۇزلار ھىمايىسىز قالغان بۇ تۆت زەمبىرەكنىڭ يالغۇز ئۆزى بۇ قەدەر دادىللىق بىلەن ئوق ئېتىشقا كۆزى يەتمىگەنلىكتىن ئۇنى ئالالمىغان ئىدى. ئەكسىچە، فرانسۇزلار بۇ توپچىلارنىڭ قەيسەر ھەركىتىگە قاراپ، بۇ يەردە، مەركەزدە رۇسلارنىڭ ئاساسى

كۆچلىرى توپلانغان دەپ مۆلچەرلىدى-دە، بۇ پۇنكىتتا ئىككى قېتىم ھۇجۇم قىلىشتا ئۇرۇنۇپ كۆردى ۋە ھەر ئىككى قېتىمدىمۇ بۇ دۆڭلۈكتە تۇرۇپ يەككە ھالدا ئېتىشقا باشلىغان تۆت زەمبىرەكنىڭ چاچما ئوقى بىلەن قوغلىۋېتىلدى.

كىنەز باگراتىيون كېتىپ ئاربىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا تۇشىن شىنگرابېن يېزىسىنى ئۆرتەپ تاشلىدى.

— مانا قارا، قىيا-چىيا بولۇشۇپ كەتتىغۇ! يېزىغا ئوت كەتتى! ئىسلارغا قارا! خوپ بولدى! ياخشى بولدى! ئەنە، ئىسلارغا قارا! ئىسلار! — دېيىشەتتى توپچىلار.

ھەممە زەمبىرەكلەر ھېچقانداق بۇيرۇقسىز ئەنە شۇ يانغىن تەرەپكە قاراپ ئاتماقتا ئىدى. ھەر قېتىم ئوق ئېتىلغاندا ئەسكەرلەر خۇددى قاقاھلاپ كۈلگەندەك ۋاقىرىشىپ: "بەللى! ئەنە بۇ دۇرۇس! ئوھۇ، زەپ بولدى!..." دېيىشەتتى. شامال ئۇلغايتىۋاتقان يانغىن تېزدىن يېيىلىپ كەتتى. يېزىنىڭ ئۇ تەرىپىدىن چىقىپ كېلىۋاتقان فرانسۇز كولوننىلىرى ئارقىسىغا قايتتى، لېكىن فرانسۇزلار بۇ مۇۋەپپەقىيەتسىزلىك ئۇچۇن ئۆچ ئالماقچى بولغاندەك، يېزىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۇنىغا يېقىن توپىنى ئورنىتىپ، تۇشىن توپچىلىرىنى توپقا تۇتۇشقا باشلىدى.

ئەۋج ئېلىۋاتقان يانغىن ۋە فرانسۇزلارغا قارىتىپ ئېتىلغان ئوقلارنىڭ بىكار كەتمىگەنلىكىنى كۆرۈپ ياش باللاردەك خۇشال بولۇپ كەتكەن ئاتلىقلىرىمىز بۇ زەمبىرەكلەرنى پەقەت ئىككى ئوق، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تۆت ئوق زەمبىرەكلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشۈپ ئىككى ئاتنى يىقىتقاندا ۋە ئوق ساندۇقلىرىنى توشۇغۇچىنىڭ ئايىغىنى ئۈزۈپ تاشلىغاندىلا، ئاندىن بايقاپ قالغان ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇلارنىڭ جانلانغان كەيپىياتى يەنە چۇشۇپ كەتمىدى، بەلكى كەيپىياتلىرى بىرئاز ئۆزگەردى. ئۆلگەن ئاتلارنىڭ ئورنىغا توپ-زەمبىرەك ھارۋىسىدىكى زاپاس ئاتلار قوشۇلدى، يارىدارلار چەتكە چىقىرىلدى، تۆت توپ دۈشمەننىڭ ئەنە شۇ ئون زەمبىرەكتىن تۈزۈلگەن قىسمىغا قارىتىلدى. تۇشىنىڭ ئەپتەسەر ئاغىنىسى جەڭنىڭ بېشىدىلا ئۆلگەن ئىدى. قىرىق نەپەر توپچىلارنىڭ ئارىسىدا ئون يەتتە كىشى قاتاردىن چىقتى، لېكىن شۇنداق بولسىمۇ ئاتلىقلىرىمىز يەنىلا ئىلگىرىكىدەك خوشال ۋە تېتىك ئىدى. ئۇلار ئىككى قېتىم فرانسۇزلارنىڭ تۆۋەندە — ئۆزلىرىگە يېقىن يەردە پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى چاچما ئوققا تۇتۇشتى.

كىچىككىنە تۇشىن ئاجىز ۋە كالامپاي ھالدا ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا مېڭىپ يۈرۈپ، خىزمەتچىسىدىن "مۇشۇ قىلغىنىم ئۈچۈن بىر چەكتۈر-سەڭ" دەپ توختىماي مۇشتىگىنى سورايتتى، ئۇنىڭدىن پۈرقۈرۇتۇپ ئوتلارنى چاچرىتىپ ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقاتتى ۋە كىچىككىنە قول-لىرىنى سايىۋەن قىلىپ تۇرۇپ فرانسۇزلارغا قاراپ باقاتتى.

— تىتىپ تاشلاڭلار، يىگىتلەر! — دەيتتى ئۇ توختىماستىن ۋە ئۆزى زەمبىرەك ھارۋىسىنىڭ چاقىنى تۇتۇپ ۋىنتىلىرىنى بۇراپ نىشانغا توغرىلايتتى.

ئۈزۈلمەستىن گۈمبۈرلەپ ئېتىلىۋاتقان توپ ئوقلىرىنىڭ ئاۋازىدىن قۇلىغى پۈتۈپ كەتكەن ۋە توپ ھەر قېتىم گۈمبۈرلىگەندە بىر قېتىم ئىرغىپ چۈشىدىغان تۇشىن ئاغزىدىن قىسقا مۇشتىگىنى چۈشۈرمەي، ئىسلار ئىچىدە توپ-زەمبىرەكلەر ئارىسىدىن يۈگۈرۈپ يۈرۈپ، گايىدا توپنى نىشانغا توغرىلايتتى، گايىدا ئوقلارنى سانايتتى، گايىدا ئۆلگەن ۋە يارىدار بولغان ئاتلارنى ئالماشتۇرۇش، ئاتلارنى

قوشۇش توغرىسىدا ئىنچىكە ۋە ئاجىز تاۋۇش بىلەن ۋاقىراپ
بۇيرۇق بېرەتتى. ئۇنىڭ چىرايى بارغانسېرى ئېچىلماقتا ئىدى.
پەقەت ئادەملەردىن بىرەسى ئۆلگەندە ۋە يارىدار بولغان چاغدىلا،
ئۇ قاپىغىنى تۈرۈپ قوياتتى ۋە ئۆلگەن كىشىدىن يۈزىنى ئارقىسىغا
ئۆرۈۋېلىپ، ئۆلۈك ياكى يارىدارنى يۆتكەشنى جىددىلىك بىلەن
ئىشلىمەيۋاتقان كىشىلەرگە ھەر ۋاقىتتىكىدەك ئاچچىغلىنىپ ۋاقىرايتتى.
كۆپچىلىگى كېلىشكەن يىگىتلەردىن تەركىپ تاپقان ئەسكەرلەرنىڭ
ھەممىسى (باتارېيە روتىسىدا ھەمىشە ئەسكەرلەر ئۆزىنىڭ كاماندى-
رىدىن ئىككى غېرىچ ئېگىز ۋە ئىككى باراۋەر يوغان بولىدۇ)،
خۇددى قىيىن ئەھۋالدا قالغان بالىلاردەك، كاماندىرىغا قارىشاتتى ۋە
كاماندىرىنىڭ يۈزىدىكى ئىپادە ئۇلارنىڭ يۈزىمۇ دەرھال ئۆزگەر-
مەستىن ئىپادىلىنەتتى.

بۇنداق قورقۇنچلۇق گۇمبۇر-گۇمبۇر، ۋاڭ-چۇڭ ئاۋازلار،
دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈش ۋە ھەركەتلىنىش زۆرۈرىيىتى تۈپەي-
لىدىن، تۇشىن قىلچە يېقىمسىز قورقۇش تۇيغۇسىنى ھىس قىلمايتتى
ۋە مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىشى ياكى ئېغىر يارىدار بولۇشۇم مۇمكىن دىگەن-
دەك ئوي-پىكىرلەرمۇ ئۇنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمايتتى. ئەكسىچە،
ئۇ بارغانسېرى خوشال بولاتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە دۈشمەننى بىرىنچى
مەرتىۋە كۆرۈپ، بىرىنچى ئوق ئاتقىنىغا كۆپ ۋاقىت، ھەتتا بىر
كۈن دىگۈدەك ئۆتۈپ كەتكەندەك، ھازىر ئۆزى تۇرغان يەر
ئۇزۇندىن بۇيان تۇتۇش ۋە ئۆزى شۇ يەردە ئۆسكەندەك كۆرۈنەتتى.
ئۇ ھەممە نەرسە يادىدا بولۇشىغا، ھەممە نەرسىنى مۇلاھىزە قىلى-
شىغا، بىر ياخشى ئەپتىسەرنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ھەممە ئىشنى
قىلىۋاتقانلىغىغا قارىماي، مەس ياكى قىزىتمىسى يۇقۇرى كىشىنىڭ

هالىتىدە ئىدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى توپ-زەمبىرەكلىرىدىن چىقىۋاتقان قۇلاقنى يارغۇدەك گۇمبۇرلەش ئاۋازلىرىدىن، دۈشمەن زەمبىرەك ئوقلىرىنىڭ ھۇشقۇيتۇپ ئۇچۇۋاتقان ئاۋازلىرى ۋە يەرگە چۈشۈپ يېرىلغاندا چىققان ئاۋازلىرىدىن، زەمبىرەكچىلەرنىڭ توپ ئەتراپىدا ئالدىراپ چېپىپ يۈرۈپ تەرلەپ كەتكەن ۋە قىزىرىپ كەتكەن يۈزلىرىدىن، ئادەملەر ۋە ئاتلارنىڭ قان ئېقىۋاتقان مەنزىرىلەردىن، دۈشمەنلەر تۇرغان تەرەپتىن كۆتىرىلىپ چىقىۋاتقان ئىسلاردىن (ھەر قېتىم ئىس چىققاندىن كېيىن توپ ئوقى كېلىپ يەرگە، ئادەمگە، توپقا ياكى ئاتقا تېگەتتى)، — مانا شۇ نەرسىلەردىن ھاسىل بولغان مەنزىرىلەردىن ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا خىيالىي بىر ئالەم شەكىللىنەتتىكى، بۇ ئالەم شۇ پەيتتە ئۇنىڭغا لەززەت بېرەتتى. دۈشمەن زەمبىرەكلىرى ئۇنىڭ خىيالىدا زەمبىرەك ئەمەس، بەلكى كۆزگە كۆرۈنمىگەن بەڭگىنىڭ توختىماي ئىس چىقىرىپ تۇرغان مۈشتىگى ئىدى.

— ئەنە، يەنە پۈلەسلەپ قالدى، — دېدى تۇشىن ئۆزىچە پىچىرلاپ. شۇ پەيت تاغ تەرەپتىن پۇرقۇپ كۆتىرىلىپ چىققان ئىس بۇرۇلۇپ شامال بىلەن تەڭ ئوڭ تەرەپكە كەتمەكتە ئىدى، — ئەمدى كىچىك توپنى① كۈتۈپ تۇر، قايتۇرۇپ ئۆزىگە ئېتىۋەت.

— نىمە دېدىڭىز-يا، جاناپلىرى؟ — دېدى ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان ۋە غودۇڭشىغىنىنى ئاڭلىغان توپچى ئەسكەر.

---

① بۇ يەردە ئويناپدىغان "توپ" مەنىسىدە. دۈشمەننى كۆزگە ئىلماسلىق ئۈچۈن، ئۇنىڭ زەمبىرىگىنىڭ ئوقىنى توپقا ئوخشاتقان. — تەر.

— ھېچنېمە، گراناتا... — دەپ جاۋاپ بەردى تۇشىن.

"قېنى، بىزنىڭ ماتۋېيېۋنا"، — دېدى تۇشىن ئۆزىچە. توپلارنىڭ ئارىسىدا ئەڭ چەتتىكى، ئەڭ چوڭ ۋە قەدىمى بىرسىنى ئۇ ماتۋېيېۋنا دەپ تەسەۋۋۇر قىلاتتى. زەمبىرەكلىرىنىڭ ئەتراپىدا قىمىرلىشىپ يۈرگەن فرانسۇزلار ئۇنىڭغا چۈمۈلە بولۇپ كۆرۈنەتتى. ئىككىنچى توپنىڭ بىرىنچى نومۇرى چىرايلىق ۋە ھاراقخور توپچى ئەسكەر ئۇنىڭ روھى دۇنياسىدا تاغىسى ئىدى؛ تۇشىن ھەممىدىن كۆپرەك شۇنىڭغا قارايتتى، ئۇنىڭ ھەر بىر ھەركىتى ئۇنى خوشال قىلاتتى. تاغنىڭ ئېتىگىدە بىردەم پەسىيىپ، بىردەم كۈچىيىپ كېتىۋاتقان مىلتىق ئاۋازلىرى ئۇنىڭغا خۇددى بىرەر كىشىنىڭ پۇشۇلداپ نەپەس ئېلىۋاتقىنىدەك تۇيۇلاتتى. ئۇ مۇشۇ ئاۋازلارنىڭ جىمىپ قېلىشىغا ۋە ئەۋج ئېلىشىغا قۇلاق سالاتتى.

"ئوھۇ، يەنە پۇشۇلداپ قالدى، پۇشۇلداپ قالدى"، — دېدى ئۇ ئۆزىچە.

ئۇ ئۆزىنى بولسا زەمبىرەك ئوقىنى ئىككى قولى بىلەن فرانسۇزلارغا قارىتىپ ئىرغىتىپ ئاتىدىغان ئېگىز بويلۇق كۈچلۈك باتۇر دەپ تەسەۋۋۇر قىلاتتى.

— قېنى ماتۋېيېۋنا، جان ئانا، بوش كەلمە! — دېدى ئۇ زەمبىرەك ئالدىدىن نېرى كېتىۋېتىپ. شۇ پەيتتە ئۇنىڭ قۇلىقىغا يات ۋە تونۇش بولمىغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

— كاپىتان تۇشىن! كاپىتان!

تۇشىن ۋەھىمە قىلغان ھالدا ئۆرۈلۈپ قارىدى. بۇ تۇشىننى ھىلىقى گرونتتا باققالنىڭ چېدىرىدىن ھەيدەپ چىقارغان ئىشتاب ئەپىتسەرى ئىدى. ئۇ بوغۇق ئاۋاز بىلەن ئۇنىڭغا ۋاقىردى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— نىمە، سىز ئەقلىڭىزدىن ئازدىڭىزمۇ؟ سىزگە چېكىنىنىڭ دەپ ئىككى قېتىم بۇيرۇق بېرىلدى-يۇ، ئەمما سىز بولسىڭىز...

"مەن ئۇلارغا نىمە قىلدىمكىن، تاڭ؟..." — دەپ ئويلايتتى تۇشىن ۋەھىمە قىلغان هالدا باشلىقىغا قاراپ.

— مەن... ھېچنىمە... — دىدى تۇشىن ئىككى بارمىقىنى شەپكىسىنىڭ چېكىلىگىگە قويۇپ. — مەن...

لېكىن پولكاۋنىك دىمەكچى بولغان سۆزلىرىنى ئېيتىپ بولمىغان ئىدى، يېقىن يېرىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ كەتكەن ئوق ئۇنى بېشىنى پەسەيتىپ ئات ئۈستىدە ئېڭىشىشقا مەجبۇر قىلدى. ئۇ جىم بولۇپ قالدى، يەنە قانداقتۇ بىرەر سۆزلەرنى دىمەكچى بولۇۋىدى، ئوق يەنە ئۇنى توسۇپ قويىدى. ئۇ ئاتنى ئارقىسىغا بۇرىدى-دە، نېرىغا چېپىپ كەتتى.

— چېكىنىڭ! ھەممەڭلار چېكىنىڭلار! — ئۇ يىراقتىن ۋاقىرىدى.

ئەسكەرلەر كۈلۈشۈپ كەتتى. بىرەر مىنۇتتىن كېيىن ئاديۇتانت شۇ بۇيرۇقنى ئېلىپ كەلدى.

بۇ كىنەز ئاندرېي ئىدى. ئۇ تۇشىن توپچىلىرى تۇرغان جايغا كەلگەندە ھەممىدىن بۇرۇن ئايىغى سۇنۇپ زەمبىرەك هارۋىسىدىن چىقىرىپ قويۇلغان ۋە هارۋىغا قوشۇلغان ئاتلار ئالدىدا كىشنەپ ياتقان ئاتقا كۆزى چۈشتى. ئۇنىڭ ئايىغىدىن قان پۇقىراپ ئاقماقتا ئىدى. زەمبىرەك هارۋىلىرى ئارىسىدا بىرقانچە ئۆلۈك ياتاتتى. كىنەز ئاندرېي دۆڭلۈككە چىققاندا بېشىدىن بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى بىرنەچچە ئوق ئۇچۇپ ئۆتتى، ئۇ بۇ چاغدا بېلىدىن خۇددى ئەسەبىلەرچە تىترەكنىڭ يۈگۈرۈپ ئۆتكەنلىگىنى ھىس قىلاتتى. لېكىن "قورقۇۋاتىمەنمۇ-نىمە؟" دىگەن ئوي يەنە ئۇنىڭ روھىنى

كۆتەردى. ”قورقماسلىغىم كېرەك“، — دېدى-دە، زەمبىرەكلەر ئارىسىدا ئاتتىن ئاستا چۈشتى. ئۇ بۇيرۇقىنى يەتكۈزدى ۋە توپچىلار يېنىدىن كەتمىدى. ئۇ ئۆزى قاراپ تۇرۇپ زەمبىرەكلەرنى پوزىتسىيەدىن يىغىشتۇرۇپ بىرلىكتە چېكىنىش قارارىغا كەلدى. ئۇ تۇشىن بىلەن بىللە جەسەتلەرنى ئارىلاپ ئۆتۈپ، فرانسۇزلارنىڭ دەھشەتلىك ئوقى ئاستىدا قورال-ياراقلارنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى.

— تېخى ھېلىلا بىر ئەپتىسەر كەلگەن ئىدى، دەرھال تىكىۋەتتى، — دېدى توپچى ئەسكەر كىنەز ئاندرېيگە، — سىزدەك ئەمەسكەن، جاناپلىرى.

كىنەز ئاندرېي تۇشىن بىلەن ھېچنىمە دېيىشمىدى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى شۇنچىلىك ئالدىراش ئىدىكى، بىر بىرىنى كۆرمىگەندەك قىلاتتى. ئۇلار تۆت زەمبىرەكتىن ساق قالغان ئىككىسىنى زەمبىرەك ھارۋىسىغا چېتىپ (بۇزۇلغان بىر زەمبىرەك ۋە يەككە بۇرۇنلۇق بىر زەمبىرەك① قالدۇرۇلغان ئىدى) تاغ ئېتىكىگە قاراپ يولغا چىققاندا، كىنەز ئاندرېي تۇشىننىڭ ئالدىغا كەلدى.

— قېنى، خەير بولمىسا، — دېدى كىنەز ئاندرېي قولىنى تۇشىنغا سوزۇپ.

— خەير ئەزىزىم، — دېدى تۇشىن، — سۆيۈملۈك يىگىت! ساق بولۇڭ ئەزىزىم، — دېدى تۇشىن، نېمە ئۈچۈندۇ، كۆزلىرىگە لىق ياش ئېلىپ.

---

① ستۋولىنىڭ ئاغزىغا يېقىن جايى ئىنچىكە، ئالدىنقى ئوق قاچىلايدىغان يېرىدە پۈرژىنىسى يوق غەلىتە بىر توپ. — تەر.

www.uyghurkitap.com

# 21

شامال بىسىلدى، قارا بۇلۇتلار تۆۋەنلەپ، ئۇپۇقتىكى پورۇخ ئىسلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، جەڭ مەيدانىنىڭ ئۈستىنى قاپلىغان ئىدى. ئاسمان بارغانسىرى قاراڭغۇلىشىشقا باشلىغانلىقتىن، ئىككى جايدىكى يانغىن شولىلىرى بارغانسىرى روشەن كۆرۈنۈشكە باشلىماقتا ئىدى. زەمبىرەكنىڭ گۈمبۈرلىگەن ئاۋازلىرى سەل ئاجىزلاشقان بولسىمۇ، ئەمما ئوق ۋە ئارقا تەرەپتىكى مىلتىق ئاۋازلىرى كۈچىيىپ، بارغانسىرى يېقىنلاشماقتا ئىدى. تۈشىن ئۆزىنىڭ زەمبىرەكلىرىنى ئېلىپ، گايىدا ياردارلارنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، گايىدا ئۇلارغا دۈچ كېلىپ، ئاران ئوق ئاستىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ يارلىقتا چۈشكەندە، ئۇنى كاماندىرلار ۋە ئادىيۇتانتلار قارشى ئالدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىشتاپ ئەپىتسەرى ۋە ژېركوۋمۇ بار ئىدى، ژېركوۋ ئىككى قېتىم تۈشىن توپچىلىرىغا ئېۋەتىلگەن بولسىمۇ، ئەمما بىر قېتىممۇ توپچىلار تۇرغان جايغا يېتىپ بارالمىغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر بىرىگە گەپ بەرمەي، قانداقسىگە ۋە قەيەرگە بېرىش توغرىسىدا تۈشىنغا بۇيرۇق بېرىشەتتى ۋە بۇيرۇقنى يەتكۈزۈشەتتى، ئۇنىڭغا تاپا-تەنە قىلاتتى ۋە ئۇنى ئەيىپلىشەتتى. تۈشىن بولسا توپچىلىرىغا ھېچقانداق بۇيرۇق بەرمەي، سۆزلەشتىن قورقۇپ، لام-جىم دېمەستىن، توپلىرىنىڭ ئارقىسىدا ئورۇق ئاتنى مىنىۋېلىپ يۈرەتتى، چۈنكى، ئۇ ھەر بىر ئېغىز سۆزىدە يىغلىۋېتىشكە تەييار تۇراتتى، نېمە ئۈچۈنلىگىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. گەرچە ياردارلارنى تاشلاپ كېتىش بۇيرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كۆپ قىسمى ئەسكەرلەرنىڭ ئارقىسىدىن

سۆرۈلۈپ كېلەتتى ۋە زەمبىرەك ھارۋىلىرىدا ئولتۇرغۇزۇۋېلىشنى ئۆتۈنۈپ سورايتتى. جەڭ ئالدىدا تۇشىن چېدىرىدىن يۈگۈرۈپ چىققان ھىلقى كېلىشكەن پىيادە ئەسكەرلەر ئەپتسەرى قۇرسىقىغا ئوق تەككەن بولۇپ، ماتۋېيېۋنا چېتىلغان زەمبىرەك ھارۋىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇلغان ئىدى. تاغ ئېتىكىدە تاتىرىپ كەتكەن بىر ئاتلىق ئۆگەنچى ئەپتسەر بىر قولى بىلەن يەنە بىر قولىنى كۆتىرىۋېلىپ، تۇشىننىڭ ئالدىغا كەلدى-دە، زەمبىرەك ھارۋىسىغا چىقىرىۋېلىشنى سورىدى.

— كاپىتان، خۇدا ھەققى، بىلىگىم يارىدار بولغان، — دېدى ئۇ قورقۇپ تۇرۇپ، — خۇدا ھەققى، ماڭالمايمەن. خۇدا ھەققى!

بۇ ئۆگەنچى ئەپتسەرنىڭ يولدا بىرقانچە قېتىم ئولتۇرغۇزۇۋېلىشنى ئۆتۈنۈپ سورىغانلىقى، ئەمما ھەر قېتىم رەت قىلىنغانلىقى روشەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ قورقۇپ تۇرۇپ ۋە مەيۈس بىر ئاۋاز بىلەن:

— ئولتۇرغۇزۇۋال دەپ ئېيتىڭا، خۇدا ھەققى، — دەپ يەنە يالۋۇردى.

— ئولتۇرغۇزۇۋېلىڭلار، ئولتۇرغۇزۇۋېلىڭلار، — دېدى تۇشىن، — قېنى يارىدار بولغان ئەپتسەر نەدە؟

— ئۆلۈپ قالدى، قويۇپ كەلدۇق، — دەپ جاۋاپ بەردى بىرسى.

— ئولتۇرغۇزۇۋېلىڭلار، ئولتۇرۇڭ، ئەزىزىم، ئولتۇرۇڭ، شىنېلنى سېلىپ بەر، ئانتونوۋ.

بۇ ئۆگەنچى ئەپتسەر روستوۋ ئىدى. ئۇ بىر قولى بىلەن يەنە بىر قولىنى تۇتۇۋالغان ئىدى، رەڭگى ئۆچكەن ئىدى، تۆۋەنكى

www.uyghurkitap.com

ئېڭىكى خۇددى بەزگىكى تۇتقاندەك تىترەپ تۇراتتى، ئۇنى ماتۋېيېۋنا
دېگەن زەمبىرەك ھارۋىسىغا، يەنى بايىقى ئۆلگەن ئەپتىسەرنىڭ ئورنىغا
چىقىرىۋېلىشقان ئىدى. ئېگىگە سېلىپ بېرىلگەن شىنېل قانغا بويالغان
ئىكەن، روستوۋنىڭ تار شىم بىلەن قوللىرى قان بىلەن بۇلغاندى.

— نېمە، يارىدار بولدىڭىزمۇ، ئەزىزىم؟ — دېدى تۇشىن، روس-
توۋ چىقىۋالغان زەمبىرەك ھارۋىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ.

— ياق، قولۇم زەخمىلەندى.

— ئانداق بولسا، نېمىشقا ھەممە يېرىڭىز قان؟ — دەپ سورىدى
تۇشىن.

— بۇ، ھېلىقى ئەپتىسەردىن ئاققان قان، تەخسىر، — دېدى
ئاتلىق ئەسكەر، خۇددى زەمبىرەككە قاننى چاچرىتىپ، ئۇنى
تازا تۇتمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزرە سوراۋاتقاندەك، شىنېلىنىڭ يېڭى
بىلەن قاننى ئېرتىپ تۇرۇپ.

ئۇلار توپ-زەمبىرەكلىرىنى پىيادە ئەسكەرلەرنىڭ ياردىمى
بىلەن دۆڭلۈككە ئاران ئېلىپ چىقىۋېلىپ، گۈنتېرسدورف يېزىسىغا
يەتكەندىن كېيىنلا توختىدى. قاراڭغۇ چۈشۈپ، ئون قەدەم نېرىدىكى
ئەسكەرلەرنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان
بولۇپ قالدى ۋە مىلتىق ئاۋازلىرى بېسىقىشقا باشلىغان ئىدى.
بىردىنلا، ئوڭ تەرەپكە يېقىن يەردىن يەنە ۋاقىراش ۋە قاراس-
قۇرۇس ئوق ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. ئېتىلغان ئوقتىن چىققان ئوتلار
قاراڭغۇدا يالت-يۇلت قىلاتتى. بۇ فرانسۇزلارنىڭ ئاخىرقى ھۇجۇمى
بولۇپ، يېزىدىكى ئۆيلەرگە كىرىۋالغان بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىز
ئۇنىڭغا جاۋاپ بەرمەكتە ئىدى. ئۇلار يەنە يېزىدىن چىقىپ كەتتى،
بىراق تۇشىن زەمبىرەكلىرىنى ئورنىدىن قوزغىتىش مۇمكىن بول-

مايتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن، توپچىلار، تۈشىن ۋە ئۆگەنچى ئەپتىسەرمۇ گەپ قىلماستىن بىر بىرىگە قارىشىپ، ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. مىلتىق ئاۋازلىرى بېسىقىپ يان كوچىلاردىن ئەسكەرلەر قىزغىن پاراڭلىشىپ چىقىشقا باشلىدى.

— ئامانمۇسەن، پېترووۋ؟ — دەپ سورىدى بىرسى.

— راسا ئەدىۋىنى بەردۇق، بۇرادەر، كېلىشتۇرۇپ. ئەمدى تۇمشۇغىنى تىقمايدۇ، — دىدى يەنە بىرسى.

— ھىچنىمىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ئۇلار ئۆز كىشىلىرىگە قارىتىپ ئاتتى بولغاي! ھىچنىمىنى كۆرگىلى بولمايدۇ، قاراڭغۇ، بۇرادەر. ئىچىدىغان نەرسەڭ يوقمۇ؟

فرانسۇزلار ئاخىرقى قېتىم چېكىندۈرۈلدى. يەنە ئىنتايىن قاراڭغۇدا تۈشىن زەمبىرەكلىرى خۇددى رامكا ئىچىگە ئېلىنغاندەك، گۈرۈلدەپ كېتىۋاتقان پىيادە ئەسكەرلەر ئوتتۇرىسىدا قاياققىدۇ، بىر تەرەپكە ئالغا قاراپ ھەركەتلەنمەكتە ئىدى.

قاراڭغۇدا ھەممە نەرسە بىر يۆنۈلۈشتە گۈلدۈرلەپ، بۇنىڭغا گۇدۇڭشىغان، سۆزلەشكەن ئاۋازلار بىلەن ئات تۇياقلىرى ۋە ھارۋا چاقلىرىنىڭ تاراقشىغان ئاۋازلىرى قوشۇلۇپ، خۇددى دەريادەك ئاقماقتا ئىدى. بۇ ئومۇمى گۈرۈلدەش ئاۋازلىرى ئارىسىدا يارىدارلارنىڭ قاراڭغۇ كېچىدىكى ۋاي-ۋايلاش ۋە ئاھ تارتىش ئاۋازلىرى باشقا ھەممە ئاۋازلاردىن تېخىمۇ روشەنرەك ئاڭلىناتتى. كىشىنى ئۆز قوينىغا ئالغان بۇ كېچىدە ئۇلارنىڭ نالە-پىغانلىرىدىن باشقا ھىچنەرسە يوقتەك ئىدى. ئۇلارنىڭ ئاھ تارتىش ئاۋازلىرى بۇ قاراڭغۇ كېچە بىلەن قوشۇلۇپ بىرلا نەرسە بولۇپ كەتكەندەك ئىدى.

ھەركەتلىنىۋاتقان كىشىلەر توپى ئارىسىدا بىرئاز ۋاقىتتىن كېيىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھاياجانلىنىش پەيدا بولدى. ئاق ئات مىنگەن كىمدۇ بىرسى يېنە-
دىكى ئادەم بىلەن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بىر نېمىلەرنى دېدى.

— نېمە دېدى؟ نەگە بارىدىكەنمىز ھازىر؟ توختىمامدىكەنمىز؟ رەھمەت دېدىمۇ، نېمە؟ — دەپ تەشنالىق بىلەن بېرىلگەن سوئاللار تەرەپ-تەرەپتىن ئاڭلانماقتا ئىدى، كېتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ھەمە-مىسى بىر بىرىنى قىستاپ كېلىشەتتى (ئالدىدا كېتىۋاتقانلار توختاپ قالدى بولغاي)، توختاشقا بۇيرۇق بېرىپتۇ دېگەن گەپلەر تارقىلىپ كەتتى. لاي يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھەممەيلەن توختاپ قالدى.

ئوت شولىسى كۆرۈندى، كىشىلەرنىڭ سۆزلىشىۋاتقان ئاۋازلىرى تېخىمۇ ئېنىق ئاڭلىنىشقا باشلىدى. كاپىتان تۇشىن روتىغا بۇيرۇق بېرىپ، يارا باغلاش پۇنكتىنى ئىزدەپ تېپىش ياكى ئۆگەنچى ئەپىتسەرگە دوختۇر ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن بىر ئەسكەرنى ئەۋەتتى-دە، ئۆزى يول بويىدا ئەسكەرلەر ياققان ئوتنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى. روستوۋمۇ گەۋدىسىنى سۆرەپ ئاران ئوت يېنىغا كەلدى. ئاغرىقتىن، سوغاقتىن ۋە نەملىكتىن ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى بەزگەك-تەك تىترەيتتى. ئۇيقۇ يېكىپ بولمايدىغان دەرىجىدە ئۇنى قىڭغايتتى، لېكىن، ئۇ قولىدىكى سىقىراۋاتقان ۋە نەدىلىگىنى تاپقىلى بولمايدى-غان ئاغرىقنىڭ ئازاۋىدىن كۆزىنى يۇمالمايتتى. ئۇ بىر پەس كۆزلە-رىنى يۇماتتى، بىر پەس چوغدەك قىپ-قىزىل كۆرۈنگەن ئوتقا قارايتتى ۋە يەنە بىر پەس يېنىدا چازا قۇرۇپ ئولتۇرغان تۇشىننىڭ ئاجىز گەۋدىسىگە نەزەر سالاتتى. تۇشىن چوڭ تەقۋادار ۋە ئەقىللىق كۆزلىرى بىلەن غەمخورانە ۋە ئىچىنى ئاغرىتقان قىياپەتتە ئۇنىڭغا تىكىلىپ نەزەر سالاتتى. تۇشىن جان-دىلى بىلەن ياردەم بېرىشكە تەييار تۇرسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ نائىلاجلىقىنى روستوۋ سېزىپ تۇراتتى.

ئۆتۈپ كېتىۋاتقان، كېلىپ- كېتىۋاتقان ۋە ھەممە يەردە جايلىشىۋاتقان پىيادە ئەسكەرلەرنىڭ قەدەم تاۋۇشلىرى گەپ- سۆز تاۋۇشلىرى تەرەپ- تەرەپتىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى. گەپ- سۆز تاۋۇشلىرى بىلەن قەدەم تاۋۇشلىرى، ئات تۇياقلىرىنىڭ لايدا شالاپشىغان ئاۋازلىرى، يىراق ۋە يېقىندا ئوتتۇن يېرىۋاتقان قاراس- قۇرۇس ئاۋازلار قوشۇلۇپ، تەۋرىنىپ تۇرغان بىر گۇرۇلدەش ئاۋازىغا ئايلانغان ئىدى.

كۆزگە كۆرۈنمەس دەريا ئەمدى قاراڭغۇدا ئىلگىرىكىدەك ئاقمايتتى، بەلكى خۇددى قاتتىق شامالدىن كېيىن دولقۇنلىنىپ ۋە يەنە ئاستا- ئاستا جىمىپ قالغان قاراڭغۇ دېڭىزدەك ئىدى. روستوۋ ئالدىدا ۋە ئەتراپىدا يۈز بېرىۋاتقان ھادىسىلەرگە مەنىسىز قارايتتى ۋە قۇلاق سالاتتى. بىر پىيادە ئەسكەر ئوتنىڭ يېنىغا كېلىپ زوڭزىيىپ ئولتۇردى، قوللىرىنى ئوتقا قاراپ ئۇزاتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن يۈزىنى ئارقىسىغا ئۆرۈۋالدى.

— مەيلىمۇ، جاناپلىرى؟ — دېدى ئەسكەر تۇشىنغا سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ. — روتامنى يوقىتىپ قويدۇم، جاناپلىرى بىلمەيمەن، نەدىكىن. راسا پالاكەت باستى!

ئەسكەر بىلەن بىللە گۇلخان يېنىغا يۈز- كۆزلىرى بىنت بىلەن باغلانغان پىيادىلەر ئەپتسەرى كېلىپ، تۇشىنغا ھارۋىلارنى ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۈچۈن، زەمبىرەكلەرنى سەل نېرى- بېرى قىلىشقا بۇيرۇق بېرىشنى سوراپ مۇراجىئەت قىلدى. روتا كاماندىرىنىڭ ئارقىسىدىن گۇلخانغا يەنە ئىككى ئەسكەر چېپىپ كەلدى. ئۇلار قانداقتۇ بىر ئۆتۈكنى تالىشىپ، بىر بىرىدىن تارتىشىپ، جېنىنىڭ بېرىچە تىللاشماقتا ۋە ئۇرۇشماقتا ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— ئاۋال سەن تېپىۋالدىڭما تېخى! چاقتانلىغىنى قارا! — دېدى بەرسى بوغۇق ئاۋاز بىلەن ۋاقىراپ.

كېيىن ناھايىتى ئورۇق، بويىنى قانغا بويۇلۇپ، بىنت بىلەن ئورالغان، رەڭگى ئۆچكەن بىر ئەسكەر كەلدى-دە، ئاچچىغلانغان ئاھاڭدا توپچىلاردىن سۇ سورىدى.

— نىمە، ئىتتەك ئۆلىمەنمۇ؟ — دېدى ئۇ.

تۇشىن ئۇنىڭغا سۇ بېرىشنى بۇيرۇدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، شوخ بىر ئەسكەر يۈگۈرۈپ كېلىپ، پىيادە ئەسكەرلەرگە ئوت بېرىشنى سورىدى.

— بۇ قىزدىق ئوتنى پىيادە ئەسكەرلەرگە ئېلىپ باراي! خوش قېلىڭلار، يۇرتداشلار. ئوت بەرگىنىڭلار ئۈچۈن رەھمەت، كېيىن پايدىسى بىلەن قايتۇرىمىز، — دېدى ئۇ قىزىرىپ تۇرغان چوغنى قاياقىدۇر بىر ياققا قاراڭغۇدا ئېلىپ كېتىۋېتىپ.

بۇ ئەسكەرنىڭ ئارقىسىدىن تۆت ئەسكەر شىنېلدە ئېغىر بىر نەرسىنى كۆتىرىپ، گۇلخاننىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلاردىن بىرى پۇتلىشىپ كەتتى.

— ھە... ي، يولغا ئوتۇن قويۇپ قويغىنىنى قارا! — دەپ غودۇڭشىدى ئۇ.

— تۆگەپ كېتىپتۇ، يەنە ئېلىپ يۈرىمىزمۇ؟ — دېدى ئۇلاردىن بىرى.

— ئېلىڭلار!

شۇنىڭ بىلەن ئۇلارمۇ ئۆلۈك بىلەن قاراڭغۇدا غايىپ بولدى.

— نىمە ئاغرىتىۋاتامدۇ؟ — دەپ سورىدى تۇشىن پىچىرلاپ روستوۋدىن.

— ھەئە، ئاغرىتىۋاتىدۇ.
— سىزنى گېنېرال چاقىرىدۇ، جاناپلىرى. ئەنە، ئا يەردە، ئۆيدە، — دىدى توپچى ئەسكەر تۇشىن ئالدىغا كېلىپ.
— ھازىر، ئەزىزىم.
تۇشىن ئورنىدىن تۇردى ۋە شىنېلىنىڭ تۈگمىلىرىنى ئېتىپ، ئۆزىنى رۇسلىۋالدى — دە، گۇلغان يېنىدىن كەتتى
توپچىلارنىڭ گۇلخانىغا يېقىن بىر جايدا ئۇنىڭ ئۈچۈن تەييار- لانغان بىر ئۆيدە كىنەز باگراتىيون تاماق يەپ، بەزى قىسىم كاماندىرلىرى بىلەن گەپلىشىپ ئولتۇراتتى. بۇ يەردە قويىنىڭ سۆڭىكىنى ھەۋەس بىلەن غاجىلاپ ئولتۇرغان پىت كۆز بوۋايمۇ، بىر رومكا هاراق ئىچىپ، تاماق يەپ، قىپ-قىزىل بولۇپ كەتكەن، يىگىرمە ئىككى يىللىق خىزمىتى داۋامىدا قىلچىمۇ كەمچىلىك سادىر قىلماي كەلگەن گېنېرال، قولىغا ھەدىيە ئۈزۈك تاقىۋالغان ئىشتاپ ئەپىتسەرى، ھەممىگە كۆزلىرىنى ئويىنىتىپ ئولتۇرغان ژېركوۋ، رەڭگى ئۆچكەن ۋە لەۋلىرىنى چىڭ بىسىپ، كۆزلىرى چاقناپ تۇرغان كىنەز ئاندرېيمۇ بار ئىدى.
ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا فرانسۇزلاردىن ئولجا ئېلىنغان بايراق تامغا تىرەپ قويۇلغان ۋە ئائودىتور ساددا ئادەمدەك ئۇنى تۇتۇپ كۆرەتتى، ئەجەپلەنگەنلىگىدىنمۇ، ياكى قورسىغى ئاچقانلىغى ئۈچۈن تاماقنى كۆرۈپ تاقەتسىزلەنگەنلىگىدىنمۇ (چىنە-قاچا يېتىشمەيتتى) بايراققا قاراپ هاڭ-تاڭلىقتا بېشىنى چايقاپ قوياتتى. نېرىقى ئۆيدە ئاتلىقلار ئەسىر ئالغان فرانسۇز پولكاۋنىگى بار ئىدى. بىزنىڭ ئەپىتسەرلىرىمىز ئۇنىڭ ئەتراپىدا توپلىشىپ، ئۇنى تاماشا قىلاتتى. كىنەز باگراتىيون ئايرىم كاماندىرلارغا تەشەككۈر بىلدۈرەتتى،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

جەڭ تەپسىلاتلىرى ۋە تارتقان زىيانلار توغرىسىدىكى ئەھۋاللارنى سۈرۈشتۈرەتتى. براتۇناۋدا پولكنى كۆرەكتىن ئۆتكۈزگەن ھىملىقى كاماندىر جەڭ باشلىنىش بىلەن تەڭ ئۆزىنىڭ ئورماندىن چېكىنگەنلىكى، ئوتۇن تەييارلىغۇچىلارنى يىغىپ ۋە ئۇلارنى يېنىدىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ، ئىككى باتالىيون ئەسكەر بىلەن نەيزىۋازلىق قىلىپ فرانسۇزلارغا زەربە بەرگەنلىكى ۋە ئۇلارنى ئۇلاقتۇرۇپ تاشلىغانلىقىنى مەلۇم قىلدى.

— بىرىنچى باتالىيوننىڭ چېچىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈش بىلەن تەڭ، جانابى ئالىيلىرى، يولغا چىقتىم-دە، "بۇلارنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ، كېيىن بىر باتالىيوننىڭ ئوت كۈچى بىلەن ھۇجۇم قىلىمەن" دەپ ئويلىدىم ۋە خۇددى شۇنداق قىلدىم.

پولك كاماندىرى شۇنداق قىلىشنى شۇنچىلىك خالايتتىكى، شۇنداق قىلىشقا ئۈلگۈرەلمىگىنىگە شۇنچىلىك ئەپسۇسلىناتتىكى، نەزىرىدە بۇ ئىش خۇددى بولغاندەك تۇيۇلغان ئىدى. بەلكى، ھەقىقەتەنمۇ بولغاندۇ؟ بۇ چىگەللىكتە نىمىنىڭ بولغانلىقى ۋە نىمىنىڭ بولمىغانلىقىنى بىلىپ بولارمىدى؟

— يەنە شۇنى ئېيتىشىم كېرەككى، جانابى ئالىيلىرى، — دېدى پولك كاماندىرى، دولوخوۋنىڭ كۇتۇزوۋ بىلەن سۆزلەشكىنىنى ۋە ئەسكەرلىككە چۈشۈرۈلگەن بۇ يىگىتنى كېيىن بىر قېتىم كۆرگەنلىكىنى ئەسلەپ، — ئەسكەرلىككە چۈشۈرۈلگەن دولوخوۋ مېنىڭ كۆز ئالدىمدا فرانسۇز ئەپىتسەرىنى ئەسىر ئالدى، ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتتى.

— پاۋلوگراد لىقلارنىڭ ھۇجۇمىنى مەنمۇ مۇشۇيەردە كۆردۈم، جانابى ئالىيلىرى، — دېدى ژېركوۋ تەشۋىشلەنگەن ھالدا ئەتراپىغا قاراپ قويۇپ گەپكە قوشۇلۇپ، ئۇ شۇ كۈنى ئاتلىقلارنىڭ قارىسىنىمۇ

كۆرمىگەن ۋە ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى پەقەت پىيادە ئەسكەرلەر ئەپىتسەرىدىن ئاڭلىغان ئىدى. — ئۇلار فرانسۇزلارنىڭ ئىككى تۈركۈم ئەسكەرلىرىنى يەنچىپ تاشلىدى، جانابى ئالىيلىرى.

ژېركوۋدىن ھەممە ۋاقىت قىزىق گەپلەرنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، بەزىلەر ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى؛ گەرچە بۇ يەردە تۇرغان كىشىلەرنىڭ كۆپچىلىكى، ئۇنىڭ قىلغان سۆزلىرىنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق يالغان ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ دېگەن سۆزلىرى بىزنىڭ قوشۇنلىرىمىز ۋە شۇ كۈندە بولغان جەڭنىڭ شان-شەرىپىگە تەئەللۇق بولغانلىقىنى بىلىپ، كۈلۈشتىن توختىدى-دە، جىددى تۈس ئالدى.

— ھەممىلەنگە تەشەككۈر بىلدۈرىمەن، جاناپلار. ھەممە قىسملار: پىيادە ۋە ئاتلىق قىسملار، توپچى قىسملىرىمىز قەھرىمانلارچە جەڭ قىلدى. نىمە بولۇپ ئىككى زەمبىرەك مەركەزدە قالدۇرۇلۇپتۇ؟ — دېدى كۆزى بىلەن كىمدۇ بىرسىنى ئىزدەپ. (كنەز باگراتىيون سول قانات زەمبىرەكلىرى توغرىسىدا سورۇشتۇرمىدى؛ ئۇ جەڭنىڭ بېشىدىلا ئۇ يەردە زەمبىرەكلەرنىڭ تامامەن تاشلاپ كېتىلگەنلىكىنى بىلەتتى)، — مەن سىزنى ئۆتۈنەن ئىدىمغۇ، دەيمەن، — دېدى نۆۋەتچى ئىشتاپ ئەپىتسەرىگە قاراپ.

— بىرى ئوق تېگىپ بۇزۇلغان ئىدى، — دەپ جاۋاپ بەردى نۆۋەتچى ئىشتاپ ئەپىتسەرى، — ئىككىنچىسىنى بولسا بىلمىدىم؛ مەن ھەممە ۋاقىت شۇ يەردە، ئىش باشقۇرۇپ تۇرغان ئىدىم. مەن كېتىش بىلەنلا... لېكىن قاتتىق ئېتىشىش بولۇپ تۇرغان ئىدى، دەرۋەقە، — دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ يەنە كەمتەرلىك بىلەن.

كىمدۇر بىرسى كاپىتان تۇشىننىڭ مۇشۇ يېزىنىڭ ئەتراپىدا بىر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

يەردە تۇرغانلىقىنى ۋە ئۇنى چاقىرىپ كىشى ئەۋەتىلگەنلىكىنى ئېيتتى.

— ھە، سىز شۇ يەرگە بارغان ئىدىڭىزغۇ؟ — دېدى كىنەز باگراتىيون كىنەز ئاندرېيگە قاراپ.

— شۇنداق، بىز بىر بىرىمىزدىن سەل ئۆتۈشۈپ كېتىپ قاپتىمىز، — دېدى نېۋىتچى ئىشتاپ ئەپىتسەرى، يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ بولكونىسكىغا.

— مەن جاناپلىرىنى كۆرگىنىم يوق، — دەپ جاۋاپ بەردى كىنەز ئاندرېي سوغاق ۋە تۇپ-تۈز. ھەممە جىم بولۇشتى.

بوسۇغىدا گېنېراللارنىڭ ئارقىسىدىن ئېھتىيات بىلەن ئۆتۈۋاتقان تۇشىن كۆرۈندى. باشلىقلارنىڭ ھوزۇرىدا ھەممە ۋاقىتتىكىدەك خىجالەت بولغان تۇشىن تار ئۆيدە گېنېراللارنىڭ ئارقىسىدىن ئۆتۈۋېتىپ، تامغا تىرەپ قويۇلغان بايراقنىڭ سېپىنى كۆرمەي قالدى-دە، ئۇنىڭغا پۇتلىشىپ كەتكەن ئىدى، بىرقانچە كىشى كۈلۈشۈپ كەتتى.

— بىر زەمبىرەك قانداق قىلىپ تاشلاپ قويۇلدى؟ — دەپ سورىدى باگراتىيون كاپىتان تۇشىندىنمۇ تولاراق كۈلگەنلەرگە، شۇ جۈملىدىن خۇسۇسەن قاتتىق ئاۋاز بىلەن كۈلگەن ژېركوۋغا قاراپ قاپىغىنى تۈرۈپ.

تۇشىن ئەندى پەقەت بۇ دەھشەتلىك باشلىقنى كۆرگەن چاغدىلا، ئۆزى ھايات تۇرۇپ ئىككى زەمبىرەكنى يوقاتقان زور گۇناھى ۋە شەرمەندىچىلىكىنىڭ ھەممە خەۋپىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. ئۇ شۇنچىلىك ھاياجانلانغان ئىدىكى، شۇ مىنۇتقا قەدەر بۇ ھەقتە ئويلاپ كۆرۈشكە ئۈلگۈرمىگەن ئىدى، ئۇ باگراتىيون ئالدىدا ئېگىزگى

تىترەپ تۇراتتى ۋە ئاران گەپ قىلاتتى:

— بىلمەيمەن... جانابى ئالىيلىرى... ئادەم يوق ئىدى، جانابى ئالىيلىرى...

— توپچىلارنى ھىمايە قىلىپ تۇرغان ئادەملەردىن ياردەمگە چاقىرىشىڭىز مۇمكىن ئىدىغۇ!

توپچىلارنى ھىمايە قىلىپ تۇرغان قوشۇن يوق ئىدى، گەرچە بۇ چىن ھەقىقەت بولسىمۇ، تۇشىن بۇنى دېمىگەن ئىدى. ئۇ بۇ سۆزنى ئېيتىش بىلەن باشقا كوماندىرلارنى يەرگە قارىتىشتىن قورقاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن گەپ قىلماستىن، خۇددى ئىمتىھاندا تۇرۇلۇپ، مۇئەللىمنىڭ كۆزىگە داردىيىپ قاراپ تۇرۇپ قالغان ئوقۇغۇچىدەك، توختاپ قالغان كۆزلىرى بىلەن توپ-توغرا باگراتيوننىڭ يۈزىگە قاراپ تۇراتتى.

جىم-جىتلىق خېلى ۋاقىت داۋام قىلدى. كىنەز باگراتيون قاتتىق قوللۇق بولۇشنى خالىمىدى بولغاي، نىمە دېيىشنى بىلمەي قالدى؛ قالغان كىشىلەر گەپكە ئارىلىششقا پېتىنالمىدى. كىنەز ئاندرېي تۇشىنغا يەر تېگىدىن قارايتتى ۋە بارماقلىرى ئەسەبىي بىر ھالدا قىمىرلايتتى.

— جانابى ئالىيلىرى، — دېدى كىنەز ئاندرېي كەسكىن ئاۋاز بىلەن جىم-جىتلىقنى بۇزۇپ تاشلاپ، — سىز مېنى كاپىتان تۇشىننىڭ توپچىلىرىغا ئەۋەتكەن ئىدىڭىز. بېرىپ قارىسام، ئادەملەرنىڭ ۋە ئاتلارنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى سەپتىن چىقىپتۇ، ئىككى زەمبىرەك پاچاقلىنىپتۇ، توپچىلار ھىمايىسىز ئىكەن.

ھاياجانلىنىپ، لېكىن ئۆزىنى تۇتۇپ سۆزلەۋاتقان بولكونسكىغا كىنەز باگراتيون ۋە تۇشىن بىر خىلدا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com

— ئەگەر جانابى ئالىيلىرى، ماڭا ئۆز پىكرىمنى ئېيتىشقا رۇخسەت قىلسىڭىز، — دىدى ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — مەن شۇنى ئېيتاتتىمكى، شۇ كۈنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشىمىز ھەممىدىن كۆپرەك بۇ توپچىلارنىڭ، كاپىتان تۇشىننىڭ ئۆز روتىسى بىلەن قەھرىمانلارچە ئىش كۆرسەتكەنلىكىدىن بولدى، — دىدى كىنەز ئاندرېي ۋە جاۋاپ كۈتمەي دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇستەلدىن نېرى كەتتى.

كىنەز باگراتىيون تۇشىنغا قارىدى-يۇ، بولكونىسكىنىڭ كەسكىن سۆزلىرىگە ئىشەنمىگىنىنى بىلدۈرگىسى كەلمىدى بولغاي، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇنىڭ ھەممە گېپىگە ئىشىنىشكە كۆڭلى يول قويماي، تۇشىنغا بېشىنى ئېگىپ قويدى ۋە ئۇنىڭ كېتىشىگە ئىجازەت بەردى. كىنەز ئاندرېمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ كەتتى.

— رەھمەت، سىز مېنى قۇتقازدىڭىز، ئەزىزىم، — دىدى ئۇنىڭغا تۇشىن.

كىنەز ئاندرېي تۇشىنغا بىر قارىدى-دە، ھېچنىمە دىمەستىن كېتىپ قالدى. كىنەز ئاندرېي خاپا ۋە روھى چۈشكەن ئىدى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا غەلىتى تۇيۇلدى ۋە ئۇنىڭ كۈتكىنىدىن خېلى يىراق بولۇپ چىقتى.

* * *

"ئۇلارنىڭ ئۆزى كىملەر؟ ئۇلار بۇ يەرگە كېلىپ نىمە قىلىدۇ؟ ئۇلارغا نىمە كېرەك؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى قاچان ئاياغلىشىدۇ؟" — دەپ ئويلايتتى روستوۋ، كۆز ئالدىدا كېزىپ يۈرگەن كۆلەڭگىلەرگە قاراپ. قولىنىڭ ئاغرىغى بارغانسېرى ئازاپلىماقتا ئىدى. يېڭىپ بولمايدىغان ئۇيقا باستى، كۆزلىرىدە قىزىل چەمبىرەكلەر سەكرەپ ئويناپتتى؛ بۇ ئاۋازلار، بۇ ئادەملەر ۋە ئۆزىنىڭ يەككە-يىگانىلىق

تۇيغۇسى بەدەنىدىكى ئاغرىدق تۇيغۇسى بىلەن قوشۇلۇپ كەتتى. شۇلار، شۇ ئەسكەرلەر، ياربدار بولغانلار ۋە ياربدار بولمىغانلار — مانا شۇلار ئۆزىنىڭ يارىلانغان قولى ۋە يەلكىسىدىكى پەيلىرى بىلەن گۆشلىرىنى باساتتى، ئېغىرلاشتۇراتتى، تولغاپ تارتىپ چىقىراتتى ۋە كۆيدۈرەتتى. بۇلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئۇ كۆز-لىرىنى يۇمۇۋالدى.

ئۇ بىرئاز ۋاقىت كۆزىنى يۇمدى-يۇ، كۆزىنى يۇمغان شۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۇيقىدا سانسىز نەرسىلەرنى كۆردى: ئۇ ئانىسىنى ئۇنىڭ چوڭ ۋە ئاپپاق قولىنى كۆردى، سونيەنىڭ نازۇككىنە يەلكى-لىرىنى، ناتاشانىڭ كۆزلىرى ۋە كۈلكىسىنى، بىراۋ بىلەن سۆزلۈ-شۈپ تۇرغان دېنسوۋ ۋە ئۇنىڭ بۇرۇتلىرىنى، تېلەنىنى ۋە تېلەنىن ھەم بوگدانىچ بىلەن بولغان ھەممە ماجىرالىرىنى كۆردى. بارلىق بۇ ماجىرالار ئاشۇ كەسكىن ئاۋازلىق ئەسكەر بىلەن ئوخشاش بىر خىل نەرسە ئىدى. بۇ ماجىرالار ۋە بۇ ئەسكەر ئۇنىڭ بىلىكىنى شۇنداق قىيناپ ئۈزلۈكسىز تارتاتتى ۋە باساتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممىشە بىر تەرەپكىلا تارتاتتى. ئۇ ئۇلاردىن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇنۇپ باقاتتى، لېكىن ئۇلار ئۇنىڭ يەلكىسىنى قىلچىلىكمۇ، بىرەر سېكۇنتمۇ قويۇپ بەرمەيتتى، ئەگەر ئۇلار ئۇنى تارتمىغان بولسا، ئۇنىڭ يەلكىسى ئاغرىمىغان بولاتتى ۋە ساق بولاتتى؛ لېكىن ئۇلاردىن قۇتۇلالمايتتى.

ئۇ كۆزلىرىنى ئېچىپ ئاسمانغا قارىدى. تۈننىڭ قاپ-قارا پەردىسى كۆمۈر ئوتىنىڭ يورۇقلۇغى ئۈستىدە بىر ئارشىن ئىگىزلىكتە ئېسىلىپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. چۈشكەن قار ئۇچقۇنلىرى بۇ يورۇقلۇقتا ئۇچۇپ يۈرەتتى. تۈشىن تېخى قايتمىغان ئىدى، دوختۇرمۇ كەلمى-گەن ئىدى. ھازىر گۈلخانىنىڭ يېنە بىر تەرىپىدە يالىڭاچلىنىپ

www.uyghurkitap.com

ئۆزىنىڭ ياداڭغۇ سېرىق بەدىنىنى ئوتقا قاخلاپ ئىسسىنىپ ئولتۇرغان كىچىك بىر ئەسكەرنى ھىساپقا ئالمىغاندا، روستوۋ يالغۇز ئىدى.

”مەن ھېچكىمگە لازىم ئەمەس ئىكەنمەن! — دېدى روستوۋ ئىچىدە. — ماڭا ھېچكىممۇ قارىمايدۇ، كۆيۈنمەيدۇ. مەنمۇ بىر چاغ-لاردا ئۆيدە ئىدىم، كۈچلۈك ئىدىم، خوشال ئىدىم، سۆيۈملۈك ئىدىم“. — ئۇ ئىختىيارسىز ئاھ ئۇرۇپ ۋاي-ۋايلاپ كەتتى.

— ھە، ئاغرىتىۋاتامدۇ، نىمە؟ — دەپ سورىدى كىچىككىنە بىر ئەسكەر كۆينىكىنى ئوتقا قېقىپ ۋە جاۋاپ كۈتمەستىنلا كاكىراپ قوشۇپ قويدى: — بىر كۈندە شۇنچىلا كۆپ كىشىنى قاتاردىن چىقاردى، ھە — دەھشەت!

روستوۋ بۇ ئەسكەرنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمىدى. ئۇ ئوتنىڭ يورۇغىدا ئۇچۇپ يۈرگەن قار ئۇچقۇنلىرىغا قاراپ، روسىيىدە بولىدىغان قىش كۈنلىرىنى، ئىسسىق ۋە يورۇق ئۆيلەرنى، ماموقتەك يۇمشاق جۇۋىلارنى، ئۇچقاندەك تېز يۈرىدىغان چانىلارنى، ساق-سالامەت يۈرگەن كۈنلىرىنى ۋە ئۆي ئىچىدىكىلەرنىڭ مېھرى-مۇھەببەت ۋە غەمخورلىقىنى ئەسلەيتتى. ”نىمە ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلگەندىمەن!“ دېدى ئۇ.

ئەتىسى فرانسۇزلار يەنە ھۇجۇم قىلمىدى، باگراتىيون ئەترى-دىنىڭ قالدۇغى كۇتۇزوۋ ئارمىيىسىگە بېرىپ قوشۇلدى.

# ئۈچىنچى قىسىم

## 1

كىنەز ۋاسىلى ئۆز پىلانلىرىنى ئەتراپلىق ئويلىماي ئىش كۆرىدىغان
ئادەم ئىدى، ئۆز مەقسىدىگە يېتىش ئۈچۈن، كىشىلەرگە يامانلىق
قىلىشنى تېخىمۇ ئاز ئويلايتتى. ئۇ پەقەت ئاقسۆڭەكلەر مۇھىتىدا
مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىپ كەلگەن ۋە شۇ مۇھىتتا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىد-
شىشكە ئۆگىنىپ قالغان بىر ئاقسۆڭەك ئىدى. ئۇ دائىم شارائىتقا ۋە
كىشىلەر بىلەن بولغان يىراق-يېقىنلىقىغا قاراپ خىلمۇ-خىل پىلانلار
ۋە مۆلچەرلەرنى قىلاتتى، بۇ پىلانلار ۋە مۆلچەرلەر توغرىسىدا ئۆزى
ئوبدان ئويلاپ كۆرمىسىمۇ، لېكىن بۇلار ئۇنىڭ ھاياتىدىكى بارلىق
ئارزۇ-ھەۋەسلىرىنى تەشكىل قىلاتتى. ئۇنىڭ كاللىسىدا مۇنداق
پىلانلار ۋە مۆلچەرلەر بىر ئەمەس، ئىككى ئەمەس، بەلكى ئونلاپ
بولاتتى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئەمەلگە ئېشىشقا باشلىغاندەك كۆرۈنسە،
ئىككىنچىسى ئەمەلگە ئاشقان، ئۈچىنچىسى بولسا يوققا چىققان
بولاتتى. ئۇ، مەسىلەن، ئۆزىگە ئۆزى: ”ھازىر بۇ ئادەمنىڭ مەرتى-
ۋىسى يۇقۇرى، مەن ئۇنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولۇۋېلىپ ۋە ئۇنىڭ
بىلەن دوست بولۇۋېلىپ، ئۇ ئارقىلىق بىر يولىلا نەپەقە ئېلىش
ئىلاجىنى قىلايچۇ“ دېمەيتتى، باكى ئۇ ئۆزىگە ئۆزى: ”مانا، پېيىر

www.uyghurkitap.com

بولسا قولىدا بار يىگىت، مەن ئۇنى قىزىمغا ئۆيلىنىشكە قىزىقتۇرۇپ، ئۆزەم ئۈچۈن زۆرۈر بولغان قىرىق مىڭ سومنى قەرزگە ئېلىۋالايچۇ"مۇ دىمەيتتى؛ لېكىن، ئۇ مۇنداق مەرتىۋىلىك ئادەمنى يولۇقتۇرغاندا، دەرھال كۆڭلى ئۇنىڭغا "بۇ ئادەم پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن" دەيتتى-دە، كىنەز ۋاسىلى ئۇنىڭ بىلەن مۇمكىن قەدەر تېزرەك يېقىنلىشىپ، توساتتىنلا ئادىتى بويىچە خوشامەت قىلىپ، قېلىنلىشىۋېلىپ، نىمە كېرەك بولسا شۇ توغرىدا سۆزلەۋېرەتتى.

پيېر موسكۋادىكى چېغىدا ئۇنىڭ قولىدىكى ئادەم ئىدى، كىنەز ۋاسىلى ئۇنى شۇ چاغدىكى ھۆكۈمەت مەسلىھەتچىسى مەرتىۋىسى بىلەن باراۋەر بولغان كامېر-يۇنكېر②لىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەتتى ۋە ئۇنىڭغا مەن بىلەن پېتربورگقا بارسەن ھەم مېنىڭ ئۆيۈمگە چۈشسەن دەپ تۇرۇۋالدى. كىنەز ۋاسىلى خۇددى ھىچقانداق مۇددىئانى كۆزلىمىگەندەك قىلسىمۇ، ئەمما شۇنداق بولۇشى كېرەك دەپ شۈبھىسىز ئىشەنچ بىلەن قىزىنى پيېرغا بېرىش ئۈچۈن، قولىدىن كەلگەن ھەممە ئىشلارنى قىلدى. ئەگەردە كىنەز ۋاسىلى ئۆزىنىڭ پىلانلىرىنى ئالدىنئالا ئەتراپلىق ئويلاپ قويغان بولسا ئىدى. ئۆزىدىن خاھ يۇقۇرى، خاھ تۆۋەن بولغان ھەممە كىشىلەر بىلەن بۇنداق تەبىئى مۇئامىلە قىلالماس ۋە ئۇلارغا بۇنداق ئاددى ۋە ئەدەپسىز مۇناسىۋەتتە بولالماس ئىدى. ئۇنى ھەمىشە نىمىدۇ بىر نەرسە ئۆزىگە قارىغاندا مەرتىۋىسى چوڭراق ياكى دۆلەتمەنرەك

② پادىشا روسىيىسىدە ساراي مۇلازىملىرىغا بېرىلىدىغان ئەڭ تۆۋەن ئۇنۋان، مۇنداق دەرىجە شۇ چاغدا ئونبىر بولۇپ، بۇ بەشىنچى قاتاردا تۇرىدۇ. — تەر.

كىشى تەرەپكە تارتىپ تۇراتتى ۋە ئۇمۇ شۇ كىشىلەردىن قاچان ۋە قانداق پايدىلىنىش يولىنى ناھايىتى ياخشى بىلەتتى.

يېقىندىلا يەككە-يىگانە ۋە بىپەرۋالىقتا يۈرۈپ كېلىپ، بىردىنىلا دۆلەتمەن گىراف بېزئۇخوۋ بولۇپ قالغان پيېر ئۆزىنى شۇ قەدەر كۆپ كىشىلەر بىلەن ئورالغان ۋە شۇ قەدەر ئالدىراشلىق ھىس قىلاتتىكى، پەقەت ئورنىغا كىرىپ ياتقاندىلا ئاندىن ئارام ئالاتتى، خالاس. ئۇ قەغەزلەرگە ئىمزا قويۇشى، ئۆزى نىمە ئىكەنلىگىنى ئېنىق ئۇقمىغان مەھكىمىلەردىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇشى، ئۆي ئىگىلىگىنى باشقۇرىدىغان باش مۇدىردىن ئالىقانداق بىر نەرسىلەرنى سوراشتۇرۇشى، موسكۋا ئەتراپىدىكى مۈلۈكلىرىگە بېرىپ، ئۇنى كۆزدىن كەچۈرۈشى ۋە ئۇ يەردە ئىلگىرى ئۇنىڭ بار-يوقلىغىنى بىلىشنى خالىمايدىغان، ئەمما ھازىر ئۇ قوبۇل قىلمىسا خاپا بولۇپ كۆڭلى ئاغرىيدىغان ئادەملەر بىلەن كۆرۈشۈشى كېرەك ئىدى. بۇ خىلمۇ-خىل كىشىلەر — ئىشقا ئالاقىدار كىشىلەر، ئۇرۇق-تۇققانلىرى، تونۇش-بىلىشلىرى — ھەممىسى بۇ ياش مىراسخورغا بىردەك ئوبدان ۋە مېھرىۋانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى؛ بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى پيېرنىڭ يۈكسەك پەزىلىتىگە شەك-شۈبھىسىز ئىشەنگەندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ ”سىزنىڭ پەۋقۇلئاددە مېھرى-شەپقىتىڭىزدىن“ ياكى ”سىزنىڭ قەلبىڭىز شۇنداق پاك ئىكەنكى، گىراف......“ ياكى ”ئەگەر ئۇ سىزدەك ئەقىللىق بولغاندا ئىدى“ دىگەندەك سۆزلەرنى ئۈزلۈكسىز ئاڭلاپ تۇراتتى، شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئۆزىنىڭ پەۋقۇلئاددە مېھرى-شەپقەتلىك ئىكەنلىگىگە ۋە ئۆزىنىڭ پەۋقۇلئاددە ئەقىل-پاراستىگە راستىنلا ئىشىنىشكە باشلىغان ئىدى، چۈنكى، ئۇ ئۆزىنى كۆڭلىدە ھەمىشە راستىنلا مېھرى-شەپقەتلىك ۋە ناھايىتى ئەقىللىق دەپ

www.uyghurkitap.com

ئۇيلايتتى. ھەتتا ئىلگىرى ئۇنىڭغا قاپىغىنى ئېچىپ قارىمايدىغان ۋە ئۇچۇقتىن-ئۇچۇق دۈشمەنلىك كۆزلىرى بىلەن قاراپ كەلگەن كىشىلەرمۇ ئۇنىڭغا مېھرىۋان ۋە خۇش مۇئامىلىلىك بولۇپ قالغان ئىدى. ھەممىشە قاش-قاپاقلىرىنى تۈرۈۋېلىپ خاپا يۈرىدىغان، بېلى ئۈزۈن، چاچلىرى خۇددى قونچاقنىڭكىدەك سىلىق تارالغان چوڭ كىنەز قىزىمۇ گىراف دەپىنە قىلىنغاندىن كېيىن پىيېرنىڭ ئۆيىگە كىردى. ئۇ بېشىنى يەردىن ئىگىز كۆتىرەلمەي ۋە توختىماستىن پىخىلداپ يىغلاپ، ئىلگىرى ئارىدا بولۇپ ئۆتكەن ئۇقۇشۇلماسلىقلار توغرىسىدا ناھايىتى ئېچىنىدىغانلىقىنى، ھازىر بولسا ئۆزىنىڭ ھېچنىمىنى سوراشقا ھەققى يوقلۇقىنى، ئۆزى شۇنچە يىللاردىن بېرى شۇنچە ياخشى كۆرۈپ ۋە شۇنچە جېنىنى پىدا قىلىپ كەلگەن بۇ ئۆيدە، بېشىغا كەلگەن بۇ پالاكەتچىلىكتىن كېيىن پەقەت بىرنەچچە ھەپتە تۇرۇشقىلا ئىجازەت بېرىشىنى سورايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ بۇ سۆز-لەرنى سۆزلەۋېتىپ، ئۆزىنى باسالماي يىغلاپ كەتتى. ھەيكەلگە ئوخ-شاپ كېتىدىغان بۇ كىنەز قىزىنىڭ بۇنچىلىك ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ كۆڭلى بۇزۇلغان پىيېر ئۇنى قولىدىن تۇتۇپ ئۆزرە سورىدى، لېكىن نىمىشقا ئۆزرە سورايدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. شۇ كۈندىن باشلاپ كىنەز قىزى پىيېر ئۈچۈن يول-يول شارپا توقۇشقا كىرىشتى ۋە ئۇنىڭغا بولغان مۇناسىۋىتى تامامەن ئۆزگەردى.

— مېنىڭ يۈزۈمنى قىلىپ مۇشۇ ئىشنى قىلىپ بەر، mon cher (ئەزىزىم)؛ نىمە بولسىمۇ بۇ بىچارە مەرھۇم ئاتاڭنى دەپ كۆپ جاپا تارتتى، — دېدى كىنەز ۋاسىلى كىنەز قىزىغا تېگىشلىك بىر قەغەزنى پىيېرنىڭ قول قويۇشىغا بېرىپ.

كىنەز ۋاسىلى ئۆزىنىڭ نەقىشلىق ھۆججەت ماجىراسىغا ئارىلى-

شىپ قالغانلىقىنى كىنەز قىزى ئاغزىدىن پوسۇقتا چىقىرىپ تاشلىمىسۇن دەپ ئۇنىڭغا سۆكەك تاشلاشقا، يەنى ئۇتتۇز مىڭ سوملۇق تىلخەت ئېلىپ بېرىشكە قارار قىلغان ئىدى. پىيېر تىلخەتكە قول قويۇپ بەردى ۋە شۇ كۈندىن باشلاپ كىنەز قىزى ئۇنىڭغا تېخىمۇ مېھرىۋانراق بولۇپ قالدى. سىڭىللىرىمۇ ئۇنىڭغا مېھرىۋان بولۇپ قالدى، خۇسۇسەن كىچىككىنە، چىرايلىق ۋە مېڭى بار كىنەز قىزى پىيېرنى كۆرگەندە تەبەسسۇم قىلىشى ۋە قىزىرىپ كېتىشى بىلەن ئۇنى خىجالەتتە قوياتتى.

پىيېرغا ھەممىنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرۈشى تەبىئى بىلىنەتتى، ئەگەر بىرەر كىشى ئۇنى ياخشى كۆرمىگەن تەقدىردە غەيرى تەبىئى بىلىنەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ سەممىيەتلىكىگە ئىشەنمەي مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ئادەملەرنىڭ سەممىمىلىكى ياكى سەممىي ئەمەسلىكى توغرىسىدا ئويلاپ كۆرۈشكە ۋاقتىمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ ھەمىشە ۋاقتى يوق، ھەمىشە ئۆزىنى خۇرسەن ۋە شىركەيىپ ھېس قىلاتتى. ئۇ ئۆزىنى قانداقتۇ مۇھىم ئومۇمى ھەركەتنىڭ مەركىزى دەپ سېزەتتى؛ ئۆز ئويىچە ئۇنىڭدىن ھەمىشە بىرنىمىلەرنى كۈتۈۋاتقاندەك، ئەگەر پالانى ئىشنى قىلمىسا، نۇرغۇن كىشىلەر خاپا بولىدىغان ۋە ئۇلار ئۈمىت قىلىپ كەلگەن نەرسىلىرىدىن مەھرۇم بولىدىغاندەك، ئەگەر پالانى-پالانى ئىشلارنى قىلسا، ناھايىتى ياخشى بولىدىغاندەك ھېس قىلاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن نىمىنى تەلەپ قىلسا شۇنى قىلاتتى، لېكىن شۇ ياخشى بولىدىغان ئىشلار ھامان كەلگۈسىگە قالدۇرۇلاتتى.

مانا شۇ دەسلەپكى كۈنلەردە پىيېرنىڭ ئىشلىرىنىمۇ، شۇنداقلا ئۆزىنىڭكىنىمۇ ھەممىدىن كۆپرەك كىنەز ۋاسىلى قولىغا ئالدى. ئۇ

گراف بېزئۇخوۋ ئۆلگەندىن تارتىپ پيېرنى قولدىن چىقارمىدى. كىنەز ۋاسىلى سان-ساناقسىز ئىشلار بېسىۋالغان، چارچاپ كەتكەن، جاپا چېكىپ ھالىدىن كەتكەن، لېكىن ئىچى ئاغرىغانلىقتىن دوستىنىڭ ئوغلى بولغان بۇ يېتىم ياردەمچىسىز ياش يىگىتنى، apres tout (بولۇپمۇ) شۇنچە كۆپ مال-مۈلۈك بىلەن قالغان بۇ يىگىتنى تەقدىرنىڭ ۋە ئالدامچىلارنىڭ ئىختىيارىغا تاشلاپ بەرگۈسى كەلمەيدىغان كىشىگە ئوخشايتتى. ئۇ گراف بېزئۇخوۋ ئۆلگەندىن كېيىن مۇسكۋادا بولغان شۇ بىر قانچە كۈن داۋامىدا پيېرنى ئالدىغا چاقىرىپ ياكى ئۆزى ئۇنىڭ ئالدىغا كىرىپ، نېمە قىلىش لازىملىقىنى ھارغىن ئەمما دېدىل قىياپەتتە ئۇنىڭغا تاپىلىدى ۋە ھەرقېتىمدىكىدەك ھامان مۇنداق بىر جۈملە گەپنى قوشۇپ قويدى:

— Vous sarez, que je suis accablé d'affaires et que ce n'est que par pure charitè, que je m'occupe de vous. et puis vous savez bien, que ce que je vous propose est la seule chose faisable. (سەن بىلىسەن، مېنى ئىش بېسىۋېلىۋاتىدۇ؛ لېكىن سېنى ئۆز ھالىڭغا تاشلاپ قويۇش شەپقەتسىزلىك بولغان بولاتتى؛ بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۆزەڭ بىلىسەن، مېنىڭ ساڭا دېگەن گەپلىرىم بىردىن-بىر مۇمكىن بولىدىغان تەدبىر.)

— مانا، دوستۇم، ئاخىر ئەتىگەنلىككە كېتىدىغان بولدۇق، — دېدى ئۇ بىر كۈنى كۆزىنى يۇمغان ھالدا ئۇنىڭ جەينىكىنى بارماقلىرى بىلەن تۇتۇپ؛ بۇ گەپنى شۇنداق بىر تەرزدە ئېيتتىكى، گويا بۇ توغرىدا ئاللىقاچان بىر قارارغا كەلگەندەك، ئەمدى باشقا گەپ بولۇشى ھېچ مۇمكىن ئەمەستەك كۆرۈنەتتى.

— بىز ئەتە كېتىمىز، مەن ساڭا ئۆزەمنىڭ ھارۋامدا ئورۇن

بېرىمەن. مەن ناھايىتى خۇرسەنمەن، بىز بۇ يەردە ناھايىتى
مۇھىم ئىشنى پۈتكۈزدۇق. مەن ئالللىقاچانلا كېتىشىم كېرەك ئىدى.
مانا، كانسىلېردىن خەت ئالدىم. مەن ئۇنىڭغا سېنىڭ توغراڭدا
ئىلتىماس قىلغان ئىدىم، سېنى دىپلوماتىيە كورپۇسىغا ئۆتكۈزۈپ
كامېر-يونكېرلىققا تەيىنلەپتۇ. ئەمدى ساڭا دىپلوماتلىق يولى
ئوچۇق.

بۇ سۆزلەرنىڭ شۇ قەدەر ھارغىنلىق ۋە دادىللىق بىلەن ئېيتىلغانلى-
غىغا قارىماي، مەنسەپ توغرىسىدا ناھايىتى كۆپ ئويلىغان پيېر
ئېتىراز بىلدۈرمەكچى بولدى. لېكىن كىنەز ۋاسىلى ئۆز سۆزىنىڭ
بېلىنگە تېپىۋېتىشكە يول قويمايدىغان، بەك نائىلاج چاغدىلا ئىشلىتى-
لىدىغان بىر خىل كۆچلۈك ئاھاڭ بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى.

— Mais, mon cher (ئەمما، ئەزىزىم)، مەن بۇ ئىشنى
ئۆزەمنى دەپ، ئۆز ۋىجدانىمنى دەپ قىلدىم، بۇنىڭغا تەشەككۈر
بىلدۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق. ئارتۇقچە مېھرى-مۇھەببەتتىن ھېچكىم
ھېچقاچان نالە قىلمىغان؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە، سەن بولساڭ ئەركىن
ئۆزەڭدە، خالىمىساڭ، تاشلايسەن-دە، كېتىۋېرىسەن. مانا، پېتېر-
بۇرگدا سەن ھەممىنى ئۆزەڭ كۆرىسەن، بۇ ئېغىر قايغۇنى ئۇنتۇش
ئۈچۈن، ئەسلىدە سەن بۇ يەردىن ئالللىقاچانلا كېتىشىڭ كېرەك
ئىدى، — كىنەز ۋاسىلى ئوھ تارتىپ قويدى، — دۇنيانىڭ ئىشى
شۇدە، ئەزىزىم. مېنىڭ كامېردىنېرىم سېنىڭ ھارۋاڭدا كېتىۋەرسۇن.
ھە، ئېيتقاندەك، مېنىڭ ئېسىمدىن چىقىپ قاپتۇ، — دېدى كىنەز
ۋاسىلى يەنە، — سەن بىلىسەن mon cher (دوستۇم)، مەرھۇم
ئاتاڭ بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا ئاز-تولا ئالدى-بەردى ئىشلىرىمىز
بار ئىدى، رەزەندىكىسىنى ئالدىم ۋە ئۆزەمگە قالدۇردۇم؛ ساڭا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كېرەك ئەمەس. بىز ئىككىمىز سۆزلۈشتە قىلىشىۋالىمىز.

ئۇنىڭ "رەزەندىكىسى"دىگىنى رەزەندىكى دىخانلاردىن ئېلىنغان بىر قانچە مىڭ سوم ئالغۇاك پۇلى بولۇپ، ئۇنى كىنەز ۋاسىلى پېيىرغا بەرمەستىن ئۆزى ئېلىپ قالغان ئىدى.

پيېر مۇسكۋادىمۇ پېتربۇرگدىكىگە ئوخشاشلا مېھرى-شەپقەتلىك ۋە شېرىن سۆزلۈك كىشىلەرنىڭ ئاتموسفېراسى بىلەن ئورالغان ئىدى. ئۇ كىنەز ۋاسىلى تېپىپ بەرگەن ئورۇننى، ياكى توغرىسىنى ئېيتقاندا ئۇنۋانىنى رەت قىلالمايتتى (چۈنكى، قىلىدىغان ئىشىمۇ يوق ئىدى)، ئەمما تونۇش-بىلىشلىرى، مېھماندارچىلىق تەكلىپلىرى ۋە ئىجتىمائى بېرىش-كېلىش ئالاقىلىرى شۇنچىلىك كۆپ ئىدىكى، پيېر موسكۋادىكى چېغىدىنمۇ كۆپرەك گاڭگىراپ قالغانلىق، ئالدىراش-تېنەشلىك ۋە بارغانسېرى يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان، ئەمما ئەمەلگە ئاشمايۋاتقان قانداقتۇ ياخشىلىق تۇيغۇسىنى سېزەتتى.

ئۇنىڭ ئىلگىرىكى بويتاق چېغىدىكى ئۇلپەتلىرىنىڭ خېلى كۆپچىلىكى پېتربۇرگدا يوق ئىدى. گۋاردىيە ئورۇشقا كەتكەن؛ دولوخوۋ ئۇنۋانى چۈشۈرۈلۈپ ئەسكەر بولغان؛ ئاناتول قايسى بىر ئۆلكىدە ئارمىيەدە؛ كىنەز ئاندرى بولسا چەتئەلدە؛ شۇنىڭ ئۈچۈن، پيېر كېچىلىرىنى ئىلگىرى ئۆزى ياخشى كۆرگەندەك ئۆتكۈزۈشكىمۇ ۋە بەزىدە ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكى دەرت-ھەسرەتلىرىنى ئۆزىدىن چوڭراق ۋە ھۆرمەتلىك ئاغىنىلىرى بىلەن مۇڭدىشىپ ئېيتىشقىمۇ مۇۋەپپەق بولالمايتتى. ئۇنىڭ ھەممە ۋاقتى زىياپەتلەر ۋە بەزمىلەردە ۋە كىنەز ۋاسىلىنىڭ ئۆيىدە — ئۇنىڭ ئايالى بولغان سېمىز كىنەز ئايىم ۋە چىرايلىق قىزى ئەلېن بىلەن سۆھبەتتە ئۆتۈپ

كېتەتتى.

ئاننا پاۋلوۋنا شېرېرمۇ خۇددى باشقىلارغا ئوخشاشلا پيېرغا نىسبەتەن ئۆلپەتلەر مۇھىتىدا يۈز بەرگەن قاراشتىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئىپادىلىگەن ئىدى.

ئىلگىرى پيېر ھەمىشە ئاننا پاۋلوۋنانىڭ ئالدىدا نېمە دېسە، ئۆزىنىڭ قارىشىچە شۇ گېپى نامۇۋاپىق، ئەدەپسىزلىك، بىھۇدە بولۇپ چىققاندەك تۇيۇلاتتى؛ كاللىسىدا تەييارلاۋاتقاندا ئۇنىڭغا ناھايىتى ئاقىلانە تۇيۇلغان گەپلىرى ئاغزىدىن چىقىش بىلەن تەڭلا ئەخمىقانىلىقتەك بىلىنەتتى، ئەكسىچە، ئىپپولىتنىڭ ئەڭ ئەخمىقانە گەپلىرى بولسا، ئەقىللىق ۋە يېقىملىق بولۇپ چىقاتتى. ئەمدى بولسا ئۇنىڭ ھەرقانداق گەپلىرى پۈتۈنلەي charmant (گۈزەل) بولۇپ چىقىدىغان بولدى. ئەگەر ھەتتا ئاننا پاۋلوۋنا بۇنداق دېمە-سىمۇ، ئۇ ئاننا پاۋلوۋنانىڭ مۇشۇنداق دېمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇ پەقەت پيېرنىڭ كەمتەرلىكىنى ھۆرمەتلىگەنلىكى ئۈچۈنلا بۇنداق سۆزنى ئېيتىشتىن ئۆزىنى تۇتۇۋالغانلىقىنى كۆرۈپ تۇراتتى.

بىر مىڭ سەككىز يۈز بەشىنچى-بىر مىڭ سەككىز يۈز ئالتىنچى يىللىرى قىشنىڭ بېشىدا پيېر ئاننا پاۋلوۋنانىڭ ئاچ پۇشتىرەڭلىك بىر تەكلىپنامىسىنى ئالغان ۋە ئۇنىڭدا: "Vous trouve rez chez moi la belle Hélène, qu'on ne se lasse jamais voir" ("بۇ ئولتۇرۇشتا كىشى كۆرۈپ زادىلا تويمايدىغان گۈزەل ئەلېنمۇ بولىدۇ") دەپ ئىلاۋە قىلىنغان ئىدى.

پيېر بۇ خەتنىڭ شۇ يېرىنى ئوقۇۋېتىپ، ئەلېن بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا باشقا كىشىلەر ئېتىراپ قىلغان قانداقتۇ باغلىنىشنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلدى ۋە بۇ پىكىر شۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

چاغنىڭ ئۆزىدىلا ئۇنىڭ بوينىغا قولىدىن كەلمەيدىغان بىر مەجبۇرى-يەتنى يۈكلىگەندەك، ئۇنى قورقۇتۇۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە قىزىقارلىق بىر ئېرمەكتەك ئۇنىڭغا يېقىپ قالغان ئىدى.

ئاننا پاۋلوۋنانىڭ بۇ مېھماندارچىلىقىمۇ تۇنجى قېتىمدىكىگە ئوخشاش ئىدى، لېكىن ئۇ بۇ قېتىم ئۆزىنىڭ مېھمانلىرىنى مورتېمار بىلەن ئەمەس، بەلكى بېرلىندىن يېڭىلا كەلگەن ۋە پادىشا ئالېك-ساندىرنىڭ پوتسدامغا بارغانلىقى، ئىككى ئۇلۇغ دوستنىڭ مۇستەھكەم ئىتتىپاق بولۇپ، ئىنسانىيەت دۈشمىنىگە قارشى ھەققانى ئىش ئۈچۈن كۆرەشكە قەسەميات قىلغانلىقى توغرىسىدا تەپسىلى خەۋەر ئېلىپ كەلگەن دىپلومات بىلەن كۈتۈۋاتاتتى. ئاننا پاۋلوۋنا پېيېرنى يېقىندا بۇ ياش يىگىتنىڭ بېشىغا كەلگەن كۆلپەت سەۋەبىدىن (گراف بېزئۇخوۋنىڭ ئۆلۈمى تۇپەيلىدىن بولسا كېرەك)، مەيۈس بىر قىياپەتتە قارشى ئالدى (ھەممە كىشى ئۇنى ئۆزى تامامەن دىگۇدەك بىلمەيدىغان ئاتىسىنىڭ تۈگەپ كېتىشى بىلەن ئېغىر قايغۇدا قالغانلىقىغا ئىشەندۈرۈشنى دائىم ئۆزلىرىنىڭ بۇرچى دەپ ھىساپلايتتى) ۋە بۇ مەيۈسلۈك خۇددى ئەڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر خانىش ئاننا مارىيە فيودوروۋنا توغرىسىدا گەپ بولغاندا ئىپادىلەنگەن مەيۈسلىنىشكە تامامەن ئوخشايتتى. پېيېر بۇ گەپ-سۆزلەرنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇرسەن بولدى. ئاننا پاۋلوۋنا ئۆزىگە خاس ماھارەت بىلەن مېھمانلارنى گۇرۇپپا-گۇرۇپپا قىلىپ تەشكىللىدى. كىنەز ۋاسىلى ۋە گېنېراللاردىن ئىبارەت بولغان چوڭ گۇرۇپپىدا دىپلومات ئولتۇردى. يەنە بىر گۇرۇپپا چاي شىرەسىنىڭ يېنىدا ئىدى. پېيېرمۇ بىرىنچى گۇرۇپپىغا قوشۇلماقچى بولدى-يۇ، لېكىن جەڭ مەيدانىدا بېشىغا كېلىۋاتقان مىڭلارچە پارلاق پىكىرلەرنى

ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن زورىغا ئۈلگۈرۈپ ئەسەبىلەشكەن سەركەر-دىنىڭ ئەھۋالىغا چۈشۈپ قالغان ئاننا پاۋلوۋنا پېيېرنى كۆرۈپ، ئاستاغىنا ئۇنىڭ يېڭىنى تۇتتى-دە:

— Atte dez, j'ai des vues suv vous pourse soir (ئالدىرىماڭ، بۇ كېچە ئۈچۈن سىزگە ئاتاپ بىر نەرسىنى كۆزلەپ قويغانمەن)، -دېدى-دە، ئەلېنگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— Ma bonne Hélène, il faut, que vous soyez chari-table pour ma pauvre tante, qui a une adoration pour vous. Allez lui tenir compagnie pour lo minutets (سۆيۈملۈكۈم ئەلېن، سىز، بىچارە هاممامغا ئىلتىپات كۆرسىتىڭ، ئۇ كىشى سىزگە ناھايىتى چىڭ مۇھەببەت بىلەن قارايدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئون مىنۇتچە مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇڭ. ئانچە زېرىكىپمۇ قالمايسىز، مانا، بۇ يەردە سۆيۈملۈك گرافمۇ بار، سىز بىلەن بىللە بولۇشتىن باش تارتمايدۇ).

گۈزەل ئەلېن كەمپىر قېشىغا كەتتى، لېكىن ئاننا پاۋلوۋنا پېيېرنى يەنە ئۆزىنىڭ يېنىدا تۇتۇۋالدى، مۇنداق قارىغاندا ئۇ خۇددى ئەڭ ئاخىرقى زۆرۈر كۆرسەتمىلىرىنى بەرمەكچى بولغاندەك قىلاتتى.

— قاراڭ، نېمە دېگەن گۈزەل-ھە؟ — دېدى پېيېرغا ئاننا پاۋلوۋنا، سىلىق يورغىلاپ كېتىۋاتقان ساھىپجامال ئەلېننى كۆرسىتىپ، ! — Et quelletenue! (ئۆزىنى تۇتۇشنى قاراڭا!) مۇشۇنچىلىك ياشقىنە بىر قىزنىڭ شۇنچىلىك خۇشپېئىللىق بولۇشى ۋە ئۆزىنى تۇتۇشنى شۇنچىلىك بىلىشىگە قاراڭا! بۇ ئۇنىڭدىكى ياسىمىلىق ئەمەس، بەلكى تامامەن قەلبىدىن چىققان. ئۇ كىمنىڭ بولسا،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شۇ بەختلىك بولىدۇ! شۇلا بولسا، ئەڭ ئاقسۆڭەك بولمىغان يىگىتمۇ ئاقسۆڭەكلەر مۇھىتىدا ئاسانلا ئەڭ پارلاق ئورۇنغا ئېرىشىدۇ. راست ئەمەسمۇ؟ مەن پەقەت سىزنىڭ پىكرىڭىزنىلا ئۇقماقچى-مەن، — دېدى-دە، ئاننا پاۋلوۋنا ئاندىن پېيىرنى قويۇۋەتتى.

ئەلېننىڭ ئۆزىنى تۇتۇشنى بىلىشى توغرىسىدا ئاننا پاۋلوۋنانىڭ بەرگەن سۇئاللىرىغا پېيىر چىن كۆڭلىدىن ئىجابىي جاۋاپ بەردى. ئەگەر ئۇ بىر چاغلىرى ئەلېن توغرىسىدا ئويلىغان بولسا، پەقەت ئۇنىڭ ھۆسنى-جامالى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىنى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئۇلپەت-چىلىك مۇھىتىدا پەۋقۇلئاددە ئېغىر-بېسىقلىق ھەم تەمكىنلىك بىلەن مۇناسىپ تۇتۇشنى بىلىشى توغرىسىدىلا ئويلايتتى، خالاس.

كەمپىر بۇ ئىككى ياشقا ئۆز يېنىدىن ئورۇن بەردى، لېكىن ئەلېننى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى يوشۇرماقچى ۋە ئاننا پاۋلوۋنانىڭ ئالدىدا قورقۇپ تۇرغانلىقىنى تېخىمۇ كۆپ كۆرسەتمەك-چى بولغاندەك قىلاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ جىيەنىگە (ئاننا پاۋلوۋناغا) خۇددى بۇ كىشىلەرنى نېمە قىلىش كېرەك دەپ سورىغاندەك قاراپ قويدى. ئاننا پاۋلوۋنا بۇلارنىڭ ئالدىدىن نېرى كېتىۋېتىپ، پېيىرنىڭ يېڭىنى يەنە بارماقلىرى بىلەن نوقۇپ:

— J'esp're, que vous ne direz plus qu'on s'ennuie chez moi (ئۈمىت قىلىمەنكى، سىزنىڭ ئۆيىڭىزدە ئادەم زېرىكىپ قالىدىكەن دەپ يەنە دېمەسسىز)، — دېدى ۋە ئەلېنگە قارىدى.

ئەلېن خۇددى مېنى بىر كۆرگەن ئادەم مەپتۇن بولماي مۇمكىن ئەمەس دېگەندەك قىياپەتتە كۈلۈمسىرەپ قويىدى. كەمپىر يۆتىلىپ تۈكۈرۈكىنى يۇتتى ۋە ئەلېننى كۆرگىنىمگە ناھايىتى خۇشالمەن دېدى فرانسۇزچە؛ ئۇنىڭدىن كېيىن پېيىرغىمۇ شۇنداق قىياپەت

بىلەن قاراپ شۇ خىلدا تازىم قىلدى. ئەلىن كىشىنى زېرىكتۈرىدىغان ۋە بىر بىرىگە باغلانماي چېچىلىپ تۇرىدىغان گەپ-سۆز ئارىسىدا، باشقىلارغا قانداق تەبەسسۇم قىلسا، خۇددى شۇنداق چىرايلىق ۋە ئوچۇق چىراي قىياپەتتە پىيېرغا ئۆرۈلۈپ قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويىدى. پىيېر بۇنداق كۈلۈمسىرەشكە شۇنچىلىك كۆنۈپ قالغان ۋە بۇ كۈلۈمسىرەش ئۇنىڭ ئۈچۈن شۇنچىلىك ئەھمىيەتسىز بولۇپ قالغانكى، ئۇ بۇنداق كۈلۈمسىرەشكە ھېچقانداق دىققەت-ئېتىبار بەرمىدى. كەمپىر بۇ چاغدا پىيېرنىڭ مەرھۇم ئاتىسى گراف بېزئۇخوۋنىڭ يىغقان تاماكا قۇتىلىرى توغرىسىدا گەپكە چۈشتى ۋە قاپقىغىغا ئېرىنىڭ سۈرىتى سىزىلغان تاماكا قۇتىسىنى كۆرسەتتى. كىنەز قىزى ئەلىن بۇ تاماكا قۇتىسىغا سىزىلغان سۈرەتنى كۆرۈشنى سورىدى.

— بۇنى ئېھتىمال، ۋىنىس ئىشلىگەن بولسا كېرەك، — دىدى پىيېر مەشھۇر ئويمىچى رەسسامنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ ۋە تاماكا قۇتىسىنى قولىغا ئالماقچى بولۇپ شىرەگە ئېگىشتى ھەم نېرىقى گۇرۇپپىدا بولۇۋاتقان گەپ-سۆزلەرگە قۇلاق سالدى.

ئۇ ئايلىنىپ ئۆتۈپ تاماكا قۇتىسىنى ئېلىش ئۈچۈن ئورنىدىن سەل قوزغالغان ئىدى، ئەمما كەمپىر تاماكا قۇتىسىنى ئەلىننىڭ ئارقىسىدىن توپ-توغرا ئۇنىڭغا ئۇزاتتى. ئەلىن ئەخلى قىلماسلىق ئۈچۈن ئېگىشتى ۋە پىيېرغا قاراپ ئىلجايدى. ئۇ ھەمىشە كەچكى ئولتۇرۇشلارغا بارغاندا كىيىدىغان ۋە شۇ چاغدا مودا بولۇپ قالغان ئالدى كۆكرىكى ۋە ئارقا مۈرىسى تامامەن ئوچۇق كۆينەك كىيگەن ئىدى. پىيېرغا ھەمىشە مەرمەر ھەيكەلدەك كۆرۈنگەن ئەلىننىڭ بەدىنى كۆزلىرىگە شۇنچىلىك يېقىن تۇراتتىكى، يېقىننى كۆرىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆزلىرى بىلەنمۇ ئەلپىنىڭ يەلكىلىرى ۋە بويىنىنىڭ تېرىلەتپىلىكىنى ئىختىيارسىز پەرق ئېتەتتى، ئۇنىڭغا شۇنچىلىك يېقىن ئىدىكى، سەل-پەل ئېگىشسىلا لەۋلىرى تېگىپ كېتەتتى. پىيېر ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ ئىسسىقلىقىنى ۋە ئەتىرنىڭ پۇرىقىنى سېزىپ تۇراتتى، بەدىنى ھەركەتلەنگەن چاغدا كورسېتنىڭ① غىچىرلاشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. پىيېر ئۇنىڭ كۆينىكى بىلەن بىر پۈتۈن بولۇپ كەتكەن مەرمەردەك بەدىنىنىڭ گۈزەللىكىنى ئەمەس، بەلكى پەقەت كىيىم بىلەن چۈمكەلگەن پۈتۈن بەدىنىنىڭ گۈزەللىكىنى كۆرەتتى ۋە سېزەتتى. بىز بىر قېتىم ھەقىقەتكە يەتكەن ئالدامچىلىقتا ئىككىنچى قېتىم ئىشەنمىگىنىمىز دەك، ئۇنىڭ بۇنچىلىك گۈزەللىكىنى بىر قېتىم كۆرگەن پىيېرنىڭ كۆز ئوڭىدا ئۇنىڭ باشقىچە كۆرۈنۈشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

"شۇنداق قىلىپ، سىلەر مېنىڭ نەقەدەر گۈزەللىكىمنى ھازىرغىچە سەزمىدىڭلارمۇ؟ — دېگەندەك قىلاتتى ئەلپىن، — سىلەر مېنىڭ ئايال ئىكەنلىكىمنى سەزمىدىڭلارمۇ؟ ھە، مەن ئايال، ھەممە كىشىگە، شۇنداقلا سىزگىمۇ تەئەللۇق بولىدىغان ئايال"، — دەيتتى ئۇنىڭ كۆز قاراشلىرى. پىيېر خۇددى شۇ مىنۇتتا ئەلپىن مېنىڭ خوتۇنۇم بولىدۇلا ئەمەس، بەلكى چوقۇم خوتۇنۇم بولۇشى لازىم، باشقىچە بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس دەپ ھىس قىلاتتى.

پىيېر بۇنى شۇ مىنۇتتا، خۇددى ئۇنىڭ بىلەن نىكا مۇراسىمىدا تاج كىيىپ تۇرغاندا بىلگەندەك دۇرۇس بىلەتتى. بۇ قانداق ئەمەلگە

---

(1) كورسېت — بەلنى ئىنچىكە قىلىش ئۈچۈن ئىچىدىن تارتىۋالىدىغان بەلۋاغ. — تەر.

ئاشدۇ؟ قاچان ئەمەلگە ئاشىدۇ؟ — پيېر بۇنى بىلمەيتتى؛ بۇنىڭ ھەتتا ياخشى بولۇش-بولماسلىقىنىمۇ بىلمەيتتى (ئۇنىڭغا ھەتتا بۇ ئىش نىمە ئۈچۈندۇ ياخشى بولمايدىغاندەك سېزىلەتتى)، لېكىن ئۇ بۇ ئىشنىڭ بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

پيېر يەرگە قارىدى، كېيىن ئۇنى ئىلگىرى ھەر كۆنى كۆرۈپ يۈرگەندەك، ئۆزىدىن يىراق ۋە ئۆزىگە يات بىر گۈزەلدەك كۆرمەكچى بولۇپ يەنە كۆز تاشلىدى؛ لېكىن ئۇنداق قىلالمىدى. دەسلەپ تۇماندا سۈپۈرگە ئوتقا قارىسا دەرەخ بولۇپ كۆرۈنگەن، سۈپۈرگە ئوت ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئادەم قارىسا يەنە شۇ سۈپۈرگە ئوت بولۇپ كۆرۈنگەندەك، پيېرنىڭ كۆزىمۇ ئارتۇق ئالدانمىدى. ئەلېن ئۇنىڭغا ناھايىتى يېقىنلىشىپ قالغان ئىدى. ئۇ پيېرنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالدى. ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا پيېرنىڭ شەخسى خاھىشىدىن باشقا ھېچقانداق توسالغۇ يوق ئىدى.

ئاننا پاۋلوۋنانىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— Bon, je vous laisse dans votre petit coin. Je vois. que vous etès très bien. (بولىدۇ، شۇ يەردە ئولتۇرۇۋېرىڭ. مۇشۇ يەر سىلەرگە ياخشىدەك كۆرۈنىدۇ.)

شۇنىڭ بىلەن پيېر بىرەر نالايىق ئىش قىلىپ قويدۇمىمۇ-نىمە دەپ قورقۇپ، قىزىرىپ ئەتراپىغا قارىدى. ئۇنىڭ ئويىچە، نىمە ئىش قىلىپ قويغانلىقىنى باشقىلار خۇددى شۇنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش بىلىدىغاندەك تۇيۇلاتتى.

بىر قانچە مىنۇت ئۆتۈپ چوڭ كىشىلەر گۇرۇپپىسىغا كەلگەندە ئاننا پاۋلوۋنا ئۇنىڭغا:

— on dit que vous embellissez votre maison de

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

pétersbourg (پېتربۇرگدىكى ھويلىگىزنى ئۆگىلىتىۋاتىدۇ دەپ ئاڭلايمەنغۇ؟) ــ دىدى.

(بۇ گەپ راست ئىدى: ئارختېكتور ئۇنىڭغا شۇنداق قىلىش كېرەك دىگەن ئىدى، شۇنىڭ بىلەن پيېر ئۆزىمۇ نىمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىدىغانلىغىنى ئۇقماي، پېتربۇرگدىكى چوڭ ھويلىسىنى ئۆگىلاتقان ئىدى.)

— C'est bien, mais ne d'éménagez pds de chez le prince Basile. Ilest bon d'avoir un ami comme le prine, (ياخشى قىپسىز، لېكىن كىنەز ۋاسىلىنىڭكىدىن كەتمەڭ. ئادەمگە شۇنداق بىر دوست كېرەك) ــ دىدى ئانىنا پاۋلوۋنا كىنەز ۋاسىلىغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، — .J'en sais quelque chose (بۇنىڭدىن مېنىڭ ئانچە-مۇنچە خەۋىرىم بار. Nest — ce pas? شۇنداق ئەمەسمۇ؟) سىز تېخى ياش، سىزگە بىرەر مەسلىھەت-چىمۇ كېرەك. ئۇ كەمپىرلىك ھوقۇقىدىن پايدىلىنىۋاتىدۇ دەپ خاپا بولىماڭ يەنە، ــ ئۇ خۇددى ئۆزىنىڭ ياش-قورامى توغرىسىدا گەپ قىلغاندىن كېيىن، ھەمىشە باشقىلارنىڭ نىمە دىيىشىنى كۈتۈپ تۇرغان ئايالىلاردەك بىر پەس جىم بولۇپ قالدى، ــ ئەگەر سىز ئۆيلىنىدىكەنسىز، ئۇ باشقا گەپ ئىدى، ــ دەپ ئىككىسىگە بىر-بىردىن قاراپ چىقتى. پيېر ئەلېنىگە، ئەلېن پيېرغا قارىمايتتى. لېكىن ئەلېن پيېرغا ناھايىتى يېقىن تۇراتتى. پيېر بىر نەرسە دىدى-يۇ، ئۆزىمۇ قىزىرىپ كەتتى.

پيېر ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ماڭا نىمە بولدى دەپ ئويلاپ، ئۇزۇنغىچە ئۇخلىيالمىدى. ئۇنىڭغا نىمە بولغان ئىدى؟

ھېچنىمە. ئۇ پەقەت بالىلىق چاغلىرىدىن تارتىپ ئېتىۋارسىزلىق

بىلەن "ھە، ياخشى قىز"دەپ يۈرگەن ئەلىنىنى باشقىلار گۈزەل قىز دېگەندىن كېيىن، بۇ قىز ئۆز مەھبۇبىسى بولىدىغانلىقىنى چۈشەنگەن ئىدى، خالاس.

"لېكىن ئەقىللىق قىز ئەمەس، ئۆزەم بىلمەن، ئەقىللىق ئەمەس، — دىدى پېيىر ئۆزىچە، — ئۇ قىز مەندە پەيدا قىلغان تۇيغۇنىڭ قانداقتۇ بىر قەبىھلىك، قانداقتۇ بىر مەكرو تەرەپلىرى بار، ئاكىسى ئاناتول ئۇنىڭغا كۆيۈپ قالغان، ئۇ بولسا ئاكىسىغا كۆيۈپ قالغان، بۇ يەردە پۈتۈن بىر تارىخ بار، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاناتولنى بۇ يەردىن باشقا يەرگە كەتكۈزۈۋېتىشكەن ئىمىش. ئۇنىڭ ئاكىسى بولسا ئىپپولىت... ئاتىسى بولسا كىنەز ۋاسىلى... بۇ ياخشى ئەمەس"، — دەپ ئويلايتتى پېيىر؛ ئۇ شۇنداق دەپ ئويلاۋېتىپ (بۇ مۇلاھىزىلىرىنى ئاخىرىغا يەتكۈزەلمەي)، ئۆزىنىڭ كۈلۈپ تۇرغانلىقىنى ۋە دەسلەپكى پىكرى بىر تەرەپتە قېلىپ باشقا بىرمۇنچە پىكىر-خىياللارنىڭ بېشىغا كەلگەنلىكىنى بايقىدى: ئۇ ئەلىننىڭ ھېچنېمىگە ئەرزىمەسلىكى توغرىسىدا ئويلايتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭ قانداقسىگە ئۆزىنىڭ خوتۇنى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا، ئەلىننىڭ بەلكى ياخشى كۆرۈپ قېلىشى، بەلكى ئۆزگىرىپ كېتىشى توغرىسىدا، ئۇنىڭ توغرىسىدا ئاڭلىغان ۋە ئويلىغان نەرسىلىرىنىڭ بەلكى ناتوغرا چىقىپ قېلىشى توغرىسىدا خىيال سۈرەتتى. ئۇ يەنە كىنەز ۋاسىلىنىڭ قانداقتۇ بىر قىزىنى ئەمەس، بەلكى بەدىنىنى كۈلرەڭ كۆينىكى بىلەن يېپىۋالغان گۈزەل ئەلىنىنى كۆرەتتى. "ياقەي، نېمىشقا بۇنداق پىكىر ئىلگىرى بېشىمغا كەلمىگەندۇ؟" ئۇ يەنە ئۆزىگە ئۆزى، بۇ ئەسلا مۇمكىن بولمىغان گەپ دەيتتى، بۇ نىكا ئۇنىڭغا نىمە ئۈچۈندۇ قەبىھ ۋە غەيرى تەبىئى كۆرۈنەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇ ئەلېننىڭ بۇرۇنقى گەپلىرىنى، قاراشلىرىنى ۋە ئىككىسىنى بىللە كۆرگەن كىشىلەرنىڭ گەپلىرى ۋە قاراشلىرىنى ئەسلەيتتى. ئۇ ئاننا پاۋلوۋنانىڭ ھويلا توغرىسىدا دىگەن گەپلىرىنى ۋە كۆز قاراشلىرىنى، كىنەز ۋاسىلى ۋە باشقىلار تەرىپىدىن قىلىنغان شۇ خىلدىكى بىر مۇنچە ئىما-ئىشارەتلەرنى ئەسلىدى-دە، بۇ نامۇۋاپىق كۆرۈنگەن ۋە قىلماسلىقى كېرەك بولغان نەرسىنى زىممىسىگە يۈكلەيدىغان بىرەر ئىش قىلىپ قويىمىغاندىمەن دەپ، ئەندىشىگە چۈشۈپ قالدى. ئۇ بىر تەرەپتىن شۇنداق قارارغا كەلگەن بولسا، ئىككىنچى تەرەپتىن گۈزەل ئەلېن ئۆزىنىڭ ئاياللارغا خاس لەتاپىتى بىلەن ئۇنىڭ قەلبىدە ئۈزۈپ يۈرەتتى.

## 2

بىرمىڭ سەككىز يۈز بەشىنچى يىلنىڭ نويابىر ئېيىدا كىنەز ۋاسىلى تەپتىشلىك ئىشى بىلەن تۆت ئۆلكىگە بېرىشى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ۋەزىپىنى ئۆزىگە توغرىلاشتىن مەقسىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇزۇلۇپ كاردىن چىققان مۈلۈكلىرىنى بېرىپ كۆرۈپ بېقىش، ئوغلى ئاناتول تۇرغان پولكقا بېرىپ ئۇنى ئۆزىگە ئەگەش-تۈرۈپ، شۇنىڭ بىلەن بىللە كىنەز نىكولاي ئاندرېيېۋىچ بولكونسكىغا يولۇقۇپ، ئوغلىنى بۇ دۆلەتمەن قېرىنىڭ قىزىغا ئۆيلەندۈرۈش ئىدى. بىراق يولغا چىقىش ۋە بۇ يېڭى ئىشلارنى باشلاش ئالدىدا، كىنەز ۋاسىلى پيېر بىلەن بولىدىغان ئىشىنى بىر ياقلىق قىلىشى كېرەك ئىدى، پيېر يېقىنقى كۈنلەردىن بېرى ھەقىقەتتە كۈن بويى ئۆيدە، يەنى ئۆزى تۇرۇۋاتقان كىنەز ۋاسىلىنىڭ ئۆيىدە ۋاقىتىنى ئۆتكۈ-

زەتتى، ئەلېنىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى كۆلكىلىك، ھاياجانلانغان ۋە ئەخمەقلىق قىلغان ھالەتتە تۇتۇپ يۈرگەن بولسىمۇ (كۆيۈپ قالغان كىشلەر شۇنداق بولىدۇ)، ئەمما ئۆيلىنىش توغرىسىدا يەنىلا تەكلىپ قويمىغان ئىدى.

— Tout ça est bel et bon, mais il faut que ça finisse (بۇلارنىڭ ھەممىسى ياخشى-يۇ، لېكىن ھەممە نەرسىنىڭ بىر چېكى بولىدۇ)، — دىدى كىنەز ۋاسىلى بىر قېتىم ئەتىگەندە خاپا بولغان ھالدا ئۇھ تارتىپ ئۆزىگە ئۆزى، ئۇ بۇ چاغدا ئۆزىگە شۇنچە مىننەتدار بولغان پىيېرنىڭ (مەيلى، خۇدا يار بولغاي!) بۇ ئىشتا ئانچە ياخشى قىلمايۋاتقانلىقىنى ھىس قىلاتتى. "ياشلىق...... يەڭگىل ئويلۇق......مەيلى، خۇدايار بولسۇن" — دەپ ئويلايتتى كىنەز ۋاسىلى قىلغان ياخشىلىقىنى مەمنۇنىيەت بىلەن ھىس قىلىپ، — mais il fant que ça finisse (بۇنىڭغا خاتىمە بېرىش كېرەك، خاتىمە بېرىش كېرەك). ئۆگۈنلۈككە لېۆلە①نىڭ تۇغۇلغان كۈن بايرىمى بولىدۇ، ئىككى-ئۈچ كىشىنى چاقىرىمەن، ئەگەر ئۇ نىمە قىلىش كېرەكلىكىنى ئۆزى ئۇقمىسا، ئۇ ۋاقىتتا بۇ مېنىڭ ئىشىم. شۇنداق، مېنىڭ ئىشىم. مەن ئاتىسى-دەم!

پىيېر ئاننا پاۋلوۋنانىڭ مېھماندارچىلىقىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن كېچىسى ئۇخلىماستىن ھاياجان ئىچىدە ئويلىنىپ، "ئەلېنغا ئۆيلىنىشىم بەختسىزلىك بولىدىكەن، ئۇنىڭدىن ئۆزەمنى چەتكە تارتىشىم ۋە بۇ يەردىن كېتىشىم كېرەك" — دىگەن قارارغا كەلگىنىگە بىر يېرىم ئاي ئۆتكەن بولسىمۇ، بۇ قاراردىن كېيىن كىنەز ۋاسىلىنىڭ ئۆيىدىن كەتمىدى ۋە كىشلەرنىڭ قارىشىچە

① ئەلېنىنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى. — تەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەلپىن بىلەن بولغان باغلىنىشىنىڭ كۈندىن-كۈنگە بارغانسېرى قويۇقلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ توغرىسىدا بۇرۇنقى پىكرىگە قايتالمايۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭدىن ئاجرىلىپ كېتەلمەيۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭ ئاقىۋىتى يامان بولىدىغانلىقىنى ، بىراق شۇنداق بولسىمۇ ئۆز تەقدىرىنى ئۇنىڭ تەقدىرى بىلەن باغلاش زۆرۈرلۈكىنى پەملەپ ئەندىشە بىلەن ھىس قىلاتتى. ئۇ، ئېھتىمال بۇنىڭدىن ئۆزىنى ساقلاپ قېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى، لېكىن كىنەز ۋاسىلىنىڭ ئۆيىدە ھەر كۈنى دېگۈدەك كەچكى ئولتۇرۇشلار بولۇپ تۇراتتى (ئىلگىرى مۇنداق مېھماندارچىلىق كەمدىن-كەم بولاتتى)، شۇڭا كىشىلەر-نىڭ كەيپىنى بۇزماسلىق ۋە ھەممىنىڭ ئۈمىدىنى يوققا چىقارماسلىق ئۈچۈن، ئەلۋەتتە قاتنىشىشى كېرەك ئىدى. كىنەز ۋاسىلى ئارىلاپ ئۆيدە بولغان چاغلىرىدا، پيېرنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ساقىلى قىرقىلغان قورۇق يۈزىنى سۆيۈپ قويۇش ئۈچۈن، پەرىشان بولغان ھالدا ئۇنىڭغا تۇتاتتى ۋە "ئەتىگىچە-خەيىر"ياكى "كەچكى غىزا ۋاقتىدا كۆرۈشەرمىز، بولمىسا مەن سېنى كۆرەلمەي قالىمەن" ياكى "مەن سېنى دەپ قېلىۋاتىمەن" ۋەھاكازا دەپ قوياتتى. لېكىن، كىنەز ۋاسىلى ئۆزى ئېيتقاندەك پيېرنى دەپ ئۆيىدە قېپقالغان چاغلىرىدا ئۇنىڭ بىلەن بىر-ئىككى ئېغىز ئۇبدان سۆزلەش-مىگەنلىكىگە قارىماي، پيېرمۇ ئۇنىڭ كۈتكەن ئۈمىتلىرىنى ئالداشقا ئۆزىنى قادىر دەپ ھىس قىلمايتتى. ئۇ ھەركۈنى ئۆزىگە ئۆزى پەقەت شۇ بىرگىنە سۆزنى ئېيتاتتى: "ئاخىر، ئۇنىڭ قانداق قىز ئىكەنلىكىنى ئۇققۇشۇم ۋە بۇ توغرىدا ئۆزەم ئويلىنىپ كۆرۈشۈم كېرەكمۇ-يوق؟ مەن بۇرۇن خاتا قىلدىممۇ ياكى ھازىر خاتا قىلىۋا-تىمەنمۇ؟ ياق ئۇ ئەقىلسىز قىز ئەمەس؛ ياق ، ئۇ ناھايىتى ياخشى

قىز!“ — يەنە بەزىدە ئۆزىگە ئۆزى: ”ئۇ ھېچقاچان ھېچنېمە توغرىسىدا خاتا قىلمايدۇ، ھېچقاچان ۋە ھېچقانداق بىمەنە گەپلەرنى قىلمىغان. ئۇ كەم گەپ قىلىدۇ، لېكىن دېگەن گەپلىرى ھەمىشە ئاددى ۋە روشەن. دېمەك، ئۇ ئەقىللىق قىز ئەمەس ئوخشايدۇ. ئۇ ھېچقاچان خىجالەتكە قالمىغان ۋە بۇندىن كېيىنمۇ خىجالەتكە قالمايدۇ. دېمەك، ئۇ يامان ئەمەس قىز!“ — دەيتتى. ئۇ كۆپىنچە ئەلىن بىلەن بىرەر نەرسە توغرىسىدا مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشكە باشلىغىنىدا، ئۆزىچە سۆزلەپ قويىدىغان ئەھۋاللار بولاتتى، مۇنداق چاغلاردا ئەلىن ھەمىشە ئۇنىڭغا قىسقىغىنا، ئەمما بۇنىڭ ماڭا ھېچقانداق كارايىتى يوق دېگەندەك مۇۋاپىق پىكىر بىلەن جاۋاپ بېرىپ قوياتتى، ياكى، جىمجىت تەبەسسۇم ۋە قاراشلىرى بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ قوياتتىكى، بۇنداق تەبەسسۇم ۋە قاراشلىرى پىيېرغا ئۆزىنىڭ ئۈستۈنلىكىنى ھەممىدىن كۆپرەك سېزىلەرلىك دەرىجىدە كۆرسىتەتتى. بۇ تەبەسسۇم بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭ ھەممە گەپ-سۆزلىرىنى ئەلىن قۇرۇق گەپ دەپ ھېساپلاشقا ھەقلىق ئىدى.

ئەلىن ئۇنىڭغا ھەمىشە شات-خۇراملىق، ئاق كۆڭۈللۈك ۋە پەقەت پىيېرغىلا قىلىدىغان تەبەسسۇم بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى، بۇ تەبەسسۇمدا بولسا ئەلىننىڭ ھۆسنىگە ھەمىشە گۈزەللىك قوشۇپ تۇرىدىغان ئومۇمى تەبەسسۇمدىكىدىنمۇ ئەھمىيەتلىكرەك قانداقتۇ بىر نەرسە بولاتتى. پىيېر ھەممە كىشى ئۇنىڭ ئاخىر بىر سۆز ئېيتىشىنى ۋە ئۇنىڭ مەلۇم چېگرىدىن ئۆتۈشىنى كۈتۈشۈپ تۇرغانلىقىنى، شۇنىڭ-دەك ئۆزىنىڭمۇ بالدۇر ياكى كېيىن بۇ چېگرىدىن ئۆتۈپ كېتىدىغان-لىقىنى بىلەتتى؛ لېكىن بۇ خەۋپلىك قەدەم توغرىسىدىكى پىكىرنى ئويلىغىنىدا، ئۇنى قانداقتۇ چۈشىنىپ بولمايدىغان خەۋپ قورشى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋالاتتى. ئۆزىنى ۋەھىمىگە سېلىپ كېلىۋاتقان بۇ ھاڭغا بارغانسېرى يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى سېزىشكە باشلىغان بۇ بىر يېرىم ئاي ۋاقىت داۋامىدا پېيىر مىلك قېتىم ئۆزىگە ئۆزى: "بۇ قانداق گەپ؟ جاسارەت كېرەك! مېنىڭدە جاسارەت يوقمۇ-يە؟" — دەيتتى.

ئۇ بۇ ئىشقا بەل باغلىماقچى بولاتتى-يۇ، ئەمما ئۆزىدە بارلىقىغا ئىشەنگەن ۋە ئەمەلىيەتتە بار بولغان جاسارەتنىڭ بۇ ئىشقا كەلگەندە يوققا چىققانلىقىنى سېزىپ ناھايىتى ۋەھىمە قىلاتتى. شۇنداق كىشىلەر بولىدۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىنى تولۇق پاك ۋە گۇناسىز دەپ ھېس قىلغان چاغدىلا، كۈچلۈك دەپ ئويلايدۇ، پېيىر مانا شۇنداق كىشىلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئانىنا پاۋلوۋنانىڭكىدە تاماكا قۇتىسىغا قارىغان چاغدا پەيدا بولغان ئۈمىت تۇيغۇسى ئۇنى ئۆز ئاگاھكىگە ئالغان كۈندىن تارتىپ، ئەيىپسىز بۇ ئىنتىلىشنىڭ ئاڭسىز تۇيغۇسى ئۇنىڭ جاسارىتىنى پالەچ قىلغان ئىدى.

ئەلېننىڭ ئات قويۇلغان بايرام كۈنى كىنەز ۋاسىلىنىڭ ئۆيىدە، كىنەز ئايىم ئېيتقاندەك، تامامەن ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن ئۇرۇق-تۇققانلىرى ۋە دوست-يارەنلىرى ئۈچۈن كىچىككىنە بىر كەچكى زىياپەت ئۆتكۈزۈلگەن ئىدى. بۇ ئۇرۇق-تۇققانلىرى ۋە دوست-يارەنلىرىگە بۇ كۈنى شۇ قىزنىڭ تەقدىرى ھەل قىلىنىشى لازىملىقى بىلدۈرۈلگەن ئىدى. مېھمانلار تاماققا ئولتۇرۇشتى. سېمىز، بىر چاغلىرى چىرايلىق ھەم سۈرلەتلىك بولغان كىنەز ئايىم كۇراگىنا ساھىپخان ئورنىدا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئەڭ ھۆرمەتلىك مېھمانلاردىن قېرى گېنېرال بىلەن ئۇنىڭ خوتۇنى ئانىنا پاۋلوۋنا شېرېر ئولتۇراتتى؛ شىرەنىڭ بىر ئۇچىدا بولارغا قارىغاندا ياشراق ۋە مۇنداغراق مېھمانلار ئولتۇراتتى، ئۆي ئەھلىلىرىمۇ شۇ يەردە ئولتۇراتتى؛ پېيىر

بىلەن ئەلىپنىمۇ شۇلار ئارىسىدا يانمۇ-يان ئولتۇراتتى. كىنەز ۋاسىلى تاماق يىمەيتتى: كەيپى خۇش ھالەتتە شىرە ئەتراپىدا يۆگۈرۈپ يۈرۈپ، بىردەم بۇ، بىردەم ئۇ مېھماننىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ قوياتتى. ئۇ، شۇ يەردە ئولتۇرغان پىير بىلەن ئەلىپنىنى كۆرمىگەندەك، شۇلاردىن باشقا ھەربىر كىشىگە قىزىق ۋە يېقىملىق سۆزلەرنى قىلاتتى. كىنەز ۋاسىلى ھەممەيلەننىڭ سۆھبىتىنى قىزىتىۋەتتى. موم شاملار يوپ-يورۇق يېنىپ تۇراتتى، كۆمۈش ۋە خرۇستال چىنە-قاچىلار، ئاياللارنىڭ زىبۇ-زىننەت بۇيۇملىرى ئېپولېتلىرىنىڭ ئالتۇن ۋە كۆمۈش قىسىملىرى شام يورۇقىدا جىلۋە قىلاتتى؛ قىزىل چەكمەن كىيىۋالغان خىزمەتكارلار شىرە ئەتراپىدا ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا يۆگۈرۈشۈپ يۈرەتتى؛ پىچاقلار، ئىستاكانلار، تەخسىلەرنىڭ جىرىڭلاشلىرى ۋە شىرە ئەتراپىدا سۆھبەتلىشىۋاتقان بىرقانچە كىشىنىڭ قىزغىن پاراڭلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. شىرەنىڭ بىر تەرىپىدە قېرى خىزمەتكار كەمپىر بارونىسسا①غا ئۆزىنىڭ يالقۇنلۇق مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىۋاتقانلىقى ۋە بارونىسسانىڭ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قاقاخلاپ كۈلۈپ كېتىشلىرى، يەنە بىر تەرىپىدە كىمدۇ، بىرسىنىڭ قانداقتۇ مارىيە ۋىكتوروۋنا دىگەن بىر ئايالنىڭ بەختسىزلىكى توغرىسىدا قىلىۋاتقان گەپ-سۆزلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. شىرەنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرۇۋالغان كىنەز ۋاسىلى بولسا قىزىق گەپ-سۆزلىرى بىلەن بىرقانچە كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلىپ قىلغان ئىدى. ئۇ، دۆلەت كېڭىشىنىڭ چارشەنبە كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن ئاخىرقى بىر

---

① بارون — غەربىي ياۋروپادا ئاقسۆڭەكلىك ئۇنۋان؛ بارونىسسا — بارون خوتۇن. — تەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

يىغىنىدا بولغان ئەھۋاللارنى ئايالـلارغا چاخچاق ئارىلاش كۈلۈمسىرەش قىياپىتى بىلەن سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى، بۇ كېكەشتە پېتربۇرگنىڭ يېڭى ھەربى گېنېرال-ۋالىسى سېرگېي كۇزمىچ ۋيەزمىتىنوۋ پادىشا ئالېكساندىر پاۋلوۋىچنىڭ ئارمىيىدىن ئەۋەتكەن شۇ چاغدىكى مەشھۇر مۇبارەكنامىسىنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئوقۇپ بەرگەن ئىكەن، بۇ مۇبارەكنامىدا سېرگېي كۇزمىچقا پادىشا ھەر تەرەپتىن خەلقنىڭ سادىقلىقى توغرىسىدا مەكتۇپلەرنى ئېلىۋاتقانلىقىنى، پېتربۇرگدىن ئالغان شۇ مەزمۇندىكى خەتلەردىن بولۇپمۇ خۇرسەن ئىكەنلىكىنى، شۇنداق مىللەتكە باش بولۇش شەرىپى بىلەن ئۆزىنىڭ پەخىرلىنىدىغانلىقىنى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىپ ھەركەت قىلىش ئۈچۈن تىرىشىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىكەن. بۇ مۇبارەكنامە مۇنداق سۆزلەر بىلەن باشلىنىدىكەن: "سېرگېي كۇزمىچ! ھەممە تەرەپتىن مېنىڭ قۇلىقىمغا يېتىپ كەلمەكتە"ۋە ھاكازا.

— ھە، شۇنداق قىلىپ "سېرگېي كۇزمىچ"تىن نېرى ئۆتەلمەپتۇ-دە؟ — دەپ سورىدى ئاياللاردىن بىرى.

— ھە، ھە، قىلچىمۇ، — دەپ جاۋاپ بەردى كۈلۈپ تۇرۇپ كىنەز ۋاسىلى، — "سېرگېي كۇزمىچ...... ھەممە تەرەپتىن، ھەممە تەرەپتىن، سېرگېي كۇزمىچ......"بىچارە ۋيەزمىتىنوۋ زادىلا نېرى ئۆتەلمەي قالدى. باشقىدىن ئوقۇماقچى بولۇپ بىرقانچە قېتىم باشلاپ باقتى-يۇ، ئەمما "سېرگېي"دېيىشى بىلەن تەڭلا پىخىلداپ يىغلاشقا باشلىدى...... "كۇزمىچ"دېيىشى بىلەن تەڭلا كۆزىدىن ياش ئاقاتتى...... "ھەممە تەرەپتىن"دېگەندە، يىغلاپ ئاۋازى چىقماي قالدى، شۇنىڭ بىلەن يەنە ئوقىيالماي قالدى. يەنە بىر قېتىم قولياغلىقىنى چىقاردى، يەنە بىر قېتىم: "سېرگېي كۇزمىچ، ھەممە

تەرەپتىن“......يەنە كۆزلىرىدىن ياشلار قۇيۇلدى...... شۇنداق قىلىپ، ئاخىر، باشقا كىشىنى ئوقۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىشتى.

— كۇزمىچ، ......ھەممە تەرەپتىن......كۆز ياشلىرى، — دەپ تەكرارلىدى كىمدۇ، بىرسى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئۇنداق كۈلمەڭلەر، — دىدى شىرەنىڭ نېرىقى تەرىپىدە ئولتۇرغان ئاننا پاۋلوۋنا بارمىغى بىلەن تەھدىت قىلىپ، — C'est un si brave et excellent homme notre bon viasmitinoff··· (ئۇ شۇنداق ئوبدان ئادەم، بىزنىڭ كۆڭلى يۇمشاق ۋيەزمىتىنوۋ.......)

ھەممەيلەن قاتتىق كۈلۈشۈپ كەتتى. شىرەنىڭ قەدىرلىك مېھمانلار ئولتۇرغان تۆرىدە، ھەممەكىشى خوشال ۋە ناھايىتى خىلمۇ-خىل قىزىقارلىق ۋەقەلەرنىڭ تەسىرىگە بېرىلىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى؛ پەقەت پيېر بىلەن ئەلېن ئىككىسى گەپ قىلماستىن شىرەنىڭ پەگاسىدا بىر بىرىگە ياندىشىپ ئولتۇرۇشاتتى؛ ئىككىلىسىنىڭ چىرايىدا سېرگېي كۇزمىچقا ھېچقانداق باغلىنىشلىق بولمىغان ئوچۇق چىراي تەبەسسۇم — ئۆز تۇيغۇلىرى ئالدىدا خىجالەت بولىدىغان تەبەسسۇم يوشۇرۇنۇپ تۇراتتى. مېھمانلارنىڭ ھەرقانچە قىزىق پاراڭ سېلىشلىرى، كۈلۈشلىرى ۋە چاخچاق قىلىشلىرىغا قارىماي، ئۇلارنىڭ ھەرقانچە زور ئىشتىھا بىلەن رېينوېين ۋىنوسىنى ئىچىشلىرى، سوتېي ۋە موروژنا يېيىشلىرىگە قارىماي، بۇ بىر جۈپ ياشتىن ئۆزلىرىنىڭ دىققەت-نەزىرىنى ئېلىپ قېچىش ئۈچۈن ھەركەت قىلىشىغا، بۇلارغا قانچىلىك بىپەرۋالىق بىلەن ئەھمىيەت بەرمەيۋاتقاندەك كۆرۈنۈشىگە قارىماي، نىمە ئۈچۈندۇ ئاندا-ساندا بىر كۆز تاشلاپ قويۇشلىرىدىن، سېرگېي كۇزمىچ توغرىسىدىكى لەتىپىلەر، كۈلكىلەر ۋە تاماققا بولغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىشتىهالار — مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ياسىما ئىكەنلىكى، ئەمما ھەممە مېھمانلار دىققىتىنىڭ پۈتۈن كۈچى پەقەت مۇشۇ بىر جۈپ ياشقا — پىيىر بىلەن ئەلېنگە قارىتىلغانلىقى سېزىلىپ تۇراتتى. كىنەز ۋاسىلى سېرگېيى كۆزىمچىنىڭ يىغلاشلىرىنى دورىدى ـ دە، شۇ پەيت قىزىغا بىر قېتىم قاراپ چىقتى ۋە ئۇ كۈلگەن چاغدا ئۇنىڭ يۈزى: "ھە، ھە، ھەممە ئىش جايىدا؛ بۈگۈن ھەممە ئىش ھەل بولىدۇ" دېگەندەك قىلاتتى. ئاننا پاۋلوۋنا ئۇنىڭغا بارمىقى بىلەن تەھدىت قىلىپ، "بىزنىڭ ۋيەزمىتىنوۋ كۆكىلى يۇمشاق ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن" — دېدى ۋە ئۇنىڭ شۇ پەيتتە پىيىرغا مۇنداق بىرلا قاراپ قويغان كۆزلىرىدىن، كىنەز ۋاسىلى بولغۇسى كۈيوغۇل ۋە قىزىنىڭ بەخت بىلەن تەبرىكلەيمەن دېگەن مەنىسىنى ئۇقتى. قېرى كىنەز ئايىم ئۆزىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان مېھمانغا غەمكىن ئۇھ تارتىپ قويۇپ ۋىنونى تەكلىپ قىلدى ۋە قىزىغا ھومىيىپ قاراپ قويدى، ئۇنىڭ مۇنداق ئۇھ تارتىشى گويا: "ھازىر سىز بىلەن بىزگە شىرىن ۋىنو ئىچىشتىن باشقا ئىش قالماپتۇ، سۆيۈملۈكۈم؛ ھازىرقى دەۋر مۇشۇنداق بىھاياللىق بىلەن بەختىنى سىنىشىپ ئولتۇرغان ياشلارنىڭكى" دېمەكچى بولغاندەك ئىدى. "مېنىڭ دەۋاتقان گەپلىرىمنىڭ ھەممىسى نىمە دېگەن ئەخمەقلىق، خۇددى بۇ گەپلەر مېنى قىزىقتۇرۇۋاتقاندەك" — دەپ ئويلايتتى دىپلومات ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ بەختلىك چىرايلىرىغا قاراپ، — "مانا، بەخت دېگەن شۇ ـ دە!"

بۇ ئادەملەرنى بىر بىرىگە باغلاپ تۇرغان ھېچنىمىگە ئەرزىمەس ئۇششاق ـ چۈششەك سۈنئىي مەنپەئەتلەر ئارىسىغا، ياش ۋە ساغلام يىگىت بىلەن قىزنى بىر بىرىگە باغلاپ تۇرغان ئاددى ئىنتىلىش تۇيغۇلىرى ئارىلىشىپ قالغان ئىدى. بۇ ئىنسانىي تۇيغۇ ھەممىدىن

ئېشىپ كېتىپ، ئۇلارنىڭ ئەنە شۇنداق سۇنئىي غۇدۇر-چۇۋۇر گەپ-سۆزلىرى ئۈستىدە پەرۋاز قىلاتتى. ئۇلارنىڭ چاخچاقلىرى كۆڭۈلسىز ئىدى، يېڭىلىقلىرى قىزىقارلىق ئەمەس ئىدى، خورسەنچىلىكلىرى ساختىدا كۆرۈنەتتى. پەقەت شۇ مېھمانلارغىنا ئەمەس، بەلكى شىرە ئەتراپىدا ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا يۈگۈرۈشۈپ يۈرگەن خىزمەتكارلارمۇ خۇددى شۇنى ھېس قىلغاندەك ۋە چىرايى ئېچىلىپ-يېيىلىپ ئولتۇرغان گۈزەل ئەلېنىگە ھەم پىيېرنىڭ قىزىرىدىپ كەتكەن سىپمىز، بەختلىك ۋە پەرىشان يۈزىگە قاراپ قىلىپ، نىمە ئىش قىلىشىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك ئىدى. كۆيۈۋاتقان شاملارنىڭ ئوتلىرىمۇ پەقەت مۇشۇ بىر جۈپ بەختلىك قىز ۋە يىگىتنىڭ يۈزىگە مەركەزلەشكەندەك كۆرۈنەتتى.

پىيېر ئۆزىنى ھەممىنىڭ مەركىزى بولۇپ قالدىم دەپ ھېس قىلاتتى ۋە بۇ ئەھۋال ئۇنى ھەم خوشال قىلاتتى ھەم خىجىل قىلاتتى. ئۇ قانداقتۇ بىرەر مەشغۇلاتقا نىرەن چۆككەن ئادەم ھالىتىدە ئىدى. ئۇ ھېچنىمىنى روشەن كۆرمەيتتى، ھېچنىمىنى ئېنىق چۈشەنمەيتتى ۋە ھېچنىمىنى توغرىراق ئاڭلىمايتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە پەقەت ئاندا-ساندا ۋە ئۇشتۇمتۇت ئايرىم پىكىرلەر، رىيال دۇنيانىڭ بەزى تەسىراتلىرى خىرە-شىرە پەيدا بولۇپ قالاتتى.

"شۇنداق قىلىپ، ھەممە ئىش تامام!— دەپ ئويلايتتى ئۇ ئۆز كۆڭلىدە، — قانداقسىگە مۇشۇنداق بولۇپ قالدى؟ شۇنداق تېز-ھە! ئەمدى بىلدىمكى، پەقەت ئۇنىڭ ئۈچۈنلا ئەمەس، پەقەت ئۆزەم ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ھەممەيلەن ئۈچۈن بۇ ئىش مۇقەررەر شۇنداق بولۇشى زۆرۈر ئىكەن. ھەممەيلەن شۇنى كۈتىدۇ، شۇ ئىشنىڭ بولۇشىغا، مېنىڭ ئۇلارنى ئالداپ قويۇشۇم مۇمكىن ئەمەسلىكىگە، ئالدان-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ماسلىغىمغا ھەممەيلەن شۇنداق ئىشىنىدۇ. لېكىن بۇ قانـداق بولىدۇ؟ بىلـمەيـمەن: ئەمـما، بولـىدۇ، چوقۇم شۇنـداق بولـىدۇ!" — دەپ ئويلايتتى پىېر كۆز ئالدىدا جىلۋە قىلىپ تۇرغان ئەلېنىنىڭ يەلكە-لىرىگە قاراپ.

گايىدا ئۇ بىردىنلا نىمە ئۈچۈنـدۇ خىجالەت بولۇپ قالاتـتى. ئۇ بىرگىنە ئۆزى ھەممە كىشىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىۋاتقانلىقىدىن، باشقىلارنىڭ دىققەت-نەزىرىدە بەختلىك بولۇپ قالغانلىقىدىن، ئۆزى خۇنۈك بولسىمۇ، ئەمما شۇنداق ساھىپجامال قىز ئېلىنانى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋاتقان قانـداقتۇ پارىستەك① ئوڭايسىزلـىناتتى — لېكىن، شۈبھە-سىزكى، بۇ ھەمـىشە شۇنىداق بولۇپ كەلـدى ۋە شۇنـداق بولۇشى كېرەك، — دەپ ئۆزىـگە ئۆزى تەسەلـلى بېرەتتى پىېر، — بىراق بۇ ئىشنىڭ شۇنـداق بولۇشى ئۈچۈن مەن نىمە قىلدىم؟ بۇ ئىش قاچان-

---

① پارىس — گرېك ئەپسانـلىرىـدا پادىشا تروي پرىياما ۋە گېـكۇبانىڭ ئوغلى. پارىس تۇغۇلغاندىن كېيىن ئاتا-ئانىلىرى ئۇنى تاشلىۋەتكەن، چۈنكى ئەپسانىدا بايان قىلىنىشىچە، تروي پرىيامانىڭ ھالاك بولۇشىدا ئۇلارنىڭ ئاشۇ ئوغلى پارىس سەۋەپ بولـىدىغانلىقـتىن، ئاتا-ئانىلىرى ئالدىن خەۋەر تاپقان-مىش. پارىسنى كېيىن پادىچىلار تەربىيـلەپتۇ. پادىچى بولۇپ يۈرگەن چاغدا پارىس كېيىن گېروي، ئافىنا ۋە ئافرودىتا دېگەن ئايال خۇدالار ئوتتۇرىسى-دىـكى ماجـرانى ئايرىشـتا سۇدىيە بولۇپ سايلـىنىپتۇ؛ بۇ خۇدالاردىن ئەڭ گۈزەل بىرسىگە پارىس ئالتۇن ئالمىنى ئېلىشـىنى ھۆكۈم قىپتۇ، بۇ ئافرودىتا ئىكەن. كېيىن پارىس پادىشا سپارتا مېنېلايـىنىڭ خوتۇنى — گۈزەل ئېلىـنانى ئېلىپ قاچقاندا، ئافرودىتا ئۇنىڭغا ياردەم قىپتۇ، بۇ ۋەقە تروي ئۇرۇشـىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە پادىشا تروي پرىيامانىڭ ھالاك بولۇشـىغا سەۋەپ بوپتۇ. (ئىزاھات: «چوڭ سوۋېت ئېنسىكلوپېـدىـيىـسى»نىڭ 32 - توم 113 - بېـتىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى. — تەر)

دىن باشلانىدى؟ موسكۋادىن مەن كىنەز ۋاسىلى بىلەن بىللە كەلدىم. ئارىدا ھېچقانداق گەپ ـ سۆز بولمىغان ئىدى. شۇنداق بولغاندىن كېيىن نىمە ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆيىگە چۈشمەيمەن؟ كېيىن مەن ئۇنىڭ بىلەن قارتا ئوينىدىم، ئۇنىڭ چۈشۈپ كەتكەن رىدىكۇلىسنى يەردىن ئېلىپ بەرگەن ئىدىم، ئۇنىڭ بىلەن چانىغا چۈشۈپ ئايلىنىپ يۈردۈم. بۇ ئىش قاچاندىن باشلانغان ئىدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى قاچان بولغان ئىدى؟ مانائەمدى ئۇ ئەلېننىڭ كۈيئوغلى بولماقچى بولۇپ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپتۇ؛ ئۇنىڭ يېقىنلىقىنى، ھەركىتىنى سېزىپ، نەپەس ئېلىشىنى ئاڭلاپ، ھۆسنى ـ جامالىنى كۆرۈپ ئولتۇرۇپتۇ. گايىدا بىردىنلا ئۇنىڭغا بۇ ئەلېن ئەمەس، بەلكى پيېر ئۆزى پەۋقۇلئاددە چىرايلىق ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممە كىشى ئۇنىڭغا قاراۋاتقاندەك سېزىلەتتى ـ دە، ھەممىنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى بەختلىك ھىساپلايتتى، كۆكرىكىنى كېرىپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئولتۇراتتى ۋە ئۆز بەختىدىن خۇرسەن بولاتتى. بىردىنلا قانداقتۇ ئاۋاز، كىمدۇ بىرسىنىڭ ئۆزىگە تونۇش بولغان ئاۋازى ئاڭلاندى ۋە ئىككىنچى قېتىم بىر نىمىلەرنى دەيتتى. لېكىن پيېر شۇنچىلىك بەنت ئىدىكى، ئاڭلاۋاتقان گەپلەرنى چۈشەنمەيتتى.

— مەن سەندىن سوراۋاتىمەن، بولكونسكىدىن قاچان خەت ئالغان ئىدىڭ؟ — دىدى كىنەز ۋاسىلى ئۈچىنچى قېتىم، — سەن نىمانچىۋالا پەرىشان بولۇپ كەتتىڭ، ئەزىزىم.

كىنەز ۋاسىلى تەبەسسۇم قىلدى، پيېر ھەممە كىشىنىڭ ئۆزىگە ۋە ئەلېنگە قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ تۇراتتى، "مەيلى، ئەگەر ھەممىڭلار بىلگەن بولساڭلار نىمە بوپتۇ" — دەيتتى پيېر ئۆزىگە ئۆزى، "مەيلى، نىمە بوپتۇ راست ئەمەسمۇ" — دىدى پيېر بالىلارچە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تەبەسسۇم بىلەن كۈلۈمسىرەپ، ئەلىپنىمۇ تەبەسسۇم قىلاتتى.
— خەتنى قاچان ئالغان ئىدىڭ؟ ئولمۇتستىن ئەۋەتىپتىمۇ؟ — دەپ تەكرارلىدى كىنەز ۋاسىلى، گويا تالاش-تارتىشنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بۇنى بىلىش زۆرۈر بولغاندەك.
— مۇنداق ئەرزىمىگەن ئىشلار توغرىسىدا سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ۋە ئويلاشنىڭ نىمە كېرىكى بار؟ — دەيتتى پيېر ئىچىدە.
كەچكى تاماقتىن كېيىن پيېرمۇ ئۆز مەشۇقىنى باشقىلارنىڭ ئارقىسىدىن مېھمانخانىغا ئېلىپ كىردى. مېھمانلار تارقىلىشقا باشلىدى، بەزىلىرى ئەلېن بىلەن خوشلاشمايلا كېتىپ قېلىشتى، بەزىلىرى خۇددى ئەلېننى ئۆزىنىڭ جىددى مەشغۇلاتىدىن قالدۇرۇشنى خالىمىغاندەك، بىر پەس ئۇنىڭ ئالدىغا كېلەتتى-دە، ئۇنىڭ ئۇزۇتۇپ قويۇشنى مەنئى قىلىپ، يەنە دەرھال كېتىپ قېلىشاتتى. دىپلومات بولسا مېھمانخانىدىن چىققاندىن كېيىن غەمكىن ھالدا گەپ قىلماي جىم تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ پۈتۈن دىپلوماتىك مەنسۈپى پيېرنىڭ بەختى بىلەن سېلىشتۇرغاندا تامامەن بىمەنىلىك بولۇپ كۆرۈنەتتى. قېرى گېنېرال خوتۇنى ئۇنىڭدىن ئايىغىنىڭ ئەھۋالى قانداقلىقىنى سورىغىنىدا، خوتۇنىغا خاپا بولۇپ چېچىلدى، "ھەي ئەپتىڭ قۇرۇسۇن، كەمپىر" — دەيتتى گېنېرال كۆڭلىدە، "مانا يېلېنا ۋاسىليېۋنا ئەللىك ياشقا كىرسىمۇ يەنىلا چىرايلىق تۇرىۋېرىدۇ."
— سىزنى تەبرىكلىسەم بولىدىغاندەك تۇرىدۇ، — دىدى پىچىرلاپ كىنەز ئايىمغا ئانا پاۋلوۋنا ۋە ئۇنى قاتتىق سۆيۈپ قويدى، — ئەگەر باش ئاغرىقىم بولمىسا قېپقالغان بولاتتىم-دە.
كىنەز ئايىم ھېچنىمە دەپ جاۋاپ بەرمىدى: ئۇنى ئۆز قىزىنىڭ

بەختنگە بولغان رەكمش قىينايتتى.

مېھمانلارنى ئۇزىتىۋاتقان چاغدا، پيېر شۇ كىچىككىنە مېھمانخانىدا ئەلېن بىلەن خېلى ئۇزاق ۋاقت يالغۇز ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ كېيىنكى بىر يېرىم ئاي داۋامىدا ئىلگىرىكىدەكلا ئەلېن بىلەن يالغۇز قالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا ھېچقاچان مۇھەببەت ئىزھار قىلمىغان ئىدى. ھازىر بولسا ئۇ مۇھەببەت ئىزھار قىلىشىنىڭ زۆرۈرلىگىنى ھەس قىلاتتى، لېكىن بۇ ئاخىرقى قەدەمنى بېسىشقا زادىلا جۈرئەت قىلالمايتتى. ئۇ ناھايىتى خىجىللىق ھىس قىلاتتى؛ ئۇنىڭغا ئەلېننىڭ يېنىدا قانداقتۇ باشقا بىر كىشىنىڭ ئورنىنى ئىشغال قىلىپ ئولتۇر-غاندەك بىلىنەتتى. "بۇ بەخت ساڭا تېگىشلىك ئەمەس، — دەيتتى ئۇنىڭغا كۆڭلىنىڭ بىر بۇرجىكى، — بۇ بەخت سەندە بار بولغان نەرسىدىن مەھرۇم بولغان ئادەمگە تېگىشلىك." بىراق بىرەر نەرسە دېيىش كېرەك ئىدى. پيېر سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇ ئەلېندىن: بۈگۈنكى زىياپەتتىن مەمنۇنمىسىز؟ — دەپ سورىدى. ئەلېن ھەر ۋاقىتتىكىدەك ئۆزىنىڭ ساددىلىغى بىلەن: ئات قويۇش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن بۇ زىياپەت كۆڭلۈمگە ئەڭ ياققان زىياپەتلەردىن بىرى بولدى، — دەپ جاۋاپ بەردى.

يېقىن ئۇرۇق-تۇققانلاردىن بەزىلىرى تېخى كەتمىگەن ئىدى. ئۇلار چوڭ مېھمانخانىدا ئولتۇراتتى. كىنەز ۋاسىلى ھارغىن قەدەم تاشلاپ پيېرنىڭ ئالدىغا كەلدى. پيېر ئورنىدىن تۇردى ۋە ۋاقىت خېلى كەچ بولۇپ قالدى، — دىدى. كىنەز ۋاسىلى گويا پيېر ھازىر دىگەن گېپىنىڭ شۇ قەدەر غەلىتە، ھەتتا چۈشىنىپ بولمايدىغاندەك تەرزدە، ئۇنىڭغا جىددى سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ قويدى. لېكىن ئۇنىڭدىن كېيىن جىددىلىك قىياپىتى ئۆزگىرىپ كەتتى-دە،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

كىنەز ۋاسىلى پېيېرنىڭ قولىنى پەسكە تارتىپ ئۇنى ئولتۇرغۇزدى ۋە مۇلايىم تەبەسسۇم قىلدى.

— خوش، مېنىڭ ليولەم؟ — دېدى ئۇ بىردىنىلا قىزىغا قاراپ، بالىلىق چاغلىرىدىن تارتىپ ئۆز بالىلىرىنى ئەركىلىتىپ ئۆگەنگەن ئاتا-ئانىلارغا خاس ئادەتلەنگەن مېھرى بىلەن ئىلتىپاتسىز ئاھاڭدا؛ لېكىن كىنەز ۋاسىلى پەقەت باشقا ئاتا-ئانىلارغا تەقلىد قىلىپ بالىلىرىغا شۇنداق مۇئامىلە قىلاتتى.

كېيىن ئۇ يەنە پېيېرغا قارىدى.

— سېرگېي كۇزمىچ، ھەممە تەرەپتىن، — دېدى ئۇ جۈملىنىڭ ئاخىرىنىڭ تۈگىمىسىنى يېشىۋېتىپ.

پېيېر تەبەسسۇم قىلدى، لېكىن ئۇنىڭ بۇ تەبەسسۇمىدىن، بۇ چاغدا كىنەز ۋاسىلىنى قىزىقتۇرغان نەرسە سېرگېي كۇزمىچ توغرىسىدىكى لەتىپە ئەمەسلىكىنى ئۇنىڭ چۈشەنگەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى؛ كىنەز ۋاسىلىمۇ پېيېرنىڭ بۇنى ئۇقىدىغانلىقىنى بىلدى. كىنەز ۋاسىلى بىردىنلا بىر نىمىلەرنى دەپ غۇدۇڭشىدى — دە، چىقىپ كەتتى. پېيېرغا ھەتتا كىنەز ۋاسىلىمۇ خىجىل بولغاندەك كۆرۈندى. بۇ قېرى ئاقسۆڭەك ئادەمنىڭ خىجىل بولغانلىقى پېيېرغا تەسىر قىلدى: ئۇ ئەلېنگە قارىدى، ئەلېنمۇ خىجىل بولغاندەك قىلدى ۋە ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن: "مەن قانداق قىلاي، ئەيىب ئۆزىڭىزدە،" — دېگەندەك مەنە چىقىپ تۇراتتى.

"بۇ چېگرىدىن چوقۇم ئاتلاپ ئۆتۈش كېرەك، لېكىن ئاتلاپ ئۆتەلمەيمەن، ئاتلاپ ئۆتەلمەيمەن،" — دېدى كۆڭلىدە پېيېر يەنە باشقا توغرىدا گەپ باشلاپ. ئۇ سېرگېي كۇزمىچ توغرىسىدىكى لەتىپىلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سورىدى، چۈنكى ئۇنى ياخشى

ئاڭلالماي قالغان ئىدى. ئەلىن مەنمۇ بىلمەيمەن دەپ، تەبەسسۇم بىلەن جاۋاپ بەردى.

كىنەز ۋاسىلى مېھمانخانىغا كىرىپ كەلگەندە كىنەز ئايىم خېلى ياشىنىپ قالغان بىر خانىم بىلەن پىيېر توغرىسىدا گەپلىشىپ ئولتۇراتتى.

— C'est un parti brillant, mais le bonheur, ma chère… (ئەلۋەتتە، ئىككىسى بىر بىرىگە ناھايىتى مۇناسىپ، لېكىن بەخت دىگەن نەرسە، ئەزىزىم……) — دىدى كىنەز ئايىم.

— Les mariages se font dans cieux (بۇ ئىش خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن)، — دەپ جاۋاپ بەردى ياشانغان خانىم.

كىنەز ۋاسىلى خانىملارنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغاندەك قىلىپ، ئۆيىنىڭ نېرىقى بۇلۇڭىغا باردى-دە، دىۋاندا ئولتۇردى. ئۇ كۆزلىرىنى يۇمدى ۋە خۇددى ئۈيقىغا كەتكەندەك ئىدى. ئۇنىڭ بېشى تۆۋەن چۈشتى-يۇ، ئەمما يەنە كۆزىنى ئاچتى.

— Aline (ئالىنا)، — دىدى خوتۇنىغا، — allez voir ce qu'ils font (قاراپ باققىنچۇ، ئۇلار نىمە قىلىۋاتىدىكىن).

كىنەز ئايىم ئىشىك ئالدىغا كەلدى-دە، ئۇنىڭ ئالدىدىن سۈرلۈك ۋە سوغاققىنە قىياپەت بىلەن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، مېھمانخانىغا بىر كۆز تاشلاپ قويدى. پىيېر بىلەن ئەلىن يەنىلا ئىلگىرىكىدەك سۆزلىشىپ ئولتۇراتتى.

— يەنىلا شۇنداق، — دەپ جاۋاپ بەردى كىنەز ئايىم ئېرىگە.

كىنەز ۋاسىلى قاپىقىنى تۈرۈپ قويدى، ئاغزى بىر تەرەپكە قىيشايدى، ئىككى مەڭزى ئۆزىگە خاس خۇنۈك ۋە قوپال قىياپەتتە تىترەپ كەتتى؛ ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، بېشىنى ئارقىغا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تاشلىدى ۋە قەتئىي سۈرەتتە قەدەم تاشلاپ، خانىملارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، كىچىك مېھمانخانىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ چاپسان قەدەم تاشلاپ، خوشال ھالدا پىيېرنىڭ ئالدىغا كەلدى. كىنەزنىڭ يۈزى شۇنچىلىك پەۋقۇلئاددە تەنتەنىلىك تۈس ئالغان ئىدىكى، نەتىجىدە پىيېرئۇنى كۆرۈش بىلەن تەڭ قورقۇپ كېتىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— خۇداغا شۈكۈر! — دېدى كىنەز ۋاسىلى، — خوتۇنۇم ماڭا ھەممە گەپنى ئېيتتى! — ئۇ بىر قولى بىلەن پىيېرنى، يەنە بىر قولى بىلەن قىزىنى قۇچاقلىدى، — ئەزىزىم لىيولە، مەن ناھايىتى ۋە ناھايىتى خۇرسەن بولدۇم، — ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەيتتى، — مەن سېنىڭ ئاتاڭنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتىم...... ئۇ ساڭا ۋاپادار خوتۇن بولىدۇ...... بەختىڭلارنى خۇدا بەرسۇن!

ئۇ ئاۋال قىزىنى قۇچاقلىدى، كېيىن يەنە پىيېرنى قۇچاقلىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن پىيېرنى قېرىلارغا خاس ھىدلىق ئاغزى بىلەن سۆيۈپ قويدى. كۆز ياشلىرى ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئىككى مەڭزىنى ھۆللىدى.

— كىنەز ئايىم، بۇ ياققا كەلسەڭچۇ، — دەپ قىچقاردى خوتۇنىنى.

كىنەز ئايىم يۈگۈرۈپ كەلدى-دە، يىغلاپ تاشلىدى. ياشىنىپ قالغان خانىممۇ قول ياغلىقى بىلەن كۆز ياشلىرىنى ئېرتتى. پىيېرنى سۆيۈپ قويۇشتى، پىيېرمۇ بىرقانچە قېتىم گۈزەل ئەلېننىڭ قولىغا سۆيۈپ قويدى. بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەچ ئۇلارنى يەنە ئۆز ھالىغا قويۇشتى.

"بۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەت شۇنداق بولۇشى كېرەك ئىدى،

باشقىچە بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى" — دەپ ئويلايتتى پېتېر، "شۇ سەۋەپتىن، بۇ ئىش ياخشى بولدىمۇ ياكى يامان بولدىمۇ دەپ سوراپ ئولتۇرۇشىنىڭمۇ ھاجىتى يوق. ياخشى بولدى، چۈنكى، ھەممە نەرسە مەلۇم بولدى، ئىلگىرىكىدەك كىشىنى قىينايدىغان شەك ـ شۈبھىلەر يوقالدى." پېتېر گەپ قىلماستىن ئۆز مەشۇقىسىنىڭ قولىنى تۇتۇپ، ئۇنىڭ كۆتۈرۈلۈپ ۋە يەنە تۆۋەن چۈشۈپ تۇرۇۋاتقان گۈزەل كۆكرىدىگە قارايتتى.

— ئەلېن! — دەپ ۋاقىرىدى پېتېر ۋە يەنە دەرھال توختاپ قالدى.

"بۇنداق پەيتلەردە قانداقتۇ ئالاھىدە گەپلەرنى قىلىشىدىكەن" دەيتتى پېتېر كۆڭلىدە، لېكىن بۇنداق پەيتلەردە زادى قانداق گەپلەرنى قىلىدىغانلىقىنى ئەسلىيەلمەيتتى. ئۇ ئەلېننىڭ يۈزىگە قارىدى. ئەلېن ئۇنىڭغا يېقىن كەلدى. ئەلېننىڭ يۈزى قىزىرىپ كەتتى.

— ۋىيەي، ئېپتاشلىقا بۇنى... بۇ نېمىگىزنى... — دىدى ئەلېن كۆزەينەكنى كۆرستىپ.

پېتېر كۆزەينىكىنى ئېلىۋەتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرى كۆزەينەكنى ئېلىۋەتكەندىن كېيىن غەلىتە كۆرۈنگەندىن تاشقىرى يەنە قورقۇپ سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ تۇراتتى. ئۇ ئەلېننىڭ قولىنى سۆيۈش ئۈچۈن ئېڭىشمەكچى بولدى؛ لېكىن ئەلېن بېشىنى تېز ۋە قوپاللىق بىلەن بىرلا سىلكىپ، پېتېرنىڭ لەۋلىرىنى توساپ، ئۆزىنىڭ لەۋلىرىنى ئۇنىڭ لەۋلىرىدىگە تۇتتى. ئۇنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەن يېقىمسىز پەرىشان چىرايى پېتېرنى ھەيران قالدۇردى.

"ئەمدى ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى، ئىش تامام؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەنمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىمەن" دەپ ئويلايتتى پيېر.
— Je vous aime (مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن)! — دېدى پيېر بۇنداق چاغلاردا ئېيتىلىدىغان گەپلەرنى ئەسلەپ؛ لېكىن بۇ سۆزلەر شۇ قەدەر تېتىقسىز بولۇپ چىقتىكى، ئۆزىمۇ ئۇيۇلۇپ قالدى.
بىر يېرىم ئايدىن كېيىن ئۇنىڭ توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈلدى ۋە پيېر كىشىلەر ئېيتقاندەك، ساھىپجامال خوتۇنىنىڭ ۋە مىليون-مىليون بايلىقنىڭ بەختلىك ئىگىسى بولۇپ، گىراف بېزىخوۋلارنىڭ پېتېربورگدىكى باشقىدىن ئوڭلاپ بېزىتىلگەن چوڭ ھويلىسىغا كۆچۈپ باردى.

## 3

قېرى كىنەز نىكولاي ئاندرېيېۋىچ بولكونسكى بىر مىڭ سەككىز يۈز بەشىنچى يىلىنىڭ دېكابىر ئېيىدا كىنەز ۋاسىلىنىڭ ئوغلى بىلەن بىللە كېلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خېتىنى ئالدى ("مەن تەپتىشلىك ئىشلىرى بىلەن يولغا چىقىۋاتىمەن ۋە سىزلەرنى كۆرۈش ئۈچۈن يۈز چاقىرىمچە ئايلىنىپ يول يۈرۈشكە توغرا كەلسىمۇ، ھېچقىسى يوق، ئەلۋەتتە كىرىپ ئۆتىمەن، مۆھتەرەم ۋەلىي نېمىتىم." — دەپ يازغان ئىدى كىنەز ۋاسىلى، — "ئاناتول مېنى ئۇزىتىپ بارىدۇ ۋە شۇ يەردىن ئارمىيىگە كېتىدۇ؛ ئۈمىت قىلىمەنكى، ئۇنىڭ سىزگە نىسبەتەن قەلبىدە ساقلاپ كېلىۋاتقان ئاتىسىدىن قېلىشمايدىغان چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە ئىخلاسىنى شەخسەن ئىزھار قىلىشقا رۇخسەت قىلغايسىز.")
— مانا، مارىيەنى پېتېربورگقا ئېلىپ بېرىشنىڭمۇ ھاجىتى قال-

مدى: يىگىتلەر ئۆزلىرى بىزگە كېلىشىۋاتسا، ــ دېدى بۇ خەتتىن خەۋەر تاپقان كىچىككىنە كىنەز ئايىم ئېھتىياتسىزلىق بىلەن.

كىنەز نىكولاي ئاندرېيېۋىچ قاپىقىنى تۈرۈپ قويىدى ــ دە، ھېچنېمە دېمىدى.

خەتنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئىككى ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، بىر كۈنى كەچقۇرۇن، ئالدىدا كىنەز ۋاسىلىنىڭ ئادەملىرى، ئەتىسى ئۇنىڭ ئۆزى ئوغلى بىلەن يېتىپ كەلدى.

قېرى بولكونسكى كىنەز ۋاسىلىنىڭ مىجەز ـ خۇلقىنى ئەزەلدىنلا ياقتۇرمايتتى ۋە خۇسۇسەن يېڭى پادىشالار پاۋىل بىلەن ئالېكساندر دەۋرىدە مەنسەپ ۋە ئابرويى بەك ئېشىپ كەتكەن يېقىنقى چاغلار ـ دىن بېرى تېخىمۇ ياقتۇرماي يۈرەتتى. ئەمدى بولسا، خەتنىڭ مەزمۇنى ۋە كىچىككىنە كىنەز ئايىمنىڭ كىنايىسىدىن گەپنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كىنەز ۋاسىلىنى ياقتۇرماسلىق توغرىسىدىكى ئوي ـ پىكىرلىرى كىنەز نىكولاي ئاندرېيېۋىچ قەلبىدە ئۇنى تامامەن يامان كۆرۈپ تەھقىرلەش تۇيغۇسىغا ئايلاندى. ئۇ كىنەز ۋاسىلى توغرىسىدا گەپ قىلغىنىدا دائىم "ھى" دەپ دېمىغىنى قېقىپ قوياتتى. كىنەز ۋاسىلى كېلىدىغان كۈنى، كىنەز نىكولاي ئاندرېيېۋىچ ناھايىتى خاپا ۋە كەيپسىز ئىدى. كىنەز ۋاسىلى كېلىـ ۋاتقانلىقى ئۈچۈن ئۇ كەيپى خۇش بولمىدىمۇ ياكى كەيپى خۇش بولماي يۈرۈۋاتقانلىقى ئۈچۈن كىنەز ۋاسىلىنىڭ كېلىشىدىن شۇنچە نارازى بولدىمۇ، ئېشقىلىپ ئۇنىڭ كەيپى خۇش ئەمەس ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن تىخون ئارخىتېكتورغا بۈگۈن ئەتىگەندە كىنەزنىڭ ھوزۇرىغا دوكلات بىلەن كىرمەي تۇرۇشنى مەسلىھەت بەرگەن ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئاڭلاۋاتامسىز، مېكىپ يۇرگىننى، — دېدى ئېخون ئارختېكتور-نىڭ دىققىتىنى كىنەزنىڭ مېڭىۋاتقان قەدەم ئاۋازلىرىغا جەلپ قىلىپ، — تاپىنىنى بېسىپ تاقىلداپ يۇرىدۇ — بىز مانا شۇنىڭدىن بىلىمىزكى......

بىراق ئادەتتىكىدەك، سائەت توققۇزدا كىنەز سۆسەر ياقىلىق مەخمەل جۇۋىسى ۋە سۆسەر قۇلاقچىسىنى كىيىپ ئايلىنىشقا چىقتى. ئالدىنقى كۈنى قار ياققان ئىدى. كىنەز نىكولاي ئاندرېيېۋىچ گۇللۈككە قاراپ كېتىۋاتقان يولدىكى قارلار سۈپۈرگە بىلەن سۈپۈ-رۈپ تازىلانغان ۋە سۈپۈرگە سېلىنغان يەردە سۈپۈرگىنىڭ ئىزلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، كۈرەك بولسا يولنىڭ ئىككى يېقىدا دۆۋىلەپ قويۇلغان يۇمشاق قار دۆۋىسىگە سانجىپ قويۇلغان ئىدى. كىنەز قاپىغىنى تۈرۈپ ۋە گەپ-سۆز قىلماستىن گۈلخانا، خىزمەتكارلارنىڭ ئۆيلىرى ۋە باشقا قۇرۇلۇشلارنى ئايلىنىپ چىقتى.

— چاندا ئۆتۈپ كېتىشكە بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى كىنەز ئۆزىنى ئۆيگە قەدەر ئۇزىتىپ كەلگەن ھۆرمەتلىك ۋە چىرايى ھەم قىلىقلىرى ئۆز خوجايىنىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئىش باشقۇرغۇچىدىن.

— قار ناھايىتى قېلىن، جانابىي ئالىيلىرى. مەن ھېلىلا قارنى چوڭ كوچىغا قەدەر تازىلىۋېتىشكە بۇيرۇدۇم.

كىنەز بېشىنى تۆۋەن سالدى ۋە ئىشىكنىڭ لاپىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى، — خۇداغا شۈكۈر — دېدى ئىش باشقۇرغۇچى كۆڭلىدە، — قارا بۇلۇت ئۆتۈپ كەتتىغۇ!

— ئاتنىڭ يۇرۇشىگە تەس بولۇپ قالغان ئىدى، جانابىي ئالى-لىرى، — دەپ قوشۇپ قويدى يەنە ئىش باشقۇرغۇچى، — ئاڭلى-

شىمچە، جانابى ئاللىرى، ھوزۇرلىرىغا بىر مىنىستىر قەدەم تەشرىپ قىلارمىش.

كىنەز ئۆرۈلۈپ ئىش باشقۇرغۇچىغا قاپىغىنى تۈرگەن ھالدا قارىدى.

— نىمە؟ مىنىستىر؟ قانداق مىنىستىر؟ كىمنىڭ بۇيرۇغى بىلەن! — ئۇ ئۆزىنىڭ قاتتىق، قەتئى ئاۋازى بىلەن سۆزلەيتتى، — يولنى مېنىڭ قىزىم ئۈچۈن تازىلىماي، بەلكى مىنىستىر ئۈچۈن تازىلاپسىلەر-دە! مېنىڭ مىنىستىرلىرىم يوق!

— جانابى ئاللىرى، مەن ئويلىغان ئىدىمكى......

— ئويلىغان ئىدىم ئىمىش! — دەپ ۋاقىرىدى كىنەز بارغانسېرى تېز ۋە تاقتا-تۇققۇ سۆزلەپ، — سەن ئويلاپتىمىشسەن......قاراقچىلار! مۇتەھەملەر!......مەن ساڭا ئويلاشنى كۆرسىتىپ قوياي، — دىدى-دە، ھاسىسىنى كۆتىرىپ ئۇنىڭ بىلەن ئالپاتىچنى ئۇرماقچى بولدى، ئەگەردە ئىش باشقۇرغۇچى تاياقتىن ئۆزىنى ئىختىيارسىز چەتكە ئالمىغان بولسا، تاياق تېگىپ كەتكەن بولاتتى، — ئويلاپتىمىش، تېخى!...... مۇتەھەملەر!...... — دەپ ۋاقىرىدى كىنەز. لېكىن، ئالپاتىچ ئۆزىنىڭ ئەدەپسىزلىك قىلغانلىقىدىن، يەنى تاياقتىن ئۆزىنى دالدىغا ئالغانلىقىدىن قورقۇپ كېتىپ، كىنەزنىڭ ئالدىغا كېلىپ چوققىسىدا چېچى قالمىغان ئىتائەتچان ئايىپاك بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇرۇشىغا قارىماي (ياكى ئۇنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىدىن بولۇشى مۇمكىن)، كىنەز يەنىلا: "مۇتەھەملەر!......يولغا قار باشقىدىن تاشلانسۇن!" دەپ ۋاقىرىدى، ئەمما ھاسىسىنى يەنە قولىغا ئالمىدى ۋە ئالدىراپ-تېنەپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

كىنەزنىڭ كەيپى خۇش ئەمەسلىگىنى بىلگەن كىنەز قىزى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

m-lle Bourienne (بۇرىيىنى خېنىم) تاماق ئالدىدا ئۇنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتاتتى: بۇرىيىنى خېنىم خۇشال قىياپەتتە: "مېنىڭ ھېچنېمىدىن خەۋىرىم يوق، مەن ھەر ۋاقىتتىكىدەك ئوخشاش" دېگەندەك قىلاتتى، كىنەز قىزى مارىيە بولسا رەڭگى ئۆچكەن، قورقۇپ كەتكەن ۋە قاپاقلىرى سېلىنغان ئىدى، كىنەز قىزى مارىيە ئۈچۈن ھەممىدىن ئېغىرى شۇ بولدىكى، مۇنداق چاغلاردا بۇرىيىنى خېنىمدەك بولۇش كېرەكلىكىنى بىلسىمۇ، ئەمما شۇنداق قىلالمايتتى، ئۇ مۇنداق دەپ ئويلايتتى: "ئۆزەمنى ھېچنېمىنى سەزمىگەنگە سېلىۋالسام، ئاتام مېنىڭ خاپا بولۇشۇم ياكى خۇشال بولۇشۇم بىلەن كارى يوق دەپ ئويلايدۇ؛ ئەگەر ئۆزەمنى غەمكىن ۋە كەيپسىز بىر ھالەتتە سالسام، ئاتام (ئىلگىرىكىدەك) مېنى روھى چۈشۈپ كېتىپتۇ دەيدۇ" ۋە ھاكازا.

كىنەز قىزىنىڭ قورقۇپ كەتكەن چىرايىغا قارىدى-دە، دىمىغىنى قېقىپ "ھى" قىلىپ:

— ئەپتىڭ...ئەخ...مەق! — دەپ غۇدۇڭشىدى.

— ئۇمۇ يوق بۇ يەردە! ئالىلقاچان ئۇنىڭ قۇلىغىغىمۇ يەتكۈزۈپتۇ-دە! — دەپ ئويلىدى كىنەز كىچىككىنە قىزى توغرىسىدا ئۇنىڭ ئاشخانىدا يوقلىقىنى بىلىپ.

— كىنەز ئايىم قېنى؟ — دەپ سورىدى كىنەز، — مۆكۈۋالدىمۇ؟

— ئۇنىڭ بىر ئاز تاۋى يوق، — دېدى خۇشال كۈلۈمسىرەپ بۇرىيىنى خېنىم، — چىقمايدۇ. ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇۋېتىپتۇ.

— ھىم! ھىم؟ ئوھو! ئوھو! — دېدى كىنەز ۋە داستىخانغا ئولتۇردى.

تەخسە ئۇنىڭغا پاكىز ئەمەس كۆرۈندى؛ ئۇ داغنى كۆرسىتىپ، تەخسىنى چۆرۈپ تاشلىۋەتكەن ئىدى. تىخون تەخسىنى ئەپچىللىك بىلەن تۇتۇۋېلىپ بوفېتچىغا بەردى. كىچىككىنە كىنەز ئايىم تاۋى يوق ئەمەس ئىدى؛ لېكىن كىنەزدىن شۇ قەدەر يېڭىپ بولماس دەرىجىدە قورقاتتىكى، ئۇنىڭ كەيپى چاغ ئەمەسلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆيدىن چىقماي قويغان ئىدى.

— مەن بالىنى بىر نەرسە بولمىسۇن دەپ قورقىمەن، — دىدى كىچىككىنە كىنەز ئايىم بۇرىيىنى خېنىمغا، — قورقۇپ كەتكەندە نىمە بولىدىغانلىغىنى خۇدا بىلىدۇ.

كىچىككىنە كىنەز ئايىم لىسىگورىدا ئومۇمەن ھەمىشە ۋەھىمە ئىچىدە ياشايتتى ۋە قېرى كىنەزنى ياقتۇرماي يۈرەتتى، بىراق ياقتۇرماسلىغىنى تەن ئالمايتتى. چۈنكى، قورقۇنىچ شۇقەدەر كۈچ-لۈك ئىدىكى، بۇنى ھېس قىلالمايتتى. كىنەزمۇ ئۇنى ياقتۇرمايتتى، لېكىن ئۇنى پەس كۆرگەنلىگى ئۈچۈن ئانچە بىلىنمەيتتى. كىنەز ئايىم لىسىگورىدىكى تۇرمۇشقا بارا-بارا كۆنۈپ قېلىپ، بۇرىيىنى خېنىمنى ئالاھىدە ياخشى كۆرۈپ قالدى، كۈنلەرنى شۇنىڭ بىلەن ئۆتكۈزەتتى، ئۇنى بىللە قونۇپ قېلىشقا تەكلىپ قىلاتتى ۋە دائىم ئۇنىڭ بىلەن قېيناتىسى توغرىسىدا گەپلىشەتتى ھەم ئۇنى يامانلاپ بېرەتتى.

— Il nous arrive du monde, mon price (بىزگە مېھمانلار كەلسە كېرەك، كىنەز)، — دىدى بۇرىيىنى خېنىم قىپ-قىزىل قوللىرى بىلەن ياغلىقنى يېيىۋېتىپ، — son excellence le prince kouraguine avec son fils, à ce que j'ai entendu dire? (كىنەز كۇراگىن جاناپلىرى ئوغلى بىلەن كېلەرمىش،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئاڭلىشىمچە؟) — دېدى ئۇ سوئال ئاھاڭى بىلەن.

— ھەم...بۇ بالا... excellence مەن ئۇنى كوللېگىيىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان ئىدىم، — دېدى كىنەز كايىپ، — ئوغلىنى نېمىشقا ئېلىپ كېلىۋاتىدىكىن، ھېچ چۈشىنەلمەيمەن. ئېھتىمال، كىنەز ئايىم لىزاۋېتا كارلوۋنا ۋە كىنەز قىزى مارىيە بىلىشلىرى مۇمكىن؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن ئوغلىنى بۇ ياققا ئېلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيمەن. ماڭا كېرىكى يوق، — ئۇ قىزىرىپ كەتكەن قىزىغا قارىدى.

— تاۋىلىڭ يوقمۇ، نېمە؟ ھېلىلا ھېلىقى ئەخمەق ئالپاتىچ ئېيتقاندەك مىنىستىر ۋەھىمىسىدىن قورقۇپ كېسەل بولدۇڭمۇ؟

— ياق، mon pére (جېنىم ئاتا).

بۇرىيىنى خېنىم بۇ ماۋزۇدا ئۇنۇمسىز گەپ ئاچقان بولسىمۇ، ئۇ توختاپ قالمىدى ۋە گۈللۈك توغرىسىدا، يېڭى ئېچىلغان گۈللەرنىڭ چىرايلىقلىقى توغرىسىدا سۆزلەۋەردى، شۇنىڭ بىلەن كىنەز شورپىنى ئىچىپ بولۇپ يۇمشاپ قالدى.

تاماقتىن كېيىن كىنەز كېلىنى ئالدىغا كىردى. كىچىككىنە كىنەز ئايىم كىچىككىنە شىرە يېنىدا ئۆزىنىڭ خىزمەتچىسى ماشا بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى، ئۇ قېيناتىسىنى كۆرۈپ تاتىرىپ كەتتى.

كىچىككىنە كىنەز ئايىم تامامەن ئۆزگىرىپ كەتكەن. ئۇنى ھازىر چىرايلىق دېگەندىن كۆرە، تامامەن خۇنۇكلىشىپ كەتكەن دېيىش مۇۋاپىق ئىدى. ئىككى مەڭزى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، يۇقۇرقى قىسقا لېۋى كۆتۈرۈلگەن، كۆز-قاپاقلىرى ساڭگىلىغان ئىدى.

— شۇنداق، قانداقتۇ ئېغىرراق ھېس قىلىۋاتىمەن، — دەپ جاۋاپ بەردى ئۇ كىنەزنىڭ ئەھۋالىڭ قانداق دېگەن سوئالىغا.

— ھېچنەرسە لازىم ئەمەسمۇ؟

— ياق، merci, mon père (رەھمەت جېنىم ئاتا).
— بولىدۇ، ياخشى، ياخشى.
ئۇ كېلىنى ئالدىدىن چىقىپ، كۈتكۈچىلەر بۆلمىسىگە باردى. ئالپاتىچ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ شۇ يەردە ئولتۇراتتى.
— يولغا قارنى باشقىدىن تاشلىدىڭلارمۇ؟
— تاشلىدۇق، جانابى ئالىيلىرى؛ كېچۈرسىلە، خۇدا ھەققى بىلمەيتىمەن.
كىنەز ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى ۋە ساختا كۈلكىسى بىلەن كۈلۈپ قويدى.
— ھە، ياخشى، ياخشى.
كىنەز قولىنى سوزدى، ئالپاتىچ قولىغا سۆيۈپ قويغاندىن كېيىن ھوجرىسىغا كىرىپ كەتتى.
كەچقۇرۇن كىنەز ۋاسىلى يېتىپ كەلدى، ئۇنى ھارۋىكەشلەر ۋە كۈتكۈچىلەر چوڭ كوچىغا چىقىپ قارشى ئالدى ۋە ئۇلار شاۋقۇن-سۈرەن كۆتۈرۈشۈپ، ئۇنىڭ يۈك-تاقلىرى بىلەن چانىسىنى قەستەن قار يېيىتىلغان يولدىن ھويلىنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى ئۆينىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىشتى.
كىنەز ۋاسىلى بىلەن ئوغلى ئاناتولغا ئالاھىدە ئايرىم ئۆي ئاجرىتىلدى.
ئاناتول كەمزۇلىنى سېلىپ، ھەر ئىككى قولىنى بېقىنىغا تىرەپ، ئالدىدا تۇرغان شىرەنىڭ بۇلۇڭىغا ئۆزىنىڭ چىرايلىق چوڭ كۆزلىرىنى پەرىشان ھالدا تىكىپ كۈلۈمسىرەپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھاياتىنى كىمدۇ بىرسى نېمە ئۈچۈندۇ ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان ئۈزلۈكسىز كەيپ-ساپا دەپ بىلەتتى. ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ھازىر بۇ بەدقىلىق قېرىدنى ۋە ئۇنىڭ بايى، خۇنۇك چىراي مىراس-خور قىزىنى زىيارەت قىلىپ كېلىشكىنىمۇ ئەنە شۇنداق قارايتتى. ئۇنىڭ پەرىزىچە، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى ياخشى ۋە قىزىق نەتىجە بېرىشى مۇمكىن ئىدى. «ئەگەر بۇ قىز شۇنچىلىك باي بولسا نىمشقا ئۆيلەنمەيمەن؟ بۇنىڭ ھېچقانداق زىيىنى تەگمەيدۇ» — دەپ ئويلايتتى ئاناتول.

ئۇ ساقال-بۇرۇتلىرىنى قىردى، ئادەت قىلىۋالغان ئىنچىكىلىك ۋە ياسانچۇقلىغى بىلەن ئەتىرنى ئۆزىگە راسا سەپتى-دە، تۇغما، خۇشخۇي ۋە غالىپكارانە قىياپەتتە چىرايلىق بېشىنى ئېگىز كۆتىرىپ ئاتىسى تۇرغان ئۆيگە كىرىپ كەلدى. كىنەز ۋاسىلىنىڭ ئەتراپىدا ئۇنىڭ ئىككى خىزمەتكارى ئۇنى كىيىندۈرۈپ يۈگۈرۈپ يۈرۈ-شەتتى؛ كىنەز ۋاسىلىنىڭ ئۆزى بولسا ئەتراپىغا خوشال ھالەتتە سەپسىلىپ قاراپ قوياتتى ۋە ئوغلى كىرىپ كەلگىنىدە ئۇنىڭغا خوشال-لىق بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، خۇددى: «شۇنداق، دەل مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىدەك بوپسەن!» دېگەندەك قىلاتتى.

— ياق، راستىنى ئېيتقىنا، ئاتا، بۇ قىز ناھايىتى خۇنۇكمۇ-ھە؟ — دەپ سورىدى ئاناتول فرانسۇزچە گەپ قىلىپ، خۇددى يولدا باشلانغان گەپنى داۋاملاشتۇرغاندەك.

— بىھۇدە گەپلىرىڭنى قوي! ھەممىدىن مۇھىمى — قېرى كىنەز ئالدىدا مۇمكىن قەدەر ئىززەتلىك ۋە پاراسەتلىك بولۇشقا تىرىش.

— ئەگەر ئۇ كايىپ قالىدىغان بولسا چىقىپ كېتىمەن، — دېدى ئاناتول، — مەن بۇنداق قېرىلارغا ھېچ تاقەت قىلالمايمەن! ھە؟

— ئېسىڭدە بولسۇن، سېنىڭ ھەممە ئىشىڭ شۇنىڭغا باغلىق.

شۇ پەيت قىزلار ياتاقلىرىدىكىلەرگە مىنىستىرنىڭ ئوغلى بىلەن كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر تارىلىپلا قالماستىن، بەلكى ھەر ئىككىلىسىنىڭ تەققى-تۇرقلىرىمۇ تەلتۆكۈس تەسۋىرلەنگەن ئىدى. كىنەز قىزى مارىيە ئۆزىنىڭ ياتاقخانىسىدا يالغۇز ئولتۇراتتى ۋە ئۆزىنىڭ ئىچكى ھاياجانلىنىشىنى بېسىشقا بىھۇدە ئۇرۇناتتى.

— نېمىشقا بۇلار خەت يېزىشتى، نېمىشقا لىزا ماڭا بۇنى ئېيتىپ قويىدى؟ بۇ ھېچ بولمايدىغان ئىش! — دېدى كىنەز قىزى ئۆزىچە ئەينەككە قاراۋېتىپ، — مېھمانخانىغا قانداق قىلىپ چىقارمەن؟ ئەگەر ئۇ ماڭا ھەتتا يېقىپ قالغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزەمنى ئادەتتىكىچە تۇتالمايمەن. ئاتىسىنىڭ قاراشلىرى توغرىسىدىكى بىر-گىنە پىكىر ئۇنى ۋەھىمىگە سالاتتى.

كىچىككىنە كىنەز ئايىم بىلەن بۇرىيېننى خېنىم مىنىستىر ئوغلىنىڭ قىزىل يۈزلۈك، قاپ-قارا قاشلىق، چىرايلىق يىگىت ئىكەنلىكى، ئاتىسى بولسا ئاياقلىرىنى سۆرەپ باسقۇچتىن ئاران چىقىۋاتقاندا، ئۇ ئۈچ باسقۇچتىن بىراقلا لاچىندەك يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى ھەممە زۆرۈر مەلۇماتلارنى ئۆي خىزمەت-كارى ماشادىن ئۇققان ئىدى. بۇ مەلۇماتلارنى ئۇققاندىن كېيىن، كىچىككىنە كىنەز ئايىم بىلەن بۇرىيېننى خېنىم مارىيەنىڭ بۆلمىسىگە كىرىشتى، ئۇلارنىڭ قىزغىن گەپ-سۆزلىرىنىڭ تاۋۇشلىرى تېخى ئارىلىقتىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— Ils sont arrives, Maie (ئۇلار كەلدى، مارىيە)، ئۇقتىڭىزمۇ؟ — دېدى كىچىككىنە كىنەز ئايىم ئىغاڭلاپ قوسىقىنى چىقىرىپ ۋە كىرىسلوغا ئاستاغىنە ئولتۇردى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇ ئەتىگەن كىيىپ ئولتۇرغان بلۇزكىسىنى① سىلىقلىتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئەڭ ئوبدان كۆينەكلىرىنىڭ بىرىنى كىيىۋالغان؛ چاچلىرى ئوبدان تاراپ يىغىشتۇرۇلغان، چىرايى ئېچىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما روھى چۈشكۈن ۋە سولغان ھالىتىنى يوشۇرۇپ قالالمايتتى. ئادەتتە پېتربورگدا مېھماندارچىلىقلارغا بارغاندا كىيىپ يۈرىدىغان كۆينىكىنى كىيگەنلىدىن كېيىن، ئۇنىڭ خېلى كۆپ خۇنۇكلىشىپ كەتكەنلىكى كېيىنكى چاغلاردا تېخىمۇ سېزىلەرلىك بولۇپ قالغان ئىدى. بۇرېننى خېنىمنىڭ ئۇچىسىدىمۇ دىققەتكە ئانچە سازاۋەر بولمىغىدەك ئانچە-مۇنچە چىرايلىق كىيىم-كېچەكلەر پەيدا بولۇپ قالدى، بۇ كىيىم-كېچەكلەر ئۇنىڭ كېلىشكەن، پاكىز چىرايىغا تېخىمۇ كۆپرەك ھۆسن قوشاتتى.

— Eh bien, et vous restez comme vous êtes chère princesse? (ھە، ياسانماي شۇ پېتى تۇرامسىز، سۆيۈملۈك كىنەز قىزى؟) — دېدى ئۇ، — On va venir annoncer,que ces messieuvs sont au salon; il faudra descendre, et vous ne faites pas un petit brin de toilette! (ھازىر ئۇلار مېھمانخانىدىن چىقىپ كېلىدۇ، دەيدۇ. پەسكە چۈشۈشىمىز كېرەك. ئاز-پاز بولسىمۇ ياسىنىۋالسىڭىز!)

كىچىككىنە كىنەز ئايىم كرېسلودىن تۇرۇپ، ئۆي خىزمەتچىسىنى قوڭغۇراق جىرىڭلىتىپ چاقىردى-دە، ئالدىراپ-تېنەپ ۋە خوشال قىياپەتتە كىنەز قىزى مارىيەنى ياساندۇرۇش پىلانلىرىنى ئويلاش ۋە

① بلۇزكا — خوتۇن-قىزلارنىڭ يوپكا بىلەن بىركىيىدىغان قىسقا كۆينىكى (كوپتا). — تەر.

بۇ پىلانلىرىنى بىجا كەلتۈرۈش بىلەن بوپ كەتتى. كىنەز قىزى مارىيە ئېيتىلغان بۇ يىگىتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن ھاياجانلانغىنىنى ئۆز قەدىر-قىممىتىنىڭ يەرگە ئۇرۇلغانلىقى دەپ ھېس قىلاتتى، خۇسۇسەن ھەر ئىككى دوستىنىڭمۇ بۇ ئىش ئەلۋەتتە باشقىچە بولىدۇ دەپ قارىمىغانلىقىدىن تېخىمۇ نەپسى ئازار يېگەن ئىدى. خىجىل بولغانلىقىنى ئۇلارغا ئېيتىش — ئۆزىنىڭ ھاياجانلانغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويغانلىق بولاتتى. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۇلارنىڭ ياساندۇرۇش پىلانلىرىنى رەت قىلغانىدا، ئۇلارنىڭ چاخچاق قىلىپ كۈلۈشلىرى ۋە ئۇنى قىيىن-قىستاقتا ئېلىشلىرى تېخىمۇ ئۇزۇنغا سوزۇلغان بولاتتى. ئۇنىڭ يۈزى بىردىنلا قىزىرىپ كەتتى، چىرايلىق كۆزلىرى خىرەلەشتى، يۈزىدە خۇددى قۇربان بولغان كىشىنىڭ خۇنۇك ۋە ھەمىشە چىرايىدىن كەتمەيدىغان توختاپ قالىدىغان تەلەت پەيدا بولدى-دە، ئۆزىنى بۇرىيەننى خېنىم ۋە لىزانىڭ ئىلكىگە تاپشۇردى. ھەر ئىككىلا خوتۇن ئۇنى چىرايلىق قىلىشقا جان-دىلى بىلەن كىرىشتى. كىنەز قىزى مارىيە شۇنچىلىك خۇنۇك ئىدىكى، بۇ ئاياللارنىڭ ھېچبىرسى ئۇنىڭ بىلەن رىقابەتلىشىشنى ئويلىمايتتى؛ شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار تامامەن سەمىمى ھالدا، كىيىم-كېچەك ئادەمنى چىرايلىق قىلىدۇ دېگەن ئاياللارغا خاس سادداۋە قەتئى ئىشەنچ بىلەن ئۇنى كىيىندۈرۈشكە كىرىشتى.

ياق، ئەزىزىمىي، بۇرىيەننى خېنىم (دوستۇم)، بۇ كۆينەك بولمايدۇ، — دېدى لىزا يىراقتا يان تەرەپتىن كىنەز قىزىغا قاراپ، — ئېيت، جىگەررەڭ كۆينىكىڭنى بەرسۇن! ئەزىزىمىي! بۇ، ئېھتىمال، سېنىڭ ھاياتلىق تەقدىرىڭنى ھەل قىلىشى مۇمكىن. بۇنىڭ رەڭگى ناھايىتى ئاچ، بولمايدۇ، ياق، بولمايدۇ!

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كۆينەك سەت ئەمەس، بەلكى كىنەز قىزىنىڭ چىرايى ۋە پۈتۈن قەددى-قامىتى خۇنۇك ئىدى، لېكىن بۇرۇنقى خېنىم ۋە كىچىك-كىنە كىنەز ئايىم بۇنى سەزمەيتتى؛ ئۇلار نەزىرىدە، ئەگەر يۇقۇرىغا تارالغان چاچلىرىغا ھاۋارەڭ لېنتا تاقاپ قويۇلسا ۋە جىگەر-رەڭ كۆينىگىنىڭ ئۈستىدىن ھاۋارەڭ شارپ تاشلاپ قويۇلسا......ئۇ ھالدا ھەممە ئىش جايىدا بولىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇلار قورقۇپ كەتكەن ئادەمنىڭ چىرايى ۋە قەددى-قامىتىنى كىيىم-كېچەك بىلەن ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئۇنتۇپ قالغان ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئۇنىڭ يۈزىنىڭ سىرتقى قىياپىتىنى ھەرقانچە ئۆزگەرتىش ۋە بېزەشكە ئۇرۇنۇشلىرىغا قارىماي، كىنەز قىزىنىڭ چىرايى يەنىلا شۇنداق بىچارە ۋە خۇنۇك پېتى قېلىۋەردى. كىنەز قىزى مارىيە ئۇلارنىڭ رايىغا بېقىپ ئىككى-ئۈچ قېتىم قايتا كىيىنىپ، چېچىنى يۇقۇرىغا تارتىپ تاراپ (چېچىنى مۇنداق تاراش ئۇنىڭ رەڭگىنى تامامەن ئۆزگەرتىپ ۋە بۇزۇپ تاشلايتتى)، جىگەر-رەڭ كۆينىگى ئۈستىدىن ھاۋارەڭ شارپىنى تاشلىۋالغاندىن كېيىن، كىچىككىنە كىنەز ئايىم ئۇنىڭ ئەتراپىدا بىر-ئىككى قېتىم ئايلاندى ۋە كىچىككىنە قولى بىلەن كۆينەكنىڭ ئۇ ياق-بۇ يېقىنى، شارپىنى تۈزىتىپ يەنە ئۇ يان-بۇ ياندىن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ قاراپ چىقتى.

— ياق، بۇ بولمايدۇ، — دېدى ئۇ قولىنى قولىغا ئۇرۇپ قەتئىي-لىك بىلەن، — Non, Marie, dècidemént ça ne vous va pas. Je vous aime mieux dans votre petite robe grise de tous les jours. Non, de grâce, faites cela pour moi. (ياق، مارىيە، بۇ سىزگە زادىلا ياراشمىدى. ماڭا ھەممىسىدىن سىز-

نىڭ ھېلىقى ھەركۈنى كىيىدىغان كۆلرەڭ كۆينىكىڭىز ياقىدۇ. مەن سىزدىن سورايمەن، شۇنى كىيىڭ. كاتيە)، — دېدى ئۇ ئۆي خىزمەتچىسىگە، — (كىنەز قىزىغا كۆلرەڭ كۆينىكىنى ئەپكەلگىنە، قاراپ تۇرۇڭچۇ، بۇرېنىنى خېنىم، مەن ئۇنى قانداق ياساندۇرۇمەنكى)، — دېدى ئۇ تەبەسسۇم بىلەن، تېخى ھېلى بولمىغان ئىشقا ئالدىنئالا زوقلىنىپ.

كاتيە تەلەپ قىلىنغان كۆلرەڭ كۆينىكىنى ئېلىپ كەلگەن چاغدا، مارىيە ئەينەكتە ئۆز چىرايىغا قاراپ ئەينەك ئالدىدا ھامان قىمىرلىماستىن ئولتۇراتتى ۋە ئەينەكتە كۆزىگە لىق ياش ئېلىپ، يىغلاشقا تەييارلىنىپ، لەۋلىرىنى تىترىتىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى.

— Voyons, chère princesse (كېلىڭ، كىنەز قىزى)، — دېدى بۇرېنىنى خېنىم encore un petit effort، (يەنە جىندەك سەۋرى قىلسىڭىز بولىدۇ).

كىچىككىنە كىنەز ئايىم ئۆي خىزمەتچىسىنىڭ قولىدىن كۆينەكنى ئېلىپ كىنەز قىزى مارىيەنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ياق، مانا ھازىر بۇنى ئاددىيغىنا ئەمما كۆڭۈلدىكىدەك ياساندۇرىمىز، — دېدى كىنەز ئايىم.

كىنەز ئايىمنىڭ ئاۋازى، بۇرېنىنى خېنىمنىڭ ئاۋازى ۋە نىمە ئۈچۈندۇر كۈلگەن كاتيەنىڭ ئاۋازلىرى بىر بىرىگە قوشۇلۇپ، خۇددى قۇشلارنىڭ سايرىشىغا ئوخشاپ كەتتى.

— Non, laissez-moi (ياق، قويۇڭلار ئەمدى مېنى)، — دېدى كىنەز قىزى.

كىنەز قىزىنىڭ ئاۋازى شۇنچىلىك جىددى ۋە شۇنچىلىك ئەلەم بىلەن جاراڭلىدىكى، قۇشلاردەك ۋىچىرلىشىۋاتقانلار دەرھال جىمىپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قېلىشتى. ئۇلار كىنەز قىزىنىڭ ياشقا لىق تولغان ۋە ئويچان ھالدا يالۋۇرۇپ قاراپ تۇرغان چوڭ، چىرايلىق كۆزلىرىگە قاراپ، ئەمدى يەنە قىستاشنىڭ پايدىسىزلىقى ۋە ھەتتا زۇلۇم ئىكەنلىكىنى چۈشەندى.

— Au moins changez de coiffure (ھېچبولمىغاندا چاچلىرىنى باشقىدىن تۈزىتىڭلار)، — دېدى كىچىككىنە كىنەز ئايىم، — Je vous disais (مەن سىزگە ئېيتقان ئىدىمغۇ)، — دېدى ئۇ تەنەنە بىلەن بۇرىيېننى خېنىمغا قاراپ، — Marie a une de ces figures, aux quelles ce genre de coiffure ne va pas du tout. Mais du tout, du tout. changez de grâce. (چاچنى بۇنداق شەكىلدە تاراش مارىيەنىڭ چىرايىغا قىلچىمۇ ياراشمايدۇ، قىلچە! باشقىدىن ئۆزگەرتىڭلار.)

— Laissez-moi, laissez-moi, fout Ça m'est parfaitement egal (قويۇڭلار مېنى، قويۇڭلار مېنى، ماڭا بەرىبىر)، — دەپ جاۋاپ بەردى مارىيە كۆز يېشىنى ئاران تۇتۇۋېلىپ.

بۇرىيېننى خېنىم بىلەن كىچىككىنە كىنەز ئايىم ئۆز كۆڭلىدە كىنەز قىزى مارىيەنىڭ شۇ تۇرقىدا ناھايىتى خۇنۈك، ھەر ۋاقىتتىكىدىنمۇ يامانراق خۇنۈك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ۋە بىلىپ تۇراتتى. لېكىن ئەمدى بىرەر چارە قىلىشنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى. كىنەز قىزى بۇلارغا پىكرۇ-خىيالغا چۆمگەن ھالدا قاراپ قالدىكى، ئۇلار بۇ ھالەتنى بىلەتتى. كىنەز قىزى مارىيەنىڭ بۇنداق ھالىتى ئۇلاردا ھېچقانداق ۋەھىمە پەيدا قىلمىدى (ئۇنىڭ بۇنداق ھالىتى ھېچكىمدە ۋەھىمە پەيدا قىلمايتتى). لېكىن بۇلار مارىيەنىڭ شۇنداق ھاللاردا لام-مىم دېمەستىن جىم بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ۋە

ئۆز پىكرىدە تەۋرەنمەستىن چىڭ تۇرۇۋالىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

(Vous changerez n'est-ce pas? — چىچىڭىزنى باشقىچە قىلىپ تارايسىز-ھە؟) — دېدى لىزا ۋە مارىيە ھېچنېمە دېمەي جاۋاپ بەرمىگەندە لىزا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

كىنەز قىزى مارىيە ئۆزى يالغۇز قالدى. ئۇ لىزانىڭ دېگەنلىرىنى قىلمىدى، چىچىنى باشقىدىن ئۆزگەرتىپ تاراش بۇ ياقتا تۇرسۇن، بەلكى ئەينەكتىن ئۆزىگە قاراپمۇ قويمىدى. ئۇ بوشىشىپ كەتتى-دە، قوللىرىنى پەسكە ساڭگىلىتىپ، يەرگە قارىغان پېتى گەپ قىلماستىن ئولتۇردى ۋە ئويلاشقا باشلىدى. ئۇ ئەرنى، ئەركەك كىشىنى، كۈچلۈك ھۆكۈمران ۋە نېمە ئۈچۈندۇر جازىبىلىك، ئۇنى بىردىنلا تامامەن باشقىچە ئالەمگە، ئۆز ئالىمىگە، بەخت-سائادەت ئالىمىگە ئېلىپ بارىدىغان ۋۇجۇتنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۆز بالىسىنى، يەنى تۈنۈگۈن ئېمىزگۈچى ئانا قىزىنىڭ قۇچىقىدا كۆرگەندەك بالىنى ئۆز قۇچىقىدا تۇتۇپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئېرى خۇددى يېنىدا ئۇنىڭغا ۋە بالىغا مېھرىۋانلىق بىلەن قاراپ تۇرغاندەك ئىدى. "ياقەي، بۇ قىلچە مۇمكىن بولمايدىغان ئىش، مەن ناھايىتى خۇنۈك" — دەپ ئويلايتتى كىنەز قىزى ئۆزىچە.

— چايغا مەرھەمەت قىلىڭ، كىنەز ھازىر چىقىدۇ، — دەپ ئۆيى خىزمەتچىسىنىڭ ئاۋازى ئىشىكتىن ئاڭلاندى.

كىنەز قىزى ئۆزىگە كەلدى-دە، ئويلىغان ئويلىرىدىن قورقۇپ كەتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇردى-يۇ، تۆۋەنگە چۈشۈش ئالدىدا، بۇتلارنىڭ سۈرەتلىرى قويۇلغان ئۆيگە كىردى ۋە شام-چىراقلار يورۇتۇپ تۇرغان نىجاتچىنىڭ چوڭ سۈرىتىدىكى قاپ-قارا يۈزىگە تىكىلىپ قاراپ، قوللىرىنى قوشتۇرغان پېتى بىرقانچە مىنۇت تۇرۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قالدى. كىنەز قىزى مارىيەنىڭ قەلبى ئازاپلىغۇچى شۈبھە بىلەن لىق تولغان ئىدى. ئۇنىڭدا ئىشقى-مۇھەببەت خوشاللىقى ۋە ئەركەك كىشىگە نىسبەتەن دۇنياۋىي مۇھەببەت بولۇشى مۇمكىنمىكىن؟ كىنەز قىزى مارىيە نىكا توغرىسىدا ئويلىغىنىدا ئائىلىۋى بەخت ۋە پەرزەنت ھەققىدە خىيال سۈرەتتى، لېكىن، ئۇنىڭ ئەڭ ئاساسلىق، ئەڭ كۈچلۈك ۋە يوشۇرۇن ئارزۇسى دۇنياۋىي مۇھەببەت ئىدى. ئۇ بۇ ھېسسىياتىنى باشقىلاردىن ۋە ھەتتا ئۆزىدىن يوشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشقانسېرى شۇنچە كۈچىيىپ باراتتى. ھەي خۇدا، — دەيتتى ئۇ ئۆزىگە ئۆزى، — قەلبىمدىكى بۇ شەيتانى ۋەسۋەسىنى قانداق قىلىپ يەڭسەم بولار؟ سېنىڭ ئىرادەڭنى تېچقىنا بىجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، بۇ يامان خىياللاردىن قانداق قىلىپ مەڭگۈ قۇتۇلارمەن؟ ئۇ بۇ سوئالنى بېرىش بىلەن تەڭ، خۇدا ئۇنىڭغا ئۇنىڭ ئۆز قەلبى ئارقىلىق جاۋاپ بەردى: "ئۆزەڭ ئۈچۈن ھېچنەرسىنى ئارزۇ قىلما؛ ھېچنېمىنى ئىزدىمە، ھېچنېمىگە قايغۇرما ھېچكىمگە ھەسەت قىلما. كىشىلەرنىڭ كېلىچىكى ۋە سېنىڭ تەقدىرىڭ ساڭا نامەلۇم بولۇشى كېرەك؛ لېكىن شۇنداق ياشىغىنكى، ھەممىگە تەييار تۇرىدىغان بولغىن. ئەگەر خۇدا ساڭا نىكالىنىش مەجبۇرىيىتىنى يۈكلەپ سېنى سىنىماقچى بولسا، ئۇنىڭ ئىرادىسىنى بىجا كەلتۈرۈشكە تەييار تۇرغىن". كىنەز قىزى مارىيە تەسەللى بولىدىغان شۇ پىكىرلەر بىلەن (لېكىن يەنىلا مەنى قىلىنغان دۇنياۋىي ئارزۇ-ھەۋەسنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈمىدى بىلەن) ئۇھ تارتىپ چوقۇنىدى-دە، نە كۆينەك، نە چاچلىرى، نە مېھمانلار ئالدىغا قانداق كىرىشى ۋە نە ئۇلارغا نىمە دېيىشى توغرىسىدا قىلچە ئويلىماستىن پەسكە چۈشتى. خۇدانىڭ ئىرادىسىز كىشىنىڭ بىر تال چېچى بېشىدىن چۈشۈپ كېتىشى

مۇمكىن بولمىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ يازمىشى بىلەن سىڭىشىپ كەتكەن بۇ نەرسىلەر نىمە دىگەن گەپ؟

## 4

كىنەز قىزى مارىيە ئۆيگە كىرگەندە، كىنەز ۋاسىلى كىچىككىنە كىنەز ئايىم ۋە بۇرىيىننى خېنىم بىلەن مېھمانخانىدا گەپلىشىپ ئولتۇراتتى. كىنەز قىزى ئېغىر قەدەم بېسىپ، تاپىنى بىلەن دەسسەپ كىرىپ كەلگەندە، ئەرلەر ۋە بۇرىيىننى خېنىم ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى؛ كىچىككىنە كىنەز ئايىم ئۇنى ئەرلەرگە كۆرسىتىپ: "مانا، مارىيە!" دىدى. كىنەز قىزى بىر قاراپ ھەممەيلەننى يېپپە-دىن-يېڭىنىسىغىچە كۆزدىن كۆچۈرۈپ چىقتى. ئۇ بىر پەس جىددى قىياپەتكە كىرگەن ۋە يەنە دەرھال تەبەسسۇم قىلغان كىنەز ۋاسىلى-نىڭ يۈزىنى، مارىيە مېھمانلاردا قانداق تەسىرات پەيدا قىلىدىكىن دەپ ماراپ قاراپ تۇرغان كىچىككىنە كىنەز ئايىمنىڭ يۈزىنى كۆردى. ئۇ يەنە بۇرىيىننى خېنىمنى، ئۇنىڭ تاقىۋالغان لېنتى-سىنى، ئۇنىڭ چىرايلىق يۈزىنى، ئۇنىڭ ئاناتولغا تىكىلىپ قاراپ تۇرغان ناھايىتى روھلۇق قىياپىتىنىمۇ كۆردى؛ لېكىن ئۇ ئاناتولىنىڭ يۈزىنى كۆرەلمەيتتى، ئۇ پەقەت ئالدىغا كېلىۋاتقان قانداقتۇ چوڭ، قامەتى كېلىشكەن چىرايلىق بىر گەۋدىنى كۆرەتتى، خالاس. كىنەز قىزىنىڭ ئالدىغا ئاۋال كىنەز ۋاسىلى كەلدى ۋە كىنەز قىزى ئۇنىڭ قولى ئۈستىگە ئېگىلگەن چېچى يوق ئايپاق بېشىغا سۆيۈپ قويۇپ، سۆزلىرىگە جاۋابەن "ئەكسىچە، سىز مېنىڭ ناھايىتى ئېسىمدە بار-سىز" دىدى. كېيىن ئاناتول ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. مارىيە ئۇنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

يەنىلا كۆرەلمەيتتى. ئۇ پەقەت قولىنى يۇمشاقىنە بىر قولىنىڭ قاتتىق تۇتقانلىقىنى ۋە بىلىكى خۇشبۇي چاچ مېيى بىلەن يېپىشىپ تۇرغان چىرايلىق قوڭۇر چاچلار ئاستىدىكى ئاپپاق پىشانىگە سەل تېگىپ كەتكەنلىكىنى سېزەتتى. ئۇ ئاناتولىنىڭ يۈزىگە قارىغاندا، ھۆسنى ئۇنى ھەيرانلىقتا قالدۇرغان ئىدى. ئاناتول ئۇڭ قولىنىڭ باشمالتىقىنى كىيىمىنىڭ ئېتىلگەن ئىككى تۈگمىسى ئارىسىغا تىقىپ، كۆكرىكىنى ئالدىغا، يەلكىسىنى ئارقىسىغا چىقىرىپ، ئالدىغا چىقىرىپ قويۇلغان بىر پۇتىنى تەۋرىتىپ ۋە بېشىنى سەل تۆۋەن سىلىپ، گەپ-سۆز قىلماستىن كىنەز قىزىغا، ئەپتىدىن، ئۇنىڭ توغرىسىدا ھېچ ئويلىماستىن، ئوچۇق چىراي بىلەن قاراپ تۇراتتى. ئاناتول گەپ-سۆزلەردە تاپقۇر ئەمەس، گەپكە چېچەن ۋە ئۇستا ئەمەس، لېكىن ئۇ يۇقۇرى تەبىقە دائىرىسىدىكىلەرگە مۇناسىپ ئۆزىنى ۋەزمىن تۇتىدىغان ۋە ئۆزىگە قاتتىق ئىشىنىدىغان خىسلەتلىك ئادەم ئىدى؛ ئۆزىگە ئىشەنمەيدىغان ئادەم بىر كىشى بىلەن بىرىنچى مەرتىۋە تونۇشقاندا نىمە دېيىشنى بىلمەي جىم بولۇپ قالسا ۋە مۇنداق جىم بولۇپ قېلىش ئەدەپسىزلىك دەپ ئويلاپ قانداقتۇ بىرەر گەپ تېپىش ئويىدا بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويسا، ئەلۋەتتە ياخشى ئەمەس؛ لېكىن ئاناتول گەپ قىلماي جىم تۇرغان بولسىمۇ، بىر پۇتىنى تەۋرىتىپ، كىنەز قىزىنىڭ چاچلىرىنى تەبەسسۇم بىلەن كۆزىتىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ خېلى ئۇزاق ۋاقىت مۇشۇنداق گەپ قىلماستىن بىمالال تۇرالىشى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چىرايى گويا "ئەگەر بۇ جىمجىتلىق ئوڭايسىزلىق بولسا، قېنى سىلەر سۆزلەۋېرىڭلار، مېنىڭ گەپ قىلغۇم كەلمەيۋاتىدۇ" دېگەندەك قىلاتتى. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، ئاناتول ئاياللار بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا ئۆزىنى ئۈستۈن تۇتۇپ

ئۇلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان شۇنداق بىر قىلىقنى قىلاتتىكى، ئۇنىڭ
بۇ قىلىغى ئايالـلاردا ھەمـمـىدىن كۆپـرەك قـىزىقىـسىنىپ قاراش،
قورقۇش ۋە ھەتتا مۇھەببەت ھېسسىياتىنى پەيدا قىـلاتتى. ئۇ ئۆزد-
نىڭ كۆرۈنۈشى بىلەن ئۇلارغا گوياكى "بىلىمەن سىلەرنى، بىلىمەن،
سىلەر بىلەن ئاۋارە بولۇپ يۈرىمەنمۇ؟ سىـلەر جان دىـگەن ئىدىڭ-
لارغۇ؟" دىگەندەك قىلاتتى. ئۇ ئېھـتىمال، ئايالـلار بىلەن ئۇچـراش-
قاندا بۇنداق دەپ ئويلىمىغان بولۇشى مۇمكىن (ھەتـتا ئويلىـماسلى-
غىمۇ مۇمكىن، چۈنكى ئومۇمەن كەم ئويلايتـتى)، لېـكىـن ئۇنىڭ
كۆرۈنۈشى ۋە قىلىغى كىشىلەردە مۇشۇنداق تەسىرات پەيدا قىلاتتى.
كىنەز قىزى بۇنى سەزدى ۋە خۇددى ئۇنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تار-
تىشنى ئويلاشقا جۈرئەت قىلمىغانلىغىنى ئۇنىڭغا كۆرسەتمەكچى بولغان-
دەك قېرى كىنەزگە مۇراجىئەت قىلدى. كىچىككىنە كىنەز ئايىمىنىڭ
ساز ئاۋازى ۋە ئۇنىڭ يۇمشاق تۈك باسقان نازۇك لېۋى كۆتىرىلىپ،
ئاپپاق چىشلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغانلىغى تۈپەيلىـدىن، سۆھبەت كەڭ
ۋە جانلىق تۈس ئېلىپ كەتتى. كىچىككىنە كىنەز ئايىم كىـنەز ۋاسى-
لىنى كۆپىنچە كۆپ گەپلىك، خۇشچاخچاق كىشىـلەرگە خاس پوزىت-
سىيە بىلەن قارشى ئالدى، بۇنداق پوزىتـسىيە شۇنىڭـدىن ئىبارەت
ئىدىكى، مۇئامىلىدە بولۇۋاتقان كىـشى بىلەن ئـۆزى ئوتـتۇرىـسىدا
قانداقتۇ ئۇزۇندىن بېرى مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان ھەمـمىگە ئانچە
مەلۇم بولمىغان خۇشچاقچاقلار ۋە قىزىق خاتىرىـلەر باردەك ئىـدى،
ھالبۇكى، مۇنداق خاتىرىلەر ئەسلا يوق ئىـدى، كىچىـكىنە كىـنەز
ئايىم بىلەن كىنەز ۋاسىلى ئوتتۇرىسىدا مۇنـداق مۇناسىۋەتلەر تېخىمۇ
مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. كىنەز ۋاسـىلى مۇنـداق مۇئامىلـىگە دەررۇ
قوشۇلدى؛ كىچىككىنە كىنەز ئايىم ئۆزى ئوبدان بىلمىگەن ئاناتولنىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ھېچقاچان بولۇپ باقمىغان بۇ كۆلكىلىك ۋەقەلەر خاتىرىسىگە تارتىپ كىردى. بۇرۇنقى خىيىمۇ بۇ ئۇمۇمىي خاتىرىلەرگە قوشۇلدى، ھەتتا كىنەز قىزى مارىيەمۇ ئۆزىنىڭ بۇ قىزىق خاتىرىلەرگە تارتىلغانلىقىنى مەمنۇنىيەت بىلەن ھېس قىلدى.

— مانا ھېچبولمىغاندا سىز ئەمدى تامامەن بىزنىڭ ئىختىيارىمىزدا سىز، سۆيۈملۈك كىنەز، — دېدى كىچىككىنە كىنەز ئايىم (ئەلۋەتتە فرانسۇزچە) كىنەز ۋاسىلىغا، — بۇ بىزنىڭ Annette نىڭكىدىكى ئولتۇرۇشىمىزغا ئوخشاش ئەمەس، ئۇ يەردە سىز ھەمىشە قېچىپ كېتەتتىڭىز. ئېسىڭىزدە بارمۇ cette chere Annette(سۆيۈملۈك ئاننېت)؟

— ھە، سىزمۇ مېنى Annette غا ئوخشاش سىياسەت توغرىسىدا گەپ قىلدۇرمايسىز!

— چاي شىرەسى ئەتراپىدا ئولتۇرغىنىمىزچۇ؟

— ھە، راست!

— سىز نېمىشقا Annette نىڭكىگە زادىلا بارماس بولۇپ قالدىڭىز؟ — دەپ سورىدى كىچىككىنە كىنەز ئايىم ئاناتولدىن، — ھە! مەن بىلىمەن، بىلىمەن، — دېدى ئۇ كۆز يۇمچەكلەپ قويۇپ، — ئاكىڭىز ئىپپولىت ماڭا سىزنىڭ ئىشلىرىڭىزنى دېگەن ئىدى. بىلىمەن! — دېدى بارمىقى بىلەن دوق قىلىپ قويۇپ. — پارىژدا قىلغان شوقلۇقلىرىڭىزنىمۇ ئۇقىمەن!

— ئىپپولىت ساڭا ئېيتمىغانمىدى؟ — دېدى كىنەز ۋاسىلى ئوغلىغا قاراپ ۋە كىنەز ئايىم خۇددى قېچىپ كەتمەكچى بولۇۋاتقاندەك ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلىپ (ئۇنىڭ قولىغا ئاران ئېسىلىپ ئۈلگۈردى)، — ئۇ ئىپپولىتنىڭ سۆيۈملۈك كىنەز ئايىمىنى دەپ قاغجىراپ

كەتكەنلىكىنى ۋە كىنەز ئايمىنىڭ le mettaità la porte (ئۇنى ئۆيدىن قانداق قوغلاپ چىقارغانلىقىنى) ساڭا دېمىگەنمىدى؟

— Oh! C’est la perle des femmes, princesse! (ئوھ-و! بۇ — ئايالالارنىڭ گۆھىرى ئىكەنغۇ، كىنەز قىزى!) — دېدى كىنەز ۋاسىلى كىنەز قىزىغا.

كىچىككىنە كىنەز ئايىم پارىژ توغرىسىدا گەپ ئاچقاندا، بۇرۇنىنى خېنىم پۇرسەتنى غېنىمەت بىلىپ گەپكە قوشۇلدى.

ئۇ ئاناتولدىن پارىژدىن كەلگىنىگىزگە خېلى ئۇزاق بولدىمۇ ۋە بۇ شەھەر سىزگە ياقامدۇ دەپ سورىدى. ئاناتول بۇ فرانسۇز ئايالغا ناھايىتى ئىشتىياق بىلەن جاۋاپ بەردى ۋە كۈلۈمسىرەپ قاراپ ئۇنىڭ ۋەتىنى توغرىسىدا گەپلىشىپ كەتتى. ئاناتول چىرايلىقىنا بۇرۇنىنى خېنىمنى كۆرۈپ، بۇ يەردە، لىسىگورىدىمۇ زېرىكىپ قالمايدىكەنمەن دېدى. "ناھايىتى جايىدا! — دېدى ئۇنىڭغا قاراپ چىقىپ، — بۇ demoiselle de compagine (كىچىك ئۈلپەتچى قىز) ناھايىتى جايىدا ئىكەن. كىنەز قىزى ماڭا تەگسە، ئۇنى ھەم بىللە ئېلىپ بارار، — دېدى ئىچىدە، — la petite est gentille (ناھايىتى، ناھايىتى جايىدا)"

قېرى كىنەز قاپىقىنى تۈرۈپ ۋە نېمە قىلسام بولاركىن دەپ ئويلىنىپ، ھوجرىسىدا ئالدىرىماستىن كىيىنمەكتە ئىدى. بۇ مېھمانلارنىڭ كېلىشى ئۇنىڭ چىشىغا تەككەن ئىدى. "كىنەز ۋاسىلى-يۇ ۋە ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ نېمە كېرىكى بار؟ كىنەز ۋاسىلى ماختانچاق، بىمەنە ئادەم، ئۇنىڭ ئوغلىمۇ ئۆزىدىن قېلىشمىسا كېرەك" — دەپ غۇدۇڭ-شۇيىتتى ئۆزىچە. ئۇنى شۇ نەرسە ئاچچىقلاندۇرغان ئىدىكى، بۇ مېھمانلارنىڭ كېلىشى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ھەل قىلىنمىغان ۋە دائىم

www.uyghurkitap.com

يوشۇرۇپ كېلىۋاتقان مەسىلىنى — قېرى كىنەز بۇ توغرىدا ھەمىشە ئۆزىنى ئۆزى ئالداپ كېلىۋاتقان مەسىلىنى ئوتتۇرىغا چىقارغان ئىدى. قاچان بولمىسۇن كىنەز قىزى مارىيەدىن ئايرىلىپ قېلىش ۋە ئۇنى ئەرگە بېرىشكە ماقۇل بولالمىدۇ-يوق — مەسىلە مانا شۇنىڭدىن ئىبارەت ئىدى. كىنەز ۋاسىلى ھېچقاچان ئۆزىگە توغرىدىن-توغرا بۇ سۇئالنى بېرىشكە جۈرئەت قىلغان ئەمەس، چۈنكى بۇ سۇئالغا ئادىللىق بىلەن جاۋاپ بېرىش كېرەكلىكىنى ئۆزى بىلەتتى، ئادىللىق بىلەن جاۋاپ بېرىش بولسا ئۇنىڭ تۇيغۇسىغا زىت كېلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى پۈتۈن تىرىكچىلىك ئىمكانىيەتلىرىدىن مەھرۇم قىلاتتى. كىنەز نىكولاي ئاندرېيېۋىچ كىنەز قىزىنى ئانچە قەدىرلىمەگەندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭسىز ياشاشنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمەيتتى. "ئۇنىڭغا ئەرگە تېگىشنىڭ نېمە كېرىكى بار؟ — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — شور پېشانە بولسا كېرەك-دە، مانا، لىزا ئاندرېيغا تەگدى (ھازىرقى زاماندا بۇنىڭدىن ياخشى ئەرنى تېپىشمۇ قىيىن)، لىزا ئۆز تەقدىرىدىن مەمنۇنمۇ؟ كىممۇ ئۇنى ياخشى كۆرۈپ ئالاتتى؟ خۇنۈك، كالامپاي! كىشىلەر ئالسىمۇ ئۇنىڭ پەقەت مال-مۈلكى ۋە نامىنى دەپ ئالار. ئەرگە تەگمەي ئۆتۈپ كېتىدىغان قىزلارمۇ بارغۇ؟ بەختلىكرەك تېخى!" كىنەز نىكولاي ئاندرېيېۋىچ كېيىملىرىنى كىيىۋېتىپ مۇشۇنداق ئويلايتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، بارغانسېرى ئارقىغا تارتىپ كېلىۋاتقان بۇ مەسىلە دەرھال ھەل قىلىنىشنى تەلەپ قىلاتتى. كىنەز ۋاسىلى ئوغلىنى، روشەنكى، كىنەز قىزىغا ئۆيلەندۈرۈش نىيىتى بىلەن ئېلىپ كەلگەن ئىدى ۋە بۇ ھەقتە بۈگۈن ياكى ئەتە توپ-توغرا جاۋاپ تەلەپ قىلىدىغاندەك ئىدى. ئۇنىڭ ئابرويى ۋە يۇقۇرى تەبىقىلەر دائىرىسىدىكى ئورنى

يامان ئەمەس. "خەير، مەيلى، مەن قارشى ئەمەسمەن" — دەيتتى ئۆزىگە ئۆزى، "لېكىن، ئوغلى قىزىمغا لايىق بولسۇن. مانا، مۇشۇ تەرىپىنى ئويلاپ كۆرىمىز".

— مانا، بۇ تەرىپىنى ئويلاپ كۆرەرمىز، — دېدى كىنەز ئاۋازىنى چىقىرىپ، — مانا بۇ تەرىپىنى ئويلاپ كۆرەرمىز.

شۇنىڭ بىلەن نىكولاي ئاندرېيېۋىچ هەر ۋاقىتتىكىدەك، تېتىك قەدەم تاشلاپ مېهمانخانىغا كىرىپ كەلدى-دە، تېز-تېز هەممەيلەنگە بىر-بىرلەپ قاراپ چىقتى ۋە كىچىككىنە كىنەز ئايىمىنىڭ باشقا كۆينەك كىيىۋالغانلىقىنى، بۇرىيېننىڭ كىچىككىنە لېنتىسىنى، كىنەز قىزى مارىيەنىڭ خۇنۇك چاچلىرىنى، بۇرىيېننى بىلەن ئاناتولنىڭ تەبەسسۇم قىلىشىپ ئولتۇرۇشقانلىقىنى ۋە قىزىنىڭ بۇ يەردە ئولتۇرغانلار ئارىسىدا غېرىبانە بولۇپ قالغانلىقىنى بايقىدى. "مۇشۇنداق ئەخمەقانە ياسانغان بارمۇ!" — دېدى ئىچىدە قىزىغا غەزەپلىنىپ قاراپ، "ئۇياتسىز! كاشكى، كۈيوغۇل بولغۇچى ئۇنى پىسەنت قىلسا!"

ئۇ كىنەز ۋاسىلىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— سالام، سالام، خۇش كەپسىز.

— يېقىن دوست ئۈچۈن، مىڭ چاقىرىم يولمۇ يىراق ئەمەس، — دېدى كىنەز ۋاسىلى هەر ۋاقىتتىكىدەك تېز، ئۆزىگە ئىشەنگەن هالدا ۋە تەكەللۇپسىزلىك بىلەن، — مانا بۇ ئىككىنچى ئوغلۇم، مەرهەمەت ۋە شەپقىتىڭىزنى سورايمەن.

كىنەز نىكولاي ئاندرېيېۋىچ ئاناتولغا باشتىن-ئاياق قاراپ چىقتى.

— يىگىت، يىگىت، قېنى، كەل سۆيۈپ قوي، — دېدى كىنەز

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

مەڭزىنى ئاناتولغا تۇتۇپ.

ئاناتول بوۋايىنى سۆيۈپ قويدى ۋە ئاتىسى يول ئۈستىدە ئېيتقان ھېلىقى غەلىتە قىلىقنى قاچان پەيدا قىلدىغانلىقىنى كۈتۈپ، ناھايىتى قىزىقىش ۋە تامامەن ۋەزمىنلىك بىلەن بوۋايغا قاراپ ئولتۇراتتى.

كىنەز نىكولاي ئاندرىيېۋىچ دىۋاننىڭ بۇلۇڭىدا ئادەتتىكى ئورنىدا ئولتۇرۇپ، كىنەز ۋاسىلى ئۈچۈن بىر كرېسلونى ئالدىغا تارتىپ كۆرسەتتى ـ دە، سىياسى ئىشلار ۋە يېڭى ئەھۋاللارنى سوراشقا باشلىدى. ئۇ كىنەز ۋاسىلىنىڭ گەپلىرىگە دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىۋاتقاندەك قىلسىمۇ، لېكىن كۆزىنى كىنەز قىزى مارىيەدىن ئۈزمەيتتى.

ــ دېمەك، پودستامدىن خەت يېزىشىپتۇ، دەڭ؟ ــ دېدى كىنەز ۋاسىلىنىڭ ئاخىرقى سۆزىنى تەكرارلاپ ۋە بىردىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ قىزىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

ــ مېھمانلارنى دەپ مۇشۇنداق ياساندىڭمۇ، ھە؟ ــ دېدى قېرى كىنەز، ــ ھەي ـ ھەي، نېمە دېگەن ياخشى! مېھمانلارنىڭ ئالدىغا يېڭىچە ياسىنىپ چىقىپسەن، مېھمانلارنىڭ ئالدىدا ساڭا ئېيتىپ قويايكى، بۇندىن كېيىن مېنىڭ ئىجازىتىمسىز ئۆزەڭنى مۇنداق ياساندۇرۇشقا جۈرئەت قىلما.

ــ بۇنىڭغا مەن ئەيىپلىك، mon père (ئاتا!)، ــ دېدى كىچىككىنە كىنەز ئايىم قىزىرىپ ۋە ئۇنىڭ تەرىپىنى ئالدى.

ــ ئىختىيار تامامەن ئۆزىڭىزدە، ــ دېدى كىنەز نىكولاي ئاندرىيېۋىچ كېلىنىنىڭ ئالدىدا تازىم قىلىپ، ــ ئۆزىگە ياراشمايدىغان ئىشنى قىلىشنى ئۇنىڭغا كىم قويۇپتۇ، بۇنىڭسىزمۇ ئۇنىڭ ئۆزى خۇنۇك ـ دە!

قېرى كىنەز ئورنىدا يەنە ئولتۇردى-دە كۆزىگە لىق ياش ئالغان قىزىغا يەنە دىققەت-نەزىرىنى سالماي قويدى.

— ئەكسىچە، چاچنى مۇنداق تاراش كىنەز قىزىغا ناھايىتى يارىشىپتۇ، — دىدى كىنەز ۋاسىلى.

— قېنى، ئەزىزىم، ياش كىنەز، ئېيتىڭىز نىمىدى؟ — دىدى كىنەز نىكولاي ئاندرېيېۋىچ ئاناتولغا قاراپ، — بۇ ياققا كېلىڭ، گەپلىشەيلى، تونۇشايلىچۇ.

— مانا، ئەمدى باشلىنىدىغان بولدى تاماشا، — دەپ ئويلىدى كۆڭلىدە ئاناتول ۋە تەبەسسۇم بىلەن قېرى كىنەزنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— قېنى، سىزنى چەتئەلدە ئوقۇپ تەربىيلەنگەن دىيىشىدۇ. ئاتىڭىز بىلەن ئىككىمىزگە ئوخشاش پوپ ساۋادىڭىزنى چىقارغان ئەمەس. ئېيتىڭا ياخشى يىگىت، سىز ھازىر ئاتلىق گىۋاردىيىسىدە خىزمەت قىلامسىز؟ — دەپ سورىدى بوۋاي ئاناتولغا يېقىن كېلىپ ۋە دىققەت بىلەن قاراپ.

— ياق، ئارمىيىگە ئۆتتۇم، — دەپ جاۋاپ بەردى ئاناتول كۈلكىسىنى ئاران بېسىۋېلىپ.

— شۇنداقمۇ! ياخشى. ئېيتماقچى، ياخشى يىگىت، پادىشا بىلەن ۋەتەنگە خىزمەت قىلماقچىمۇ سىز؟ ئۇرۇش ۋاقتى، سىزدەك يىگىت، ئەلۋەتتە خىزمەت قىلىشى كېرەك، خىزمەت قىلىشى كېرەك. خوش، فرونتقا بارماقچىمۇ سىز؟

— ياق، كىنەز، بىزنىڭ پولك يۈرۈپ كەتتى. مەن ھازىر...... مەن ھازىر قانداق خىزمەتتىمەن، دادا؟ — دىدى ئاناتول ئاتىسىغا قاراپ كۈلۈپ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— ئۆزى خىزمەتتە بولسۇنۇ، يەنە نىمە خىزمەتتىمەن دەپ سوراش! ھا-ھا-ھا! — دەپ كۈلۈپ كەتتى كىنەز نىكولاي ئاندرېيېۋىچ.

شۇنىڭ بىلەن ئاناتول ئۇنىڭدىنمۇ قاتتىق قاقاخلاپ كۈلۈپ كەتتى.

كىنەز نىكولاي ئاندرېيېۋىچ بىردىنلا قاپىغىنى تۈرۈپ قويدى.

— ھە، بار، — دېدى ئاناتولغا.

ئاناتول ئىلجىيىپ يەنە خانىملارنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— سەن بۇلارنى چەتئەلگە ئەۋەتىپ تەربىيىلىگەن ئەمەسمۇ، كىنەز ۋاسىلى؟ شۇنداقمۇ؟ — دېدى قېرى كىنەز ۋاسىلىغا.

— مەن قولۇمدىن كېلىدىغان ھەممە ئىشلارنى قىلدىم؛ مەن سىزگە ئېيتسام، ئۇ يەردىكى تەربىيە بىزدىكىدىن ياخشىراق.

— ھە، ھازىر ھەممە نەرسە ئۆزگىرىپ، يېڭىچە بولۇپ كەتكەن، ناھايىتى ياخشى يىگىت بوپتۇ! ياخشى يىگىت! قېنى، مېنىڭ ھوجرامغا بارايلى.

ئۇ كىنەز ۋاسىلىنى قولتۇقلاپ ھوجرىسىغا ئېلىپ كىردى.

كىنەز ۋاسىلى كىنەز بىلەن تەنھا قالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دەرھال ئۇنىڭغا ئۆز خاھىش ۋە ئۈمىتلىرىنى بايان قىلدى.

— نىمە، مېنى ئۇنىڭغا ئېسىلىۋالىدۇ، ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايدۇ دەپ ئويلامسەن؟ — دېدى قېرى كىنەز ئاچچىغلىنىپ، — نىمە دىگەن گەپ! — دېدى تېخىمۇ جەھلى چىقىپ، — مېنى دىسە ئەتىلا بولسۇن! ساڭا شۇنىلا ئېيتىپ قوياي، مەن كۈيوغلۇمنى ياخشىراق بىلىشنى ئىستەيمەن. سەن مېنىڭ ئادىتىمنى ئۆزەڭ بىلىسەن: ھەممە گېپىم ئاشكارە. مەن ئەتە سېنىڭ ئالدىڭدا مارىيەدىن سورايمەن: ئەگەر ئۇ خالىسا، ئۇ (ئاناتول — تەر) مۇشۇ يەردە قېلىۋەرسۇن. قېلىۋەرسۇن،

كورەرمىز، ــ كىنەز دىمىغىنى قېقىپ قويدى، ــ مەيلى تىگشۈەرسۇن، ماڭا بەرىبىر، ــ دېدى ئۇ خۇددى ئوغلى بىلەن خوشلىشىۋاتقان چاغدىكىدەك جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن ۋاقىرىدى.

ــ مەن سىزگە توپ ـ توغرا ئېيتايكى، ــ دېدى كىنەز ۋاسىلى سۆھبەتداشىنىڭ ھوشيارلىغىنى سېزىۋېلىپ ئەمدى ھەييارلىق قىلىشىنىڭ زۆرۈر ئەمەسلىكىگە ئىشەنچ ھاسىل قىلغان ھەييار ئادەم ئاھاڭى بىلەن، ــ سىز ئادەمنى بىر كۆرۈش بىلەنلا ئىچى ۋە تېشىنى بىلىۋالىسىز. ئاناتول زاكاۋەت ئىگىسى ئەمەس، لېكىن ئۇ سەممى، كۆڭلى ـ كۆكسى ئوبدان يىگىت ــ ياخشى ۋە مېھرىۋان پەرزەنت.

ــ قېنى، قېنى، ياخشى، كۆرەرمىز.

خۇددى ئۇزاق ۋاقىت ئەرلەرنىڭ ئۇلپەتچىلىگىسىز يەككە ھالدا كۈن كۆچۈرۈپ كەلگەن ئاياللاردا ھەمىشە بولىدىغان ئەھۋاللارغا ئوخشاش، ئاناتولنى كۆرۈش بىلەن تەڭ كىنەز نىكولاي ئاندرېيېۋىچ ئۆيىدىكى ئۈچ ئايالنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا ئۆزىنىڭ شۇ چاققىچە ئۆتكۈزگەن ھاياتىنىڭ ھەقىقى ھايات ئەمەس ئىكەنلىگىنى ھېس قىلىشاتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ پىكىر قىلىش، ھېس قىلىش ۋە كۈزىتىش كۈچى بىردىنلا ئون ھەسسىلەپ ئېشىپ كەتتى ۋە گويا ئۇلارنىڭ شۇ ۋاقىتقىچە قاراڭغۇلۇقتا ئۆتۈپ كەتكەن ھاياتى بىردىنلا يېڭى مەزمۇنغا باي بىر نۇر بىلەن يورۇتۇلغاندەك بولدى.

كىنەز قىزى مارىيە ئۆزىنىڭ چىرايى ۋە چاچلىرى توغرىسىدا ئەسلا ئويلىمايتتى ۋە خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى. ئۇنىڭ ئېرى بولۇش ئېھتىمالى بولغان ئادەمنىڭ چىرايلىق ۋە ئوچۇق چىراي قىياپىتى ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس ـ ھوشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلغان ئىدى. بۇ يىگىت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ كۆزىگە خۇشپېئىل، جەسۇر، قەتئىي ئىرادىلىك، باتۇر ۋە ئالىجاناپ كۆرۈنەتتى ۋە بۇنىڭغا قايىل بولغان ئىدى. كەلگۈسى ئائىلىۋى تۇرمۇش توغرىسىدىكى مىگىلىغان خىياللار ئۇنىڭ مېڭىسىدە ئۈزۈلمەي تۇغۇلۇپ تۇراتتى. ئۇ بۇ خىياللارنى مېڭىسىدىن چىقىرىۋېتىشكە ۋە بۇ خىياللارنى يوشۇرۇشقا تىرىشاتتى.

"لېكىن ئۇنىڭغا ئارتۇقچە سوغۇق مۇئامىلە قىلىپ قويىدۇممىكىن؟" — دەپ ئويلايتتى كىنەز قىزى مارىيە ئۆزىچە. "مەن ئۆزەمنى تۇتۇشقا تىرىشىمەن، چۈنكى چوڭقۇر قەلبىمدە ئۆزەمنى ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئارتۇقچە يېقىن دەپ ھېس قىلىۋاتىمەن؛ ئەمما ئۇ كۆڭلۈمدە ئۇنىڭ توغرىسىدا نېمىنى ئويلاۋاتقانلىقىمنى بىلمەيدۇ ۋە ئۆزىچە مەن ئۇ قىزغا ياقمىدىم دەپ ئويلاپ قېلىشى مۇمكىن".

شۇ سەۋەپتىن، كىنەز قىزى مارىيە بۇ يېڭى مېھمان بىلەن ئېچىلىپ مۇئامىلە قىلىشقا تىرىشاتتى، ئەمما مۇنداق قىلالمايتتى.

(بىچارە) La pauvre fille! Elle est diablement laide — قىز! نېمە دېگەن خۇنۇك)، — دەپ ئويلايتتى ئاناتول ئۆزىچە.

ئاناتولنىڭ كېلىشى بىلەن ئوخشاشلا ناھايىتى ھاياجانلىنىپ كەتكەن بۇرىيەننى خېنىم بولسا باشقىچە پىكىردە ئىدى. يۇقۇرى تەبىقىلەر دائىرىسىدە بەلگىلىك ئورنى بولمىغان، ئۇرۇق-تۇققانلىرىدىن، دوستلىرىدىن ۋە ۋەتىنىدىن ئايرىلغان بۇ چىرايلىق ياش قىز، ئۆز ئۆمرىنى ئەلۋەتتە كىنەز نىكولاي ئاندرېيېۋىچنىڭ خىزمىتىگە بېغىشلاش بىلەن ئۆتكۈزۈشنى، يەنى ئۇنىڭغا كىتاپلارنى ئوقۇپ بېرىش ۋە كىنەز قىزى مارىيىگە دوست بولۇش بىلەن ئۆتكۈزۈشنى ئويلىمايتتى. بۇرىيەننى خېنىم خۇنۇك، كىيىنىشنى بىلمەيدىغان، كالامپاي رۇس كىنەز قىزلىرىدىن ئۈستۈنلىگىنى دەرھال

قەدىرلەشنى بىلىدىغان، ئۇنىڭغا كۆيۈپ قالىدىغان ۋە ئۇنى ئىلىپ كېتىدىغان رۇس كىنەزىنى ئۇزۇنىدىن بېرى كۈتۈپ كەلمەكتە ئىدى؛ مانا، بۇ رۇس كىنەزىمۇ ئاخىر يېتىپ كەلدى. بۇرېنىنى خېنىم ھاممىسىدىن ئاڭلىۋالغان ۋە ئاخىرىسىنى ئۆزى تۈگەتكەن بىر ھىكايىنى بىلەتتى، ئۇ بۇ ھىكايىنى ئۆز كۆڭلىدە تەكرارلاپ يۈرۈشنى ياخشى كۆرەتتى. بۇ، ئالدانغان بىر قىزنىڭ كۆزىگە ئۇنىڭ بىچارە ئانىسى كۆرۈنگەنلىگى، sa pauvre mère (بىچارە ئانىسى) نىكالانماي تۇرۇپ ئىمىشقا ئەر كىشىگە كۆڭلۈگىنى بەردىڭ دەپ تەنە-تاپا قىلغانلىغى توغرىسىدىكى ھىكايە ئىدى. بۇرېنىنى ئۆز قىياسىدا ئۇنىڭغا يەنى ئالدىغۇچىغا بۇ ھىكايىنى سۆزلەپ بېرىپ، كۆپىنچە كۆزىگە لىق ياش ئالاتتى. ھازىر ئەنە شۇ "ئۇ" يەنى ھەقىقى رۇس كىنەزى كەلدى. ئۇ ئۇنى ئىلىپ كېتىدۇ، كېيىن ma pauvre (بىچارە ئانىسى) پەيدا بولىدۇ ۋە رۇس كىنەزى بۇرېنىنى خېنىمغا ئۆيلىنىدۇ. بۇرېنىنى خېنىم ئاناتول بىلەن پارىژ توغرىسىدا گەپلىشىپ ئولتۇرغان چاغدا ئۇنىڭ ھەممە كېلەچەك تارىخى كاللىسىدا مۇشۇنداق شەكىللەنگەن ئىدى. بۇرېنىنى خېنىمنى يېتەكلەۋاتقان نەرسە بىرەر پىلان ئەمەس (ئۇ ھەتتا نىمە قىلىش كېرەكلىگىنى بىرەر مىنۇتمۇ ئويلاپ قويمايتتى)، لېكىن، بۇنىڭ ھەممىسى ئاللىقاچان كۆڭلىدە تەييار بولغان ۋە ئەمدى ئاناتول كېلىشى بىلەن تەڭ شۇنى چۆرىدەپ ۋۇجۇتقا چىقىۋاتقان تۇيغۇلىرىغا بېرىلىپ، ئۇنىڭغا يېقىپ قېلىشنى ئىستەيتتى ۋە ئىمكان قەدەر كۆپرەك يېقىپ قېلىش ئۈچۈن تىرىشاتتى.

كىچىككىنە كىنەز ئايىم، خۇددى كاناي ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەن تەڭ قېرىلىغىغا قارىماي چېپىشقا ئىنتىلىۋاتقان قېرى پولك ئېتىغا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئوخشاش، ھېچقانداق سىرلىق مۇددىئا ياكى ئىچكى كۈرەشسىز، بەلكى ساددا ۋە يەڭگىل ئويلۇق خۇشاللىقى بىلەن ئاڭسىز ۋە ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇنۇتقان ھالدا، ئادەتتىكىچە نازلىنىش قىلىقلىرىنى قىلىشقا تەييارلىناتتى.

ئاناتول ئاياللار سۆھبىتىدە ئۆزىنى ئاياللار ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ يۈرۈش جېنىغا تەككەن ئادەم قىلىپ كۆرسەتسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ بۇ ئۈچ ئايالدا پەيدا قىلغان تەسىرىنى كۆرۈپ، شۆھرەتپەرەستلىد-گىنىڭ قانغانلىقىنى ھېس قىلاتتى. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، چىرايلىقلىقىنە ۋە كۆزىنى سۈزۈپ قويىدىغان بۇرىيىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدا پەۋقۇلئاددە تېز قوزغىلىدىغان، ئەڭ قوپال، ئەڭ پەسكەش قىلىقلارنى قىلىشقا باشلايدىغان ھايۋانى ھېس باشلانغان ئىدى.

چايدىن كېيىن مېھمانلار دىۋانلار قويۇلغان دەم ئېلىش بۆلمىسىگە كىرىشتى ۋە كىنەز قىزىنى كلاۋىسكورد چېلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىشتى. ئاناتول ئۇنىڭ ئالدىدا بۇرىيىنى خېنىمغا يېقىن كرېسلودا يانپاشلاپ ئولتۇردى، ئۇنىڭ كۆزلىرى كىنەز قىزى مارىيەگە خۇشال كۈلۈمسىرەش بىلەن قارايتتى. كىنەز قىزى مارىيە ئۇنىڭ قاراشلىرىنى سېزىپ خۇشاللىقىدىن ناھايىتى ھولۇقۇپ كېتەتتى. ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان سوناتا① ئۇنى ئەڭ دىلكەش-شېئىرىيەت دۇنياسىغا ئېلىپ كېتەتتى، ئاناتولنىڭ قاراپ تۇرۇشى بولسا بۇ دۇنياغا تېخىمۇ چوڭ شېئىرىيەت گۈزەللىكى قوشاتتى. ئاناتول گەرچە ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما كۆزى بۇرىيىنى خېنىمنىڭ

① سوناتا — ھەرخىل تېزلىك ۋە ھەركەتلەردىكى بىرنەچچە قىسىمدىن ئىبارەت مۇزىكىلىق ئەسەر. — تەر.

نازۇك ئاياقلىرىنىڭ ھەركىتىدە ئىدى ۋە فورتېپىيانونىڭ تېگىدىن ئايىغىنى ھەر ۋاقىت ئۇنىڭ ئايىغىغا تەگكۈزۈپ قوياتتى ۋە ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىدىمۇ كىنەز قىزى مارىيە شۇچاققىچە كۆرۈپ باقمىغان ۋەھىمە ئارىلاش خوشاللىق ۋە ئۈمىت ئالامەتلىرى ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

"ئۇ مېنى نىمانچىۋالا ياخشى كۆرىدۇ-ھە!" — دەپ ئويلايتتى كىنەز قىزى مارىيە، "مەن ھازىر نىمە دىگەن بەختلىك، مۇنداق دوستۇم ۋە ئەر بىلەن نەقەدەر بەختلىك بولىمەن! ئەر بىلەن-ھە؟" — دەيتتى كۆڭلىدە ئاناتولىنىڭ تىكىلىپ قاراپ تۇرغانلىقىنى سېزىپ، لېكىن ئۆزى ئۇنىڭ يۈزىگە قارىيالمايتتى.

كەچقۇرۇن كەچلىك تاماقتىن كېيىن ھەممەيلەن تارقىلىشقا باشلىغاندا، ئاناتول كىنەز قىزىنىڭ قولىنى سۆيۈپ قويدى. كىنەز قىزى ئۆزىدە غەيرەتنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقىنى ئۆزى ئۇقماي قالدى، لېكىن كىنەز قىزى ئۆزىنىڭ يېقىنىنى كۆرەلەيدىغان كۆزىگە يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان ئاناتولىنىڭ چىرايلىق-قىنە يۈزىگە توپ-توغرا قارايتتى. كىنەز قىزىدىن كېيىن ئاناتول بۇرىيىننىڭ خېنىمنىڭ قولىغا سۆيۈپ قويدى (بۇ ئەدەپسىزلىك بولسىمۇ، ئەمما ئۇ بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى شۇنداق ئىشەنچ بىلەن ۋە ئاددى رەۋىشتە ئورۇنلىدى) ۋە بۇرىيىنى خېنىم قىزىرىپ كەتتى-دە، تەشۋىشلەنگەن ھالدا كىنەز قىزىغا لاپپىدە قاراپ قويدى.

"Quelle dèllica tesse (نىمانچىۋالا ئەتراپلىق)" — دەپ ئويلىدى كىنەز قىزى، "Amelie بۇرىيىنى خېنىمنى شۇنداق دەپمۇ ئاتىشاتتى) مېنى قىزغانچۇقلۇق قىلىدۇ، ئۇنىڭغا بولغان پاك

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مېھرىۋانلىقىم ۋە سادىقلىقىمنى قەدىرلىمەيدۇ دەپ ئويلامدۇ، نىمە؟“ شۇنداق خىياللار بىلەن كىنەز قىزى مارىيە بۇرېننى خېنىمنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنى قاتتىق سۆيدى. ئاناتول كىچىككىنە كىنەز ئايىمنىڭمۇ قولىنى سۆيمەكچى بولۇپ ئالدىغا باردى:

— Non, non, non! Quand votre père m'écrira, que vous vous connduisez bien, je vous donnerai ma main baiser. pas avant (ياق، ياق، ياق! دادىڭىز ماڭا ئوغلۇم ناھايىتى ياخشى بولۇپ قالدى دەپ خەت يازسا، ئەنە شۇچاغدىلا قولۇمنى سۆيۈشكە رۇخسەت قىلىمەن. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى رۇخسەت يوق)، — دېدى كىچىككىنە كىنەز ئايىم ۋە كىچىك بارمىقىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا تەھدىت سېلىپ، ئىلجايغىنىچە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

## 5

ھەممەيلەن تارقىلىپ ئۆي-ئۆيىگە كىرىپ كەتتى، ئورنىدا يېتىش بىلەن تەڭلا كۆزى ئۇيقىغا كەتكەن ئاناتولدىن باشقا ھېچكىممۇ بۇ كېچە ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمىغان ئىدى.

”ئۇ راستىنلا مېنىڭ ئېرىم بولسا، بولۇپمۇ ئەنە شۇ يات، چىرايلىق، مۇلايىم يىگىت؛ ھەممىدىن مۇھىمى — ئۇنىڭ مۇلايىملىقلىغى-دە“، — دەپ ئويلايتتى ھېچقاچان قورقمايدىغان كىنەز قىزى مارىيە كۆڭلى تىنماي. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ قاراشتىن قورقاتتى؛ ئۇنىڭ خىيالىدا پەردە ئارقىسىدىكى قاراڭغۇ بۇلۇڭدا كىمدۇ بىرسى ئۆرە تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. كىمدۇ بىرسى بولغان ئۇ — ئالۋاستى ۋە ئۇ — پېشانىسى ئاپپاق، قاشلىرى قارا ۋە لەۋلىرى قىپ-قىزىل

ھېلىقى ئەركىشى ئىدى.

كىنەز قىزى مارىيە قوڭغۇراقنى جىرىڭشىتىپ خىزمەتكار قىزنى چاقىردى ۋە ئۇنىڭغا شۇ يەردە بىرگە يېتىپ قېلىشنى بۇيرۇدى.

بۇرنىنى خېنىممۇ شۇ كېچىسى ئۇخلىماي كىمدۇ بىرسىنى بىھۆدە كۈتۈپ، بەزىدە كىمگىدۇ كۈلۈپ قويۇپ، بەزىدە ئۆز خىيالىدا pauvre mère (بىچارە ئانىسى)نىڭ چۈشكۈنلىشىپ كەتتىنىڭ دەپ قىلغان تەنە سۆزلىرىدىن يىغلىغۇدەك بولۇپ قىشلىق باغدا ئۇزاق ۋاقىت ئايلىنىپ يۈردى.

كىچىككىنە كىنەز ئايىم بولسا خىزمەتكار قىزغا ئورۇنىنى ئوبدان سالماپسەن دەپ غۇدۇڭشىدى. ئۇ يانپاشلاپمۇ ۋە كۆكرىگىنى بېسىپمۇ ياتالمايتتى. قانداق ھالەتتە بولسىمۇ يېتىشى قىيىن ۋە ئەپسىز ئىدى. قوسىغى ئۇنىڭغا دەخلى قىلاتتى، خۇسۇسەن بۈگۈن ھەر قاچانقىدىنمۇ كۆپرەك دەخلى قىلاتتى؛ چۈنكى ئاناتولنىڭ كېلىشى ئېچىلىپ-يېيىلىپ ئويناپ كۈلۈپ يۈرگەن چاغلىرىنى ئېسىگە كەلتۈرگەن ئىدى. ئۇ ئۇخلىغاندا كىيىدىغان كوفتىسى ۋە باش كىيىمىنى كىيىپ كرېسلودا ئولتۇراتتى. ئۇيقۇسىراپ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن ۋە چاچلىرى چۇۋۇلغان كاتيە بولسا ئۈزچە بىر نىمىلەرنى سۆزلەپ، ئېغىر پەر كۆرپىسىنى ئۈچىنچى قېتىم ئاغدۇرۇپ سالاتتى.

— سالغان ئورنۇڭنىڭ بىر يېرى دۆڭ، بىر يېرى ئويمان دېمىگەنمىدىم، — دەپ قايتا تەكرارلىدى كىچىككىنە كىنەز ئايىم، — كۆزۈم ئۇيقۇ تاتلىغى كۆرگەن بولسا كاشكى؛ دېمەك، بۇنىڭغا مەن ئەيىپلىك ئەمەس-دە، — ئۇنىڭ ئاۋازى خۇددى يىغلىماقچى بولۇۋاتقان بالىدەك تىترەيتتى.

قېرى كىنەزمۇ ئۇخلىيالمىغان ئىدى. تىخون ئۇنىڭ ئاچچىقى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كېلىپ قەدەم تاشلاپ ۋە دىماق قېقىپ يۈرگەنلىكىنى ئۇيقۇ ئارىلاش ئاڭلاپ ياتاتتى. قېرى كىنەز ئۆزىنى قىزى تۇپەيلىدىن ھاقارەتلەنـ‑گەن سېزەتتى. ھاقارەتلىنىش ناھايىتى ئېچىنارلىق ئىدى، چۈنكى بۇ ھاقارەت ئۆزىگە ئەمەس، بەلكى باشقا كىشىگە، ئۆزىدىنمۇ ئارتۇق ياخشى كۆرىدىغان قىزىغا قارىتىلغان ئىدى. ئۇ ئۆزىگە ئۆزى بۇلارنىڭ ھەممىسىنى باشقىدىن ئويلاپ كۆرىمەن ۋە نىمىنى توغرا تاپسام شۇنى قىلىمەن دەيتتى ـ يۇ، لېكىن بۇنىڭ ئورنىغا پەقەت بارغانسېرى ئاچچىقلىناتتى.

"بىر ئەركىشى ئۇچراش بىلەن تەڭلا ئاتىسىمۇ ۋە باشقا ھەممىسىمۇ ئېسىدىن چىقىپ كەتتى؛ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ، چاچلىرىنى يۇقۇرىغا تاراپ، قىيشاڭلاپ كەتتى، ئۆزى ئۆزىگە ئوخشىماي قالدى! ئاتىسىنى تاشلىۋەتسە خوشال بولىدۇ! مېنىڭ بايقاپ قالغانلىقىمنىمۇ بىلىدۇ. ياق...ياق...بۇ ئەخمەقنىڭ بۇرىنىكىغا (ئۇنى قوغلىۋېتىش كېرەك!) قاراپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى مەن بىلمەيمەنمۇ! ئۇنىڭ بۇنى چۈشىنىۋالغۇدەك ئىززەت ـ نەپسىمۇ يوق! ئەگەر ئۇ ئۆز ئىززەت ـ نەپسىنى ساقلىمىسىمۇ، ھېچبولمىغاندا مېنىڭ ئىززەت ـ نەپسىمنى بىر ئاز ساقلىشى كېرەك. بۇ ئەخمەقنىڭ ئۇنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدىغانلىقىنى، ئىككى كۆزى پەقەت بۇرىنىدا ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ قويۇش كېرەك. ياق، ئۇنىڭ ئىززەت ـ نەپسى يوق، لېكىن مەن بۇنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ قويىمەن......"

قېرى كىنەز بىلەتتىكى، ئەگەر قىزىغا: سەن يېڭىلىشىۋاتىسەن، ئاناتول پەقەت بۇرىنىنىڭ ئارقىسىدىن مۇلازىمەت قىلىپ يۈرىدۇ دىسە، كىنەز قىزى مارىيىنىڭ ئىززەت نەپسىگە تېگىدۇ ـ دە، مۇرات ـ مەقسىدى (قىزىدىن ئاجرالماسلىق ئۈمىدى) ئەمەلگە ئاشىدۇ،

شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ ئۇ مۇشۇ خىيال بىلەن تىنجىپ قالـدى. ئۇ تىخونى چاقىردى ۋە كىيىملىرىنى يېشىشكە باشلىـدى.

"ئۇلار نەدىنـمۇ كېـلىشـتـىـكـىنە!" ــ دەپ ئويـلىـدى تـىخون ئۇنىڭ يادائـغۇ، ئاپـپاق تۈكـلەر بېـسىپ كەتـكەن كۆكـرىگى ۋە قېرى گەۋدىسىگە كەچلىك كۆيـنـىگنى يـېپىۋاتـقان چاغـدا. "مەن ئۇلارنى چاقىرتمىغان ئىدىم. ئۇلار كېلىپ تىرىكچىلىگىمنى بىسەرەم-چان قىلدۇەتتى. مېنىڭ ئۆمرۈم جىندەك قالـغان تۇرسا".

ــ كەلمەي قۇرۇپ كەتسۇن! ــ دىدى قېرى كىنەز بېشىنى كۆيند-گىنىڭ ياقىسىدىن تېخى چىقارماي تۇرۇپ.

تىخون كـىنەزنىڭ بەزىدە ئۆزـىـچە سـۆزلەپ كېتـىـش ئادىتـىـنى بىلەتتى، شۇنىڭ ئۇچۇن كۆينىگىنىڭ ياقىـسـىدىن چىقـقان يۈزىدىكى سوئال نەزىرى بىلەن ئاچچىغلانغاندەك قىياپىتىنى كۆرگەندە ھەيران قالمـىـدى.

ــ يېتىشتىمۇ؟ ــ دەپ سورىدى كىنەز.

باشقا ھەممە خىزمەتكارلارغا ئوخشاشلا، تىخونمۇ خوجايـىـنـىـنىڭ بىر ئېغىز سـۆزىدىن ئۇنىڭ كۆڭلـىـدىكىنى بـىـلىۋالاتـتى. ئۇ كـىـنەز ۋاسىلى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى توغرىسىدا سورىغانلىقىنى پەملىدى.

ــ چىراقلارنى ئۆچۈرۈپ يېتىشتى، جانابى ئالىلىرى.

ــ ھىچكىمنىڭ ئېسى كەتمىۋىدى، ئېسى كەتمىۋىدى... ــ دەپ تېز-تېز سۆزلىدى كىنەز ۋە ئايىغىنى تۇپلىيىگە، قوللىرىنى خالىتىنىڭ يەڭلىرىگە سېپىپ، ياتىدىغان دىۋانغا قاراپ ماڭدى.

ئاناتول بىلەن بۇرىيـنـىنى خېـنـىم ئوتـتۇرىـسىدا ھـىچقانـداق گەپلەر بولمىغان بولـسـىمۇ، ئۇلار مۇھەبـبـىتـىـنىڭ pauvre mere (بىچارە ئانىسى) غـىچە بولغان قىسـمى توغـرىـسـىدا بىر بىرىـنى،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بىر بىرىگە يەنە نۇرغۇن گەپلەرنى مەخپىي ئېيتىش كېرەكلىكىنى چۈشەنگەن ۋە شۇ سەۋەپتىن، ئەتىدىن كەچكىچە ئايرىم ئۇچرىشىش پۇرسىتىنى ئىزلەپ يۈرۈشەتتى. كىنەز قىزى مارىيە ھەركۈنى ئادەتتىكى چاغدا ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپ كەتكەندە بۇرۇنقى خېنىم ئاناتول بىلەن قىشلىق باغدا ئۇچراشتى.

كىنەز قىزى مارىيە بۈگۈن كۈتۈپخانا ئىشىگى ئالدىغا ئالاھىدە ھاياجان بىلەن كەلدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، كىشىلەر ئۇنىڭ تەقدىرىنىڭ بۈگۈن ھەل بولۇشىنىلا ئەمەس، ھەتتا بۇ توغرىدا ئۆزى نىمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنىمۇ بىلىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ بۇ مەنىنى تىخونىنىڭ چىرايىدىن ۋە كىنەز ۋاسىلىنىڭ قايناقسۇ كۆتۈرۈپ كېلىۋېتىپ ئارىلىقتا ئۇچرىشىپ قالغان ھەم ئېگىلىپ تازىم قىلغان خىزمەتكارىنىڭ چىرايىدىن ئۇقۇۋالدى.

قېرى كىنەز بۈگۈن ئەتىگەن قىزىغا پەۋقۇلئاددە مېھرىۋانلىق ۋە ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلدى. مۇنداق ئېھتىياتچان ھالەتنى كىنەز قىزى مارىيە ناھايىتى ياخشى بىلەتتى. بۇ، كىنەز قىزى مارىيە ھېساپ مەسىلىلىرىنى چۈشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن يۈرىكى سىقىلىپ ئورۇق قوللىرىنىڭ بارماقلىرىنى مۇشتۇمىغا تۈگۈشكە باشلىغاندا يۈزىدە پەيدا بولىدىغان ھالەت ئىدى، بۇنداق چاغلاردا قىزىنىڭ يېنىدىن تۇرۇپ كېتەتتى ۋە ھامان بىر سۆزنى بىر قانچە مەرتىۋە تەكرارلاپ ئېيتاتتى.

ئۇ دەرھال ئەملى ئىشقا ئۆتتى ــ دە، كىنەز قىزىنى ”سىز“ دەپ سۆزلەشكە باشلىدى.

ــ سىزنىڭ توغرىڭىزدا ماڭا ئېغىز ئېچىشتى، ــ دىدى كىنەز ساختىلىق بىلەن ئىلجىيىپ، ــ سىزنىۋالدىڭىز دەپ ئويلايمەن، ــ

دىدى داۋام قىلىپ، — كىنەز ۋاسىلى ئۆزىنىڭ ئاسراندىسىنى (نىكولاي ئاندرېيېۋىچ نىمە ئۈچۈندۇ ئاناتولىنى ئاسراندى دەيتتى) مېنىڭ چىرايلىق كۆزۈمگە كۆرسىتىش ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن ئەمەس. ماڭا ئاخشام سىزنىڭ توغرىڭىزدا تەكلىپ بەردى. سىز مېنىڭ پەيلىمنى بىلىسىز، بۇنى سىزگە ئىنتىرىپ قويدۇم.

— مەن سىزنىڭ گېپىڭىزنى قانداق چۈشىنەي، mon père (جېنىم ئاتا)؟ — دىدى كىنەز قىزى ئاۋال تاتىرىپ ۋە كېيىن قىزىرىپ.

— قانداق چۈشىنەي دېگىنىڭ نىمىسى! — ئاچچىغى بىلەن ۋاقىرىدى ئاتىسى، — كىنەز ۋاسىلى سېنى كېلىنلىككە لايىق كۆرۈپ — ئاسراندىسىغا ئېلىپ بەرمەكچى، مانا شۇنداق چۈشەن، قانداق جۈشەنمەكچىدىڭ؟! سېنىڭدىن سوراۋاتىمەن.

— بىلمەيمەن. ئۆزىڭىز بىلىسىز، mon père (جېنىم ئاتا)، — دىدى پىچىرلاپ كىنەز قىزى.

— مەن؟ مەن؟ مەن نىمە دەيمەن؟ مېنى قويۇڭ بىر تەرەپتە. ئەرگە مەن تەگمەيمەن. سىز نىمە دەيسىز؟ مانا شۇنى بىلگىم كېلىدۇ.

كىنەز قىزى ئاتىسىنىڭ بۇ ئىشقا قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلدى، لېكىن شۇ پەيتتە ھاياتىمنىڭ تەقدىرى ھازىر ھەل بولىدۇ ياكى ھېچقاچان ھەل بولمايدۇ دىگەن پىكىر ئۇنىڭ خىيالىغا كەلدى. ئۇ ئاتىسى قاراپ تۇرغاندا ھېچنىمنى ئويلىيالمايدىغانلىقىنى ۋە ئادىتى بويىچە پەقەت باش ئېگىش لازىملىقىنى سېزىپ، ئۇنىڭ قاراشلىرىنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن يەرگە قارىدى-دە:

— مېنىڭ بىردىن-بىر خاھىشىم — سىزنىڭ تەلىۋىڭىزنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئورۇنلاش، — دېدى، — لېكىن ئەگەر ئۆزەمنىڭ خاھىشىنى ئېيتىش لازىم بولسا......

كىنەز قىزى گېپىنى تۈگىتىشكە ئۈلگۈرەلمەي قالدى. كىنەز ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى.

— ناھايىتى ياخشى! — دەپ ۋاقىرىدى كىنەز، — ئۇ سېنى مال-دۇنيالىرىڭ بىلەن بىللە بۇرۇنقى خېنىم ئۈچۈنلا ئالىدۇ......بۇرۇنقى خېنىم خوتۇن بولىدۇ، سەن بولساڭ...

كىنەز توختاپ قالدى. ئۇ بۇ گەپلەرنىڭ قىزىدا قانداق تەسىرات پەيدا قىلغانلىقىنى بايقىدى. كىنەز قىزى بېشىنى تۆۋەن سالدى ۋە يىغلاپ تاشلىماقچى بولاتتى.

— بولدى، بولدى، چاقچاق سۆز، چاقچاق قىلىۋاتىمەن، — دېدى كىنەز، — شۇنى ئېسىڭدە تۇتقىنكى، كىنەز قىزى: مەن، قىز ئەر تاللاشقا تولۇق ھوقۇقلۇق دېگەن قائىدىنى چىڭ تۇتىمەن. مەن ئىختىيارىڭنى ئۆزەڭگە بېرىمەن. شۇنى ئېسىڭدە تۇت: بەخت-تەلىيىڭ شۇ مەسىلىنى قانداق ھەل قىلىشىڭغا باغلىق. مېنىڭ توغرامدا گەپ قىلىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق.

— لېكىن، مەن بىلمەيمەن...... mon père (جېنىم ئاتا).

— قوي بۇ گەپلەرنى! ئۇ سېنىمۇ، باشقىسىنىمۇ — كىمنى ئالغىن دېگەن بولسا شۇنىڭغا ئۆيلىنىشى كېرەك؛ لېكىن سېنىڭ ئىختىيارىڭ بولسا ئۆزەڭدە...... قېنى، تۇر، ئۆيۈڭگە كىرىپ ئوبدان ئويلىنىپ باق، بىر سائەتتىن كېيىن بۇ يەرگە كەل ۋە شۇلارنىڭ ئالدىدا: بولىدۇ ياكى ياق دەپ گېپىڭنى ئېيت. مەن بىلىمەن، ھازىر كىرىپ ئىبادەت قىلىسەن. مەيلى ئىبادىتىڭنىمۇ قىلىۋەر. لېكىن ئوبدان ئويلاپ كۆر، بار.

— بولدۇ ياكى ياق، بولدۇ ياكى ياق! — كىنەز قىزى خۇددى تۇمان ئىچىدە قېلىپ يولدىن ئېزىقىپ قالغان كىشىدەك تىترەپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىۋاتقان چاغدا، كىنەز مۇشۇنداق ۋاقىراپ قالدى.

ئۇنىڭ تەقدىرى هەل قىلىندى، بەلكى بەختلىك هالدا هەل قىلىندى. لېكىن ئاتىسىنىڭ بۇرېننى خېنىم توغرىسىدا دىگەن گەپلىرى — بۇ كىنايە قورقۇنچلۇق ئىدى. بۇ ناتوغرا دەپ پەرەزمۇ قىلايلۇق، لېكىن بۇ يەنىلا قورقۇنچلۇق ئىدى. ئۇنىڭ بۇ توغرىدا ئويلىماسلىغى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ توپ-توغرا قىشلىق باغدىن ئۆتۈپ، هېچبىر تەرەپكە قارىماي، كۆزىگە هېچنەرسە كۆرۈنمەي، قۇلىغىغا هېچنەرسە كىرمەي كېتىۋاتقىنىدا، بىردىنلا بۇرېننى خېنىمنىڭ تونۇش ئاۋازى ئويغىتىۋەتتى. كىنەز قىزى بېشىنى كۆتىرىپ قاراپ، ئىككى قەدەم نېرىدا فرانسۇز قىزىنى قۇچاغلىۋالغان ۋە ئۇنىڭغا پىچىرلاپ بىر نىمىلەرنى دەۋاتقان ئاناتولنى كۆرۈپ قالدى. چىرايلىق يۈزىدە تەشۋىش ئىپادىلىنىپ تۇرغان ئاناتول كىنەز قىزى مارىيىگە ئۆرۈلۈپ قارىدى-يۇ، ئەمما بىرىنچى دەقىقىدە قولىنى بۇرېننى خېنىمنىڭ بېلىدىن بوشاتمىدى، بۇرېننى خېنىم بۇ چاغدا تېخى كىنەز قىزىنى كۆرمىگەن ئىدى.

ئاناتولنىڭ چىرايى ”كىم ئۇ؟ نىمە ئۈچۈن؟ توختاپ تۇرۇڭا!“ — دىگەندەك قىلاتتى. كىنەز قىزى هېچنەرسە دىمەستىن، ئىككىسىگە قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى. ئۇ بۇ ئەهۋالنى چۈشىنەلمەيتتى. ئەڭ ئاخىرىدا بۇرېننى خېنىم ۋاقىراپ تاشلىدى-دە، قېچىپ كەتتى. ئاناتول كىنەز قىزى مارىيىنى خۇددى بۇ غەلىتە ئەهۋال ئۈستىدىن كۈلۈپ كېتىشكە تەكلىپ قىلغاندەك، ئۇنىڭغا شات-خۇرام

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەبەسسۇم بىلەن تازىم قىلدى ۋە يەلكىسىنى قىسىپ، ئۆزى تۇرۇۋاتقان ئۆينىڭ ئىشىگى تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

بىر سائەتتىن كېيىن تىخون كىنەز قىزى مارىيەنى چاقىرىپ كەلدى. ئۇ كىنەز قىزىنى كىنەزنىڭ ئالدىغا بىرىشقا چاقىرغان ئىدى ۋە كىنەز ۋاسىلى سېرگېيېۋىچمۇ شۇ يەردە ئىكەنلىكىنى قوشۇپ ئېيتىپ قويدى. تىخون كەلگەندە كىنەز قىزى ئۆز خانىسىدىكى دىۋاندا ئولتۇراتتى ۋە يىغلاۋاتقان بۇرىيېننى خېنىم ئۇنىڭ قۇچىقىدا ئىدى. كىنەز قىزى مارىيە ئۇنىڭ بېشىنى ئاستا سىلايتتى. كىنەز قىزىنىڭ بۇرۇنقىدەك خاتىرجەم ۋە پارلاپ تۇرىدىغان چىرايلىق كۆزلىرى مېھرى-مۇھەببەتتىن ۋە ئېچىنىش بىلەن بۇرىيېننى خېنىمنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىگە قارايتتى.

— Non, princesse, je susi perdue pour toujours dans votre couer (ياق، كىنەز قىزى، مەن سىزنىڭ خەيرىخاھلىقىڭىزنى مەڭگۈ يوقاتتىم)، — دېدى بۇرىيېننى خېنىم.

— Pourquoi? Je vous aime plus, que jamais (نېمە ئۈچۈن؟ مەن سىزنى ئىلگىرىكىدىنمۇ ياخشى كۆرىمەن، سىزنىڭ بەختىڭىز ئۈچۈن قولۇمدىن كەلگەن ھەممە ئىشنى قىلىمەن)، — دېدى كىنەز قىزى مارىيە، — et je tâcherai de faire tout ce qui est en mon pouvoir pour votre bonheur. (لېكىن ئەمدى سىز مەندىن يىرگىنىسىز، سىز پاكسىز، مەندىن يىرگىنىشىڭىز كېرەك؛ سىز ئىشقىۋازلىقنىڭ بىرلىشىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ھېچقاچان بىلمەيسىز! ئاھ، بىچارە ئانام.)

— Je comprends tout (ھەممە گەپنى چۈشەندىم)، — دەپ جاۋاپ بەردى كىنەز قىزى مارىيە غەمكىنلىك بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ،

— خاتىرجەم بولۇڭ دوستۇم. مەن ئاتام قېشىغا بارىمەن، — دىدى ۋە چىقىپ كەتتى.

كىنەز قىزى مارىيە كىرگەندە كىنەز ۋاسىلى پۇتلىرىنى ئىگىز قويۇپ مىنگەشتۇرۇپ، تاماكا قۇتىسىنى قولىدا تۇتۇپ، بۇ ئىشىنىڭ زادى بولماسلىقىنى ئالدىنئالا سەزگەن ۋە ئۆزىنىڭ سەزگۈرلىگى ئۈچۈن ئۆزى ئېچىنغان ھەم كۈلگەندەك، يۈزىدە مېھرىۋان تەبەسسۇم بىلەن ئولتۇراتتى. ئۇ بىر چىمدىم تاماكىنى ئالدىراپ-تېنەپ بۇرنىغا يېقىن كەلتۇرۇپ پۇرۇۋالدى.

(ۋاي سۆيۈملۈك قىزىم، Ah, ma bonne, ma bonne — سۆيۈملۈك قىزىم)، — دىدى كىنەز ۋاسىلى ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ كىنەز قىزىنىڭ ئىككى قولىنى تۇتۇپ. كېيىن بىر ئۇھ تارتىپ قوشۇپ قويدى:

— Le sort de mon fils est en vos mains. Dècidez, ma bonne, ma chre, ma douce Marie, qui jai toujours aimée, comme ma fille (ئوغلۇمنىڭ تەقدىرى سىزنىڭ قولىڭىزدا. ئۆزىڭىز ھەل قىلىڭ، سۆيۈملۈك، قىممەتلىك قىزىم، مېھرىبانىم مارىيە. مەن سىزنى ھەمىشە ئۆز قىزىمدەك ياخشى كۆرىمەن.)

بۇ گەپلەردىن كېيىن ئۇ ئارقىغا داجىدى، كۆزلىرىدە ھەقىقەتەن ياش پەيدا بولدى.

— ھىڭ... ھىڭ...، — دەپ كىنەز نىكولاي ئاندرېيېۋىچ دىمىغىنى قېقىپ ئولتۇراتتى. — كىنەز ئۆز ئاسراندىسى...... ئوغلى نامىدىن سىزنىڭدىن سوراۋاتىدۇ. كىنەز ئاناتول كۇراگىنغا خوتۇن بولۇشنى خالامسەن ياكى خالىمامسەن؟ بولىدۇ ياكى ياق دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئېيت! — دەپ ۋاقىردى كىنەز نىكولاي ئاندرېيېۋىچ، — ئۇنىڭدىن كېيىن مەنمۇ ئۆز پىكرىمنى بايان قىلىش ھوقوقۇمىنى ساقلاپ قالىمەن. شۇنداق، ئۆز پىكرىمنى ۋە پەقەت ئۆز پىكرىمنى، — دەپ قوشۇپ قويدى كىنەز نىكولاي ئاندرېيېۋىچ كىنەز ۋاسىلىغا قاراپ ئۇنىڭ يالۋۇرۇۋاتقان قىياپىتىگە جاۋاپ بېرىپ، — بولامدۇ ياكى ياق؟

— مېنىڭ خاھىشىم، mon père (ئاتا)، ھېچقاچان سىزنى تاشلاپ كەتمەسلىك، ھېچقاچان ئۆز ھاياتىمىنى سىزدىن ئاجراتماسلىق. مەن ئەرگە تېگىشنى خالىمايمەن، — دېدى كىنەز قىزى قەتئىلىك بىلەن چىرايلىق كۆزلىرىنى كىنەز ۋاسىلىغا ۋە ئاتىسىغا تىكىپ قاراپ تۇرۇپ.

— يالغان گەپ، ئەخمەقلىق! يالغان، يالغان، يالغان! — دەپ قاپىقىنى تۈرۈپ ۋاقىردى كىنەز نىكولاي ئاندرېيېۋىچ ۋە قىزىنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئالدىغا تارتتى، لېكىن سۆيمەستىن بېشىنى سەل-پەل ئېگىشتۈرۈپ پېشانىسىنى ئۇنىڭ پېشانىسىغا تەككۈزدى-يۇ، قولىنى شۇنداق سىقتىكى، كىنەز قىزى يۈزىنى پۈرۈشتۈرۈپ ۋاقىراپ تاشلىدى.

كىنەز ۋاسىلى ئورنىدىن تۇردى.

— Ma chère, je vous dirai, que c'est un moment que je n'oublierai jamais, jamais; mais, ma bonne, est-ce que vous ne nous donnerez pas un peu d'esprance de toucher ce coeur si bon, si gènèreux. Dites,que peut-être...L'avenir estsi grand. Dites peut-être. (سۆيۈملۈك قىزىم، مەن سىزگە ئېيتسام، بۇ مىنۇتلارنى ھېچقاچان ئۇنۇتمايمەن.

لېكىن، مېھرىۋان قىزىم، سىز بۇنچىلىك مېھرى ـ شەپقەتلىك ۋە بۇنچىلىك ئالىجاناپ يۈرەكنى ھاياجانغا سالغىدەك كىچىككىنە ئۈمىتنى بولسىمۇ بىزگە بەرمەمسىز؟ ئېيتىڭا: بولۇپ قالار...... كېلىچەك تېخى ئۇزاق. ئېيتىڭا: بولۇپ قالار.)

— كىنەز، مەن كۆڭلۈمدىكى ھەممە گەپلىرىمنى ئېيتتىم. مەن سىزنىڭ ماڭا بەرگەن شان ـ شەرىپىڭىزگە رەھمەت ئېيتىمەن، لېكىن ھېچقاچان سىزنىڭ ئوغلىڭىزغا خوتۇن بولمايمەن.

— بولدى، مەسىلە پۈتتى دوستۇم! كەلگىنىڭگە ناھايىتى خۇرسەنمەن، ناھايىتى خۇرسەن. ئۆيۈڭگە كىر كىنەز قىزى، — دېدى قېرى كىنەز، — كەلگىنىڭگە ناھايىتى خۇرسەنمەن، ناھايىتى خۇرسەن، — دەپ تەكرارلىدى كىنەز ۋاسىلىنى قۇچاقلاپ.

"مېنىڭ ئارزۇيۇم باشقا" دەيتتى كىنەز قىزى مارىيە كۆڭلىدە، "مېنىڭ ئارزۇيۇم — باشقىچە بەخت بىلەن، ئىنسانغا مۇھەببەت ۋە ئۆزەمنى پىدا قىلىش بىلەن بەختلىك بولۇش. مېنىڭ ئۈچۈن قانچىلىك مۇشكۈل بولسا بولسۇن، مەن بىچارە Amélie نى بەختلىك قىلىمەن. ئۇ بۇ يىگىتنى ھەددىدىن تاشقىرى ياخشى كۆرىدۇ. Amélie ئۆزىنىڭ قىلمىشىغا ھەددىدىن تاشقىرى پۇشايمان قىلىپ قىينىلىۋاتىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويۇش ئۈچۈن ھەممە ئىشنى قىلىمەن. ئەگەر بۇ يىگىت ئۇنى ئېلىشقا قادىر بولمىسا، مەن ئۆزەم Amélie گە پۇل بېرىمەن، ئاتامدىن ۋە ئاندرېيدىن ياردەم سورايمەن. Amélie ئۇنىڭغا تەگسە، مەن ناھايىتى خۇرسەن بولاتتىم. ئۇ شۇنچىلىك بەختسىز، مۇساپىر، غېرىپ، تايىنىدىغان ھېچنىمىسى يوق! يا خۇدايىم، ئۇ ئۆزىنى شۇنچىلىك يوقىتىپ قويغان تۇرسا، بۇ يىگىتنى ھەددىدىن تاشقىرى ياخشى كۆرىدىكەن ـ دە. ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇرنىدا مەن بولغىنىمدىمۇ، بەلكى شۇنداق بولاتتىم!......“ — دەپ ئويلايتتى كىنەز قىزى مارىيە.

## 6

روستوۋلار ئائىلىسى ئۇزاق ۋاقىتتىن بېرى نىكولۇشكىدىن خەت-خەۋەر ئالالماي كېلىۋاتاتتى؛ پەقەت قىش ئوتتۇرىسىدا گراف بىر پارچە خەتنى تاپشۇرۇۋالدى، خەتتىكى ئادرېستىن گراف ئوغلىنىڭ قولىنى تونۇۋالغان ئىدى. خەتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، گراف تەشۋىشلەنگەن ۋە ئالدىرىغان هالدا، ھېچكىم بايقاپ قالمىسۇن دەپ قورقۇپ، ئايغىنىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ھوجرىسىغا كىردى-دە، ئىشىكنى يېپىپ خەتنى ئوقۇشقا باشلىدى. ئاننا مىخايلوۋنا خەت كەلگەنلىكىنى ئۇقۇپ (ئۇ ئۆيدە بولۇۋاتقان ھەممە ئىشلارنى بىلىپ تۇراتتى)، ئاستا قەدەم تاشلاپ گرافنىڭ ئالدىغا كىردى. گراف قولىدا خەتنى تۇتۇپ، ھەم يىغلاۋاتقان ھەم كۈلۈۋاتقان ھالەتتە ئوقۇۋاتاتتى.

ئاننا مىخايلوۋنا ئەھۋالنىڭ ياخشىلانغانلىقىنى قارىماي، يەنىلا روستوۋلارنىڭ ئۆيىدە تۇراتتى.

— Mon bon ami? (ھە، ئەزىز دوستۇم؟) — دېدى ئاننا مىخايلوۋنا گراف يىغلىسا يىغلاشقا، كۈلسە كۈلۈشكە تەييار غەمكىن قىياپەتتە سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ.

گراف تېخىمۇ قاتتىق يىغلاپ كەتتى.

— نىكولۇشكا... خەت... ياردار... بو...لغان... ma chére، ياردار...باغرىم... گرافزادە...ئەپتىسەر بوپتۇ... خۇداغا شۈكۈر... گرافزادىغا قانداق ئېيتىمەن؟...

ئاننا مىخايلوۋنا ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، قول ياغلىقى بىلەن ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىنى ھەتتا خەتكە تېمىپ چۈشكەن ياشلىرىنى ۋە ئۆز ياشلىرىنىمۇ ئېرتتى، خەتنى ئوقۇپ گرافقا تەسەللى بەردى ۋە تاماقتىن چايغىچە بولغان ئارىلىقتا گراف ئايىمنى بۇ خەۋەرگە تەييارلايمەن، چايدىن كېيىن خۇدا يار بەرسە، ھەممىسىنى ئېيتىمەن دەپ ۋەدە بەردى.

ئاننا مىخايلوۋنا تاماق ۋاقتىدا پەقەت ئۇرۇش خەۋەرلىرى توغرىسىدا، نىكولۇشكا توغرىسىدىلا سۆزلىدى؛ گەرچە بۇنى ئۆزى بىلگەن بولسىمۇ، ئاخىرقى بىر پارچە خەت ئۇنىڭدىن قاچان كەلگەن دەپ ئىككى قېتىم سوراپ قويدى ۋە ھە دېگەندىلا، ئېھتىمال، ھازىرلا خەت كېلىپ قالار دەپ قويدى. ھەر قېتىم مۇشۇنداق ئىما-ئىشارەت قىلغان چاغدا، گراف ئايىم تىنچسىزلىنىشقا ۋە تەشۋىشلەنگەن ھالدا بىردەم گرافقا، بىردەم ئاننا مىخايلوۋناغا قاراشقا باشلىدى، ئاننا مىخايلوۋنا بولسا ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن گەپنى دەرھال ئەھمىيەتسىز نەرسىلەرگە بۇرىۋەتتى. ئائىلىدە ھەممىدىن كۆپرەك زىرەك بولغان ناتاشا بۇ گەپلەرنىڭ ئاھاڭىدىن، كۆز قاراشلار ۋە چىرايدىكى ئىپادىلەردىن بىر نەرسىنى بايقىدى-دە، تاماق باشلانغاندىلا قولىقىنى دىڭ تۇتۇپ، ئاتىسى بىلەن ئاننا مىخايلوۋنا ئارىسىدا ئاكىسىغا دائىر بىرەر گەپ بارلىقىنى ۋە ئاننا مىخايلوۋنا بۇ خەۋەر مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇلارنى روھىي جەھەتتە تەييارلاۋاتقانلىقىنى سېزىۋالدى. ناتاشا تارتىنچاق بولسىمۇ (ئۇ ئانىسىنىڭ نىكولۇشكا توغرىسىدىكى مۇنداق خەۋەرلەرنى كۆتۈرەلمەسلىكىنىمۇ بىلەتتى)، تاماق ۋاقتىدا بۇ ھەقتە بىرەر نەرسىنى سوراشقا جۈرئەت قىلالمىدى ۋە كۆڭلى پەرىشان بولغانلىقتىن تاماق ۋاقتىدا گېلىدىن ھېچنەرسە ئۆتمەي،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئوقۇتقۇچىسىنىڭ تەنبىھلىرىگىمۇ قۇلاق سالماي، شىرەدە ئۆزىنى ئۇ ياق ـ بۇ ياققا تاشلاپ ئولتۇراتتى. تاماقتىن كېيىن ئاننا مىخايلوۋنا-نىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ بېرىپ، ئىستىراھەت بۆلمىسىدە ئۇنىڭ بويىنغا ئېسىلدى.

ـــ ھاما، جېنىم ھاما، ئېيتىڭا، نېمە بوپتۇ؟

ـــ ھېچنەرسە بولغىنى يوق، جېنىم قىزىم.

ـــ ياق، جېنىم ھاما، سۆيۈملۈك ھاما، دېگىنىڭىز بولسۇن، ئېيتىڭا، سىز بىر نەرسىنى بىلىسىز، بىلىمەن، بولمىسا قويۇپ بەرمەيمەن.

ئاننا مىخايلوۋنا بېشىنى چايقىدى.

ـــ Vous êtes une fine mouche, mon enfant (نېمە دېگەن شەيتان قىز سەن ـ ھە)، ـــ دېدى ئۇ.

ـــ نىكولېنكىدىن خەت كەپتىمۇ؟ شۇنداقتۇ! ـــ دەپ ۋاقىرىدى ناتاشا ئاننا مىخايلوۋنانىڭ يۈزىدە ئىپادىلىنىپ تۇرغان تەستىقلى-گۈچى مەنىنى ئوقۇۋېلىپ.

ـــ لېكىن، خۇدا ھەققى، ناھايىتى ئېھتىيات قىل: ئاناڭ ئاڭلاپ قالسا، قانداق بولۇشىنى ئۆزەڭ بىلىسەنغۇ.

ـــ بولىدۇ، بولىدۇ، لېكىن، ئېيتىپ بېرىڭا. ئېيتمامسىز؟ مەيلى، ئۇنداق بولسا، ھازىر بېرىپ ئېيتىمەن.

ئاننا مىخايلوۋنا ھېچكىمگە ئېيتماسلىق شەرتى بىلەن خەتنىڭ مەزمۇنىنى ناتاشاغا قىسقىغىنە ئېيتىپ بەردى.

ئەزىبىرايى خۇدا، ئېيتسام خۇدا ئۇرسۇن، ـــ دېدى ناتاشا چوقۇنۇپ، ـــ ھېچكىمگە ئېيتمايمەن، ـــ دېدى ـ دە، يۈگۈرگەن پېتى سونيەنىڭ ئالدىغا باردى.

— نىكولېنكا... ياربدار... خەت...، — دىدى ئۇ سونيەگە تەنتەنە ۋە خوشاللىق بىلەن.

— !Nicolas (نىكولاي) — سونيە پەقەت شۇ سۆزنىلا قىلدى-يۇ، رەڭگى بىردىنلا ئۆچۈپ كەتتى.

ئاكىسىنىڭ ياربدار بولغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنىڭ سونيەدە پەيدا قىلغان تەسىراتىنى كۆرگەن ناتاشا بۇ خەۋەرنىڭ قايغۇلۇق تەرىپىنى بىرىنچى مەرتىۋە سەزدى.

ئۇ سونيەگە ئۆزىنى تاشلىدى-دە، ئۇنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ يىغلاشقا باشلىدى.

— سەل-پەل ياربدار بولغان ئىكەن، لېكىن ئەپىتسەرلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپتۇ؛ ئۇ هازىر ساغلام، خەتنىمۇ ئۆزى يېزىپتۇ، — دىدى ناتاشا يىغا ئارىلاش.

— مانا، مانا، سىلەر ئاياللار، هەممىڭلار مۇشۇنداق يىغلاڭغۇ كېلىسىلەر، — دىدى پېتە قەتئىي ۋە چوڭ قەدەم بىلەن ئۆيدە ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا مېڭىپ يۈرۈپ، — مەن ئاكامنىڭ چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكىگە ناهايىتى سۆيۈنىمەن، هەقىقەتەن ناهايىتى سۆيۈنىمەن. سىلەر هەمىشە كۆز يېشى قىلىشقا تەييار تۇرۇسىلەر! هېچنېمىنى چۈشەنمەيسىلەر.

ناتاشا يىغا ئارىلاش كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— سەن خەتنى ئوقۇمىدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى سونيە.

— ئوقۇغىنىم يوق. لېكىن ئانىنا مىخايلوۋنا: ئۇ ساقىيىپ كېتىپتۇ ۋە ئاللىقاچان ئەپىتسەر بوپتۇ، دىدى.

— خۇداغا شۈكۈر، — دىدى سونيە چوقۇنۇپ، — لېكىن، ئۇ سېنى ئالداپ قويغان بولسا؟ يۈر، ئانىمىز قېشىغا بارايلى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

پېتە گەپ قىلماستىن ئۆيدە ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا مېڭىپ يۈرەتتى.

— ئەگەر مەن نىكولۇشكىنىڭ ئورنىدا بولغان بولسام، بۇ فرانسۇزلارنى تېخىمۇ كۆپ ئۆلتۈرگەن بولاتتىم، — دېدى ئۇ، — ئۇلار ئەنە شۇنداق ئەبلەخلەر! مەن بۇ ئەبلەخلەرنى ئۆلتۈرۈۋېرىپ، ئۇلارنىڭ جەسەتلىرىدىن ھەممە يەردە دۆۋىلەرنى پەيدا قىلغان بولاتتىم، — دېدى پېتە يەنە داۋام قىلىپ.

— ئاغزىڭنى يۇم، پېتە، سەن نېمە دېگەن ئەخمەق!...

— مەن ئەخمەق ئەمەس، ئەرزىمىگەن ئىشلارغا يىغلاۋېرىدىغانلار ئەخمەق، — دېدى پېتە.

— ئۇنتۇپ قالمىدىڭمۇ ئۇنى؟ — دەپ بىر ئاز جىملىقتىن كېيىن بىردىنلا سورىدى ناتاشا. سونيە كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— Nicolas نىمۇ؟

— ياق، سونيە، ئۇنىڭ ھەممە گەپلىرى، ھەممە قىلىقلىرى، ھەممىسى ئېسىڭدە بارمۇ؟ — دېدى ناتاشا، ئۆز سۆزلىرىگە جىددى مەنە بەرمەكچى بولسا كېرەك، قوللىرى ۋە بېشىنى ئالاھىدە ئېتىۋار بىلەن ھەركەتلەندۈرۈپ، — نىكولېنكىمۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، ئۇنى ناھايىتى ئېنىق ئەسلەيمەن، — دېدى ئۇ، — ئەمما بورىسنى ئېسىمدىن چىقىرىپ قويۇپتىمەن. تامامەن ئېسىمدە يوق...

— نېمە؟ بورىسنى ئېسىڭدىن چىقىرىپ قويدۇڭمۇ؟ — دەپ سورىدى سونيە ئەجەپلىنىپ.

— ياق، ئېسىمدىن چىققىنى يوق، — مەن ئۇنىڭ قانداقلىقىنى بىلىمەن، لېكىن نىكولېنكىدەك ئەمەس-تە. كۆزۈمنى يۇمسام، نىكولېنكا كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ، لېكىن بورىس كۆز ئالدىمغا كەلمەيدۇ (ئۇ كۆزىنى يۇمدى)، مانا، ھېچ كۆزۈمگە كۆرۈنمەيدۇ.

— ئاھ، ناتاشا! — دىدى سونيه تەنتەنە ۋە جىددى ئەلپازى بىلەن دوستىغا قاراپ، گويا ھازىر ئېيتماقچى بولغان گەپلىرىنى ئاڭلاشقا دوستىنى مۇناسىپ كۆرمىسىگەندەك ۋە گويا چاخچاق قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان قانداقتۇ باشقا بىر كىشىگە سۆزلەۋاتقاندەك تەرزدە، — مەن سىېنىڭ ئاكاڭنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ئىكەنمەن، ئۇنىڭ بېشىغا نىمە كەلسە كەلسۇن، ئۆز بېشىمغا نىمە كەلسە كەلسۇن، بەرىبىر مەن ئۇنى پۈتۈن ئۆمرۈم بويى ياخشى كۆرگىنىمچە قالىمەن.

ناتاشا ھەيران بولغان ۋە قىزىقسىنغان كۆزلىرى بىلەن سونيەگە قاراپ تۇرغىنىچە جىم بولۇپ قالدى. ئۇ سونيە دىگەن گەپلەرنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ۋە دىگەن مۇھەببەتنىڭ بولغانلىقىنى سەزدى؛ لېكىن ناتاشا بۇنداق نەرسىنىڭ تېگىگە تېخى يەتمەيتتى. ئۇ شۇنداق بولۇش مۇمكىنلىكىگە ئىشىنەتتى، لېكىن چۈشەنمەيتتى.

— سەن نىكولېنكىغا خەت يازامسەن؟ — دەپ سورىدى ناتاشا.

سونيه ئويلىنىپ قالدى. Nicolas قا قانداق خەت يېزىش ۋە يېزىش لازىممۇ-ئەمەس دىگەن مەسىلە ئۇنى قىيناپ بېشىنى قاتۇراتتى. ھازىر ئۇ ئەپىتسەر ۋە قەھرىمانلارچە يارىدار بولۇپ قالغان چاغدا، خەت يېزىپ ئۆزىنى ۋە ئۇنىڭ بەرگەن ۋەدىسىنى ئەسلىتىپ قويۇش ياخشى بولارمىكىن؟

— بىلمەيمەن؛ مەن ئويلايمەنكى، ئەگەر ئۇ يازسا، مەنمۇ يازىمەن، — دىدى سونيه قىزىرىپ.

— سەن ئۇنىڭغا خەت يېزىشتىن ئۇيالمامسەن؟

— ياق، — دىدى سونيه ئىلجىيىپ.

— مەن بورىسقا خەت يېزىشتىن ئۇيىلىمەن، يازمايمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— نىمىشقا ئۇيىلىسەن؟

— ئۇيىلىمەنغۇ-تاك، بىلمەيمەن. ئوڭايسىزلىق، ئۇيات ھېس قىلىمەن.

— نىمە سەۋەپتىن ئۇيىلىدىغانلىغىنى مەن بىلىمەن، — دېدى پېتە ناتاشىنىڭ ھېلىقى گېپىگە ئاچچىغلىنىپ، — شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇ ئەنە شۇ سېمىز كۆز ئەينەكلىكنى ياخشى كۆرۈپ قالغان (پېتە ئۆزىنىڭ ئادىشى بولمىش يېڭى گراف بېزئۇخوۋنى شۇنداق دەپ ئاتايتتى)؛ ئەمدى مانا بۇ ناخشىچىنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ (پېتە ناخشىچى دەپ ناتاشانىڭ ناخشا مۇئەللىمى ئىتالىيىلىكنى ئاتايتتى)؛ شو سەۋەپتىنمۇ ئۇيىلىدۇ.

— پېتە، نىمانچىۋالا تېتىقسىز سەن! — دېدى ناتاشا.

— تېتىقسىز بولسامىمۇ سەنچىلىك ئەمەسمەن، ئانا، — دېدى توققۇز ياشلىق پېتە، خۇددى چوڭ كىشىلەردەك قىياپەتتە.

گراف ئايىم تاماق ۋاقتىدا ئاننا مىخايلوۋنانىڭ كىنايىلىرىنى ئاڭلاپ روھىي جەھەتتە تەييارلىنىپ قالغان ئىدى. ئۇ ئۆز ئۆيىگە كىرىپ كرېسلودا ئولتۇردى-دە، تاماكا قۇتىسىنىڭ قاپقىغىغا ئورنىتىلىغان ئوغلىنىڭ كىچىككىنە سۈرىتىدىن كۆزىنى ئۈزمەي قارايتتى ۋە كۆزلىرىدە ياش ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئاننا مىخايلوۋنا قولىغا خەتنى ئېلىپ، پۇتلىرىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، گراف ئايىمنىڭ ئىشىگى ئالدىغا كەلدى-يۇ، توختاپ قالدى.

— كىرمەڭ، — دېدى ئارقىسىدىن كەلگەن قېرى گرافقا، — كېيىن كىرىسىز، — دەپ ئۆزى ئىچكىرىگە كىرىپ ئىشىكنى ئېتىۋالدى.

گراف قۇلىغىنى قۇلۇپ تۆشۈگىگە يېقىپ قۇلاق سېلىشقا باشلىدى.

ئۇنىڭ قۇلىغىغا ئاۋال بىپەرۋالىق بىلەن قىلىنىۋاتقان گەپلەرنىڭ ئاۋازلىرى، كېيىن ئۇزۇندىن - ئۇزۇن گەپ قىلىۋاتقان ئاننا مىخايلوۋ-نانىڭ تاۋۇشلىرى، كېيىن ۋاقىراش ئاۋازلىرى ئاڭلاندى، كېيىن جىمجىتلىق بولدى، كېيىن يەنە ئىككى كىشىنىڭ خۇشخۇي ئاھاڭدا بىللە گەپ قىلىشىۋاتقان ئاۋازلىرى ۋە كېيىن ئاياق تاۋۇشلىرى ئاڭلاندى - دە، شۇنىڭ بىلەن ئاننا مىخايلوۋنا گرافقا ئىشىكنى ئاچتى. ئاننا مىخايلوۋنانىڭ يۈزىدە مۇرەككەپ ئوپېراتسىيىنى تۈگە-تىپ بولۇپ، سەئىيتىنى باھالاشقا كىشىلەرنى تەكلىپ قىلىغان خىرورگنىڭ يۈزىدىكى مەغرۇرلۇق ئىپادىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— C'eta fait! (مانا، ئىش پۈتتى!) — دېدى ئاننا مىخايلوۋنا گرافقا تەنتەنە بىلەن گراف ئايىمنى كۆرسىتىپ. گراف ئايىم بۇ چاغدا بىر قولىدا ئوغلىنىڭ سۈرىتى ئورنىتىلغان تاماكا قۇتىسىنى، يەنە بىر قولىدا خەتنى تۇتقان ھالدا، بىردەم ئۇنى، بىردەم بۇنى سۆيەتتى.

گراف ئايىم گرافنى كۆرۈپ قولىنى ئۇزاتتى - دە، گرافنىڭ چېچى يوق ئايپاڭ بېشىنى كۆكرىكىگە باستى ۋە بېشى ئۈستىدىن يەنە خەتكە ۋە ئوغلىنىڭ سۈرىتىگە قارىدى؛ خەت بىلەن سۈرەتنى يەنە سۆيمەكچى بولۇپ، گرافنىڭ چوققىسىدا چېچى يوق ئايپاڭ بېشىنى نېرىگە ئىتىرىۋەتتى. ۋېرا، ناتاشا، سونيە ۋە پېتەلەر ئۆيگە كىرىشتى. خەت يەنە ئوقۇلىشقا باشلىدى. خەتتە ھەربى يۈرۈش ۋە نىكولۇشكا ئۆزى قاتناشقان ئىككى قېتىملىق جەڭ قىسقىچە تەسۋىر-لەنگەن، ئەپتىسەر بولغانلىقىنى ئېيتقان ۋە ئاپىسى بىلەن ئاتىسىنىڭ قولىنى غايىۋانە سۆيۈپ قويىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ دۇئا - تەلەپ قىلىپ تۇرۇشلىرىنى سورىغانلىقى ئېيتىلغان، يەنە ۋېرا، ناتاشا ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پېتەنى سۆيۈپ قويىمەن دېگەن. بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۇ يەنە جاناپ شىپلىنىگ بىلەن شوسىس خانىم ۋە تەربىيىچىسىگە سالام ئېيتقان؛ ئۇنىڭدىن باشقا، يەنىلا ياخشى كۆرىدىغان ۋە ھېچقاچان ئېسىدىن چىقارمىغان قەدىرلىك سونىيەنى سۆيۈپ قويۇشنى سورىغان. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان سونىيە شۇنداق قىزىرىپ كەتتىكى، كۆزلىرىگە لىق ياش ئالدى. ئۇ ھەممەيلەننىڭ قاراۋاتقانلىقىدىن خىجىل بولۇپ ئۆزىنى باسالماي، يۈگۈرگەن پېتى زالغا كىردى ۋە ئۇ يەردە پىرىلداپ ئايلىنىپ، كۆينىكىنىڭ ئېتىكىنى كۆنلۈك شەكلىدە يايدى-دە، قىزىرىپ ۋە كۈلۈمسىرەپ پولدا ئولتۇردى. گراف ئايىم يىغلايتتى.

— نىمىشقا يىغلايسىز maman (ئانا)؟ — دېدى ۋېرا، — ئۇنىڭ يازغان خەتلىرىگە يىغلىماي خوشال بولۇش كېرەك.

ۋېرانىڭ بۇ گېپى ناھايىتى توغرا بولسىمۇ، لېكىن گرافمۇ، گراف ئايىممۇ، ناتاشامۇ — ھەممەيلەن ئۇنىڭغا نارازىلىق نەزىرى بىلەن قاراشتى.

”بۇ كىمنى تارتىپ قالدىكىن!“ دەپ ئويلىدى گراف ئايىم.

نىكولۇشكىنىڭ خېتى يۈزلەرچە قېتىم ئوقۇلدى ۋە بۇ خەتنى ئوقۇتۇپ ئاڭلاشنى لايىق كۆرگەنلەر خەتنى قولىدىن بەرمەي ئولتۇرغان گراف ئايىمنىڭ ئالدىغا كىرىشى كېرەك ئىدى. مۇرەببىيەلەر، بالا باققۇچى خوتۇنلار، مىتىنكا، بەزى تونۇش-بىلىشلىرى كېلىشتى ۋە گراف ئايىممۇ بۇلارنىڭ ھەرقايسىسىغا ھەر قېتىم خەتنى باشقىدىن لەززەتلىنىش بىلەن ئوقۇپ بېرەتتى ۋە ھەر قېتىم ئوقۇپ بەرگەندە بۇ خەتتىن ئوغلى نىكولۇشكىنىڭ يېڭى پەزىلەتلىرىنى تاپاتتى. گراف ئايىمنى شۇنچە ھەيرانلىقتا قالدۇرغان، ئۇنىڭ ئۈچۈن شۇنچە غەلىتە بولغان ۋە ئۇنى ناھايىتى خوشال قىلغان نەرسە شۇ

ئىدىكى، ئۇنىڭ ئوغلى ـــ مۇندىن يىگىرمە يىل ئىلگىرى قوسىقىدا كىچىككىنە قول ـ پۇتلىرىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس زورىغا قىمىرلاتقان ئوغلى، كۆپ ئەكىلەتكەنلىكى ئۈچۈن گراف بىلەن ئۇرۇشۇپ قېلىشقا سەۋەبچى بولغان ئوغلى، ئاۋال "نەشپۈت"، ئۇنىڭدىن كېيىن "ئانا" دەپ تىلى چىققان شۇ نىكولېنكا ئەمدى يات يۇرتلاردا، يات ئادەم-لەر ئارىسىدا مەرت جەڭچى بولۇپ، ئۆزى يالغۇز، بىراۋنىڭ ياردى-مىسىز ۋە يېتەكچىلىكىسىز قانداقتۇ مەردانە ئىشلارنى قىلىپ يۈرەتتى. باللارنىڭ بىلىنمەستىنلا بۆشۈكتىكى ھالىتىدىن بارا ـ بارا چوڭىيىپ بارىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان ئەسىرلەردىن بۇيانقى دۇن-ياۋىي تەجرىبە گراف ئايىمنىڭ نەزىرىدە مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. خۇددى شۇنداق كامالەت باسقۇچىدىن ئۆتكەن ملىيون ـ ملىيون كىشى-لەر گوياكى ھېچقاچان بولمىغىنىدەك، ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ ھەر بىر كامالەتكە يېتىش باسقۇچىدا كامالەتكە يېتىشى گراف ئايىم ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە ھادىسە بولاتتى. گراف ئايىم مۇندىن يىگىرمە يىل ئىلگىرى كۆكرىگىنىڭ ئاستىدا، قانداقتۇ بىر يېرىدە قىمىرلىغان بۇ كىچىككىنە ۋۇجۇتنىڭ بىر كۈنى يىغلايدىغانلىقىغا، ئېمىشكە ۋە سۆز-لەشكە باشلايدىغانلىقىغا ئىشەنمىگەنىدەك، ھازىرمۇ شۇ ۋۇجۇتنىڭ خېتىگە قارىغاندا ئۇ يەرلەردە كۈچلۈك، جەسۇر ئەركەك، ئوغۇللىرى-نىڭ ۋە ئادەملەرنىڭ نەمۇنىسى بولۇپ يۈرگىنىگە ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى.

ـــ نىمە دىگەن ئۇسلۇپ، ئۇ قانداق تەسىرلىك يازغان ـ ھە! ـــ دەيتتى گراف ئايىم خەتنىڭ تەسۋىر قىسمىنى ئوقۇپ، ـــ نىمە دىگەن يۈكسەك روھ! ئۆزى توغرىسىدا بىرەر ئېغىز سۆزمۇ يوق... بىرەر ئېغىز! قانداقتۇ دېنىسوۋ توغرىسىدا يېزىپتۇ، ئۆزى ئۇلارنىڭ ھەممى-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

سىدىنمۇ جەسۇرراقتۇر. چەكسىز ئازاپلىرى توغرىسىدا ھېچنىمە دىمەپتۇ. ئالىجاناپلىقىغا قاراڭ ـ ھ! ئەنە شۇ نىكولۇشكام ـ دە! ھەممەيلەننى بىر ـ بىرلەپ ئەسلەپتۇ! ھېچكىمنى ئېسىدىن چىقارماپتۇ. ئۆزەممۇ ھەمىشە دەيتتىم، تېخى مۇشۇنچىلىك چېغىدىلا دەيتتىم......

بىر ھەپتىدىن كۆپرەك تەييارلىق قىلىشىپ، پۈتۈن ئائىلىدىن نىكولۇشكىغا يېزىلىدىغان خەتلەر يېزىلدى ۋە ئاقىقا كۆچۈرۈلدى؛ گراف ئايىمنىڭ نازارىتى ئاستىدا ۋە گرافىنىڭ غەمخورلىقى بىلەن نىكولۇشكىغاكېرەكلىك نەرسىلەر، يېڭىدىن ئۈستۈرۈلگەن ئەپىتسەرنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى بىلەن لازىمەتلىكلىرى ئۈچۈن پۇل ھازىرلاندى. تەدبىرلىك خوتۇن ئانىنا مىخايلوۋنا ھەتتا ئوغلى بىلەن خەت يېزىشىپ تۇرۇشنىڭ ئاسان يوللىرىنىمۇ ئارمىيە دائىرىلىرى ئارقىلىق ئەپلەپ تېپىۋالغان ئىدى. ئۇ خەتلىرىنى گۋاردىيىگە قوماندانلىق قىلىپ تۇرغان ئۇلۇغ كىنەز كونستانتىن پاۋلوۋىچقا ئەۋەتەتتى. روستوۋ ئائىلىسىدىكىلەر "چەت ئەلدىكى روس گۋاردىيىسى" دىگەننىڭ ئۆزى ناھايىتى ئېنىق ئادرېس، ئەگەر خەت گۋاردىيىگە قوماندانلىق قىلىپ تۇرغان ئۇلۇغ كىنەزگە تەگسە، شۇ يەرگە يېقىن تۇرغان پاۋلوگراد پولكىغا يېتىپ بارماسلىقىدا ھېچقانداق سەۋەپ يوق، دەپ ئويلايتتى؛ شۇنىڭ ئۈچۈن، خەت ۋە پۇللارنى ئۇلۇغ كىنەزنىڭ چاپارمىنى ئارقىلىق بورىسقا ئەۋەتىدىغان بولدى، بورىس بولسا بۇ نەرسىلەرنى نىكولۇشكىغا يەتكۈزۈپ بېرىشى كېرەك ئىدى. ئەۋەتىلىدىغان خەتلەر قېرى گراف، گراف ئايىم، پېتە، ۋېرا، ناتاشا، سونيە تەرىپىدىن يېزىلغان ئىدى، ئەڭ ئاخىرىدا گراف ئوغلىغا كىيىم ـ كېچەك ئۈچۈن ئالتە مىڭ سوم پۇل ۋە ھەر خىل نەرسىلەرنى ئەۋەتتى.

# 7

كۈتۈزوۋنىڭ ئولمۇتس ئەتراپىدا لاگېر قۇرۇپ تۇرغان جەڭگىۋار ئارمىيىسى ئون ئىككىنچى نويابىر كۈنى بولىدىغان كۆرەككە، يەنى روسىيە ۋە ئاۋستىرىيە پادىشالىرىنىڭ كۆرىگىگە تەييارلىنىۋاتاتتى. روسىيىدىن تېخى ئەمدىلا يېتىپ كەلگەن گۋاردىيە ئولمۇتستىن ئون بەش چاقىرىم نېرىدا قونۇپ قېلىپ، ئەتىسى ئەتىگەن سائەت ئوندا كۆرەكتىن ئۆتۈش ئۈچۈن توپ-توغرا ئولمۇتس مەيدانىغا كەلدى.

نىكولاي روستوۋ شۇ كۈنى بورىسنىڭ بىر پارچە خېتىنى تاپشۇرۇۋالدى، بورىس بۇ خېتىدە ئۇنىڭغا: ئىزمايىلوۋسكى پولكى ئولمۇتستىن ئون بەش چاقىرىم بېرىدە تۈنەيدۇ، ساڭا خەت ۋە پۇل كەپتۇ، سېنى كۈتىمەن. كېلىپ ئېلىۋال، دەپ خەۋەر قىلغان ئىدى. روستوۋغا بولۇپمۇ مۇشۇ كۈنلەردە پۇل ناھايىتى زۆرۈر ئىدى، چۈنكى ھەربى يۈرۈشتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئولمۇتس ئەتراپىدا توختىغان ئارمىيە لاگېرىنى ماللىرى كۆپ ماركىتانتلار ۋە ئاۋستىرىيىلىك جوھۇتلار بېسىپ كەتكەن ئىدى. پاۋلوگراد پولكىدىكى كىشىلەر ھەربى يۈرۈشتە ئېلىنغان مۇكاپات خوشاللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن زىياپەت ئۈستىگە زىياپەت ئۆتكۈزۈشمەكتە ئىدى ۋە يېقىندا ئولمۇتسقا كېلىپ ئاياللار خىزمەت قىلىدىغان مەيخانا ئاچقان كارولىنا ۋېنگېركانىڭ مەيخانىسىغا بېرىپ كېلىپ تۇرۇشاتتى. روستوۋ ئۆزىنىڭ ئەپتىسەرلىككە كۆتىرىلگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن يېقىندا زىياپەت بەرگەنلىكى ۋە دېنىسوۋنىڭ بېدۇيىن ناملىق ئېتىنى سېتىۋالغانلىقى ئۈچۈن، تەرەپ-تەرەپتىن يولداشلىرىغا ۋە ماركىتانتلارغا قەرزدار

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بولۇپ قالغان ئىدى. بورىسنىڭ خېتىنى ئالغاندىن كېيىن، روستوۋ بىر ئاغىنىسى بىلەن بىللە ئولمۇتسقا باردى، ئۇ يەردە تاماق يەپ بىر بوتۇلكا ۋىنو ئىچتى-دە، كېيىن ئۆزى يالغۇز گۋاردىيە لاگېرىغا بېرىپ، ئۇ يەردە ئۆزىنىڭ بالىلىق چاغلىرىدىكى ئاغىنىسىنى ئىزلەشكە باشلىدى. روستوۋ تېخى ئەپتسەرلىك كىيىمنى تەييارلاشقا ئۈلگۈرەلمىگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدا ئەسكەرلەرگە خاس كرېست بەلگىسى تاقالغان يۇنكېرچە قىسقا كەمزۇل، شۇنىڭغا ئوخشاشلا ئەسكىرەپ كېتىپ تىزلىرىدىكى چەرمىلىرى قىرىلىپ كەتكەن تار شىم، بېلىدە بولسا سېپىغا پۆپۈكلۈك تاسما ئېسىلغان ئەپتسەرلىك قىلىچى بار ئىدى، مىنىپ يۈرگىنى ھەربىي يۈرۈش ۋاقتىدا كازاكتىن سېتىۋالغان دون ئېتى ئىدى؛ پۇرلىشىپ كەتكەن ئاتلىقلار شەپكىسىنى يېگىتلەرچە قىيشايتىپ بېشىنىڭ ئارقىسىغا كىيىۋالغان ئىدى. ئۇ ئىزمايىل پولكىنىڭ لاگېرىغا يېقىن كەلگەندە، ئۇرۇشنى باشتىن كەچۈرگەن جەڭگىۋار گۇسارلىق قىياپىتىم بورىس ۋە ئۇنىڭ گۋاردىيىچى دوستلىرىنى ھاڭ-تاڭ قالدۇراركىن دەپ ئويلايتتى.

گۋاردىيە پۈتۈن ھەربىي يۈرۈشنى خۇددى خۇشال-خۇرام سەيلىگە چىققاندەك، ئۆزىنىڭ ئازادىلىكى ۋە ئىنتىزامچانلىقىنى نامايان قىلىپ ئۆتكۈزدى. مەنزىللەر يېقىن بولۇپ، بۇيۇم خالتىلىرىنى ھارۋىلار ئېلىپ يۈرەتتى، ئاۋسترىيە مەمۇرلىرى ئەپتسەرگە ھەممە مەنزىللەردە ئوبدان تاماق تەييارلىتىپ قويۇشاتتى. پولكلار شەھەرلەرگە مۇزىكا بىلەن كىرىپ مۇزىكا بىلەن چىقاتتى، پۈتۈن ھەربىي يۈرۈش ۋاقتىدا ئۇلۇغ كىنەزنىڭ بۇيرۇغى بويىچە ئەسكەرلەر تەڭ قەدەم تاشلاپ يۈرەتتى (گۋاردىيىچىلەر شۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنەتتى)، ئەپتسەرلەر بولسا ئۆز ئورۇنلىرىدا پىيادە يۈرەتتى.

بورىس پۈتۈن ھەربى يۈرۈش ۋاقتىدا ھازىر روتا كوماندىرى بولغان بېرگ بىلەن بىللە يۈرەتتى ۋە بىللە تۇراتتى. ھەربى يۈرۈش ۋاقتىدا روتا كوماندىرى بولغان بېرگ ياخشى خىزمىتى ۋە ھەر ئىشنى ئۆز ۋاقتىدا ئورۇنلىشى ئارقىسىدا باشلىقلارنىڭ ئىشەنچىگە ئىگە بولغان ۋە ئۆزىنى ئىقتىسادىي جەھەتتە ياخشى تەمىنلەپ ئالغان ئىدى. بورىس ھەربى يۈرۈش ۋاقتىدا ئۆزىگە كۆپ كېرەك بولۇپ قالىدىغان نۇرغۇن ئادەملەر بىلەن تونۇشتى، پېيىر يېزىپ بەرگەن تونۇشتۇرۇش خېتى ئارقىلىق كىنەز ئاندرېي بولكونسكى بىلەن تونۇشۇۋالدى ۋە ئۇ ئارقىلىق باش قوماندان ئىشتاۋىغا ئورۇنلىشىۋېلىش ئۈمىدىدە ئىدى. ئازادە ۋە ئوبدان كىيىنگەن بېرگ بىلەن بورىس ئەڭ ئاخىرقى كۈندۈزكى يۈرۈشتىن كېيىن، ئۆزلىرىگە ئاجرىتىلغان ئازادە ئۆيدە يۇمۇلاق شىرە ئالدىدا ئولتۇرۇپ شاخمات ئويناشماقتا ئىدى. بېرگ تۈتەپ تۇرغان مۇشتىكىنى ئىككى تىزىنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇپ قويغان ئىدى. بورىس بېرگنىڭ يۈرۈشىگە تەقەززا بولۇپ، ئۆزىگە خاس ئىنچىكىلىك بىلەن شاخمات ئۇرۇقچىلىرىدىن ئاپپاق ئىنچىكە قوللىرى بىلەن كىچىك پىرامىدا ياسىدى ۋە ئەپتىدىن ئويۇن توغرىسىدىلا ئويلىنىپ (ئۇ ھەمىشە نىمە بىلەن مەشغۇل بولغان بولسا، پەقەت شۇ توغرىسىدىلا ئويلايتتى)، ئۆز شېرىگىنىنىڭ يۈزىگە قاراپ تۇراتتى.

— قېنى، ئەمدى سىز مۇھاسىرىدىن قانداق قۇتۇلۇپ چىقىسىز-كىن؟ — دىدى ئۇ.

— تىرىشىپ كۆرىمىز-دە، — دەپ جاۋاپ بەردى بېرگ ۋە پىيادىنى تۇتتى-يۇ، قولىنى يەنە تارتىۋالدى.

شۇ چاغ ئىشىك ئېچىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— ھەي، ئاخىر سەنمۇ كەپسەن-دە! — دەپ ۋاقىرىدى روستوۋ، — بىر گمۇ شۇ يەردە! ھەي-ھەي، سەنلەرنى petisenfans, (باللار، ئورنۇڭلارغا چىقىپ يېتىپ ئۇخلاڭلار!) allay cushay dormir①! — دەپ ۋاقىرىدى تەربىيىچى ئايالىلارنىڭ سۆزىنى تەكرارلاپ. بورىس ئىككىسى ياش چاغلىرىدا ھەمىشە تەربىيىچى ئايالىلارنىڭ شۇ سۆزلىرىنى دوراپ زاڭلىق قىلىپ كۈلۈشەتتى.

— ئوھو، تامامەن ئۆزگىرىپ كېتىپسەنغۇ! — دەپ بورىس روستوۋنى قارشى ئېلىپ ئورنىدىن تۇردى، لېكىن ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، يىقىلىپ چۈشكەن شاخمات ئۇرۇقچىلىرىنى يۆلەپ ئورنىدا تۇرغۇزۇپ قويۇشنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىدى ۋە دوستىنى قۇچاقلىماقچى بولغان ئىدى، ئەمما نىكولاي روستوۋ ئۆزىنى چەتكە تارتتى. نىكولاي دوستى بىلەن كۆرۈشكەندە كونا قائىدىلەردىن قورقىدىغان، باشقىلارغا تەقلىت قىلمايدىغان ياشلىق تۇيغۇسى بىلەن ئۆز ھىسسىياتىنى ھەرقانداق بولغاندىمۇ ئادەتتە چوڭلاردىكىدەك ساختا ئەمەس، ئۆزىچە يېڭىچىسىغا ئىپادە قىلماقچى بولاتتى؛ ئۇ باشقىلارغا ئوخشاش سۆيۈشمەكچى ئەمەس، بەلكى ئۇنى چىمدىپ قويماقچى، تۈرتۈپ قويماقچى بولدى. بىراق بورىس، ئەكسىچە، بىمالال ۋە دوستانە يوسۇندا روستوۋنى قۇچاقلاپ ئۈچ قېتىم سۆيۈپ قويدى.

ئۇلار يېرىم يىلچە ۋاقىتتىن بېرى بىر بىرى بىلەن كۆرۈشمىگەن ئىدى؛ ياشلار ھايات يولىغا چۈشۈپ دەسلەپكى قەدىمىنى باسقان پېشىدا قانچىلىك ئۆزگەرسە، ئۇلارمۇ بىر بىرىدە شۇ ئۆزگىرىشنى كۆرۈشتى ۋە شۇ دەسلەپكى قەدىمىنى قايسى مۇھىتتا باسقان بولسا،

---

① تەربىيىچى، رۇس ئايال دورۇس ئىپىتالىمغان فرانسۇزچە ئىبارە. — تەر.

شۇ مۇھىتنىڭ تامامەن يېڭى ئەكسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشكەندىن كېيىن ھەر ئىككىلىسىمۇ كۆپ ئۆزگىرىپ كەتكەن ۋە ھەر ئىككىلىسىمۇ ئۆزلىرىدە يۈز بەرگەن بۇ ئۆزگىرىشلەرنى بىر بىرىگە چاپسانراق ئېيتماقچى بولاتتى.

— ھەي، سىلەرنى، ئۆلىگۇر بايۋەچچىلەرەي! نىمە دىگەن ئازادە، نىمە دىگەن تازا. خۇددى سەيلىدىن قايتىپ كەلگەندەك، بىزمۇ يۇرۇپتىمىز — ھە، ئارمىيىدە خىزمەت قىلىمىز دەپ، گۇناكارلارغا ئوخشاش، — دىدى روستوۋ لاي چاچراپ كەتكەن شىمىنى كۆرسىتىپ. ئۇنىڭ يوغان ئاۋازى ۋە ئەسكەرچە ھەركىتى بورىس ئۇچۇن تامامەن يېڭىلىق ئىدى.

روستوۋنىڭ قاتتىق ۋاقىراپ گەپ قىلىۋاتقانلىغىنى ئاڭلىغان ئۆي ئىگىسى نېمىس خوتۇن ئىشىكتىن بېشىنى چىقىرىپ قارىدى.

— قانداق، چايىدىمۇ؟ — دىدى روستوۋ بورىسقا.

— نىمانچىۋالا ۋاقىرايسەن؟ ئۇلارنى ھۇركۇتۇۋېتىسەن، — دىدى بورىس، — مەن سېنى بۇگۇن كەلمەس دەپ ئويلىغان ئىدىم، — دىدى يەنە، — خەتنى تېخى تۇنۇگۇنلا كۇتۇزوۋنىڭ ئاديۇتانتى بولغان تونۇشۇم بولكونسكى ئارقىلىق ئەۋەتكەن ئىدىم. ئۇنىڭ خەتنى شۇنچە تېز يەتكۇزۇپ بېرىدىغانلىغىنى ئويلىماپتىمەن...... خوش ئەھۋالىڭ قانداق؟ ئۇرۇشقا قاتناشتىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى بورىس.

روستوۋ ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋاپ بەرمەي، فورمىلىق كىيىمىگە تاقىۋالغان گېئورگى كرېستىنى ئەسكەرلەرچە سىلكىپ قويدى ۋە بېنىت بىلەن باغلاپ تېڭىپ قويغان قولىنى كۆرسىتىپ كۇلۇمسىرەپ بىرگىگا قارىدى.

— كۆرۇپ تۇرۇپسەنغۇ، — دىدى روستوۋ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— مۇنداق دېگىنە، دۇرۇس، دۇرۇس! — دېدى بورىس كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، — بىزمۇ ئاجايىپ يۇرۇش قىلدۇق. شاھزادە دائىم بىزنىڭ پولك بىلەن بىللە بولدى، بۇنى سەن بىلىسەن، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ھەممە ئوڭايلىق ۋە راھەت-پاراغەتلەرگە ئىگە بولدۇق. پولشىدا بىزنى قانداق قوبۇل قىلغانلىقىنى، قانداق تاماقلارنى ھازىرلىغانلىقى ۋە قانداق زىياپەت ھەم بەزمىلەرنى ئۆتكۈزگەنلىكىنى دېمەمسەن — مەن بۇلارنى ساڭا ئېيتسام تۈگىمەيدۇ! شاھزادىمۇ بىزنىڭ ھەممە ئەپىتسەرلىرىمىزگە ناھايىتى چوڭ مەرھەمەتلەرنى كۆرسەتتى.

شۇنداق قىلىپ بۇ ئىككى دوستنىڭ بىرسى ئۆزىنىڭ قىران ئاتلىقلارغا خاس ئەيشى-ئىشرەتلىرى بىلەن جەڭگىۋار ھاياتى توغرىسىدا، ئىككىنچى بىرسى يۇقۇرى دەرىجىلىك كىشىلەر قوماندىسى ئاستىدا خىزمەت قىلىشنىڭ قولايلىقلىرى، پايدىسى ۋەھاكازالار توغرىسىدا بىر بىرىگە سۆزلەپ بېرىشتى.

— گۋاردىيە ياخشى-دە! — دېدى روستوۋ، — ماڭا قارا ۋىنو ئالدۇرساڭچۇ.

بورىس چىرايىنى پۇرۇشتۇرۇپ قويدى.

— ناھايىتى ئىچكىڭ كەپكەتكەن بولسا، مەيلى، — دېدى بورىس.

ئۇ كارۋىتى ئالدىغا كېلىپ، ئاپپاق ياستۇغىنىڭ تېگىدىن خالتىسىنى ئالدى-دە، ۋىنو ئېلىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى.

— ھە، ئېيتقاندەك، ساڭا كەلگەن پۇل بىلەن خەتنىمۇ ساڭا بېرىشىم كېرەك، — دېدى يەنە.

روستوۋ خەتنى ئالدى ۋە پۇلنى دىۋانغا تاشلاپ قويدى-دە،

ئىككى جەيىنگىنى شىرەگە تىرەپ ئولتۇرۇپ خەتنى ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇ بىرقانچە قۇرىنى ئوقىدى-يۇ، غەزەپ بىلەن بېرگقا قارىدى ۋە ئۇنىڭ قاراپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ، خەت بىلەن يۈزىنى توسىۋالدى.

— پاھ، خېلى جىق پۇل ئەۋەتىپتۇغۇ، — دېدى بېرگ دىۋانىنى خېلى ئېغىر بېسىپ تۇرغان خالىتىغا ئىشارەت قىلىپ، — بىزنىڭ كۇنىمىز ئايلىقىلا قاراپ قالغان، گراف. مانا مەن سىزگە ئۆزەمنى ئېلىپ ئېيتسام......

— ماڭا قاراڭ، دوستۇم بېرگ، — دېدى روستوۋ، — ئەگەر سىزگىمۇ ئۆيىڭىزدىن خەت كەلسە ۋە يېقىن كىشىڭىزدىن ھەممە نەرسىلەرنى سوراپ سۈرۈشتۈرمەكچى بولسىڭىز-يۇ، مەن شۇ چاغدا قېشىڭىزدا ھازىر بولغان بولسام، سىزگە دەخلى قىلماسلىق ئۈچۈن دەررۇ ئالدىڭىزدىن كېتىپ قالغان بولاتتىم. قۇلاق سېلىڭ، كېتىپ قالسىڭىز، مەرھەمەت، نەگە بولسىمۇ كېتىپ قالسىڭىز، كۆزۈمدىن يوقالسىڭىز! — دەپ ۋاقىرىدى روستوۋ ۋە يەنە دەرھال ئۇنىڭ يەلكىسىدىن تۇتۇپ يۈزىگە مۇلايىملىق بىلەن قارىدى-دە، دېگەن سۆزلىرىنىڭ قوپاللىقىنى يۇمشاتماقچى بولسا كېرەك: ئۆزىڭىز بىلىسىز، خاپا بولماڭ، دوستۇم، مەن سىزنى ئۆزەمگە يېقىن كۆرۈپ بۇ گەپلەرنى ئېيتىۋاتىمەن، — دەپ قوشۇپ قويدى.

— ھە...ە، كەچۈرگەيسىز، گراف، مەن تامامەن چۈشىنىمەن، — دېدى بېرگ ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ بوغۇق ئاۋازى بىلەن.

— خوجايىنلىرىڭىزنىڭ ئالدىغا كىرىڭ: ئۇلار سىزنى چاقىرىشىۋاتقان ئىدى، — دېدى بورىس يەنە قوشۇمچە.

بېرگ قىلچە داغ تەگمىگەن پاكىز كىيىمىنى كەيدى ۋە ئەينەككە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قاراپ، خۇددى ئالېكساندىر پاۋلوۋىچتەك، ئىككى چېكىسىدىن چېچىنى يۇقۇرىغا تارىدى-دە، روستوۋنىڭ قاراشلىرىدىن كىيىمنىڭ يېقىپ قالغانلىقىغا ئىشەنچ ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، مۇلايىم تەبەسسۇم بىلەن ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

— ئىست، مەن نىمە دىگەن ئەخمەق! — دىدى روستوۋ خەتنى ئوقۇۋېتىپ.

— ھە، نىمە بولدى؟

— ئىست، مەن نىمە دىگەن ئەخمەق، خەت يازماي يۈرۈۋېرىپ، ئۇلارنى راسا قورقۇتۇۋېتىپتىمەن، قارا. ئاپلا يامان ئىش بوپتۇ-دە! دىدى بىردىنلا قىزىرىپ، — قېنى ھېلىقى گاۋرىلىلاگىنى ئەۋەتكىنە ۋىنوغا! ھە، بىر ئىچەيلۇق! — دىدى روستوۋ......

ئاتا-ئانىسىدىن كەلگەن خەتلەرنىڭ ئىچىدە يەنە كىنەز باگراتيونغا قارىتىپ يېزىلغان بىر پارچە خەتمۇ بار ئىدى، قېرى گراف ئايىم بۇ خەتنى ئاننا مىخايلوۋنانىڭ مەسلىھەتى بويىچە تونۇشلىرى ئارقىلىق يازدۇرۇۋالغان ۋە ئوغلىغا بۇ خەتنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ، شۇنىڭدىن پايدىلانغىن، دەپ تاپىلىغان ئىدى.

— مانا ئەخمەقچىلىق! بۇنىڭغا تەشنا بولۇپ يۈرۈپتىمەن-دە! — دىدى روستوۋ خەتنى شىرەنىڭ تېگىگە تاشلىۋېتىپ.

— نىمىشقا تاشلىۋېتىسەن؟ — دەپ سورىدى بورىس.

— قانداقتۇ بىر تونۇشتۇرۇش خېتى ئىكەن، نىمە كېرىكى بار ماڭا!

— نىمىشقا كېرەكى بولمايدىكەن؟ — دىدى بورىس خەتنى ئېلىپ ئوقۇپ كۆرۈپ، — بۇ خەت سەن ئۈچۈن ناھايىتى كېرەك.

— ماڭا ھىچنەرسە كېرەك ئەمەس ۋە مەنمۇ ھىچكىمگە ئاديۇتانت

بولمايمەن.

— نېمىشقا؟ — دەپ سورىدى بورىس.

— غالچىلىق قىلىدىغان ئىش!

— سەن ئىلگىرىكىدەكلا خام خىيالچى ئىكەنسەن، بىلدىم، — دېدى بورىس بېشىنى چايقاپ.

— سەنمۇ يەنىلا شۇنداق دىپلومات ئىكەنسەن! كەل، قوي بۇ گەپلەرنى...... خوش ئۆز ئەھۋالىڭ قانداق؟ — دېدى روستوۋ.

— مانا كۆرۈپ تۇرۇپسەنغۇ، شۇ-دە. ھازىرچە ھەممە ئىشىم جايىدا؛ لېكىن، شۇنى تەن ئالىمەنكى، فرونتتا قېپقالغۇم يوق، بەكمۇ ئادىيۇتانت بولغۇم بار ئىدى.

— نېمە ئۈچۈن؟

— شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ھەربىي خىزمەتتە يۇقۇرى ئۆرلەشكە قەدەم قويغان ئىكەنسەن، ئىلاج بولسىلا تېخىمۇ يۇقۇرى ئۆرلەشكە تىرىشىشىڭ كېرەك-تە!

— ھە...ھە، مۇنداق دېگىن-چۇ! — دېدى روستوۋ، ئۇزايىدىن باشقا توغرىدا ئويلاۋېتىپ.

ئۇ قانداقتۇ بىرەر مەسىلىنى ھەل قىلىشقا بىسەۋدە ئۇرۇنۇۋاتقان بولسا كېرەك، دوستىنىڭ كۆزىگە سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلىپ قارىدى.

بوۋاي گاۋرىلو ۋىنو ئېلىپ كەلدى.

— ئەمدى ئالفونس كارلىچنى چاقىرتىپ كىشى ئەۋەتەيمۇ؟ — دېدى بورىس، — ئۇ سەن بىلەن ئىچسۇن، مەن ئىچەلمەيمەن.

— بولىدۇ، ئەۋەت، ئەۋەت! قانداق ئۇ نېمىسمۇ؟ — دېدى روستوۋ تەھقىرلىگەن ھالدا ئىلجىيىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— ئۇ ناھايىتى، ناھايىتى ياخشى، سەمىمى ۋە دىلكەش ئادەم، — دېدى بورىس.

روستوۋ بورىسنىڭ كۆزىگە يەنە بىر قېتىم تىكىلىپ قارىدى-دە، ئۇھ تارتىپ قويدى. بېرگ قايتىپ كەلدى ۋە ۋىنو ئىچىپ ئولتۇ-رۇپ، ئۇچلا ئەپتسەرنىڭ پارىڭى قىزىپ كەتتى. گۋاردىيىچىلەر روستوۋغا ئۆزلىرىنىڭ ھەربى يۈرۈشلىرى توغرىسىدا، ئۇلارنى روسىيىدە، پولشىدا ۋە چەتئەللەردە قانداق ئىززەت-ھۆرمەت قىلىپ ئالدىغا چىققانلىقى توغرىسىدا ھىكايە قىلىپ بەردى. كاماندىر-لىرىنىڭ، ئۇلۇغ كىنەزنىڭ سۆزلىرى، قىلىقلىرى، گەپ قىلىشلىرى، ئۇنىڭ يۇمشاق كۆڭۈللىگى ۋە ئاچچىقىنىڭ تېز كېلىشى توغرىسىدا لەتىپىلەر سۆزلەشتى. بېرگ سۆز شەخسەن ئۆزىگە تېگىشلىك بولمى-غاچقا ئادەتتىكىدەك گەپ قىلماي ئولتۇراتتى، بىراق ئۇلۇغ كىنەزنىڭ تېز ئاچچىغى كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا لەتىپىلەر سۆزلىشىۋاتقاندا، ئۇ گالىتسىيىدە ئۇلۇغ كىنەز پولكلارنى ئاتلىق ئايلىنىپ يۈرۈپ پولكنىڭ ناتوغرا ھەركەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاچچىغلانغىنىنى ۋە شۇ چاغدا ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىشكە مۇۋەپپەق بولغانلىغىنى ناھايىتى زور ئىشتىياق بىلەن سۆزلەپ بەردى. ئۇ ئۇلۇغ كىنەز ناھايىتى دەرغەزەپ بولۇپ ئالدىغا كېلىپ: "ئارنا ئۇتلار!"① (شاھزادە دەرغەزەپ بولغان چاغلىرىدا ئېيتىشنى ياخشى كۆرىدىغان سۆز) دەپ ۋاقىرىغانلىغىنى ۋە روتا كاماندىرىنى سورىغانلىغىنى مۇلايىم تەبەسسۇم بىلەن سۆزلەپ بەردى.

---

① تۈركلەر ئالبانلارغا قويغان نام. ئالبانىيە تۈركلەرنى غەيرى مۇنتىزىم ئاتلىق ئەسكەرلەر بىلەن تەمىنلىگەن ئىدى. — تەر.

— ئېشىنەمسىز، گراف، مەن قىلچە قورقمىدىم، چۈنكى، مەن ئۆزەمنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىمنى بىلەتتىم. بىلەمسىز، گراف، پولك بويىچە بېرىلىدىغان پۈتۈن بۇيرۇقلارنى ۋە نىزامنىسىمۇ خۇددى ئىبادەت ئايەتلىرىدەك① ياتقا بىلىمەن دېسەم ماختانغان بولمايمەن. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، گراف مېنىڭ روتامدا ھېچقانداق كەمچىلىك بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھەمىشە خاتىرجەم ئىدىم. يۈگۈرۈپ ئالدىغا باردىم (بېرگ ئۇلۇغ كىنەزنىڭ ئالدىغا قانداقسىگە ھەربىچە سالام بېرىپ كەلگەنلىكىنى ئورنىدىن سەلگىنە تۇرۇپ كۆرسەتتى. دەرھەقىقەت، ئادەمنىڭ چىرايىدا ھۆرمەت ۋە مەمنۇنىيەتنى بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇقراق قىلىپ كۆرسىتىش قىيىن ئىدى!)، ئۇ مېنى تىللاپ كەتتى، ئېيتقاندەك، تىللاۋەردى. كۈن كۆر دەپ ئەمەس، بەلكى ئۆل دەپ تىللىدى: "ئارنائوت"مۇ دېدى، "ئالۋاستىلار" مۇرىدى، "سىبىرگە ئەۋەتىمەن"مۇ دېدى، ئىشقىلىپ ھېچ گەپ قالمىدى، — دېدى بېرگ ئۆتكۈر تەبەسسۇم بىلەن، — مەن ئۆزەمنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىمنى بىلەتتىم، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ لام-مىم دېمەي تۇرىۋەردىم، قىلغىنىم دۇرۇس بوپتىمۇ، گراف؟ "ھە، گاچىمۇ سەن نېمە؟" — دەپ ۋاقىرىدى. مەن يەنىلا جىم تۇرۇۋەردىم. قانداق دەپ ئويلايسىز، گراف؟ ئەتىسى شۇ كۈندىكى بۇيرۇقتا مېنىڭ توغرامدا ھېچ گەپ بولمىدى. ئۆزىنى دادىل تۇتۇش دېگەن مانا شۇ! مانا شۇنداق گەپلەر، گراف، — دېدى بېرگ مۈشتىكىدىن ھالقا-ھالقا ئىس چىقىرىپ.

---

① خرىستىيان مۇرىدلىرىنىڭ ئىبادەت ئايەتلىرى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. — تەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ــ ھە، ناھايىتى ياخشى بوپتۇ، ــ دېدى روستوۋ تەبەسسۇم قىلىپ.

بىراق، بورىس روستوۋنىڭ بېرگنى مەسخىرە قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، گەپنى ئۇستىلىق بىلەن باشقا تەرەپكە بۇرىۋەتتى. ئۇ روستوۋدىن قەيەردە ۋە قانداق يارىدار بولغانلىقى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىشنى سورىدى. روستوۋغا بۇ پىكىر يېقىپ قالغان بولسا كېرەك، سۆزلەشكە باشلىدى، سۆزلەۋېتىپ بارغانسېرى ھاياجانلىنىپ كېتەتتى. روستوۋ ئۇلارغا شېنگرابېندا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەنى جەڭگە قاتناشقان كىشىلەردەك، يەنى ئەيىنەن ئەمەس، باشقىلاردىن ئاڭلىغانلىرىچە، ھەقىقەتتە بولغىنىنى ئەمەس، چىرايلىق چىقىدىغان قىلىپ ئېيتماقچى بولغان كىشىلەردەك سۆزلەپ بەردى. روستوۋ راستچىل يىگىت بولۇپ، ھېچقاچان يالغان گەپ قىلمايتتى. ئۇ بولغان ۋەقەلەرنى قانداق بولغان بولسا شۇ پېتى ئەيىنەن سۆزلەپ بېرىش نىيىتى بىلەن سۆزلەشكە باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئاستا ــ ئاستا، ئىختىيارسىز ۋە مۇقەررەر ھالدا يالغانغا كۆچۈشكە باشلىغانلىقىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى. ئەگەر روستوۋ ھۇجۇم توغرىسىدا ئۆزىگە ئوخشاش كۆپ مەرتىۋە ھېكايىلەرنى ئاڭلىغان ۋە ھۇجۇمنىڭ قانداقلىقى ھەققىدە مۇئەييەن بىر چۈشەنچە ھاسىل قىلغان ھەم خۇددى شۇنداق ھېكايىنى ئاڭلاشنى كۈتۈپ تۇرغان بۇ ئاڭلىغۇچىلىرىغا ھەقىقەتنى سۆزلەپ بەرگەن بولسا ئىدى، ئۇلار ياكى ئۇنىڭ گەپلىرىگە ئىشەنمىگەن بولاتتى، ياكى ئۇنىڭدىنمۇ يامانراقى، ئادەتتە ئاتلىقلار ھۇجۇملىرىغا قاتناشقان كىشىلەر بېشىدىن كەچۈرىدىغان نەرسىلەرنى روستوۋ بېشىدىن كەچۈرمىگەنلىكىگە ئۇنىڭ ئۆزى ئەيىپلىك دەپ ئويلىشاتتى. روستوۋ ئۇلارغا، ھەممەيلەن

ئاتنى چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقاندا، مەن ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپ قولۇمنى مېيىپ قىلىۋالدىم ـ دە، جېنىمنىڭ بىرىچە بىر فرانسوز ئەسكىرىدىن قېچىپ ئورمانلىقتا چاپتىم دەپ ئاددىغىنە ئېيتالمايتتى. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، بولغان ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىنى قانداق بولغان بولسا شۇ پېتى ئەينەن ئېيتىپ بېرىش ئۇچۇن ئۆزىدە چوڭ ئىرادىنىڭ بولۇشمۇ كېرەك ئىدى. ھەقىقەتنى سۆزلەپ بېرىش ناھايىتى تەس. بۇ كۆپ ياشلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. ھىكايىنى ئاڭلاۋاتقانلار ئۇنىڭدىن قانداق قىزىشىپ كېتىپ جەڭ قىلغانلىقىنى، كۆزىگە لىق قان تولۇپ، دۈشمەن ئىستىھكامىغا قانداقىسىگە ئوقتەك ئېتىلىپ كىرگەنلىكىنى؛ ئوڭ ـ سولغا قىلىچىنى ئۇرۇپ، دۈشمەنلەرنى قانداق قىرىپ تاشلىغانلىقىنى؛ قىلىچى دۈشمەن گۆشىنى قانداق تېتىغانلىقىنى، جەڭدە ئۆزى ھالسىزلىنىپ قانداق يىتىپ قالغانلىقىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بېرىشنى سورىدى. ئۇ بۇلارغا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ بەردى.

ئۇ ھىكايىسى يېرىمىلىشىپ: ”ھۇجۇمغا ئۆتكەندە ئادەمنىڭ كۆزىگە قانداق قان تولىدىغانلىقىنى سەن تەسەۋۋۇر قىلالمايسەن“ دەۋاتقاندا، كىنەز ئاندرېي بولكونسكى ئۆيىگە كىرىپ كەلدى، بورىس ئۇنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى. ياشلارغا ھىمايىكارانە مۇناسىۋەت قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان، ھىمايە قىلىشنى سوراپ مۇراجىئەت قىلغانلىقىدىن كۆڭلى ئېيىپ كەتكەن، تېخى تۈنۈگۈنلا يېقىپ قالغان بورىسقا كۆڭلى مايىل بولغان كىنەز ئاندرېي ياش يىگىتنىڭ خاھىشىنى ئورۇنلاشنى ئىستەيتتى. ئۇ كۇتۇزوۋدىن شاھزادىگە خەت ئېلىپ كېلىۋېتىپ، بورىسنى، تەنھا ئۇچرىتىمەن دىگەن ئوي بىلەن بۇ يەرگە كىرگەن ئىدى. ئۇ ئۆيگە كىرىپ، جەڭگىۋار سەرگۈزەشتىلەرنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھكايە قىلىپ بېرىۋاتقان ئارمىيە ئاتلىق ئەسكىرىنى كۆرگەندىن كېيىن (كىنەز ئاندرېي مۇنداق ئادەملەرنى ناھايىتى يامان كۆرەتتى)، بورىسقا مۇلايىمغىنە تەبەسسۇم بىلەن قارىدى، روستوۋغا بولسا چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ ۋە كۆزىنى قىسىپ نەزەر تاشلىدى-دە، سەل-پەل ئېگىلىپ تازىم قىلىپ، ھارغىنلىق ۋە خۇشياقماسلىق بىلەن دىۋاندا ئولتۇردى. بۇ يەردە ناچار بىر كىشىنىڭ بولغانلىقى ئۇنىڭ كۆڭلىگە ياقمىغان ئىدى. روستوۋ بۇنى بايقاپ قىزىرىپ كەتتى. لېكىن كىنەز ئاندرېي ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەھمىيىتى يوق، چۈنكى روستوۋ يات ئادەم ئىدى. لېكىن بولكونسكى بورىسنىڭ كۆزىگە قاراپ، ئۇنىڭ گويا ئارمىيە ئاتلىق ئەسكىرى ئۈچۈن خىجىل بولۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. كىنەز ئاندرېينىڭ يېقىمسىز ۋە مەسخىرىلىك ئاھاڭدا گەپ قىلىۋاتقانلىقىغا، روستوۋنىڭ ئارمىيىگە خاس جەڭگىۋار كۆز قارىشىدىن ئىشتاپنىڭ بۇ بارلىق ئاديوتانتلىرىغا (كىنەز ئاندرېيمۇ، قارىغاندا، شۇلارنىڭ بىرى ئىدى) بولغان ئومۇمى نەپرەت-تىگە قارىماي، روستوۋ خىجالەت تارتقاندەك بولۇپ قىزاردى ۋە جىم بولۇپ قالدى. بورىس ئىشتاپتا قانداق يېڭىلىقلار بار ۋە كەمتەرلىك قىلماي ئېيتقاندا، بىزنىڭ مۆلچەر-پىلانلىرىمىز توغرىسىدا نىملەرنى ئاڭلىدىڭىز دەپ سورىدى.

بولكونسكى يات ئادەملەرنىڭ ئالدىدا كۆپ گەپ قىلىشنى خالى-مىغان بولسا كېرەك:

— ئالغا بېسىۋاتساق كېرەك، — دەپ جاۋاب بەردى.

بىرگ پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن، روتا كاماندىرلىرىغا يەم-خەشەك ئۈچۈن ئەمدى ئىككى ھەسسە ئارتۇق پۇل بېرىدىكەن دېگەن گەپ بار، شۇ توغرىسىمۇ دەپ سورىدى.

كىنەز ئاندرېي كۆلۈمسىرەپ، بۇنداق مۇھىم دۆلەت ئىشلىرى توغرىسىدا ھېچنەرسە ئېيتالمايمەن دېدى ۋە بىرگ خۇرسەن بولۇپ كۈلۈپ كەتتى.

— سىزنىڭ ئىشىڭىز توغرىسىدا، — دەپ مۇراجىئەت قىلدى كىنەز ئاندرېي بورسقا، — كېيىن سۆزلىشەمىز، — كېيىن روستوۋغا بىر قاراپ قويدى، — كۆرەكتىن كېيىن مېنىڭ ئالدىمغا كېلىڭ، قولىمىزدىن كەلگەن ھەممە ياردەمنى بېرىمىز.

كېيىن ئۇ ئۆينىڭ ئۇياق-بۇ يېقىغا كۆز تاشلاپ، باللارچە قاتتىق خىجالەت بولغان ۋە بۇ خىجالەتلىكى غەزەپكە ئايلىنىۋاتقان روستوۋغا قارىدى-دە، ئۇنىڭ قىزىرىپ ئولتۇرغان ھالىتىگە پىسەنتمۇ قىلماي:

— سىز شېنگرابېن جېڭى توغرىسىدا گەپ قىلىۋاتقاندەك قىلغان ئىدىڭىز، سىزمۇ بارمىدىڭىز شۇ يەردە؟ — دېدى.

— ھەئە، بار ئىدىم، — دېدى ئاچچىغلىنىپ روستوۋ شۇ ئاچچىغى بىلەن گويا ئاديوتانتنى ھاقارەت قىلماقچى بولۇپ.

بولكونسكى ئاتلىقنىڭ ھالىتىنى بايقىدى ۋە بۇ ھالەت بۇنىڭغا قىزىق تۇيۇلدى. ئۇ سەل كۆزگە ئىلمىغان قىياپەتتە ئىلجىيىپ قويدى.

— شۇنداق! بۇ جەڭ توغرىسىدا ھازىر كۆپ گەپلەر بار.

— ھە، گەپ كوپ! — دېدى بىردىنلا روستوۋ قاتتىق ئاۋاز بىلەن، بىردەم بورسقا، بىردەم بولكونسكىغا كۆزلىرىنى ئالايتىپ قاراپ، — ھە، گەپ كۆپ! لېكىن بىزنىڭ گەپلىرىمىز دۈشمەننىڭ ئوقى ئاستىدا تۇرغان كىشىلەرنىڭ گېپى، بىزنىڭ گەپلىرىمىز جەڭدا ئولتۇرىدىغان گەپلەر بولۇپ، شۇ تاپتا ئولتۇرۇپ ھېچبىر ئىش قىلماستىنلا مۇكاپات ئالىدىغان ئىشتاپ ھەييارلىرىنىڭ گېپى ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— مېنى سىزمۇ شۆلارنىڭ بىرى دېمەكچىمۇسىز؟ — دېدى كىنەز ئاندرېي بىمالال ۋە ئالاھىدە مۇلايىملىق بىلەن تەبەسسۇم قىلىپ.

شۇ پەيت ئاجايىپ غەزەپ ھېسسىياتى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ كىشىنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆرۈپ پەيدا بولغان ھۆرمەت ھېسسىياتى روستوۋنىڭ قەلبىدە قوشۇلۇپ كەتتى.

— مەن سىزنى دەۋاتقىنىم يوق، — دېدى روستوۋ، — مەن سىزنى بىلمەيمەن، راستىنى ئېيتسام، بىلىشنىمۇ خالىمايمەن. مەن ئومۇمەن ئىشتاپ كىشىلىرى توغرىسىدا گەپ قىلىۋاتىمەن.

— مەن سىزگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، — دېدى كىنەز ئاندرېي ۋەزمىن ۋە سالاپەتلىك تاۋۇش بىلەن ئۇنىڭ گېپىنى بولۇپ تاشلاپ، — سىز مېنى، ھاقارەتلىمەكچى بولسىز، ئەگەر سىز ئۆز قەدرىڭىزنى تولۇق بىلمەي بىراۋنى ھاقارەتلەش ناھايىتى ئاسان دېسىڭىز، بۇ پىكرىڭىزگە قوشۇلىمەن؛ لېكىن ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، بۇ مۇۋاپىق ۋاقىت ۋە مۇۋاپىق ئورۇنمۇ ئەمەس. شۇ كۈنلەردە بىز ھەممەيلەن چوڭ ۋە تېخىمۇ جىددى دۇئېلغا چىقىمىز. بۇنىڭدىن تاشقىرى، سىزنى قەدىردان دوستۇم دەۋاتقان درۇبېتسكويى① بەختكە قارشى مېنىڭ ئەپتىم سىزگە ياقمىغانلىقى ئۈچۈن قىلچە ئەيىپلىك ئەمەس. بىراق، — دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، — سىز مېنىڭ پەملەمنى ۋە مېنى قەيەردىن تاپىدى-غانلىقىڭىزنى بىلىسىز؛ لېكىن شۇنى ئۇنتۇپ قالماڭكى، — دېدى يەنە، — مەن ئۆزەمنىمۇ، سىزنىمۇ قىلچە ھاقارەتلەنگەن دەپ ھېساپ-لىمايمەن. مەن سىزگە قارىغاندا چوڭ، ئەگەر مەسلىھەتىمگە

① بورىسنىڭ فەمىلىسى. — تەر.

كۆنسگىز، بۇ ئىشنى ئاقىۋەتسىز قالدۇرۇڭ، قوزغاپ يۈرمەڭ دەيمەن.
بولىدۇ، جۇمە كۈنى كۆرەكتىن كېيىن مەن سىزنى كۈتىمەن،
دروبېتسكويى؛ خەير كۆرۈشكىچە! — دېدى كىنەز ئاندرېي ۋە ئىككىسىگە تازىم قىلىپ چىقىپ كەتتى.

روستوۋ ئۇنىڭ گېپىگە نېمە دەپ جاۋاپ بېرىش كېرەكلىكىنى چىقىپ كەتكەندىن كېيىنلا ئەسلىدى. بۇ گەپ شۇ چاغدا ئېسىگە كەلمىگەنلىكىگە ئۇنىڭ تېخىمۇ قاتتىغراق ئاچچىغى كەلدى. روستوۋ دەرھال ئېتىنى كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى ۋە بورىس بىلەن سوغاققىنا خەيرلىشىپ، ئۆز جايىغا قايتىپ كەتتى. ئەتە باش ئىشتاپقا بېرىپ، بۇ ياسانچۇق ئاديۇتانتنى دۇئېلغا چاقىرايمۇ ياكى بۇ ئىشنى ھەقىقەتەن ئاقىۋەتسىز قالدۇرايمۇ؟ — بۇ سوئال ئۇنى يول بويى قىيناپ كېلەتتى. ئۇ گايىدا بۇ كىچىككىنە، زەئىپ ۋە مەغرۇر ئاديۇتانتنىڭ تاپانچىنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتكەندە ئۆزىنىڭ قانچىلىك ھۇزۇرلىنىدىغانلىقىنى غەزەپ بىلەن ئويلايتتى، گايىدا ھەممە تونۇش-بىلىشلىرىدىنمۇ كۆپرەك پەقەت شۇ كۆزىگە يامان كۆرۈنگەن ئاديۇتانت بىلەن جانجان دوست بولۇشنى ئىستەپ قالغانلىقىنى تۇيۇپ، ھەيران بولاتتى.

## 8

بورىس روستوۋ بىلەن كۆرۈشكەن كۈننىڭ ئەتىسى روسىيىدىن يېڭى كەلگەن ۋە كۇتۇزوۋ بىلەن ھەربى يۈرۈشتىن قايتقان روسىيە ۋە ئاۋستىرىيە ئارمىيىسى كۆرەكتىن ئۆتكۈزۈلدى. ھەر ئىككىلا پادىشا — روسىيە پادىشاسى مىراسخور شاھزادە بىلەن، ئاۋستىرىيە

پادىشاسى بولسا ئاۋسترىيە شاھزادىسى بىلەن ــ سەكسەن مىڭ كىشىلىك ئىتتىپاقچىلار ئارمىيىسىنىڭ كۆرىگىگە چىقىشتى.

ئەتىگەندىن تارتىپ ناھايىتى ئازادە ۋە رەتلىك كىيىنگەن ئەسكەرلەر قەلئە ئالدىدىكى مەيداندا سەپ تارتىپ ھەركەتلىنىشكە باشلىغان ئىدى. گايىدا مىڭلىغان ئاياق ۋە نەيزىلەر لەپىلدەپ تۇرغان بايراقلار ئاستىدا ھەركەتلىنەتتى، ئەپتىسەرلەرنىڭ قوماندىسى بىلەن توختايتتى، بۇرۇلاتتى ۋە باشقىچە كىيىنگەن شۇنىڭغا ئوخشاش پىيادە ئەسكەرلەرنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئارىلىرىدا مۇساپە قالدۇرۇپ سەپ تارتاتتى؛ گايىدا قارا، جىرەن ۋە بوز ئاتلارغا منگەن، چۆرىسىگە زەر ھەل جىيەك تىكىلگەن كىيىملەر كىيگەن مۇزىكىچىلار ئالدىدا بولغان كۆك، قىزىل ۋە يېشىل رەڭدە فورمىلىق كىيىملىك ئاتلىقلار ئاتلىرى باراۋەر گۇرسىلدەپ قەدەم تاشلايتتى؛ گايىدا زەمبىرەك ھارۋىسىدا سىلكىنىپ، تاراق ــ تۇرۇق قىلىپ كېتىۋاتقان پارقىراپ تۇرغان توپلىرى پىلتە پۇرىقىنى چېچىپ، پىيادە ئەسكەرلەر بىلەن ئاتلىقلار ئارىسىدىن ئۆمىلەپ توپچىلار ئۆتەتتى ۋە بەلگىلەنگەن جايلىرىغا بىرىپ ئورنىشاتتى. پەقەت تولۇق رەۋىشتە پارات كىيىمىنى كىيگەن، يوغان ۋە ئىنچىكە بەللىرىنى ناھايىتى چىڭ باغلىغانلىقى ۋە تىك ياقىسى قىسقانلىقى ئۈچۈن قىزىرىپ كەتكەن بويۇنلىرىغا شارپىلار باغلىغان ۋە ھەرخىل ئوردېنلار تاقىۋالغان گېنىراللارغىنا ئەمەس، پەقەت چاچلىرىغا مايلارنى سۈرتۈپ راسا ياسىنىۋالغان ئەپتىسەرلەر ئەمەس، بەلكى پاك ــ پاكىز يۇيۇنغان، ساقال ــ بۇرۇتلىرىنى ياساتقان، ئۈستى ــ باشلىرىنى پاقىرىتىپ تازىلىغان ھەر بىر ئەسكەر، ياخشىلاپ قاشلىنىپ، ھەر بىر تال تۈكى پارقىراپ تۇرغان، يايلىلىرى يىپەكتەك سىلىق بولغان ھەر بىر ئات ــ ھەممىسى

ناھايىتى چوڭ، مۇھىم ۋە تەنتەنىلىك بىر ئىش بولۇشىنى كۆتەتتى. ھەر بىر گېنېرال ۋە ھەر بىر ئەسكەر بۇ ئادەملەر دېڭىزىدا ئۆزىنىڭ بىر تال خەس ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۆزىنى ناھايىتى ئاجىز ھېس قىلاتتى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆزىنى ئەنە شۇ ئادەملەر دېڭىزىنىڭ بىر تامچىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ قۇدرەتلىك ھېس قىلاتتى.

ئەتىگەنــدىن تارتىپ زور تەرەددۇت ۋە تەيــيارلىق باشــلىنىــپ، سائەت ئون دىگەندە ھەممە تەخ بولدى. كەڭ مەيدانــدا ئەسكەرلەر سەپ بولۇپ تىزىلدى. پۈتۈن ئارمــيە ئــۈچ قاتار بولــدى: ئالدىــدا ئاتلىقلار، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن توپچىلار، ھەممىسىنىڭ كەينىدە پىيادە قىسىملار.

ھەر بىر سەپ ئارىسى بەئەينى كوچا ئىدى. ئارمىيــىنىڭ بۇ ئۈچ قىسىملىرى بىر بىرىــدىن كەسكىن ئايرىلىپ تۇراتــتى: كۇتۇزوۋنىڭ جەڭگىۋار ئارمىيىسى (بۇنىڭ ئوڭ قانىتىدا ئالدىنقى قاتاردا پاۋلــوگ-رادلىقلار تۇراتتى)، روسسىيەدىن كەلگەن ئارمىيە ۋە گۋاردىيە پولك-لىرى ھەمدە ئاۋسترىيە قوشۇنلىرى؛ لېكىن بۇلارنىڭ ھەممــىسى بىر قاتاردا، بىر كامانىدا ئاستىدا ۋە بىر تەرتىپتە تۇراتتى.

تەرەپ-تەرەپتىن خــۇددى شامالــدا شىلــدىرلــىشىۋاتقان دەرەخ يوپۇرماقلىرىدەك: "ئۇلار كېلىشىۋاتىدۇ! كېلىشىۋاتىدۇ!" دىگەن ھايا-جانلىق شىۋىرلاش ئاۋازلىرى يېتىپ كېلەتتى. ئادەمــلەرنىڭ ھولۇق-قان ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى ۋە پۈتۈن قوشۇن ھاياجانلىنىــپ ئاخىرقى تەييارلىق باشلاندى.

ئولمۇتس تەرەپتىن كېلىۋاتقان بىر توپ ئەســكەرلەر كۆرۈنــدى. بۇ چاغدا گەرچە شامال بولمىسىمۇ، مەيىن شامال ئېقــمى ئارمىيــنى بويلاپ سىپاپ ئۆتكەندەك بولۇپ، نەيزىلەرنىڭ ئۇچىدىكى، بايــراق-

چىلارنى، سېپىغا ئۆرۈلۈپ لەپىلدەپ تۇرغان ھەربىي بايراقلارنى سەل-پەل تەۋرىتىپ تۇراتتى. ئارمىيە ئۆزىنىڭ بۇ يېنىك قىمىرلاش-لىرى بىلەن گويا پادىشالارنىڭ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقلىرىغا خۇرسەنچىلىكلىرىنى ئىزھار قىلغاندەك كۆرۈنەتتى. "ھازىر ئول!" دېگەن بىر ئاۋاز ئاڭلاندى، -دە، ئۇنىڭدىن كېيىن خۇددى تاڭغا يېقىن چىللاۋاتقان خورازلارغا ئوخشاش، تەرەپ-تەرەپتىن شۇنداق ئاۋازلار تەكرارلىنىشقا باشلىدى. ھەممە جىملىققا چۆكتى.

بۇ جىمجىتلىقتا پەقەت ئات تۇياقلىرىنىڭ ئاۋازلىرىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى، خالاس. كېلىۋاتقانلار پادىشالارنىڭ مۇلازىملىرى ئىدى. پادىشالار قاناتقا يېقىنلىشىشى بىلەن تەڭ گېنېرال-مارش مۇزىكىسىنى چالغان بىرىنچى ئاتلىقلار پولكى كانايچىلىرى كانايلىرىنىڭ ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. بۇ كاناي ئاۋازى ئەمەس، گويا خانلارنىڭ يېقىنلىشىشى شادىيانىسىغا ئارمىيىدىن چىقىۋاتقان تەبىئىي خۇرسەنچىلىك ساداسى-دەك تۇيۇلاتتى. بۇ ئاۋازلار ئارقىسىدىن پادىشا ئالېكساندىرنىڭ ياش ۋە مۇلايىم ئاۋازى روشەن ئاڭلاندى. ئۇ ئەسكەرلەرنى تەبرىكلىگەن ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بىرىنچى پولك: "ئۇررا!" دەپ شۇنداق قاتتىق، داۋاملىق ۋە خۇرسەنلىك بىلەن ۋاقىرىدىكى، ئادەملەر ئۆز-لىرى تەشكىل قىلغان كۈچىنىڭ مىقدارى ۋە قۇدرىتىدىن ئۆزلىرى دەھشەتكە كېلىشتى.

روستوۋ پادىشا دەسلەپ يېقىن كەلگەن كۇتۇزوۋ ئارمىيىسىنىڭ بىرىنچى سېپىدە تۇرۇپ، شۇ ئارمىيىدە ھەر بىر كىشى كەچۈرۈۋاتقان تۇيغۇنى بېشىدىن كەچۈرەتتى، يەنى ئۆزىنى تامامەن ئۇنۇتقان، بۇ قۇدرەتكە ئىپتىخار قىلىپ مەغرۇرلانغان ۋە بۇ تەنتەنىنىڭ سەۋەب-چىسى بولغان كىشىگە جان-دىلى بىلەن بېرىلگەن ئىدى.

روستوۋ شۇ كىشىنىڭ بىر ئېغىز سۆزى بىلەن پۈتـۈن ئارمىيە (ئۆزىمۇ شۇ ئارمىيىگە باغلىق، — ئۇنىڭدا بىر پارچە خەس) ئـۆزىنى ئوتقا، سۇغا تاشلاشقا، جىنايەت قىلىشقا، ئۆلۈشكە ياكى ئۇلۇغ قەھ-رىمانلىقلار كۆرسىتىشكە تەيـيار ھېس قىلاتـتى ۋە شۇنىڭ ئۈچۈنـمۇ شۇ كىشىنىڭ يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە ئۇنىڭ ھاياجانـلانماس-لىقى، قېتىپ قالماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

— ئۇررا! ئۇررا! ئۇررا! — دېـگەن ئاۋازلار تەرەپ-تەرەپـتىن گۈرۈلدەپ ئاڭلىنىپ، پولكلار بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى پادىـشانى گېنېرال-مارش بىلەن قارشى ئالاتتى، كېيىـن يەنە "ئۇررا!"، يەنە گېنېـرال-مارش ۋە يەنە "ئۇررا"، "ئۇررا!" سادالـىرى تېخـىمۇ كۈچىيىپ ۋە بىر بىرىگە قوشۇلۇپ ياڭرايتتى.

تاكى پادىشا يېتىپ كەلمىگىچە پولكلار خۇددى جانسىز جەسەت-تەك قىمىرلىماي جىم تۇراتتى؛ پەقەت پادىشا يېتىپ كېلىـشى بىلەن تەڭ پولكلار جانلىنىپ كېتەتتى-دە، پادىشا ئۆتـۈپ كەتـكەن سەپ-لەردىن چىقىۋاتقان سادالار قوشۇلۇپ گۈرۈلدەيـتـتى. قورقۇنچـلۇق ۋە قۇلاقـنى يارغىدەك بۇ سادالار ئاستىـدا، تـۆت بۇرجەك بولۇپ، خۇددى تاشتەك قېتىپ قالغان قوشۇنلار سېپى ئارىسـىدىن يۈزلەرچە ئاتلىق مۇلازىملار بىپەرۋالىق بىلەن، ئەمـما تەرتىپـلىك ھالـدا ۋە بولۇپمۇ بىمالال يۈرۈشەتتى، بۇلاردىن سەل ئالدىدا ئىككـكى پادىـشا يۈرەتتى؛ پۈتۈن كىشىلەرنىڭ پىكىر-خىيالى ۋە ئەس-ھـوشى ئەنە شۇلاردا ئىدى.

ئاتلىق گۋاردىيە كيىـمى بىلەن ئۈچ بۇرجەك شىـلەپە كەيگەن چىرايلىق ياش پادىشا ئالېكساندر ئۆزىـنىڭ ئىسسىـق چىـرايى ۋە جاراڭلىق ئەمـما ئانـچە يۇقۇرى بولـمىغان مۇلايـىم ئاۋازى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەممە كىشىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتاتتى.

كانايچىلاردىن سەل نېرىدا تۇرغان ۋە ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن پادىشانى يىراقتىن تونۇۋالغان روستوۋ ئۇنىڭ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقىنىنى كۆزىتىپ باراتتى. پادىشا يىگىرمە قەدەم چامىسى يېقىن كەلگەندە روستوۋ ئۇنىڭ چىرايلىق، ياش ۋە قۇۋناق يۈزىنى ھەممە تەپسىلاتلىرىغىچە ياخشىلاپ كۆرۈۋالدى، ئۇنىڭ قەلبىدە شۇ چاققىچە ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان مېھرى ۋە خوشاللىق ھىسلىرى پەيدا بولدى. پادىشانىڭ پۈتۈن قىياپىتى ۋە ھەممە ھەركەتلىرى ئۇنىڭ كۆزىگە پەۋقۇلئاددە چىرايلىق كۆرۈنەتتى.

پادىشا پاۋلوگراد پولكى ئالدىدا توختاپ، ئاۋسترىيە پادىشاسىغا فرانسۇزچە بىر نىمە دىدى ـ يۇ، تەبەسسۇم قىلدى.

روستوۋ بۇ تەبەسسۇمنى كۆرۈپ ئۆزىمۇ ئىختىيارسىزلا تەبەسسۇم قىلدى ۋە ئۆز پادىشاسىغا تېخىمۇ كۈچلۈك مېھرى ئاشقانلىقىنى سەزدى. ئۇ بىر نىمە قىلىپ ئۆز پادىشاسىغا مۇھەببىتىنى كۆرسەتىشنى ئىستەيتتى. بىراق ئۇ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ يىغلىغۇسى كېلەتتى. پادىشا پولك كاماندىرىنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلدى.

— يا پەرۋەردىگارىم! پادىشا مېنى چاقىرىپ قالسا نىمە قىلغان بولاتتىم! — دىدى روستوۋ كۆڭلىدە، — خۇرسەن بولغىنىمدىن يۈرىگىم يېرىلىپ ئۆلۈپ قالغان بولاتتىم.

پادىشا ئەپىتسەرلەرگىمۇ سۆزلىدى:

— ھەممىڭلارغا، جاناپلار، چىن كۆڭلۈمدىن تەشەككۈر بىلدۈرىمەن، — دىدى ۋە ئۇنىڭ ھەر بىر سۆزى روستوۋقا خۇددى ئاسماندىن ئاڭلىنىۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

ئەگەر روستوۋ هازىر ئۆز پادىشاھى ئۈچۈن جېنىنى قۇربان قىلالىسا، قانچىلىك بەختىيار بولاتتى ـ ھە!

ــ سىلەر گېئورگى بايراقلىرىنى ئېلىشقا مۇناسىپ ئىش قىلدىڭلار ۋە شۇنىڭغا سازاۋەر بولىسىلەر.

ـ شۇنداق پادىشا ئۈچۈن جانىنى قۇربان قىلىش كېرەك، قۇر- بان! ــ دېدى روستوۋ كۆڭلىدە.

پادىشا يەنە بىر نېمىلەرنى دېدى، لېكىن روستوۋ ئاڭلىيالماي قالدى. ئەسكەرلەر چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ "ئۇررا!" ــ دەپ ۋاقىرىدى.

روستوۋمۇ ئىگەر ئۈستىدە ئېگىلىپ تۇرۇپ، جېنىنىڭ بارىچە ۋاقىرىدى، بۇ ۋاقىراش بىلەن پادىشاغا بولغان خۇرسەنچىلىكىنى تولۇق بىلدۈرەلىسىلا، گېلى يىرتىلىپ كەتسىمۇ مەيلى ئىدى.

پادىشا خۇددى ئارىسالدا بولغاندەك، قىران ئاتلىق قارشىسىدا بىرقانچە سېكۇنت تۇرۇپ قالدى.

ــ پادىشامۇ ئارىسالدا بولۇپ قالارمۇ؟ ــ دېدى روستوۋ كۆڭ- لىدە، ئەمما كېيىنرەك ھەتتا پادىشانىڭ ئارىسالدا بولۇشىمۇ ئۇنىڭ باشقا ھەممە ھەركەتلىرىدەك، روستوۋنىڭ كۆزىگە ئۇلۇغۋار ۋە جازىبىلىك كۆرۈندى.

پادىشانىڭ ئارىسالدا بولۇشى بىر دەقىقىدىن ئاشمىدى. پادىشا تۇمشۇغى ئىنچىكە ئۈتۈك كەيگەن ئايىغىنى (شو چاغلاردا شۇنداق ئۈتۈك كىيەتتى) تېگىدىكى ئىنگلىزچە بېزەلگەن تورۇق بايتالنىڭ چاتىرىغا سەلگىنە نىقتىدى؛ ئاق پەلەي كىيگەن قولى بىلەن تىز- گىننى يىغىشتۇرۇۋېلىپ، رەتسىز قىمىرلىشىپ تۇرغان ئادىيۇتانتلار دېڭىزىنىڭ ھەمرالىغىدا ئالغا ماڭدى. پادىشا ھەر بىر پولكنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئالدىدا بىر ئاز ـ بىر ئاز توختاپ ئالغا ماڭاتتى، ئاخىر ئۇنىڭ گەۋ-دىسى كۆزدىن يوقالدى؛ روستوۋ پادىشالارنى قورشاپ كېتىۋاتقان مۇلازىملار ئارىسىدىن ئۇنىڭ ئاق پەرىنىلا كۆرەتتى.

روستوۋ جانابى مۇلازىملار ئارىسىدىن ئاتتا خوشياقماستىن ۋە رەتسىز ئولتۇرغان بولكونسكىنىمۇ كۆرۈپ قالدى. روستوۋ ئۇنى كۆرۈپ، تۈنۈگۈن ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا بولغان جاڭجالنى ئەسلىدى ۋە ئۇنى دۇئېلغا چاقىرساممىكىن ياكى چاقىرمىساممىكىن دىگەن پىكىرنى يەنە خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. "چاقىرىش كېرەك ئەمەس" — دەپ ئويلىدى روستوۋ... "ھازىرقىدەك مۇشۇنداق چاغدا شۇنداق ئىشنى ئويلاپ ئولتۇرۇش ۋە بۇ ھەقتە گەپ قىلىشقا ئەرزىمىدۇ؟ قەلب مۇشۇنداق مۇھەببەت، مۇشۇنداق خۇرسەنچىلىك ۋە مۇشۇنداق پىداكارلىق ھېسسى بىلەن تولغان چاغدا بىزنىڭ جاڭجال ۋە خاپىچى-لىقىمىز نىمە دىگەن گەپ؟ مەن ھەممىنى ياخشى كۆرىمەن، ئەمدى ھەممىيلەننى كەچۈرىمەن" — دەپ ئويلايتتى روستوۋ.

پادىشا ھەممە پولكلارنى ئايلىنىپ كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن قوشۇنلار ئۇنىڭ ئالدىدىن تەنتەنىلىك مارش بىلەن ئۆتۈشكە باشلىدى ۋە روستوۋ يېقىندىلا دېنىسوۋدىن سېتىۋالغان بېدۇيىن ناملىق ئېتىغا مىنىپ، ئۆز ئېسكادرونىنىڭ ئارقىسىدا، يەنى ئۆزى ئايرىمچە ۋە پادىشانىڭ كۆزىگە راسا كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان يەردە ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى.

چەۋەنداز روستوۋ تېخى پادىشانىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلمەستىن بېدۇيىننىڭ بېقىنىغا دىۋىتكۈچى بىلەن ئىككى قېتىم نىقتاپ، ئاچچىغ-لانغىنىدىن راسا مېڭىش چىقىرىپ ماڭىدىغان دەرىجىگە ئېلىپ كەلگەن ئىدى، ئاچچىغلانغان بېدۇيىن ئەنە شۇ مېڭىشى بىلەن

مىڭىشقا باشلىدى. پادىشانىڭ قاراپ تورغىنىنى سەزگەن ئاتمۇ كۆپۈك چىقىپ تۇرغان تۇمشۇغىنى كۆكرىگىگە تەككۈزۈپ، قۇيرۇغىنى كۆتىرىپ، خۇددى ئايىغى يەرگە تەگمەستىن ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك، ئاياقلىرىنى ئىگىز-ئىگىز ۋە چىرايلىق كۆتىرىپ تاشلاپ پادىشانىڭ ئالدىدىن ناھايىتى قايىل قىلىپ ئۆتتى.

روستوۋنىڭ ئۆزى پۇتلىرىنى ئارقىغا سوزۇپ چىقىرىپ ئۇزەڭگىگە دەسسەپ، قوسىغىنى ئىچىگە تارتىپ ۋە ئۆزىنى ئات بىلەن بىر پۈتۈن نەرسە دەپ ھىس قىلىپ، قاپىغىنى سالغان بولسىمۇ، ئەمما ناھايىتى خۇرسەن ھالدا پادىشانىڭ ئالدىدىن، دېنىسوۋ ئېيتقاندەك "شەيتانغا ئوخشاش" ئۆتۈپ كەتتى.

— ئەزىمەتلەر، پاۋلوگرادلىقلار! — دىدى پادىشا.

— ۋاي خۇدايا! ئەگەر ماڭا ھازىر ئۆزەڭنى ئوتقا تاشلا دىسە، قانچىلىك بەختىيار بولاتتىم-ھە! — دىدى روستوۋ كۆڭلىدە.

كۆرەك تۈگىگەندىن كېيىن، يېڭى كەلگەن ۋە كۇتۇزوۋ ئارمىيە-سىدە بولغان ئەپسەرلەر توپ-توپ بولۇپ توپلىنىشتى-دە، مۇكاپاتلار، ئاۋستىرىيىلىكلەر ۋە ئۇلارنىڭ فورمىلىق كىيىم-كېچەك-لىرى، فرونتلىرى ۋە بوناپارت توغرىسىدا، خۇسۇسەن ئېسسېننىڭ كورپۇسى كېلىپ، پرۇسسىيە بىز تەرەپ بولسا، بوناپارتنىڭ ئەھۋالى چاتاق بولۇشى توغرىسىدا گەپ-سۆز باشلىنىپ كەتتى.

لېكىن، ھەممىدىن كۆپرەك بارلىق توپلار ئارىسىدا پادىشا ئالېكساندر توغرىسىدا گەپ بولدى، ئۇنىڭ دىگەن گەپلىرىنى، قىلغان ھەركەتلىرىنى سۆزلەشتى ۋە شۇنىڭدىن زوقلىنىشتى.

ھەممەيلەننىڭ بىردىن-بىر تىلىگى — پادىشانىڭ يېتەكچىلىگىدە دۈشمەنگە قارشى تېزرەك ئۇرۇشقا كىرىش ئىدى. كۆرەكتىن كېيىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

روستوۋ ۋە كۆپ ئەپتسەرلەر، پادىشانىڭ ئۆزى قوماندانلىق قىلغاندا ھەرقانداق دۈشمەننى يەڭمەي مۇمكىن ئەمەس دەپ ئويلايتتى.

كۆرەكتىن كېيىن ھەممەيلەننىڭ غەلىبىگە بولغان ئىشەنچى، ئىككى قېتىملىق جەڭ غەلىبىسى پەيدا قىلغان ئىشەنچتىنمۇ كۈچلۈك ئىدى.

# 9

كۆرەكتىن كېيىن ئەتىسى بورىس ياخشى فورمىلىق كىيىمىنى كىيدى ۋە ئىشقا ئۇتۇق تىلەپ ئۇزىتىپ قويغان ئاغىنىسى بېرگ بىلەن خوشلىشىپ، ئولمۇتسقا ـ بولكونسكى ئالدىغا يۈرۈپ كەتتى. ئۇنىڭ مەقسىدى كىنەز ئاندرېينىڭ مېھرىۋانچىلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىگە ياخشىراق بىر ئەمەل تېپىش، خۇسۇسەن ئۇنىڭ قارىشىچە ئارمىيىدە ھەممە كىشىنىڭ ھەۋىسى كېلىدىغان ئەمەلگە ئېرىشۋېلىش، يەنى چوڭراق بىرەر ئادەمگە ئادىيۇتانت بولۇش ئىدى. "ئاتىسى ھەر قېتىم ئون مىڭلاپ پۇل ئەۋەتىپ تۇرىدىغان روستوۋ، مەن ھېچكىمگە يېلىنمايمەن، ھېچكىمگە چاكار بولمايمەن دېسە باشقا گەپ؛ لېكىن ماڭا ئوخشاش ئەقلىدىن باشقا ھېچنەرسىسى بولمىغان ئادەم مەنسەپكە ئۆزى ئېرىشىشى، پۇرسەتنى قولىدىن بەرمەسلىكى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشى كېرەك!" دەپ ئويلايتتى بورىس.

بورىس شۇ كۈنى ئولمۇتستا كىنەز ئاندرېينى تاپالمىدى. لېكىن باش ئىشتاپ بىلەن دىپلوماتىك كورپۇس جايلاشقان ۋە ھەر ئىككى پادىشا ئۆزلىرىنىڭ مۇلازىملىرى (ساراي ئەھلىلىرى ۋە يېقىنلىرى) بىلەن تۇرغان ئولمۇتسنىڭ مەنزىرىسى ئۇنىڭ بۇ ئالىي كىشىلەر

دۇنياسىغا كىرىش خاھىشىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتكەن ئىدى.

ئۇ ھېچكىمنى تونۇمايتتى، گۋاردىيە كىيىمىنى كىيىپ چىرايلىق ياسىنىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما پەر، لېنتا ۋە ئوردېنلارنى تاقىۋېلىپ، چىرايلىق ھارۋىلارغا چۈشۈپ، كوچىلاردا ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا ئۆتۈپ يۈرىدىغان ئالىي كىشىلەر، ساراي ئەھلىلىرى ۋە ھەربىلەر گويا بۇ گۋاردىيە ئەپتىسەرچىگە قارىغاندا ئۆزىنى شۇنداق ئۆلچىگۈسىز دەرىجىدە يۇقۇرى تۇتاتتىكى، بۇلار ئۇنى كۆزگە ئىلىش بۇ ياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئۇنىڭغا ئېتىۋارمۇ قىلمايتتى. ئۇ باش قوماندان كۇتۇزوۋ جايلاشقان بىناغا كىرىپ بولكونسكىنى سورىغاندا، بۇ ئادىيۇتانتلار ۋە ھەتتا خىزمەتكار ئەسكەرلەرمۇ گويا "ساڭا ئوخشىغان ناھايىتى كۆپ ئەپتىسەرلەر بۇ يەرگە كېلىپ-كېتىپ تۇرىدۇ ۋە ئولاردىن تويۇپمۇ كەتتۇق" دىمەكچى بولغاندەك قاراپ قويۇشتى. شۇنىڭغا قارىماي ياكى شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ، ئۇ ئەتىسى 15-چىسلادا، چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن يەنە ئولمۇتسقا باردى ۋە كۇتۇزوۋ تۇرغان بىناغا كىرىپ بولكونسكىنى سورىدى. كىنەز ئاندرېي ئۆيدە ئىدى. بورىسنى، ئېھتىمال، ئىلگىرى تانىسا ئويىنىشىدىغان، ھازىر بولسا بەش كارۋات ۋە ھەر خىل ئۆي جاھازلىرى: شىرەلەر، ئورۇندۇقلار ۋە كلاۋىسكوردلار قويۇلغان چوڭ بىر زالغا ئېلىپ كىرىشتى. ئىرانچە تون كىيگەن بىر ئادىيۇتانت ئىشككە يېقىن يەردە شىرە يېنىدا ئولتۇرۇپ خەت يېزىۋاتاتتى. يەنە بىر قىپ-قىزىل سېمىز ئادىيۇتانت — نېسۋىتسكى قوللىرىنى بېشىنىڭ تېگىگە قويۇپ ئورنىدا سوزۇلۇپ ياتاتتى ۋە ئالدىدا ئولتۇرغان ئەپتىسەر بىلەن كۈلۈشۈۋاتاتتى. ئۈچىنچىسى چوڭ گاڭچىڭدا ۋېنا ۋالسىنى چالاتتى، تۆتىنچىسى بولسا چوڭ گاڭچىڭ يېنىدا يانپاشلاپ يېتىپ ئۇنىڭغا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

جۆر بولۇپ ناخشا ئېيتاتتى. بولكونسكى كۆرۈنمەيتتى. بۇ جاناپلارنىڭ ھېچبىرسى بورىسنى كۆرۈپ ئورۇنلىرىدىن قىمىرلىمىدى. خەت يېزىپ ئولتۇرغان ھېلىقى بىرسى، يەنى بورىس گەپ سورىغان ھېلىقى ئادىيۇتانت قاپىغىنى تۈرۈپ قارىدى-دە، بولكونسكى كۈزەتچىلىك قىلىۋاتىدۇ، ئەگەر ئۇ كېرەك بولسا، سول قولدىكى ئىشىككە — قوبۇلخانىغا كىرىڭ دېدى. بورىس ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ قوبۇلخانىغا كىردى.

بورىس كىرگەن چاغدا كىنەز ئاندرېي نەپرەت نەزىرى بىلەن كۆزلىرىنى قىسىپ (شۇنداق ئالاھىدە نازاكەتلىك ھارغىن بىر ئەپتى بىلەنكى، ئۇنىڭ بۇ ئەپتى گويا: "ئەگەر ۋەزىپەم بولمىغاندا سىز بىلەن بىر مىنۇتمۇ سۆزلەشمەس ئىدىم" دېگەندەك روشەن ئىپادىسىنى بىلدۈرەتتى)، بىرقانچە ئوردېن تاقىۋالغان قېرى بىر رۇس گېنېرالىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالاتتى، گېنېرال قامىتىنى تۈپ-تۈز رۇسلاپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ دىگۇدەك، ئەسكەرلەرگە ئوخشاش خۇشامەتكۈي چىرايى بىلەن قىزىرىپ تۇرۇپ نىمە توغرىسىدىدۇ كىنەز ئاندرېيغا دوكلات قىلىۋاتاتتى.

— ناھايىتى ياخشى، سەل كۈتۈپ تۇرۇڭ، — دېدى كىنەز ئاندرېي گېنېرالغا رۇسچە، ئەمما فرانسۇزچە تەلەپپۇز بىلەن (ئۇ كۆزگە ئىلماي گەپ قىلماقچى بولغاندا شۇنداق تەلەپپۇز بىلەن سۆزلەيتتى). كىنەز ئاندرېي بورىسنى كۆرگەندىن كېيىن، گېنېرالغا يەنە ئېتىۋار بەرمەي (گېنېرال يەنە نىمىدۇ بىر نەرسىلەرنى دېمەكچى بولۇپ يېلىنىپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چاپاتتى) خۇشال تەبەسسۇم بىلەن ئۇنىڭغا بېشىنى ئىرغىتىپ بورىسقا قارىدى.

بورىس ئاشۇ پەيتتە، ئىلگىرى تەخمىن قىلغان نەرسىسىنى يەنى

ئارمىيە نىزامنامىسىدە يېزىلغان، پۈتۈن پولك ۋە ئۆزى بىلگەن تەرتىپ ھەم نىزامدىن تاشقىرى يەنە بىر باشقا مۇھىمراق تەرتىپ بارلىقىنى چۈشەندى، بۇ تەرتىپ كەمىرىنى چىڭ باغلاپ، قىپ-قىزىل بولۇپ تۇرغان گېنېرالنى ھۆرمەت بىلەن كۈتۈپ تۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى، كاپىتان بولغان كىنەز ئاندرېي بولسا بۇ چاغدا ئۆزىنىڭ كۆڭۈل خوشلۇقىنى دەپ، پراپورشىك① دروبېتسكويى بىلەن گەپلىشىشنى ناھايىتى ماقۇل كۆردى. بورىس بۇنى كۆرۈپ، كەلگۈسىدە نىزامنامىدە يېزىلغان تەرتىپ بويىچە ئەمەس، بەلكى ھېچنەگە يېزىلمىغان تەرتىپ بويىچە خىزمەت قىلىشقا ھەر قاچاندىكى-دىنمۇ كۆپرەك بەل باغلىدى. ئۇ ھازىر، كىنەز ئاندرېيغا تونۇشتۇرۇ-لۇش نەتىجىسىدىلا ئۆزىنىڭ گېنېرالدىن بىردىنلا يۇقۇرى بولۇپ كەتكەنلىكىنى، باشقا چاغلاردا، فرونتتا تۇرغاندا، بۇ گېنېرالنىڭ مۇنداق گۋاردىيە پراپورشىكىنى يوقىتىۋېتىشى مۇمكىنلىكىنى ھېس قىلدى. كىنەز ئاندرېي ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ قولىنى تۇتتى.

— ئەپسۇسكى، تۈنۈگۈن كەلگىنىڭىزدە يوق ئىكەنمەن. مەن پۈتۈن كۈن بويى نېمىسلار بىلەن ئاۋارە بولدۇم. ۋېيروتېر بىلەن دىسپوزىتسىيىنى② تەكشۈرۈشكە بارغان ئىدۇق. نېمىسلار تەرتىپ ئورنىتىشقا كىرىشتىمۇ، بولدى قويۇڭ — ئادەم بىزار بولۇپ كېتىدۇ! بورىس خۇددى كىنەز ئاندرېينىڭ ئىشارەت قىلغىنىنى ھەممىگە مەلۇم بولغان ئىش دەپ چۈشەنگەندەك تەبەسسۇم قىلدى، ھالبۇكى

---

① پراپورشىك — پادىشا ئارمىيىسىدە كىچىك ئوفىتسەرلىك ئۇنۋان. — تەر.

② دىسپوزىتسىيە — قوشۇنلار ئۇرۇش ۋاقتىدا جايلىشىپ ئىشغال قىلىپ تۇرىدىغان ئورۇن. — تەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ۋېرو تېر دېگەن نامىنى، ھەتتا دىسپوزىتسىيە دېگەن سۆزنىمۇ بىرىنچى قېتىم ئاڭلىشى ئىدى.

— خوش، ئەزىزىم، ھىلىمۇ شۇ ئاديۇتانت بولۇش خىيالىدىمۇ سىز؟ مەن خېلى ۋاقىتتىن بېرى سىزنىڭ ھەققىڭىزدە ئويلاپ يۈرۈپتىمەن.

— ھە باش قوماندانغا ئىلتىماس قىلىپ باقاي دەپ ئويلىغان ئىدىم، — دېدى بورىس نىمە ئۈچۈندۇ ئىختىيارسىز قىزىرىپ، — ئۇنىڭغا مېنىڭ توغرامدا كىنەز كۇراگىنىدىن كەلگەن خەت بار. مەن شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئىلتىماس قىلماقچى ئىدىمكى، — دەپ قوشۇپ قويدى خۇددى ئۆزرە سورىغاندەك، — گۋاردىيە جەڭگە كىرمەيدىغان ئوخشايدۇ.

— ھە، ياخشى! ياخشى! ھەممە ئىش توغرىسىدا گەپلىشىمىز، — دېدى كىنەز ئاندرېي، — ھازىر بۇ كىشى توغرىسىدا باش قوماندانغا دوكلات قىلىپ چىقاي، ئۇنىڭدىن كېيىن مەن سىزنىڭ ئىختىيارىڭىزدا.

كىنەز ئاندرېي بۇ قىپ-قىزىل گېنېرال توغرىسىدا دوكلات قىلىش ئۈچۈن باش قوماندان ھوزۇرىغا كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، بۇ گېنېرال بورىسنىڭ نىزامنامىدە يېزىلمىغان تەرتىپلەر توغرىسىدىكى چۈشەنچىسىگە قوشۇلمىغان بولسا كېرەك، ئاديۇتانت بىلەن گەپلىشىشكە دەخلى قىلغان بۇ قوپال پىراپورشىككا شۇنداق تىكىلىپ قارىدىكى، نەتىجىدە بورىس ئوڭايسىزلىنىپ قالدى. ئۇ يۈزىنى ئۆرۈۋېلىپ، كىنەز ئاندرېينىڭ باش قوماندان ئۆيىدىن قايتىپ چىقىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈشكە باشلىدى.

— سىزنىڭ توغرىڭىزدا، ئەزىزىم، مەن مۇنداق قارارغا كەل-

دىم، ــ دېدى كىنەز ئاندرېي ھەر ئىككىلىسى گائىچىك قويۇلغان چوڭ زالغا كىرگەندە، ــ سىزگە باش قوماندانىنىڭ ئالدىغا كىرىشنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوق، ــ دېدى كىنەز ئاندرېي، ــ ئۇ سىزگە بىر پاتمان شىرىن سۆزلەرنى قىلىدۇ، ئۆيىگە تاماققا تەكلىپ قىلىدۇ («ھېچنەدە يېزىلمىغان قائىدىلەر بويىچە خىزمەت قىلىش ئۈچۈن، بۇمۇ ئانچە يامان بولماس ئىدى» ــ دەيتتى بورىس كۆڭلىدە)، لېكىن بۇنىڭدىن ھېچقانداق نەتىجە چىقمايدۇ؛ بىز بۇ ئادىيۇتانتلار ۋە ئوردىنارىتسلار يېقىندا بىر باتالىيون بولىمىز. بىز مۇنداق قىلايلۇق: مېنىڭ كىنەز دولگورۇكوۋ دېگەن ئوبدان بىر دوستۇم بار، ئۇ گېنېرال ـ ئادىيۇتانت ۋە ناھايىتى ياخشى ئادەم؛ بەلكى سىز بىلمەسسىز، لېكىن گەپ شۇنىڭدىكى، ھازىر كۇتۇزوۋمۇ، ئۇنىڭ ئىشتابىمۇ، بىز ھەممىمىزمۇ ھېچنەرسىنى بىلمەي قالدۇق؛ ھازىر ھەممە ئىش پادىشانىڭ قولىغا مەركەزلەشمەكتە؛ شۇنىڭ ئۈچۈن دولگورۇكوۋنىڭ ئالدىغا بېرىپ باقايلۇق، مېنىڭمۇ ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ كېلىدىغان ئىشىم بار ئىدى، مەنمۇ سىزنىڭ توغرىڭىزدا ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكەن ئىدىم؛ قېنى، قاراپ باقايلى، بەلكى سىزنى ئۆز يېنىدا خىزمەتكە ئېلىشنى ياكى قۇياشقا① يېقىنراق بىرەر ئىشقا توغرىلاشنى لازىم تاپار.

كىنەز ئاندرېي ياشلارغا يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ يۇقۇرى تەبىقىلەر دائىرىسىدە ئۇتۇق قازىنىشىغا ياردەم بېرىشكە توغرا كەلگەندە ھەمىشە بەك جانلىنىپ كېتەتتى، ئۇ مانا شۇ خىلدا باشقىلارغا ياردەم بېرىش باھانىسى بىلەن (ئۆزى بولسا مەغرۇرلىنىپ،

① تولستوي بۇ يەردە پادىشانى «قۇياش» دەپ ئالغان. ــ تەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باشقىلاردىن ياردەم سوراشقا نومۇس قىلاتتى) ئۆزىگە مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ۋە ئۇنى ئۆزىگە تارتىدىغان مۇھىتقا يېقىن تۇراتتى. ئۇ بورىسنىڭ ئىشىغا جان دەپ تۇتۇش قىلىدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە كىنەز دولگورۇكوۋنىڭ ئالدىغا باردى.

بۇلار ئولمۇتستا پادىشالار ۋە ئۇلارنىڭ يېقىنلىرى تۇرىدىغان سارايغا كىرىپ كەلگەندە ۋاقىت خېلى كەچ بولۇپ قالغان ئىدى.

شۇ كۈنى ھەربى كېڭەش بولۇپ، ئۇنىڭغا ھەربى كېڭەشنىڭ ھەممە ئەزالىرى ۋە ھەر ئىككىلا پادىشا قاتناشقان ئىدى. كېڭەشتە قېرىلاردىن كۇتۇزوۋ ۋە كىنەز شۋارتسېنبېرگنىڭ پىكرىگە قارشى ھالدا، دەرھال ھۇجۇم قىلىش ۋە بوناپارت بىلەن چوڭ ئۇرۇش قىلىش قارار قىلىندى. كىنەز ئاندرېي بورىس بىلەن بىللە كىنەز دولگورۇكوۋنى ئىزلەپ سارايغا كىرىپ كەلگەندە، ھەربى كېڭەش ئەمدىلا تۈگىگەن ئىدى. باش ئىشتاپتىكى ھەممە كىشىلەر ياشلار گۇرۇھى غەلىبە قىلغان بۈگۈنكى ھەربى كېڭەشنىڭ جازىبىسى ئاستىدا تۇراتتى. ھۇجۇم قىلماستىن يەنە ئىمىدۇ بىر نەرسىلەرنى كۈتۈپ تۇرۇشنى مەسلىھەت بېرىپ، ئىشنى ئارقىغا تارتقۇچىلارنىڭ ئاۋازلىرى شۇنداق يەكدىللىك بىلەن ئۇجۇقتۇرۇلغان ۋە ئۇلارنىڭ دېلىللىرى ھۇجۇم قىلىشنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى شۈبھىسىز ئىسپاتلار بىلەن شۇنداق ئاغدۇرۇپ تاشلانغان ئىدىكى، كېڭەشتە مۇزاكىرە قىلىنىۋاتقان كەلگۈسى جەڭ ۋە شەك-شۈبھىسىز غەلىبە كەلگۈسىدىكى ئىش ئەمەس، بەلكى خۇددى بولۇپ ئۆتكەندەك تۇيۇلغان ئىدى. ھەممە ئۇستۇنلۇك بىز تەرەپتە ئىدى: شەك-شۈبھىسىزكى ناپالېون قوشۇنلىرىدىن شۈبھىسىز ئۈستۈن تۇرىدىغان غايەت زور كۈچلىرىمىز بىر يەرگە توپلانغان؛ پادىشانىڭ كېلىشى

بىلەن ئەسكەرلەرنىڭ روھى كۆتۈرۈلگەن ۋە ئۇلار جەڭگە تەلپۈنۈپ تۇرغان؛ قوشۇنلارغا رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ئاۋستىرىيە گېنېرالى ۋېيروتېرغا جەڭ مەيدانى بولىدىغان ئىستىراتېگىيە پونكىتى ئەڭ ئۇششاق تەپسىلاتلىرىغىچە مەلۇم (بىزنىڭ بەختىمىزگە يارىشا ئاۋستىرىيە قوشۇنلىرى ئۆتكەن يىلى مانېۋىرنى ھازىر فرانسۇزلارغا قارشى جەڭ بولىدىغان شۇ جايلاردا ئۆتكۈزگەن ئىدى)؛ ھازىر جەڭ بولىدىغان مەيداننىڭ ئۇششاق-چۈششەك ھەممە تەپسىلاتلىرى ئېنىق ۋە تەپسىلى خەرىتىگە ئېلىنغان ئىدى؛ بوناپارت ئاجىزلاشقان-لىقىدىن بولسا كېرەك، ھېچقانداق تەدبىر كۆرمەيىتتى.

ھۇجۇم باشلاشنىڭ قىزغىن تەرەپدارلىرىدىن بىرى بولغان دول-گورۇكوۋ ھەربىي كېڭەشتىن ھارغان-ھالسىزلانغان ھالدا تېخى ئەمدىلا قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما كېڭەشتە غەلىبە قىلغانلىقى ئۈچۈن، كەيپى خۇش ۋە مەغرۇر ئىدى. كىنەز ئاندرېي ئۆز ھىما-يىسىگە ئالغان ئەپتىسەرنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇردى، لېكىن كىنەز دولگورۇكوۋ بورىسنىڭ قولىنى ھۆرمەت بىلەن ۋە قاتتىق سىقىپ، ئۇنىڭغا ھېچنىمە دېمىدى ۋە روشەنكى، كېڭەشتە بولغان چاغدا ئۇنى ھەممىدىن كۆچلۈكرەك بەنت قىلغان پىكىر-خىياللىرىنى ئېيتىشتىن ئۆزىنى بېسىپ تۇرالمىسا كېرەك، كىنەز ئاندرېيغا فران-سۇزچە مۇراجىئەت قىلدى.

— ھەي، ئەزىزىم، — دېدى، — بۈگۈن بىز نىمە دېگەن قاتتىق جەڭ قىلدۇق! ئىلاھىم، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىمۇ شۇنداق غەلىبىلىك بولغاي. بىراق، ئەزىزىم، — دېدى ئۇ سۆزىنى ئۈزۈپ-ئۈزۈپ ۋە خۇرسەن بولۇپ سۆزلەپ، — مەن ئاۋسترىيىلىكلەر ئالدىدا، بولۇپمۇ ۋېيروتېر ئالدىدا ئۆز ئېيىۋىمنى ئېتىراپ قىلىشىم كېرەك. نىمە دېگەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئېنىقلىق، نىمە دېگەن تەپسىلىلىك، جەڭ مەيدانىنى نىمە دېگەن تەپسىلى بىلىش، ھەممە ئىمكانىيەتلەرنى، ھەممە شەرت-شارائىتلارنى ۋە ئۇششاق-چۈششەك ھەممە تەپسىلاتلارنى نىمە دېگەن ئالدىن كۆرۈش-ھە! ياق، ئەزىزىم، ھازىر بىز تۇرغان بۇنداق پايدىسىلىق شارائىتتىن باشقىسىنى تېپىش مۇمكىن ئەمەس. ئاۋستىرىيىلىكلەرنىڭ پىششىقلىقىغا رۇسلارنىڭ باتۇرلۇقى قوشۇلغاندىن كېيىن يەنە نىمە كېرەك، ئەزىزىم؟

— دىمەك، ھۇجۇم قىلىش ئۇزۇل-كېسىل قارار قىلىندىمۇ؟ — دىدى بولكونسكى.

— بىلەمسىز، ئەزىزىم، بوناپارت چوقۇم ھوشىنى يوقىتىپ قويغانغا ئوخشايدۇ. بۈگۈن ئۇ پادىشاغا خەت ئەۋەتىپتۇ، — دولگورۇكوۋ مەنىلىك تەبەسسۇم قىلىپ قويدى.

— مۇنداق دەڭ! خوش، نىمە دەپتۇ خېتىدە؟ — دەپ سورىدى بولكونسكى.

— نىمە دىمەكچى خېتىدە؟ پالان-پوكۇن، پەمىستىمان دىگەندەك ئوخشاش گەپلەر، مەقسەت ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈپ شۇنىڭدىن پايدىلانماقچى. ئۇ ھازىر بىزنىڭ قولىمىزدا دەي، سىز ئۇنىڭغا ئىشىنىۋېرىڭ: بۇ تۇرغان گەپ! لېكىن ھەممىدىن قىزىقى شۇكى، — دىدى ئۇ بىردىنلا ئاقكۆڭۈللۈك بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئۇنىڭغا جاۋاپ خەت يازغاندا نىمە دەپ ئاتاشنى ھىچكىم ئويلاپ تاپالمىدى، ئەگەر "كونسۇلغا" دىمىسە "پادىشاغا" دىيىشنىڭ بولماسلىقى تۇرغان گەپ، شۇنداق بولغاندىن كېيىن، "گېنېرال بوناپارتقا" دىسە، مېنىڭچە بولىدىغاندەك تۇرىدۇ.

— لېكىن ئۇنى پادىشا دەپ ئېتىراپ قىلماسلىق بىلەن گېنېرال

بوناپارت دىيىش ئۇتتۇرىسىدا پەرق بار، — دېدى بولكونسكى.

— ھەممە گەپ مانا شۇنىڭدا، — دېدى دەرھال دولگورۇكوۋ كۈلۈپ تۇرۇپ ۋە ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋېتىپ، — سىز بىلىبىنىنى بىلەمسىز، ئۇ ناھايىتى ئەقىللىق ئادەم، ئۇ خەتكە: "زوراۋان ۋە ئىنسانىيەتنىڭ دۈشمىنىگە" دەپ يېزىشنى تەكلىپ قىلدى.

دولگورۇكوۋ خۇرسەن بولغانلىقتىن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— بۇندىن يامانراغى تېپىلماپتۇ-دە؟ — دەپ قويدى بولكونسكى.

— لېكىن قانداق بولسىمۇ بىلىبىن ناھايىتى مۇۋاپىق ئۇنۋان تاپتى. ناھايىتى ئۆتكۈر، دانا ئادەم……

— قانداق بولار؟

— فرانسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ باشلىغىغا، au cher du gouvernement francais①، — دېدى كىنەز دولگورۇكوۋ مەمنۇنىيەت بىلەن جىددى رەۋىشتە، — بۇ ناھايىتى مۇۋاپىق ئۇنۋان، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— ناھايىتى مۇۋاپىق، لېكىن ئۇنىڭغا زادىلا ياقماس، — دېدى بولكونسكى.

— بەللى، ياقماس دېگەن قانداق گەپ! مېنىڭ ئاكام ئۇنى بىلىدۇ: ئۇ بىرنەچچە قېتىم پارىژدا ھازىرقى پادىشا بىلەن بىللە تاماقتا بولغان، ئاكام، بۇنداق زىرەك ۋە ھەييار دىپلوماتنى ھېچقاچان كۆرمىگەنمەن دېگەن ئىدى؛ بىلەمسىز، فرانسۇزنىڭ ئەپچىللىكى بىلەن ئىتالىيانىنىڭ ماھىرلىغى قوشۇلغاندا! گراف ماركوۋ بىلەن ئۇنىڭ توغرىسىدىكى لەتىپىلەرنى بىلەمسىز؟ پەقەت بىرگىنە ماركوۋ

---

① فرانسۇزچە: يۇقۇرىدىكى جۈملىنىڭ ئۆزى. — تەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى بىلگەن. قولىياغلىق توغرىسىدىكى ھېكايىنى بىلەمسىز؟ ناھايىتى ئاجايىپ!

شۇنىڭ بىلەن كۆپ گەپلىك دولگورۇكوۋ بىردەم بورىسقا، بىردەم كىنەز ئاندرېيگە قاراپ، بوناپارت بىزنىڭ ئەلچىمىز ماركوۋنى سىناپ كۆرمەكچى بولۇپ، قولىياغلىقىنى قەستەن ئۇنىڭ ئالدىدا يەرگە چۈشۈرۈپ قويغانلىقىنى ۋە ئېلىپ بېرەرمىكىن دەپ ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغاندا، ماركوۋمۇ قەستەن قولىياغلىقىنى چۈشۈرۈپ قويغانلىقى ۋە ئېڭىشىپ ئۆزىنىڭ قولىياغلىقىنى ئېلىپ، بوناپارتنىڭ قولىياغلىقىنى ئالمىغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى.

— Charmant! (ئاجايىپ!) — دېدى بولكونسكى، — لېكىن، كىنەز، مەن سىزنىڭ ئالدىڭىزغا مانا شۇ يىگىت توغرىسىدا بىر ئىلتىماس بىلەن كەلگەن ئىدىم، بىلەمسىز؟......

لېكىن كىنەز ئاندرېي گېپىنى تۈگەتمەي تۇرۇپ ئۆيگە بىر ئاديۇتانت كىرىپ كەلدى، ئۇ كىنەز دولگورۇكوۋنى پادىشا ھوزۇرىغا چاقىرغان ئىدى.

— ھە...ەي، ئاپلا! — دېدى دولگورۇكوۋ ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ ۋە كىنەز ئاندرېي بىلەن بورىسنىڭ قوللىرىنى سىقىپ، — سىز بىلىسىز، سىز ئۈچۈنمۇ ۋە بۇ سۆيۈملۈك يىگىت ئۈچۈنمۇ ماڭا باغلىنىشلىق بولغان ھەرقانچە خىزمەت بولسا جېنىم بىلەن قىلىمەن، — ئۇ مۇلايىم، سەمىمى ۋە قىزغىن يەڭگىل ئويلۇق قىياپەتتە بىلەن بورىسنىڭ قولىنى يەنە بىر قېتىم سىقىپ قويدى، — لېكىن سىز كۆرۈپ تۇرىسىز...... يەنە بىر قېتىم كۆرۈشكەندە، خەير!

بورىسنى ئالىي ھاكىمىيەت ئىگىلىرىگە يېقىنلىشىش توغرىسىدىكى ئوي-پىكىرلەر ھاياجانغا سالاتتى، ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىنى شۇلار ئارد-

سىدا ھېس قىلاتتى. ئۇ ئۆزىنى بۇ يەردە غايەت زور كۆچلەر تويىنى ھەركەتلەندۈرىدىغان پۈرژىنىلارغا يېقىنلاشقان دەپ بىلەتتى، ئۆز پولكىدا بولسا ئۆزىنى شۇ غايەت زور كۆچنىڭ كىچىككىنە، ئىتائەت- چان ۋە ئەرزىمەس بىر زەررىچىسى دەپ ھېس قىلاتتى. ئۇلار دول- گورۇكوۋنىڭ ئارىلىقتا چىققاندا ئىشىكتىن (دولگورۇكوۋ كىرىپ كەتكەن پادىشا كابىنېتىنىڭ ئىشىكىدىن) گراژدانچە كېيىنگەن، چىرايىدىن ئەقىللىق ئادەم كۆرۈنگەن، ئىگىسىگە كەسكىن سۆرەتتە ئالدىغا سوزۇلۇپ چىقىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ئەپتىنى خۇنۈك قىلماستىن، ئەكسىچە ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئەپچىل ۋە چاققان تۇس كىرگۈزۈپ تۇرىدىغان بويى پاكار بىر كىشى چىقتى. پاكار بويلۇق بۇ كىشى دولگورۇكوۋقا ئۆز كىشىسىدەك بېشىنى لىڭشىتتى، ئۇنىڭ- دىن كېيىن كىنەز ئاندرېينىڭ سالام قىلىشى ياكى يول بېرىشىنى كۈتسە كېرەك، سوغاق قاراش بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىغان پېتى ئالدىغا قاراپ كېلەتتى. كىنەز ئاندرېي نە سالام قىلىدى بولغاي ۋە نە يول بەردى بولغاي؛ ئۇنىڭ چىرايىدىن غەزەپ ئەكس ئېتەتتى، ياش يىگىت يۈزىنى تەتۈر ئۆرۈپ، ئارىلىقنىڭ بىر تەرىپىدىن ئۆتۈپ كەتتى.

— بۇ كىم؟ — دەپ سورىدى بورىس.

— بۇ ناھايىتى قالتىس، لېكىن ماڭا ئەڭ ياقمايدىغان ئادەملەر- نىڭ بىرى. بۇ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بولغان كىنەز ئادام چارتورىژسكى.

— مانا شۇ ئادەملەر، — دىدى بولكونسكى سارايىدىن چىقىۋات- قاندا ئۆزىنى باسالماي ئۇھ تارتىپ، — مانا شۇ ئادەملەر خەلقلەرنىڭ تەقدىرىنى ھەل قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەتىسى قوشۇنلار ھەربىي يۈرۈشكە چىقتى. بورىس تا ئائۇستېر-لىتس جېڭىغىچە بولكونىسكىنىڭ ئالدىغىمۇ، دولگورۇكوۋنىڭ ئالدىغىمۇ بارالمىدى؛ ۋاقتىنچە يەنە ئىزمايىل پولكىدا قالدى.

## 10

نىكولاي روستوۋ خىزمەت قىلىۋاتقان ۋە باگراتىيون ئەترىدىگە قارايدىغان دېنىسوۋ ئېسكادرونى 16 - چېسلا تاڭ ئاتار چاغدا قونالغۇدىن جەڭگە قاراپ يولغا چىقتى ۋە ئېيتقاندەك، باشقا كولون-نىلار ئارقىسىدا بىر چاقىرىمچە يول يۈرگەندىن كېيىن چوڭ يولدا توختىتىلدى. روستوۋ ئاۋال كازاكلار، ئۇلاردىن كېيىن بىرىنچى ۋە ئىككىنچى ئېسكادرون ئاتلىقلىرى، توپچىلىرى بىلەن پىيادە باتال-يونلار ۋە بۇلاردىن كېيىن گېنېرال باگراتىيون بىلەن دولگورۇ-كوۋلار ئۆز ئادىيۇتانتلىرى بىلەن ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. ئۇنىڭ ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا جەڭ باشلىنىش ئالدىدا ۋەھىمە قىلىشلىرى، بۇ ۋەھىمىنى يېڭىش ئۈچۈن قىلغان ئىچكى كۈرەش-لىرى، بۇ جەڭدە ئاتلىقلارچە خىزمەت كۆرسىتىش توغرىسىدا قىلغان شۇنچە خىياللىرى بىكارغا كەتتى. ئۇلارنىڭ ئېسكادرونى ئارقا سەپ زاپاس قىسىملىرىدا قالدۇرۇلدى، نىكولاي روستوۋ پۈتۈن كۈننى زېرىكىپ، دىققەت بولۇپ ئۆتكۈزدى. ئەتىگەن سائەت توققۇزدا ئۇزاقتىن ئېتىلغان ئوق ئاۋازلىرى ۋە "ئۇررا" ئاۋازلىرىنى ئاڭلىدى؛ ئارقىغا ئېلىپ كېتىلىۋاتقان يارىدارلارنى (بۇلار ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى) ۋە يۈزلەرچە كازاكلار بىر ئەترەت فرانسۇز ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى قورشاپ ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقلىرىنى كۆردى. دېمەك،

جەڭ تۈگىگەن ۋە ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، ئەمما بىزنىڭ غەلىبىمىز بىلەن ئاياقلاشقاندەك كۆرۈنەتتى. قايتىپ كېلىۋاتقان ئەسكەرلەر ۋە ئەپىتسەرلەر پارلاق غەلىبە توغرىسىدا، ۋىشائۇ شەھىرى ئىشغال قىلىنغانلىقى ۋە پۈتۈن بىر فرانسۇز ئېسكادرونى ئەسىرگە ئېلىنغانلىقى توغرىسىدا گەپ قىلىشاتتى. كېچىسى بولغان قاتتىق سوغاقتىن كېيىن هاۋا ئوچۇق ۋە قۇياش چاقناپ تۇراتتى، كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدىغان كۈز هاۋاسى غەلىبە توغرىسىدىكى خەۋەر بىلەن ناهايىتى ماس كېلەتتىكى، بۇ هالەت پەقەت جەڭگە قاتناشقان ئەسكەرلەرنىڭ سۆزلىرىدىنلا بىلىنمەيتتى، بەلكى كىشىنى خوشال قىلىدىغان بۇ كەيپىيات يەنە روستوۋنىڭ ئالدىدىن ئۇ ياققا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ۋە ئۇ ياقتىن قايتىپ كېلىۋاتقان ئەسكەرلەر بىلەن ئەپىتسەرلەر، گېنېراللار بىلەن ئاديۇتانتلارنىڭ يۈزلىرىدىكى ئىپادىلىرىدىنمۇ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. جەڭ ئالدىدا بىكاردىن-بىكار شۇنچە ۋەھىمىگە چۈشۈش ۋە شۇنداق خوشال كۈننى بىكار ئۆلتۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېتىش نىكولاينىڭ قەلبىنى تېخىمۇ قاتتىق ئازاپلايتتى.

— روستوۋ، كەلگىنە بۇ ياققا، بىر ئىچەيلۇق شۇ ئەلەملەرگە! — دەپ چاقىردى دېنىسوۋ هاراق ئېلىنغان سۇدان ۋە زاكوسكىلارنى يول بويىدا ئالدىغا قويۇپ ئولتۇرۇپ.

ئەپىتسەرلەر دېنىسوۋنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىشىپ يەپ-ئىچتى، پاراڭ باشلىنىپ كەتتى.

— ئەنە يەنە بىرسىنى ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ، — دېدى ئەپىتسەرلەردىن بىرى ئىككى كازاك پىيادە ئېلىپ كېلىۋاتقان ئەسىر چۈشكەن فرانسۇز ئاتلىق ئەسكىرىنى كۆرسىتىپ.

كازاكلارنىڭ بىرسى ئەسىرنىڭ چوڭ ۋە چىرايلىق فرانسۇز

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئېتىنى يېتىلەپ كېلىۋاتاتتى.

— ھەي، ئاتنى ساتساڭچۇ! — دەپ توۋلىدى دېنىسوۋ كازاكقا.

— مەرھەمەت، جاناپلىرى......

ئەپىتسەرلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كازاكلار ۋە ئەسىر چۈشكەن فرانسۇزنى قورشىۋېلىشتى. ئەسىر چۈشكەن فرانسۇز ئاتلىق ئەسكىرى ئېلزاسلىق ياشقىنا يىگىت بولۇپ، فرانسۇزچىنى نېمىس لەھجىسى بىلەن سۆزلەيتتى. ئۇ ھاياجانلانغىنىدىن ئىندىكىپ يۈزى قىزىرىپ كەتتى ۋە بولارنىڭ فرانسۇزچە گەپلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ دەررۇ بىردەم ئۇنىڭغا، بىر دەم بۇنىڭغا قاراپ، ئەپىتسەرلەرگە گەپ قىلىشقا باشلىدى. ئۇ، مەن ئەسىر چۈشمەس ئىدىم، ئەسىر چۈشۈشۈمگە مەن ئەيىبلىك ئەمەس. كاپرال① ئەيىبلىك، چۈنكى كاپرال: ئۇ يەردە رۇسلار يوق، سەن بېرىپ ئاتنىڭ يۈپۈقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ كەل دەپ ئەۋەتكەن ئىدى، دېدى. ئۇ ھەر ئىككى ئېغىز گېپىنىڭ بىرىدە: mais qu'on ne fasse pas de mal à mon petit cheval (بىراق، ئېتىمغا ئازار بەرمىسەڭلەر) دەيتتى ۋە ئېتىنى ئەركىلىتىپ قوياتتى. دېمەك، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى ئوبدان ئۇقمىغانلىقى روشەن ئىدى. ئۇ ئەسىر ئېلىنغانلىقى ئۈچۈن، تۇرۇپلا ئۆزرە سورايتتى، تۇرۇپلا ئۆزىنى ئۆز باشلىقلىرى ئالدىدا دەپ پەرەز قىلىپ، ئەسكەرلەرگە خاس ئىنتائەتچانلىق ۋە خىزمەتكە بولغان قىزغىنلىقىنى كۆرسىتىشكە تىرىشاتتى. ئۇ بىزنىڭ ئارىيېر-

---

① كاپرال — بەزى چەت مەملىكەتلەردە ئارمىيىدە كىچىك كاماندىر، 18 — ئەسىر ۋە 19 — ئەسىرنىڭ بېشىدا روسىيە ئارمىيىسىدىمۇ بولغان. — تەر.

گاردقا① فرانسۇز قوشۇنىنىڭ بىر ئۇچۇن تامامەن يات بولغان يېڭى ھاۋاسىنى ئېلىپ كەلدى.

كازاكلار ئاتنى ئىككى چېرۋانغا② سېتىۋەتتى. ئاتنى يېقىندىلا ئۆيىدىن پۇل كېلىپ ھەممە ئەپىتسەرلەردىن باي بولۇپ كەتكەن روستوۋ ئالدى.

— Mais qu'on ne fasse pas de mal à mon petit cheva (بىراق، ئېتىمغا ئازار بەرمەڭلەر!) — دېدى ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن ئېلىزاسلىق فرانسۇز ئاتنى ئاتلىق ئەسكەرگە بەرگەندە.

روستوۋ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، ئەسىرنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى ۋە ئۇنىڭغا پۇل بەردى.

— ئاليو، ئاليو! — دېدى كازاك، ئەسىرنىڭ يېڭىدىن تارتىپ "قېنى يۈر" دېمەكچى بولۇپ.

پادىشا! پادىشا! — دېگەن ئاۋازلار بىردىنلا ئاتلىقلار ئارىسىدىن ئاڭلاندى.

ھەممەيلەن ئالدىراپ-تېنەپ يۈگۈرۈشۈپ تارقىلىپ كەتتى. روستوۋ ئارقىسىغا قاراپ، شىلەپىلىرىگە ئاق پەر تاقىۋالغان بىرقانچە ئاتلىقلارنىڭ يولدا يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. بىردەمدىلا ھەممەيلەن جاي-جايىغا بېرىپ، پادىشانىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشتى.

---

① ئارىيېرگارد — ھەربىي يۈرۈشتە ئاساسىي قىسىملارنىڭ ئارقىسىدا بارىدىغان قىسىملار. — تەر.

② چېرۋان — ئالتۇن بىلەن تەمىنلەنگەن ئون سوملۇق قەغەز پۇل. — تەر.

روستوۋ ئۆز جايىغا قانداق يۈگرەپ بارغانلىغى ۋە ئېتىغا قانداق مىنگەنلىگىنىمۇ بىلمەي قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ جەڭگە قاتناشمىغانلىغى توغرىسىدىكى ئەپسۇسلىنىشىنى ۋە كۈننى بىكارغا ئۆتكۈزۈۋەتتىم دەپ سىقىلىشىنى پادىشاغا كۆز تىكىپ تۇرغان ئادەملەر ئارىسىدا دەرھال ئۇنتۇدى، ئۆزى توغرىسىدىكى ھەرقانداق پىكىر-خىياللىرى دەرھال يوقالدى: ئۇنىڭ پۈتۈن قەلبى پادىشانىڭ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىغى بىلەن يۈز بېرىۋاتقان بەختىيار ھىسسىيات بىلەن لىق تولغان ئىدى. پادىشانىڭ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىغىنىڭ ئۆزى بىكارغا ئۆتكۈزگەن شۇ كۈن ئۈچۈن ئۇنىڭغا بىر مۇكاپاتتەك بولدى. ئۇ ئۆزىنى خۇددى يارنىڭ ۋىسالىغا يەتكەن ئاشىقتەك بەختلىك ھىس قىلاتتى. ئۇ ئۆرۈلۈپ قاراشقا پېتىنالمايتتى ۋە ئۆرۈلۈپمۇ قارىمايتتى، لېكىن، پادىشانىڭ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىغىنى زوق بىلەن سېزىپ تۇراتتى. بۇنى ئاتلارنىڭ ئاياق تاۋۇشلىرىدىنغىنا ئەمەس، پادىشا يېقىنلىشىپ كەلگەنسېرى ئەتراپىتىكى ئادەملەرنىڭ چىرايلىرى ئېچىلىپ، يۈزلىرىدە خۇرسەنلىك ۋە تەنتەنە ئالامەتلىرى پەيدا بولۇۋاتقانلىغىدىنمۇ بايقاش مۇمكىن ئىدى. روستوۋ ئۈچۈن بىر قۇياش بولغان بۇ پادىشا مېھرى-مۇھەببەت ۋە ئۇلۇغۋارلىغىدىن ھەممە تەرەپكە ئۆزىنىڭ نۇرىنى چېچىپ تېخىمۇ يېقىنلىشىپ كېلەتتى. مانا، روستوۋ شۇ قۇياشنىڭ نۇرىغا چۆمۈلگەندەك بولدى، ئۇ پادىشانىڭ بۇ ئاۋازىنى ئاڭلىدى — بۇ مېھرىۋان: مۇلايىم، ئۇلۇغۋار ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە ناھايىتى ئاددى ئاۋاز ئىدى. خۇددى روستوۋنىڭ ئويلىغىنىدەك، ئەتراپ ئۆلگەندەك جىمجىتلىقتا چۆكتى ۋە شۇ جىمجىتلىقتا پادىشانىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— Les huzards de Pavloograd? (پاۋلوگراد ئاتلىقلىرىمۇ

سلەر؟) — دەپ سورىدى پادىشا.

— La rèsrve, sire! (ئارقا سەپ، ھەزرىتى ئالىلىرى!) — دەپ جاۋاپ بەردى كىمدۇ بىرى شۇنچە ئاددى ئاۋاز بىلەن "Les huzards de pavloograd?" (پاۋلوگراد ئاتلىقلىرىمۇ؟) — دەپ سورىغان ناھايىتى ئاددى ئاۋازغا جاۋابەن.

پادىشا روستوۋنىڭ ئالدىغا كەلگەنىدە توختىدى. ئالېكساندرنىڭ چىرايى بۇندىن ئۈچ كۈن ئاۋال ئۆتكۈزۈلگەن كۆرەك ۋاقتىدىكىدىنمۇ چىرايلىق ئىدى. ئۇنىڭ يۈزى خوشال، شۇنداق ياش ۋە شۇنداق پاك ئىدىكى، ئۇن تۆت ياشلىق شوخ بالىنى ئەسلىتەتتى، لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىللە ھەرھالدا ئۇلۇغۋار پادىشانىڭ يۈزى ئىدى. پادىشا ئېسكادروننى كۆزدىن كەچۈرۈۋېتىپ، كۆزى تاسادىپى رەۋىشتە روستوۋنىڭ كۆزىگە چۈشتى-دە، ئىككى سېكۇنتچە ئۇنىڭغا قاراپ قالدى. پادىشا شۇ چاغدا روستوۋنىڭ كۆڭلىدە نىمە بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدىمۇ-يوق (روستوۋغا خۇددى بىلگەندەك تۇيۇلدى)، لېكىن ئۇ كۆك كۆزلىرىنى روستوۋنىڭ يۈزىگە تىكتى (بۇ كۆزلەردىن يۇمشاق ۋە شەپقەتلىك نۇر يېغىپ تۇراتتى). كېيىن ئۇ قاشلىرىنى بىردىنلا سەل كۆتىرىپ، سول پۇتى بىلەن ئېتىنى بىر نىقتىدى-دە، ئات قويغان پېتى ئالغا قاراپ كەتتى.

ياش پادىشا جەڭگە ئۆزى قاتناشقۇسى كېلىپ، ساراي ئەھلىلىرىنىڭ بەرگەن نەسىھەتلىرىگە قارىماي، سائەت ئون ئىككىدە، بىللە كېتىۋاتقان ئۈچىنچى كولوننىدىن ئاجرىلىپ، ئاۋانگارتقا قاراپ كەتتى. ئۇ تېخى قىران ئاتلىقلارغا يەتمەستىن، يولدا ئۇنى بىر نەچچە ئادىيۇتانت بۇگۈنكى جەڭنىڭ غەلىبىسى توغرىسىدىكى خەۋەر بىلەن قارشى ئالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىر ئېسكادرون فرانسۇز ئەسكەرلىرى ئەسىر ئېلىنغان بۇ جەڭ توغرىسىدا، فرانسۇزلار ئۈستىدىن پارلاق غەلىبە قازاندۇق، دەپ مەلۇمات بېرىلگەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن پادىشادا ۋە پۈتۈن ئارمىيىدىمۇ (خۇسۇسەن جەڭ مەيدانىدا پورۇخ ئىسلىرى تېخى تارقىلىپ كەتمىگەن چاغدا) فرانسۇزلار مەغلۇپ بولۇپ، نائىلاج چېكىنمەكتە دىگەن ئىشەنچ ھاسىل بولدى. پادىشا ئۆتۈپ كېتىپ، بىرقانچە مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن، پاۋلوگرادلىقلار دىۋىزىيىسىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى توغرىسىدا بۇيرۇق كەلدى. ۋىشائۇ دىگەن كىچىككىنە نېمىس شەھىرىدە روستوۋ يەنە پادىشانى كۆردى. پادىشانىڭ يېتىپ كېلىشىدىن بۇرۇنراق، قاتتىق ئېتىشىش بولغان شەھەر مەيدانىدا يىغىشتۇرۇۋېلىشقا ئۈلگۈرمەي قالغان بىرقانچە ئۆلۈك ۋە يارىدار ياتقان ئىدى. ھەربى ۋە غەيرى ھەربى مۇلازىملار ئورىۋالغان پادىشا كۆرەك ۋاقتىدا ئىنگلىزچە ياساپ بېرىلگەن بايتالنى قويۇپ، باشقا جىرەن ئات مىنگەن ئىدى. ئۇ ئات ئۈستىدە بىر تەرەپكە ئېڭىشىپ، ئالتۇن باغلىق كۆزەينەكنى كۆزىگە چىرايلىق تاقاپ، يەردە ئېغىناپ ياتقان يالاڭۋاش، بېشى قانغا بويالغان ئەسكەرگە قارىدى. يارىدار ئەسكەر شۇنچىلىك ئىپلاس، شۇنچىلىك يىرگىنىش، شۇنچىلىك خۇنۇك ئىدىكى، ئۇنىڭ پادىشاغا يېقىن يەردە ياتقانلىقى روستوۋغا ئەلەم قىلدى. روستوۋ پادىشانىڭ مۆكچىيىۋىراق قالغان يەلكىلىرى خۇددى سوغاقتىن تىترىگەندەك تىترەپ كەتكەنلىگىنى، سول پۇتىنى تىترىتىپ، ئېتىنى دىۋىتكۈچ بىلەن قانداق نىقتىغانلىقىنى، ئۈگىنىپ قالغان ئات بولسا بىپەرۋالىق بىلەن ئەتراپقا قاراپ قويۇپ ئورنىدىن مىدىرلىماي تۇرغانلىقىنى كۆردى. بىر ئاديۇتانت ئاتتىن چۈشۈپ يارىدارنى قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇر-

غۇزدى ـ دە، كەلتۈرۈلگەن زەمبىلگە سېلىشقا باشلىدى. يارىدار ئەسكەر ۋاي ـ ۋاي، دەپ نالە قىلاتتى.

ــ ئاستا، ئاستا، ئاستا ياتقۇزالامسىز؟ ــ دېدى پادىشا ئۆلۈ- ۋاتقان ئەسكەردىنمۇ كۆپرەك ئازاپلىنىۋاتقاندەك قىلىپ ۋە يۈرۈپ كەتتى.

روستوۋ پادىشانىڭ كۆزىگە لىق ياش ئالغانلىغىنى كۆردى ۋە كېتىۋېتىپ، چارتورىژسكىغا فرانسۇزچە:

ــ ئۇرۇش قانداق دەھشەتلىك نەرسە، قانداق دەھشەتلىك نەرسە Quelle terrible chose! que la guerre! ① دېگەن سۆزىنى ئاڭلىدى.

ئاۋانگارت قوشۇنلار ۋىشائۇنىڭ ئالدىغا، فرانسۇزلار بىز بىلەن كۆن بويى ئازراق ئېتىشىپ، كېيىن تاشلاپ كەتكەن يەرگە، دۈشمەن ئالدىنقى سېپى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان يەرگە جايلاشتى. ئاۋانگارتقا پادىشانىڭ تەشەككۇرى ئېلان قىلىندى، مۇكاپات بېرىش ۋەدە قىلىندى ۋە ئەسكەرلەرگە ئادەتتىكىدىن ئىككى ھەسسە ئارتۇق هاراق بېرىلدى. دالىدا يېقىلغان گۈلخانلار تۈنۈگۈن كېچىدە يېقىلغان گۈلخانلاردىنمۇ كۈچلۈكرەك چاراسلاپ كۆيمەكتە ئىدى، ئەسكەر- لەرنىڭ ناخشا ئاۋازلىرى تۈنۈگۈن كېچىدىكىدىنمۇ يۇقىرىراق ياڭرايتتى. دېنىسوۋ مايور بولغانلىغى مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ كېچە زىياپەت بەردى ۋە تېخى هازىرلا خېلى كۆپ ئىچىۋالغان روستوۋ زىياپەتنىڭ ئاخى- رىدا پادىشانىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن قەدەھ كۆتىرىشنى تەكلىپ قىلدى، لېكىن: "رەسمىي زىياپەتلەردە ئېيتىلىدىغاندەك، پادىشانىڭ

---

① يۇقۇرىدىكى سۆزنىڭ فرانسۇزچە ئېيتىلىشى. ــ تەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

سالامەتلىكى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى مېھرىۋان، ھەممىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدىغان پادىشانىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن، ئۇلۇغ ئادەمنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن؛ ئۇنىڭ سالامەتلىكى ۋە فرانسۇزلار ئۈستىدىن چوقۇم غەلىبە قازىنىشىمىز ئۈچۈن ئىچەيلى!" دېدى.

— بىز ئىلگىرى ئۇرۇشۇپ، — دېدى روستوۋ، — خۇددى شېنگرابېندىكىدەك، فرانسۇزلارغا تىنىم بەرمىگەن ئىكەنمىز، ئەمدىلىكتە پادىشايىمىز ئالدىمىزدا تۇرغاندا توختاپ قالىمىزمۇ؟ بىز ھەممىمىز جېنىمىزنى پىدا قىلىمىز! پادىشا ئۈچۈن خۇرسەنلىك بىلەن جېنىمىزنى پىدا قىلىمىز! شۇنداق ئەمەسمۇ، جاناپلار؟ ئېھتىمال، مەن كۆڭلۈمدىكىنى توغرا ئېيتالمايۋاتىدىغاندىمەن، كۆپ ئىچىپ قويۇپتىمەن؛ بىراق، مەن مۇشۇنداق ھېس قىلىمەن، سىلەرمۇ شۇنداق ئويلىساڭلار كېرەك. قېنى، ئالېكساندر I نىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن! ئۇررا!!

— ئۇررا! — ئەپتىسەرلەرنىڭ روھلىنىپ كەتكەن ئاۋازلىرى ياڭرايتتى.

قېرى روتمىستر كىرىستېن يىگىرمە ياشلىق روستوۋدىن قېلىشمايدىغان زوق-شوق ۋە سەممىيەت بىلەن ۋاقىرىدى.

ئەپتىسەرلەر هاراقلىرىنى ئىچىشىپ، ئىستاكانلىرىنى سۇندۇرغاندىن كېيىن، كىرىستېن باشقا ئىستاكانلارغا يەنە ھاراق قۇيدى ۋە ئىستاكاننى قولىغا ئېلىپ، كۆينەكچان ۋە ئىشتانچاق بولغان ھالدا، ئەسكەرلەرنىڭ گۇلخانلىرى ئالدىغا كەلدى-دە، ئۇلۇغۋار قىياپەتتە قولىدىكى قەدەھنى يۇقىرى كۆتىرىپ، بۇرۇتىنى شاپتەك قىلىپ، كۆينىكىنىڭ ئېچىلىپ قالغان ياقىسىدىن ئاپپاق كۆكرىكىنى كۆرسىتىپ، گۇلخان يورۇقىدا توختىدى.

— يىگىتلەر، پادىشايىمىزنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن، دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غالىپ كېلىشىمىز ئۈچۈن، ئۇررا! — دەپ باتۇر قېرى ئاتلىق-لاردەك قىچقىردى.

ئاتلىقلار يىغىلىشىپ ھەممىسى تەڭلا "ئۇررا!" سادالىرىنى ياڭراتتى.

يېرىم كېچە بولۇپ ھەممەيلەن تارقالغاندىن كېيىن، دىنىسوۋ قىسقا قولىنى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان دوستى روستوۋنىڭ دولىسىغا قويدى.

— مانا، ھەربىي يۈرۈشتە ياخشى كۆرگىدەك ئادەم تېپىلماي قاپتۇ-دە، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ پادىشانى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ، — دىدى.

— دىنىسوۋ، سەن بۇنىڭ بىلەن چاخچاق قىلما، — دەپ ۋاقىرىدى روستوۋ، بۇ شۇنداق يۈكسەك، شۇنداق گۈزەل ھېسسىياتكى، شۇنداق......

— ئىشىنىمەن، ئىشىنىمەن دوستۇم، قوشۇلىمەن ۋە ماقۇللايمەن.

— ياق، سەن چۈشەنمەيسەن!

روستوۋ ئورنىدىن تۇردى ۋە گۈلخانلار ئارىسىدا مېڭىپ يۈرۈپ: ئۆلگەن بولسام جېنىمنى ئايىماي (ئۇ بۇ توغرىدا خىيال قىلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى) پەقەت پادىشانىڭ كۆز ئالدىدا ئۆلگەن بولسام قانداق بەختىيار بولغان بولاتتىم، دەپ خىيال سۈرەتتى. ئۇ ھەقىقەتەن پادىشاغا، رۇس قورالىنىڭ شان-شەۋكىتىگە، كەلگۈسى تەنتەنە ئۈمىدىگە ئاشىق بولغان ئىدى. ئائۇستېرلىتس جېڭىدىن بۇرۇنراق ئەنە شۇ ئەستىن چىقمايدىغان كۈنلەردە بۇ ھېسسىياتنى پەقەت بىرگىنە روستوۋلا بېشىدىن كەچۈرمەيتتى: رۇس ئارمىيىسىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇندىن توققۇزى شۇ چاغدا روستوۋ دەرىجىسىدە بولمىسمۇ، ئۆز پادىشاسى ۋە رۇس قورالىنىڭ شان-شەۋكىتىگە ئاشىق بولۇپ قالغان ئىدى.

## 11

ئەتىسى پادىشا ۋىشائۇدا توختىدى. ئۇردا دوختۇرى ۋىلىيو بىر-نەچچە قېتىم ئۇنىڭ ھوزۇرىغا چاقىرىلدى. باش ئىشتاپتا ۋە يېقىن ئەتراپتىكى قوشۇنلار ئارىسىدا، پادىشا ساقسىز بولۇپ قاپتۇ، دېگەن گەپلەر تارقالدى. يېقىن كىشىلەرنىڭ ئېيتىشلىرىغا قارىغاندا، پادىشا ھېچنەرسە يېمىگەن ۋە شۇ كېچىسى ئوبدان ئۇخلىيالمىغانمىش. بۇ كېسەللىككە دىلى نازۇك پادىشانىڭ ياردار ۋە ئۆلۈكلەرنى كۆرۈپ قاتتىق تەسىرلەنگەنلىكى سەۋەب بولغانمىش.

رۇس پادىشاسى بىلەن ئۇچرىشىشنى تەلەپ قىلىپ ئاق بايراق كۆتىرىپ، ئەلچى بولۇپ كەلگەن فرانسۇز ئەپتىسەرىنى ئالدىنقى پوستىن ئۇن يەتتىنچى چىسلادا تاڭ ئاتار چاغدا ۋىشائۇغا ئېلىپ كەلدى. بۇ ئەپتىسەر ساۋارى ئىدى. پادىشا تېخى ئەمدىلا ئۇخلىغان ئىدى، شۇ سەۋەپتىن ساۋارى بىر ئاز كۈتۈپ تۇرۇشى لازىم ئىدى. قاق چۈش ۋاقتىدا، ئۇنىڭ پادىشا ھوزۇرىغا كىرىشىگە ئىجازەت بېرىلدى ۋە بىر سائەتتىن كېيىن كىنەز دولگورۇكوۋ بىلەن بىللە فرانسۇز ئارمىيىسىنىڭ ئالدىنقى پوستىغا كەتتى.

مىش-مىش گەپلەرگە قارىغاندا، ساۋارىنى ئەۋەتىشتىن مەقسەت، پادىشا ئالېكساندرنى ناپالېون بىلەن ئۇچرىشىشقا تەكلىپ قىلىش ئىكەن. پۈتۈن ئارمىيىنىڭ خۇرسەنچىلىكى ۋە ئىپتىخارىنى دەپ،

ئالېكساندر شەخسەن ئۆزى كۆرۈشۈشنى رەت قىلدى ۋە گەرچە ئارمىيىنىڭ خاھىشىغا قارشى بولسىمۇ، ئەگەر بۇ مۇزاكىرىلەردىن مەقسەت ھەقىقەتەن سۈلھى بولسا، ناپالېون بىلەن سۈلھى توغرىسىدا سۆھبەت ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، شاھ ئۆز ئورنىدا ساۋارى بىلەن بىللە ۋىشائۇ جېڭىنىڭ غالىپكارى كىنەز دولگورۇكوۋنى ئەۋەتتى.

دولگورۇكوۋ كەچقۇرۇن قايتىپ كېلىپ توپ-توغرا پادىشا ھوزۇرىغا كىردى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاققىچە تەنھا گەپلەشتى.

ئون سەككىز ۋە ئون توققۇزىنچى نويابىر كۈنلىرى قوشۇنلار يەنە ئىككى مەنزىل ئالغا يۈردى ۋە دۈشمەننىڭ ئالدىنقى پوستلىرى قىسقىغىنا ئېتىشمىشتىن كېيىن ئارقىغا چېكىندى. ئارمىيىنىڭ يۇقۇرى دائىرىلىرىدە ئون توققۇزىنچى چىسلا قاق چۈش ۋاقتىدىن تارتىپ ئالدىراپ-تېنەپ باشلانغان زور قىزغىن ھەركەت، مەشھۇر ئائۇس-تېرلىتس جېڭى بولغان يىگىرمىنچى نويابىر سەھەرگىچە داۋام قىلدى.

ئون توققۇزىنچى چىسلا چۈشكىچە كىردى-چىقتى ھەركەتلەر، قىزغىن مەسلىھەت-مۇزاكىرىلەر، ئۇ ياق-بۇ ياققا يۈگۈرۈشلەر ۋە تەرەپ-تەرەپكە ئادىيۇتانتلارنى ئەۋەتىشلەر پەقەت پادىشالارنىڭ باش قارارگاھىدا داۋام قىلغان ئىدى؛ شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن بۇ كىردى-چىقتى ھەركەت كۇتۇزوۋنىڭ باش ئىشتابىدا ۋە كولۇننا باشلىقلىرىنىڭ ئىشتاپلىرىدىمۇ باشلاندى. كەچقۇرۇن ئارمىيىنىڭ ھەممە تەرەپلىرى ۋە قىسىملىرىغا ئادىيۇتانتلار ئەۋەتىلدى ۋە ئۇ يەرلەردىمۇ ھەركەت باشلاندى؛ ئون توققۇزىنچى چىسلادىن يىگىرمىنچى چىسلاغا ئۆتەر كېچىسى ھەممە قونالغۇلاردا ياتقانلار قوزغىلىپ ۋاراڭ-چۇرۇڭ باشلاندى ۋە سەكسەن مىڭ كىشلىك ئىتتىپاقچىلار

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئارمىيىسى توققۇز چاقىرىم مۇساپىگە سوزۇلغان ئۇزۇن كولوننا بولۇپ يولغا چىقتى.

پادىشالارنىڭ باش قارارگاھىدا ئەتىگەندە باشلانغان ۋە كېيىن باشقا ھەممە ھەركەتلەرگە تۈرتكە بولۇپ مەركەزلەشكەن بۇ ھەركەت مۇنارلارغا ئورنىتىپ قويۇلىدىغان ناھايىتى چوڭ سائەتنىڭ ئوتتۇرا چاقىنىڭ دەسلەپكى ھەركىتىگە ئوخشايتتى. ئاۋال بىر چاقى ئاستا-ئاستا ھەركەتلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچىسى، ئۈچىنچىسى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن باشقا ھەممە چاقلار، چىشلىق غىلدىرەكلەر، چىشلىق ئوقلار بارغانسېرى تېز ھەركەتلىنىشكە كىرىشىپ، جاڭ ئۇرۇپ، ۋاقىتنى كۆرسىتىدىغان ساندىن سەكرەپ ئۆتىدۇ-دە، ھەركەتنىڭ نەتىجىسىنى كۆرسىتىپ، سائەت ئىستىرېلكىسى سالماق ھەركەتلىنىشكە باشلايدۇ.

ھەربىي ئىشلار مېخانىزمىدىمۇ، خۇددى سائەت مېخانىزمىدىكىگە ئوخشاشلا، بىر باشلانغان ھەركەت تا ئاخىرقى نەتىجىگە يەتمىگىچە توختىمايدۇ؛ بۇ ئەھۋال خۇددى ھەركەتلەندۈرگۈچى كۈچ يېتىپ كەلمىگىچە سائەت مېخانىزمىنىڭ قىسىملىرى قىمىرلىماي تۇرغانغا ئوخشاش. ئوقلاردىكى چاقلار چىشلىرى بىر بىرىگە كىرىشىپ غىچىرلاپ ئايلىنىدۇ، چىشلىق ئوقلار بەك تېز ئايلانغانلىقىدىن غۇيۇلدايدۇ، ئۇنىڭغا خوشنا چاق بولسا، خۇددى مۇشۇ ھەركەتسىزلىگى بىلەن يىللاپ قىمىرلىماي تۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقاندەك تېپ-تىنچ تۇرىدۇ؛ لېكىن بىر پەيت كېلىپ، بۇ چاق پىشاڭغا ئىلىنىدىمۇ، ھەركەتكە باش ئېگىدۇ-دە، ئومۇمىي ھەركەتكە قوشۇلۇپ، نېمە ئۈچۈن ئايلىنىۋاتقانلىقىنى ۋە بۇ ئايلىنىشنىڭ مەقسىتى نېمە ئىكەنلىكىنى ئوقماي، غۇيۇلدىغىنىچە ئايلىنىۋېرىدۇ.

سان ـ ساناقسىز، تۈرلۈك، تۈمەن چاقىلار ۋە غىلىدىرەكلەرنىڭ مۇرەككەپ ھەركىتىنىڭ نەتىجىسى ۋاقىتنى كۆرسىتىدىغان سائەت ئىستىرېلكىسىنىڭ ئاستا ۋە بىر تەكشى يۈرگۈزۈلۈشىدىن ئىبارەت بولغاندەك، رۇسلار ۋە فرانسۇزلاردىن ئىبارەت بولغان بىر يۈز ئاتمىش مىڭ كىشىنىڭ مۇرەككەپ ھەركەتلىرىنىڭ ــ بۇ كىشىلەرنىڭ دەردى، تىلىگى، پۇشايمانى، تەھقىرلىنىشى ئازاپ ـ ئوقۇبەتلىرى، ئىپتىخارى، قورقۇشى ۋە خوشاللىقلىرىنىڭ ــ نەتىجىسى، پەقەت ئۈچ پادىشا جېڭى دەپ ئاتالغان ئائۇستېرلىتس جېڭىنىڭ مەغلۇبىيىتى، يەنى ئالەمشۇمۇل تارىخىي ئىستىرېلكىنى ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ سائەتىدە ئاستا ـ ئاستا يۈرگۈزۈش بولدى.

كنەز ئاندرېي شۇ كۈنى گىزەكچى بولۇپ، باش قوماندان ئالدىدىن ئاجرىلالمىدى.

كەچقۇرۇن سائەت ئالتىدە كۇتۇزوۋ پادىشالارنىڭ باش قارارگاھىغا كەلدى ۋە پادىشانىڭ ئالدىغا كىرىپ ئۇزاق تۇرماستىن، ئوبېر ـ گوف مارشال① گراف تولستوينىڭ ئالدىغا كەلدى.

بولكونسكى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، جەڭ تەپسىلاتلىرىنى ئۇقۇش ئۈچۈن دولگورۇكوۋ ئالدىغا كىرمەكچى بولدى. كنەز ئاندرېي كۇتۇزوۋنىڭ نىمىدىندۇ خاپا ۋە نارازى ئىكەنلىكىنى، باش قارارگاھتىكىلەرنىڭ كۇتۇزوۋدىن نارازىلىقىنى، پادىشا باش قارار-

---

① ئوبېر ـ گوف مارشال ــ بەزى مونارخىيە مەملىكەتلىرىدە ۋە كېيىن پادىشا روسىيىسىدە مەۋجۇت بولغان ساراي ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۇنۋانى بولۇپ، پادىشا ئوردىسىدا مېھمانلارنى قوبۇل قىلىدىغان ۋە سارايىنىڭ ھەممە تەمىنات ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان يۇقۇرى دەرىجىلىك مەنسەپدار. ــ تەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

گاھىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا خۇددى باشقا ئادەملەر بىلمەيدىغان بىر سىرنى بىلگەندەك مۇئامىلە قىلغانلىقلىرىنى سەزدى ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن دولگورۇكوۋ بىلەن گەپلەشكۈسى كېلەتتى.

— سالام، mon cher (دوستۇم)، — دېدى بىلىبىن بىلەن چاي ئىچىپ ئولتۇرغان دولگورۇكوۋ، — ئەتە بايرام. سىلەرنىڭ بوۋاي قانداق؟ كەيپى چاغ ئەمەستۇ؟

— كەيپى چاغ ئەمەس دەپ ئېيتالمايمەن، لېكىن، كىشىلەر مېنىڭ گېپىمگە قۇلاق سېلىشسا بولاتتى، دېسە كېرەك.

— ھەربى كېڭەشتە ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىشتى، بولىدىغان گەپنى قىلسا كىشىلەر يەنە ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالىدۇ؛ لېكىن بوناپارت چوڭ جەڭدىن يۈرىكى يېرىلىپ كەتكۈدەك قورقۇپ تۇرغان چاغدا، ئەمدى نىمىگىدۇ سۇسلۇق قىلىش ۋە كۈتۈپ تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس — تە.

— ھە، ئېيتقاندەك، بوناپارتنى كۆردىڭىزمۇ؟ — دېدى كىنەز ئاندرېي، — ھە، بوناپارت قانداق؟ ئۇ سىزدە قانداق تەسىرات پەيدا قىلدى؟

— ھە، كۆردۇم ۋە ئىشەندىمكى، ئۇ چوڭ جەڭدىن ھەممە نەرسىدىنمۇ يامانراق قورقىدىكەن، — دېدى دولگورۇكوۋ ناپالېون بىلەن ئۇچراشقاندا چىقارغان ئومۇمى خۇلاسىلىرىگە زور ئەھمىيەت بەرمەكچى بولغاندەك قىلىپ، — ئەگەر جەڭدىن قورقمىسا، پادىشا بىلەن ئۇچرىشىش ۋە سۆھبەتلەرنى ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشلار ئۇنىڭغا نىمە ئۈچۈن زۆرۈر بولۇپ قالدى؟ ھەممىدىنمۇ مۇھىمى — چېكىنىش، ھالبۇكى، چېكىنىش ئەينى زاماندا ئۇنىڭ ھەممە ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇلىغا تامامەن زىت تۇرسا؟ ماڭا ئىشىنىۋېرىڭ: ئۇ جەڭدىن

قورقىدۇ، چوڭ جەڭدىن قورقىدۇ، ئۇنىڭ ئەجىلى يەتكەن! مېنىڭ سىزگە دەيدىغىنىم مانا شۇ.

— لېكىن، شۇنى ئېيتىپ بېرىڭكى، ئۇ قانداق ئادەم ئىكەن، نىمە ئىكەن؟ — دەپ سورىدى كنەز ئاندرېي

— كۆلرەڭ كىيىم كىيگەن بىر ئادەم ئىكەن. مېنى "ئالىي ھەز-رەت"دەپ گەپ قىلدۇرغۇسى كەلدى-يۇ، لېكىن ئۇنى خاپا قىلىپ، ھېچقانداق ئۇنۋان بىلەن ئاتىمىدىم. مانا شۇنداق ئادەم ئىكەن، ۋەسسالام، — دېدى دولگورۇكوۋ تەبەسسۇم بىلەن بىلىبىنگە قاراپ.

— مەن قېرى كۇتۇزوۋنى ناھايىتى ھۆرمەت قىلىمەن، — دېدى ئۇ گېپىنى داۋام قىلىپ، لېكىن بوناپارت قولىمىزغا كىرىپ تۇرغاندا، بىز يەنە نىمىندۇ كۈتۈپ، ئۇنىڭ قولىمىزدىن چىقىپ كېتىشىگە ياكى بىزنى ئالدىشىغا يول قويساق، ناھايىتى بىمەنە ئىش قىلغان بولاتتۇق. ياق، سۇۋوروۋ ۋە ئۇنىڭ "ئۆزەڭنى ھۇجۇم قىلىنغۇچىنىڭ ئورنىدا قويماي، ئۆزەڭ ھۇجۇم قىل" دىگەن قائىدىسىنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك. ئۇرۇشتا ياشلارنىڭ غەيرىتى كۆپىنچە قېرى سۆرەلمىلەر①نىڭ ھەممە تەجرىبىلىرىدىنمۇ دۇرۇسراق يول كۆرسىتىدۇ، دىسەم ئىشىنىۋېرىڭ.

— لېكىن بىز قايسى پوزىتسىيىدىن ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىمىز؟ مەن بۈگۈن ئالدىنقى پوستلارنى بېرىپ كۆردۈم. بوناپارت ئاساسىي كۈچلىرى بىلەن قەيەردە تۇرىدىغانلىغىنى بىلىپ بولمايدۇ، — دېدى

① قەدىمقى رىم ھەربى باشلىغى فابىئاس (Quintus Fabius Maximus Vernucosus) ناھايىتى ئېھتىياتچان، ئىستىراتېگىيىلىك بولغاچقا مۇشۇنداق لەقەم قويۇلغان. — تەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كىنەز ئاندرېي.

كىنەز ئاندرېي ئۆزى تۈزگەن ھۇجۇم پىلانىنى دولگورۇكوۋقا ئېيتىپ بەرمەكچى ئىدى.

— قايسى پوزىتسىيىدىن ھۇجۇم قىلساقمۇ بەربىر، — دېدى دەرھال دولگورۇكوۋ ئورنىدىن تۇرۇپ خەرىتىنى شىرەگە يېيىۋېتىپ، — ھەممە ئەھۋاللار نەزەرگە ئېلىنغان: ئەگەر ئۇ برونندا تۇرغان بولسا......

كىنەز دولگورۇكوۋ ۋېيروتېرنىڭ يۈگەپ تۇرۇپ قىلىدىغان ھەركەت پىلانىنى ئالدىراپ-تېنەپ ۋە غۇۋا سۆزلەپ بەردى.

كىنەز ئاندرېي قارشى پىكىر ئېيتىشقا ۋە ئۆز پىلانىنى ئىسپاتلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ پىلانىمۇ ۋېيروتېر پىلانىدەك ئوخشاشلا ئوبدان پىلان ئىدى-يۇ، لېكىن شۇنداق يېتىشسىزلىكى بار ئىدىكى، ۋېيروتېر پىلانى ئاللىقاچان ماقۇللانغان ئىدى. كىنەز ئاندرېي ئۆز پىلانىنىڭ پايدىسى، ۋېيروتېر پىلانىنىڭ زەرىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىغاندا، كىنەز دولگورۇكوۋ ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي قويدى ۋە خەرىتىگە قارىماستىن، پەرىشان بولغان ھالدا كىنەز ئاندرېينىڭ يۈزىگە قاراپ قالدى.

— بىراق، بۈگۈن كۇتۇزوۋنىڭكىدە ھەربىي كېڭەش ئۆتكۈزۈلىدۇ، سىز شۇ يەردە مۇشۇ پىكىرلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىشىڭىز مۇمكىن، — دېدى دولگورۇكوۋ.

— ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىمەن، — دېدى كىنەز ئاندرېي خەرىتە ئالدىدىن كېتىۋېتىپ.

— نېمە توغرىسىدا شۇنچىۋالا جان كۆيدۈرۈۋاتىسىلەر، جاناپلار؟ — دېدى، شۇ چاققىچە ئۇلارنىڭ گېپىگە خۇشال تەبەسسۇم بىلەن

قۇلاق سېلىپ تۇرغان بىلىبىن چاخچاق قىلماقچى بولغاندەك قىيا-
پەتتە، — ئەتىلىككە غەلىبە قىلىمىزمۇ، ياكى يېڭىلىمىزمۇ، بەربىر
رۇس قورالىنىڭ شان-شەرىپى تەمىن ئېتىلگەن. سىلەرنىڭ
كۇتۇزوۋىڭلاردىن باشقا بىرەرمۇ رۇس كولوننا باشلىغى يوق. باشلىقلار:
Herr general wimpfen, le comte de Langeron, le prince de Lichtenstein, le prince de Hohenloe et enfin Prsch… prsh… et ainsi de suite, comme tous les noms polonais
(جانابى گېنېرال ۋىمپفېن، گراف لانژېرون، كىنەز لىختېنىشتېين، كىنەز گوگېنلو ۋە يەنە پىردش……پىرىش — ھەممىسى پولەك ناملىرى)

— (تىلىڭىزنى يىغىڭ) Taisez vous, mauvaise langue — دېدى دولگوروكوۋ، — ناتوغرا ئېيتىۋاتىسىز، ھازىر رۇسلاردىن مىلورا-دوۋىچ، دوختۇ رووۋلار بار ۋە گراف ئاراكچېيېۋ بولغاندا ئۈچ بولاتتى، لېكىن ئۇنىڭ نېرۋىلىرى بوشىشىپ قالغان.

— بىراق، مەن ئويلايمەنكى، مىخايىل ئىلارىئو نوۋىچ① چىققاندۇ، — دېدى كىنەز ئاندرېي، — بەخت ۋە ئۇتۇق تىلەيمەن، جاناپلار، — دەپ قوشۇپ قويدى ۋە دولگورۇكوۋ بىلەن بىلىبىننىڭ قولىنى سىقىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

كىنەز ئاندرېي قايتىپ كېلىۋېتىپ، يېنىدا جىم ئولتۇرغان كۇتۇ-زوۋدىن ئەتىكى جەڭ توغرىسىدا نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى سورىماستىن تۇرالمىدى.

كۇتۇزوۋ ئاديۇتانتىغا جىددى بىر قارىدى-دە، سەل جىم تۇرغاندىن

① كۇتۇزوۋنىڭ تولۇق نامى: مىخايىل ئىلارىئونوۋىچ كۇتۇزوۋ. — تەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كېيىن جاۋاپ بەردى:

— مېنىڭچە بۇ جەڭدە ئۇتتۇرۇپ قويىمىز، گراف تولستويغىمۇ شۇنداق دېدىم ۋە بۇ پىكرىمنى پادىشاغا يەتكۈزۈپ قويۇشنى سورىدىم. ئىمە دەپ جاۋاپ بەردى، دېگىن؟ Eh, mon cher general, je me mele de riz et des cotelettes, mêlez vous des affaires de la guerre, (ھەي، ئەزىزىم گېنېرال! مەن گۈرۈچ ۋە كاتلېت بىلەن مەشغۇل بولۇپ تۇراي، ئۇرۇشنى سىلەر قىلىپ تۇرۇڭلار)، — دېدى، مانا ماڭا بەرگەن جاۋاپ شۇ!

## 12

كەچقۇرۇن سائەت توققۇزدىن ئۆتكەندە، ۋېيروتېر ئۆز پىلانىنى ئېلىپ كۇتۇزوۋ تۇرىدىغان جايغا كەلدى، ھەربىي كېڭەش شۇ يەردە ئۆتكۈزۈلۈشى كېرەك ئىدى. ھەممە كولونىلارنىڭ باشلىقلىرى باش قوماندان ھوزۇرىغا چاقىرىلغان، كېلىشتىن باش تارتقان باگراتىيوندىن باشقا ھەممىسى ئۆز ۋاقتىدا يېتىپ كەلگەن ئىدى.

مۆلچەرلىنىۋاتقان جەڭنىڭ بارلىق باشقۇرۇش ھوقۇقىنى قولىغا ئالغان ۋېيروتېر ھەربىي كېڭەشتە ئانچە قىزىقماي رەئىسلىك ۋە رەھبەرلىك رولىنى ئويناۋاتقان كۆڭلىدە نارازى ۋە ئۇيقۇچان كۇتۇزوۋنىڭ تامامەن ئەكسى بولۇپ، ئوچۇق چىراي ۋە چاققان ئىدى. ۋېيروتېر، روشەنكى، ئۆزىنى مۇقەررەر بولۇپ قالغان ھەركەتنىڭ باشلىغى ھېس قىلاتتى. ئۇ خۇددى يۈكى بار ھارۋىنى تارتىپ تاغ باغرىدىن پەسكە يۈگۈرۈپ چۈشۈۋاتقان ئاتقا ئوخشايتتى. ئۇ ھارۋىنى ئۆزى تارتىپ كېتىۋېتىپتىمۇ ياكى ھارۋا ئۇنى ئىتتىرىپ كېتىۋېتىپتىمۇ،

بۇنى بىلمەيتتى؛ لېكىن ئۇ بۇ ھەركەتنىڭ ئاقىۋىتى نىمىگە ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆرۈش پۇرسىتىگىمۇ ئىگە بولماستىن، ئىمـ كانىيىتىنىڭ بېرىچە چاپاتتى. ۋېبروتېر شۇ ئاخشىمى ئىككى قېتىم ـ شەخسەن دۈشمەن تۇرغان جاينى بېرىپ كۆردى، مەلۇمات ۋە ئىزاھلار بېرىش ئۈچۈن ئىككى قېتىم رۇس ۋە ئاۋستىرىيە پادىشا ـ لىرىنىڭ ھوزۇرىغا كىردى، ئۆزىنىڭ ئىدارىسىگە كىرىپ، نېمىسچە دىسپوزىتسىيە يازدۇردى. ئۇ مانا شۇ ئىشلاردىن كېيىن، كۇتۇزوۋ ـ نىڭ ئالدىغا ناھايىتى ھارغان ھالدا كىردى.

ئۇ قارىغاندا، شۇنچىلىك ئالدىراش ئىدىكى، ھەتتا باش قوماند ـ دان ئالدىدا ئەدەپلىك بولۇشنىمۇ ئۇنتۇپ قالغان ئىدى: باش قوماندانىنىڭ گېپىنى بۆلۈۋېتەتتى، سۆھبەتدىشىنىڭ يۈزىگىمۇ قارىماي، بېرىلگەن سوئاللارغىمۇ جاۋاپ بەرمەي، ۋالاق ـ ۋۇلۇق ۋە مۇجمەل گەپ قىلاتتى، ئۇستى ـ بېشىنى چاڭ باسقان، تەلەتى ئېچىنىشلىق، ھېرىپ ـ چارچىغان، ھودۇققان ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆزىگە ئىشەنـ گەن ۋە مەغرۇر كۆرۈنەتتى.

كۇتۇزوۋ ئوستىرالىتسىغا يېقىن بىر ئاقسۆڭەك قەسرىگە جايلاشقان ئىدى. باش قوماندانىنىڭ ئىشخانىسى قىلىنغان چوڭ مېھمانخانىغا كۇتۇ ـ زوۋ، ۋېبروتېر ۋە ھەربىي كېڭەشنىڭ ئەزالىرى يىغىلغان ئىدى. ئۇلار ھەربىي كېڭەشنىڭ ئىشىغا كىرىشىش ئۈچۈن، پەقەت كىنەز باگراتىيونىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ چاي ئىچىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. سائەت يەتتىدىن ئۆتكەندە باگراتىيونىنىڭ ئوردىنارىتسى كېلىپ، كىنەزنىڭ كېلەلمەسلىكىنى خەۋەر قىلغان ئىدى. كىنەز ئاندرې شۇ خەۋەرنى باش قوماندانغا مەلۇم قىلىش ئۈچۈن، ئىشخانىغا كىردى ۋە ھەربىي كېڭەشكە قاتنىشىشقا كۇتۇزوۋتىن ئىلگىرى ئىجازەت بېرىلـ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

گەنلىكىدىن پايدىلىنىپ ئۆيدە ئولتۇرۇۋەردى.

— كىنەز باگراتىيون كەلمەيدىكەن، ئۇنداق بولسا كېكەشنى ئېچۋەرسەكمۇ بولىدۇ، — دېدى ۋېروتېر ۋە ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى-دە، بىرۇنى ئەتراپىنىڭ چوڭ خەرىتىسى يېيىلغان شىرەنىڭ ئالدىغا كەلدى.

كۇتۇزوۋ كىيىمىنىڭ ياقىسىنى يېشىۋېتىپ (ئۇنىڭ قىسقا سېمىز بويىنى خۇددى ئەركىنلىككە چىققاندەك، قاتتىق ياقىسىدىن چىقىپ تۇراتتى)، ۋولتېرچە كرېسلودا سېمىز قوللىرىنى گرېسلونىڭ ئىككى تەرەپتىكى جەينەكلىكىگە باراۋەر قويۇپ، ئۇيقۇغا كەتكەندەك ئولا-تۇراتتى. ۋېروتېرنىڭ گېپى قۇلىقىغا كىرگەندە ئۇ يىگانە كۆزىنى زورىغا ئاچتى.

— ھە، ھە، مەرھەمەت، ۋاقتىمۇ خېلى كەچ بولۇپ قالدى، — دېدى كۇتۇزوۋ باش چايقاپ، كېيىن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ يەنە كۆزىنى يۇمدى.

ئەگەر كېكەش ئەزالىرى دەسلەپ كۇتۇزوۋ ئۆزىنى ئۇخلاۋاتقانغا سېلىۋالدى دەپ ئويلىغان بولسا، ئەمدى جەڭ ئورۇنلاشتۇرمىسىنىڭ ئاخىرى ئوقۇلۇۋاتقان پەيتتە ئۇنىڭ بۇرنىدىن چىقىۋاتقان پۇشۇلداش ئاۋازلىرى شۇنى ئىسپاتلىغان ئىدىكى، شۇ پەيتتە باش قوماندان بۇ ئورۇنلاشتۇرمىغا ياكى باشقا بىرەر نەرسىگە ئۆزىنىڭ تاقىتى يوقلىغىنى بىلدۈرۈشتىن كۆرە تېخىمۇ مۇھىمراق ئىش بىلەن مەشغۇل ئىدى: ئۇ ھازىر ئىنسانلارنىڭ قارشى تۇرۇپ بولمايدىغان ئۇخلاش ئېھتىياجىنى قاندۇرماقتا ئىدى. ئۇ ھەقىقەتەن ئۇخلاپ قالغان ئىدى. ۋېروتېر بىرەر مىنۇتنىمۇ بىكار ئۆتكۈزۈشنى خالىمىغان ناھايىتى ئالدىراش ئادەمدەك كۇتۇزوۋقا بىر قاراپ قويدى-دە، ئۇنىڭ ئۇخلا-

ۋاتقانلىغىغا ئىشەنچ ھاسىل قىلىپ، قەغەزنى ئالدى ۋە قاتتىق بىر خىل ئاۋاز بىلەن كەلگۈسى جەڭنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسىنى سەرلەۋھەسىدىن باشلاپ ئوقىدى:

”كوبىلنىتس ۋە سوكولنىتسنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى دۈشمەن پوزىتسىيىسىگە ھۇجۇم قىلىش ئورۇنلاشتۇرمىسى. بىرمىڭ سەككىز يۈز بەشىنچى يىل يىگىرمىنچى نويابىر“

ئورۇنلاشتۇرما ناھايىتى مۇرەككەپ ۋە قىيىن ئىدى. ئەسلى ئورۇنلاشتۇرمىدا مۇنداق دېيىلگەن①:

“Da der Feind mit seinem linken Fluegel an die mit wald bedecten Berge lehnt und sich mit seinem rechten Fluegel laengs kobelnitz und Sokolnitz hinter die dort befindlichen Teiche zieht, Wir im Gegentheil mit unserem linken Fluegel seinen rechten sehr debordiren, so ist es vortheilhaft letzteren Flugel des Feindes zu attakiren, besonders wenn wir die Doerfer Sokolnitz und kobelnitz im Besitze haben, Wodurch wir dem Feind zugleich in die Flanke fallen und ihn auf der Flaeche zwischen Schlapanitz und dem Thuerassa — Walde Verfolgen koennen, indem welche die feindliche Front decken. Zu diesem Endz wecke ist es noethig··· Die erste kolonne marschirt··· die zweite kolonne marschirt··· die dritte kolonne marschirt···

---

① ۋېرونېر نېمىس تىلىدا ئوقۇيدۇ. — تەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

(دۈشمەننىڭ سول قانىتى ئورمان بىلەن قاپلانغان تۆپىلىكلەرگە، ئوڭ قانىتى بولسا شۇ يەرلەردە مەۋجۇت بولغان كۆللەرنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى كوبېلنىتس ۋە سوكولنىتسىنى بويلاپ ئورناشقانلىقى، بىزنىڭ سول قانىتىمىز ئۇنىڭ ئوڭ قانىتىدىن كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن، خۇسۇسەن ئەگەردە بىز كوبېلنىتس ۋە سوكولنىتسىس يېزى-لىرىنى ئىشغال قىلىپ، دۈشمەننىڭ قانىتىغا ھۇجۇم قىلىش ۋە شلاپا-نىتس بىلەيتۇرساك ئورمانلىقى ئارىسىدا يايلاقتىن قوغلاپ بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولساق ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە شلاپانىتس بىلەن بېلوۋىتس ئارىسىدىكى دۈشمەن مۇداپىيەسىگە توغرا كەلمىسەك، ئۇ ھالدا دۈشمەننىڭ مەزكۇر قانىتىغا ھۇجۇم قىلىشىمىز پايدىلىقتۇر. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن لازىمكى......بىرىنچى كولوننا مارش بىلەن...... ئىككىنچى كولوننا مارش بىلەن......ئۈچىنچى كولوننا مارش بىلەن ۋەھاكازا)» — دەپ ئوقىدى ۋېروتېر. گېنېراللار بۇ قىيىن ئورۇنلاش-تۇرمىنى ئانچە قىزىقماستىن ئاڭلاپ ئولتۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. قوڭۇر چاچلىق، ئېگىز بويلۇق گېنېرال بۇكسگېۋدېن تامغا ئارقىسىنى تىرەپ ئۆرە تۇراتتى ۋە يېنىپ تۇرغان شامغا تىكىلىپ قاراپ، ئورۇنلاشتۇرمىغا قۇلاق سالمايۋاتقاندەك، ھەتتا قۇلاق سېلىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ قېلىشنى خالىمىغاندەك قىلاتتى. ۋېروتېرنىڭ توپ-توغرا قارشىسىدا ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ يوغان چىرايلىق كۆزلىرىنى تىكىپ، ھەربىيلەرگە خاس ۋەزىيەتتە، جەينىكى سىرتقا چىقىرىلغان قوللىرىنى تىزىغا قويۇپ، قىزىل يۈزلۈك، بۇرۇتلىرى يۇقۇرىغا بۇرالغان، ئىككى دولىسى كۆتىرىلگەن مىلورادوۋىچ ئولتۇراتتى. ئۇزادىلا گەپ قىلماستىن، ۋېروتېرنىڭ يۈزىگە قاراپ تۇراتتى ۋە ئاۋستىرىيە ئىشتاپ باشلىقى ئوقۇشنى توختاتقان چاغدىلا كۆزىنى ئۇنىڭدىن

ئالاتتى. شۇ چاغدا مىلورادوۋىچ باشقا گېنېراللارنىڭ يۈزىگە مەنىلىك قاراپ قويدى. لېكىن بۇ مەنىلىك قاراشنىڭ ئەھمىيىتىگە قاراپ، ئۇنىڭ بۇ ئورۇنلاشتۇرمىغا قوشۇلىدىغانلىقى ياكى قوشۇلمايدىغانلىقىنى، مەمنۇن بولغانلىقى ياكى مەمنۇن بولمىغانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى. گراف لانژېرون ۋېروتېرغا ھەممىدىنمۇ كۆرە يېقىنراق ئولتۇراتتى ۋە پۈتۈن ئوقۇش داۋامىدا چىرايىدىن كەتمىگەن، جەنۇبىي فرانسىيە ئادەملىرىگە خاس نازۇك تەبەسسۇم بىلەن قاپقىغا سۈرەت سېلىنغان. تاماكا قۇتىسىنى بۇرجىكىدىن تۇتۇپ تېز-تېز ئايلاندۇرۇپ تۇرغان ئىنچىكە بارماقلىرىغا قارايتتى. ۋېروتېر ئوقۇغان ناھايىتى ئۇزۇن جۈملىلەردىن بىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، لانژېرون تاماكا قۇتىسىنى ئايلاندۇرۇشتىن توختاپ بېشىنى كۆتەردى-دە، نېپىز لەۋلىرىنىڭ ئۇچىدا يوشۇرۇنغان يېقىمسىز نازاكەت بىلەن ۋېروتېرنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ تاشلاپ بىر نىمە دېمەكچى بولدى؛ لېكىن ئاۋستىرىيە گېنېرالى ئوقۇشنى ئۈزمەي، ئاچچىقلانغان ھالدا قوشۇمىسىنى تۈردى ۋە خۇددى "پىكىرىڭىز بولسا كېيىن، كېيىن ئېيتارسىز، ھازىر خەرىتىگە قاراپ ماڭا قۇلاق سېلىڭ" دېگەندەك جەينىكىنى سىلكىپ قويدى. لانژېرون ھاڭ-تاڭلىقتا يۇقۇرى قارىدى ۋە خۇددى چۈشەندۈرۈش ئىزلىگەندەك، مىلورادوۋىچقا كۆز تاشلىدى، بىراق، مىلورادوۋىچنىڭ ئېنىق بىر پىكىرنى ئىپادە قىلمايدىغان مەنىلىك كۆزىگە كۆزى چۈشۈپ، يەنە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تاماكا قۇتىسىنى ئويناشقا باشلىدى.

— Une legon de goographie (جۇغراپىيىدىن دەرس)، — دەپ قويدى لانژېرون ئۆزىچە ۋە لېكىن ھەممە ئاڭلىغىدەك قىلىپ. پرژېبىشېۋسكىي ئېھتىرام قىلغان ھالدا ئەمما مۇناسىپ ئەدەپ

بىلەن ناھايىتى بىرىلىپ قۇلاق سېلىۋاتقاندەك، قولىنى قۇلىقىنىڭ ئارقىسىغا قويدى. پاكاغىنە دوختۇرووۋ ۋېروتېرنىڭ قارشىسىدا شىرەگە يېيىپ قويۇلغان خەرىتىگە ئېڭىشىپ ئولتۇرۇپ، كەمتەرلىك ۋە تىرىشچانلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرما ۋە نامەلۇم جايلارنى ئەستايىدىل ئۆگەنمەكتە ئىدى. ئۇ ۋېروتېردىن ياخشى ئاڭلىيالماي قالغان سۆزلەر ۋە يېزىلارنىڭ قىيىن ناملىرىنى تەكرار ئېيتىپ بېرىشنى بىر-قانچە قېتىم سورىدى. ۋېروتېر ئۇنىڭ تەلۋىسىنى ئورۇنلىدى ۋە دوختۇرووۋ يېزىۋالدى.

بىر سائەتتىن كۆپرەك داۋام قىلغان ئوقۇش ئاياقلاشقاندا، لانژېرون يەنە تاماكا قۇتىسىنى قويۇپ، ۋېروتېرغىمۇ ۋە ھەرقانداق كىشىگىمۇ قارىماي، دۈشمەننىڭ مەۋقەسى مەلۇم دەپ پەرەز قىلىنغان، لېكىن دۈشمەن ھەركەتتە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ مەۋقەسى بىزگە نامەلۇم بولۇشى مۇمكىن بولغان بۇنداق ئورۇنلاشتۇرمىنى ئورۇنلاشنىڭ قىيىنلىقىنى چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى. لانژېروننىڭ قارشى پىكىر بىلدۈرۈشى ئاساسلىق ئىدى. لېكىن بۇنداق قارشى پىكىر بىلدۈرۈشتىن مەقسەت كۆپرەك ئورۇنلاشتۇرمىنى خۇددى مەكتەپ بالىلىرىغا ئوقۇپ بېرىۋاتقاندەك ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا ئوقۇغان گېنېرال ۋېروتېرغا بۇ يەردىكىلەر ئەخمەق ئەمەس، بەلكى ھەربى ئىشتا ساڭىمۇ تەلىم بېرەلەيدۇ، دىمەكچى بولۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ۋېروتېرنىڭ بىر خىلدا ئوقۇۋاتقان ئاۋازى بېسىلغاندا، كۇتۇزوۋ خۇددى تۈگمەننىڭ كىشىنى ئۇخلىتىدىغان ئاۋازى توختاپ قېلىپ، ئويغىنىپ كەتكەن تۈگمەنچىدەك كۆزىنى ئېچىپ لانژېروننىڭ گېپىگە قۇلاق سالدى ۋە خۇددى: "ھە...ھە، سىلەر تېخى يەنىلا شۇ بىمەنە گەپ توغرىسىدا مۇزاكىرە قىلىپ ئولتۇرامسىلەر!" دىگەندەك

دەررۇ كۆزىنى يۇمدى ـ دە، يەنە بېشىنى تۆۋەن سالدى.

لانژېرون ھەربى ئىشتا پىلاننىڭ ئاپتورى دەپ ئۆزىگە تەمەننا قويغان ۋېروتېرنىڭ جېنىغا تېخمۇ قاتتىغراق تېگىش ئۈچۈن، بىز بوناپارتقا ھۇجۇم قىلىش ئورنىغا ئۇ بىزگە ئاسانلا ھۇجۇم قىلىشى ۋە شۇنىڭ نەتىجىسىدە بۇ ئورۇنلاشتۇرمىمىز بىكار بولۇپ قېلىشى مۇمكىن دېدى. ۋېروتېر ھەرقانداق قارشى پىكىرلەر ئۈچۈن ئالدىنئالا جاۋاپ تەييارلاپ قويغان بولسا كېرەك، كىم نېمە دېمىسۇن، بارلىق قارشى پىكىرلەرگە بىر خىلدا ناھايىتى نەپرەتلىك تەبەسسۇم بىلەن جاۋاپ بېرەتتى.

— ئەگەر ئۇ بىزگە ھۇجۇم قىلالىغاندا ئىدى، بۈگۈنلا قىلغان بولاتتى، — دېدى ۋېروتېر.

— دېمەك، سىز ئۇنى كۈچسىز دەپ ئويلامسىز؟ — دېدى لانژېرون.

— ئەگەر ئۇنىڭ قىرق مىڭ ئەسكىرى بولسا، كۆپ ئىسكەن، — دېدى ۋېروتېر داۋالاش يولىنى ئۆگەتمەكچى بولۇۋاتقان موماي تېۋىپتىن كۈلگەن دوختۇردەك ئىلجىيىپ.

— ئۇنداق بولسا، دېمەك بىزنىڭ ھۇجۇم باشلاپ ئۇنى تارمار قىلىشىمىزنى كۈتۈپ ئولتۇرىدىكەن ـ دە، — دېدى لانژېرون سەل كىنايىلىك تەبەسسۇم بىلەن ۋە سۆزىنى تەستىقلاتماقچى بولۇپ يەنە ئۆزىگە يېقىن ئولتۇرغان مىلورادوۋىچقا قارىدى.

لېكىن مىلورادوۋىچ شۇ پەيتتە بۇ گېنېراللار تالىشىۋاتقان نەرسىدىن كۆرە باشقا نەرسە توغرىسىدا ئويلاپ ئولتۇرغاندەك كۆرۈنەتتى.

— Ma foi (ئەزبىرايى خۇدا)، — ئەتە جەڭ مەيدانىدا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ھەممىسى مەلۇم بولىدۇ، — دېدى.

ۋېروتېر يەنە شۇ تەبەسسۇمى بىلەن كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭ بۇنداق تەبەسسۇمى: پەقەت مەنلا ئەمەس، بەلكى ھەر ئىككىلا پادىشا ئىشەنگەن نەرسىگە رۇس گېنېراللىرىنىڭ قارشى پىكىر بىلدۈرۈشى ۋە مېنىڭ ئۇنى ئىسپاتلاپ ئولتۇرۇشۇم ئەجەپلىنەرلىك ۋە كۈلكىلىك بىر ھال دېمەكچى بولاتتى.

— دۈشمەن گۈلخانلىرىنى ئۆچۈردى ۋە ئۇنىڭ لاگېرىدىن ۋاراڭ-چۇرۇڭ ئاۋازلار توختىماي ئاڭلىنىپ تۇرۇپتۇ، بۇ نېمە دېگەن گەپ؟ — دېدى ۋېروتېر، — يا چېكىنىۋېتىپتىمۇ (بىز بۇنىڭدىن ھوشيار بولۇشىمىز كېرەك)، ياكى ئۇ پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىۋېتىپتىمۇ (ئۇ ئىلجىيىپ قويدى). لېكىن، ئەگەر ھەتتا تيۇراستا پوزىتسىيە ئىشغال قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇ بىزنى پەقەت چوڭ ئاۋارىچىلىكلەردىن قۇتۇلدۇرغان بولىدۇ ۋە بېرىلگەن ئەمىر-پەرمانلار ئەڭ كىچىك تەپسىلاتلىرىغىچە مۇتلەق ئۆزگەرمەيدۇ.

— قانداقسىگە؟......، — دېدى ئۆز گۇمانىنى ئېيتىش ئۈچۈن، ئاللىقاچانلا پەيت كۈتۈپ تۇرغان كىنەز ئاندرېي.

كۇتۇزوۋ ئويغىنىپ قاتتىق يۆتەلدى ۋە گېنېراللارغا قاراپ چىقتى.

— جاناپلار، ئەتىكى، ھەتتا بۈگۈنكى (چۈنكى سائەت ئون ئىككىدىن ئۆتتى) ئورۇنلاشتۇرمىنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ، — دېدى ۋېروتېر، — ئورۇنلاشتۇرمىنى ھەممىڭلار ئاڭلىدىڭلار، ھەممىمىز ئۆز بۇرچىمىزنى ئادا قىلىمىز. جەڭ ئالدىدا ھەممىدىن زۆرۈررەك نەرسە...... (ئۇ بىرئاز جىم تۇردى) ئوبدان ئۇخلىۋېلىشتۇر.

ئۇ ئورنىدىن تۇرماقچى بولغاندەك قىلدى. گېنېراللار خەيرلىشىپ

چىقىپ كېتىشتى. ئاللىقاچان يېرىم كېچىدىن ئۆتكەن ئىدى. كىنەز ئاندرېمۇ چىقىپ كەتتى.

كىنەز ئاندرېي ئىلگىرى ئۈمىت قىلغاندەك، ھەربى كېڭەشتە ئۆز پىكرىنى ئېيتىشقا مۇۋەپپەق بولالمىدى، بۇ كېڭەش ئۇنىڭدا مۇجمەل ۋە تەشۋىشلىك تەسىرات قالدۇردى. كىم ھەقلىق: دولگورۇكوۋ بىلەن ۋېيروتېرمۇ ياكى ھۇجۇم پىلانىنى قۇۋۋەتلىمىگەن كۇتۇزوۋ بىلەن لانژېرون ۋە باشقىلار؟ — ئۇ بۇنى بىلەلمىدى. "كۇتۇزوۋ ئۆز پىكرىنى توغرىدىن-توغرا پادىشاغا ئېيتالماسمۇ؟ بۇنى باشقىچە قىلىشقا مۇمكىن بولماسمۇ؟ ساراي ئەھلىلىرى ۋە ئايرىم ئادەملەرنىڭ شەخسىي ئوي-پىكىرلىرىنى دەپ مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ ۋە شۇ جۇملىدىن مېنىڭ، مېنىڭمۇ ھاياتىم خەۋپ ئاستىدا قالامدۇ؟" — دەپ ئويلايتتى كىنەز ئاندرېي.

"ھە، بەلكى ئەتىگە ھالاك بولارمەن" — دېدى ئۆزىچە. شۇنى ئويلىغىنىدا، بىر چاغلاردا بولۇپ ئۆتكەن ۋە يۈرىگىنى ئېزىدىغان بىرمۇنچە ئىشلار بىردىنلا ئۇنىڭ ئېسىگە كەلدى: ئاتىسى ۋە خوتۇنى بىلەن ئاخىرقى قېتىم خوشلاشقانلىقىنى، خوتۇنىغا كۆڭۈل قويغان دەسلەپكى كۈنلىرىنى ئەسلىدى؛ ھامىلدار خوتۇنى كۆزىگە كۆرۈنۈپ، خوتۇنىغا ۋە ئۆزىگىمۇ ئېچىندى، پىغانى ئۆرلەپ كۆڭلى يۇمشىغان ۋە ھاياجانلانغان ھالەتتە، نېسۋىتسكى بىلەن بىرگە تۇرغان ئۆيدىن تاشقىرىغا چىقتى-دە، ئىشىك ئالدىدا ئۇ ياق-بۇ ياققا يۈرۈشكە باشلىدى.

تۈن تۇمانلىق ئىدى ۋە تۇمان ئارىسىدىن ئاي خىرە شولا چېچىپ تۇراتتى. "ھە، ئەتىگە، ئەتىگە" — دېدى كىنەز ئاندرېي ئۆزىچە،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

"ئەتىگە ئېھتىمال ئالەمدىن كۆز يۇمارمەن، بۇ ئىشلارنى ئويلىماسىمەن، بۇ ئىشلارنىڭ مەن ئۈچۈن ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولماس. ئېھتىمال ئەتىگە، ئەتىنىڭ ئۆزىدە — مەن بۇنى ئالدىن سېزىپ تۇرۇۋاتىمەن، — قولۇمدىن قانداق ئىشلار كېلىدىغانلىقىنى بىرىنچى قېتىم كۆرسىتىشكە مۇۋەپپەق بولارمەن". ئۇ جەڭنى ۋە جەڭدە بولىدىغان يوقىتىشلارنى، جەڭنىڭ بىر نۇقتىغا مەركەزلىشىشى ۋە ھەممە كوماندىرلارنىڭ ھودۇقۇپ قېلىشلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. مانا، ئاخىر، شۇ بەختلىك پەيت، ئۇزۇن ۋاقىتتىن بېرى كۈتۈپ كەلگەن تولۇن كۆز ئالدىغا كەلدى. ئۇ ئۆز پىكرىنى كۇتۇزوۋقىمۇ، ۋېيروتېرغىمۇ ۋە پادىشاغىمۇ ئوچۇق ۋە قەتئىي قىلىپ ئېيتىدۇ. ئۇنىڭ مۇلاھىزىلىرىنىڭ دۇرۇسلىقى ھەممىنى ھەيران قالدۇرىدۇ، لېكىن ئۇ ئېيتقان ئىشنى قىلىشقا ھېچكىم جۈرئەت قىلالمايدۇ، مانا، ئۇ ئۆزى پولك ۋە دىۋىزىيىنى ئېلىپ، ئىشقا ھېچكىم ئارىلاشماسلىقنى شەرت قىلىپ قويىدۇ-دە، دىۋىزىيىسىنى ھەل قىلغۇچ نۇقتىغا ئېلىپ بېرىپ، ئۆزى غەلىبە قازىنىدۇ. ئۆلۈم ۋە ئازاب-ئوقۇبەتچۇ؟ — دېدى كۆڭلىنىڭ بىر ئۈچى. لېكىن كىنەز ئاندرېي بۇ سوئالغا جاۋاب بەرمەي، خىيالىدا ئۆز مۇۋەپپەقىيىتىنى داۋام قىلدۇرىدۇ. يېڭى جەڭنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئۆزى تۈزىدۇ. ئۇ كۇتۇزوۋ ھوزۇرىدا ئارمىيە بويىچە نۆۋەتچى ئۇنۋانى بىلەن يۈرسىمۇ، لېكىن ھەممە ئىشنى ئۆزى يالغۇز قىلىدۇ. يېڭى جەڭدە ئۆزى يالغۇز غەلىبە قازىنىدۇ. كۇتۇزوۋ باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزى تەيىنلىنىدۇ..... خوش، ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟ — دەيدۇ كۆڭلىنىڭ بىر ئۈچى يەنە. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئەگەر سەن بۇنىڭدىن بۇرۇن ئونلارچە قېتىم يارىدار بولساڭ، ئۆلسەڭ ياكى ئالدانساڭ؛ ئۇنىڭدىن كېيىن

نېمە بولدۇ؟ — دەيتتى. "خوش ئۇنىڭدىن كېيىن ......" — دەپ جاۋاپ بېرىدۇ كىنەز ئاندرېي ئۆزىگە ئۆزى، "كېيىن نېمە بولىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن، بىلگىمۇ كەلمەيدۇ ۋە بىلەلمەيمەن؛ لېكىن مەن شۇنى خالىسام، شان-شەرەپنى، شۆھرەتنى، ئادەملەرنىڭ مېنى ياخشى كۆرۈشىنى خالىسام، بۇنىڭغا مەن ئەيىپلىك ئەمەسمەن؛ شۇنى، پەقەت شۇنى خالىسام، پەقەت شۇنىڭ ئۈچۈن ياشاۋاتقان بولسام قانداق قىلاي؟ پەقەت شۇ ئۈچۈن ياشايمەن! مەن بۇنى ھېچقاچان، ھېچكىمگە ئېيتمايمەن، لېكىن، يا رەببىم! شان-شەرەپتىن ۋە كىشىلەرنىڭ مۇھەببىتىدىن باشقا نەرسە خىيالىمغا كەلمىسە نېمە قىلاي؛ نە ئۆلۈم، نە يارىدار بولۇش، نە ئائىلەمدىن جۇدا بولۇش — ھېچنەرسە ماڭا قورقۇنچلۇق ئەمەس! نۇرغۇن كىشىلەر — ئاتام، سىڭلىم، خوتۇنۇم مېنىڭ ئۈچۈن ئەڭ قەدىرلىك كىشىلەر، قانچىلىك قەدىرلىك ۋە قانچىلىك ئەزىز بولمىسۇن، بۇنىڭ ھەرقانچە قورقۇنچلۇق ۋە غەيرىي تەبىئىيدەك كۆرۈنۈشىگە قارىماي، مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى دەرھال مىنۇتلۇق شان-شەرەپ ئۈچۈن، كىشىلەردىن ئۈستۈن كېلىش ئۈچۈن، ئۆزەم بىلمىگەن ۋە مۇندىن كېيىنمۇ بىلىشنى ئىستىمەيدىغان ئادەملەرنىڭ مۇھەببىتىنى ئۆزەمگە قارىتىش ئۈچۈن، مۇشۇ ئادەملەر مۇھەببىتىنىڭ بىر مىنۇتى ئۈچۈن تېگىشىمەن" — دەيتتى ئۇ كۇتۇزوۋ تۇرغان ھويلىدىن ئاڭلىنىۋاتقان گەپكە قۇلاق سېلىپ. كۇتۇزوۋ تۇرغان ھويلىدىن ئورۇن-كۆرپەلىرىنى يىغىشتۇرۇۋاتقان چاپارمەنلەرنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى؛ بىر ئاۋاز، ھارۋىكەش بولسا كېرەك، كۇتۇزوۋنىڭ كىنەز ئاندرېي تونۇيدىغان قېرى ئاشپىزى (ئۇنى تىت دەپ چاقىرىشاتتى)نى مازاق قىلىپ: "تىت، ھەي تىت!" — دەيتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ھە، نىمە دەيسەن؟ — دىدى قىرى ئاشپەز جاۋاپ بىرىپ.
— تىت، كەل، ساقلىمىنى تىت،① — دىدى چاخچاقچى.
— تۇفى، قۇرۇپ كەت! — دىدى بوۋاي چاپارمەنلەر ۋە خىزمەتچىلەرنىڭ قاقاقلاپ كەتكەن كۈلكىسى ئاستىدا.

"مەن قانداق بولسىمۇ پەقەت مانا شۇ ئادەملەرنىڭ غەلبە قىلىشىنى ياخشى كۆرىمەن ۋە قەدىرلەيمەن، شۇ تۇمانىدا ئۇستۇمدە پەرۋاز قىلىپ يۈرگەن شۇ سىرلىق كۈچ ۋە شان-شەرەپنى قەدىرلەيمەن".

## 13

روستوۋ شۇ كىچىسى ئۆز ۋىزۋوتى بىلەن باگراتىيون ئەترىتىنىڭ ئالدىدا گۈزەتچىلەر قاتارىدا تۇراتتى. ئۇنىڭ ئاتلىقلىرى سەپكە ئىككى-ئىككىدىن قىلىپ تارقىتىلغان ئىدى؛ ئۇ ئۆزى بولسا ئۆزىدىن غالىپ كىلىۋاتقان ئۇيقۇنى يىڭىشكە تىرىشىپ، سەپ لىنىيىسىنى بويلاپ ئاتلىق يۈرەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدا ئارمىيىمىزنىڭ گۇلخانلىرى تۇمانىدا خىرە يىنىپ تۇرغان كەڭ بوشلۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى؛ ئۇنىڭ ئالدى تۇمان باسقان قاراڭغۇلۇق ئىدى. ھەرقانچە سىنچىلاپ قارىسىمۇ، روستوۋ بۇ تۇمانلىق كىچىدە ھىچنىمىنى كۆرەلمىدى: بۇ قاراڭغۇلۇقتا نىمىدۇ بىر نەرسە تۇرۇپلا كۇلرەڭ بولۇپ، تۇرۇپلا قارىيىپ كۆرۈنەتتى؛ دۈشمەن تۇرغان يەردە نىمىدۇ بىر نەرسە گايىدا

① چاخچاق قىلىپ، قاپىيىگە توغرىلاپ ئىيتىلغان سۆز، رۇسچىسىمۇ شۇنداق قاپىيىگە توغرىلاپ ئىيتىلغان. — تەر.

خۇددى ئۇتتەك يالت ـ يۇلت قىلاتتى ۋە "كۆزۈمگە شۇنداق كۆرۈنۈ-
ۋاتقاندۇ" ــ دەپ ئويلايتتى. ئۇ كۆزلىرىنى يۇماتتى ۋە خىيالىدىن
تۈرۈپلا پادىشا، تۈرۈپلا دىنسوۋ، تۈرۈپلا موسكۋا خاتىرىلىرى
بىر ـ بىرلەپ ئۆتەتتى. ئۇ يەنە دەررۇ كۆزلىرىنى ئاچاتتى ـ دە، ئالدىدا
يېقىن يەردە ئاستىدىكى ئېتىنىڭ بېشى ۋە قۇلاقلىرىنى، بەزىدە ئۆزى
بەش ـ ئالتە قەدەم يېقىنلىشىپ قالغان ئاتلىقنىڭ قارا گەۋدىسىنى،
ئۇزاقتا بولسا يەنە شۇ تۇمان باسقان قاراڭغۇلۇقنى كۆرەتتى. "نىمە
ئۈچۈن شۇنداق قىلىسۇن؟...... بۇنىڭ ئېھتىمالى ناھايىتى بار" —
دەيتتى روستوۋ ئۆزىچە، "پادىشا مېنى ئۇچرىتىپ قېلىپ، ھەر بىر
ئەپىتسەرگە تاپشۇرۇق بەرگەندەك، ماڭىمۇ تاپشۇرۇق بېرىپ:
'بار، ئۇ ياقتا نىمە بولۇۋاتقانلىغىنى بىلىپ كەل' ــ دەيدۇ. پادىشا-
نىڭ ئاسادىپى رەۋىشتە قانداقتۇ بىر ئەپىتسەرنى ئۇچرىتىپ قېلىپ،
ئۇنى تونۇغانلىغى ۋە ئۇنى ئۆز يېنىدا ئېلىپ قالغانلىغى توغرىسىدا
نۇرغۇن گەپ قىلىشقان ئىدىغۇ! مېنى ئۆز يېنىدا تۇتسا نىمە بولاتتى!
ئوھو، مەن ئۇنى قانداق مۇھاپىزەت قىلغان بولاتتىم، ھەممە
ھەقىقەتنى قانداق ئېيتقان بولاتتىم، ئۇنى ئالداپ يۈرگەن ئادەم-
لەرنى قانداق پاش قىلغان بولاتتىم!" روستوۋ ئۆزىنىڭ پادىشاغا
بولغان مۇھەببىتى ۋە ساداقىتىنى راسا كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش
ئۈچۈن، دۈشمەن ياكى ئالدامچى نېمىسنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى
ۋە ئۇنى ھوزۇر قىلىپ ئۆلتۈرۈش بىلەنلا قالمىدى، بەلكى يەنە
پادىشانىڭ كۆز ئالدىدا ئۇنىڭ يۈزلىرىگە تەستەك بىلەن ئۇردى.
بىردىنلا ئۇزاقتىن ئاڭلانغان ۋاقىراش روستوۋنى ئويغىتىۋەتتى.
ئۇ چۆچۈپ كېتىپ كۆزىنى ئاچتى.

"مەن نەدە تۇرىمەن! ھە، سەپتە تۇرۇپتىمەن؛ لوزۇنكا ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پارول - دىشلو①، ئولمۇتس②. ئىيست، ئەتە بىزنىڭ ئىيسكادرونىمىز ئارقا سەپتە قالىدۇ“ — دىدى روستوۋ ئۆزىچە. ”جەڭگە ئەۋەتىشىنى سورايمەن. بۇ، پادىشانى كۆرۈشۈم ئۈچۈن بىردىن - بىر پۇرسەت بولۇشى مۇمكىن. ئىسمىنىدىن چۈشۈشكىمۇ ئاز ۋاقت قالدى. يەنە بىر ئايلىنىپ چىقىمەن - دە، قايتىپ گېنېراللىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئىلتىماس قىلىمەن“. ئۇ ئىگەردە ئوبدان ئولتۇرۇۋالدى ۋە ئۆز ئاتلىقلىرىنى ئايلىنىپ كۆرۈپ چىقىشقا كەتتى. ئۇنىڭغا ھاۋا بىرئاز يورۇغاندەك كۆرۈندى. سول تەرەپتە يورۇتۇلغان قىيا يارلىق قارشىسىدا بولىسا تامدەك تىك قارا ئىگىزلىك كۆرۈندى. بۇ دۆڭلۈكنىڭ ئۈستىدە ئاق داغ كۆرۈندى، بىراق روستوۋ ئۇنىڭ نىمە ئىكەنلىگىنى بىلەلمىدى: ئاي نۇرى يورۇتۇپ تۇرغان ئورمانلىقتىكى بوش يەرمۇ ياكى ئېرىمەي قالغان قار، ياكى بولمىسا ئاق ئۆيلەرمۇ؟ ئۇنىڭغا ھەتتا شۇ ئاق داغدا نىمىدۇ بىر نەرسە قىمىرلىغاندەك كۆرۈندى. ”بۇ داغ قار بولسا كېرەك؛ داغ — unetache③ (بىر داغ)“ — دەپ ئويلىدى روستوۋ، ”مانا ساڭا ئى نې تاش...“

”ناتاشا..... سىڭلىم، قارا كۆزلەر. نا... تاشكا... (مەن پادىشانى كۆردۈم دىسەم ناھايىتىمۇ ھەيران قالار!) ناتاشكىنى... ناتاشكىنى ئال...“.

---

① دىشلو (ДИШЛО) ئىككى ئات قوشۇلىدىغان تۆت چاقلىق ھارۋىدا يەككە شوتا ياغاچ. — تەر.

② جاي نامى. يۇقۇرىدىكى باپلاردا ئۇچرايدۇ. — تەر.

③ فرانسۇزچە ”داغ“ دىگەن سۆزنىڭ تەلەپپۇزى ”ناتاشا“ بىلەن يېقىن كەلگەچكە، روستوۋدا ناتاشا توغرىسىدىكى ئويىنى پەيدا قىلىدۇ. — تەر.

— ئۇڭغا تارتىۋىراق يۇرۇلۇڭ، تۆرەم، بۇ يەردە چاتقاللار بار، — دىدى بىر ئاتلىق روستوۋ ئاتتا ئۇخلاپ كېتىۋاتقاندا.

روستوۋ ئاتنىڭ يايلىغىچە ساڭگىلاپ چۈشۈپ قالغان بېشىنى كۆتىرىپ، ھىلىقى ئاتلىقنىڭ ئالدىدا توختىدى. ئۇ ياش بالىدەك، ھامان ئۇيقۇدىن كۆزىنى ئاچالمايتتى. "ھە...ەي، نىمىنى ئويلاۋا-تاتتىم ـ ھە؟ ئېسىمدىن چىقمىسۇن. پادىشا بىلەن قانداق گەپلىشمەن؟ ياق، بۇنى ئويلاۋاتمايتتىم، بۇ ئەتىگە. ھا، ھا! ناتاشكىنى... باستى... كىمنى؟ ئاتلىقلارنى. ھە، ئاتلىقلار...... بۇرۇت... بۇرۇت-لۇق شۇ ئاتلىق تۋېركوچىسىدا گۇرىيېۋ ھويلىسىنىڭ......بوۋاي گۇرىيېۋنىڭ ھويلىسى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا مەن ئۇنىڭ توغرىسىدا ئويلىغان ئىدىم. دېنىسوۋ ناھايىتى ياخشى يىگىت ـ تە! بۇلار ھەممىسى ئەرزىمەيدىغان نەرسىلەر، ھەممىدىن مۇھىمى شۇكى، پادىشا شۇ يەردە. ئۇ ماڭا قانداق قارىغان ئىدى ـ ھە، بىر نىمىلەرنى دىمەكچى بولدى ـ دە، پېتىنالمىدى......ياق، مەن پېتىنالمىدىم. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىھۇدە گەپلەر. ھەممىدىن مۇھىمى شۇكى، مەن كېرەكلىك نەرسىنى ئويلىدىم. خا، خا، خا، نا — تاشكىنى باستى، ياخشى". ئۇ بېشىنى يەنە ئاتنىڭ يايلىسىغا قويدى. بىردىنلا بىر كىشى ئۇنىڭغا ئوق ئېتىۋاتقاندەك كۆرۈندى. "نىمە؟ نىمە؟ نىمە؟ ...... چاپ! نىمە؟......" — دىدى روستوۋ ئويغىنىپ.

ئۇ كۆزىنى ئېچىشى بىلەن تەڭلا، دۈشمەن تۇرغان تەرەپتىن مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ خېلى ئۇزۇنغا سوزۇلغان ۋاقىراش ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. روستوۋ ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى ئاتلىقنىڭ ئاتلىرى بۇ ۋاقىراشنى ئاڭلاپ قۇلاقلىرىنى دىڭگايتتى. ۋاقىراش ئاڭلانغان يەردە بىر ئوت يالت قىلىپ ياندى ـ يۇ، يەنە ئۆچتى، ئۇنىڭدىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كېيىن يەنە يالت-يۇلت قىلدى. كېيىن فرانسۇز قوشۇنلىرى تۇرغان ئىگىزلىكتىكى پۈتۈن لىنىيىنى بويلاپ قاتمۇ-قات ئوتلار يېقىلدى-دە، ۋاقىراشلار بارغانسېرى كۈچىيىپ كەتتى. روستوۋ فرانسۇزلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ تۇراتتى، لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئۇقالمايتتى، چۈنكى، ۋاڭ-چۇڭ بولۇپ كەتكەن ئىدى. پەقەت: ئا-ئا-ئا! ئىر-ئىر-ئىر-ئىر-ئىر! دېگەن ئاۋازلار ئاڭلىناتتى.

— بۇ نېمە؟ سەن نېمە دەپ ئويلايسەن؟ — دېدى روستوۋ يېنىدا تۇرغان قىران ئاتلىققا، — دۈشمەن تەرەپتىن كېلىۋاتامدىغۇ؟

قىران ئاتلىق ھېچنېمە دەپ جاۋاپ بەرمىدى.

— نېمە، ئاڭلىمايۋاتامسىنا؟ — دېدى روستوۋ يەنە خېلى ۋاقىت جاۋاپ كۈتكەندىن كېيىن.

— ھە...ەي، كىم بىلىدۇ، تۆرەم، — دېدى قىران ئاتلىق خوشياقماستىن.

— دۈشمەن شۇ تەرەپتە بولۇشى كېرەك ئىدىغۇ؟ — دېدى روستوۋ تەكرارلاپ.

— بولسا باردۇر، ياكى يوقتۇر، مەن نەدىن بىلەي، — دېدى قىران ئاتلىق، — قاراڭغۇ تۇرسا. ھەي تۆلگۈر! — دەپ ۋاقىرىدى قىمىرلاپ تۇرغان ئېتىغا.

روستوۋنىڭ ئېتىمۇ ئوتقا قاراپ ۋە ئاۋازلارغا قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ، مۈزلاپ كەتكەن يەرگە ئاياقلىرىنى ئۇراتتى. ۋاقىرىغان ئاۋازلار بارغانسېرى كۈچىيىپ، پەقەت مىڭلىغان كىشىدىن تەركىپ تاپقان ئارمىيە پەيدا قىلالايدىغان ئومۇمىي ۋاڭ-چۇڭغا قوشۇلۇپ كەتتى. ئوتلار فرانسۇزلار لاگېرىنىڭ لىنىيىسى تەرەپتە بولسا كېرەك، بارغانسېرى كۆپىيىشكە باشلىدى. روستوۋنىڭ ئۇخلىغۇسى كەلمەيتتى. دۈشمەن ئارمىيىسىدىكى شات-خۇرام ۋە تەنتەنە

قىلغۇچى ۋاقىراش ئاۋازلىرى ئۇنىڭغا كۈچلۈك تەسىر قىلغان ئىدى. "Vive l'empereur, l'mpereu!" (ياشىسۇن پادىشا، پادىشا!) دېگەن سۆزلەر روستوۋغا ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— يىراقتا ئەمەس، ساينىڭ نېرىقى تەرىپىدە بولسا كېرەك، — دېدى روستوۋ يېنىدا تۇرغان قىران ئاتلىققا.

قىران ئاتلىق ھېچقانداق جاۋاپ بەرمەي پەقەت ئۇھ تارتتى-دە، ئاچچىغلىنىپ يۆتىلىپ قويدى. ئاتلىقلار لىنىيىسىدىن چېپىپ كېلىۋاتقان ئات تۇيىغىنىڭ تاۋۇشى ئاڭلاندى ۋە قاراڭغۇ تۇمان ئىچىدىن تۇساتتىن ئاتلىق ئۇنتېر-ئەپىتسەر ناھايىتى چوڭ پىلدەك چىقىپ كەلدى.

— تۆرەم، گېنېراللار كېلىشىۋاتىدۇ! — دېدى ئۇنتېر-ئەپىتسەر روستوۋنىڭ ئالدىغا كېلىپ.

روستوۋ ئوت يېنىۋاتقان ھەم ۋاقىراش ئاۋازلىرى ئاڭلىنىۋاتقان تەرەپكە ئۆزمەي قاراپ، لىنىيىدىن كېلىۋاتقان ئاتلىقلارنى ئۇنتېر-ئەپىتسەر بىلەن بىللە قارشى ئالغىلى باردى. ئۇلارنىڭ بىرى ئاق ئات مىنگەن ئىدى. كىنەز باگراتىيون، كىنەز دولگورۇكوۋ ۋە ئاديۇتانتلىرى بىلەن بىللە دۈشمەن ئارمىيىسى تەرەپتىن ئوت ھەم ۋاقىراش ئاۋازلىرى چىققان غەلىتە ھادىسىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن چىققان ئىدى. روستوۋ باگراتىيوننىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭغا دوكلات قىلدى ۋە ئاديۇتانتلارغا قوشۇلۇپ گېنېراللارنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىشقا باشلىدى.

— گېپىمگە ئىشىنىڭ، — دېدى كىنەز دولگورۇكوۋ باگراتىيونغا مۇراجىئەت قىلىپ، — بۇ ھىيلە-مىكىردىن باشقا نەرسە ئەمەس: ئۇ ئارقىغا چېكىنىپ، بىزنى ئالداش ئۈچۈن ئۆز ئارىيېرگاردىغا ئوت

www.uyghurkitap.com

يېقىپ قالايمىقانچىلىق سېلىشقا بۇيرۇغان بولسا كېرەك.

— ئۇنداق ئەمەستۇ، — دېدى باگراتىيون، — مەن كەچقۇرۇن ئۇلارنىڭ شۇ دۆڭلۈكتە تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم؛ ئەگەر چېكىنگەن بولسا، ئۇ يەردىنمۇ كەتكەندۇ. جانابىي ئەپتىسەر، — دېدى كىنەز باگراتىيون روستوۋغا قاراپ، — دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ گۈزەتچىلىرى يەنە شۇ يەردە تۇرۇپتىمۇ؟

— كەچقۇرۇن تۇرغان ئىدى، هازىر بىلمەيمەن، جانابىي ئالىيلىرى. بۇيرۇسىڭىز ئاتلىقلار بىلەن بېرىپ بىلىپ كېلەي.

باگراتىيون توختىدى ۋە روستوۋنىڭ سۆزىگە جاۋاپ بەرمەي، قاراڭغۇدا ئۇنىڭ يۈزىگە تىكىلىپ قاراشقا باشلىدى.

— مەيلى، بېرىپ بىلىپ كېلىڭ، — دېدى بىرئاز جىم تۇرغاندىن كېيىن.

— بولىدۇ.

— روستوۋ ئېتىنى دېۋىتكۈچى بىلەن نىقتىدى، ئۇنتېر-ئەپتىسەر فېدچېنكو ۋە يەنە ئىككى ئاتلىقنى چاقىرىپ ئېلىپ، ئۇلارغا ئۆزى بىلەن بىللە بېرىشىنى بۇيرۇدى-دە، ۋاڭ-چۇڭ ئاۋازلار كېلىۋاتقان ئىدىرلىق ئېتىكىگە قاراپ ئېتىنى چاپتۇرۇپ كەتتى. روستوۋ ئۈچ ئاتلىق بىلەن بىللە، ئۆزىدىن ئىلگىرى هېچكىم بارمىغان تۇمان باسقان بۇ سىرلىق ۋە خەۋپلىك يىراق جايغا كېتىۋاتقانلىقىدىن هەم ۋەھىمە قىلاتتى، هەم خۇرسەن ئىدى. باگراتىيون دۆڭلۈكتە تۇرۇپ ئۇنىڭغا، سايدىن نېرى ئۆتمە دەپ ۋاقىرىدى، لېكىن روستوۋ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىمىغانغا سېلىپ، توختىماستىن بارغانسېرى يىراقلىشىپ كېتىۋەردى ۋە بارغانسېرى ئالدىنىپ، چاتقاللارنى دەرەخ دەپ، ئويمان-چوڭقۇرلۇقلارنى ئادەم دەپ،

ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بارغانسېرى ئۆزى سېزىپ كېتىۋاتاتتى. ئېتنى چاپتۇرۇپ ئېدىرنىڭ ئېتىگىگە چۈشكەندە ئۆزىمىز تەرەپتىكى ئوتلار ۋە دۈشمەن تەرەپتىكى ئوتلارمۇ كۆرۈنمەي قالدى، لېكىن فرانسۇزلارنىڭ ۋاقىراشلىرى تېخىمۇ قاتتىق ۋە تېخىمۇ ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. جىلغىدا دەرياغا ئوخشاش بىر نەرسە كۆرۈنگەن ئىدى، لېكىن يېقىن بېرىپ قارىسا دەريا ئەمەس، يول ئىكەن. ئۇ يولغا چىقىپ، شۇ يولدىن كېتىۋېرەيمۇ ياكى يولنى كېسىپ ئۆتۈپ، قارىيىپ تۇرغان دالىدىن ئېدىرغا قاراپ ماڭايمۇ دېگەن دىلىغۇللۇقتا ئېتىنىڭ بېشىنى تارتتى. تۇماندا ئاقىرىپ كەتكەن يول بويلاپ مېڭىش بىرئاز خەۋپسىز ئىدى، چۈنكى، ئادەمنى دەرھال كۆرگىلى بولاتتى. "ئارقىمدىن مېڭىڭلار" — دېدى-دە، يولدىن كېسىپ ئۆتۈپ ئاتنى چاپتۇرغان پېتى ئېدىرغا، يەنى تۈنۈگۈن فرانسۇز ساقچىلىرى تۇرغان جايغا قاراپ يۈرۈشكە باشلىدى.

— تۆرەم، ھۇ ئەنە! — دېدى ئارقىسىدىكى ئاتلىقلاردىن بىرى.

روستوۋ ئارقىسىغا قايرىلىپ قارىغىچە قاپ-قاراڭغۇ تۇماندا نىمىدۇ يالت قىلدى-دە، گۈمبۈرلەپ مىلتىق ئېتىلدى ۋە ئوق خۇددى بىر نەرسىگە نالە قىلغاندەك، تۇماندا ۋىژىلداپ يۇقۇرى ئۇچۇپ كەتتى. يەنە بىر مىلتىق ئېتىلمىدى-يۇ، ئەمما مىلتىق قونىدىقىدا ئوت يالت-يۇلت قىلىپ قالدى. روستوۋ ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ ئارقىسىغا چېپىپ كەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ھەر خىل پەيتلەردە تۆت قېتىم مىلتىق ئېتىلدى ۋە ئوقلار ھەر خىل ئاۋاز بىلەن تۇماندا قاياققىدۇ بىر تەرەپلەرگە كەتتى. روستوۋ ئوقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۆزىگە ئوخشاش خوشال بولغان ئېتىنىڭ بېشىنى تارتىپ ئاستا-ئاستا يۈرەتتى. "قېنى، يەنە بىر قېتىم، قېنى، يەنە بىر قېتىم!" دەيتتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كۆڭلىنىڭ بىر چېتى زوقلىنىپ، بىراق باشقا ئوق چىقمىدى.

روستوۋ پەقەت باگراتىيونغا يېقىنلىشىپ كەلگەندىلا، ئاندىن ئېتىنى بولۇشىغا قويۇپ بەردى ۋە قولىنى شەپكىسىنىڭ سايىۋىنىگە قويغان پېتى ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

دولگورۇكوۋ يەنىلا فرانسۇزلار چېكىنىپ بىزنى ئالداش ئۈچۈن ئوت ياققان دېگەن پىكرىدە چىڭ تۇراتتى.

— ھە، بۇ نېمىنى ئىسپاتلايدۇ؟ — دېدى ئۇ روستوۋ يېقىنلىشىپ كەلگەندە، — ئۇلار ساقچىلىرىنى قالدۇرۇپ چېكىنىشى مۇمكىن.

— دېمەك، تېخى ھەممىسى كەتمەپتۇ، كىنەز، — دېدى باگراتىيون، — ئەتە سەھەرگە قەدەر قاراپ باقايلى، ئەتىلىككە ھەممىسى مەلۇم بولىدۇ.

— ئېدىرلىقتا ساقچىلار بار، شۇ كەچقۇرۇنقى جايىدا تۇرۇپتۇ، جانابى ئالىيلىرى، — دېدى روستوۋ؛ ئۇ بۇ چاغدا ئات ئۈستىدە ئېگىلىپ، قولىنى شەپكىسىنىڭ سايىۋىنىگە تۇتۇپ، شۇ تەرەپكە بېرىپ كەلگەنلىكىدىن، خۇسۇسەن ئوقلار ۋىژىلداپ ئۇچۇپ ئۆتۈۋاتقىنىدا قورقمىغانلىقىدىن پەيدا بولغان خۇشاللىقىنى زورىغا بېسىپ تۇراتتى.

— ياخشى، ياخشى، — دېدى باگراتىيون، — سىزگە تەشەككۈر ئېيتىمەن، جانابى ئەپىتسەر.

— جانابى ئالىيلىرى، — دېدى روستوۋ، — ئىجازەت بەرسىڭىز سىزگە بىر ئىلتىماسىم بار.

— نېمە ئىلتىماس؟

— ئەتىلىككە ئېسكادرونىمىز ئارقا سەپتە قېلىشى كېرەك؛ مېنى بىرىنچى ئېسكادرونغا ئۆۋەتىشىڭىزنى سورايمەن.

— فامىلەڭ نىمە؟
— گراف روستوۋ.
— ھە...ە، بولىدۇ، ماڭا جارچى بولۇپ قالغىن.
— ئىلىيە ئاندرېيېۋىچنىڭ ئوغلىمۇسەن؟ — دېدى دولگورۇكوۋ.
لېكىن روستوۋ ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاپ بەرمىدى.
— ئۇمىت قىلىسام بولامدۇ، جانابى ئالىلىرى؟
— بۇيرۇق بېرىمەن.
"ئەتىگە مېنى بەلكى بىرەر تاپشۇرۇق بىلەن پادىشانىڭ ھوزۇرىغا ئەۋەتەر" — دېدى روستوۋ ئىچىدە، "خۇداغا شۈكۈر".

دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ ئوت يېقىشىغا ۋە ۋاقىراشلىرىغا سەۋەپ شۇكى، قوشۇنلارغا ناپالېئوننىڭ بۇيرۇغى ئوقۇلۇۋاتقان چاغدا، پادىشانىڭ ئۆزى ئارمىيىنى ئاتلىق ئايلىنىپ يۈرگەن ئىدى. ئەسكەرلەر پادىشانى كۆرۈپ باغ-باغ پاخاللارنى يېقىپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن — "Vive l'em pereur!" ("ياشىسۇن پادىشا!") دەپ توۋلاپ يۈگۈرۈشەتتى. ناپالېئوننىڭ بۇيرۇغى مۇنداق ئىدى:
"ئەسكەرلەر! رۇس ئارمىيىسى ئۇلىمدا تارمار قىلىنغان ئاۋستريىە ئارمىيىسى ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىش مەقسىدىدە سىلەرگە قارشى چىقماقتا. بۇلار سىلەر گوللابرۇننىدا تارمار قىلغان ۋە شۇنىڭدىن بېرى مۇشۇ يەرگىچە سىلەر دائىم قوغلاپ كېلىۋاتقان شۇ باتالىيونلاردۇر. بىز ئىشغال قىلغان پوزىتسىيەلەر قۇدرەتلىك پوزىتسىيەلەردۇر، ئۇلار مېنى ئوڭ تەرەپتىن ئايلىنىپ ئۆتمەكچى بولغاندا، يان تەرەپتىن ئۆزلىرىنى ماڭا ئاشكارىلاپ قويىدۇ! ئەسكەرلەر! باتالىيونلىرىڭلارغا مەن ئۆزۈم رەھبەرلىك قىلىمەن. ئەگەر سىلەر ئىلگىرىكى-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

دەك مەرتلىك كۆرسىتىپ، دۈشمەن سېپىنى پاراكەندە قىلساڭلار ۋە ئۇلارنى گاڭگىرىتىپ قويساڭلار، مەن ئوق ئاستىدىن يىراقتا تۇرىدىمەن؛ لېكىن ئەگەر غەلىبە بىرەر مىنۇتىمۇ گۇمانلىق بولۇپ قالسا، سىلەر ئۆز پادىشايىڭلارنى دۈشمەنىنىڭ بىرىنچى زەربىسىگە ئۇچرىغان هالدا كۆرىسىلەر، چۈنكى، خۇسۇسەن مىللىتىمىزنىڭ شان-شەرىپى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان فرانسۇز پىيادە ئەسكەرلىرىنىڭ شان-شەرىپى توغرىسىدا گەپ بولۇۋاتقان كۈندە، غەلىبە توغرىسىدا ئىككىلىنىش هېچ مۇمكىن ئەمەس.

يارىدارلارنى جەڭ مەيدانىدىن ئېلىپ چىقىمىز دېگەن باھانا بىلەن سەپلىرىڭلارنى چېچىۋەتمەڭلەر! مىللىتىمىزگە قارشى مۇشۇنداق ئۆچمەنلىك بىلەن روھلانغان بۇ ئەنگلىز مالايلىرىنى يېڭىش كېرەكلىگىنى هەر بىرىڭلار ياخشى بىلىڭلار. بىزنىڭ هەربى يۈرۈشىمىز مۇشۇ غەلىبە بىلەن تامام بولىدۇ، بىزمۇ قىشلىق ئۆيلىرىمىزگە قايتىشىمىز مۇمكىن بولىدۇ ۋە هازىر فرانسىيىدە تۈزۈلۈۋاتقان يېڭى قوشۇنلار شۇ يەرگە يېتىپ كېلىدۇ؛ ئۇ چاغدا مەن تۈزىدىغان سۈلھ خەلقىمگە، سىلەرگە ۋە ماڭا مۇناسىپ سۈلھ بولىدۇ.

ناپالېون"

## 14

ئەتىگەن سائەت بەشتە تېخى خېلى قاراڭغۇ ئىدى. مەركەزدە ۋە ئارقا سەپتە تۇرغان قوشۇنلار هەمدە باگراتىيوننىڭ ئوڭ قانىتى جايىدىن تېخى قىمىرلىمىغان ئىدى، لېكىن فرانسۇزلارنىڭ ئوڭ قانىتىغا هۇجۇم قىلىش ۋە پىلان بويىچە ئۇنى بوگېمىيە تاغلىرىغا قوغلىۋېتىش

ئۆچۈن، بىرىنچى بولۇپ دۆڭلۈكتىن چۈشۈشى كېرەك بولغان سول
قانىتىمىزدىكى پىيادىلەر، ئاتلىقلار ۋە توپ-زەمبىرەكچىلەر كولونن-
لىرى ئالىلىقاچان ئورۇنلىرىدىن قوزغالغان ئىدى. ئارتۇقچە نەر-
سىلەرنىڭ ھەممىسى تاشلىنىپ كۆيدۈرۈلگەن گۈلخانلاردىن چىققان
ئىسلار كۆزنى ئېچىشتۇراتتى. ھاۋا سوغاق ۋە قاراڭغۇ ئىدى. ئەپىت-
سەرلەر ئالدىراپ-تېنەپ چاي ئىچىشىپ ناشتا قىلماقتا ئىدى؛ ئەس-
كەرلەر قۇرۇق ناننى چاينىشىپ، ئىسسىنىش ئۈچۈن پۇتلىرىنى يەرگە
ئۇراتتى ۋە ئېلىپ كېتىشكە مۇمكىن بولمىغان ئارتۇقچە ھەممە نەرسى-
لىرىنى ــ كەپىلىرىنىڭ قالدۇقلىرىنى، ئورۇندۇق-شىرەلەر، ھارۋا
چاقلىرى ۋە سۇغىلىرىنى ئوتقا تاشلاپ قالاپ، ئەتراپىدا تىزىلىشىپ
ئولتۇرۇشاتتى. ئاۋستىرىيە كولوننا باشلىقلىرى ھۇجۇم باشلاشنىڭ
ئالامىتى بولۇپ، رۇس قوشۇنلىرى ئارىسىدا ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا مېڭىپ
يۈرۈشەتتى. پولك كاماندىرى تۇرغان جاي ئەتراپىدا ئاۋستىرىيە
ئەپىتسەرى كۆرۈنۈش بىلەن تەڭلا، ھەركەتلىنىشكە باشلىدى: ئەس-
كەرلەر گۈلخانلار ئەتراپىدىن يۈگۈرۈشۈپ كېتىپ، مۇشتەكلىرىنى
ئۆتۈكلىرىنىڭ قونجىلىرىغا ۋە خالتىلىرىنى ھارۋىلارغا تىقىشتۇرۇپ،
مىلتىقلىرىنى قوللىرىغا ئېلىشىپ سەپ تارتىپ تۇردى. ئەپىتسەرلەر
كىيىملىرىنىڭ تۈگمىلىرىنى ئېتىپ، قىلىچ ۋە خالتىلىرىنى ئېسىپ،
ۋاقىراپ-جاقىراپ سەپلەرنى كۆرۈپ چىقتى؛ ھارۋىكەشلەر ۋە
دېنشىكلار ھارۋىلىرىنى قوشۇپ، نەرسىلىرىنى يۈكلەپ
باغلاشتى. ئادىيۇتانتلار، باتالىيون ۋە پولك كاماندىرلىرى ئاتلاندى،
چوقۇندى، قېپقالىدىغان ھارۋىكەشلەرگە ئاخىرقى ئەمىر-پەرمان-
لىرىنى، كۆرسەتمىلىرىنى ھەم تاپشۇرۇقلىرىنى بەردى، مىڭلىغان
كىشىلەرنىڭ بىر خىل ئاياق تاۋۇشلىرىدىن ھەممە تەرەپ گۈرۈلدەيتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئادەملەر ئورىۋالغانلىقى، ھەممە تەرەپنى ئىس ۋە تېخىمۇ قويۇقلىشىپ كېتىۋاتقان تۇمان بېسىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن كولونىلار چىققان جايلىرىنىمۇ، بارىدىغان جايلىرىنىمۇ كۆرەلمەستىن ۋە قاياققا كېتىۋاتقانلىقلىرىنى بىلمەستىن كېتىپ باراتتى.

خۇددى پاراخوتتا كېتىۋاتقان دېڭىزچى مەلۇم بىر دائىرىدە ئورالغان ھالدا ئەركىنلىكىنى ئۆز پاراخودىغا بەرگەندەك، كولونىدا كېتىۋاتقان ئەسكەرمۇ ئۆز پولكى بىلەن ئورالغان، چەكلەنگەن ۋە ئۆز ئەركىنلىكىنى پولكىغا بەرگەن بولىدۇ. دېڭىزچى ھەرقانچە ئۇزاق يەرگە بارسىمۇ، قانچىلىك غەلىتە، نامەلۇم ۋە خەتەرلىك يەرگە بارسىمۇ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا ھەمىشە شۇ پالۇبا، شۇ ماچتا ۋە ئۆز پاراخودىنىڭ ئاغامچىلىرى تۇرغاندەك، ئەسكەرمۇ قەيەرگە بارسا، ئۇنىڭ ئەتراپىدا ھەمىشە شۇ ئاغىنىلىرى، شۇ سەپلەر، شۇ فېلد فېبېل ئىۋان مىترىچ، روتىنىڭ ژۇچكا ناملىق ئىتى ۋە شۇ باشلىقلار بولىدۇ. ئەسكەر ئۆز پاراخودىنىڭ قايسى نۇقتىدا تۇرغانلىقىنى ناھايىتى ئاز بىلگۈسى كېلىدۇ؛ لېكىن جەڭ كۈنى — قانداق ۋە قەيەردە بولىدىغانلىقىنى خۇدا بىلىدۇ — ئەسكەرلەرنىڭ روھىي دۇنياسىدا شۇنداق ئۆزگىرىش پەيدا بولىدۇكى، بۇ ئۆزگىرىش قانداقتۇ بىر كەسكىن، تەنتەنىلىك بىر نەرسىنىڭ يېقىنلىشىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ ۋە ئۇلاردا ھېچ كۆرۈلمەيدىغان بىر قىزىقىش پەيدا قىلىدۇ. ئەسكەرلەر جەڭ كۈنى ھاياجان ئىچىدە ئۆز پولكلىرى مەنپەئەتى دائىرىسىدىن تاشقىرى چىقىشقا ئىنتىلىدۇ، ئەتراپقا قۇلاق سالىدۇ، ئەتراپقا نەزەر تاشلايدۇ ۋە ئەتراپىدا نىمە بولۇۋاتقانلىقىنى تەقەززالىق بىلەن سوراشتۇرىدۇ.

تۇمان شۇنچىلىك قويۇقلىشىپ كەتكەن ئىدىكى، تاڭ ئاتقانغا

قارىماستىن ئۇن قەدەم نېرىدىكى نەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. چاتقاللار چوڭ دەرەختەك، تەكشى جايلار ئىگىز-پەس ياردەك كۆرۈنەتتى. ئۇن قەدەم نېرىدىكى ئادەمنى كۆرگىلى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ھەممە يەردە، پۈتۈن ئەتراپتا دۈشمەنگە توقۇنۇشۇپ قېلىش مۇمكىن ئىدى. لېكىن كولونىلار تۇماندا بىردەم پەسكە چۈشۈپ، بىردەم ئىگىزگە چىقىپ، باغلاردىن، قورالاردىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، يات جايلاردىن ئۇزاق يول يۈرۈپ، ھېچنەدە دۈشمەنگە يولۇقمىدى. ئەكسىچە ئەسكەر ئالدىدا، ئارقىسىدا شۇ تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقان خۇددى شۇنداق رۇس كولونىلىرىنى كۆرەتتى. ھەر بىر ئەسكەر ئۆزى كېتىۋاتقان تەرەپكە، يەنى شۇ نامەلۇم تەرەپكە يەنە ناھايىتى كۆپ ئەسكەرلەر كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ خوشال بولاتتى.

— ئوھو، ئۇنى قارا-چۇ، كۇرسكلىق ئەسكەرلەرمۇ ئۆتۈشتى، — دېيىشەتتى سەپتە كېتىۋاتقان ئەسكەرلەر.

— ۋاي-ۋۇي، بۇرادەر، ئەسكەرلىرىمىز ئۇۋۇسلىرىدىن چۇۋۇلۇپ چىقىپتۇ دەيسەن! تۈنۈگۈن كەچقۇرۇن يېقىلغان گۈلخانلارغا قارىساڭ، ھېچ باش-ئاخىرى يوق. خۇددى موسكۋانىڭ ئۆزى-دە!

كولوننا باشلىقلىرىدىن ھېچكىم سەپلەرگە يېقىن كەلمىگەن ۋە ئەسكەرلەرگە ھېچنەرسە دېمىگەن بولسىمۇ (كولوننا باشلىقلىرى، بىز ھەربى كېڭەشتە كۆرگىنىمىزدەك، كەيپى يوق ۋە بولىدىغان جەڭگە نارازى ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن، پەقەت بۇيرۇقنىلا ئىجرا قىلاتتى، ئەسكەرلەرنىڭ روھىنى كۆتىرىش توغرىسىدا ھېچقانداق چارە كۆرمەيتتى)، شۇنىڭغا قارىماستىن ئەسكەرلەر جەڭگە، خۇسۇسەن ھۇجۇم قىلىش جېڭىگە ئادەتتىكىدەك خوشال-خورام يۈرۈشەتتى. بىراق،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قويۇق تۇماندا بىر سائەت چامىسى يول باسقاندىن كېيىن، قوشۇنلار-نىڭ كۆپ قىسمى توختاپ تۇرۇشى كېرەك بولۇپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن سەپلەر بويلاپ ئەسكەرلەر ئارىسىدا تەرتىپسىزلىك ۋە ئالا-توپىلاڭ بولۇۋېتىپتۇ دېگەن كۆڭۈلسىز بىر كەيپىيات تارقىلىپ كەتتى. بۇ كەيپىياتنىڭ قانداق تارقالغانلىقىنى ئېنىقلاش تەس؛ لېكىن ئۇنىڭ پەۋقۇلئاددە توغرىلىقى ۋە خۇددى سايىلىقتىن ئېقىپ كېلىۋاتقان سۇدەك، توختىماستىن ۋە بىلىنمەي تېز يېيىلىشى شۈبھىسىز ئىدى. ئەگەر رۇس قوشۇنلىرى ئىتتىپاقچىلارسىز ئۆزى يالغۇز بولغاندا ئىدى، بەلكى تەرتىپسىزلىك بولۇۋېتىپتۇ دېگەن كەيپىياتقا ھەممەيلەن قايىل بولغىچە كۆپ ۋاقىت كېتەتتى؛ لېكىن ھازىر ھەممەيلەن بۇ تەرتىپسىزلىكلەرنىڭ سەۋەبىنى زور مەمنۇنىيەت بىلەن ۋە تەبىئىي رەۋىشتە پەمسىز نېمىسلار①نىڭ بوينىغا ئارتىپ قويۇپ، زىيانلىق بىر ئالمان-تالمانچىلىق بولۇۋېتىپتۇ ھەم بۇنى كولباساچى نېمىسلار قىلدى دەپ قايىل بولۇشتى.

— نېمىشقا توختاپ قالدىكىن-ھە؟ يا يول توسۇلۇپ قاپتىمۇ؟ ياكى فرانسۇزلارغا توقۇنۇش كېلىپ قالدۇقمىكىن؟

— ياق، بۇنداق ئەمەستۇ، ئۇنداق بولغاندا ئوق چىقىراتتى.

— ئالدىرىتىپ يولغا چىقتۇق-قۇ، ئەمدى بىكاردىن-بىكار دالىنىڭ ئوتتۇرىسىدا توختاپ تۇرۇپتىمىز، — ھەممە ياقنى شۇ لەنتى

---

① رۇس ئەسكەرلىرى ئۆز نەزىرىدە ئاۋستىرىيىلىكلەرنى ۋە ئومۇمەن رۇس تىلىدا سۆزلىمەيدىغان كىشىلەرنى تامامەن "نېمىسلار" دەيدۇ. نېمىس (nemetez) دېگەن ئاتالغۇ رۇس تىلىدا "گاچا"، يەنى سۆز قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن، بىز بىلەلمەيدىغان ئادەم دېگەن مەنىدە. — تەر.

نېمىسلار مالىمان قىلىپ تۇرۇپتۇ. نىمە دېگەن بىمەنە ئادەملەر ئىكەن ـ ھە!

— مەن بولىدىغان بولسام ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئالدىغا ئۆتكۈزۈۋەتكەن بولاتتىم. ھازىر ئۇلار ئارقىمىزدا قىستۇرۇلۇپ يۈرۈشۈپتۇ. مانا ئەمدى قوسىقىمىز ئىچىگە تارتىلىپ ئاچ ئولتۇرۇپتىمىز.

— ھەي، قېنى، ماڭامىزمۇ ـ يوق؟ ئاتلىقلار يولنى توساپ تۇرۇپتۇ دېيىشىدۇ، — دېدى ئەپتىسەر.

— ھ...ەي، بۇ لەنتى نېمىسلار ئۆز يۇرتىنىڭ يولىنىمۇ بىلمەيدىكەن ـ ھە! — دېدى يەنە بىر ئەسكەر.

— سىلەر قايسى دىۋىزىيىدىن؟ — دېدى ئات مىنگەن بىر ئادىيۇتانت كېلىپ.

— ئون سەككىزىنچى دىۋىزىيىدىن.

— ئۇنداق بولسا، بۇ يەردە نىمە قىلىپ يۈرىسىلەر؟ ئاللىقاچان ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىشىڭلار كېرەك ئىدى، ئەمدى كەچكىچىمۇ يېتىپ بارالمايسىلەر.

— ماۋۇ ئەخمىقانە بۇيرۇقنى قاراڭ؛ نىمە قىلىشۋاتقانلىقىلىرىنى ئۆزلىرىمۇ بىلمەيدۇ، — دېدى ئەپتىسەر ئاتلىنىپ كېتىۋېتىپ.

— ”تافا ـ لافا“ دېدى ـ يۇ، نىمە دېگىنىنى بىلگىلى بولمايدۇ، — دېدى بىر ئەسكەر ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ھېلىقى گېنېرالنى مەسخىرە قىلىپ، — مەن بولسام بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئېتىپ تاشلىغان بولاتتىم، خۇمپەرلەرنى!

— سائەت توققۇزلاردا بەلگىلەنگەن جايغا يېتىپ بېرىش بۇيرۇلغان ئىدى، بىز بولساق بۇ يولنىڭ تېخى يېرىمىنىمۇ باسقىنىمىز يوق. مانا بۇيرۇق؟ — دېيىشەتتى ئەسكەرلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەسكەرلەرنىڭ جەڭگە ئاتلانغان چاغدىكى غەيرەتلىرى بىمەنە بۇيرۇقلار ۋە نىمىسلارغا قارىتىلغان ئەلەم ۋە غەزەپكە ئايلىنىشقا باشلىدى.

بۇ تەرتىپسىزلىكنىڭ سەۋەبى شۇنىڭدىن ئىبارەت بولغان ئىدىكى، ئاۋستىرىيە ئاتلىقلىرى سول قاناتتا كېتىۋاتقان چاغدا، ئالى قوماندان بىزنىڭ مەركىزىمىز ئوڭ قاناتتىن ناھايىتى يىراقتا قالدى دەپ ھىساپلاپ، پۈتۈن ئاتلىقلارنى ئوڭ تەرەپكە ئۆتكۈزۈشكە بۇيرۇق قىلغان ئىدى. بىرقانچە مىڭ ئاتلىقلار پىيادە ئەسكەرلەرنىڭ يولىنى كېسىپ ئۆتۈشكە باشلىدى-دە، پىيادە ئەسكەرلەر كۈتۈپ تۇرۇشى لازىم بولۇپ قالغان ئىدى.

ئالدىدا كېتىۋاتقان ئاۋستىرىيە كولوننا باشلىغى بىلەن رۇس گېنېرالى ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش پەيدا بولۇپ قالدى. رۇس گېنېرالى ئاتلىقلارنىڭ توختاپ تۇرۇشىنى تەلەپ قىلىپ ۋاقىرايتتى؛ ئاۋستىرىيە كولوننا باشلىغى بولسا ئەيىپ مەندە ئەمەس، چوڭ باشلىقتا دەيتتى. قوشۇنلار شۇ ئارىدا توختاپ قېلىپ زېرىكمەكتە ۋە روھى چۈشمەكتە ئىدى. بىرەر سائەت چامىسى توختاپ قالغاندىن كېيىن قوشۇنلار داۋاملىق ئىلگىرىلەپ ئېدىرلىقنىڭ ئېتىگىگە چۈشۈشكە باشلىدى. ئېدىرلىقتا تارقىلىپ كەتكەن تۇمان قوشۇنلار پەسكە چۈشكەن جايدا يەنە قويۇقلىششقا باشلىدى. ئالدىنقى تەرەپتە تۇمان ئىچىدە ئاۋال بىر ملتىق ئاۋازى، كېيىن ئىككىنچىسى، دەسلەپ قالايمىقان، قاسۇر-قۇسۇر ئېتىلغان ئوق ئاۋازلىرى ئاڭلاندى؛ كېيىن ئوق ئاۋازلىرى بارغانسېرى ئەۋج ئېلىپ، قاسۇر-قۇسۇر بولۇپ، گولدباخ سايلىغى ئۈستىدە جەڭ بولۇپ كەتتى.

پەستە، ساي بويىدا دۈشمەنگە دۈچ كېلىشنى ئويلىمىغان، تۇماندا

ئۇشتۇمتۇت ئۇنىڭغا توقۇنۇشۇپ قالغان ۋە ئۆز باشلىقلىرىدىن ۋەھىنى كۆتىرىدىغان بىرەر ئېغىز سۆز ئاڭلىمىغان رۇس ئەسكەرلىرى پۈتۈن قوشۇنغا تارقىلىپ كەتكەن ”كەچ قالدۇق“ دىگەن كەيپىياتتا بولۇپ، ھەممىدىن يامانراقى قويۇق تۇماندا نە ئالدىدا ۋە نە ئۆز ئەتراپىدا ھىچنەرسىنى كۆرەلمەي دۈشمەنگە قارشى خوشياقمىغان ھالدا ۋە ئاستا ئۇق ئېتىپ باراتتى، تۇماندا ئۆز قىسىملىرىنى تاپالماي ئادىشىپ يۈرگەن باشلىقلار بىلەن ئاديۇتانتلاردىن ئۆز ۋاقتىدا بۇيرۇق ئالالماي يەنە توختاپ قالاتتى. پەسكە چۈشكەن بىرىنچى، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى كولوننىلار جەڭگە مانا شۇنداق كىردى. كۇتۇزوۋ ئۆزى تۇرغان تۆتىنچى كولوننا پراتسېن ئىگىزلىگىدە تۇراتتى.

پەستىكى جەڭ باشلانغان يەردە يەنىلا قويۇق تۇمان بار ئىدى، ئېدىرلىقنىڭ ئۈستى ئېچىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئالدىدا نىمە بولۇۋاتقانلىغىنى زادىلا كۆرگىلى بولمايتتى. دۈشمەننىڭ ھەممە كۈچلىرى، بىز ئالدىن مۆلچەرلىگىنىمىزدەك، بىزدىن ئون چاقىرىم نېرىدىمۇ ياكى شۇ تۇمان ئىچىدىمۇ — بۇنى سائەت توققۇزغىچە ھىچكىم بىلەلمىگەن ئىدى.

ئەتىگەن سائەت توققۇز بولغان ئىدى. تۇمان پەسلىكنى خۇددى دېڭىزدەك قاپلاپ كەتكەن ئىدى، لېكىن شلاپانىتس يېزىسى يېنىدىكى ئىگىزلىك تامامەن ئېچىلىپ كەتكەن ئىدى، بۇ يەردە ناپالېون ئۆز مارشاللىرى بىلەن تۇراتتى، بۇ ئىگىزلىك ئۈستىدە ھاۋا ئوچۇق بولۇپ، كۆپ-كۆك ئاسمان كۆرۈنۈپ تۇراتتى، غايەت زور قۇياش شارى خۇددى ناھايىتى چوڭ ئىچى بوش قىزىل ئۈزگۈچتەك، سۈتتەك ئاپاق تۇمان دېڭىزى ئۈستىدە قىمىرلاپ تۇراتتى. پەقەت پۈتۈن فرانسۇز قوشۇنلىرىغىنا ئەمەس، ھەتتا ناپالېوننىڭ ئۆزىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىشتابى بىلەن سايدىن بېرىدە، سوكولىنتىس بىلەن شلاپانېتىس يېزىلىرىنىڭ بۇ تەرىپىدە ئىدى. بىز بولساق ئۇنى ساي ۋە شۇ يېزىلارنىڭ نېرىقى تەرىپىدە دەپ ئويلاپ، شۇ جايلارنى ئىشغال قىلىش جەڭ باشلىماقچى ئىدۇق. ناپالېون قوشۇنلىرىمىزغا شۇنچىلىك يېقىن تۇرغان ئىدىكى، بۇ ئىگىزلىكتىن بىزنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىمىزنى پىيادە ئەسكەرلەردىن ئاددى كۆز بىلەن پەرق ئېتىپ ئالالايتتى. ناپالېون ئىتالىيە ئۇرۇشىغا كىيىپ بارغان شۇ كۆك شىنېلىنى كىيىپ ۋە كىچىككىنە كۆك ئەرەپ ئېتىغا مىنگەن ھالدا ئۆز مارشاللىرىدىن سەل ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ خۇددى تۇمان دېڭىزىدىن چوخچىيىپ چىقىپ قالغاندەك كۆرۈنگەن ۋە يىراقتا رۇس قوشۇنلىرى قىمىرلاۋاتقان ئىگىزلىكلەرگە تىكىلىپ قارايتتى ۋە سايلىقتىن چىقىۋاتقان ئوق ئاۋازلىرىغا قۇلاق سالاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭ ياداڭغۇ يۈزىنىڭ بىرەر موسكۇلىمۇ قىمىرلىمايتتى، چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى بولسا قىمىرلىماستىن بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قارايتتى. ئۇنىڭ مۆلچەرلىرى توغرا بولۇپ چىقتى. رۇس قوشۇنلىرىنىڭ بىر قىسمى سايلىققا، چوڭ-كىچىك كۆللەرنىڭ ئەتراپىغا چۈشتى، بىر قىسمى بولسا پراتسېن ئىگىزلىكىدىن چۈشۈپ كەلمەكتە ئىدى. ناپالېون بولسا بۇ ئىگىزلىكلەرگە ھۇجۇم قىلماقچى بولغان ئىدى ۋە ئۇنى پوزىتسىينىڭ ئاچقۇچى دەپ ھىساپلايتتى. ئۇ تۇمان ئىچىدە پراتس يېزىسى يېنىدىكى ئىككى ئىگىزلىك ئارىسىغا جايلاشقان چوڭقۇرلۇققا چۈشۈپ، سايلىققا قاراپ نەيزىلىرىنى پارقىرىتىپ كېتىۋاتقان ۋە بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى تۇمان دېڭىزىدا كۆزدىن غايىپ بولۇپ كېتىۋاتقان رۇس كولونىلىرىنى كۆرۈپ تۇراتتى. كەچقۇرۇن ئالغان مەلۇماتلىرىغا، قاراۋۇللاردا كەچقۇرۇن ئالغان مەلۇماتلىرىغا ۋە ئاياق

تاۋۇشلىرىغا، رۇس كولونىيلىرىنىڭ تەرتىپسىز رەۋىشتە يۇرۇشكە ۋە بارلىق مۈلچەرلىرىگە كۆرە، ناپالېون ئىتتىپاقچىلارنىڭ ئۇنى خېلى يىراقتا دەپ گۇمان قىلغانلىغىنى، پراتسېنغا يېقىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كولونىيلار رۇس ئارمىيىسىنىڭ مەركىزى ئىكەنلىگىنى، بۇ مەركەز ھازىردىن تارتىپلا خېلى ئاجىزلاشقانلىغىنى ۋە ئۇنىڭغا مۇۋەپپەقىيەتلىك رەۋىشتە ھۇجۇم قىلىش مۇمكىنلىگىنى روشەن كۆرۈپ تۇراتتى. لېكىن ئۇ يەنىلا ئۇرۇشنى باشلىمايتتى.

بۈگۈن ئۇنىڭ ئۈچۈن تەنتەنىلىك بىر كۈن — تاج كىيگەنلىگىنىڭ بىر يىللىغى بولغان ئىدى. تاڭ ئالدىدا بىرقانچە سائەت ئۇخلىۋالدى-دە، ساغلام، خۇشخۇي، يېنىك، كەيپى چاغ، ھەممە ئىمكانىيەتلىك ۋە ھەممىگە قادىر بولىدىغاندەك كەيپىيات بىلەن ئاتقا مىنىپ مەيدانغا چىقىپ كەتتى. ئۇ تۇمان ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئېگىزلىككە قىمىرلىماستىن قاراپ تۇراتتى ۋە ئۇنىڭ سوغاق يۈزىدە ئاشىق بولۇپ قالغان ھەم بەختىيار بالىغا خاس مەغرۇرلۇق، ئېرىشلگەن بەخت ئىپادىسى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. مارشاللار ئۇنىڭ ئارقىسىدا تۇراتتى ۋە ئۇنىڭ دىققىتىنى چېچىشقا پېتىنالمايتتى. ئۇ بىر پەس پراتسېن ئېگىزلىكلىرىگە، بىر پەس تۇماندىن ئۆرلەپ چىققان قۇياشقا قارايتتى.

قۇياش تۇمان ئارىسىدىن تامامەن چىقىپ بولۇپ، دالىغا ۋە تۇمانغا كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك نۇرىنى چاچقاندا، ناپالېون چەگىنى باشلاش ئۈچۈن خۇددى شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، چىرايلىق ئاپپاق قولىدىن پەلىينى ئالدى-دە، ئۇنىڭ بىلەن مارشاللىرىغا جەڭنى باشلاش توغرىسىدا ئىشارەت قىلدى. مارشاللىرى ئادىيۇتانتلىرىنىڭ ھەمرالىغىدا تەرەپ-تەرەپكە چېپىپ كېتىشتى ۋە بىرقانچە مىنۇتتىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كېيىن فرانسۇز ئارمىيىسىنىڭ ئاساسىي كۈچلىرى پراتسېن ئېگىزلىكىگە قاراپ يولغا چىقتى. رۇس قوشۇنلىرى بولسا بۇ ئېگىزلىكتىن سول تەرەپتىكى سايلىققا بارغانسېرى چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى.

## 15

كۈتۇزوۋ سائەت سەككىزدە تۆتىنچى مىلورادوۋىچ كولوننىسىنىڭ ئالدىدا ئاتلىنىپ پراتسېن يېزىسىغا كېلىۋاتاتتى، بۇ كولوننا ئاللىقاچان سايلىققا چۈشۈپ كەتكەن پرژېبىشېۋسكى ۋە لانژېرون كولوننىلىرىنىڭ ئورنىنى ئىشغال قىلىشى كېرەك ئىدى. كۈتۇزوۋ ئالدىنقى پولك كىشىلىرى بىلەن سالاملاشتى ـ دە، بۇ كولوننىنى ئۆزەم ئېلىپ بارىمەن دەپ بىلدۈرمەكچى بولۇپ، ئالدىدىن يۈرۈپ كېتىۋېرىشكە بۇيرۇق بەردى. ئۇ پراتسېن يېزىسىغا كەلگەندە توختىدى. كىنەز ئاندرېي باش قوماندانىنىڭ مۇلازىملىرىنى تەشكىل قىلغان ناھايىتى كۆپ سانلىق كىشىلەر ئارىسىدا ئارقىدا تۇراتتى. كىنەز ئاندرېي ئۆزىنى ھاياجانلانغان، ئەسەبىلەشكەن ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇزاق ۋاقىتتىن بېرى كۈتكەن پەيتى يېتىپ كەلگەن كىشىدەك ئېغىر ۋە بىمالال ھېس قىلاتتى. ئۇ بۈگۈنكى كۈن ئۆزى ئۈچۈن تولۇن ياكى ئاركوك كۆرىگى① كۈنى ئىكەنلىكىگە قاتتىق ئىشەنگەن ئىدى. ئۇ قانداق بولۇشىنى بىلمەيتتى، لېكىن بولۇشىغا قاتتىق ئىشەنگەن

---

① ناپالېئون 1796 ـ يىلى دۇشۇ يەردە ئاۋسترىيىنىڭ كۈچلۈك قوشۇنلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ زور غەلىبە قىلغان. بۇ يەر ئىتالىيىنىڭ ۋېرونا ئۆلكىسىدە. — تەر.

ئىدى. بۇ يەرلەرنى ۋە قوشۇنلىرىمىزنىڭ قانداق ھالەتتە تۇرغانلىقىنى ئارمىيەمىزنىڭ بىرەر كىشىسى قانچىلىك بىلسە، كىنەز ئاندرېمۇ شۇنچىلىك بىلەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىستىراتېگىيە پىلانىنى — ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش توغرىسىدا ئەمدى ئويلاشنىڭمۇ ھاجىتى قالمىغان بولسا كېرەك — تامامەن ئۇنتۇپ قالغان ئىدى. ئۇ ئەمدى ۋېروتېر پىلانىغا قوشۇلۇپ، يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان تاسادىپىلىقلارنى ئويلايتتى ۋە ئۆزىنىڭ زىرەكلىكىگە ھەم قەتئىيلىكىنى تەلەپ قىلىشى مۇمكىن بولغان يېڭى مۇلاھىزىلەرنى قىلاتتى.

سول تەرەپتىكى سايلىقتا تۇمان ئىچىدىن كۆرۈنمەيدىغان قوشۇنلار ئارا ئېتىشىشلار ئاڭلاندى. كىنەز ئاندرېغا قىزغىن جەڭ شۇ يەردە بولىدىغاندەك ۋە دۈشمەن شۇ يەردە قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. "مېنى بىرىگادا ياكى دىۋىزىيە بىلەن شۇ يەرگە ئەۋەتىشىدۇ" — دىدى ئۆزىچە، "مەن بېرىپ ئۇ يەردە قولۇمدا بايراق تۇتۇپ ئالغا بېسىپ، ھەرقانداق قارشىلىق بولسا يېڭىمەن".

كىنەز ئاندرې ئۆتۈپ كېتىۋاتقان باتالىيونلارنىڭ بايراقلىرىغا بىپەرۋالىق بىلەن قاراپ تۇرالمايتتى. ئۇ بۇ بايراقلارغا قاراپ: "مەن بەلكى مانا شۇ بايراقنى كۆتىرىپ قوشۇنلارنىڭ ئالدىدا يۈرەرمەن" — دەپ ئويلايتتى.

كەچكى تۇمان سەھەرگە يېقىن ئېگىزلىكلەردە پەقەت شەبنەمگە ئايلانغان قىرونى قالدۇرغان ئىدى، سايلىقلاردا بولسا تۇمان ئەتراپنى ئاپپاق سۈت دېڭىزىدەك قاپلاپ كەتكەن ئىدى. بىزنىڭ قوشۇنلىرىمىز چۈشكەن ۋە ئېتىشىش ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇرغان سول تەرەپتىكى سايلىقتا ھېچنەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئېگىزلىكلەر ئۈستىدە تىنىق كۆپ-كۆك ئاسمان، ئوڭ تەرەپتە بولسا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

غايەت زور قۇياش شارى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئالدىدىكى يىراق تۇمان دېڭىزىنىڭ قىرغىقىدا، دۈشمەن ئارمىيىسى بولۇش ئېھتىمالى بولغان ئورمانزار ئېدىرلار كۆزگە تاشلىناتتى ۋە يەنە نىمىدۇ بىر نەرسىلەر كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئوڭ تەرەپتە گۋاردىيە ئاتلىرىنىڭ تۇياق ئاۋازلىرى ۋە چاقلارنىڭ تاراقشىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، ئارىلاپ نەيزىلىرىنى پارقىرىتىپ تۇمان دائىرىسىگە كىرەتتى؛ سول تەرەپتە، يېزىنىڭ نېرىقى تەرىپىدە شۇنىڭغا ئوخشىغان سان-ساناقسىز ئاتلىق قىسىملار تۇمان دېڭىزىغا يېقىنلىشاتتى ۋە ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ كۆزدىن غايىپ بولاتتى. ئالدىدا ۋە ئارقىدا پىيادە قىسىملار كېلەتتى. باش قوماندان ئۆتۈپ كېتىۋاتقان قوشۇنلارنى كۈزىتىپ، يېزىدىن چىقىش ئاغزىدا تۇراتتى. كۇتۇزوۋ بۇ كۈنى سەھەردە چارچىغان ۋە ئەسەبىلەشكەندەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان پىيادە ئەسكەرلەر، ئالدىنى بىرەر نەرسە توسقان بولسا كېرەك، بۇيرۇقسىزلا توختاپ قالغان ئىدى.

— قېنى، ئېيتىڭا، باتالىيون-باتالىيون بولۇپ سەپكە تىزىلىپ يېزىنى ئايلىنىپ ئۆتۈشسۇنىچۇ، — دېدى كۇتۇزوۋ كېلىۋاتقان گېنېرالغا ئاچچىغلىنىپ، — دۈشمەنگە قارشى يۈرۈپ كېتىۋاتقىنىمىزدا يېزىنىڭ تار كوچىلىرىدىن مۇشۇنداق ئۇزۇن سوزۇلۇپ ئۆتۈشكە بولامدىكىن، شۇنىڭغىمۇ ئەقلىڭىز يەتمىسە، مۇھتەرەم جاناپ، مۇھتەرەم گېنېرال.

— مەن يېزىدىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن سەپكە تىزماقچى ئىدىم، ئالىي ھەزرەت، — دېدى گېنېرال.

كۇتۇزوۋ ئاچچىق كۈلۈپ قويدى.

— دۈشمەننىڭ كۆز ئالدىدا ئادەملەرنى سەپ قىلىپ تۇرسىڭىز

ناھايىتى ياخشى بولار!

— دۈشمەن تېخى يىراقتا، ئالىي ھەزرەت. ئورۇنلاشتۇرما بويىچە......

— ئورۇنلاشتۇرما ئىمىش! — دەپ ۋاقىرىدى كۇتۇزوۋ زەردىسى قايناپ، سىزگە كىم ئېيتتى بۇنى؟...... مەرھەمەت، بۇيرۇقنى ئورۇنلاڭ.

— ياخشى بولىدۇ!

— Moncher (دوستۇم)، دېدى نېسۋىتسكى پىچىرلاپ كىنەز ئاندرېيغا، — le vieux est d'une humeur de chien. (ئاقساقالنىڭ ئۆتى تېشىپ كېتىپتۇ).

شىلەپىسىگە كۆك پەر تاقىغان ئاق كىيىملىك بىر ئاۋسترىيە ئەپىتسەرى كۇتۇزوۋنىڭ ئالدىغا ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ، پادىشا نامىدىن تۆتىنچى كولوننا جەڭگە چىقتىمۇ دەپ سورىدى.

كۇتۇزوۋ ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋاپ بەرمەي، يۈزىنى تەتۈر ئۆرۈۋالدى-دە، كۆزى تۇساتتىنلا يېنىدا تۇرغان كىنەز ئاندرېيغا چۈشتى. كۇتۇزوۋ بولكونسكىنى كۆرۈپ، خۇددى بۇ بولۇۋاتقان ئىش ئۈچۈن ئادىيۇتانتىم گۇناكار ئەمەس دېگەندەك قىلىپ، ئۆزىنىڭ يامان ۋە زەھەرخەندە چىرايىنى يۇمشاتتى. ئۇ ئاۋسترىيە ئەپىتسەرىگە جاۋاپ بەرمەستىن، بولكونسكىغا مۇراجىئەت قىلدى:

— Allez voir, mon cher, si la troisiéme a dépassé le village. Dites-lui de s'arréter et d'attendre mes ordres. (بېرىپ قاراڭچۇ، ئەزىزىم، ئۈچىنچى دىۋىزىيە يېزىدىن ئۆتتىمىكىن. ئېيتىڭ، توختاپ مېنىڭ، مېنىڭ بۇيرۇغۇمنى كۈتسۇن)

كىنەز ئاندرېي مېڭىش بىلەن تەڭ، كۇتۇزوۋ ئۇنى توختىتىۋالدى.

www.uyghurkitap.com

— Et demandez-lui, si les tirailleurs sont postes, — Ce qu'ils font!, Ce qu'ils font (ئالدىنقى ئوقچىلار جاي-جايىغا ئورۇنلاشتىمسىكىن، شۇنىمۇ سوراپ بېقىڭ، — دەپ قوشۇپ قويدى يەنە، — بۇلار نىمە قىلىۋېتىپتۇ، نىمە قىلىۋېتىپتۇ!) — دىدى ئۆزىچە يەنىلا ئاۋستىرىيىلىككە جاۋاپ بەرمەي.

كىنەز ئاندرېي تاپشۇرۇقنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئات چاپتۇرۇپ كەتتى.

ئۇ ئالدىدا كېتىۋاتقان باتالىيونلارنى قوغلاپ يېتىپ، ئۈچىنچى دىۋىزىيىنى توختاتتى ۋە بىزنىڭ كولونىلىرىمىز ئالدىدا ھەقىقەتەن ئوقچىلار يوقلىقىغا ئىشەنچ ھاسىل قىلدى. پولك ئالدىدا كېتىۋاتقان پولك كاماندىرى باش قوماندانىنىڭ ئوقچىلارنى چېچىۋېتىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقىنى ئاڭلاپ ھاڭ-تاڭ بولۇپ قالدى. پولك كاماندىرى ئالدىمىزدا يەنە ئەسكەرلەر بار ۋە دۈشمەنلەر ئون چاقىرىمچە نېرىدا دەپ قاتتىق ئىشەنگەن ئىدى. دەرۋەقە، ئالدىدا بۇ تەرەپكە قاراپ پەسىيىپ بارىدىغان ھەم قويۇق تۇمان بىلەن قاپلانغان چۆل جايلاردىن باشقا ھىچنىمە كۆرۈنمەيتتى. كىنەز ئاندرېي باش قوماندان نامىدىن بۇ خاتالىقنى تۈزىتىشنى بۇيرۇپ ئات چاپتۇرۇپ قايتىپ كەتتى. ئات ئۈستىدە بەستلىك قېرى گەۋدىسىنى مۆكچەيتىپ، يەنە شۇ يەردە تۇرغان كۇتۇزوۋ كۆزىنى يۇمۇپ قاتتىق ئەسنىدى. قوشۇنلار مىدىرلىمايتتى، بەلكى مىلتىقلىرىنى يەلكىسىدىن چۈشۈرۈپ تۇراتتى.

— ياخشى، ياخشى، — دىدى كوتۇزوۋ كىنەز ئاندرېيغا ۋە قولىدا سائەتنى تۇتۇپ، "سول قاناتتىكى ھەممە كولونىلار چۈشۈپ كەتتى، بىزمۇ يولغا چىقىشىمىز كېرەك" — دەپ تۇرغان گېنېرالغا مۇراجىئەت

قىلدى.

تېخى ئۆلگۈرمىز، جانابى ئالىيلىرى، — دېدى كۇتۇزوۋ يەنە ئەسنەپ، — ئۆلگۈرمىز، — دېدى يەنە تەكرارلاپ.

شۇ چاغدا كۇتۇزوۋنىڭ ئارقىسىدا سالام بەرگەن پولكلارنىڭ ئاۋازلىرى يىراقتىن يېتىپ كەلدى ۋە بۇ ئاۋازلار ئالغا بېسىپ كېلىۋاتقان رۇس كولوننىلىرىنىڭ ناھايىتى ئۇزاقـقا سوزۇلـغان لىنىيىلىرىنى بويلاپ تېز يېقىنلىششقا باشلىدى. روشەنكى، پولكلار سالام بېرىۋاتقان ئادەم تېز يۈرۈپ كەلمەكتە ئىدى. ئالدىدا كۇتۇزوۋ تۇرغان پولك ئەسكەرلىرى سالام بېرىپ ۋاقىرىغاندا، ئۇ سەل چەتلەندى-دە، چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ ئارقىسىغا قارىدى. پراتسېن يولىدىن ھەر خىل كىيىم كىيگەن ئاتلىقلار خۇددى ئېسكادروندەك ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. بۇلاردىن ئىككىسى باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئېتىنى باراۋەر چاپتۇرۇپ تېز كەلمەكتە ئىدى. بۇلارنىڭ بىرى قارا فورمىلىق كىيىم كىيگەن، بېشىغا ئاق پەر تاقىغان ۋە ئىنگىلىزچە جابدۇلغان جىرەن ئات مىنگەن؛ ئىككىنچىسى بولسا، ئاق فورمىلىق كىيىم كىيگەن، قارا ئات مىنگەن ئىدى. بۇلار مۇلازىملىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىۋاتقان ئىككى پادىشا ئىدى. كۇتۇزوۋ فۇرونتتا خىزمەت قىلىپ پىشىپ يېتىشكەن پىشقەدەم ھەربىلەرگە خاس ھەركىتى بىلەن قوشۇنلارغا "ھازىر ئول!" دەپ كاماندا بەردى-دە، ساليوت بېرىپ پادىشانىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇنىڭ پۈتۈن قىياپىتى ۋە قىلىقى بىردىنلا ئۆزگىرىپ كەتتى. ئۇ باشلىقلارغا ئىتائەتچان ۋە ئۇلارنىڭ بۇيرۇقلىرى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزۈپ ئولتۇرمايدىغان ئادەم قىياپىتىگە كىردى. ئۇ ھەددىدىن زىيادە ياسىما ھۆرمەت كۆرسىتىپ پادىشانىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ساليوت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بەردى (ئۇنىڭ بۇنداق ھۆرمىتى ئالېكساندرغا ياقمىدى بولغاي).

بۇ يېقىمسىز تەسىرات ياش پادىشانىڭ بەختىيار يۈزىدىن خۇددى ئۇچقۇق ئاسماندىكى تۇمان قالدۇغىدەك سۈزۈلۈپ ئۆتۈپ كەتتى-دە، يەنە دەرھال يوقالدى. ئۇ بىتاپ بولۇپ قالغاندىن كېيىن، بولكونىسكى بىرىنچى مەرتىۋە چەتئەلدە ئولمۇتىس مەيدانىدا كۆرگەندىكىگە قارىغاندا سەل ياداپ قالغان ئىدى؛ لېكىن ئۇنىڭ چىرايلىق ۋە كۆك كۆزلىرىدە ئۇلۇغۋارلىق بىلەن مۇلايىملىقنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان شۇ جازىبە، نازۇك لەۋلىرىدە خىلمۇ-خىل ئىپادىلىنىشى مۇمكىن بولغان ۋە كۆپىرەك خۇشبەخت ھەم ئەيىپسىز ياشلىققا مايىل شۇ ھالەت كۆرۈلۈپ تۇراتتى.

ئۇ ئولمۇتىستا ئۆتكۈزۈلگەن كۆرەكتە ئۇلۇغۋارراق كۆرۈنگەن ئىدى، بۇ يەردە بولسا تېخىمۇ خۇشخۇي ۋە تېخىمۇ روھلۇق كۆرۈندى. ئۇ ئۈچ چاقىرىم يولدىن ئات چېپىپ كېلىپ سەل قىزارغان ئىدى، شۇنىڭ بىلەن ئېتىنى توختاتتى-دە، يېنىكىنە ئۇھ تارتقاندىن كېيىن، ئۆزىگە ئوخشاش ياش ۋە روھلۇق مۇلازىملىرىغا قارىدى. چارتورىژسكى بىلەن نوۋوسىلتسېۋ، كىنەز بولكونىسكى بىلەن ستروگانوۋ ۋە باشقا ئوبدان كىيىنگەن خۇشخۇي ياش يىگىتلەر چىرايلىق، پارقىراپ تۇرىدىغان، شوخ ۋە تېخى ئەمدىلا سەل-پەل تەرلىگەن ئاتلارغا مىنىشىۋېلىشىپ، بىر بىرى بىلەن سۆزلىشىپ ۋە تەبەسسۇم قىلىشىپ، پادىشانىڭ ئارقىسىدا تۇرۇشاتتى، پادىشا فرانس يۈزى سوزۇق ۋە قىزىل ياش يىگىت بولۇپ، چىرايلىق قارا ئاتتا پەۋقۇلئاددە تۈپ-تۈز ئولتۇراتتى ۋە بىر نېمىدىن تەشۋىشلەنگەندەك ئەتراپىغا ئاستا نەزەر سالاتتى. ئۇ ئاق كىيىم كىيگەن ئاديۇتانتلىرىدىن بىرىنى چاقىرىپ بىر نېمىلەرنى سورىدى. "ئۇ

ئېھتىمال، ئۇلاردىن سائەت قانچىدە يولغا چىققانلىقىنى سورىغان بولسا كېرەك“ — دەپ ئويلىدى كىنەز ئاندرېي، كونا تونۇشىنى كۆزىتىۋېتىپ ۋە برونىدا قوبۇل قىلىنغانلىقىنى ئەسلىگەندە تەبەسسۇمىنى باسالماي قېلىپ. پادىشالارنىڭ مۇلازىملىرى گۋاردىيە ۋە ئارمىيە پولكلىرىدىن تاللىۋېلىنغان رۇس ۋە ئاۋستىرىيە جارچى يىگىتلىرىدىن ئىبارەت ئىدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئات ئۈستىلىرى پادىشالارنىڭ گۈللۈك يوپۇقلار يېپىلغان چىرايلىق زاپاس ئاتلىرىنىمۇ تۇتۇپ تۇرۇشاتتى.

خۇددى ھاۋاسى بۇزۇلغان ئۆيگە ئوچۇق تۇرغان دېرىزە ئارقىلىق ساپ دالا ھاۋاسى كىرگەندەك، بۇ كېلىشكەن يىگىتلەرنىڭ ئات چاپتۇرۇپ كېلىشى بىلەن تەڭ، كۆڭۈلسىز كۇتۇزوۋ ئىشتابىدىمۇ بىردىنلا ياشلىق تۇيغۇسى، غەيرەت ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا ئىشەنچ پەيدا بولغان ئىدى.

— نىمىشقا باشلىماي تۇرىسىز، مىخايىل لارىئونوۋىچ؟ — دەپ ئالدىراپ مۇراجىئەت قىلدى پادىشا ئالېكساندىر كۇتۇزوۋقا، شۇنىڭ بىلەن تەڭ پادىشا فرانسقا ھۆرمەت بىلەن قاراپ قويدى.

— كۈتۈپ تۇرىۋاتىمەن، ئالى ھەزرەت، — دىدى كۇتۇزوۋ تازىم قىلىپ.

پادىشا سەل ھومىيىپ ۋە ئاڭلىماي قالغانلىقىنى بىلدۈرمەكچى بولۇپ قۇلىقىنى تۇتتى.

— كۈتۈپ تۇرىۋاتىمەن، ئالى ھەزرەت، — دەپ تەكرارلىدى يەنە كۇتۇزوۋ (كىنەز ئاندرېي كۇتۇزوۋ ”كۈتۈپ تۇرىۋاتىمەن“ دېگەندە، ئۇنىڭ يۇقۇرى لېۋى غەيرى تەبىئى رەۋىشتە تىترىگەنلىكىنى بايقاپ قالدى)، — كولونىلارنىڭ ھەممىسى كېلىپ بولغىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يوق، ئالى ھەزرەت.

پادىشا ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى-يۇ، ئەمما بۇ جاۋاپ ياقمىغان بولسا كېرەك، سەل مۆكچەيگەن يەلكىسىنى قىسىپ، خۇددى كۇتۇ-زوۋدىن شىكايەت قىلغاندەك قاراش بىلەن يېنىدا تۇرغان نوۋوسىلت-سېۋغا قارىدى.

— بىز ھازىر، مىخايىل لارىئونوۋىچ ھەممە پولكلار يېتىپ كەل-مىگىچە كۈرەشنى باشلىمايمىز دەپ ئولتۇرىدىغان تسارىتسىن لوگادا ئەمەسمىز، — دېدى پادىشا ۋە گەپكە قوشۇلمىسىڭىزمۇ مېنىڭ گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ دېگەندەك يەنە پادىشا فرانسىنىڭ كۆزىگە قارىدى؛ لېكىن پادىشا فرانس گەپكە قۇلاق سالماي ھامان ئۇياق-بۇياققا قارايتتى.

— شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ باشلىمايمەنكى، ئالى ھەزرەت، — دېدى كۇتۇزوۋ يەنە ئاڭلىماي قالمىسۇن دېگەندەك يۇقۇرى ئاۋاز بىلەن ۋە ئۇنىڭ يۈزى يەنە نىمە ئۈچۈندۇ لىپىلداپ كەتتى، — شۇنىڭ ئۈچۈن باشلىمايمەنكى، ئالى ھەزرەت، بىز كۆرەكتىمۇ ئەمەس ۋە تسارىتسىن لوگادىمۇ ئەمەس، — دېدى روشەن ۋە ئېنىق قىلىپ.

كۇتۇزوۋنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ دەرھال بىر بىرىگە قاراپ قويغان پادىشا مۇلازىملىرىنىڭ يۈزلىرىدە نارازىلىق ۋە خاپا بولۇش ئالامەت-لىرى ئىپادىلەندى. "ئۇ ھەرقانچە قېرى بولسىمۇ، ئەسلا مۇنداق دېمەسلىكى كېرەك ئىدى" دېگەندەك قىلاتتى ئۇلارنىڭ كۆزلىرى.

پادىشا ئۇ يەنە بىر نەرسە دېمەسمىكىن دەپ كۈتۈپ، كۇتۇزوۋ-نىڭ كۆزلىرىگە ناھايىتى دىققەت بىلەن تىكىلىپ قارىدى. لېكىن كۇتۇزوۋمۇ ئۇنىڭدىن بىرەر گەپ كۈتكەندەك تازىم قىلىپ تۇراتتى. بۇ جىملىق بىرەر مىنۇتچە داۋام قىلدى.

— بىراق، ئەگەر بۇيرۇسىڭىز، ئالى ھەزرەت، — دېدى كۇتۇ-زوۋ بېشىنى كۆتىرىپ ۋە ئاۋازىنى بايىقىدەك قېتىپ قالغان، پىكىر يۈرگۈزمەيدىغان، ئەمما ئىتائەتچان گېنېراللىنىڭ ئاۋازىغا ئۆزگەرتىپ.

ئۇ ئېتىنى "چۇ!" دەپ كولونىنا باشلىقى مىلورادوۋىچىنى ئالدىغا چاقىرىپ، ئۇنىڭغا ھۇجۇم باشلاش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى.

قوشۇنلار يەنە قوزغالدى ۋە نوۋوگورود پولكىنىڭ ئىككى باتالىيونى بىلەن ئاپشېرون پولكىنىڭ بىر باتالىيونى پادىشانىڭ ئالدىدىن ئالغا قاراپ ئۆتۈشكە باشلىدى.

ئاپشېرون باتالىيونى ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا قىزىل يۈزلۈك، شىنېلسىز، پەقەت فورمىلىق كىيىم كىيگەن، كۆكرىگىگە ئوردېنلىرىنى ئېسىۋالغان ۋە چوڭ پەر تاقىۋالغان شلەپىسىنى چېكىسىگە قىڭغىر قىلىپ كىيىۋالغان مىلورادوۋىچ ئېتىنى ئويىنىتىپ ئالدىغا چېپىپ كەلدى ۋە يىگىتلەرچە ساليوت بېرىپ، پادىشانىڭ ئالدىدا ئېتىنىڭ چۇلۇۋۇرىنى تارتتى.

— خۇدايار بولسۇن، گېنېرال، — دېدى ئۇنىڭغا پادىشا.

— Ma foi, sire, nous ferons ce que qui sera dans notre possibilité, sise! (ئالى ھەزرەت، قولىمىزدىن كەلگىنىچە ھەركەت قىلىمىز، ئالى ھەزرەت!) — دېدى مىلورادوۋىچ ئېچىلىپ. ئۇنىڭ فرانسۇزچىسىنى بۇزۇپ سۆزلىگەنلىكى پادىشا مۇلازىملىرى ئارىسىدا مەسخىرە كۈلكىسىنى پەيدا قىلغان ئىدى.

مىلورادوۋىچ بىردىنلا ئېتىنى ئارقىغا بۇراپ پادىشانىڭ ئارقىسىغا ئۆتتى. پادىشانىڭ كېلىشى بىلەن روھلىنىپ كەتكەن ئاپشېرونلىقلار ئىككى پادىشا ۋە ئۇلارنىڭ مۇلازىملىرى ئالدىدىن باراۋەر، مەردانە، تېز قەدەم تاشلاپ ئۆتمەكتە ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— يىگىتلەر! — دېدى مىلورادوۋىچ يۇقىرى ئاۋازدا، خوشال-خورام ۋە مەغرۇر ئاۋاز بىلەن. ئۇ، جەڭنى كۆتۈپ، ئېتىشىش ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ ۋە سۆۋوروۋ دەۋرىدە جەڭگە قاتناشقان يولداشلىرى بولمىش ئاپشېرونلۇق يىگىتلەرنىڭ ئىككى پادىشا ئالدىدىن مەردانە قەدەم تاشلاپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ناھايىتى ھاياجانلىنىپ، پادىشانىڭ تۇرغانلىقىنىمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ قويغانىدەك كۆرۈنەتتى، — يىگىتلەر! سىلەر جەڭگە بىرىنچى مەرتىۋە قاتنىشىۋاتقىنىڭلار يوق! — دېدى ۋاقىراپ.

— جېنىمىز پىدا! — دەپ ۋاقىراشتى ئەسكەرلەر.

پادىشانىڭ ئېتى ئۇشتۇمتۇت چىققان بۇ ۋاقىراش ئاۋازلىرىدىن ئۈركۈپ كەتتى. روسىيەدە بولغان كۆرەكلەردە، بۇ يەردە بولسا ئائۇ ستېرلىتىس دالىسىدا پادىشانى كۆتىرىپ يۈرگەن ۋە ئۇنىڭ سول پۇتى بىلەن بېقىنىغا كەلسە-كەلمەس نىختاشلىرىغا بەرداشلىق بەرگەن بۇ ئات، خۇددى مارس مەيدانىدىكىدەك ئاڭلىنىۋاتقان مىلتىق ئاۋازلىرىنىمۇ، پادىشا فرانسىنىڭ قارا ئايغىرى يېنىدا تۇرغىنىنىمۇ، ئۈستىدىكى ئادەمنىڭ بۈگۈن نىمىلەرنى دېگەنلىكىنى ۋە نىملەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى ھەم نىمىلەرنى سېزىۋاتقانلىقىنىمۇ ئۇقماي، پەقەت قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ تۇراتتى، خالاس.

پادىشا تەبەسسۇم بىلەن مۇلازىملىرىدىن بىرىگە ئاپشېرونلۇق يىگىتلەرنى كۆرسىتىپ بىر نىملەرنى دېدى.

## 16

كۇتۇزوۋ ئۆز ئادىيۇتانتلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا، ئاتلىق مەرگەنلەر

ئارقىسىدىن ئاتتا پىيادە يۈرگەندەك ئاستا يۈرمەكتە ئىدى.

ئۇ كولوننىلارنىڭ ئارقىسىدىن يېرىم چاقىرىم يۈرۈپ، ئىككى يول ئايرىلىشتىن سەل نېرىدىكى خاراپ بولۇپ تاشلىنىپ قالغان (ئېھتىمال، بىر چاغلاردا قاۋاقخانا بولسا كېرەك) يالغۇز بىر ئۆي ئالدىدا توختىدى. ھەر ئىككى يول ئېدىرنىڭ ئېتىگىگە قاراپ كەتكەن ۋە ھەر ئىككى يولدىن قوشۇنلار كېتىۋاتاتتى.

تۇمان تارقىلىشقا باشلىدى ۋە ئىككى چاقىرىمچە نېرىدا قارىمۇ-قارشى تۇرغان ئېگىزلىكلەردە دۈشمەن قوشۇنلىرى خىرە-شىرە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. سول تەرەپتە تۆۋەندە ئېتىشىش ئاۋازلىرى كۈچىيىشكە باشلىغان ئىدى. كۇتۇزوۋ ئاۋسترىيە گېنېرالى بىلەن گەپلىشىپ توختاپ قالدى. سەل ئارقىدا تۇرغان كنيەز ئاندرېي ئۇلارغا قاراپ تۇراتتى ۋە ئاديۇتانتتىن دۇربۇننى سورىماقچى بولۇپ، ئۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلدى.

— قاراڭ، قاراڭ، — دېدى ئاديۇتانت. يىراقتىكى قوشۇنلارغا ئەمەس، بەلكى ئۆز ئالدىدىكى ئېدىرلىققا قاراپ، — بۇلار فرانسۇزلارغۇ!

ئىككى گېنېرال ۋە ئاديۇتانتلار دۇربۇنغا ئېسىلىشىپ، بىرىنىڭ قولىدىن بىرى تارتىۋالماقچى بولۇشاتتى. ھەممەيلەننىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆزگىرىپ كەتتى ۋە ھەممەيلەننىڭ يۈزلىرىدە ۋەھىمە ئەكس ئېتەتتى. فرانسۇزلار ھازىر بىزدىن ئىككى چاقىرىم نېرىدا دەپ ئويلاشقان ئىدى، ئۇلار بولسا ئۇشتۇمتۇت ئالدىمىزدىن چىقىپ قالدى.

— بۇ دۈشمەنمۇ؟... ياقەي!... ھو، قاراڭا، ئۇ...دۈشمەن.... بولسا كېرەك...بۇ قانداق بولغىنى؟ — دېگەن ئاۋازلار ئاڭلاندى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كىنەز ئاندرېي ئوڭ تەرەپتە تۆۋەنــدە، كۇتۇزوۋ تۇرغان جايدىن تەخمىنەن بەش يۈز قەدەم نېرىــدا ئاپشېــرونلىقلارغا قارشى يۈرۈپ كېلىــۋاتــقان فرانــسۇزلارنىڭ زىــچ كولونــنىــسىنى دۇربۇنــسىــز كۆردى.

"مانا، ھەل قىلــغــۇچ پــەيــت كەلــدى! ئەمــدى ماڭــا نــۆۋەت كەلدى" ـــ دېدى كىنەز ئاندرېي ئىچىدە ۋە ئېتىنى قامچىلاپ كۇتۇ- زوۋنىڭ ئالدىغا كەلدى.

ـــ ئاپشېرونلىقلارنى توختىتىش كېرەك، جانابى ئالــىــلىرى! ـــ ۋاقىرىدى كىــنەز ئاندرېي.

لېكىن شۇ ئەسنادا ھەممە تەرەپنى تۈتۈن قاپلاپ كەتتى-دە، شۇ يېقىن ئەتراپتىن قاسىر-قۇسۇر مىلتىق ئاۋازلىرى ئاڭلاندى ۋە كىنەز ئاندرېيــدىن ئىككى قەدەم نېرىــدا تۇرغان كىمــدۇر بىرسى قورقۇپ كېتىپ: "مانا، ئىشىمىز تۈگىدى، بۇرادەرلەر!" ـــ دەپ ۋاقىــرىدى. بۇ ئاۋاز گويا كاماندىدەك بولۇپ، ئۇنى ئاڭلاپ ھەمــمەيلەن قېچىشقا باشلىدى.

بىر بىرىگە ئارىلــىشىپ، بارغانــسېرى كۆپىيــىــۋاتــقان ئالــىــمان ئارقىغا، بۇندىن بەش مىنۇت بۇرۇن قوشۇنلار پادىــشالار ئالدىــدىن ئۆتكەن جايغا قاراپ چاپتى. بۇ ئالىمانىنى توختىتىشنىڭ تەسلىگى بىر ياقــتا تۇرسۇن، توخــتاپ قالاي دېــگەن ئادەمــمۇ شۇلارغا قوشۇلۇپ قېچىشقا مەجبۇر بولاتتى. بولكونسكى پــەقەت ئادەمــلەردىن ئارقىدا قالماسلىقتا تىرىشاتتى ۋە نېمە بولۇۋاتقانلىقىغا ھــېچ چۈشــىنەلــمەي، ھاڭ-تاڭ بولۇپ ئەتراپــىغا قاراپ-قاراپ قوياتــتى. نېســۋىتــسكى ناھايىتى غەزەپ بىلەن قىزىرىپ ۋە تامامەن ئۆزگىرىپ، كۇتۇزوۋقا: "بۇ يەردىن ھازىر كېتىڭ، بولمىسا چوقۇم ئەسىر چۈشىسىز" ـــ دەپ

ۋاقىرىدى. كۇتۇزوۋ ھامان شۇ يەردە تۇرۇپ، ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋاپ بەرمەي، يانچۇغىدىن قول ياغلىقىنى چىقاردى. ئۇنىڭ يۈزىدىن قان ئاقماقتا ئىدى. كىنەز ئاندرې ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ياريدار بولدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى ئىڭىكىنىڭ تىترىگىنىنى ئاران بېسۋېلىپ.

— يارا بۇ يەردە ئەمەس، ئەنە ئاۋۇ يەردە! — دىدى كۇتۇزوۋ قول ياغلىقىنى يۈزىدىكى ئوق تەككەن يەرگە بېسىپ تۇرغان پېتى قېچىپ كېتىۋاتقانلارنى كۆرسىتىپ.

— ئۇلارنى توختىتىڭ! — دەپ ۋاقىرىدى كۇتۇزوۋ ۋە ئۇلارنى توختىتىپ بولۇشقا كۆزى يەتمىگەن بولساكېرەك، ئېتىنى قامچىلىدى-دە، ئوڭ تەرەپكە قاراپ چاپتۇرۇپ كەتتى.

قېچىپ يەنە يوپۇرۇلۇپ كەلگەن ئالىمان ئۇنى ئارقىسىغا سۈرۈپ ئېلىپ كەلدى.

قوشۇنلار شۇنداق زىچ ئالىمان بولۇپ قاچاتتىكى، ئۇنىڭ ئارىسىغا كىرىپ قالغان ئادەمنىڭ قۇتۇلۇپ چىقىشى تەس ئىدى. بىرسى "ماڭساڭچۇ! نىمىشقا توختاپ قالدىڭ؟" — دەپ ۋاقىرايتتى. بىراق ئارقىسىغا قايرىلىپ، ئاسمانغا قارىتىپ ئوق ئاتاتتى؛ بىرسى كۇتۇزوۋ-نىڭ ئېتىنى قامچىلايتتى. كۇتۇزوۋ ئالىمان ئىچىدىن ناھايىتى تەسلىكتە چىقىپ، يېرىمىدىن ئازراق قالغان مۇلازىملىرى بىلەن سول تەرەپكە، شۇ يېقىن ئارىدا ئېتىلىۋاتقان توپلاردىن ئاۋاز ئاڭلىنىۋات-قان تەرەپكە قاراپ كەتتى. كىنەزئاندرې قېچىپ كېتىۋاتقان ئالىمان ئىچىدىن ئاران چىقىپ، كۇتۇزوۋدىن كېيىن قالماسلىققا تىرىشاتتى ۋە كېتىۋېتىپ ئېدىرنىڭ يانباغرىدا تۈتۈن ئىچىدە يەنە ئوق ئېتىۋاتقان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

رۇس توپچىلىرى① ۋە ئوق تەرەپكە قاراپ چېپىپ كېلىۋاتقان فرانسۇز ئەسكەرلىرىنى كۆردى. يۇقۇرىراقتا تۇرغان رۇس پىيادە ئەسكەرلىرى توپچىلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئالغا باسماي، قېچىپ كېتىۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئارقىسىدىنمۇ ئەگەشمەي، قىمىرلىماي تۇراتتى.

— توختىتىڭ بۇ ئەبلەخلەرنى! — دەپ ۋاقىرىدى كۇتۇزوۋ ھۆمدەپ پولك كاماندىرىغا قېچىپ كېتىۋاتقانلارنى كۆرسىتىپ؛ لېكىن شۇ ئان خۇددى بۇ گەپنى ئۈچۈن جازا بولغاندەك، قۇچقاچلار چۇرۇقلاشقانغا ئوخشاش بىر قانچە ئوق چىقىراپ پولك كاماندىرى ۋە كوتوزوۋ مۇلازىملىرى ئۈستىدىن ئۆتۈپ كەتتى.

فرانسۇزلار توپچىلارغا ھۇجۇم قىلىۋاتاتتى، كۇتۇزوۋنى ئوققا تۇتۇشقا باشلىدى. شۇ ئوق ئۆتۈپ كېتىش بىلەن تەڭ پولك كاماندىرى پۇتىنى تۇتۇپ قالدى؛ بىرقانچە ئەسكەر يىقىلدى ۋە پودپرا پورشىك قولىدىكى بايراقنى تاشلىۋەتتى؛ بايراق تەۋرىنىپ كەتتى-دە، يېنىدىكى ئەسكەرنىڭ مىلتىغىغا ئىلىنىشىپ يەرگە يىقىلدى.

ئەسكەرلەر كوماندىسىز ئېتىشقا باشلىدى.

— ئۇھ! ئۇھ! — دىدى ئۈمىتسىزلىنىپ نالە قىلغان قىياپەت بىلەن كۇتۇزوۋ، — بولكونسكى، — دىدى پىچىرلاپ قېرىپ كۈچىدىن قالغانلىقىنى بىلىپ تىترىگەن ئاۋازى بىلەن، — بولكونسكى، — دىدى پىچىرلاپ يەنە چېچىلىپ كەتكەن باتالىيون ۋە دۈشمەننى كۆرسىتىپ، — بۇ قانداق بولغىنى؟

---

① بىرقانچە توپ ۋە مىناميوتتىن تۈزۈلگەن توپچىلار ياكى مىناميوتچىلار گۇرۇپپىسى. — تەر.

لېكىن ئۇ گېپىنى ئېيتىپ تۈگەتكىچە، كىنەز ئاندرېي نومۇس ۋە غەزەپتىن يىغا ياشلىرى بوغۇزىغا تىقىلغانلىغىنى سېزىپ، ئاتتىن ئۆزىنى تاشلىدى-دە، بايراققا قاراپ يۈگۈردى.

— يىگىتلەر، ئالغا! — دەپ ۋاقىرىدى ئۇ بالىدەك چىقىراپ.

"مانا پۇرسەت كەلدى!" — دەپ ئويلايتتى كىنەز ئاندرېي بايراقنى قولىغا ئېلىپ ۋە ئوقنىڭ چىقىرىغان ئاۋازىنى ھوزۇرلىنىپ ئاڭلاپ (دۈشمەنلەر بۇ ئوقلارنى بولۇپمۇ شۇنىڭغا قارىتىپ ئېتىۋاتقاندەك ئىدى). بىر قانچە ئەسكەر يىقىلدى.

— "ئۇررا!" — دەپ ۋاقىرىدى كىنەز ئاندرېي ئېغىر بايراقنى قولىدا ئاران تۇتۇپ تۇرۇپ ۋە پۈتۈن باتالىيون ئارقىمدىن چاپىدۇ دىگەن شۈبھىسىز ئىشەنچ بىلەن ئالغا قاراپ يۈگۈردى.

دەرھەقىقەت، ئۇ بىرنەچچە قەدەمنى ئۆزى يەككە باستى. ئاۋال بىر، ئىككى ئەسكەر، ئۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈن باتالىيون "ئۇررا!" — دەپ ۋاقىراپ ئالغا يۈگۈردى ۋە ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدى. باتالىيون ئۇنتېر-ئەپتىسەرى يۈگرەپ بېرىپ، ئېغىرلىغىدىن تەۋرىنىپ تۇرغان بايراقنى كىنەز ئاندرېينىڭ قولىدىن ئالدى، لېكىن شۇئان ھالاك بولدى. كىنەز ئاندرېي بايراقنى يەنە قولىغا ئالدى-دە، سېپىدىن تۇتۇپ سۆرىگىنىچە، باتالىيون بىلەن بىللە ئالغا يۈگۈردى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئالدىدا توپچىلىرىمىزنى كۆردى، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى دۈشمەن بىلەن ئېلىشىۋاتقان ئىدى، بىر قىسمى توپ-زەمبىرەكلەرنى تاشلاپ قېچىپ كېلىۋاتاتتى؛ ئۇ فرانسۇز پىيادە ئەسكەرلىرىنىمۇ كۆردى، ئۇلار توپ-زەمبىرەك ئاتلىرىنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتاتتى ۋە توپ-زەمبىرەكلىرىنى بىز تەرەپكە قارىتىپ توغرىلىماقتا ئىدى. كىنەز ئاندرېي باتالىيون بىلەن بىللە توپ-زەمبىرەكلەرگە يىگىرمە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قەدەم يېقىن بېرىپ قالغان ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۈستىدىن توختىماي چىقىراپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئوق ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ تۇراتتى، ئوڭ ۋە سول تەرىپىدە ئەسكەرلەر ۋاي-ۋاي دەپ نالە قىلىپ يىقىلماقتا ئىدى. لېكىن كىنەز ئاندرې ئۇلارغا قارىمايتتى؛ ئۇ پەقەت ئالدىدا، يەنى توپچىلاردا بولۇۋاتقان ئەھۋاللارغا كۆز سالاتتى. ئۇ فرانسۇز ئەسكىرى بىلەن توپ-زەمبىرەك تازىلايدىغان ئۇزۇن چوتكىنى تالىشىپ-تارتىشىپ تۇرغان، شەپكىسى بىر تەرەپكە قىڭغىر بولۇپ كەتكەن سېرىق زەمبىرەكچىنىڭ گەۋدىسىنى روشەن كۆرۈپ تۇراتتى. كىنەز ئاندرې بۇ ئىككى كىشىنىڭ گاڭگىراپ كەتكەن ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە غەزەپلەنگەن قىياپىتىنى روشەن كۆرۈپ تۇراتتى، لېكىن ئۇلار نېمە قىلىشىۋاتقانلىقىنى ئۆزلىرىمۇ بىلمەيۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

”نېمە قىلىشىۋاتىدىكىن-ھە؟ — دېدى كىنەز ئاندرې ئۇلارغا قاراپ ئىچىدە، — سېرىق زەمبىرەكچىنىڭغۇ قورالى يوق، ئۇ نېمىشقا قاچمايدىكىن-ھە؟ فرانسۇز نېمىشقا ئۇنىڭغا نەيزىسىنى تىقمايدىكىن-ھە؟ ئۇ قېچىپ ئۈلگۈرگىچە فرانسۇز مىلتىقىنى يادىغا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا نەيزە تىقسا كېرەك“.

دەرھەقىقەت، شۇ چاغ، باشقا بىر فرانسۇز ئەسكىرى مىلتىقىنى توغرىلىغان پېتى بۇ ئېلىشىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى: بېشىغا نېمە ئىش كېلىشىنى تېخىچە بىلمەي، فرانسۇزنىڭ قولىدىن چوتكىنى تارتىپ ئالغانلىقى ئۈچۈن تەنتەنە قىلىپ تۇرغان سېرىق چاچ زەمبىرەكچىنىڭ تەقدىرىمۇ ھەل بولۇشى كېرەك ئىدى، لېكىن كىنەز ئاندرې بۇ ماجرا نېمە بىلەن تۈگىگەنلىكىنى كۆرەلمىدى. شۇ چاغ ئۇنىڭغا يېقىندا تۇرغان ئەسكەرلەردىن

بىرى يوغان تاياق بىلەن راسا كېلىشتۈرۈپ بېشىغا ئۇرغانىدەك تۇيۇلدى. بېشى بىر ئاز ئاغرىغاندەك قىلدى، لېكىن بۇنىدىنمۇ يامانراغى شۇ ئىدىكى، بۇ ئاغرىق ئۇنىڭ خىيالىنى چېچىۋېتىپ، ھېلىقى ئەھۋاللارنى كۆزىتىشكە دەخلى قىلغان ئىدى.

"نىمە بولدى؟ يىقىلىپ چۈشۈۋاتىمەنمۇ؟ ئايىغىمدىن جان چىقىۋا-تىدۇ" — دەپ ئويلىدى كىنەز ئاندرېي ۋە ئۆگدىسىغا يىقىلدى. ئۇ فرانسۇزلار بىلەن زەمبىرەكچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى تارتىشىشنىڭ نىمە بىلەن تۈگىگەنلىگىنى كۆرۈش ۋە سېرىق چاچ زەمبىرەكچىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىگى ياكى تىرىكلىگىنى، توپ-زەمبىرەكلىرىمىزنىڭ دۈشمەن قولىغا چۈشكەنلىگى ياكى ئۆز كىشىلىرىمىز ئېلىپ كەتكەنلىگىنى بىلىش ئۈچۈن كۆزىنى ئاچتى. لېكىن ھېچنىمىنى كۆرەلمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىدە ئىگىز، خىرە، لېكىن ھەرھالدا ناھايىتى ئىگىز، كۈلرەڭ بۇلۇتلار ئاستا-ئاستا ئۈزۈپ يۈرگەن ئاسماندىن باشقا ھېچنەرسە يوق ئىدى. "نىمە دىگەن جىمجىت، تىنچ ۋە ھەشە-مەتلىك، مەن يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان چاغدىكىگە ھېچ ئوخشىماي-دۇ"، — دىدى كىنەز ئاندرېي ئىچىدە، — "بىز يۈگۈرگەن، ۋاقىرىغان ۋە ئېلىشقان چاغدىكىگە ھېچ ئوخشىمايدۇ؛ فرانسۇز بىلەن زەمبىرەك-چى غەزەپ ۋە ۋەھىمە ئىچىدە چوتكىنى تالىشىپ-تارتىشقان چاغدىكىدەك ئەمەس، بۇ ئىگىز ۋە بىپايان ئاسماندىكى بۇلۇت تامامەن باشقىچە ئۈزۈۋاتاتتى. بۇ ئىگىز ئاسماننى نىمىشقا مەن شۇ چاققىچە كۆرمىگەندىمەن؟ مەن نىمە دىگەن بەختلىك، مەن ئۇنى ئاخىر كۆردۈم. شۇنداق! بۇ بىپايان ئاسماندىن باشقا ھەممىسى بىمەنە، ھەممىسى يالغان. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچنەرسە، ھېچنەرسە يوق. ھەتتا شۇ ئاسمانمۇ يوق، سۈكۈنات ۋە تىپ-تىنچلىقتىن باشقا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھېچنەرسە يوق. خۇداغا شۈكۈر!......"

## 17

باگراتىيوننىڭ ئوڭ قانىتىدا سائەت توقتۇزدا جەڭ تېخى باشلانمىغان ئىدى. كىنەز باگراتىيون دولگورۇكوۋنىڭ جەڭنى باشلاش توغرىسىدىكى تەلىۋىگە قوشۇلغۇسى كەلمىدى ۋە جاۋاپكارلىقنى بويىنىدىن ساقىت قىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا بۇ ھەقتە باش قوماندانىدىن سوراپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتىشنى تەكلىپ قىلدى. باگراتىيون ئىككى قاناتنى بىر بىرىدىن ئاجرىتىپ تۇرغان ئارىلىقنىڭ ئون چاقىرىم دېگۈدەك كېلىدىغانلىقىنى، ئەۋەتىلگەن ئادەم ھالاك بولماي (ھالاك بولۇش ئېھتىمالى كۆپرەك ئىدى)، ھەتتا باش قوماندانىنى تاپقان تەقدىردىمۇ (باش قوماندانىنى تېپىش تەس ئىدى)، كەچقۇرۇندىن بۇرۇن قايتىپ كېلەلمەسلىكىنى بىلەتتى.

باگراتىيون ئۆزىنىڭ يوغان، ھېچنېمىنى ئىپادە قىلمايدىغان ۋە ئۇيقۇسىزلىقتىن قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن مۇلازىملىرىغا قاراپتتى، روستوۋنىڭ مېنى ئەۋەتەرمىكىن دەپ ھاياجان ۋە ئۈمىت ئىچىدە ئىختىيارسىز قېتىپ قالغان باللارچە چىرايى بىرىنچى بولۇپ ئۇنىڭ كۆزىگە چۈشتى. ئۇ روستوۋنى ئەۋەتتى.

— ئەگەر باش قوماندانىدىن بۇرۇن پادىشا ھەزرەتلىرىنى ئۇچرىتىپ قالسامچۇ، جانابى ئالىلىرى؟ — دېدى روستوۋ قولىنى شەپكىسىنىڭ سايىۋىنىگە قويۇپ.

— پادىشاھەزرەتلىرىگە ئېيتسىڭىزمۇ بولىدۇ، — دېدى دولگورۇكوۋ ئالدىراپ باگراتىيوننىڭ ئاغزىدىن گېپىنى تارتىۋېلىپ.

روستوۋ نوۋەتچىلىگى تۇگىگەنىدىن كېيىن تاڭغا يېقىن بىر ئاز ئۇخلىۋالغاچقا، ئۆزىنى ھازىر خوشال، جەسۇر، دادىل، ھەركەتتە شۇنچىلىك ئەپچىل، ئۆز بەختىگە شۇنچە ئىشەنگەن ۋە كەيپى شۇنچە چاغ ھېس قىلاتتىكى، ھەممە ئىش ئۇنىڭغا ئاسان، كۆڭۈللۈك ۋە مۇمكىن كۆرۈنەتتى.

ئۇنىڭ ھەممە ئۈمىدى بۈگۈن ئەتىگەندە ئەمەلگە ئاشتى: دۈشمەنگە قارشى چوڭ جەڭ باشلىنىپ، جەڭگە قاتناشتى؛ ئەڭ باتۇر گېنېرالغا جارچى بولدى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە تاپشۇرۇق بىلەن كۇتۇزوۋ ۋە بەلكى پادىشا ھوزۇرىغا باراتتى. ئەتىگەندە ھاۋا ئوچۇق، تېگىدىكى ئات ناھايىتى قابىل ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى روشەن، ئۆزى خۇشبەخت ئىدى. ئۇ بۇيرۇقنى ئالدى-دە، ئېتىنى بولۇشىغا قويۇپ بېرىپ، لىنىيە بويلاپ چېپىپ كەتتى. ئاۋال ئېخى جەڭگە كىرمەستىن قىمىرلىماي تۇرغان باگراتىيون قوشۇنلىرى لىنىيىسىنى بويلاپ كەتتى: كېيىن ئۇۋاروۋ ئاتلىقلىرى ئىشغال قىلىپ تۇرغان بوشلۇققا چىقىپ، بۇ يەردە قوشۇنلارنىڭ ھەركەتكە كەلگەنلىكىنى ۋە جەڭگە تەييارلىق قىلىش ئالامەتلىرىنى بايقىدى؛ ئۇۋاروۋ ئاتلىقلىرى تۇرغان جايدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئالدى تەرەپتە زەمبىرەك ۋە مىلتىقلارنىڭ ئېتىلغان ئاۋازلىرىنى ئېنىق ئاڭلىدى. ئېتىشىش ئاۋازلىرى بارغانسېرى كۈچەيمەكتە ئىدى.

بايا يەككە-يەككە، ئىككىدىن، ئۈچتىن ئېتىلىۋاتقان مىلتىق ۋە بۇلارنى ئارىلاپ بىر ياكى ئىككى گۈمبۈرلەپ زەمبىرەك ئاۋازلىرى ئاڭلىنىۋاتقان بولسا، ئەمدى ئەتىگەندىكى ساپ ھاۋادا، ئېدىرلارنىڭ يانباغرىدىن، پراتسېن ئېگىزلىكلىرىنىڭ ئالدىدا مىلتىقلارنىڭ قاسىر-قۇسۇرى ۋە زەمبىرەكلەرنىڭ گۈمبۈرلىشى شۇنچىلىك تېزلىشەتتىكى،

www.uyghurkitap.com

ئارقىمۇ-ئارقا ئېتىلغان زەمبىرەكلەرنىڭ گۈمبۈرلىشى بەزىدە بىر بىرىگە قوشۇلۇپ كېتىپ، گۈمبۈرلىگەن بىرگىنە ئاۋازغا ئايلىنىپ كېتەتتى.

يانباغىرلاردا مىلتىقلاردىن چىققان ئىسلارنىڭ بىر بىرىنى قوغلىشىپ يۈرگەندەك ئۇچۇپ يۈرگەنلىكى، زەمبىرەكلەردىن پۇرقىراپ چىققان ئىسلارنىڭ يېيىلغانلىغى ۋە بىر بىرىگە قوشۇلۇپ كېتىۋاتقانلىغى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئىسلار ئارىسىدا پارقىراپ تۇرغان نەيزىلەردىن پىيادە ئەسكەرلەرنىڭ يۈرۈپ كېتىۋاتقانلىغى، يېشىل ساندۇقلۇق توپ-زەمبىرەكلەرنىڭ قاتار-قاتار بولۇپ كېلىۋاتقانلىغى بىلىنىپ تۇراتتى.

روستوۋ نىمە بولۇۋاتقانلىغىنى ئوبدانراق كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن، ئېتىنى ئىگىزلىكتە بىر پەس توختاتتى؛ لېكىن ھەرقانچە دىققەت بىلەن سىنچىلاپ قارىسىمۇ نىمە بولۇۋاتقانلىغىنى ھېچ بىلەلمىدى: ئىس ئىچىدە قانداقتۇ كىشىلەر، ئىسنىڭ ئالدىدا ۋە كەينىدە قانداقتۇ قوشۇنلار ئۆمىلىشىپ كەلمەكتە ئىدى؛ نىمىشقا كېلىۋاتىدۇ؟ بۇلار كىملەر؟ قاياقتا كېلىۋاتىدۇ؟ — ھېچ چۈشىنىپ بولمايتتى. بۇلارنى كۆرۈپ ۋە بۇ ئاۋازلارنى ئاڭلاپ، روستوۋنىڭ روھى چۈشۈش ياكى قورقۇش بۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى ئەكسىچە، غەيرىتى ئېشىپ، ئۆزىنى دادىل ھېس قىلدى.

”ھە، ئات، ئات، يەنە ئات!“ — دىدى روستوۋ ئىچىدە ۋە يەنە لىنىيە بويىلاپ ئات چېپىپ، جەڭگە كىرگەن قوشۇنلار دائىرىسىگە بارغانسېرى ئىچكىرىلەپ كىرىپ كېتىۋەردى.

”نەتىجىسى قانداق بولۇشىنىغۇ بىلمەيمەن، لېكىن ياخشى بولدى!“ — دىدى روستوۋ ئۆزىچە.

روستوۋ قانداقتۇ ئاۋسترىيە قوشۇنلىرى تۇرغان جايدىن ئۆتۈپ، ئۇنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى لىنىيىنىڭ (بۇ گۋاردىيە ئىدى) ئاللىقاچان جەڭگە كىرگەنلىكىنى كۆردى.

"ناھايىتى ئوبدان بوپتۇ! يېقىنراقتىن كۆرىمەن"، — دەپ ئويلىدى روستوۋ.

ئۇ ئالدىنقى لىنىيىنى بويلاپ دىگۇدەك يۈردى. بىرقانچە ئاتلىقلار ئۇنىڭ قارشىسىدىن ئات چاپتۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇلار بىزنىڭ لېيب-ئۇلانلىرىمىز① بولۇپ، سەپلىرى بۇزۇلغان ھالدا ھۇجۇمدىن قايتىپ كەلمەكتە ئىدى. روستوۋ بۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بىرىنىڭ قانغا بويالغانلىغىنى كۆرۈپ قالدى.

"مېنىڭ بۇنداق ئىشلار بىلەن كارىم يوق!" — دىدى روستوۋ ئىچىدە.

ئۇ شۇندىن كېيىن تېخى بىرقانچە يۈز قەدەم نېرى يۈرمەي تۇرۇپلا، سول تەرىپىدىن يولنى كېسىپ ئۆتكەن قارائاتلىق ئاپپاق ئازادە فورملىق كىيىم كىيگەن زور بىر تۈركۈم ئاتلىقلار كۆرۈندى، بۇلار پۈتۈن دالا بويىچە سوزۇلۇپ، ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ ئۇنىڭ قارشىسىغا كەلمەكتە ئىدى. روستوۋ بۇ ئاتلىقلارنىڭ ئالدىدىن تېزرەك ئۆتۈپ كەتمەكچى بولۇپ، ئېتىنى بولۇشىغا قويۇپ بەردى، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئاتلىرى شۇ خىلدا تېزلىك بىلەن يۈرگەن بولسا ئىدى، روستوۋ ئاللىقاچان ئۆتۈپ بولغان بولاتتى، بىراق ئۇلار ئاتلىرىنى تېخىمۇ تېزلەتتى ۋە بەزىبىر ئاتلار ھەتتا چېپىشقا باشلىدى. ئات تۇياقلىرىنىڭ

---

① لېيب-ئۇلان — مونارخىيە مەملىكەتلىرىدە، يېنىك ئاتلىقلاردا خىزمەت قىلىدىغان، مونارخ ۋە پادىشا ئوردىسىنى قوغداش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان، ئالاھىدە ئىمتىيازلىق ئەپتىسەرلەر. — تەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تۇپۇرلاشقان ئاۋازلىرى ۋە قۇراللارنىڭ شىرىقلاشلىرى تېخىمۇ يېقىنراق ئاڭلىنىپ، روستوۋ ئۇلارنىڭ ئاتلىرىنى، گەۋدىلىرى ۋە ھەتتا يۈزلىرىنىمۇ كۆرۈشكە باشلىدى.

بۇلار قارشى تەرەپتىن كېلىۋاتقان فرانسۇز ئاتلىقلىرىغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن كېتىۋاتقان بىزنىڭ ئاتلىقلار گۋاردىيىمىز ئىدى.

ئاتلىق گۋاردىيىچىلەر ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، يەنىلا ئاتنىڭ بېشىنى قويۇپ بەرمەي، چۇلۋۇرىنى تارتىپ تۇراتتى. روستوۋ ئۇلارنىڭ چىرايلىرىنى كۆرۈپ ۋە ئۆزىنىڭ قابىل ئېتىنى بولۇشىغا پۇتۇنلەي قويۇپ بەرگەن ئەپىتسەرنىڭ "مارش، مارش!" دېگەن كوماندىسىنى ئاڭلاپ تۇراتتى. روستوۋ ئاياق ئاستى بولۇشتىن ياكى بۇلارغا قوشۇلۇپ كېتىپ، فرانسۇزلارغا قارشى ھۇجۇمغا بېرىپ قېلىشتىن ۋەھىمە قىلىپ، ئېتىنى جېنىنىڭ بېرىچە قويۇپ بەرگەن بولسىمۇ، بۇلار يېتىپ كەلگىچە يەنىلا ئۆتۈپ كېتەلمىدى.

ئەڭ چەتتىكى بويى غايەت چوڭ، چوقۇر يۈزلۈك ئاتلىق گۋاردىيىچى ئۆز ئالدىدا روستوۋنى كۆرۈپ ھۆمىيىپ قويدى، چۈنكى، ئۇنىڭ روستوۋ بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىشى مۇقەررەر بولۇپ قالغان ئىدى. ئەگەر روستوۋ ئاتلىق گۋاردىيىچى ئېتىنىڭ كۆزىگە قامچا تەككۈزۈپ قويمىغان بولسا، بۇ ئاتلىق گۋاردىيىچى روستوۋغا ئۇرۇلۇپ، ئۇنى ئات-پېتى بىلەن قوشۇپ ئاغدۇرۇپ تاشلىغان بولاتتى (روستوۋنىڭ ئۆزى بۇ سېمىز ئاتلارغا مىنگەن بەستلىك كىشىلەر ئالدىدا ناھايىتى كىچىك ۋە نىمجان كۆرۈنەتتى). غايەت زور بۇ قارا ئات ھۈركۈپ كېتىپ، قۇلىقىنى دىڭگايتتى؛ بىراق چوقۇر يۈزلۈك ئاتلىق گۋاردىيىچى يوغان دۈشتىكۈچى بىلەن ئاتنىڭ بېقىنىغا شۇنداق نىقتىغان ئىدىكى، ئات قۇيرۇقىنى سىلكىپ ۋە

بوينىنى سوزغىنىچە تېخىمۇ تېز چېپىشقا باشلىدى. ئاتلىق گۋاردىيىچىلەر ئۆتۈپ كېتىشى بىلەن تەڭ، روستوۋ ئۇلارنىڭ "ئۇررا!" — دەپ ۋاقىرىغان ئاۋازلىرىنى ئاڭلىدى ۋە ئارقىسىغا قايرىلىپ قاراپ، ئۇلارنىڭ ئالدىنقى سەپلىرىنىڭ قىزىل پاگون تاقىۋالغان يات ئاتلىقلار، ئېھتىمال فرانسۇز ئاتلىقلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. شۇنىڭدىن كېيىن نېمە بولغانلىقىنى كۆرەلمىدى، چۈنكى، شۇنىڭدىن كېيىن دەرھال نەدىندۇر بىر ياقتىن زەمبىرەكلەر گۇمبۇرلەپ ئېتىلىشقا باشلىدى ۋە ھەممە تەرەپنى ئىس قاپلاپ كەتتى.

ئاتلىق گۋاردىيىچىلەر ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىپ، تۇتۇن ئىچىدە كۆزدىن غايىپ بولغان شۇ ئەسنادا، روستوۋ شۇلارنىڭ ئارقىسىدىن چاپايمۇ، ياكى يولۇمغا كېتىۋېرەيمۇ، دەپ دىلىغۇل بولۇپ قالدى. بۇ ئاتلىق گۋاردىيىچىلەرنىڭ شۇنداق پارلاق ھۇجۇمى بولغان ئىدىكى، ئۇنىڭدىن فرانسۇزلارنىڭ ئۆزىمۇ ھەيران قالغان ئىدى. روستوۋ ئۆزىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتكەن مۇشۇنىچە زور كېلىشكەن كىشىلەردىن، قىممەت باھا ئاتلارنى مىنگەن شۇنىچە دۆلەتمەن كىشىلەر ۋە يىگىتلەردىن، ئەپىتسەر ۋە ئۆگەنچۈك ئەپىتسەرلەردىن ھۇجۇمدىن كېيىن پەقەت ئون سەككىزلا ئادەم قالغانلىقىنى كېيىنرەك ئاڭلىغاندا، يۈرىكى سىقىلىپ كەتتى.

"بۇلارغا ھەۋەسلىنىپ نېمە قىلاي، جەڭ قىلىش مېنىڭدىن قاچمايدۇ، مەن ئېھتىمال پادىشانى كۆرەرمەن!" — دېدى روستوۋ ئىچىدە ۋە ئېتىنى چاپتۇرۇپ ئۆز يولىغا كەتتى.

گۋاردىيىچى پىيادە ئەسكەرلەر تۇرغان يەرگە يېتىپ كەلگەندە، روستوۋ بۇلارنىڭ ئۈستىدىن ۋە يېنىدىن زەمبىرەك ئوقلىرى ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايقىدى، بۇنى زەمبىرەك ئوقلىرىنىڭ ئاۋازىدىن

كۆرە، كۆپرەك ئەسكەرلەرنىڭ تەشۋىشكە چۈشۈپ قالغانلىقىدىن ۋە ئەپتەرلەر ئۆزلىرىنى غەيرى تەبىئىي رەۋىشتە مەردانە تۇتۇشقا ھەركەت قىلىشلىرىدىن بىلدى.

روستوۋ بىر گۋاردىيىچى پىيادە ئەسكەرلەر پولكى لىنىيىسىنىڭ ئارقىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، كىمدۇ بىرسى ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ چاقىردى.

— روستوۋ!

— نىمە؟ — دېدى ئۇ بورىسنى تونۇماي.

— قانداق، بىز بىرىنچى لىنىيىگە چۈشۈپ قالدۇق! بىزنىڭ پولكىمىز ھۇجۇمغا ئاتلاندى! — دېدى بورىس جەڭنى بىرىنچى قېتىم كۆرگەن ياش يىگىتلەردە بولىدىغان خۇشبەختە تەبەسسۇم بىلەن كۈلۈمسىرەپ.

روستوۋ توختاپ قالدى.

— مۇنداق دېگىنە! — دېدى ئۇ، — خوش، نىمە بولدى.

— بىز دۈشمەنلەرنى ئۇلاقتۇرۇپ تاشلىدۇق! — دېدى بورىس خوشاللىق بىلەن ئاغزى ئېچىلىپ، — كۆز ئالدىڭغا كەلتۈرەلەمسەن؟

شۇنىڭ بىلەن بورىس پوزىتسىيىنى ئىشغال قىلغان گۋاردىيىنىڭ ئالدىدىن قانداق قىلىپ قوشۇن چىقىپ قالغانلىقىنى، گۋاردىيە بۇنى ئاۋستىرىيىلىكلەر دەپ ئويلىغانلىقىنى ۋە كېيىن توساتتىن بۇ قوشۇننىڭ زەمبىرەك ئېتىشىدىن ئۆزىنىڭ بىرىنچى لىنىيىدە تۇرغانلىقىنى بىلىپ، جەڭ باشلاشقا مەجبۇر بولۇپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى، روستوۋ بورىسنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بولمايلا ئېتىنى "چۇ!" دەپ كەتتى.

— قاياققا كېتىۋاتىسەن؟ — دېدى بورىس.

— بىر تاپشۇرۇق بىلەن ئالى ھەزرەتلىرىنىڭ ھوزۇرىغا.

— ئۇ كىشى ئەنە ئۇ يەردە! — دېدى بورىس روستوۋنىڭ "ئالى ھەزرەت" دېگىنى قۇلىغا "جانابى ئالىيلىرى" دەپ ئاڭلىنىپ.

ئۇ روستوۋغا يۈز قەدەم نېرىدىراق بېشىغا دۇبۇلغا، ئۈستىگە ئاتلىق گۋاردىيىچى فورمىلىق كىيىم كىيگەن، يەلكىلىرى كۆتىرىلىپ تۇرغان، قاپىقىنى سېلىپ، رەڭگى-رۇخسارى ئۆچكەن، ئاق كىيىملىك ئاۋسترىيە ئەپتىسەرىگە بىر نىمە دەپ ۋاقىراۋاتقان ئۇلۇغ كىنەزنى كۆرسەتتى.

— بۇ كىشى ئۇلۇغ كىنەز ئىكەنىغۇ، مەن باش قوماندان ياكى پادىشانى ئىزلەپ يۈرىمەن، — دېدى روستوۋ ۋە ئېتىنى "چۇ!" دەپ كەتمەكچى بولدى.

— گراف، گراف! — دەپ توۋلىدى بورىسقا ئوخشاش كەيپى چاغ بېرگ نېرىقى تەرەپتىن يۈگرەپ كېلىۋېتىپ، — گراف، مېنىڭ ئوڭ قولۇم يارىدار بولدى (ئۇ قول ياغلىقى بىلەن باغلانغان ۋە قانغا بويالغان قولىنى كۆرسەتتى) ۋە شۇنداق بولسىمۇ فۇرونتتا قالدىم. گراف، قىلىچنى سول قولۇم بىلەن تۇتىمەن: بىزنىڭ پۈتۈن ئەۋلادىمىز — خون بېرگلار ھەممىسىمۇ رىتسار ئىدى، گراف.

بېرگ يەنە بىر نىمىلەرنى دېدى-يۇ، لېكىن روستوۋ ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي يۈرۈپ كەتتى.

روستوۋ گۋاردىيە يېنىدىن ۋە بوش جايدىن ئۆتۈپ، ئاتلىق گۋاردىيىچىلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ قالغاندەك يەنە بىرىنچى لىنىيىگە چىقىپ قېلىشتىن قورقۇپ، قاسىر-قۇسۇر مىلتىق ۋە گۈمبۈرلىگەن زەمبىرەك ئاۋازلىرى چىقىۋاتقان جايلارنى چەتلەپ، ئارقا سەپ لىنىيىسىنى بويلاپ كەتتى، ئۇ ئۇشتۇمتۇت ئۆزىنىڭ ئالدىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ۋە قوشۇنلىرىمىزنىڭ ئارقا تەرىپىدىن، يەنى دۈشمەن بولۇشىغا ھېچ كۆز يەتمىگەن يېقىن يەردىن مىلتىق ئاۋازلىرى چىققانلىقىنى ئاڭلىدى.

— بۇ نىمە بولۇشى مۇمكىن؟ — دىدى روستوۋ ئىچىدە، — قوشۇن- لىرىمىزنىڭ ئارقا تەرىپىدە دۈشمەن نىمە قىلىپ يۈرۈپتۇ؟ ھېچ مۇمكىن ئەمەس، — دىدى روستوۋ ۋە ئۆزىنىڭ جېنى، جەڭنىڭ يامان ئاقىۋىتى كۆزىگە كۆرۈنۈپ ۋەھىمىگە چۈشتى، — نىمە بولسا بولسۇن، بىراق، — دىدى ئىچىدە، — ئەمدى چەتلەپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق، باش قوماندانىنى مۇشۇ ئەتراپتىن ئىزلىشىم كېرەك ۋە ئەگەر ھەممە ئىش قولدىن كەتكەن بولسا، شۇنىڭ بىلەن بىللە مېنىڭ ئىشىممۇ تامام.

روستوۋ تۇرلۇك تۈمەن قوشۇنلار بېسىپ ئۆتكەن پراتىس يېزى- سىنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى جايلارغا يېقىن بارغانسېرى كۆڭلىگە كەلگەن ھېلىقى يامان خىياللار ئەمەلدە كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

روستوۋ بىر-بىرىگە قوشۇلۇپ ئالمان-تالمان بولغان ھالدا يولنى كېسىپ ئۆتۈپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان رۇس ۋە ئاۋستىرىيە ئەسكەرلى- رىگە يېقىنلاشقاندا:

— بۇ نىمە گەپ؟ نىمە گەپ؟ كىمگە قارىتىپ ئوق ئېتىۋاتىدۇ؟ كىم ئېتىۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

روستوۋغا ئوخشاش قانداق ھادىسە يۈز بەرگەنلىكىنى بىلەلمى- گەن ۋە قېچىپ كېلىۋاتقان ئەسكەرلەر، رۇس، نېمىس ۋە چېخ تىلىدا:

— كىم بىلسۇن! ھەممىنى قىرىپ تاشلىدى! ھازىر ھەممە ئىش تۈگىدى دەپ جاۋاپ بېرىشەتتى.

— ئۇر نېمسلارنى! — دەپ ۋاقىرىدى بىرسى.
— ئۆلسۇن ھەي، بۇ خىيانەتكارلار!
— Zum Henker diese Russen...! (بالاغا ئۇچرىسۇن بۇ رۇسلار!) — دەپ غۇدۇڭشىدى نېمىس.

يولدا بىر قانچە يارىدارلار كېتىپ باراتتى. تىللاشلار، ھاي-ھۇي ۋاقىراشلار، نالە قىلىش ئاۋازلىرى ئومۇمىي بىر ئاۋازغا قوشۇلۇپ كەتكەن ئىدى. ئېتىشىش جىمىپ قالدى ۋە كېيىن روستوۋ بىلگەندەك، رۇس ۋە ئاۋستىرىيە ئەسكەرلىرى بىر بىرىگە ئوق ئېتىشقان ئىكەن.

— ئاپلا، خۇدا ئۇردى! بۇ نىمە دىگەن گەپ؟ — دەيتتى روستوۋ ئىچىدە، — بۇ يەرگە پادىشا ھازىر كېلىپ قېلىپ، ئۇلارنى كۆرۈپ قالسا نىمە بولىدۇ!.... ياق، بۇ پەقەت بىرقانچە ئەبلەختىن چىقىۋاتقان گەپ. بۇلار ئۆتۈپ كېتىدۇ، ھىچۋەقەسى يوق، ئۇنداق بولۇش مۇمكىن ئەمەس، — دىدى ئىچىدە روستوۋ، — لېكىن بۇ يەردىن تېزراق، تېزراق ئۆتۈپ كېتىش كېرەك.

مەغلۇبىيەت ۋە ئەسكەرلەرنىڭ قېچىشلىرى توغرىسىدىكى پىكىر روستوۋنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمەيتتى. ئۇ گەرچە پراتسېن ئېگىزلىگىدە، باش قوماندانىنى ئىزلەش لازىم بولغان جايدا فرانسۇز زەمبىرەكلىرى ۋە قوشۇنلىرىنى كۆرۈپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭغا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى.

## 18

روستوۋ كۇتۇزوۋ بىلەن پادىشانى پراتس يېزىسى ئەتراپىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىزلىشى كېرەك ئىدى. بىراق، بۇ يەردە ئۇلار بۇ ياقتا تۇرسۇن، ھەتتا بىرەر باشلىقمۇ يوق، پەقەت ئالمان-تالمان بولۇپ كەتكەن خىلمۇ-خىل ھەربىي كىشىلەر تۈركۈملىرىلا بار ئىدى، خالاس. روستوۋ بۇ ئالمان-تالمان بولۇپ كەتكەن كىشىلەر تۈركۈملىرىدىن تېزراق ئۆتۈپ كېتىش ئۈچۈن، ھېرىپ كەتكەن ئېتىنى قوغلايتتى، لېكىن ئالغا يۈرگەنسىرى شۇنچە چېچىلىپ كەتكەن ئەسكەرلەرگە ئۇچرايتتى. ئۇ چوڭ يولغا چىقتى، يول ھەر خىل كولەسكە، ئىزۋاش ھارۋىلار، يارىدار بولغان ۋە يارىدار بولمىغان ھەر خىل رۇس ۋە ئاۋستىرىيە ئەسكەرلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەن ئىدى. بۇلار پىراتسېن ئېگىزلىكىگە ئورنىتىلغان فرانسۇز زەمبىرەكلىرىدىن ئېتىلىۋاتقان ئوقلار ئاستىدا ۋاڭ-چۇڭ قىلىشىپ، ئالمان-تالمان قىمىرلىشىپ يۈرەتتى.

— پادىشا نەدە؟ كۇتۇزوۋچۇ؟ — دەپ سورايتتى روستوۋ توختىتىۋالغان ھەر بىر كىشىدىن، لېكىن ھېچكىمدىن جاۋاپ ئالالمايتتى.

ئەڭ ئاخىرىدا، بىر ئەسكەرنى ياقىسىدىن تۇتۇۋېلىپ سوئالىغا جاۋاپ بېرىشكە مەجبۇر قىلدى.

— ھەي، بۇرادەر! ئۇلار ھەممىسى ئاللىقاچان قېچىپ كەتكەن! — دېدى ئەسكەر نېمە ئۈچۈندۇ كۈلۈپ ۋە ياقىسىنى ئۇنىڭ قولىدىن بوشىتىپ.

بۇ ئەسكەر مەس بولسا كېرەك. روستوۋ ئۇنى قويۇپ بېرىپ، بىر كاتتا ئادەمنىڭ مۇلازىمى ياكى ئاتچىسىنىڭ ئېتىنى توختاتتى-دە، ئۇنىڭدىن سوراشقا باشلىدى. مۇلازىم روستوۋغا بۇنىڭدىن بىر سائەت بۇرۇن پادىشانى شۇ يولدىن ھارۋىدا ناھايىتى تېز ئېلىپ ئۆتتى،

پادىشا ئېغىر يارىدار بولغان، دەپ جاۋاپ بەردى.

— بولمىغان گەپ، — دىدى روستوۋ، — باشقا بىرەر ئادەمدۇ.

— ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، — دىدى مۇلازىم ئۆزىگە ئىشەنگەن هالدا ئىلجىيىپ تۇرۇپ، — شۇنچە يۇرۇپ پادىشانى تونۇمىسام: پېتربورگدا نەچچە قېتىم يۇزمۇ-يۇز كېلىپ كۆرگەنمەن. رەڭگى ناهايىتى ئۆچكەن پېتى هارۋىدا ئولتۇرۇپتۇ، تۆت قارائات قوشۇلغان هارۋا ئالدىمىزدىن تاراقلىغان پېتى ئۆتۈپ كەتتى: شۇنچە زامانلار يۇرۇپ پادىشانىڭ ئاتلىرىنىمۇ، ئىلىيە ئىلئىچنىمۇ تونۇمىسام؛ پوچتىكەش ئىلىيە پادىشادىن باشقا ئادەمنى ئېلىپ يۇرمىسە كېرەك.

روستوۋ ئۇنىڭ ئېتىنى قويۇپ بېرىپ، يولىنى داۋام قىلماقچى بولغان ئىدى، يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر يارىدار ئەپىتسەر ئۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلدى.

— هە، سىزگە كىم كېرەك؟ — دەپ سورىدى ئەپىتسەر، — باش قوماندان كېرەكمۇ؟ بىزنىڭ پولكتا كۆكرىكىگە توپ ئوقى تېگىپ ئۆلدى.

— ئۆلمىدى، يارىدار بولدى، — دەپ تۈزەتتى باشقا بىر ئەپىتسەر.

— كىم، كۇتۇزوۋمۇ؟ — دەپ سورىدى روستوۋ.

— كۇتۇزوۋ ئەمەس، هە، ئېتى نىمە ئىدى، بەرىبىر، تىرىك ئادەم ئاز قالدى. ئەنە، يۇرۇڭ، ئاۋۇ يېزىغا بېرىڭ، هەممە باشلىقلار شۇ يەردە يىغىلغان، — دىدى بۇ ئەپىتسەر ۋە گوستىيېردايىك يېزىسىنى كۆرسىتىپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتتى.

روستوۋ هازىر كىمنىڭ ئالدىغا ۋە نىمە ئۇچۇن كېتىۋاتقانلىقىنى بىلمەي ئاستا يۇرەتتى. پادىشا يارىدار بولغان، جەڭدە ئۇتتۇرۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ۋەتكەن. ئەمدى بۇنىڭغا ئىشەنمەي ئىلاجى يوق ئىدى. روستوۋ كىشىلەر كۆرسەتكەن ۋە يىراقتىن مۇنارسى بىلەن چېركاۋى كۆرۈ- نۈپ تۇرغان يېزا تەرەپكە قاراپ كەتتى. ئەمدى ئالدىراپ نىمە قىلاتتى؟ پادىشا بىلەن كۇتۇزوۋ يارىدار بولمىغان ۋە ئۆلمىگەن تەقدىردىمۇ، روستوۋ ئەمدى بېرىپ كۇتۇزوۋغا ياكى پادىشاغا نىمە دىيىشى مۇمكىن ئىدى؟

— ھەي، تۆرەم، مانا بۇ يول بىلەن يۈرۈڭ؛ ئۇ يولدا يۈرسىڭىز ئۆلۈپ كېتىسىز، — دەپ ۋاقىرىدى ئەسكەر، — ئۇ يولدا ئۇق يەيسىز.

— ھەي! نىمە دەۋاتىسەن ئۆزەڭ! — دىدى باشقا بىر ئەسكەر، — بۇ يول بىلەن قاياققا بارىدۇ؟ مانا بۇ يول يېقىن.

روستوۋ بىر ئاز ئويلىنىپ قالدى-دە، كېيىن بۇلار ئوق يەيسەن دىگەن يولدىن كەتتى.

— ئەمدى بەرىبىر! پادىشا يارىدار بولغاندىن كېيىن مەن ئۆزەمنى ئېھتىيات قىلىپ نىمە قىلىمەن؟ — دەپ ئويلايتتى روستوۋ، ئۇ پراتسېن يېنىدىن قېچىپ كەلگەنلەرنىڭ تولىسى ھالاك بولغان شۇ مەيدانغا چىقتى. فرانسۇزلار بۇ جاينى تېخى ئىشغال قىلمىغان، ئۆلمەي قالغان ۋە يارىدار بولغان رۇسلار ئاللىقاچان بۇ جايدىن كەتكەن ئىدى. ھەر يەر-ھەر يەردە ئون، ئون بەشتىن ئۆلۈك ۋە يارىدارلار خۇددى ھەيدەلگەن ئېتىزلاردىكى پىچان باغلىرىدەك ياتاتتى. يارىدارلار ئىككىدىن-ئۈچتىن بولۇپ بىرلىكتە ئۆمىلىشەتتى ۋە بۇلارنىڭ قۇلاققا ناھايىتى يامان كىرىدىغان، بەزىدە روستوۋغا ساختا تۇيۇلغان دات-پەرياتلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. روستوۋنى دەھشەت باستى، ئۇ ئازاپ چېكىۋاتقان بۇ كىشىلەرنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن ئېتىنى قويۇپ بەردى. ئۇ ئۆز جېنىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆزى

ئۈچۈن زۆرۈر بولغان مەرتىلىگەدىن قورقاتتى، چۈنكى، ئۇ بۇ بەختە-
سىزلەرنىڭ مەنزىرىسىنى كۆرگىنىدە يۈرىگىنىڭ چىداپ تۇرالماسلى-
غىنى بىلەتتى.

ئۆلۈك ۋە يارىدارلار بىلەن تولۇپ كەتكەن بۇ مەيداندا بىرەرمۇ
تىرىك ئادەم قالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئوق ئېتىشىنى توختاتقان
فرانسۇزلار بۇ يەردە كېتىۋاتقان ئادىيۇتانتنى كۆرۈش بىلەن تەڭ
ئۇنىڭغا زەمبىرەكنى توغرىلىدى-دە، بىر قانچە پاي ئوق ئاتتى.
ئوقلارنىڭ دەھشەت سېلىپ گۇمبۇرلەپ ئۆتۈشىدىن ۋە ئەتراپتىكى
ئۆلۈكلەردىن ھاسىل بولغان ھىسسىيات بىر بىرىگە قوشۇلۇپ،
روستوۋدا ۋەھىمىلىك بىر تەسىرات تۇغدۇردى ۋە كۆڭلى بۇزۇلۇپ
كەتتى. ئانىسىنىڭ ئاخىرقى خېتى يادىغا كەلدى. "ئەگەر ئانام
مېنى شۇ مەيداندا كۆرسە، دۈشمەن ماڭا قارىتىپ ئوق ئېتىۋاتقان-
لىغىنى بىلسە قانداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالاتتىكىن؟" — دەپ
ئويلايتتى روستوۋ.

گوستىيېردايىك يېزىسىدا جەڭ مەيدانىدىن چېكىنىپ كەلگەن
قالايمىقان رۇس قوشۇنلىرى گەرچە بىر بىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەن
بولسىمۇ، ئەمما بىر ئاز تەرتىپلىك ئىدى. بۇ يەرگە فرانسۇزلارنىڭ
توپ ئوقلىرى يەتمەيتتى، مىلتىق ئاۋازلىرىمۇ ناھايىتى ئۇزاقتىن
ئېتىلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى
جەڭدە ئۇتتۇرۇپ قويغانلىغىنى ئوچۇق كۆرۈپ تۇرۇشاتتى ۋە
شۇنداق دېيىشەتتى. روستوۋ كىمدىن سورىمىسۇن، ھېچكىم نە
پادىشانىڭ نەدىلىگىنى ۋە نە كۇتۇزوۋنىڭ نەدىلىگىنىمۇ ئېيتىپ
بېرەلمەيتتى. بەزىلەر پادىشانىڭ يارىدار بولغانلىغى توغرىسىدىكى
مىش-مىش گەپلەرنى راست دېيىشەتتى، بەزىلەر بولسا: ياق، بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يالغان، ھارۋىدا قېچىپ كەلگەن پادىشا ئەمەس، بەلكى ئوردا مارشالى گراف تولستوي، ئۇ پادىشانىڭ باشقا مۇلازىملىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇرۇش مەيدانىغا بېرىپ قورقۇپ، رەڭگى ئۆچۈپ قايتىشىدا پادىشانىڭ ھارۋىسىغا چۈشۈپ ئارقىسىغا قايتقان، بۇ مىش-مىش گەپ شۇنىڭ بىلەن تارقالغان دەپ چۈشەندۈرەتتى. بىر ئەپتىسەر روستوۋغا يېزىنىڭ سول تەرىپىدە چوڭ باشلىقلاردىن بىرسىنى كۆردۈم، دېدى. روستوۋ شۇ تەرەپكە قاراپ كەتتى، بۇنىڭدىن مەقسەت، بىرەر كىشىنى ئىزلەپ تېپىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە ئۆزى تەسەللى بېرىش ئىدى. روستوۋ ئۈچ چاقىرىمچە يۈرۈپ، رۇس قوشۇنلىرىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئەتراپى ئېرىق بىلەن قورشالغان كۆكتاتلىق ئالدىدا ئېرىق بويىدا تۇرغان ئىككى ئاتلىقنى كۆرۈپ قالدى. شىلەپىسىگە ئاق پەر تاقىۋالغان بىرسى نىمە ئۈچۈندۇ روستوۋغا تونۇشتەك كۆرۈندى؛ چىرايلىق جىرەن ئات مىنگەن (بۇ ئات روستوۋغا تونۇشتەك كۆرۈندى) تونۇش ئەمەس يەنە بىرسى ئېرىققا يېقىن كېلىپ، ئېتىنى دىۋىتكۈچ بىلەن نىقتىدى ۋە چۇلۋۇرىنى قويۇپ بېرىپ، ئېرىقتىن كۆكتاتلىققا سەكرەپ ئۆتتى. ئاتنىڭ ئارقا پۇتى ئېرىق بويىدىكى توپىنى چېچەۋەتتى. ئۇ ئاتنىڭ بېشىنى بۇراپ، ئېرىقتىن سەكرەپ يەنە بۇ تەرەپكە ئۆتتى ۋە ئېرىقتىن ئۆتۈشنى تەكلىپ قىلغان بولسا كېرەك، ئاق پەر تاقىۋالغان ئاتلىققا ھۆرمەت بىلەن مۇراجىئەت قىلدى. روستوۋغا تونۇشتەك كۆرۈنگەن ۋە ئۇنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلغان بۇ ئاتلىق باش ۋە قول ھەركىتى بىلەن ئۇنىڭ تەكلىۋىنى رەت قىلدى. روستوۋ مانا شۇ ھەركەتتىن دەرھال بۇ ئادەم ئۆزىنىڭ ماتەم تۇتۇپ يۈرگەن جانىجان پادىشاسى ئىكەنلىكىنى تونىدى.

— ياق، بۇ پادىشا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، پادىشا ئۆزى يالغۇز بۇ دالىدا نىمە قىلىدۇ، — دەپ ئويلىدى روستوۋ. شۇ پەيت ئالېكساندىر ئارقىسىغا قايرىلىپ قارىدى ۋە روستوۋ ئۆزىنىڭ كۆز ئالدىدىن ھېچقاچان كەتمىگەن سۆيۈملۈك ئالامەتلەرنى كۆردى. پادىشانىڭ رەڭگى ئۆچكەن، مەڭزى ئىچىگە تارتىلغان، كۆزلىرى ئىچىگە پاتقان ئىدى: لېكىن ئۇنىڭ چىرايىدا تېخىمۇ گۈزەللىك ۋە مۇلايىملىق بار ئىدى. روستوۋ پادىشانىڭ يارىدار بولغانلىقى ھەق-قىدىكى مىش-مىش گەپلەرنىڭ يالغان بولۇپ چىققانلىقىغا ئىشەنچ ھاسىل قىلغانلىقى ئۈچۈن ناھايىتى خۇرسەن ئىدى. ئۇ پادىشانى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن سۆيۈنۈپ كەتتى. ئۇ پادىشاغا مۇراجىئەت قىلالايدىغانلىقىنى، ھەتتا بىۋاستە مۇراجىئەت قىلىپ دولگورۇكوۋ بەرگەن تاپشۇرۇقنى ئېيتىشى كېرەكلىكىنى بىلەتتى.

خۇددى ئاشىق بولۇپ قالغان يىگىت مەشۇقى بىلەن ئۇچرىد-شىش ئۈچۈن كۈتۈپ كەلگەن پەيت يېتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن يالغۇز قالغاندا كېچىلىرى ئويلىغان گەپلىرىنى ئېيتالماي تىترەپ، تىلى تۇتۇلۇپ قالغان ۋە گويا بىراۋدىن ياردەم كۈتكەندەك كۆزلىرى چەكچىيىپ ئەتراپقا قارىغان ياكى شۇ گەپلەرنى كېيىنگە قالدۇرۇش ئۈچۈن قېچىش پېيىگە چۈشكەنگە ئوخشاش، روستوۋمۇ ھازىر دۇنيادا ھەممىدىن-بىر ئارزۇسىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، پادىشانىڭ ئالدىغا قانداق بېرىشنى بىلەلمەي قالدى ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىش نىمە ئۈچۈن ئوڭايسىز، نىمە ئۈچۈن ئەدەپلىك ئەمەس ۋە نىمە ئۈچۈن مۇمكىن ئەمەسلىكى توغرىسىدا بېشىغا مىڭ خىل پىكىر-مۇلاھىزىلەر كەلدى.

"بۇ قانداق بولغىنى! مەن خۇددى ئۇنىڭ يالغۇزلىقىنى ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قايغۇغا قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئەمدى ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىشقا پەيت كەلدى دەپ خوشال بولۇپ كېتىۋاتقاندەكمەن. بۇ قايغۇلۇق مىنۇتلاردا تونۇش بولمىغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىشى ئۇنىڭغا مالال كېلەر ۋە ئېغىر تۇيۇلار؛ ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا يەنە نىمە-نىمۇ دەيمەن، ئۇنىڭغا بىر قارىغىنىمدا يۈرىكىم قېتىپ قېلىپ، ئاغزىم قۇرۇپ كېتىۋاتسا؟" پادىشاغا مۇراجىئەت قىلغاندا ئېيتماقچى بولۇپ ئويلاپ قويغان سان-ساناقسىز گەپلىرىنىڭ بىرەرسىمۇ ھازىر ئېسىگە كەلمەيتتى. ئۇ گەپلەر تامامەن باشقا شارائىتتا، كۆپرەك غەلىبە ۋە تەنتەنە پەيتىدە، خۇسۇسەن ياردار بولۇپ ئۆلۈم ئالدىدا ياتقان چاغدا، پادىشا ئۇنىڭغا قەھرىمانلارچە ئىش كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن تەشەككۈر بىلدۈرگەن پەيتتە، ئەمەلدە كۆرسەتكەن ئۆز ساداقىتىنى جان ئۈزۈۋېتىپ ئۇنىڭغا ئىزھار قىلىدىغان چاغدا ئېيتىشقا مۆلچەرلىگەن گەپلەر ئىدى.

"ھازىر كەچ سائەت ئۈچتىن ئۆتكەن ۋە جەڭدە ئۇتتۇرۇپ قويغان چاغدا، ئۇنىڭ قاناتىنىڭ جەڭگە كىرىش-كىرمەسلىكى توغرىسىدا پادىشادىن قانداق قىلىپ بۇيرۇق سورايمەن؟ ياق، چوقۇم ئۇنىڭ ئالدىغا بارماسلىقىم كېرەك، ئۇنىڭ ئوي-پىكرىنى چاچماسلىقىم كېرەك. ئۇنىڭ ماڭا ھومسىيىپ قارىغىنى ياكى مېنىڭ ھەققىمدە يارىماس پىكىرگە كەلگىنىدىن كۆرە، مېنىڭ مىڭ قېتىم ئۆلگىنىم ئەۋزەل"، — دىگەن قارارغا كەلدى. روستوۋ ۋە مەيۇس ھەم نائۈمىت بولۇپ، ھامان شۇ يەردە نىمە قىلىشنى بىلمەي تۇرۇپ قالغان پادىشاغا توختىماي قاراپ ئېتىنىڭ بېشىنى بۇرىدى.

روستوۋ مۇشۇ پىكىر-خىياللارنى قىلىپ، مەيۇس ھالدا پادىشا ئالدىدىن كېتىۋاتقىنىدا، كاپىتان فون تول ئۇشتۇمتۇت دەل شۇ

جايغا كېلىپ قالدى ـ دە، پادىشانى كۆرۈپ توپ ـ توغرا ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئۇنى ئاتتىن چۈشۈرۈپ، ئېرىقتىن ئۆتكۈزۈپ قويدى. پادىشا دەم ئالماقچى بولۇپ ۋە ئۆزىنى بىتاپ ھىس قىلىپ، ئالما دەرىخىنىڭ تېگىدە ئولتۇردى، تول ئۇنىڭ يېنىدا تىك تۇرۇپ قالدى. روستوۋ ئۇزاقتىن خۇن تولنىڭ پادىشاغا نىمە توغرىسىدىدۇ ئۇزاق ۋاقىت ۋە زوق بىلەن گەپ قىلىۋاتقانلىغىنى، پادىشا يىغلاۋاتقان بولسا كېرەك، قولى بىلەن يۈزىنى توساپ، تولىنىڭ قولىنى سىقىۋانلىغىنى كۆردى ـ دە، ئۇنىڭ يېنىغا بارمىغانلىغى ئۈچۈن ھەسەت قىلدى ۋە پۇشايمان ئەيلىدى.

— ئۇنىڭ ئورنىدا مەنمۇ شۇنداق قىلالايتتىم! — دىدى روستوۋ ئىچىدە ۋە پادىشانىڭ ھالىغا يىغلىغۇدەك بولۇپ، قاياققا ۋە نىمە ئۈچۈن كېتىۋاتقانلىغىنىمۇ پەملىمەي، تامامەن ئۈمىتسىز ھالدا يولىنى داۋام قىلدى.

روستوۋ ئۆزىنىڭ ئاجىزلىغى ۋە قايغۇسىغا سەۋەپ بولغانلىغىنى سەزگەنلىكى ئۈچۈن، ئۈمىتسىزلىكى تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى.

ئۇ پادىشانىڭ ئالدىغا بېرىشى مۇمكىن...... مۇمكىنگىنە ئەمەس، بەلكى بېرىشى كېرەك ئىدى. بۇ ئۆزىنىڭ پادىشاغا بولغان ساداقىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن بىردىن ـ بىر پەيت ئىدى. ئۇ بۇ پەيتتىن پايدىلانمىدى...... «بۇ مېنىڭ نىمە قىلغىنىم؟ — دەيتتى ئىچىدە. ئۇ ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ، يەنە ھېلىقى پادىشا تۇرغان يەرگە قاراپ چېپىپ كەتتى؛ بىراق، ئەمدى ئېرىق بويىدا ھىچكىم يوق ئىدى. پەقەت بىرنەچچە يۈك ـ تاق ھارۋىلىرى ئۆتمەكتە ئىدى. روستوۋ بىر ھارۋىكەشتىن كۇتۇزوۋ ئىشتابى شۇ ھارۋىلار كېتىۋاتقان يېزىغا يېقىن يەردە ئىكەنلىگىنى بىلدى. روستوۋ شۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئالدىدا كۇتۇزوۋنىڭ ئاتچىسى يوپۇق يېپىلغان ئاتنى يېتىلەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن هارۋا، هارۋىدىن كېيىن ئاياقلىرى ئەگرى، بېشىغا ئۇچى ئۇچلۇق شەپكە، ئۇچىسىغا جۇۋا كىيىۋالغان خىزمەتكار بوۋاي يۈرۈپ كېتىۋاتاتتى.

— تىت، هەي تىت! — دېدى ئاتچى.

— نىمە دەيسەن؟ — دېدى بوۋاي ئېتىۋار قىلماي.

— تىت، كەل، ساقىلىمنى تىت.

— بارە ئەخمەق، تۇفى! — دېدى بوۋاي خاپا بولۇپ تۈكۈرۈپ. بۇلار بىرمۇنچە ۋاقىت جىم يۈرۈشتى. كېيىن يەنە هېلىقى چاخچاق تەكرارلاندى.

كەچقۇرۇن سائەت بەشلەردە ھەممە پونكىتلاردا جەڭ ئۇتقۇزۇلغان ئىدى. يۈزدىن ئارتۇق توپ-زەمبىرەك فرانسۇزلارنىڭ قولىغا چۈشتى.

پرژېبىشېۋسكى ئۆز كورپۇسى بىلەن تەسلىم بولغان ئىدى. باشقا كولونىلار بولسا ئادەملىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى دىگۈدەك يوقىتىپ، ئارىلاش-قۇرىلاش بولۇپ، تەرتىپسىز هالدا چېكىنمەكتە ئىدى.

لانژېرون ۋە دوختوروۋ قوشۇنلىرىنىڭ قالدۇقلىرى ئائۇگېست يېزىسىنىڭ ئەتراپىدىكى كۆللەرنىڭ توغانلىرى ۋە قىرغاقلىرىدا ئارىلىشىپ توپلىشىپ ياتاتتى.

پراتسېس ئېگىزلىكلىرىنىڭ يانباغرىغا سان-ساناقسىز توپ-زەمبىرەكلەرنى ئورنىتىپ، بىزنىڭ چېكىنىۋاتقان قوشۇنلىرىمىزغا ئېتىۋاتقان فرانسۇز زەمبىرەكلىرىنىڭ گۈمبۈرلىگەن ئاۋازلىرى پەقەت ئائۇگېست يېزىسىنىڭ ئەتراپىدىكى توغان بېشىدىن تېخى سائەت

ئالتىلەردە ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ئارىيېرگاردتا دوختۇرووۋ ۋە باشقىلار باتالىيونلىرىنى توپلاپ، بىزنىڭ قوشۇنلىرىمىزنى قوغلاپ كېلىۋاتقان فرانسۇز ئاتلىقلىرى بىلەن ئېتىشماقتا ئىدى. قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىدى. قالپاق كىيگەن تۈگمەنچى بوۋاي نەۋرىسى بىلەن قارماق سېلىپ، يىللار بويى تىنچ- قىنا بېلىق تۇتۇپ ئۆتكەن ئائۇگېست توغىنى بويىدا؛ پاخماق شەپكە بىلەن كۆك نىمچا كىيگەن موراۋلار يىللار بويى قوش ئاتلىق هارۋىلىرىغا بۇغداي بېسىپ ۋە ئۇن بېسىپ ئۆتىدىغان شۇ تارغىنا توغان بېشىدا هازىر هارۋىلار ۋە توپ-زەمبىرەكلەر ئارىسىدا، ئاتلارنىڭ ئاستىدا، چاقلار ئارىسىدا ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىن قورقۇنچلۇق قىياپەتكە كىرگەن ئادەملەر بىر بىرىنى ئېزىپ، ئۆلۈپ جان ئۈزۈۋاتقان ئادەملەرنى بېسىپ، بىر نەچچە قەدەم بېسىشى بىلەن يەنە شۇلاردەك ئۆلۈشى مۇقەررەر بولغان هالدا، ئالغا ئۆتۈش ئۈچۈن بىر بىرىنى ئۆلتۈرۈپ، توپلىشىپ، تىقىلىشىپ ياتاتتى.

تىقىلىشىپ ياتقان بۇ ئادەملەر ئۈستىگە هەر ئون سېكونتتا توپ ئوقى كېلىپ چۈشەتتى، يېرىلىپ هاۋانى لەرزىگە كەلتۈرەتتى ۋە ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈپ، يېقىنراق تۇرغانلارغا قان چاچرىتاتتى.

قولىغا ئوق تېگىپ يارىدار بولۇپ، ئۆزى پىيادە قالغان دولوخوۋ ئۆز روتىسىدىن بولغان (ئۇ هازىر ئەپىتسەر بولغان ئىدى) ئونچە ئەسكەر ۋە ئۇنىڭ ئاتلىق پولك كاماندىرى پۈتۈن پولك بويىچە قېپقالغان ئادەم ئىدى. ئالامان بۇلارنى توغاننىڭ ئاغزىغا قىستاپ ئېلىپ بېرىپ قويدى ۋە قىستالغىنىچە توختاپ قېلىشتى، چۈنكى، ئالدىدا ئادەملەر توپ ئاستىغا يىقىلغان ئاتنى تارتىشماقتا ئىدى. بىر توپ ئوقى بۇلارنىڭ ئارقىسىغا چۈشۈپ كىمنىدۇ ئۆلتۈردى، يەنە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىرى بولسا ئالدىغا چۇشۇپ، دولوخوۋغا قان چاچراتتى. ئالامان زور بېرىپ ئالغا ئىنتىلدى، سىقىلدى ۋە بىرنەچچە قەدەم يۇرۇپ يەنە توختىدى.

— بۇ يەردىن يۈز قەدەم نېرى كەتسەم ئامان قالارمەن، يەنە ئىككى مىنۇت شۇ يەردە تۇرسام ئۆلەرمەن، — دەپ ئويلايتتى ھەر بىرى.

ئالاماننىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان دولوخوۋ ئىككى ئەسكەرنى پۇتلىشىپ يىقىتىۋېتىپ، توغاننىڭ چېتىگە چىقتى ۋە كۆلنىڭ يۈزىنى قاپلاپ كەتكەن تايغاق مۇزدىن يۈگۈرۈپ كەتتى.

— بۇ ياققا يۈر! — دەپ ۋاقىرىدى ئۇ ئاستىدا چاراسلاپ تۇرغان مۇزدا سەكرەپ يۈگۈرۈپ، — بۇ ياققا يۈر! — دەپ ۋاقىرىدى زەمبىرەكچىگە قاراپ، — كۆتىرەلەيدۇ!......

مۇز ئۇنى كۆتىرىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئېگىلىپ-پۈكىلىپ چاراسلايتتى، بۇ مۇز توپنى ياكى ئادەملەرنىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئۆزىنىلا ئاران كۆتىرىپ، ھازىرلا يېرىلىپ كېتىدىغاندەك تۇراتتى. ئادەملەر مۇزغا چۈشۈشكە جۈرئەت قىلالماي، دولوخوۋغا قاراپ، قىرغاققا تىقىلىشىپ تۇراتتى. توغاننىڭ كىرىش ئاغزىدا ئاتلىق تۇرغان پولك كاماندىرى قولىنى كۆتۈرۈپ دولوخوۋغا بىر نىمە دېمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللىگەن ئىدى. شۇ پەيت بىر توپ ئوقى ئالامان ئۈستىدىن شۇنچىلىك پەس ئۇچۇپ ھۇشقۇيتۇپ ئۆتتىكى، ھەممەيلەن ئېگىشتى. نىمىدۇر شالاپلاپ كەتتى ۋە گېنېرال ئېتى بىلەن يەردىكى قان ئىچىگە يۇمۇلاپ چۈشتى. ھېچكىممۇ گېنېرالغا قارىمىدى، ئۇنى كۆتىرىشنىمۇ ئويلىمىدى.

— مۇزغا چۈش، مۇزغا! چۈش مۇزغا! بۇرال! قېنى بول! ئاڭلى-

مايۋاناممىنا! چۇش! — دەپ ۋاقىراشقا باشلىدى، لېكىن بۇلار نىمە دەۋاتقانلىقلىرىنى ۋە نىمە ئۈچۈن ۋاقىراۋاتقانلىقلىرىنى ئۆزلىرىمۇ بىلمەيتتى.

توغان بېشىغا چىققان كەينىدىكى توپ-زەمبىرەكلەردىن بىرى مۇزغا قاراپ بۇرالدى. توغان بېشىدا تۇرغان ئەسكەرلەر توپنى مۇزلاپ قالغان كۆلگە يۇگۈرۈشۈپ چۇشۇشكە باشلىدى. ئالدىدىكى ئەسكەرلەردىن بىرىنىڭ ئايىغى تېگىدىكى مۇز يېرىلىپ، ئۇنىڭ ئايىغى سۇغا كىرىپ كەتتى؛ ئۇ ئۆزىنى ئوڭلىماقچى بولغان ئىدى، بېلىگىچە چۆكۈپ كەتتى. ئۇنىڭدىن سەل بېرىدىكى ئەسكەرلەر ئىككىلىنىپ قالدى، توپچى ئېتىنى توختاتتى، لېكىن ئارقىسىدىكىلەرنىڭ: "يۇر! نىمىشقا توختاپ قالسەن؟ يۇر! يۇرسەڭچۇ!" دىگەن ئاۋازلىرى يەنىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئالامان ئىچىدىن دات-پەريات ئاڭلاندى. توپ-زەمبىرەك ئەتراپىدىكى ئەسكەرلەر ئاتلىرىنى ئۇرۇپ، قامچىلاپ بۇرىماقچى بولۇشاتتى. ئاتلار قىرغاقتىن چۇشتى. ئەسكەرلەرنى ئاران كۆتىرىپ تۇرغان مۇز زور پارچە بولۇپ يېرىلىپ كەتتى ۋە مۇز ئۈستىدە تۇرغان قىرىقچە ئەسكەر بىر بىرىنى شوڭغىتىپ، ئالدىغا ۋە ئارقىغا ئىنتىلىشكە باشلىدى. توپ ئوقلىرى هامان بىر تەكشى گۇمبۇرلەپ كېلىپ مۇزغا، سۇغا، كۆپىنچە توغان بېشىدا، كۆلدە ۋە قىرغاقتا تۇرغان ئادەملەرنىڭ ئۈستىگە چۇشەتتى.

## 19

كىنەز ئاندرېي بولكونسكى پراتسېن ئىگىزلىگىدە، قولىدا بايراق بىلەن يىقىلغان هىلىقى جايىدا قانغا مىلىنىپ، ئۆزىمۇ بىلمەي ئاستا-

ئاستا خۇددى بالىدەك، ۋاي ـ ۋايلاپ ئىڭراپ ياتاتتى.
كەچقۇرۇن بولغاندا ئىڭراشتىن توختىدى ۋە تامامەن جىمىپ قالدى. ئۇ ھۇشسىزلىغى قانچىلىك داۋام قىلغانلىغىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. تۇساتتىن ھۇشىغا كەلدى ـ دە، ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ تىرىكلىگىنى سەزدى ۋە بېشىدا قانداقتۇ ئوت كۆيۈۋاتقاندەك قاتتىق ئاغرىقنى سەزدى.
ـــ مەن شۇ چاققىچە بىلمىگەن ۋە بۈگۈن كۆرگەن شۇ ئېگىز ئاسمان نەدە؟ ـــ ھۇشىغا كەلگەندىن كېيىنكى بىرىنچى پىكرى شۇ ئىدى، ـــ مەن بۇنداق ئازاپ ـ ئوقۇبەتنىمۇ شۇ چاققىچە بىلمىگەن ئىدىم، ـــ دىدى كۆڭلىدە، ـــ شۇنداق، شۇ چاققىچە ھېچنىمىنى بىلمىگەن ئىكەنمەن، ھېچنىمىنى. بىراق مەن ھازىر نەدە ياتىمەن؟
ئۇ قۇلاق سېلىپ تۇرۇپ، يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈرلىگەن تاۋۇشلىرىنى ۋە فرانسۇزچە گەپ قىلىۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، كۆزىنى ئاچتى. ئۇنىڭ ئۈستىدە ئىلگىرىكىدىنمۇ كۆپرەك ئېگىزلىكتە ئۈزۈپ يۈرگەن بۇلۇتلار ۋە بۇلارنىڭ ئارىسىدىن كۆپ ـ كۆك بولۇپ كۆرۈنگەن بىپايان ئاسمان يەنە نامايەن بولدى. كىمنىڭ ئاتلارنىڭ تۇياق تاۋۇشى ۋە ئادەملەرنىڭ ئاۋازىدىن ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ يېنىغا كەلگەنلىگىنى بىلگەن بولسىمۇ، بېشىنى بۇرىمىدى ۋە ئۇلارنى كۆرمىدى.
بۇ كەلگەنلەر ناپالېون بىلەن ئۇنىڭ ئىككى ئاديۇتانتى ئىدى. بوناپارت جەڭ مەيدانىنى ئايلىنىپ چىقىپ، ئائۇگېست تۇغىنىنى توپقا تۇتۇۋاتقان توپچىلارنى كۈچەيتىۋىش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىپ، جەڭ مەيدانىدا قالغان يارىدار ۋە ئۆلۈكلەرنى كۆرۈپ يۈرەتتى.

— De beaux hommes! (ئاجايىپ ياخشى ئادەم!) — دېدى ناپالېون ئۆلگەن بىر رۇس بومبىچىسىغا[1] قاراپ، بۇ ئەسكەر يۈزىنى يەرگە قارىتىپ، ئالدىقاچان قېتىپ قالغان بىر قولىنى بىر تەرەپكە سوزۇپ، قوسىقىنى يەرگە تەككۈزگەن پېتى (بويىنى قاپقارا بولۇپ كەتكەن) ياتاتتى.

— Les munition des piéces de position sontépuisées, sire! (ئوق-دورىلار تۈگەپتۇ، جانابى ئالىلىرى!) — دېدى شۇ چاغدا ئائۇگېست يېزىسىنى توپقا تۇتۇۋاتقان توپچىلار قىسمىدىن كەلگەن ئادىيۇتانت.

— Faites avancer celles de la réserve (ئارقا سەپتىن ئالدۇرۇپ كېلىڭ)، — دېدى ناپالېون ۋە بىر نەچچە قەدەم يۈرگەندىن كېيىن، ئوكدىسىغا ياتقان ھەم يېنىدا بايراقنىڭ سېپى تۇرغان (فرانسۇزلار بايراقنىڭ ئۆزىنى ئولجا تەرىقىسىدە ئالدىقاچان ئېلىپ كەتكەن ئىدى) كىنەز ئاندرېينىڭ ئۈستىگە كېلىپ توختىدى.

— Voilà une belle mort (مانا بۇ شەرەپلىك ئۆلۈم)، — دېدى ناپالېون بولكونسكىغا قاراپ.

كىنەز ئاندرېي گەپنىڭ ئۆزى توغرىسىدا ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ گەپنى ناپالېون ئېيتقانلىقىنى بىلدى. بۇ سۆزنى ئېيتقان ئادەمنى كىمدۇ بىرسى sire (جانابى ئالىلىرى) دېگەنلىكىنى ئاڭلىدى. لېكىن بۇ سۆزلەر ئۇنىڭ قولىقىغا خۇددى چىۋىننىڭ غوڭۇلدىشىدەك بولۇپ ئاڭلاندى. ئۇ بۇ سۆزلەرگە دىققەت قىلىش بىر ياقتا تۇرسۇن،

---

[1] بومبا تاشلىغۇچى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بەلكى ئېتىۋارمۇ قىلمىدى ۋە شۇ زاماتلا ئېسىدىنمۇ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ بېشى ناھايىتى قاتتىق ئاغرىيتتى، قان كېتىپ ھالسىراپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزەتتى ۋە ئۈستىدە ئۇزاق، ئېگىز ھەم مەڭگۈ مەۋجۇت ئاسمانىنىلا كۆرەتتى. بېشىدا تۇرغان بۇ ئادەم ئۆزىنىڭ قەھرىمانى ناپالېئون ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ، لېكىن شۇ پەيتتە كۆڭلى ۋە بۇلۇتلار ئۈزۈپ يۈرگەن بۇ ئېگىز، چەكسىز ئاسمانغا سىڭىشتۇرغاندا، ناپالېئون ئۇنىڭغا شۇنچە كىچىك ۋە شۇنچە ئەھمىيەتسىز بىر ئادەم بولۇپ كۆرۈنەتتى. ھازىر بېشىدا تۇرغان ئادەم كىم بولسا بولسۇن ۋە ئۇنىڭ ھەققىدە نىمىلەرنى دىسە دىسۇن، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچبىر ئەھمىيىتى يوق ئىدى؛ ئۇ پەقەت بېشىدا ئادەملەر تۇرغانلىغى ئۈچۈنلا خۇرسەن بولاتتى ۋە بۇ ئادەملەرنىڭ ياردەم بېرىشلىرىنى ھەم ئۇنى ھاياتلىققا قايتۇرۇشىنى ئىستەيتتى، ھاياتلىق ئۇنىڭغا شۇ قەدەر چىرايلىق كۆرۈنەتتى، چۈنكى، ئۇ ھاياتلىقنى ئەمدى تامامەن باشقىچە چۈشىنەتتى. ئۇ ھەممە كۈچىنى توپلاپ قىمىرلاشقا، بىرەر ئاۋاز چىقىرىشقا ئۇرۇندى، پۈتىنى ناھايىتى ئاجىزلىق بىلەن قىمىرلاتتى ۋە ئۆزىگە ئۆزى ئېچىنىدىغان، ئاجىز، كېسەلچان تەرزدە ۋاي-ۋاي سېلىپ ئىڭرىدى.

— ھە! تىرىك ئىكەنغۇ، — دىدى ناپالېئون، — بۇ ياش يىگىتنى (ce jeune homme) يارا باغلاش پونكىتىغا ئېلىپ بېرىڭلار!

ناپالېئون شۇ گەپنى ئېيتتى-دە، ئۇ ياقتىن شىلەپىسىنى قولىغا ئېلىپ ئىلجىيىپ، غەلىبە بىلەن تەبرىكلەپ كېلىۋاتقان مارشال لانن تەرەپكە قاراپ كەتتى.

كنەز ئاندرېي شۇنىڭدىن كېيىن ھېچنىمىنى بىلمىدى، چۈنكى، زەمبىلگە سېلىنىۋاتقاندا، يولدا زەمبىل سىلكىنگەندە ۋە پونكىتتا

يارىسىنى تازىلىغاندا ھەددىدىن تاشقىرى قاتتىق ئاغرىشتىن ھوشىنى يوقاتقان ئىدى. ئۇ پەقەت شۇ كۈنى كەچقۇرۇن باشقا رۇس يارىدار ۋە ئەسىر ئەپىتسەرلەر بىلەن بىرگە دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېتىۋاتقان چاغدىلا ھوشىغا كەلدى. ئۇ يولدا ئۆزىنى بىر قەدەر يەڭگىلرەك سېزىپ، ئەتراپىقا قاراشقا ۋە ھەتتا گەپ قىلىشقىمۇ دەرمان تاپتى.

ئۇ ھوشىغا كەلگەندە فرانسۇز قاتناش ئەپىتسەرىنىڭ ئالدىراپ ـ ئالدىراپ قىلغان سۆزلىرىنى ئاڭلىدى:

ــ شۇ يەردە توختىتىش كېرەك: ھازىر پادىشا كېلىدۇ، بۇ ئەسىر جاناپلارنى كۆرسە ھوزۇرلىنىدۇ.

ــ بۈگۈن شۇنچە كۆپ ئەسىر ئېلىنىدىكى، پۈتۈن رۇس ئارمىيىسى ئەسىر چۈشتى دىسەكمۇ بولىدۇ، كۆرۈۋېرىپ پادىشايىمىزمۇ زېرىكىپ قالغاندۇ، ــ دىدى يەنە بىر ئەپىتسەر.

ــ مەيلى، ئالدىرىما! بۇ پادىشا ئالىكساندىر گۋاردىيىسىنىڭ كاماندىرى دىيىشىدۇ، ــ دىدى بىرىنچىسى ئاق كاۋالېرگارد① كىيىمىنى كىيگەن بىر يارىدار رۇس ئەپىتسەرىنى كۆرسىتىپ.

بولكونسكى كىنەز رېپنىننى تونۇۋالدى، بۇنى ئۇ پېتىربۇرگ ئاقسۇڭەكلەر دائىرىسىدە كۆرگەن ئىدى. ئۇنىڭ يېنىدا ئون توققۇز ياشلاردىكى بىر كاۋالېرگارد ئەپىتسەرى تۇراتتى، ئۇمۇ يارىدار ئىدى.

بوناپارت ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ، ئېتىنى توختاتتى.

ــ چوڭڭلار كىم؟ ــ دىدى ئەسىرلەرگە قاراپ.

---

① كونا روسىيىدە پادىشا خاندانىنى ۋە پادىشانىڭ ئۆزىنى ئالاھىدە ئەھۋاللاردا قوغداش خىزمىتىنى قىلىدىغان ئەپىتسەر. ــ تەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

پولكوۋنىك رېپنىننىڭ نامىنى ئاتاشتى.

— سىز پادىشا ئالىكساندىرنىڭ كاۋالېرگارد پولكىنىڭ كاماندىرىمۇ سىز؟ — دېدى ناپالېون.

— مەن ئېسكادرون كاماندىرى ئىدىم، — دېدى رېپنىن.

— سىزنىڭ پولكىڭىز ئۆز بۇرچىنى ھالاللىق بىلەن ئورۇندىدى، — دېدى ناپالېون.

— ئۇلۇغ سەركەردىنىڭ ماختىشى ئەسكەر ئۈچۈن ئەڭ چوڭ مۇكاپات، — دېدى رېپنىن.

— بۇ مۇكاپاتنى جېنىم بىلەن سىزلەرگە تۇتتۇم، — دېدى ناپالېون، — يېنىڭىزدا تۇرغان بۇ ياش يىگىت كىم؟

كىنەز رېپنىن پورۇچىك سۇختېلېننىڭ نامىنى ئاتىدى.

ناپالېون ئۇنىڭغا قاراپ تەبەسسۇم بىلەن:

— Il est venu bien jeune se frotter à nous (بىز بىلەن ئۇرۇشۇشقا ناھايىتى ئالدىراپتۇ-دە، بۇ يىگىت)، — دېدى.

— باتۇرلۇق ياشقا قارىمايدۇ، — دېدى سۇختېلېن ئۈزۈك ئاۋاز بىلەن.

— ناھايىتى ياخشى جاۋاپ، — دېدى ناپالېون، — ياش يىگىت كېلەچىكىڭىز پارلاق!

ئەسىرلەرنى ناپالېونغا تولۇق نامايىش قىلىش ئۈچۈن ئالدىغا چىقىرىپ قويۇلغان كىنەز ئاندرېي پادىشانىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ناپالېون ئۇنى ئىلگىرى ئۇرۇش مەيدانىدا كۆرگەنلىكى ۋە شۇ يەردە ياش يىگىت — jeune homme دەپ ئېيتقانلىقى ئېسىگە كەلدى بولغاي، بولكونسكىغا مۇراجىئەت قىلغاندا يەنە شۇ سۆزنى ئىشلەتتى:

(خوش، ياش يىگىت؟) Et vous, jeune homme? — دېدى ئۇنىڭغا قاراپ، ئەھۋالىڭىز قانداق؟ mon brave (باتۇرۇم)؟

كىنەز ئاندرېي بۇنىڭدىن بەش مىنۇت ئىلگىرى ئۆزىنى زەمبىلدە كۆتىرىپ ئېلىپ كېتىۋاتقان ئەسكەرلەرگە سۆز قىلالىغۇدەك بولسىمۇ، ئەمما ھازىر ناپالېئونغا تىكىلىپ قاراپ لام-مىم دېمەي تۇرۇۋەردى...... ئۇ ھازىر كۆرۈپ بىلگەن ئادالەتلىك ۋە شەپقەتلىك ئەنە شۇ ئاسمان بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ناپالېئونىي بەنت قىلغان ھەممە نەرسە ھازىر ئۇنىڭغا ئەرزىمەس بولۇپ كۆرۈندى، ناپالېئونىڭ ئۆزى بولسا شۆھرەتپەرەسلىكى ۋە غەلىبە خوشاللىقى بىلەن پەسكەش بىر ئادەمدەك كۆرۈندى ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاپمۇ بېرەلمىدى.

قان كېتىپ دەرمانى قۇرۇپ، ئازاپ چېكىپ ۋە ئۆلۈم كۈتۈش نەتىجىسىدە بېشىغا كەلگەن يۈكسەك پىكىرلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ھازىر ھەممە نەرسە ئۇنىڭ كۆزىگە دەرھەقىقەت پايدىسىز ۋە ئەرزىمەستەك كۆرۈنەتتى. كىنەز ئاندرېي ناپالېئونىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرغىنىدا ئۇلۇغۋارلىقنىڭ ئەرزىمەسلىكى توغرىسىدا، مەنىسىگە ھېچكىم چۈشىنىپ يېتەلمەيدىغان ھاياتلىقنىڭمۇ بىر پۇلغا ئەرزىمەسلىكى توغرىسىدا، تىرىكلەردىن ھېچكىممۇ تېگىگە يېتەلمەيدىغان ۋە چۈشەندۈرەلمەيدىغان ئۆلۈمنىڭ تېخىمۇ ئەرزىمەس بىر نەرسە ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئويلايتتى.

پادىشا جاۋاپ كۈتمەستىنلا ئېتىنىڭ بېشىنى بۇرىدى-دە، كېتىۋېتىپ باشلىقلاردىن بىرىگە مۇراجىئەت قىلدى:

— ئېتىڭ، بۇ جاناپلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشسۇن، مېنىڭ قارار گاھىمغا ئېلىپ بېرىشسۇن؛ مېنىڭ دوختۇرۇم لاررېي بۇلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يارىسىنى كۆرسۇن. خەير كىنەز رېپنىن، — دەپ ئېتىنى چاپتۇرۇپ كەتتى.

ئۇنىڭ يۈزىدە مەمنۇنىيەت ۋە بەخت ئىپادىسى چاقناپ تۇراتتى.

كىنەز ئاندرېي ئېلىپ كەلگەن ئەسكەرلەر ئۇنىڭ بوينىغا سىڭلىسى كىنەز قىزى مارىيە ئېسىپ قويغان ئالتۇن بۇت سۈرىتىنى ئېلىۋالغان ئىدى، بىراق پادىشانىڭ ئەسىرلەرگە ئوبدان مۇئامىلە قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ بۇتنىڭ سۈرىتىنى دەرھال بولكونسكىنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويۇشتى.

كىنەز ئاندرېي بۇ نەرسىنى كىمنىڭ قايتۇرۇپ بەرگەنلىكىنى ۋە يەنە قانداق قىلىپ بوينىغا ئېسىپ قويغانلىقىنى بىلمىدى، لېكىن ئىنچىكە ئالتۇن زەنجىرلىك بۇت توساتتىن بويىندا، كىيىمى ئۈستىدە پەيدا بولۇپ قالغان ئىدى.

”ئەگەر ھەممە نەرسە كىنەز قىزى مارىيە ئويلىغاندەك ئاددى ۋە ئوچۇق، روشەن بولىدىغان بولسا“ — دەپ ئويلىدى كىنەز ئاندرېي سىڭلىسى بىر چاغلاردا زور مېھىر ۋە ئىخلاس بىلەن بوينىغا ئېسىپ قويغان سەنەمگە قاراپ، ”ياخشى بولغان بولاتتى، ياخشى بولغان بولاتتى. ئەگەر كىشى بۇ دۇنيادا نەگە بېرىپ ياردەم سوراشنى، ئۆلگەندىن كېيىن ئۇ دۇنيادا نىمە بولۇشىنى بىلسە، نىمە دېگەن ياخشى بولاتتى! ئەگەر مەن ھازىر: ’ھەي، پەرۋەردىگارىم، ئۆزەڭ رەھىم قىلغايسەن!......‘ دەپ ئېيتالىسام، قانچىلىك بەختىيار ۋە خاتىرجەم بولغان بولاتتىم!...... لېكىن بۇنى كىمگە ئېيتىمەن؟ مەن سېغىنىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى سۆز بىلەنمۇ ئىپادىلەلمەيدىغان، نىمە ئىكەنلىكى نامەلۇم ۋە كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان كۈچ ياكى ئۇلۇغ قۇدرەتكە ياكى ھېچنەرسىگىمۇ“، — دەيتتى ئۆزىچە،

"كىنەز قىزى مارىيە بۇ تۇمارغا تىـكىپ قويىغان خۇداغىمۇ؟ ئۆزەم ئۇقۇپ ھەممە نەرسىنىڭ ھىچنەرسىگە ئەرزىمەسلىكىدىن ۋە ئۇقۇپ بولمايدىغان، لېكىن ناھايىتى مۇھىم ئالىلىقانىداق بىر نەرسىنىڭ ئۇلۇغلىقىدىن باشقا ھىچ، ھىچ توغرا گەپ يوق!"

جىرغىلارنى كۆتىرىپ مېڭىشتى. جىرغا ھەر قېتىم سىلكىنگەندە ئۇنىڭ يارىسى ناھايىتى قاتتىق ئاغرىيتتى ۋە قىزىتمىسى كۈچىيىپ جالاقلاشقا باشلايتتى. ئاتىسى، خۇتۇنى، سىڭلىسى ۋە دۇنياغا كېلىش ئالدىدا تۇرغان ئوغلى توغرىسىدىكى خىياللىرى، جەڭ باشلىنىدىغان كېچىسى قەلبىدە بولغان مېھىر-مۇھەببەت تۇيغۇسى، كىچىككىنە ۋە كۆزىگە پاشىدەك كۆرۈنگەن ناپالېون ھەم بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۈستىدە تۇرغان ئېگىز ئاسمان — ئۇنىڭ قىزىتما ھالىتىدىكى تەسەۋۇرلىرىنىڭ مۇھىم ئاساسىنى تەشكىل قىلاتتى.

لىسىگورىدىكى تىپ-تىنچ ھايات ۋە خاتىرجەم ئائىلىۋى بەخت ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كەلىدى. ئۇ مانا شۇ ھاياتىتىن لەززەتلىنىشكە باشلىغاندا، بىردىنلا كۆز قارىشى ھىسسىز، تار دائىرىلىك، باشقىلارنىڭ بەختسىزلىكىدىن ئۆزىنى بەختلىك ھىس قىلىدىغان ناپالېون كېلىپ يەنە شۇبھە، ئازاپ-ئوقۇبەت باشلىناتتى ۋە ئۇنىڭغا پەقەت ئاسمانلا تەسەللى بېرەتتى. سەھەردە كىنەز ئاندرې يەنە ھوشىدىن كەتتى ۋە ئارزۇ-خىياللىرى چۇۋالچاق پىكىرلەر زۇلمىتى ئارىسىدا قېپقالدى. ناپالېوننىڭ دوختۇرى لاررېينىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، كىنەز ئاندرېينىڭ ساقىيىشىدىن كۆرە ئۆلۈشى ئېھتىمال قۇي ئىدى.

(بۇ ئادەم تەسەبىي C'est un sujet nerveux et bilieux — ۋە جاھىل)، — دېدى لاررېي، — il n'en rechappera pas (ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ساقايمايدۇ).

كىنەز ئاندرېي ساقىيىشىدىن ئۈمىت بولمىغان باشقا يارىدارلار بىلەن بىللە يېزا ئاھالىسىنىڭ قارىمىغىغا تاپشۇرۇلدى.